
# مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

2

ISBN 7-228-05633-7

ISBN7 - 228 - 05633 - 7
I·2081(民文)定价 :23.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خو دا

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

تەرجىمە قىلغۇچى : زۇلپىقار بارات

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

穆斯林的葬礼. 2：维吾尔文 / 霍达著；祖利皮哈尔·巴拉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.5
本书据北京出版社，北京十月文艺出版社 1998 年 1 月汉文版译出
ISBN 7—228—05633—7
Ⅰ. 穆… Ⅱ. ①霍… ②祖… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 01388 号

**穆斯林的葬礼**（维吾尔文）

**2**

霍 达 著

祖利皮哈尔·巴拉提 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市十四中印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 19.5 印张 2 插页
2000 年 3 月第 1 版 2000 年 3 月第 1 次印刷
印数：1 —— 3000

ISBN7—228—05633—7/I·2081 定价：23.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


10 ـ باب تۇنجى مۇھەببەت ........................ 1
11 ـ باب سەرسانلىقتىكى سەۋەنلىك ............ 180
12 ـ باب ۋىسال دەملىرىدە ...................... 265
13 ـ باب قايتىش .................................. 417
14 ـ باب ئەجەل .................................... 505
15 ـ باب ئەلۋىدا .................................. 575
خاتىمە ئەرۋاھ .................................. 606
ئاخىرقى سۆز ........................................ 614

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 10 ـ باب تۇنجى مۇھەببەت

باھار تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، رەڭگارەڭ گۇللەر توزۇپ ئۇ-
رۇكلەر كىچىك غورا تۇتتى. بالنىتسا رايونىنىڭ ئالدىدىكى
كىچىك ھويلا قويۇق يېشىلچىلىققا پۇركەنگەن. ئاق تېرەكلەر-
نىڭ پارقىراق يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ،
سېرىس دەرىخىنىڭ يېنىك نازغىپ تۇرغان چىرايلىق شاخچىلد-
ىرى يېنىغا گۇل تەشتەكلىرى تىزىلغان ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنـ-
چۈكىگىچە سويلىغان. يېشىللىق قاپلىغان بۇ كىچىككىنە دۇنيادا
تومۇزغىلارنىڭ قىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى تۇنجى چىرىلـ-
داشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

قۇياش غەربكە قىيسايغان مەھەل بىلەن دەرەخلەر سايە تاش-
لاپ تۇرغان كىچىك يولدا ئىككى ئايال كىشىنىڭ گەۋدىسى
كۆرۈندى. ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ئايالنىڭ
بىرى كۆك يوللۇق بىمار كىيىمى، يەنە بىرى ئۇزۇن ئاق
كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، كىيىملىرى سەلكىن شامالدا بوشقىنا
يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

بۇلار شىنيۆ بىلەن لۇ دوختۇر ئىدى.

ـــ نېمىشقا مېنى دوختۇرخانىدىن چىققىلى قويمايسىلەر؟
دادامنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە نەۋاخ، مەن تېخىچە بۇ يەردە يۇرد-
مەن. نېمىگە ياتىمەن ئەمدى؟ ـــ شىنيۆ ئاستا قەدەم تاشلاپ
كېتىۋېتىپ، غەشلىك ئىچىدە كىيىمىنىڭ بەلۋېغىنى بارماقلىرد-
غا يۆگىدى، ئاندىن يەنە چۇۋۇۋەتتى، ـــ ھېلىمۇ ياتقىنىمغا بىر
ئايدىن ئاشتى. دەرسلىرىم بىر يەردە قېپقالدى. مەكتەپنىڭ
تەبرىكلەش پائالىيىتىگىمۇ قاتنىشالمىدىم! ـــ ئۇ ئېغىر ئۇھ

تارتتى، — ئىسىت، ئوپىلىيانىڭ سەھنىدىكى سۆزلىرىنى سۇدەك يادلاپ كەتكەنلىرىم. ئەمدىلىكتە ھەممىسىنى سىز. . . يوققا چىقاردىڭىز!

— مەن يوققا چىقاردىممۇ؟ — لۇ دوختۇر شىنيۈنىڭ رەنجىشلىرىنى كۆڭلىگە ئالماي مېھرىبانلارچە كۇلۇمسىرىدى. قىزنىڭ بايىقى ساددىلارچە گەپلىرى ئۇنىڭغا بالىنىڭ ئانا ئالدىدا ئەركىلىشىدەكلا تۇيۇلغانىدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئانا - بالىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان يېقىنچىلىق پەيدا بولغانىدى، — مەن ئوپىلىيانى تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن دەيمەن. كېيىن پۇرسەت دېگەن كۆپ، بالام. بۇ ئىش ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ھېلىقى ئوپىلىيا دېگەننى ئۇنتۇپ كېتىڭ! مېنىڭچە، بۇ رولغا سىزمۇ تازا ماس كەلمەيسىز. ئۇنداق تازىمۇ ھەسرەتلىك. . .

— نېمە؟ مېنى ماس كەلمەيسىز دەمسىز؟ رېژىسسورمۇ بۇ رولغا مېنىڭ ھەممىدىن بەك ماس كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتقان. مەن تېخى ئۆزۈمنى ئوپىلىيانىڭ پاك، تەمكىن، دەردلىك، ئىلاجسىز خاراكتېرىنى ياخشى ئىگىلىدىم، شۇڭا ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىپ بېرەلەيمەن دەپ يۈرسەم. . . — بايىقى گەپلەرگە قايىل بولمىغان شىنيۈ دوختۇر بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئويىدا دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ يېرىمىنى دەپ بولۇپ بىردىنلا يالتىيىپ قالدى ۋە ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى تۆۋەنگە ئاغدۇردى، — بولدى، ئەمدى بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن دېگەننىڭمۇ پايدىسى يوق. بەربىر سىز ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەھلى بولمىغاندىكىن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىنى چۈشەنمەيسىز.

— بەلكىم شۇنداقتۇ. ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنىمىز ئۈچۈن خەقلەرنىڭ كۆزىگە شەپقەتسىزدەك كۆرۈنىمىز، — دېدى لۇ دوختۇر مۇلايىملىق بىلەن كۇلۇمسىرەپ، — لېكىن،

بۇنىڭلىق بىلەن ئەدەبىياتتىن چەك - چېگرىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ چىققىلىممۇ يوق، شىكىسپىيرنى ئازراق بولسىمۇ بىلىمەن. يەنە كېلىپ سىز سۆزلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يۈرگەن ھېلىقى ئوپىلىيا دېگەن قىز بىلەن ئارىمىزدا ئازراق باغلىنىشمۇ بار. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئوقۇغۇچىلار ئوپېرا ئۆمىكى ئۇ قىزنىڭ رولىنى ماڭا تاپشۇرغان. . .

— ھە؟ سىزمۇ ئوپىلىيانىڭ رولىغا چىققانمۇ؟ — بايىقى گەپلىرىنىڭ سەل ئارتۇقچە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان شىنيۆ-نىڭ چىرايىغا خىجىللىق ئالامەتلىرى تەپچىپ چىقتى. يېشى ئوبدانلا بىر يەرگە بارغان بۇ ئايالنىڭ ياش ۋاقتىدا ئۆزىگە ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلار ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئاكتىپلىرىدىن بول-غانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. لېكىن، بۇ خىجىللىق ھايال ئۆتمەي قىزىقىش بىلەن ئالماشتى. شىنيۆ شۇ قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە مۇھىم خەۋەر ئاڭلىغاندەك خۇشال بولۇپ سورىدى، — نەدە شۇنداق بولغان؟

— لوندوندا، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا. . . — دېدى لۇ دوختۇر پىچىرلاپ دېگۈدەك. قېرىغاندا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەس-لەش كىشىنى ئاجايىپ گۈزەل ھېسسىياتلارنىڭ قوينىغا غەرق قىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، سىزمۇ ئۇنىڭ رولىنى ئىنگلىز تىلىدا ئالغانمىدىڭىز؟ نېمانداق ياخشى! — شىنيۆنىڭ دوختۇرغا بۇ-لەكچىلا مەستلىكى كەلدى.

— لېكىن، ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ رولىغا ھەقىقىي چىقمى-غان. . .

— نېمىشقا؟ كېسەل سەۋەبىدىنمۇ؟

— ياق، سالامەتلىكىم ياخشى ئىدى، — دېدى دوختۇر ئالدىرىماي، — ئەينى ۋاقىتتا رېژىسسورىمىز ماڭا، ئوپېرادىكى ئايال باش قەھرىماننىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ رولىنى

شەرقلىق بىر قىز ئېلىپ چىقالىسا تېخىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ،
دېگەنىدى. مەنمۇ شۇ رولنى ئېلىشقا شۇنچىلىك قىزىققانىدىم.
سەۋەبى، ئۇ چاغلاردا ئۆزۈمنى كۆرسەتكۈم بار ئىدى. ئەمما، ئوپېرا-
نىڭ ئورىگىنالىنى ئوقۇپ بولۇپلا لەسسىدە بولۇپ قالدىم. . .

— نېمىشقا؟ — شىنيۈ بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا چۈشەنمەي
قالدى. مۇشۇنداق ياخشى ئىشتىنمۇ يالتىيىۋالىدىغان ئادەم بار
ئىكەن ـ ھە؟

— . . . مېنىڭچە ئوپېلىيا دېگىنى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى-
دەك پېرسوناژ ئەمەس ئىدى. قارىماسىز، ئۇ خاملېتنى ئۆلگۈ-
دەك ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا كۆڭلىنى ئىزھار قىلغۇدەك
جۈرئەت يوق. ئەتىگەندىن كەچكىچە «خوپ، ئالىيلىرى»،
«يوقسۇ، ئالىيلىرى» دەپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئور-
دىدىكى سۇيىقەستلەرنى، خاملېتنىڭ تراگېدىيىسىنى كۆرۈپ تۇ-
رۇپمۇ يەنە قول قوشتۇرۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدۇ.
بۇنداق قىلىش مېنىڭ خاراكتېرىمگە پۈتۈنلەي يات! كىشىنى
ھەممىدىن بەك ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، شېكىسپېرمۇ ئىلاجسىز-
لىقتىن ئۇنىڭ تەقدىرىنى ساراڭلىق ۋە ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاش-
تۇرغان. قوبۇل قىلالمىغان يېرىمنىڭ بىرى مۇشۇ. ئۇنىڭ
ئۆلۈشىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ: چېچىغا ئا-
جايىپ ـ غارايىپ گۈلچەمبىرەكلەرنى تاقاپ، كونا بىر ناخشىغا
غىڭشىپ، زۇمرەتتەك سۇ يۈزىدە لەيلىگىنىچە جېنىدىن ئايرىلى-
دۇ. . . راست، بۇنىڭدا شېئىرىي پۇراق بار، شۇنداق گۈزەل.
لېكىن، بۇنداق گۈزەللىكنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ مەن بۇنداق
جانسىز، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنال-
مايمەن. مېنىڭ ئىنتىلىدىغىنىم ھەقىقىي گۈزەللىك، ھايات
گۈزەللىكى ھېسابلىنىدىغان ساغلام تۇرمۇش، — ئەللىك ياش-
نىڭ قارىسىنى ئالغان لۇ دوختۇر ئەمدىلىكتە يىگىرمە يىل
ئىلگىرىكى كىچىككىنە بىر قىستۇرمىنى ئەسلەش بىلەن ھاياجان-

www.uyghurkitap.com

لىنىپ كېتىۋاتاتتى. ياق، بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئىزدەپ، ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان ھايات ھەقىقىتى ئىدى.

— ھە، سىز ئوپېلىياغا مۇشۇنداق قارايدىكەنسىز ـ دە؟ قاراشلىرىڭىز بىزنىڭ چۈ مۇئەللىمنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇمۇ ماڭا مۇشۇنداق دېگەنىدى. مەن تېخى سىزنى مېنى ئويۇنغا قاتنىشالمىدى، دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمنى ياساپ قوي-غان ئوخشايدۇ دەپتىمەن! — پىچىرلىدى شىنيۈ. دوختۇرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئاساسى باردەك تۇيۇلغانىدى، — نەتىجىسى قانداق بولدى؟

— ئۇنىڭ رولىنى ئالمىدىم شۇ. رېژىسسورغا «بۇ رولنى مەن ئالمايمەن!» دەپ ئورگىنالنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەت-تىم! — لۇ دوختۇر راستتىنلا بىر نەرسە تاشلىغاندەك قوللى-رىنى شىلتىپ قويدى.

— نېمىدېگەن قىزىق! — شىنيۈ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەت-تى، — كېيىنچۇ؟ ئۇلار ئوپېلىيانىڭ رولىغا باشقا ئادەم تاپتى-مۇ؟

— ياق، كېيىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى بارغانچە كۈچىيىپ دەرس ئوقۇمىقىمىزمۇ تەسكە چۈشتى. بۇ ئىشمۇ شۇنىڭ بىلەن يوققا چىقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراقمۇ ئەپسۇسلانمىدىم. ئۇ يىغ-لاڭغۇ قىزنىڭ رولىنى ئالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىپمۇ ئىش-مۇ؟ سىزچىچۇ؟

— مېنىڭمۇ ئەپسۇسلىنىشىم يوق، — دېدى شىنيۈ. ئۇ لۇ دوختۇر باشتىن كەچۈرگەن ئاشۇ ئۇرۇش توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيتتى، لوندوندا ئاللىبۇرۇن تارىخقا ئايلانغان ئوقۇغۇچىلار ئوپېرا ئۆمىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ بايا كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلغانىدى. ئەسلىدە جىڭ شياۋجىڭ شىنيۈ ئاغرىپ قالغىنى، «خاملېت»تىكى باش ئايال قەھرىماننىڭ رو-

لىغا ۋاقتىنچە شىيې چىۋسىنى بېكىتىپمۇ بەربىر ئۆلگۈرتەلمىدىگىنى ئۈچۈن، ئىلاجسىز ئۆيۈن قويۇش پىلانىدىن ۋاز كەچكەن ھەم بۇ ئىش تۈپەيلى سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار قاتتىق ئەپسۇسلانغانىدى. لېكىن، شىنيۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئەپسۇسلىنىپ كەتمىدى، ئۆزىمۇ سەزمەيلا لۇ دوختۇرنىڭ قارىشىغا قوشۇلۇپ قالدى، — بەربىر كېيىن ماڭا پۇرسەت دېگەن بار، — دېدى ئۇ، — جىن ئېيىرغا ئوخشاش قەيسەر، باتۇر پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقسامىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— دېگىنىڭىز كەلسۇن. سىزنىڭمۇ شۇنداق قەيسەر، باتۇر، تەقدىرگە باش ئەگمەيدىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى لۇ دوختۇر، — ھازىر سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزنى تۇراقلاشتۇرۇپ، غەيرەتلىك بولۇپ كېسەل ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ۋاقتىڭىز، سالامەتلىكىڭىزنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ھازىر شۇنداق ياخشى تۇرىمەنغۇ؟ نېمىشقا مېنى دوختۇرخانىدىن چىققىلى قويمايسىز؟

— مەنمۇ سىزنى دوختۇرخانىدىن بالدۇرراق چىقىپ كەتسىكەن دەيمەن. دوختۇرخانىنىڭ كارىۋاتلىرىمۇ ساغلام ئادەملەرنىڭ يېتىشىنى كۈتمەيدۇ! — لۇ دوختۇر بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دېدى، — ئەھۋالىڭىزنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ سىزنى بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغۇزغۇم كەلمەي قالدى. كېسىلىڭىزدە يېڭى ئۆزگىرىش بولمىسا، بىر ھەپتىدىن كېيىن چىقىرىۋېتىمەن.

— يەنە بىر ھەپتە ساقلايدىغان گەپمۇ؟ ھېلىمۇ چىدىمايلا قالغانىدىم، — شىنيۇ ئالدىراپقىنا شۇنداق دېدى، — سىز بىلمەيسىز، يەتتىنچى ئايدا مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىمىز بار. ئىمتىھانغىچە دەرسلىرىمنى تولۇقلىۋالمىسام بولمايدۇ. يازلىق تەتىل-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىنلا ئىككىنچى يىللىققا چىقىمىز. بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىمتىھان ئىدى. مەن ئەزەلدىن. . .

— ئەزەلدىن ئىككىنچى بولۇپ باقمىغان دەڭا. بىلىمەن، سىز دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنچە ئالدىراپ كەتمەڭ. يازلىق تەتىلگە تېخى خېلى بارغۇ، — لۇ دوختۇر مەقسەتلىك ھالدا گەپنى سوزۇپ يول بويىدىكى ئورۇندۇقنى قىزغا كۆرسەتتى، — كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ. بىردەم دەم ئېلىۋالايلى. ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممە ئىشلار ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ.

شىنيۆ دوختۇر كۆرسەتكەن يېشىل ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، كۆڭلى يەنىلا شۇنداق بىسەرەمجان ئىدى، — ئالدىرىماي بولامدۇ؟ مەكتەپكە ئەتىلا كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ!

— بۇنىڭدا بولمايدۇ، — دېدى لۇ دوختۇر كۈلۈمسىرەپ، — دوختۇرخانىدىن چىقىپلا مەكتەپكە بارسىڭىز بولمايدۇ. ئۆيدە داۋاملىق دەم ئېلىشىڭىز كېرەك. ھەرئايدا مەن بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇرىمەن.

— نېمىشقا؟ مەن ياخشى بولۇپ بولغان تۇرسام! — شىنيۆ جىلىچىلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

لۇ دوختۇر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئولتۇرۇڭ، ھاياجانلانماڭ. سالامەتلىكىڭىز دوختۇرخانىغا يېڭى كىرگەن ۋاقىتتىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى. ئەمما ھازىر سىزدە قان ئاز، ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ. تېنىڭىز ئاجىز، شۇڭا ئۇزۇنراق دەم ئېلىشىڭىز كېرەك. مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىرىماڭ. . .

— قان ئاز، تېنىڭىز ئاجىز دەمسىز؟ — شىنيۆ گاڭگىراش ئىچىدە لۇ دوختۇرغا قارىدى، — سىز ماڭا راست گەپنى قىلمايۋاتىسىز، بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىز، ھەممىڭلار يوشۇرۇۋاتىسىلەر! لۇ دوختۇر، ماڭا دەپ بېرىڭچۇ. . . ئەجەبا مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم شۇنچە ئېغىرمۇ؟

لۇ دوختۇرنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى:

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئانام. . . لېكىن مەن ئىشەنمىدىم! — شىنيۈ قورقۇنچ ئىچىدە سورىدى، — دوختۇر، بۇ راستمۇ؟

— ئانىڭىز. . . — پىچىرلىدى لۇ دوختۇر. ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئۇ داۋالاش لايىھىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزۈپ روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، شېرىن - شېكەر گەپلەر بىلەن بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئەمدىلەتىن ئۇتقان چاغدا، يېنىكلىك بىلەن ئېيتىلغان بىر گەپ ھەممە نەرسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتسە - ھە. يەنە كېلىپ بۇ گەپنى دېگۈچى باشقا بىرى ئەمەس، دەل بىمارنىڭ ئانىسى! مۇشۇنداقمۇ ئانا بولامدۇ؟ لۇ دوختۇرنىڭ كۆكرەك قەپەسىدىن، بۆرۈنلىرىنىڭ ئارىسىدىن قىزىق بىر ھارارەت ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ غەزىپى كەلگەنىدى!

سوغۇق بىر ئېقىم شىنيۈنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى. دېمەك، ئانىسىنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن - دە. قىز قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى سوغۇق تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن مەڭدىگىنىچە بۇ پېشقەدەم كۆيۈمچان دوختۇرغا قارىدى، — بۇ گەپچە ئانامنىڭ دېگىنى راست ئىكەن - دە! راستتىنلا شۇنداق بولسا، ئانامنىڭ ماڭا دېگىنى توغرا بوپتۇ. ئۇنىڭدىن ئاغرىنماڭ. ئۇ. . . ماڭا كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ گەپنى ماڭا خېلىدىن كېيىن دېدى. سىزمۇ مەندىن يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. سىزگە شۇنداق ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. . .

دوختۇرنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالدى. لېكىن، ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى. بىر دوختۇر يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ياش تۆكۈپ يۈرمەسلىكى كېرەكتە. لۇ دوختۇر چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشقاچ شىنيۈنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بوپتۇ، سىزگە ھەممىنى دەپ بېرەي. قىزىم، ماڭا بوغۇملىرىڭىزنىڭ دائىم ئاغرىيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟ بۇ رېماتىزمنىڭ ئالامىتى، ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. لېكىن، بۇ نىجىس كېسەل يۈرىكىڭىزگە تەسىر قىلغان. يۈرىكىڭىزدە ئىككى قاناتلىق قاپقاق تارىيىش ئالامىتى بار، يېنىك دەرىجىدىكى قان تومۇر توسۇلۇش...

— ھە؟ مېنىڭ يۈرىكىمدە... — قورقۇنچتىن شىنيۆنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بۇمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، — دېدى لۇ دوختۇر، — ئۇنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ قويدۇم...

— نېمە؟ — شىنيۆنىڭ چىرايى تاتىرىپ قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى، — ئوپېراتسىيە دەمسىز؟ يۈرىكىمنى ئوپېراتسىيە قىلامسىلەر؟...

— بۇنچىلا جىددىيلەشكۈدەك ئىش يوق؟ — لۇ دوختۇر قىزنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يېنىك سىلىدى، — دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بۇ خىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىنغان ئوپېراتسىيىلەرنىڭ ئۆلگىلىرى كۆپ، ئۆزۈممۇ بۇنداق ئوپېراتسىيىنى نەچچە قېتىم قىلىپ باققان. ئىشەنچىم تولۇق! ئوپېراتسىيىدىن كېيىن كېسىلىڭىز يىلتىزىدىن ساقىيىدۇ، بېجىرىم قىزغا ئايلىنىسىز! قىزىم، سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز پارلاق، ئارتۇق غەم يەپ كەتمەڭ! سىز ماڭا ئىشىنەتتىڭىزغۇ؟

— ھەئە... ئىشىنىمەن... — شىنيۆ دوختۇرنىڭ گەپلىرىنى جىممىدە ئاڭلىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەشۋىشلىك كۆڭلى ئاستا - ئاستا جايىغا چۈشۈۋاتاتتى، — ... ئەمىسە بۇ ئوپېراتسىيىنى قاچان قىلىسىلەر؟ دوختۇر، ھامان قىلىدىغان ئىش بولغاندىن كېيىن ئوپېراتسىيىنى تېزراق قىلساڭلار!...

— ئوبدان قىزىم، ماسلاشقىنىڭىزغا رەھمەت! — لۇ

دوختۇرنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى، ــ مەنمۇ ئوپېرات-
سىيىنى تېزراق قىلىشنى ئويلايمەن. بىراق، رېماتىزىم كېسەل-
لىكىڭىز تېخى ھازىر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتمىدى. بۇنداق ئوپېرات-
سىيىنى رېماتىزىم تىزگىنلىنىپ ئالتە ئايدىن كېيىن قىلىش
كېرەك. ماڭا ۋاقىت بەرسىڭىز!

ــ ئالتە ئاي؟ ئەمىسە مەن مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا قاتنى-
شالمايدىكەنمەن - دە؟ ئىككىنچى يىللىققا چىقالمايدىكەنمەن -
دە؟ ــ شىنيۈگە كۆز ئالدىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنى بىردىنلا تولىمۇ
يىراقلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

ــ شۇنداق بولىدىغان بولدى. لېكىن، ھولۇقماڭ، ئۆزى-
ڭىزنى بېسىۋېلىپ گېپىمنى ئاڭلاڭ. دوختۇرنىڭ گېپىنى چو-
قۇم ئاڭلاش كېرەك! ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇ-
شىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ماڭا يېقىندىن ماسلىشىڭ.
سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ. سىنىپ مەسئۇلىڭىز
بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئىتىڭىز ئۈچۈن
سىز چوقۇم. . . ــ دوختۇر گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە سۆزدىن
توختىۋالدى، ئەمما ئاخىر ئىلاجسىز سۆزىنىڭ داۋامىنى دېيىشكە
مەجبۇر بولدى، ــ ئوقۇشتىن توختىشىڭىز كېرەك!

ــ ياق، مەن ئوقۇشتىن توختىيالمايمەن! ــ قىزنىڭ
چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئېتىلىپ چىقتى.

ــ ساۋاقداش شىنيۈ! . . . ــ قىزنىڭ يان تەرىپىدىن
ئۇشتۇمتۇت تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

شىنيۈ بېشىنى كۆتۈرۈپ توۋلىۋەتتى:

ــ ۋۇي، چۇ مۇئەللىم ئىكەنغۇ!

چۇ يەنچاۋنىڭ ئارقىسىدا خېلىدىن بېرى تۇرغانلىقىنى لۇ
دوختۇرمۇ، شىنيۈمۇ تۇيمىغانىدى. بەلگىلەنگەن كېسەل يوقلاش
ۋاقتىدا كىچىك كارتىنى بالدۇرلا ئېلىۋالغان چۇ يەنچاۋ شىنيۈنى
بالىنتسىدىن تاپالمىغاندىن كېيىن، شىنيۈنىڭ ئاپىسىدىن ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

لۇ دوختۇر بىلەن «ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەنلىكى» نى ئۇقۇپ بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلگەنىدى.

— چۇ مۇئەللىم، مەن ئوقۇشتىن توختىمايمەن، ئوقۇش- تىن توختىمايمەن! — شىنيۈ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىسىغا قارىغان چېغىدا، كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆ- كۈلۈشكە باشلىدى.

ئوقۇغۇچىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقى- ۋاتقان بۇ ئايانچلىق نىدا چۇ مۇئەللىمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەت- تى. ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدى، كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان گەپنى ئەمدى ئىچىگە يۇتۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. ياق، هازىر ئۇ گەپلەرنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ. سەۋەبى، لۇ دوختۇر راست گەپنى دەپ بولدى. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ پۈتۈنلەي توغرا!

— ساۋاقداش شىنيۈ، — چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ يېنىدا ئول- تۇردى، ئۆزىنى مەجبۇرىي بېسىۋېلىپ گېپىنى ئىمكانقەدەر سى- لىق، مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشتى، — ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشىنى هېچقانداق ئوقۇتقۇچى خالىمايدۇ. يەنە كېلىپ سىز... ناھايىتى ياخشى ئوقۇغۇچى تۇرسىڭىز، — ئۇ ئەسلىدە «يەنە كېلىپ سىز ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى تۇرسىڭىز» دېمەكچى ئىدى، ئەمما گېپىنى دەرھاللا ئۆزگەرتىۋالدى، — لېكىن، بۇ ئىشتا مەن قارار چىقىرالماي- مەن، بىز ئىلىمنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، ئىلىم - پەن سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ...

شىنيۈ جىمىپ قالدى. ئوقۇتقۇچىسى هېچقاچان ئۇنىڭ بىلەن هازىرقىدەك كەسكىن تەلەپپۇزدا سۆزلىشىپ باقمىغان- دى. قىز بىردىنلا ئۆزىنى رېنتگېن ئېكرانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان- دەك، ئېكراندىكى سۈرەتلىك سىخېمىلارنى هېچقانداق هېسسىيات ئامىلى بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغاندەك سەزدى.

— ئوقۇتقۇچىڭىزغا ئىشىنىڭ، ئۇ سىزنىڭ تەقدىرىڭىزگە دوختۇرلاردەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، — لۇ دوختۇر ئورنىدىن تۇردى، — ھاياجانلىنىپ كەتمەڭ. سىلەر ئاستا پاراڭلىشىڭلار. مېنىڭ تەكلىپىمنى ئويلىشىپ باقارسىلەر.

لۇ دوختۇر ئىشەنچنى چۇ يەنچاۋغا باغلاپ يېنىك قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇپ باققان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى ھامان چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— لۇ دوختۇر سىزنى مەندىن ئوبدانراق چۈشىنىدۇ، — چۇ يەنچاۋ دوختۇرنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە قاراۋېتىپ شىنيۈگە شۇنداق دېدى، — بۇرۇن مەن سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىڭىزنىلا كۆرگەنىكەنمەن. زېرەكلىك، تىرىشچانلىق، ئۆزىنىڭ ئىشىغا چەكسىز مۇھەببەت باغلاش سىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىڭىز ئىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە لۇ دوختۇر سىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىڭىزنى بايقىۋاپتۇ. ئەگەر ئۇنى ئاجىزلىق دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ سىزنىڭ تېنىڭىزنىڭ ئاجىزلىقى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېسسىياتىڭىزمۇ شۇنچىلىك نازۇك. شۇنداق بولغاچقىلا، بىز ھەقىقىي كېسىلىڭىزنى سىزگە پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىگۈچە دېمەي تۇرۇشنى قارار قىلغان، كۆيۈنگەنلىكىمىز ئۈچۈن سىزنى ئالدىغانىدۇق. لېكىن، ئالدامچىلىق ھامان پاش بولىدۇ. ھازىر شۇنداق بولدى. مېنىڭچە، بىر ئادەم مەيلى ئارتۇقچىلىقى ياكى يېتەرسىزلىكى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەينەن، ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلەلىسە، ئۆزىنى تەلەيلىك سانىسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ بىزنى ئۆزىمىزنى توغرا تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەر دەل ئۆزىنى توغرا تونۇيالىغان ئادەملەر بولۇپ كەلگەن. ئاجىزلىقلىرىمىزنى توغرا، ئېنىق كۆرەلىسەكلا، ئۇنى يېڭەلەيمىز، تەقدىرىمىزنى ئالىقىنى-

www.uyghurkitap.com

ـمىزدا ئوينىتالايمىز ، قانچىلىك زەربە ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچىـ
ـرىغان تەقدىرىدىمۇ قورقمايمىز. ھايات يولى زەربە ۋە ئوڭۇشـ
ـسىزلىقلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇـ
شىمىز مۇمكىن ئەمەس.

يازنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى بولغاچقا، بۈگۈن كەچ ھاۋا خېلىلا ئىسسىق ئىدى. ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى تۈرۈۋالغان چۇ يەنچاۋنىڭ بىلەكلىرى ۋە يۈزلىرىدە تەر تامچىلىرى پارلاپ تۇراتتى. لېكىن، شىنيۈ قېلىن رەختتىن تىكىلگەن بىمار كىـيىمى كىيگىنىگە قارىماي ئۆزىنى توڭۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىۋاـ تاتتى. ئۇ قەھرىتان سوغۇقلاردىمۇ ھازىرقىدەك سوغۇقلۇق ئىـ چىدە قالمىغانىدى. ئۇ ئىلگىرى چۇ مۇئەللىمنى ئاكىسىدەك كۆرەتتى، ئەمدى چۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ كۆزىگە ھەقىقىي يوسۇندا تەلەپچان ئوقۇتقۇچىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. تەلەپچان ئوقۇتقۇچىسىـ نىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتقۇزدى، لېكىن ئۆزىنى تونۇش ئۇنىڭ قەلبىنى مۇزلىتىۋەتتى. شىنيۈ بىرىنچىلا ئۆزىنى ئوقۇتقۇـ چىسىنىڭ ئالدىدا كىچىكلەپ كەتكەندەك سەزدى. ئالىي مەكتەپـ نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن سوغۇق قان، ئېغىر ـ بېسىق ئوقۇتقۇچىسى مانا ئەمدى ئوقۇتقۇچىلىقنىمۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىـ دىكى ئىشلىرىنىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، ئۆزىنىمۇ، باشقىـ لارنىمۇ تەڭ يارىتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇچۇ، بىرىنچى يىللىقنى تۈگىتەر ـ تۈگەتمەيلا . . . شىنيۈ ئۆزىنى سىنىپىدىكى ئون بەش ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىدا بىردىنلا ئەرزىمەس ئادەمدەك سەزدى. جېڭ شياۋجىڭ، لو شيۇجۇ، شيې چيۇسىلار . . . ئانچە ـ مۇنچە ئاجىزلىقى بولغىنى بىلەن يەنىلا ساغلام ئادەملەر، تۈپتۈز ھايات يولى ئۇلارغا قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇچۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانمىسا بولمايدىغان مۇسابىقە باشلىنار ـ باشلانـ مايلا رىقابەت سېپىدىن چۈشۈپ قالدى، ئەسلىدىلا ئۆزى مەھكەم ئىگىلەپ كەلگەن چېمپىيونلۇق ئورنىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ

قويدىغان بولدى. . .

— ياق، مەن ئوقۇشتىن چېكىنمەيمەن، — دېدى قىز، — مەن ئۆزۈمگە ئەزەلدىن چېكىنىش يولى قالدۇرمىغان.

— چېكىنىش يولى دەرۋەقە كىشىگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ كۈلۈمسىرەپ ۋە مەقسەتلىك ھالدا جانلىنىپ، — لېكىن، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. كېپىنەك لىچىنكىسى تېخىمۇ بەكرەك سوزۇلۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۈگۈلۈۋالىدۇ. بىزنىڭ چېكىنىشىمىز تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈندۇر. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم. ئەمما مېنى تەرجىمانلىقتا نەتىجە يارىتالايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ پەقەتلا شۇ باشقىلارغا قارىغاندا جىقراق قىيىنچىلىقتا يولۇقۇشۇم، كېچىكىشىم مۇمكىن. سىز تېخى ياش، بۇ يىل تېخى ئون سەككىز ياشقىمۇ كىرمىدىڭىز. بىر يىل كېچىكسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ كېلەر يىلى ئوپېراتسىيىدىن چىققاندىن كېيىن سىز يەنە ئەركىن ئادەمگە ئايلىنىسىز. ھەممىنى قايتىدىن باشلىسىڭىز، ھايات يولىدا تېخىمۇ تېز ماڭالايسىز، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئىشەنچىڭىز تېخىمۇ تولۇق بولىدۇ. سىز بىر يىل كېچىككەن تەقدىردىمۇ يىگىرمە تۆت يېشىڭىزدا ئوقۇش پۈتتۈرىسىز. ھايات يولى ئۇزۇن، سىز تېخى ئۇنى ئەمدىلا باشلىدىڭىز. ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن بۇ بىر يىلدىن ۋاز كەچسىڭىز ئەرزىيدۇ!

— مەن. . . سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ! — پىچىرلىدى شىنيۆ. ئۇ شۇ تاپتا ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ بولغاندەك بىر خىل قىيالماسلىق ئىچىدە قالغانىدى. شىنيۆنىڭ ئالدىدا مېڭىشى قىسمەتكە پۈتۈلگەن ساۋاقداشلىرى نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە! ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىر سەپتە تۇرۇشنى، بىرىنچىلىكنى تالى-
شىپ ئوقۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى - ھە! ئەمدى ھەم-
مىسى مۇمكىن بولمايدىغان بولدى. شىنيۈ: «مۇئەللىم، سىز-
دىن ئايرىلىشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ» دېمەكچى ئىدى، لېكىن
ئاخىر ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گەپنى يۇتۇۋەتتى. بۇ
قىزنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا دېيىشنى بۇيرۇغان تولىمۇ مۇھىم گەپ
ئىدى، لېكىن ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئەينەن ئىپادىلەيدىغان مۇۋاپىق
سۆز تاپالمىدى.

— ئەلۋەتتە، سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ساۋاقداشلىرى-
ڭىزنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئۆزىنى ئەتەي
تېمىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ. ئۆزىنى ئەزەلدىن ساۋاقداشلارنىڭ
بىر ئەزاسى دەپ قارايدىغان ھەم مۇشۇ دەقىقىلەردە سىنىپنىڭ
كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ئەزاسىغا ئايلانغان چۇ يەنچاۋ
كەيپىياتنى تەمكىن، بىمالال تۇتۇشنى ئويلاپ يەنىلا ئۆزى توغ-
رۇلۇق سۆزلەشنى خالىمىدى، — بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت بىللە
تۇرغىنىڭلار ئۈچۈن ساۋاقداشلار بىلەن ئاراڭلاردا قېرىنداشلار-
دەك چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولدى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئۈچ قىز
ساۋاقدىشىڭىز سىز بولمىسىڭىز زېرىكىپ قالىدۇ، — سۆزلەپ
شۇ يەرگە كەلگەندە چۇ يەنچاۋ كەيپىياتنىڭ بەكلا تۆۋەنلەپ
كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. سەزدىيۇ، قىزنىڭ كۆزلىرىدە ياش
تامچىلىرىنىڭ يالتىراپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھېسسىياتنى دەر-
ھال كونترول قىلىۋالدى، ئاندىن ئورامىنى ئۆزگەرتىپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — لېكىن، چوڭ ئىش يوق. بۇ ئايرىلىش ۋا-
قىتلىق. كېلەر يىلى يەنە يۈز كۆرۈشىمىز ئەمەسمۇ. يەنە كې-
لىپ دەم ئالغان ۋاقتىڭىزدا ساۋاقداشلار سىزنى دائىم يوقلاپ
تۇرىدۇ، دائىم. ئۇلار كېلىپ سىزنى خۇش قىلىدۇ.

ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، قىزنىڭ چانىقىدىكى
ياش تامچىلىرى يەنىلا سىرغىپ چۈشتى. شىنيۈ ساۋاقداشلار

ئارا شەكىللەنگەن دوستلۇق ھېسسىياتىغا ئىشىنەتتى. بىد-
راق... قىز چۈ يەنچاۋغا قارىدى:
— سىزچۇ، مۇئەللىم؟...
— ئەلۋەتتە، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن... — چۈ يەنچاۋ
قىزنىڭ كۆزلىرىدە يالتىراۋاتقان نەرسىنىڭ ئىشەنچ، دوستلۇق
ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن سالمىقد-
نى، ئۆزىنىڭ ئۇنى ھامان كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغانلىقىنى سەزدى.
— بىراق، كېلەر يىلىچۇ؟ كېلەر يىلى... — شىنيۆ-
نىڭ كۆڭلىدە دەيدىغان گەپلىرى جىق ئىدى. لېكىن ھەممىنى
دېيىش مۇمكىنمۇ.
چۈ يەنچاۋ قىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى چۈشىنىپ
دەرھاللا جاۋاب بەردى:
— كېلەر يىلى يەنە بىرىنچى يىللىققا دەرس بېرىشىم،
يەنە سىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىڭىز بولۇشۇم مۇمكىن! — ئەمە-
لىيەتتە، كېلەر يىللىق خىزمەت تەقسىماتىنىڭ قانداق بولىدىغاد-
لىقى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى. لېكىن ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي
شۇنداق دېگەندىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — چۈنكى، مې-
نىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋاقتىم بەك قىسقا، بىرىنچى يىللىق-
قا دەرس ئۆتسەم مۇۋاپىق كېلىدۇ...
بۇ گەپنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بايىقى جاۋابلا شىنيۆنىڭ
كۆڭلىگە چوڭ تەسەللى بېغىشلىغانىدى. قىزنىڭ ئەسلى خاراك-
تېرىگە يات ھالدا «سوزۇلۇش ئۈچۈن تۇغۇلۇش» قارارىنى
چىقىرىشىدىكى تۈپكى سەۋەب مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بولۇشىمۇ مۇم-
كىن ئىدى. شىنيۆ ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى، چىرايىدا ئىختىد-
يارسىز تەبەسسۇم جىلۋىلەندى:
— مۇئەللىم، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن...
— ياق، دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك، شىند-
يۆ. سىز قەيسەرلىكنى ئۆگىنىپسىز. ئوقۇتقۇچى مۇشۇنداق

ئوقۇغۇچىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، — چۇ يەنچاۋ هاياجانلانغان هالدا قولىنى چىقىرىپ شىنيۆنىڭ كىچىك قوللىرىنى كۈچ بىلەن سىقتى. بۇنداق قىلىشنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، شىنيۆمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.

بۇ، ئىمتىهاندا «ھەقىقىي بەش نومۇر» ئالغان قول ھەم تەرجىمە ھاياتىغا ئىشتىياق باغلىغان ئادەمنىڭ قولى ئىدى. بۇ قوللار شۇنچىلىك نازۇك، يۇمشاق، يەنە ئازراق ئاجىز ئىدى. چۇ يەنچاۋ بۇ قوللارنى تۇنجى قېتىم تۇتۇۋاتاتتى...

كەچكى قۇياش تاغقا باش قويدى. بالىنتسا بىناسىنىڭ شەرقىي تېمى دەرەخ سايىلىرى بىلەن پۈركەندى. بىر قاۋۇل، بىر نازۇك گەۋدە يول بويىدىكى يېشىل ئورۇندۇقلاردىن ئايرىلىپ بالىنتسا بىناسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. سىرىس دەرىخىنىڭ غۇچچىدە باراقسانلىغان يوپۇرماقلىرى ئەتراپقا گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشى بىلەن تەڭ ئاستا - ئاستا يىغىلىشقا باشلىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن شىنيۆ دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان خەن زىچى ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت شىركىتىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قىزىنى ئالغىلى دوختۇرخانىغا ئالايىتەن كەلدى. دادىسىنىڭ كېسەلدىن ساقايغان ھالىتىنى كۆرۈپ شىنيۆ يىغلىۋەتتى. دادىسىنىڭ داكىلىرى ئېلىۋېتىلگەن يۈزىدە، بىلەكلىرىدە ئازراقتىن تاتۇق قېپقالغانىدى. شىنيۆ بۇ ھالدىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆزىنىڭ كېسىلىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك بولدى.

چۇ يەنچاۋمۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئالايىتەن دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇنىڭغا شىنيۆنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشنىڭ، دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. بۇ ئىشلارغا تيەنشىڭ بىلەن چېن شۇيەن بار ئىدى. ئۇ لۇ دوختۇرنىڭ تاپىلاشلىرىنى ئۆز

قولىقى بىلەن ئاڭلىماقچى، شىنيۆنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقى-
نى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى. ھەممە
ئىشلار رەت - رىتى بويىچە ئورۇندالمىغۇچە كۆڭلى ئەمىن
تاپمايتتى.

چۇ يەنچاۋ بىلەن لۇ دوختۇر شىنيۆنى ماشىنىنىڭ ئالدىغىچە
ئۇزىتىپ كەلدى. تاپشۇرىدىغان ئىشلارنى تولۇق تاپشۇرۇپ بول-
غىنى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر لۇ دوختۇرنىڭ چىرايىدا مېھرىبانلارچە
بىر تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنىدى. شىنيۆنىڭ رايىشلىق بىلەن گەپ
ئاڭلىشى، كەيپىياتىنىڭ تۇراقلىق بولۇشى دوختۇرنى ئۆزىنىڭ
كېيىنكى داۋالاش لايىھىسىگە قارىتا تولۇق ئىشەنچكە ئىگە قىلغا-
نىدى.

— لۇ دوختۇر، خوش! — شىنيۆ ماشىنىنىڭ ئىشكىدىن
پۇتىنى ئېلىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى. قىزنىڭ
ئاۋازىغا قىيالماسلىق، خۇشاللىق ھېسسىياتى تەڭ ئارىلىشىپ
كەتكەنىدى. كېيىن يەنە كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ، دوختۇرخا-
نىدىن ھازىر چىقىۋالغىنى غەنىيمەتتە.

— خوش... — لۇ دوختۇر تالاي بىمارنىڭ يۈرىكىنى
ئوپېراتسىيە قىلغان قولىنى ئاستا كۆتۈردى. ھەرقانداق دوختۇر
ئۆزى داۋالىغان «بىمار» بىلەن ئۇنى ساقايتمىغۇچە خوشلىشىش-
نى خالىمايدۇ. لۇ دوختۇرمۇ بىمارلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن ساغلام
ھالەتتە ئايرىلىشىنى، كەتكەندىن كېيىن ئالدىغا قايتا كېلىپ
قالماسلىقىنى ئويلايتتى. لېكىن، بۇ قىزنىڭ كېسىلى تېخى
ساقايمىدى. دوختۇر ئۇنى كۈتىدۇ، قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قايتا -
قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشىنى، كېلەر يىلى باھاردا قىلىنىشى
تەخمىنەن مۆلچەرلىگەن مۇھىم ئوپېراتسىيىسىنى كۈتىدۇ. ئو-
پېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىلا ئۇ شىنيۆگە «خوش» دې-
مەسلىككە ھەقلىق.

چۇ يەنچاۋ شىنيۆ قولىنى ئۇزاتقىچە ماشىنىنىڭ ئىشكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېپىۋەتتى.

— چۇ مۇئەللىم، سىزمۇ چىقىڭچۇ! — شىنيۈ ئولتۇرغان ئورنىدىن يان تەرەپكە قىمىرلاپ قويدى.

— چۇ مۇئەللىم، — دېدى خەن زىچى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن چۇ يەنچاۋغا قاراۋېتىپ، — قىزىمىز سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدى. غېرىب كۆلبىمىزگە بىر بېرىپ...

— خەن تاغا، بۇنچىلا تۇزۇت قىلىپ كەتمەڭ، — چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ دادىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا، ئىختىيارسىز قورۇنۇپ قالدى، ھەتتا ئازراق ھودۇقتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بوۋاينىڭ «سىلى» دەپ چاقىرىشى ئۇنى بۆلەكچە ئوڭايسىزلاندۇرۇۋەتتى. لېكىن، ھازىر بۇ پېشقەدەمگە ھۆرمەت بىلدۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت بولمىغاچقا، ئۇ ئامالسىز تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— شىنيۈنىڭ دوختۇرخانىدىن ئوڭۇشلۇق چىققىنىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن شىنيۈ تىنچ دەم ئالسا. ئۆيگە بۈگۈنچە بارماي، باشقا كۈنى...

— بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چوقۇم بېرىڭ جۇمۇ! — دېدى شىنيۈ.

— ھەئە، چوقۇم بارىمەن. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسام سىزنى ئىزدەيدىغان گەپ تېخى... — چۇ يەنچاۋ قولىنى يېنىك پۇلاڭلاتتى.

ماشىنا دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ دۇڭدەن يولى ئارقىلىق چاڭئەن كوچىسىغا چىقتى.

ھاۋا شۇنچىلىك ياخشى، ئاسمان شېشىدەك سۈزۈك ئىدى. زىجىن قوۋۇقىنىڭ قىزىل تېمى قۇياش نۇرىدا تاۋلىناتتى. تيەنئەنمىن راۋىقىدا قىزىل بايراقلار لەپىلدەيتتى. قايسىبىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى زىيارەتكە كەلگەنمۇ، ئەيتاۋۇر يوللارغا رەڭدار لېنتىلار ئېسىۋېتىلگەنىدى.

شىنيۈ ئەتراپىدىكىلەرنى پاتىپاراققا سېلىپ بىر خىل سوغۇقلۇق ئىچىدە دوختۇرخانىغا كىرگەن بولسا ئەمدىلىكتە خاتىرجەم، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى، ماشىنا رەڭدار بايراقلار ئارىسىدا قۇيۇندەك چاپاتتى.

ماشىنا چاڭئەن كوچىسىنى بويلاپ شۇەنۋۇمېنغىچە كەلدى، ئاندىن تۇخۇمەك دەرىخى كوچىسىغا بۇرۇلۇپ جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. . .

خەن زىچىنىڭ ئايالى بىلەن خەي ھامما «بىلىمدان» قەسىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى.

— شىنيۈ، جېنىم بالام! ئاخىر قايتىپ كەلدىڭمۇ. . . — خەي ھامما شىنيۈنى كۆرۈشمىگىنىگە ناھايىتى ئۇزۇن بولغان يېقىن تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشكەندەك يىغلاپ تۇرۇپ قارشى ئالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ دوختۇرخانىغا ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم بېرىپ شىنيۈ بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرغانىدى. ئۆي شىنيۈگە دوختۇرخانىدىمۇ سۆرۈندەك كۆرۈندى.

شىنيۈمۇ خەي ھاممىنىڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۆيىنى بەكلا سېغىنغانىدى.

— بولدى، يىغلىماڭلار! — دېدى شىنيۈنىڭ ئانىسى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — قىزىمىز ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلدى، بۇ خوش بولىدىغان ئىش ئەمەسمۇ!

بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال ھالدا دەرۋازىدىن كىردى.

خەن زىچى ئەدەپ يۈزىسىدىن شوپۇر بىلەن مېھمانخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. قالغانلار شىنيۈنى ئارىغا ئالغىنىچە قورۇنىڭ غەربىدىكى ئۆيگە كىردى.

بۇ ئۆينىڭ دېرىزىلىرى پاكىز سۈرتۈلگەن، يەردىكى كېسەكلەر تۇجۇپىلەپ يۇيۇلغانىدى. كارىۋاتنىڭ كىرلىكى يېڭىلا ئالماشتۇرۇلغان، ھاۋا ئىسسىپ قالغاچقا يېڭىدىن ئەكىرىلگەن

نېپىز يوتقان بىر چەتكە رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۆيدىكىلىرى شىنيۆنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە تەييارلىق قىلغانىدى.

— يەنىلا ئۆي ياخشى ئىكەن! — دېدى شىنيۆ كارىۋىتىدا ئولتۇرغاچ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۈيەن قىلدى، — دېدى خەن خانىم كۈلۈمسىرەپ، — كېلىشىۋالغاندەك ئۆيدە بىرىڭلار، دوختۇرخانىدا بىرىڭلار يېتىۋالدىڭلار. شۈيەن ئىككى ئارىدا تولا قاتراپ ھالىدىن كېتەي دېدى.

— بۇ قانچىلىك ئىشتى! — چېن شۈيەن شىنيۆنىڭ مۇردىسىدىن تۇتۇۋېتىپ شۇنداق دېدى، — شىنيۆ مېنى ئۆزىنىڭ ئاچىسىدەك كۆرۈۋاتقان يەردە بۇ ئىشلارنى قىلمىسام بولامدۇ؟ ھاما، سىز ھەمىشە مۇشۇنداق تەكەللۇپ قىلىسىز...

— بوپتۇ، ئەمدى تەكەللۇپ قىلماي، — دېدى خەن خانىم ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — شۈيەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆينى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدەك كۆرۈڭ. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگىلا كېلىڭ. شىنيۆ بىلەن بۇ ئۆيدە بىرگە تۇرۇڭلار. كېچىدە دورا ئىچكۈزۈش، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش دېگەندەك ئىشلاردا سىز خەت تونۇمايدىغان قارا قورساق ئىككى ھاممىڭىزغا قارىغاندا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن ئوبدانراق چىقالايسىز!

— ئەجەب ياخشى بولدى! — دېدى شىنيۆ چېن شۈيەننىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ئانام ئەتراپلىق ئويلاپتۇ جۇمۇ، مەنمۇ شۈيەن بىلەن بىرگە تۇرۇشنى خالايتتىم.

— شۈيەن، سىز بۈگۈن كەتمەڭ، مەن تاماق ئېتەي، شىنيۆ ئاغزىغا تېتىغۇدەك تاماق يېسۇن. دوختۇرخانىدا ساپلا تۇزسىز بىرنېمىلەرنى يەيدىغان گەپكەن. شۇمۇ ئىشمۇ؟ — ئانا پايپېتەك بولغىنىچە گەپ بىلەن سىرتقا ماڭدى.

— ھاما! — چېن شۈيەن ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى، —

هازىرچە تۇزنى ئازراق سىلىك جۇمۇ، دوختۇر تاپىلىغان. . .
— قارائلار، سېسترالاردەك گەپ قىلىپ كەتكىنىنى! — خەن خانىم كۇلۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.
— سېسترالىق مەجبۇرىيىتىمنى چوقۇم ياخشى ئادا قىلىمەن، — دېدى چېن شۇيەن، — هاما، شىنيۈنى خاتىرجەم بولۇپ ماڭا تاپشۇرۇڭ!
— بوپتۇ، سىزگە تاپشۇراي، — خەن خانىم خۇشال جاۋاب بەردى، — قېرىدىم، بىر ئىشلارنىڭ هۆددىسىدىن ئوبدان چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئۆينى بىراقلا سىزگە تاپشۇرسام تېخىمۇ ياخشى بولاتتى!
— هاما، سىز. . . — چېن شۇيەن بۇ گەپنىڭ تېگىگە دەرهاللا يەتتى.
— ئەمدى «هاما» دېمەڭ، تېخىچە گېپىنى ئۆزگەرتمىگىنىنى! — دېدى خەي هاما كۇلۇپ تۇرۇپ.
شىنيۈ مەنىلىك كۇلۇمسىرەپ چېن شۇيەننىڭ قولىدىن تارتتى:
— بولۇڭ، تېز «ئانا» دەڭ!
چېن شۇيەن ۋىللىدە قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. خەن خانىمنى «ئانا» دېيىش هازىرچە ئۇنىڭغا تەس چۈشەتتى.
ئۇلار تاشقىرىقى ئۆيدە خىجىلچىلىق ئىچىدە تۇرغان تيەنشىڭنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. تيەنشىڭ بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈزلىرى قىزارغان، بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا سىرتقا ماڭدى ۋە بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويدى:
— دوختۇرخانىدىن چىقا - چىقماي نەدىكى گەپلەرنى قىلىغىنىنى بۇنىڭ!
ئۆيدىكىلەر پاراققىدە كۇلۇشۇپ كەتتى.
شۇ كۈنى كەچتە چېن شۇيەن شىنيۈ بىلەن غەربىي هۇجرىدا يېتىپ قالدى.

شىنيۆ دورىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن كارىۋاتقا چىقىپ ئاستا پاراڭ سېلىشقا باشلىدى.

— ھەي، شۆيەن، ئاكام بىلەن نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟

— دېيىشتۇق... نېمىنى دېيىشەتتۇق؟

— ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى دېيىشمەمسىلەر؟

— ياق... دېيىشمىدۇق. بىز تېخى تۈزۈك پاراڭلاشمىدۇق. ساپلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىمىز. بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدىغان چاغدا، ئۇ دورا بىلەن تالوننى ماڭا سۇنۇپ: «بۇنى ئېلىڭ!» دېۋىدى، ئالدىم. «مېڭىڭ!» دېۋىدى، ئارقىسىدىن ماڭدىم، — چېن شۆيەن تيەنشىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپنىڭ بولمىغىنىنى ئەسكە ئېلىپ شۇنداق دېدى، — كۆزىتىش ئۆيىدە تۇرغان چېغىمىزدىمۇ سەن توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق...

— نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟

شىنيۆ ئاكىسىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېگىنىنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئاكىسى كۆڭلىدىكى گەپنى دېمەيدىغان جىمغۇر ئادەم ئىدى، لېكىن كۆڭلىدە ھەممە ئىش توغرۇلۇق ئېنىق سان بولماي قالمايتتى. شىنيۆنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى.

— ياقەي، جىق بىرنېمىمۇ دېمىدى، — چېن شۆيەن تيەنشىڭنىڭ ھېلىقى كۈنى كەچتىكى نورمالسىز ھالىتىنى، ئۇنى گاڭگىرىتىپ «شور پېشانە» دېگەن گېپىنى قايتا - قايتا تىلغا ئالغانلىقىنى ئەسلەۋېتىپ شۇنداق دېدى ۋە ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتسا مۇۋاپىق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ گەپنى بۇرىۋەتتى، — ئۇ سېنى كىچىكىدىنلا زېرەك، ئوماق ئىدى، ئاتا - ئانام ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، دېدى.

— بۇلارنى دېيىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟

— ئەمىسە سەن دېگىنە، بىز نېمىنى دېيىشسەك بولاتتى؟

— ئاراڭلاردىكى . . . مۇھەببەت ئىشىنى دېيىشىسىلەر- دە! — شىنيۆ ئاۋازىنى پەسەيتىپ شۇنداق دېدى. ئۇ قەدىناس دوستى يېنىدا بولمىغان، ئۆي ئىچى يورۇق بولغان بولسا، بۇ سۆزنى دېيىشتىن خىجىل بولغان بولاتتى.

— مۇھەببەت؟ — پىچىرلىدى چېن شۇيەن. ئەگەر چىراغ يورۇق بولغان بولسا، چېن شۇيەننىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى شىنيۆ سېزىۋالغان بولاتتى، — مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە . . . ھېچكىم مەن بىلەن مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ باقمىغان، ئەمدى سەن دەۋاتىسەن، مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟

— بۇنى . . . مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، — دېدى شىنيۆ ئاستاغىنە. ئۆزى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان چوڭ ئىش توغرۇلۇق ئېنىق بىر نېمە دېيىش شىنيۆگە تەس ئىدى، — بەلكىم، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق قىزىقىش، ئورتاق ئىنتىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئىشىنىش، بىر - بىرىنى يۆلەش، قوللاش بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمىسا مۇھەببەت ھېسابلىنىدىغاندۇ؟

— بۇ گەپچە بولغاندا، ئاكاڭ بىلەن ئارىمىزدا كەم بولۇۋاتقىنى . . .

— نېمە؟

— ئويلاپ باققىنا، ئاكاڭ ئۆزىنىڭ تالون - بېلەتلىرىنى بېسىش بىلەن، مەن پۇكەي ئالدىدا كەچكىچە تۇرۇش بىلەن ئاۋارە. بۇنىڭدا ئورتاق قىزىقىش، ئىنتىلىش دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۇرۇندىن تونۇشقىنىمىز بىلەن ھەقىقىي ئۇچراشقان، چۈشىنىشكەن ۋاقتىمىز ناھايىتى ئاز . . . لېكىن، ئاكىڭىزنىڭ سىزگە شۇنداق كۆيۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئىككىمىزنىڭ مىجەزى ئوخشامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئارىمىز تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغاندەك . . .

— ئەمىسە ئىككىڭلارنىڭ يۈرىكىنى بىر - بىرىگە چاتقىنى

www.uyghurkitap.com

مەن ئىكەنمەن ـ دە؟ بەك خۇش بولۇۋاتىمەن! شۈيەن، كېيىن مەڭگۈ بىللە ياشىساق نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟ ساڭا دېسەمچۇ، ئاكامدەك ئادەم دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ. ئۇ سېنى قەدىرلەيدۇ، ۋاقتى كەلسە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ!

— ھەئە، مەنمۇ سەزدىم. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن!

. . .

كۇنگەي ئۆينىڭ شەرقىدىكى ھۇجرىدا خەن خانىم كىيىمى بىلەنلا ياتاتتى، ئوغلىنىڭ ئىشى كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى. چېن شۈيەن گەرچە خىجىل بولۇپ ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى شۇ تاتلىق گەپنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلىغاندەك شېرىن ھېسلار قاينىمىغا چۆككەنىدى.

— دادىسى، تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ — خەن خانىم ئۆرە بولۇۋېتىپ يېنىغا قاراپ قويۇپ سورىدى.

— ياق، — خەن زېچى غەربتىكى ئۆيدە يېتىپ تۇرۇپ زەئىپ ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

خەن زېچى دوختۇرخانىدىن چىققان كۈندىن باشلاپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئۆيدە يېتىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەنىدى. ئاشۇ كۈنى ئوغلى شوپۇر بىلەن خەن زېچىنى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە ئەكىرىپ شەرقىي ھۇجرىدىكى مىس كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويىدى. تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى بولمىغاچقا، خەن زېچىمۇ ئارتۇق ئىپادە بىلدۈرمەي ياتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە خوتۇنى خەن زېچىنى كارىۋاتتىن چۈشۈرمەي ناھايىتى ئوبدان كۈتتى. تېەنشىڭ، چېن شۈيەنلەر چىقىپ كىرىپ يۈردى. دورا ئىچىش، چاي ئىچىش، تاماق يېيىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كارىۋات ئۈستىدە بولدى. شىركەتتىنمۇ پات ـ پات خىزمەتداشلىرى كېلىپ يوقلاپ تۇردى. ئۇ ياخشى كۈتۈنمىسە، يۈز ـ ئابرۇيىنى ئويلاشمىسا بول-

مايتتى. كىتابخانىدىكى سافادا يېتىپ دەم ئېلىشقا ئەلۋەتتە بول-
مايدۇ - دە. ئېرىنىڭ يەنە ئۆزى ياتقان ئۆيگە قايتىپ كىرگەنلى-
كى خەن خانىمنى بۆلەكچە خۇش قىلىۋەتتى. ئون نەچچە يىل
داۋامىدا ئۇزىراپ كەتكەن پىسخىك ئارىلىق ئەمدى يەنە يېقىنلاش-
تى. خەن خانىم يەنە ئېرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇش ئىمكانىيى-
تىگە ئېرىشتى. «ياش ئەر - خوتۇنلار ھەمىشە بىر - بىرىگە
ھەمراھ بولىدۇ.» ياش بۇ يەرگە يەتكەندە ئېرى ئۇنىڭغا، ئۇ
ئېرىگە «ھەمراھ» بولسىلا بولدى. غېرىبلىقتىن قورقۇش، جو-
رىغا موھتاج بولۇش ئادەمنىڭ تەبىئىتى. ئەلۋەتتە، خەن خانىم-
مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇ قېتىمقى كېلىشمەسلىك
خەن خانىمغا ئېرىنىڭ بۇ ئائىلىدە قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى
تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتتى. «باللارنىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ قا-
لارمەنمۇ» دېگەن ئەندىشىمۇ ئۇنىڭ ئېرىگە بولغان مۇھەببىتىنى
ئويغاتتى. ئائىلىگە كېلىشمەسلىك كەلگەندىن كېيىن، ئۇ پايپې-
تەك بولۇپ ئېرىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدى، «ھەمراھ»لىق
ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلدى. دېمىسىمۇ بىر - بىرىدىن
ئۆزىنى ئەپقېچىشىپلا يۈرسە، باللار ئارىدىكى ھاڭنى سېزىۋالى-
دۇ - دە. ئەمما، بۇ ھال ئۇزۇنغا بارمىدى. خەن زىچى دورا
ئىچىشنى توختاتقان كۈندىن، باشقىلار كۈتمىسىمۇ بولغۇدەك
ھالغا كەلگەندىن كېيىنلا جاھىللىق بىلەن كىتابخانىغا كۆچۈپ
كىرىۋالدى. خەن خانىم ھەرقانچە توسىسىمۇ ئۇنىمىدى. يەنە شۇ
«جىمجىتلىقتا ئۆگىنىپ قاپتىمەن»، «خورەك تارتىپ مېنى
ئۇخلاتمايدىكەنسەن»، «ئاخشاملىرى كىتاب كۆرۈپ يېتىشنى
ياخشى كۆرىمەن، ساڭا دەخلى قىلغۇم يوق» دېگەندەك گەپلەر.
ئەجەبا خەن خانىم بۇلارنىڭ باھانە ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟
«ھەي، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭلىنى ئىللىتالمىدىمغۇ. ئارىدا
مۇھەببەت دېگەن نەرسە قالمىدىمۇ ئەمدى!» خەن خانىمغا مۇ-
شۇنداق ئاچچىق خورسىنىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەممە

ئىش ئەسلىگە قايتقان، ھەتتا ئارىدىكى قاتماللىق بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتكەندى. شىنيۇ دوختۇرخانىدىن چىققان بۇگۈنكى كۈننى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەن خانىمنىڭ ئېرىنىڭ ئۆزىگە بىرەر قېتىم كۈلۈپ قارىغىنىنى كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن بولغاندى.

ھەي، قانداق قىلسا قىلمامدۇ. ئون نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل جەريانىدا خەن خانىم ئېرىنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىۋالدى. خەن زىچېنىڭ ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشىمۇ تايىنلىق. ئادەمنى باشقۇرغىلى بولغىنى بىلەن قەلبىنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ ــ دە! ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئويلىغۇسى يوق.

خەن خانىم بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇپ ئېرىنى چاقىرىپ باقتى. ئەمما، ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ئامالسىز كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئېرى ياتقان كىتابخانىغا كىردى. كاللىسىدىن ئىختىيارسىز: «بۇ قېتىم سەن ئەمەس، مەن ئالدىڭغا باش ئېگىپ كەلدىم! » دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى.

— نېمە ئىشتى؟ — خەن زىچې ئېرەنسىز ھالەتتە سوردى. ئۇ سافادا ياتماي ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى، قولىدا «ئىچكى كېسەللىكلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتاب تۇراتتى.

ئېرىنىڭ نېمە كىتاب كۆرۈۋاتقىنىنى بىلەلمىگەن خەن خانىم سافادا ئولتۇرۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەچ سورىدى:

— قىزىمىز قايتىپ كەلسىمۇ قۇرۇق كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا رايىڭىز بارىدىكەن ــ ھە؟

— نېمە، قۇرۇق كىتاب؟ — دېدى خەن زىچې سولغۇن ھالدا، — ئەمدى ماڭا قۇرۇق كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك نەدىكى چول؟

— ھىم، شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ شۇ بىر

ئىش، — دېدى خەن خانىم گەپنىڭ ئورامىغا بېقىپ، — سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دېۋىدىم. تيەنشىڭ بىلەن شۆيەننىڭ توي ئىشىنى بالدۇرراق قىلىۋەتسەك بولاتتى.

— نېمە؟ — خەن زىچى كىتابنى شىرەگە قويدى، — شىنيۈ ئاغرىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقسا، تويغا ئالدىراپ كەتكىنىڭنى سېنىڭ؟ نېمانچە تۆت چىشلىق بولۇپ كەتتىكىن دېسەم، بىكار قاپسەن - دە!

— راست، شىنيۈنىڭ كېسىلىگە مەنمۇ تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى خەن خانىم، — لېكىن، «كېسەل پاتىمانلاپ كىرىپ مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. قىزىمىزنى ئاستا كۈتۈۋالارمىز. تىت - تىت بولغىنىمىز بىلەن بەرىبىر بىكار. دوختۇر ئوپېراتسىيىسىنى كېلەر يىلى قىلىدىغانلىقىنى دېدىغۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا تيەنشىڭنىڭ ئىشىنى كېلەر يىلغا سوزۇۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ تيەنشىڭ بۇ يىل يىگىرمە ئالتىگە كىردى، كېلەر يىلى يىگىرمە يەتتىگە كىرىدۇ دېگەن گەپ. ئەمدى ۋاقىتنى زايە قىلىۋەرمەيلى. يەنە كېلىپ مېنىڭ كۆڭلۈممۇ بەك پاراكەندە. بۇ يىل بىزگە پەقەت ياراشمىدى. سىز ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋېدىڭىز، شىنيۈگىمۇ ئارقىدىنلا كېسەل يېپىشتى. بېشىمىزغا كەلگەن نېمانچە چوڭ شۇملۇقلار بۇ؟ مەن تازا قىزىتىپ مەرىكىدىن بىرنى قىلساق بۇ كېلىشمەسلىكلەر كېتەمدىكىن دەيمەن.

خەن زىچى قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ ئايالىنىڭ «ئۆيگە خۇشاللىق ياغدۇرۇش» ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان بۇ ئامالىنىڭ نادانلىق ياكى ساددىلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

خەن خانىم ئېرىنىڭ جىم تۇرغىنىنى «گېپىمنى ئويلىنىۋاتقان چېغى» دەپ چۈشىنىپ يەنە سۆز باشلىدى:

— مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى. ۋاقتى كەلگەندە تېنەپ

قالماسلىقىمىز ئۈچۈن تەييارلىقنى بالدۇرراق باشلايلى. ئىشقىلىپ، پۇلنىڭ ئىشىمۇ ھەل بولغاندىن كېيىن. مېنىڭ چامامچە، تويغا كېتىدىغان پۇل. . .

— پۇل، پۇل دەۋېرىدىكەنسەن! — خەن زىچى ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ شىرەگە قاتتىق بىر مۇشت سالدى. بۇ پۇلنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئايالى بىلەمدۇ؟ خەن زىچى ئاشۇ ئېسىل قاشتېشىنى، مۇشۇ كېلىشمەسلىككە سەۋەب بولغان ھېلىقى ئون نەچچە باسقۇچلۇق سېمونت پەلەمپەينى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ نېمىشقا شۇ چاغدا يىقىلغان پېتى تۈگەشمىدىكىن؟ ئەمدى قوپۇپ ئايالى ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن پۇل بىلەن ئوغلىنىڭ مەرىكىسىنى كاتتا ئۆتكۈزەرمىش! لېكىن، بۇ گەپلەرنى ئۇ ئايالىغا دېيەلمەيتتى. ئۇ بۇ قېتىملىق يىقىلىشى بىلەن ئاشۇ قاشتېشىنىڭ قانچىلىك يېقىن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئايالىغا بىلىندۈرمەسلىكى، باشقىلارغا تېخىمۇ بىلىندۈرمەسلىكى، مەڭگۈ سىر قىلىپ ساقلىشى كېرەك. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ.

— سەن پەقەت پۇلنىلا تونۇيسەن! — خەن زىچى ھالسىز ئاۋازدا شۇنداق دېدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى بۇ ئەمەس ئىدى، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت راست گەپمۇ چىقمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەچكە، ئۇ ئارتۇق گەپ قىلماسلىقنى راۋا كۆرگەنىدى.

— پۇل بولمىسا نېمە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ؟ — خەن خانىم ئېرىنىڭ بايىقى گېپىنى «پۇلنى خەجلەشكە كۆزى قىيمايۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنىپ نەسىھەت قىلىشقا ئۆتتى، — پۇل سىزنىڭ، ئوغلىمىزنىڭ ئىشىغا خەجلىسەك ئەرزىيدۇ ئەمەسمۇ! بالا ئەمەسمۇ، نېمە ئامال بار دەيسىز؟

— بالا؟ — خەن زىچى ئايالىغا سوغۇق بىر نەزەردە تىكىلدى، — سېنىڭ ئەس - يادىڭ ئوغلىڭدىلا، قىزىڭنى ئويلاپ-

مۇ قويمايسەن؟ شىنيۈ ھازىر قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ؟ بۇنى بىلمەي قالمايسەن، بىر يىل ئوقۇ - ئوقۇمايلا كېسەل يېپىشىپ ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ھازىر تېخى نامەلۇم. سەن يەنە تېخى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىسەن. رەسمىي كېلىن بولۇپ كىرمىگەن بىرىنى بېشىڭدا كۆتۈرگۈدەك بولۇپ كەتكىنىڭچۇ تېخى!

— نېمە؟ نېمانداق يولسىزلىق قىلىسىز؟ ئاللا تۇرۇپتۇ، — خەن خانىمنىڭ چىرايىدا ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغاندەك بىر ئىپادە ئەكس ئەتتى، — مېنىڭ شۆيەننى كېلىن قىلىۋالايلى دېيىشىم يەنە شۇ شىنيۈ ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

— شىنيۈ ئۈچۈن؟ — ئايالىنىڭ گېپى خەن زىچىنىڭ قۇلىقىغا باشقىچىلا ئاڭلاندى، — ئۇنى قىزىمىزغا ئېلىپ بېرەمتىڭ؟

— ھەي، مۇشۇ ئەر خەق نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغاندۇ! ئويلاپ بېقىڭە، شىنيۈ ئوقۇشتىن توختىغان تۇرسا، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋەرسە زېرىكمەمدۇ؟ شۆيەن ئۇنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيىشىپ بىللە ئۆتسە ياخشى ئەمەسمۇ. ئەتىگىنى - ئاخشاملىرى شىنيۈنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا بىرى بولۇشى كېرەكتۇ. شۆيەن بۇنىڭغا بىزدىن ئوبدانراق باب كېلىدۇ...

— دېگىنىڭمۇ ئورۇنلۇق... — خەن زىچىنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانى ئىختىيارسىز يۇمشاپ قالدى.

— مەن بۈگۈن شۆيەننى قېپقېلىڭ دېۋىدىم، ھەر ئىككىسى خۇش بولۇپ كېتىشتى...

— ھەي! — دېدى خەن زىچى چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، — بىراق، شۆيەن ئۇزۇن مۇددەت ئۆيىمىزدە تۇرسىمۇ بولمايدۇ.

ئۇ دېگەن تېخى ياتلىق بولمىغان قىز تۇرسا. . .

— راست دەيسىز. تيەنشىڭمۇ شۇنداق دېگەنىدى.

— تيەنشىڭ؟ بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟

— بايا، — خەن خانىم ئالدىرىماي گېپىنى باشلىدى، — مەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن تيەنشىڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ: «قارا، بالام. بۈگۈن شۈيەن سىڭلىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېتىپ قالدى، ياخشى بوپتىمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «ياخشى بولۇشىغۇ بوپتۇ. لېكىن، خەقلەر سۆز - چۆچەك قىلسا يۈزىمىزگە سەت بولارمىكىن دەيمەن» دەيدۇ. مەن يەنە: «ئىشقىلىپ سىلەرنىڭ تونۇشقىنىڭلارغىمۇ خېلى بولدى، بىر - بىرىڭلارنىڭ كۆزىگىمۇ سىڭىشىپ قالدىڭلار، ئەمدى ۋاقىتنى سوزمايلى، ئۇنى بالدۇرراق كېلىن قىلىپ ئەكىرىۋالايلى. . .» دېدىم.

— تيەنشىڭ نېمە دېدى؟ — ئەمدى خەن زىچى ئالدىراپ قالدى.

— بىزنىڭ بۇ بالىمىز گەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ. شۇ گەپنى دېۋىدىم، يۈزلىرى قىزىرىپ بىر ھازا تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغاندىن كېيىن: «دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ. سىلەر مۇۋاپىق كۆرگەن بولساڭلار، ئەھۋالغا قاراپ بىر نېمە قىلارمىز. . .» دەيدۇ.

— بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ، — دېدى خەن زىچى، — ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رايىغا قاراپ بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەكتە. . .

— راست دەيسىز، مەنمۇ ئۇنىڭدىن شۈيەنگە رايى بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. ئۇ خىجىل بولۇپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدىم. كوچىلاپ سوراۋەرگىنىمدىن كېيىن: «شۈيەن سىڭلىمغا شۇنداق ياخشى كۆيۈنىدۇ، مەن. . . ئۇنى ئېلىشنى خالايمەن» دەپ راست گەپنى قىلدى. قارىغا، ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىز ئارام تاپقاندۇ؟

— تيەنشىڭ ھەقىقەتەن ياخشى بالا! — دېدى خەن زىچى

ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ـــ سۆزلەشكەن بولساڭ، ۋاقىتنى كەينىگە سوزمايلى ئەمسە، ئاۋۋال ئۇلارغا چاي ئىچۈرۈپ قويايلى. . .

ـــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز ـ دە، ـــ دېدى خەن خانىم ئەستايىدىللىق بىلەن، ـــ كونا ئادەت بويىچە ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چېيىنى ئىچۈرمىسەك بولمايدۇ. مەن ئەتىلا بېرىپ شۇيەننىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي. شۇيەن ئۆزىغۇ ئوبدان قىز، شۇنداقتىمۇ قۇدىلارنى ئوبدان تاللاش كېرەك. بۇ بەلكىم ئەلچىلىككە چۈشكىنىمىز بولۇپ قالار.

ئايالىنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش خىيالىدىن سۆيۈنگەن خەن زىچېننىڭ ھارغىن، جۈدەڭگۈ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. شۇيەن بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرسە، ھەم تيەنشىڭنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەل بولاتتى ھەم شىنيۆگە زېرىككەن، ئىچى سىقىلغان چاغلاردا مۇڭداشقۇدەك سىرداش دوست تېپىلاتتى، بۇ يەنە شىنيۆنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگىمۇ پايدىلىق ئىدى. «ئىچكى كېسەللىكلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان مۇھىم «روھىي جەھەتتىن داۋالاش» ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى دەل مۇشۇ ئىدى.

قەلبى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھېسسىيات كرىزىسى ئىچىدە تۇرغان بۇ ئەر ـ خوتۇن بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقتىن كېيىن روھىي جەھەتتىن ئورتاق بىر نەرسىگە ئېرىشكەندەك بولدى. شۇنداق قىلىپ، يېشى ئاتمىشقا يېقىنلاشقان بۇ ئەر ـ خوتۇن ئوغلىنىڭ توي تەييارلىقىغا ئالدىراش كىرىشىپ كەتتى. تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، ئۆي جاھازلىرىنى ۋە باشقا تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىش بىلەن خېلى كۈنلەرگىچە ئارام تېپىشمىدى. ئون ـ يىگىرمە يىلدىن بېرى بىرەر مەرىكە بولۇپ باقمىغان، بىر خىل سۈرۈن جىمجىتلىققا كۆنۈكۈپ كەتكەن كونا

«بىلىمدان» قەسرى ئەمدىلىكتە بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. بۇ كاتتا مەرىكىنى چوقۇم ياخشى ئۆتكۈزۈش، تازا قىزىتىش كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا بەلكىم جىمى بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن كېتىپ قالار. خۇدا خەن ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرىگە سالامەت- لىك، بەخت ئاتا قىلسۇن! بەلكىم ئۆتمۈشتىكى خەن ئائىلىسى- نىڭ بېشىغا كەلگەن شۇنچە كۆپ سورۇقچىلىقلارغا مۇشۇ خاسى- يەتلىك، ياخشى باشلىنىش خاتىمە بېرىپ قالار.

ئاھ مۇھەببەت، مۇھەببەت! ئاھ، قايدىسەن مۇھەببەت،
ئايرىلمىساڭ شەمشەردىن بېشىنى يۇتار دۇشمىنىڭ.
ھەقىقىي ئەر قانچىكىن ئاشۇ سۇرلۇك زاتلاردىن،
شەمشەرنى سۆي، شۇنىڭدا يالغۇز ئۆتمەس كۈنلىرىڭ.
دۇشمەنلىشىپ رەقىبلەر باش كېسىشسە ئۆزئارا،
تۇرالمىدۇ قول باغلاپ ھەقىقىي ئەر بىر چەتتە!
ئاھ، مۇھەببەت، مۇھەببەت! ئاھ قايدىسەن مۇھەببەت،
ۋادەرىخا! ۋادەرىخ، سەۋدا چۈشتى باشىمە.

چۇ يەنچاۋ يەنيۇەن بېيجەيدىكى تارغىنىا ياتقىدا چۈشىنىش تەس بولغان بۇ ناخشىنى تەرجىمە قىلىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى. بىر نەرسىنى چۈشىنىشكىمىزنىڭ تەس بولۇشى ئۇنى چۈ- شەنمىگەنلىكىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھالبۇكى چۈشەنمەسلىك سىزنى بىپەرۋا قىلىپ قويىدۇ، چۈشىنىشنىڭ تەس بولۇشى بولسا تەپەككۇرىمىزنى بوغۇپ غاچ - غۇچ قەلەم تەۋرىتىشىمىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. چۇ يەنچاۋ ناخشىنىڭ مەنىسىنى چۈ- شەنگەندەك قىلدى؛ كۆك شەمشەردىن يالتىراۋاتقان سوغۇق نۇر، ئىسيانكار باشتا مەۋج ئۇرۇۋاتقان ئىسسىق قان ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالدى. قولىغا شەمشەر ئېلىپ بىر جايىدا دەلدەڭ- شىپ تۇرغان ئاشۇ قارا كىيىملىك ئادەم — ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر-

دىكى «دادا»، «روھىي دۇنيايىمدا باشقىلار ھەم ئۆزۈم قالدۇر-غان ناھايىتى نۇرغۇن جاراھەت بار، مەن ئۆزۈمدىن يىرگىنى-مەن» دېگەن غەلىتە گەپلەر ئۇنىڭ قەلبىگە چۈشىنىكسىز سوئال بەلگىلىرىنى قويدى. چۇ يەنچاۋ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ ئۈمىدسىز ناخشىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېيتالمايتتى، ئوقۇيالمايتتى، يازالمايتتى!

«بىر نەرسە كاللىغا كەلمىگەن چاغدا زورلاپ يازماسلىق كېرەك» چۇ يەنچاۋ لۇشۇننىڭ گېپىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ تەرجىمىنى تاشلاپ قويغىنىغا ھېلىھەم خېلى ئۇزۇن بولغانى-دى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زېھنىنى يىغىپ تەرجىمە بىلەن تۇزۇكرەك شۇغۇللىنالمىدى، «زورلاپ يېزىش-مۇ» تەسكە چۈشتى. بىراق، چەت ئەل تىلى نەشرىياتىنىڭ تەھرىرلىرى لۇشۇننىڭ جىمى ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى ساقلىمايدىغانلىقى، ئاۋۋال «يېڭى ھېكايىلەر» دىكى سەككىز پارچە ھېكايىنى تېزراق تەرجىمە قىلىپ بەرسىلا داڭلىق رەس-ساملارغا قىستۇرما رەسىمنى سىزدۇرۇپ چوڭ ئوتتۇز ئىككى فورماتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب قىلىپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى سۈيلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل تىلى نەشرىياتىنىڭ بۇ يىللىق نۆۋەتلىك نەشرىيات پىلانىغا كىر-گۈزۈلگەن بۇ كىتاب پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىدۇ. قەلەم بىلەن ھەپىلىشىدىغان بىر ئادەمگە بۇنىڭدىن ئارتۇق مەدەت ۋە ئىلھام بولامدۇ؟ چۇ يەنچاۋنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى چۈشى رېئاللىق-قا ئايلىنىۋاتاتتى. بۇ، ئۇنىڭغا نەشرىيات تەرجىمە قىلىپ بېرىش-نى ھاۋالە قىلغان ھەم ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن تۇنجى كىتاب ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ تەرجىمە ھاياتىدىكى تۇنجى نامايەندە بولۇپ قېلىشى، ئۇنى كېلەچەككە يېتەكلىشى مۇمكىن ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ ئۆزى چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىشلىرى ئاجا-يىپ يارقىن نۇرلىرى بىلەن ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىپ

ئىشلەشكە ئۈندەۋاتاتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، يەنە ئىككىلەنسە، دېلىغۇل بولسا، ئۆزى مەنسىتمەي كەلگەن جۈرئەتسىزلىك ئالدىدا باش ئەگسە قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىگە قىزغىنلىق بىلەن تويلۇق كىيىمى پىچىۋاتقان تەھرىرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلسا، نەشر قىلىش پىلانىغا كاشىلا يەتكۈزسە قانداق بولىدۇ؟ لېكىن، تەھرىر تولىمۇ مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە «شەمشەر سوقۇۋاتقان» چۈ يەنچاۋنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقىنىنى نەدىن بىلسۇن؟

شىنيۈ ئوقۇشتىن توختىغان بىر ئايدىن بۇيان چۈ يەنچاۋ قانچىلىغان كېچە - كۈندۈزنى ھېسسىيات جەھەتتىكى بوران - چاپقۇن ئىچىدە باشتىن ئۆتكۈزمىدى؟ شىنيۈنى ئوقۇشتىن توختاشقا ئۇ ئۆزى كۆندۈردى، يەنە تېخى ئوقۇتۇش باشقارمىسىغا باشلاپ بېرىپ ئوقۇشتىن توختاش رەسمىيىتىنى ئۆزى بېجىرىپ بەردى. سىنىپىدىكى ئەڭ ئەلاچى، ئىستىقباللىق ئوقۇغۇچى بولغان بۇ قىز ئەمدى ئۇ مەسئۇل بولغان بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا يوق! چۈ يەنچاۋ بۇلتۇر ئۇ قىزنى ئۆزى كۈتۈۋېلىپ بۇ يىل يەنە ئۆزى ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن بۇ كۈتۈۋېلىش بىلەن ئۇزىتىش ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇنداق رىيازەتتىن ئازابلانماي تۇرالامدۇ؟ ئوقۇشتىن توختىغاندىن كېيىن ئۇ شىنيۈگە مۇئەللىمدىن، مەكتەپتىن ئايرىلمىغانلىقىنى، تۈپتىن ئايرىلغان يالغۇز قۇش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ھەر ھەپتىسى ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى؛ ئۇنى كېلەر يىلى يەنيۈەنگە قايتىپ كېلىش ئۈچۈن خاتىرجەم دەم ئېلىپ تېزراق مادارىغا كېلىۋېلىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ شىنيۈنىڭ ئۆيىگە بارغاندا گەپتە كەتكۈزۈپ قويۇپ قىزنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر قېتىم يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سۆھبەت مەزمۇنىنى دەرس تەييارلىغاندەك كاللىسىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈۋالاتتى. گەپنى ئۇدۇلىغا

قىلىشقا ئۆگىنىپ قالغان چۇ يەنچاۋغا بۇ تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئۇ شىنيۇ كېلەر يىلى ئوپېراتسىيىدىن ئوڭشۇلۇق چىققۇچە، مەكتەپكە قايتىپ كەلگۈچە مۇشۇنداق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. كۈتۈش، ئۇزۇنغىچە كۈتۈش كېرەك، لېكىن شۇنىڭغىچە بولغان مۇساپىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باسماي بولمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنيۇنىڭ كەيپىياتى خېلى مۇقىم، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە بىرقانچە مۇھىم سالامەتلىك كۆرسەتكۈچىنىڭ نورمالغا مايىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، رېماتىزممۇ تىزگىنلەندى. لېكىن، لۇ دوختۇر ئانچە ئۈمىدۋار ئەمەس، ئۇ شىنيۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ئۇزۇنغىچە مۇقىم بولۇشىنى كۈتىدۇ. بۇ ئوپېراتسىيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ناۋادا شۇ چاغقىچە قىزنىڭ سالامەتلىكىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، ئوپېراتسىيىگە تولىمۇ پايدىسىز! لېكىن، بىرەر ئۆزگىرىش بولمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ياق، ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. ھەرقانچە كامالەتكە يەتكەن دوختۇرمۇ بىمارغا يۈزدە يۈز ۋەدە بېرەلمەيدۇ. چۈنكى كېسەل دېگەن بۇ ئىبلىس رەھىمسىز بولىدۇ، ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ، ئۆزىنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئادەملەرگە سوزۇپ تۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ ئاجىز بىر نارەسىدەنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرۈپتۇ!

پىكىر ـ خىيالى چېچىلغان چۇ يەنچاۋنىڭ داۋاملىق تەرجىمە قىلىشقا رايى بارمىدى. چارچىغان كۆزى ۋە مېڭىسىنى كۈچلۈك نۇرنىڭ غىدىقلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇستەل چىرىغىنى ئۆچۈرىۋەتتى.

دېرىزە سىرتىدا قارىياغاچنىڭ يوپۇرماقلىرى كېچە شامىلىدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا ئاجىزلىقى، كۆرۈمسىزلىكى ئۈچۈن يىلتىزى بىلەنلا يۇلۇۋېلىنىپ بىر چەتكە تاشلاپ

قويۇلغان، ھاياتلىق پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان دەرەخ مانا مۇشۇ شۇ. ئەمدىلىكتە ئۇ قايتىدىن كۆكلەپ ساغلام، روھلۇق ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان مايسىسى مۇشۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەرگىلىرى تېخى ئېچىلمىغان بىر غۇنچىنىڭ ياپراقلىرى ۋاقىتسىز قايرىلىدۇ؟ قايرىلغان ياپراقنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ بۇنى كىمدىن سوراش كېرەك؟ «باغۋەن» دىنمۇ؟ «باغۋەن» بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەرمۇ؟

ئۆي ئىچى بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، چۇ يەنچاۋ ياتىقىدىن چىقتى، بېيجەي بىناسىنىڭ ئالدىدىكى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كىچىك ئارالغا قەدەم باستى. كىچىك ئارالمۇ، نامسىز كۆلمۇ چەكسىز جىمجىتلىق ئىلكىگە غەرق بولغاندى. قاپقاراڭغۇ ئاسماندا ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. نەمخۇش ھاۋانى يېرىپ كېلىۋاتقان دىمىق شامال كىشىنىڭ نەپسىنى سىقاتتى. بەلكىم بۇ يازنىڭ جۇدۇنىنىڭ شەپىسى بولسا كېرەك! ياپپېشىل دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۆز نۇرىنى يوقاتقانىدى. چۇ يەنچاۋ تۇيۇقسىز كەلگەن سوغۇق ھاۋادىن توڭلىغاندەك بولدى - دە، ئەتراپتا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان نەرسىلەرگە قاراشقا رەۋىتى بارماي بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن كەلگەن يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ يولدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ جايىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى شىپاڭنىڭ يېنىدىكى تاش پەلەمپەي ئىدى. شىپاڭغا چىقىپ كۆلنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ تاش پەلەمپەيدىن تۇنجى قەدەمنى ئېلىش كېرەك ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ ئېسىدە ھېلىھەم تۇرۇپتۇ، شىنيۇ بۇلتۇر كۈزدە مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرى، ھاياتى توغرۇلۇق چوڭقۇر خىياللارنى سۈرگەن، تەرسالىق بىلەن: «ئادەملەرنىڭ روھى با-

راۋەر بولىدۇ!» دېگەنىدى. راست، قىز توغرا ئېيتىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم باراۋەر بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ پەرقى ئۆزلىرى-نىڭ قىممىتىنى سېزىش ۋە باشقىلارغا تونۇتۇش ئۈچۈن كۆر-سەتكەن تىرىشچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ مۇ-رىتلىرى: «تەڭرىنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ، ماتې-رىيالىزمچىلار: «ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ قارىشىدۇ. لېكىن، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن كېسەلنىڭ ئالدىدا باراۋەر ئەمەس؟ بۇ دۇنيادا مەنسەپ بېشىنى قۇرۇق ئىگىلەپ ئولتۇرغان تەييارتاپلار، قارا نىيەتلەر، ياخشىلار قىياپىتىگە كى-رىۋالغان سۇيىقەستچىلەر، بىكار تەلەپلەر شۇنچە جىق تۇرسا، كېسەل دېگەن بۇ ئىبلىس نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا يېپىشماي بىر بىغۇبار، ساددا، ناتىۋان قىزنى قىينايدۇ؟

چۇ يەنچاۋ قاراڭغۇدا قىزنىڭ يوغان شەھلا كۆزلىرىنى كۆر-گەندەك بولدى. ئۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— چۇ مۇئەللىم، تۇغۇلغان كۈنۈمدە چوقۇم كېلىدىغان-سىز؟ — دەپ سوراۋاتاتتى.

ئۇ:

— ئەلۋەتتە، چوقۇم بارىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

قىز كۈلۈپ كېتىپ:

— تەرجىمە قىلىپ بولغان «شەمشەر سوقۇش»نى ئالغاچ كېلىڭ جۇمۇ... — دەپ تاپىلىدى. ئاھ، «شەمشەر سوقۇش»...

كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى تېخى تولۇق ئۆچمەي تۇرۇپلا ئاسماننىڭ شەپەق رەڭگىگە كىرگەن غەربىي جەنۇب تەرى-پىدە ئۇچلۇق، قىيپاش ھىلال ئاي پەيدا بولدى.

خەن ئائىلىسىدىكىلەر تاماق يەيدىغان ئۆيگە يىغىلىشقان-دى.

خەن زىچى ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇمىلاق قەغەز كوروپكىنى ئاستا ئېچىپ، «Happy Birthday»[1] دېگەن خەتلەر يېزىلغان چوڭ تورتنى شىنيۆنىڭ ئالدىغا قويدى.

— پاھ، دادا، سىز. . . — شىنيۆ بوشقىنا توۋلىۋەتتى.

— بۇنى سەن ئۈچۈن ئالايىتەن قىلدۇردۇم. بۇلتۇرقى تۇغۇلغان كۈنۈڭنى. . . بۇ يىل چوقۇم تولۇقلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشىم كېرەك، بولمىسا كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، — خەن زىچى بۇ گەپلەرنى ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن قىزىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئەمەس، يەرگە قاراپ تۇرۇپ دېدى. دادا بولغۇچى بالىلىرىغا يەتكۈزگەن مېھىر - شەپقەتلىرى ئۈچۈن مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. ئۇ بالىلىرى ئۈچۈن تېخى ھېچقانچە ئىش قىلىپ بەرمىدى. خەن زىچى ئۆزىنى شىنيۆنىڭ ئالدىدا بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك سېزەتتى. لېكىن بۇ خىل ھېسسىياتنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە، كۆز نۇرى ئارقىلىق ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايتتى. ئۇ شۇ ئوينىڭ تۇرتكىسىدىمۇ، ئەيتاۋۇر قىزىنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمىنىڭ ئارقىسىغا چوڭقۇر بىر ئازابنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. خەن زىچى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كىچىك شاملارنى تورتنىڭ ئەتراپىغا بىر - بىرلەپ سانجىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى كىشىگە ياشلىقىدىكى تۇجۇپىلەپ قاشتېشى ئويغان چاغلىرىنى ئەسلىتەتتى. ھەر بىر تال شامنى سانجىغاندا «بىر، ئىككى، ئۈچ. . .» دەپ بوش ئاۋازدا ساناپ كېلىۋاتقان خەن زىچى ئەڭ ئاخىرقى شامنى سانجىپ بولغاندا «ئون سەككىز» دەپ توۋلىدى ۋە ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ قىزىم بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردى، —

---

① ئىنگلىزچە: «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن» دېگەن مەنىدە.

دەپ پىچىرلىدى.

— قارا بۇ داداڭغا، كىچىك بالىدەك قىلىق قىلىپ كەتكە-
نىنى، سەن بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ!

خەي هاما ئاشخانىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى ۋە
ئولتۇرغانلارغا قاراپ دېدى:

— ئەجنەبىيلەردەك قىلىق قىلىپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ،
مەن سەيلەرنى تەييارلاپ بولدۇم جۇمۇ.

— ئەجنەبىيلەرنىڭ بولامدۇ، ئۆزىمىزنىڭ بولامدۇ، كا-
رىمىز يوق، بالىمىز خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا مەيلى، هەر
ئىككىلىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىۋېرىمىز! — دېدى خەن خانىم
ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن. بۇلتۇرقى مۇشۇ كۈندىكىگە سېلىش-
تۇرغاندا ئۇ بىر نەرسىنى خېلى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇپ
قالغانىدى. بۇنىڭدا شىنيۈنىڭ كېسىلىدىن باشقا مۇنداق بىر
سەۋەب بار ئىدى: بۇ تورت مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا
بۇيرۇتۇپ ياسالغان بولغاچقا، «ئەجنەبىيلەرنىڭ نەرسىسى» بول-
سىمۇ، هەر هالدا قوبۇل قىلغىلى بولاتتى.

— هاما، — چېن شۇيەن ئورنىدىن تۇرۇپ، خەي هاما
بىلەن ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، — قورۇمىلارنى تۇزلۇق
قىلىۋەتمىگەنسىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى موماي كۈلۈمسىرەپ تۇ -
رۇپ، — باشقا هەرقانداق ئىشنى ئۇنتۇپ قالسامۇ شىنيۈنىڭ
تامىقىغا تۇزنى ئازراق سېلىشنى ئۇنتۇپ قالماسمەن. مەن بۇ-
گۈنكى تاماقنى ئىككى خىل تەييارلىدىم، شىنيۈنىڭ يەيدىغىنى
تۇزسىزراق، باشقىلارنىڭكى تۇزلۇقراق بولدى. مەن تېخى قو-
لۇم - قوشنىلار يەپ قالسا دەپ خېمىرغا ئالاهىدە ئىشلىدىم.
باردى - كەلدى قىلغان - قىلمىغانلىقىمىز بىلەن هېسابلىشىپ
ئولتۇرمايلى. بۇ قېتىم تاماقنى ئۇلارنىڭكىگىمۇ ئاچىقىپ بېرد-
شىم كېرەك، ئۇلارمۇ شىنيۈنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ئېتىل-

www.uyghurkitap.com

گەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چۆپىدىن ئازراق تېتىپ بېقىشى كېرەكتە.

شىنيۆنىڭ قەلبىگە ئىللىق بىر سېزىم يامراپ كەتتى. ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلانغا- نىدى.

تيەنشىڭ بىر چەتتە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. ئۇ بۈگۈن چاچ- لىرىنى ئالايتەن ياسىتىپ، باشقا كۈندىكىگە قارىغاندا ئىشتىن بۇرۇنراق كەلدى ۋە دەرۋازىدىن كىرگەن پېتى ھۇجرىسىغا كى- رىپ، يېڭى ئاق كۆڭلىكىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى. تيەنشىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىڭلىسىغا قاراپ دېدى:

— شىنيۆ، ساڭا بىر نەرسە تەييارلاپ قويۇۋېدىم...

— ئاكا، ماڭا پۇل بېرىپ يۈرمىگىن يەنە، — دېدى شىنيۆ ئاكىسىنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق تۇغۇلغان كۈنىدە ئۆزىگە يىگىرمە يۈەن بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، — مەن ھازىر... شىنيۆ گېپى- نىڭ يېرىمىنى يۇتۇۋالدى. ئۇ ئەسلىدە، مەن ھازىر ئوقۇمىغان- دىكىن پۇلمۇ كېرەك بولمايدۇ، دېمەكچى ئىدى. لېكىن، ئۇ- نىڭ بۇنى ئېيتىراپ قىلغۇسى، باشقىلارغا دېگۈسى كەلمىدى.

— پۇل ئەمەس، — تيەنشىڭ سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھاللا چۈشىنىپ شۇنداق دېدى ۋە ئۇنىڭ يەنە كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يانچۇقىدىن ھېلىقى نەرسىنى چىقىرىپ شىنيۆگە سۇندى، — ساڭا بىر ئويۇنچۇق ئالغاندىم.

— ۋاھ، نېمانداق ياخشى! — شىنيۆ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ بىر ھازاغىچە قاراپ كەتتى، — شۈيەن، قارىڭە!

چېن شۈيەن يېقىن كېلىپلا تولۇلۇۋەتتى:

— ۋۇي، نېمانداق بەلەن نەرسە بۇ...

خەن خانىممۇ، خەن زىچىمۇ تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇق- تەك تۇرۇپلا قالدى. بۇ، تيەنشىڭ كىچىك ۋاقتىدا تۇمار ئورنىدا

بويىنىدىن چۈشۈرمەيدىغان قاشتاش ئىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ بالا بىلەن ئانىنىڭ خىيال كەپتىرى يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا كىتىپ قالدى. ياق، يىگىرمە نەچچە يىل دىگەن قانچىلىك ۋاقىت، تيەنشىڭمۇ بۇ يىل يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن تۇرسا!

— بۇنى... سەن تىخى ساقلاپ يۈرگەنمىدىڭ؟ — خەن زىچى پىچىرلاپ دىگۈدەك سورىدى.

— ھەئە، ساقلاپ يۈرگەن، شىنيۆگە ساقلاپ يۈرگەن! — دىدى تيەنشىڭ، — بۇگۈن ئۇنى ئاخىر سىڭلىمغا بەردىم.

خەن خانىم كۆڭۈلسىز بىر نەزەردە تيەنشىڭغا يالتىيىدە قاراپ قويدى:

— باشقا نەرسە تىپىلمىغاندەك سىڭلىڭغا مۇشۇ نەرسىنى بىرىپ يۈرگىنىڭنى قارا. بۇ سىنىڭ كىچىك ۋاقتىڭدا تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭدا ئىسىۋالىدىغان تۇمارىڭ ئەمەسمى-دى. ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە قالدۇرۇشۇڭ كىرەكتە.

— نىمە ئەۋلاد - پەۋلادنىڭ گىپى بۇ؟ — تيەنشىڭ ئاچ-چىغا ئالايدى، — سىڭلىمنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلا بولسا، ئۇرۇق - ئەۋلادىم قۇرۇپ كەتسىمۇ مەيلى.

بىر چەتتە ئولتۇرغان چېن شۈيەن ۋىللىدە قىزاردى. بۇ گەپ ئۇنىڭ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى.

— نىمە جۆيلۈپ يۈرسەن؟ — خەن خانىم ئاچچىقلىنىپ قالدى، — ھىچ گەپتىن ھىچ گەپ يوق ئۇرۇق - ئەۋلادىم قۇ-رۇپ كەتسە مەيلى دىگىنىڭ نىمىسى؟

خەي ھامما يۈگۈرۈپ كىلىپ گەپكە ئارىلاشتى:

— ھەي، بۇ تيەنشىڭنىزە، بىر ئوبدان گەپنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسلى دىمەكچى بولغىنى...

— ئاكا، مەن بۇنى ئالماي! — شىنيۆ قاشتىشنى ئاكى-سىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئانىسىنىڭ گىپى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەل-

گەندى. ئانام ئاكامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەجەب كاتتا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتىكەن، يەنە تېخى تۇمارمۇ بېرىپتىكەن، نېمىشقا مېنىڭ تۇمارىم يوق؟ ئاكامنىڭ نەرسىسى بولغاندىكىن، بۇنى ياخشىسى ئۇنىڭغا بېرىۋېتەي، ئۇنىڭ نەرسىسىنى تالىشىپ ئولتۇرماي، بولمىسا ئۇنىڭ ئورۇق ـ ئەۋلادى...

بىر ئوبدان ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تۇغۇلغان كۈنىدە ھەش ـ پەش دېگۈچە خۇشال كەيپىيات كۆڭۈلسىزلىككە ئالماشتى. خەن زىدىنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولدى.

— ئال، ئال قىزىم، — خەي ھاما تيەنشىڭنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا ئالدىراپ شىنيۈنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى، — ئاكاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇ سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەۋېتىپتۇ. قارا سېنى، ئاكاڭنىڭ كۈچىدىن ساڭا ئازراق بەرگەن بولسىچۇ، قارىغىنا ئاكاڭغا، بۇقىدەك قاۋۇل تۇرغىنىنى، — ئۇ يەنە خەن خانىمغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — قانداق دېدىم؟

— ھە، مەن بۇنى تېخى ئويلاپ باقماپتىمەن، — خەن خانىم ئىلاجىسىز گەپنىڭ ئۇرانىغا بېقىپ سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى، — شىنيۈ، بۇنى ئالغىن، ئاكاڭنىڭ تىلىكى بويىچە ئۇنىڭغا ئوخشاش تىمەن ئادەم بولساڭ ئەجەب ئەمەس. شۇنداق بولۇپ قالسا ئاناڭ خۇش بولىدۇ جۇمۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چېن شۇيەن ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. ئۇ بۇ قاشتېشىنىڭ زادى كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى ھەم گەپ قىستۇرۇپ ئولتۇرۇشنىمۇ لايىق كۆرمىدى. لېكىن، شىنيۈنىڭ تيەنشىڭگە ئوخشاش قاۋۇل بولۇشىنى كۈتۈش تازىمۇ بىر كۈلكىلىك ئىشتە. شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكى كەيپىيات ھەر ھالدا جانلىنىشقا باشلىدى.

خەن زىچى بۈگۈنكى سورۇننىڭ كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلىشىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال روھلىنىپ گەپ باشلىدى:

— شىنيۈ، بۇ قاشتاشنى ئېلىپ قالغىن. بۇ يالغۇز
ئاكاڭنىڭلا ئەمەس، داداڭنىڭ، ئاناڭنىڭ ساڭا بەرگەن سوۋغى-
سى. قاشتاشچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ گېپى
بويىچە ئېيتقاندا، يېشىل رەڭ باھارنىڭ، ياشلىقنىڭ، جۇشقۇن-
لۇقنىڭ سىمۋولى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ساڭا قىلغان
ياخشى تىلىكى بولۇپ قالسۇن.

شىنيۈ ئۇ قاشتاشنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋال دادىسىغا،
ئاندىن ئاكىسىغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن قارىدى.

خەن زىچى خۇشال كۈلۈمسىرىدى:

— كېلىڭلار، تورتقا شام ياقايلى!

— دادا، سەل ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى شىنيۈ، — چۇ
مۇئەللىم تېخى كەلمىگەن تۇرسا...

— ھە راست! — دېدى خەن زىچى چوڭقۇر ئويلانغان
ھالدا، — مۇئەللىمىڭ ئالدىراشچىلىقتىن قۇتۇلالمىغان بولسا
كېلەلمەمدۇ، قانداق؟

— كەلمەي قالمايدۇ، — دېدى شىنيۈ جاھىللىق بىلەن
ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئۇ كېلىمەن دېدىمۇ، چوقۇم
كېلىدۇ!

— بۇ ئىشنى... قاراڭغۇمۇ چۈشەي دەپ قالدى، چۆپ
بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كېتەرمىكىن! — خەي ھامما ئۆزىنىڭ ھۇنە-
رىنى چاققانراق كۆرسىتىشنى ئويلاپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، جايى-
دا ئولتۇرالماي قالدى. ھەتتا ئۇ كۆڭلىدىن «بۇ چۇ مۇئەللىم
دېگىنى ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىكەن» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى،
ئەمما بۇ گەپلەرنى دېگىلى بولمايتتى. شىنيۈ ئارانلا تۇرسا ئۇنى
خاپا قىلىپ قويسا بولمايدۇ - دە.

دەرۋازا قېقىلدى. چېن شۈيەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.
كىرگەن كىشى چۇ يەنچاۋ ئىدى.

— ھۇي، چۇ مۇئەللىمكەنغۇ! — شىنيۈ بىردىنلا جانلى-

www.uyghurkitap.com

نىپ كەتتى.

— چۇ مۇئەللىم. . . — بۇ ئۆيدىكىلەر چۇ يەنچاۋنى «چۇ مۇئەللىم» دەپ چاقىرىشقا ئۆگىنىپ قالغانىدى.

— خەن ھەدە. . . — دېدى چۇ يەنچاۋ ئەدەپ بىلەن ھەم-مەيلەن بىلەن سالاملىشىپ چىقىۋېتىپ. ئازراقمۇ ئوقۇتقۇچىلىق كىبىرى بولمىغان چۇ يەنچاۋ شۇ تۇرقىدا شىنيۈنىڭ ئادەتتىكى بىر ساۋاقدىشىغا ئوخشايتتى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇ شىنيۈنىڭ ئۆيىدە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىنى ئۇچۇنمۇ، ئۆزىنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئەركىن تۇتالمىدى ۋە سەل - پەل قورۇنۇپ تۇرۇپ دېدى، — ساۋاقداش شىنيۈ، ئون سەككىز ياشقا كىرگەنلىكىڭىزنى قۇت-لۇقلايمەن. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى. . .

— رەھمەت، چۇ مۇئەللىم، قېنى ئولتۇرۇڭ! — دېدى خەن زىچى تولىمۇ ئەدەپ بىلەن. چېن شۇيەن دەرھال ئورۇندۇق-نى چۇ يەنچاۋنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

بۇنىڭ بىلەن تەڭ چۇ يەنچاۋنىڭ گېپى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئەسلى: «ساۋاقداشلار مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تەييار-لىق قىلىۋاتقاچقا تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلەشكە كېلەلمىدى» دېمەكچى ئىدى. ھازىر ئويلاپ باقسا، بۇنداق دېسە تازا مۇۋاپىق بولمىغۇدەك. ياخشىسى، ئىمتىھاننىڭ گېپىنى تىلغا ئالمىغان تۈزۈك. ئۇ قولىدىكى نەرسىنى بوش ئورۇندۇققا قويۇپ قويۇپ:

— مەن سىنىپىمىزدىكى بارلىق ساۋاقداشلارغا ۋاكالىتەن سىزنى كۆرگىلى كەلدىم. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى سىزگە سالام ئېيتتى. . . — دېدى.

چۇ يەنچاۋ بىر قەغەز بولاقنى چىقاردى. شىنيۈ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ پەملىيەلمىدى.

چۇ يەنچاۋ قەغەز بولاقنى ئېچىپ بىر يۆگەم قەغەزنى چىقار-دى، ئۇنىڭ ئىچىدە موي قەلەم بىلەن تۆۋەندىكى خەتلەر رەتلىك

قىلىپ يېزىلغانىدى:

*باشقا كېسەل سەۋداسى چۈشكەنىكەن، ئەمدى سەۋر قىلىڭ، بەك تىت ـ تىت بولۇپ كەتمەڭ. كېسەلگە قارشى كۈچەڭىز ئاستا ـ ئاستا كۈچەيسۇن، شۇنىڭدا كېسەل بىلەن سالامەتلىكىڭىز ياخشىلانغۇچە كۆرەش قىلالايسىز. بۇ، ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى.*

*ماۋجۇشىنىڭ يولداش ۋاڭ گۈەنلىيەنگە يازغان بېغىشلىمىسىدىن ئېلىنىدى. ساۋاقداش شىنيۈگە تەقدىم.*

يۇقىرىقى خەتنىڭ ئاستىغا شىنيۈنىڭ سىنىپىدىكى ئون بەش ساۋاقداشنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى. جېڭ شاۋجىڭنىڭ ئىمزاسى باشتا ئىدى. ئاشۇ تونۇش پوچېركىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا شىنيۈ بۇنى «monitor»نىڭ يازغانلىقىنى بىلدى. سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئىچىدە پەقەت ئۇلا مۇشۇنداق سوۋغا تەييارلاشنى ئويلاپ تاپالايتتى. ئۇ ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن بۇ بىر ئابزاس سۆزنى نەدىن كۆچۈرۈپ كەلدىكىنتاڭ.

ئولتۇرغانلار گۈررىدە ئولاشتى. شىنيۈ ئۇ خەتلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ قالدى، ساۋاقداشلىرىنىڭ سەمىمىي نىيىتى ئۇنى قالتىس ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

— پاھ، — دېدى خەي ھامما بايىقى گەپلەردىن قالتىس خۇش بولۇپ، — بىزنىڭ قىزىمىزنى ماۋجۇشى ياد ئېتىپ خەت ئەۋەتىپتۇ ـ دە، قاراڭلار.

بۇ گەپ ئولتۇرغانلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

چۇ يەنچاۋ كاردون قەغەزدىن ياسالغان بىر كورووپكىنى ئېھتىيات بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. . .

— ساۋاقداش شىنيۈ، بۇنى سىزگە ئەكېلىۋېدىم. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ۋۆي، چۆ مۇئەللىممۇ ماڭا تورت ئەكەپتۇ ـ دە؟ — شىنيۈ خۇشال بولۇپ.

— ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلاتتىڭىز، بىكار پۇل خەجلەپ. . . — خەن خانىم ئالدىراپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە دەرھاللا: «ئەگەر ئەكەلگەن تورتى مۇسۇلمانچە بولماي قالسا، يەنىلا قايتۇرۇۋەتكىنىمىز تۈزۈك، لېكىن ئەدەپ يۈزىسىدىن ھازىرچە بۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ياق، — دېدى چۆ يەنچاۋ قورۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇ نەرسىنى بازاردىن ئالمىغان. . . — ئۇ قەغەز كوروپكىنىڭ ئىچىنى ئېچىۋېدى، ئىچىدىن كىچىك بىر تەشتەك چىقتى.

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى! مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى ماڭا سوۋغا قىپتۇ! — شىنيۈنىڭ بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كېتىشى خەن خانىمنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقتى.

ئولتۇرغانلار بۇ يېشىل ئۆسۈملۈكنى كۆرۈش ئۈچۈن گۇررىدە ئولاشتى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن «پاھ، گۈل ئىكەنغۇ!» دېگەن مەنە ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كىچىك تەشتەككە كۆچۈرۈلگەن ئاددىيغىنا بىر گۈل ئىدى، ئۇنى چۆ يەنچاۋ پۇلغا سېتىۋۋالمىغانىدى. يەن مۇئەللىمنىڭ ئۆزىگە بەرگەن سوۋغىسىنى ئەمدى ئۇ ئوقۇغۇچىسى شىنيۈگە سوۋغا قىلىۋاتاتتى. . . ھەممەيلەن بۇ سوۋغىنىڭ قىممىتىنى قىياسەن ھېس قىلالايتتى، توغرا باھالاش ئاسانغا چۈشمەيتتى.

بۇ گۈل شۇنچىلىك ياش، جۇشقۇن ئىدى، يۇمران بىخلىرى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغان بىر خىل كۈچ، بىر خىل جۇشقۇنلۇق بىلەن قېلىن قوۋزىقىنى يېرىپ چىقىپ ئۆسۈشكە باشلىغانىدى. شىنيۈ تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىنچىكە شاخچىلىرىغا تېخىمۇ جان كىرگەن، يېشىل

يوپۇرماقلىرى تېخىمۇ ئاۋۇغانىدى. ئۇچىدىكى ئاخىر ئېچىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان غۇنچىلىرىنىڭ ئاپئاق بەرگىلىرىدىن كىشىنى مەست قىلىدىغان ئاجايىپ خۇشبۇي بىر ھىد كېلىپ تۇراتتى. باسىم — ھاياتلىقنىڭ مۇقەددەس گۈلى، باھار ۋە كۈچ - قۇدرەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئاجايىپ ئۆسۈملۈك ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ بارلىق ھېسسىياتى مۇشۇ ياغاچقا سىڭدۈرۈلگەنىدى، ئۇنى چۈشەندۈرۈش كەتمەيتتى.

— رەھمەت، چۇ مۇئەللىم، — دېدى خەن زىچى شىنيۆگە كۈچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلغان بۇ يىگىتنىڭ ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىلارغا خاس پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، — خەن يۈ[1]: «ئوقۇتقۇچى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتمىدىغان، قاراڭغۇ دىللارغا بىلىم مەشئىلىنى ياقمىدىغان، چىگىش تۈگۈنلەرنى يېشمىدىغان پەزىلەت ئىگىسىدۇر» دېگەنىدى. قىزىمىز شىنيۆنىڭ سىزدەك ياخشى ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى بىزنىڭ تەلىيىمىز.

— ياق، خەن تاغا، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — سىزنىڭ بالىلارنى تەربىيىلىشىڭىز بەك ياخشىكەن. شىنيۆ كېيىن كاتتا ئادەم بولىدۇ. ئۇ جانلىق، غايىلىك قىز...

شىنيۆ تەشتەكنى سىلاۋېتىپ ئوقۇتقۇچىسىغا كۆز ئۈزمەي قارىدى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى.

— مۇئەللىم، «شەمشەر سوقۇش» نىڭ تەرجىمىسىنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟ — شىنيۆ تۇيۇقسىز سورىدى.

— ئالغاچ كەلدىم، شۇنچە ئالدىراپ تۈنۈگۈن ئاخشام ئاران تەييار قىلدىم، — چۇ يەنچاۋ سومكىسىدىن چوڭ بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ شىنيۆگە سۇندى، — سىز مېنىڭ تۇنجى

---

① خەن يۈ — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەدىب.

كىتابخانىم بولىدىغان بولدىڭىز ـ دە. . .

شىنيۈ تەقەززالىق بىلەن ئورىگىنالنى كونۋېرتتىن ئالاي دەپ تۇرۇشىغا چۇ يەنچاۋ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنى توستى:

— كېيىن كۆرۈڭ، ھازىر سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزەيلى!

— بولىدۇ، تېز شام ياقايلى! — دېدى چېن شۇيەن خۇشال ۋارقىرىغىنىچە سەرەڭگىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ. قالغانلارمۇ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە شىرەنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— ھە. . . — شىنيۈ سەرەڭگىنى قولىغا ئالدى، — ئەمىسە. . . — قىزنىڭ كۆزلىرى ھاياجان ئىلكىدە ئاشۇ تونۇش چىرايغا تىكىلدى، — چۇ مۇئەللىم، سىز بۈگۈن بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز. شامنى ئۆزىڭىز يېقىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— مەن، — چۇ يەنچاۋ ئىككىلىنىپ قالدىيۇ، يەنە ئارتۇق گەپ قىلماي سەرەڭگىنى قولىغا ئېلىپ ئاستاغىنە ياقتى. ئاندىن قوللىرى سەل ـ پەل تىترىگەن ھالدا شاملارغا بىر ـ بىرلەپ ئوت ياقتى. . .

ئون سەككىزىنچى شامغا ئوت يېقىلغاندا، شىنيۈنىڭ كۆزىگە بىراقلا ئون سەككىز مەشئەلگە ئوت يېقىلغاندەك كۆرۈندى. شىنيۈ ئاۋۋال كۆيۈۋاتقان شاملارغا، ئاندىن ئۆزىگە بەخت تىلەۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، ئوقۇتقۇچىسىغا قارىدى. كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لەيلەپ قالدى. ئۇ مانا ئەمدى ئون سەككىز ياشقا كىردى، ئىلگىرىكى ئون سەككىز يىلى مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كەتتى، ئون توققۇزىنچى ھاياتلىق باھارى باشلاندى. ئۇنىڭ ئالدىدا زۇلمەتمۇ، يورۇقلۇقمۇ، رىيازەتمۇ، ئۈمىدمۇ تۇرۇپتۇ.

شىنيۈ ئۇخلاشتىن ئاۋۋال دورىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، چېن شۇيەن بەك چارچاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى



www.uyghurkitap.com

زورلاپ بالدۇرلا ياتقۇزدى. ئەسلى چېن شۈيەن شىنيۈنىڭ بۇ-
گۈن ئالماشتۇرغان كىيىمنى كەچلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ
يۇيۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى، ئەمما خەي هامما كىيىملەر-
نى بىرنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ مېھرىبان
ئايال چېن شۈيەنگىمۇ شىنيۈگە كۆيۈنگەندەكلا كۆيۈنەتتى. چېن
شۈيەن قىلغۇدەك ئىش تاپالمىغاندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرۈپ
شىنيۈنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى.

دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سۇس ئاي نۇرىدا، يېزىق ئۈستىلى-
نىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان تەشتەكتىكى گۈل غۇۋا كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. شىنيۈ ئۇنى بۇ ئۆيدىكى ئەڭ مۇھىم جايغا قويۇپ
سۈيىنىمۇ ئالماشتۇرغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ گۈلنىڭ خۇشبۇي
ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى. ئۇ ئاشۇ خۇشبۇي ھىدى
بىلەن ئىيۇل كېچىسىگە بىر خىل كۆڭۈللۈك كەيپىيات بېغىش-
لىغانىدى.

— بۇ چاغقا چۇ مۇئەللىم مەكتەپكە بېرىپ بولغاندۇ-
ھە؟ — شىنيۈ بىر قارىماققا چېن شۈيەندىن سوراۋاتقاندەك، يەنە
بىر قارىماققا ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاۋاتقاندەك ئاھاڭدا شۇنداق
دېدى.

— بېرىپ بولماي قالامدۇ، بولدى، ئۇنىڭدىن ئەن-
سىرىمە. ئەر كىشى تۇرسا، نېمىدىن قورقاتتى؟ — دېدى
چېن شۈيەن، — ھەي، سىلەرنىڭ بۇ ئوقۇتقۇچىڭلار ئوقۇغۇچى-
لارغا بەك كۆيۈنىدىكەن جۇمۇ!

— ئەلۋەتتە، ئۇ دېگەن مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم - دە! —
پىچىرلىدى شىنيۈ قەلبى خۇشاللىق، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىغا
چۆمگەن ھالدا.

— ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ئوتتۇ-
را مەكتەپتىكى سىنىپ مەسئۇلىمىز ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن ئۇنىڭ
ماڭا بىرەر قېتىم چىراي ئېچىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. ئۇ بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

نېمىدىن ئۆلسەممۇ ئۆچۈم چىقمايدۇ. . .

شىنيۈ ئۇندىمىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى-
نىڭ شۇيەنگە قايىسى ئىشلاردا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقىنى ئەسلى-
يەلمىدى. بەلكىم بۇ، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى بولمىغاز-
لىقتىن شۇيەنىنىڭ ھەمىشە باشقىلاردىن ئۆزىنى كەمسىتىدۇ دەپ
گۇمانلىنىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك؟ شىنيۈنىڭ بۇ ئىش توغ-
رۇلۇق بىر نېمە دېگۈسى كەلمىدى. ئۇنىڭ شۇيەنىنىڭ ئىلگىرد-
ىكى دەرد - ئەلىمىنى يەنە قوزغاپ قويغۇسى يوق ئىدى.

چېن شۇيەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— قورسىقىدا ئۇماچ يوقلۇقىغا باقماي كىبىرىنىڭ چوڭ-
لۇقىنى دېمەمسىز؟ چۇ مۇئەللىمگە سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ ئۇ-
نى؟ چۇ مۇئەللىمگە قارىغىنا، گەپ - سۆزلىرىدىن ئوقۇغانلىقى
بىلىنىپلا تۇرىدۇ! — ئەسلىدە چېن شۇيەنىنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇتقۇ-
چىسىغا بەك چوڭ ئۆچمەنلىكىمۇ يوق ئىدى. ھەر ئىككىلەن
ئوخشاشلا سىنىپ مەسئۇلى بولغاچقا، ئۇ سېلىشتۇرۇپ بېقىش
ئۈيىدا بايىقى گەپنى باشلىۋىدى، ئەمدى تېمىدىن بىراقلا چەتنەپ
كەتتى، — «ئادەمنى ئادەمگە سېلىشتۇرساڭ ئاچچىقىڭنى قوز-
غاپ قويىدۇ!» دېگەن شۇ - دە!

— بۇنداق سېلىشتۇرساق بولمايدۇ، — دېدى شىنيۈ
كۈلۈمسىرەپ، — چۇ مۇئەللىم دېگەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى، يەن مۇئەللىمنىڭ پەخىرلىك شاگىرتى.
ئالىمنىڭ شاگىرتىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئالىم بولىدۇ - دە!

— ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ، يېشى-
نىڭ كىچىكلىكىگە باقماي شۇنداق تەمكىن، پىشقان! ئۇ بۇ يىل
نەچچە ياشقا كىردى؟

— يىگىرمە. . . — شىنيۈ دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي
بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى، — مەكتەپنى يىگىرمە تۆت يېشىدا
پۈتتۈرگەن بولسا، بۇ يىل يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردى دېگەن

گەپ. ھۆھ! — شىنيۆ تۆيۇقسىز ھەيرانلىق ئىچىدە چېن شۇ-
يەننىڭ قولىغا پاقىدە بىرنى ئۇردى، — ئۇ ئاكام بىلەن تەڭ
ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئاكاڭ بىلەن؟ — چېن شۇيەنمۇ بەكلا ھەيران قېلىپ
چۇ يەنچاۋ بىلەن تيەنشىڭنى ئۆز كۆڭلىدە ئىختىيارسىز سېلىشتۇ-
رۇشقا باشلىدى، — ئۇ ئىككىسى باشقا - باشقا ئىككى دۇنيا
جۇمۇ!

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، باشقىلارنى خالىغانچە بىر -
بىرىگە سېلىشتۇرما دەپ، — شىنيۆنىڭ ئاكىسى بىلەن مۇئەل-
لىمنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرى-
دە بۇ ئىككىيلەن ئوخشاشلا كۆيۈمچان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى
ھەم نۇرغۇن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرقنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كەلسە... — ئۇلارنىڭ
مىجەز - خاراكتېرىلا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر چىرايى-
نى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئاكامۇ كېلىشكەن ئەرلەردىن
ھېسابلىنىدۇ جۇمۇ!

چېن شۇيەن پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:

— ئاكاڭغا يان بېسىپ كەتكىنىڭنى قارىغىنا، مەن ئۇنى
سەت دېمىدىمغۇ؟ ئالدىراپ كەتكىنىنى، سەندەك ئارقا تىرەك
بولىدىغان ياخشى سىڭلىسى بار يەردە، ھېچكىممۇ تيەنشىڭغا
«ياق!» دېيەلمەيدۇ! ماڭا دەپ بەرگىنە، بۇ ئىككىسىنىڭ مى-
جەز - خاراكتېرى قايسى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ؟

— ئاكام ياۋاش، سەمىمىي، تەرسا، چۇ مۇئەللىم ئېغىر
بېسىق، تەمكىن. يەنە تېخى مۇلايىملىقىنىڭ ئارقىسىغا بىر
خىل قەيسەرلىك يوشۇرۇنغان! — دېدى شىنيۆ. ئۇنىڭ باشقىلا-
رنىڭ مىجەزىگە باھا بېرىپ بېقىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. لېكىن،
«بۇ ئىككىسىنى خېلى چۈشىنىمەن» دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈنمۇ،
ئاكىسى بىلەن چۇ مۇئەللىمگە خېلى توغرا باھا بەردى.

— مىجەز، خاراكتېر دېگەنمۇ. . . — دېدى چېن شۇيەن شىنيۆنىڭ گېپىنى خىيال ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ. «سەمە-
مي، ياۋاش» دېگەن سۆزلەرمۇ ئىجابىي مەنىدە بولسىمۇ، چېن شۇيەنىنىڭ نەزەرىدە «ئېغىر بېسىق، تەمكىن» دېگەن باھادەك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئەمەس ئىدى. بۇ هال چېن شۇيەنىنىڭ يۈرىكىنى بىر پەسكە تىترىتىپ ئۆتتى. ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي هالىتىنى بايقاش تەس ئىدى. يېقىن دوستى بولغان شىنيۆمۇ تيەنشىڭنىڭ سىڭلىسى بولغىنى هەم ئاكا ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت چوڭقۇر بولىدىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەل-
مەسلىكى مۇمكىن ئىدى. چېن شۇيەن ئۆزىنىڭ قانداق هېسسىد-
ياتتا بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمەي ئىلاجسىزلىق ئىچىدە پوسۇققىدە گەپ تەشتى، — ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى نېمىشقا ئوخ-
شاش بولمايدىغاندۇ؟

— بەلكىم بۇ تۇغما بولسا كېرەك، — دېدى شىنيۆ، — «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دەيدۇ ئەمەس-
مۇ؟ ئادەمنىڭ تەبىئىتى تۇغما بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئائىلە، مەك-
تەپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئادەم تەبىئىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ چوڭ بولىدۇ. كىچىكىدىلا تاشلىۋېتىلگەن بىر شاھزا-
دىمۇ گېزى كەلگەندە تەجرىبىلىك دېھقان بولۇپ قېلىشى مۇم-
كىن.

— چۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئانىسى ئوقۇتقۇچى. . .

— چۇ مۇئەللىمنىڭ ياش تۇرۇپلا مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىد-
يەتكە ئېرىششى بىكار ئەمەسكەن ـ دە. ئەسلى ئۇ ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەن ئەمەسمۇ!

— بىراق، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشىدا ئائىلە تەسىرىنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇشى ناتايىن. مەكتەپ ئالىمىز

دېگىنى ئۇچۇنلا ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق يولىغا قەدەم باسقان، — دېدى شىنيۈ، — بىزدەك ئوقۇغۇچىلارغا چۇ مۇئەللىم بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى خىيالى ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. لېكىن، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىمۇ ئۇنىڭ يېتىشكەن تەرجىمان بولۇپ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئۇ ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، بىلىمىمۇ شۇنچىلىك مول، ئەدەبىياتتىن چوڭقۇر خەۋەردار! . . .

— مۇنداق دېگىن، چۇ ئەللىمنىڭ بايا ئەكەلگىنى ئۆزى تەرجىمە قىلغان نەرسىلەر ئىكەن ـ دە؟

— توغرا ئېيتتىڭ، ئۇنىڭ كىتابى بۇ يىل يىل ئاخىرىدا ياكى كېلەر يىلنىڭ بېشىدا نەشردىن چىقىشى مۇمكىن.

— چۇ مۇئەللىم بوش ئادەم ئەمەسكەن جۇمۇ! — دېدى چېن شۇيەن ئىختىيارسىزلا چۇ يەنچاۋنى ماختاپ، — مەن شۇ كەمگىچە كىتاب يازىدىغان ئادەملەردىن بىرىنىمۇ تونۇمايدىكەنمەن!

— مانا ئەمدى تونۇشتىڭغۇ؟ — دېدى شىنيۈ، — كىتاب چىققاندىن كېيىن چۇ مۇئەللىمدىن ساڭا بىر كىتاب ئېلىپ بېرىمەن، قانداق دەيسەن؟

— ياق، — دېدى چېن شۇيەن، — مەن يا. . . مەن ئالماي، چۇ مۇئەللىمنىڭ ساڭا سوۋغا قىلغان كىتابىنى كۆرۈپ باقسام بولدى.

— سەنمۇ قىزىقىدىكەنسەن، — شىنيۈ كۈلدى، — ئۇنىڭدىن بۇنچە ئەيمىنىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. چۇ مۇئەللىم بەك چىقىشقاق! ئۇ دەرس ۋاقتىدا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز، قالغان ۋاقىتلاردا يېقىن دوستىمىز. ئۇنىڭ بىلەن دېيىشمەيدىغان گېپىمىز يوق. ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى توغرۇلۇق بولامدۇ، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى توغرۇلۇق بولامدۇ ياكى ئوپېرا، كىنو، مۇزىكا بولامدۇ، ئىشقىلىپ، ھەممە تېمىدا سۆزلىشىۋېرىمىز. ئەڭ جىق سۆزلە-

شىدىغان تېمىمىز ئەدەبىيات، ئۇ ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىدۇ، جۇڭگو، چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلىرىنى پىششىق بىلىدۇ، بەزىلىرىنى تېخى يادقىمۇ ئوقۇپ بېرەلەيدۇ. . .

— يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ؟

— ھەئە. ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

— نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەكمەن. سەن دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمەن. . .

بۇنداق تېمىدا سۆزلەشسە يەنىۋەنگە قايتىپ بارغاندەك بولۇپ كۆڭلى چەكسىز يايراپ كېتىدىغىنىنى ئۇچۇنمۇ، شىنيۇ چېن شۇيەننى ئىشەنمەي قالارمۇ دېگەندەك بىر ھېسسىياتتا قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر قېتىم مېنىڭ «بايرون شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن بىر ئىنگلىزچە كىتابىم سىنىپتا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يىتۇپ كەتتى. ئىچىمنىڭ قانچىلىك ئېچىشقىنىنى بىر دېمە، نېمىشقا دېسەڭ، بۇ كىتابنى ئىزدەپ يۈرۈپ مىڭ تەستە سېتىۋالغانىدىم. ئەمدى كىتابخانىلاردىن تاپقىلىمۇ بولمايتتى. نەچچە كۈنگىچە كۆڭلۈم چۈشۈپ يەۋالغاندەك غەش بولدى. بىر كۈنى كۆل بويىدا ئايلىنىپ يۈرسەم چۇ مۇئەللىم ئۇچرىشىپ قالدى. كىتابىمنىڭ يوقلىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ بەك ئەپسۇسلاندى ۋە: «بۇ كىتاب مەندىمۇ يوق، بولمىسا سىزگە سوۋغا قىلىۋېتەتتىم. ئەمدى قانداق قىلايلى؟ يەنىلا مەن بىر ئامال قىلىپ سىزگە تۆلەپ بېرەي. . .» دېدى.

— تۆلەپ بېرەي؟ چۇ مۇئەللىم كىتابنى قانداق قىلىپ تۆلەپ بېرىدىكەن؟

— يادلاپ بولمامدۇ!

— ھە؟

— ھەيران قالما. بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى بايرون ئۇ تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئەسەرلىرىنى

پىششىق بىلىدىغان شائىر. ئۇ: «بايروننىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە ئوخشاشلا دۇنيادىكى ئەقىل ـ پاراسەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى، تەڭ- رىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئىلتىپاتى. ئۇنىڭ شې- ئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشى شائىرنىڭ يانار تاغ ئارىسىدىن ئېتىـ- لىپ چىقىدىغان، لاۋادەك يالقۇنجاپ تۇرغان، دېڭىز دولقۇنىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھاياجانلىنىش ھېسسىياتلىرىنى بايقىيالاي- دۇ» دەيدۇ. ئۇ بايروننىڭ ئالاھىدە تالانتىغا، ئالاھىدە كۈچ ـ قۇدرىتىگە، شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدە سالماقتا بەك قايىل. چۇ مۇئەللىم: «بايروندەك كاتتا شائىرنى بايرون قىلىپ تۇرغىنى دەل مۇشۇ ئۈچ ئالاھىدىلىك!» دەيدۇ. . .

بۇ گەپلەر چېن شۇيەننى بەكلا ھەيران قالدۇردى.

— بىز كۆل بويىدا ئاستا ماڭدۇق. ئۇ بۇ كىتابتىكى شېئىرلارنى ماڭا بىرمۇ بىر يادلاپ بېرىشكە باشلىدى، — شىنيۈ راستتىنلا كۆل بويىدا كېتىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمدى، — چۇ مۇئەللىم ئاۋۋال شېئىرلارنىڭ ئىنگلىزچىسىنى، ئاندىن يەن پروفېسسور تەرجىمە قىلغان خەنزۇچىسىنى دېكلاماتسىيە قىلـ- دى. بۇنى دېكلاماتسىيە دېگەندىن كۆرە شېئىر مىسرالىرىنىڭ بۇلاق سۈيىدەك شىلدىرلاپ ئېقىشى دېگەن تۈزۈك ئىدى:

خايدىنىڭ قەلبىدىن يىراق ئەندىشە،
ئويلايدۇ: ئۇشبۇ دەم قەسەم نە ھاجەت.
چۈنكى پاك بىر قىزنىڭ ئالدانغىنىنى،
ئۇ ئاڭلاپ باقمىغان شۇ كەمگە پەقەت.
ئاڭلاپمۇ باقمىغان،
ۋىسالغا يەتمەكچۈن قەسەم زۆرۈر دەپ.
شۇ تاپ ئۇ جۈپتىگە تەلپۈنگەن قۇشتەك،
قاقتى پەر شادلىنىپ ئاشىقى تامان.
ئاسىيلىق يات بولغاچ قىزنىڭ قەلبىگە،

www.uyghurkitap.com

بىكىرەك ۋاپادىن سۆز ئېچىش بۇئان.
. . .
زېمىنمۇ، ھاۋامۇ مەمنۇن بۇ ھالدىن،
بىر جۈپ ياش ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان تامام.
ۋاقىتتىن رەنجىشى بولمىسىمۇ گەر،
سېزىشەر ئۇنى تېز ئۆتكەندەك ھامان.
شۇنچىلىك بەختىيار، شادىمان بىر جۈپ بۇ،
تۇرىدۇ روبىرو زوق بىلەن قاراپ.
سىماسى، ئەكسى بار قارشى چىرايدا،
چەكسىز بىر مۇھەببەت بالقىغان كۆزدىن،
دەممۇ دەم يارقىن نۇر تۇرىدۇ تاراپ.

چۇ مۇئەللىمنىڭ راۋان دېكلاماتسىيىسى كەيپىياتىمنى جاز-لاندۇرۇپ ئەپسۇسلىنىشلىرىمنى يوقاتتى. ھەتتا مەن: «كىتا-بىمنىڭ يوقاپ كەتكىنى بىر ھېسابتا ياخشى بوپتۇ» دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. بولمىغان بولسا ئۇنىڭ دېكلاماتسىيىلىرىنى ئاڭلىيال-مايتتىم! . . .

شىنيۆ بۇ گەپلەرنى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئېيتقاندا ئاشۇ ۋا-قىتتىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئون سەككىز چۈش ئەمەس، شىنيۆ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن رېئاللىق، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى، ئون سەككىز ياشلىق بىر قىزنىڭ ئەينەكتەك سۈزۈك، بىغۇبار قەلبىدە بىر ئۆمۈر ئەسلىنىدىغان كۆڭۈللۈك ئەسلىمە ئىدى.

چېن شۈيەن ئاڭلىغانسېرى بۇ گەپلەرگە مەپتۇن بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قاچانلاردىدۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. چېن شۈيەننىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا ئىلىندى. چۈشىدە چېن شۈيەن تيەنشىڭنى كۆردى، ئۇ تيەنشىڭنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە مەج-

بۇرلاپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس
قالدى. . .

يېرىم كېچە، خەن زىچى ئويغىنىپ غەربىي ئۆينىڭ ئاللى-
بۇرۇن ئۆچۈرۈلگەن چىرىغىنىڭ يەنە يېنىق تۇرغانلىقىنى كۆر-
دى ۋە ئۆيدىن چىقىپ شىنيۆلەر ياتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ
يېنىك ئاۋازدا سورىدى:

— شىنيۆ، شۈيەن، نېمىشقا تېخىچە ئۇخلىمايسىلەر؟
تۈنەيدىغان ئىشنى قىلماڭلار جۇمۇ!

چىراغ يورۇق بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا
كەلمىدى.

كۆڭلىگە نامەلۇم بىر ئەندىشە چۈشكەن خەن زىچىنىڭ چى-
رايىدا سوغۇق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ يۈرىكى ئەنسىز
سوققىنىچە ئىشىكنى ئىتتىردى. . .

شىنيۆ چىرايىدا سۈس كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغان، قولى
ياستۇق يېنىدىكى ئورىگىنالنى تۇتقان ھالەتتە تاتلىق ئۇخلاۋاتات-
تى.

خەن زىچى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى، ئورىگىنالنى
قىزىنىڭ قولىدىن ئاستا ئېلىپ ئۈستەل چىرىغىنى ئۆچۈردى ۋە
ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي يېشىلىپ
كەتكەن بولغاچقا، شىرە ئۈستىدىكى ئۈستەل چىرىغىنى تەقەززا-
لىق بىلەن ئاچتى ۋە ئورىگىنالنى يېيىپ قىزىقىش بىلەن ئوقۇش-
قا باشلىدى. ئۇ چۈ يەنچاۋنىڭ شىنيۆدىن كېيىنكى ئىككىنچى
كىتابخانى بولۇپ قالدى.

باھاردا چېچەكلىگەن مېۋىلىك دەرەخلەر كۈزدە مېۋىگە
كىردى، ئايۋان ئالدىدىكى ئانار پىشتى. بۇ يىل بۇ ئانار دەرىخى
تولىمۇ يوغان مېۋىلەرنى بەرگەنىدى. ئۈششۈكتىن كېيىن، ئا-
نارنىڭ پوستى يېرىلىپ ياقۇتتەك پارقىراق دانىچىلىرى كۆرۈ-

www.uyghurkitap.com

نۇشكە باشلىغانىدى. بۇ ئانار دەرىخىنىڭ بولۇق مېۋە بەرگەن ۋاقتى ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر ئىشنىڭ دالالىتى سۈپىتىدە تىيەنشىڭ بىلەن چېن شۈيەن توي قىلىدىغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى.

بۇ كۈنى خەي هاما ئەتىگەندىلا هويلا ـ ئاراملارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچتى. ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا هەم خىزمەتكارلىق هەم خوجايىنلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئايالنىڭ «بىلىمدان» قەسىرگە كەلگەن يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم بىر مەرىكە ئىشىغا باش بولماقچى بولغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئۇ يەنە ئۆزى ئۇچۇنلا ئەمەس، ئاتمىش ياشقا كىرگۈچە بىرەر مەرىكىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆتكۈزمەي ئەمدى تىيەنشىڭنىڭ تويىغا قاتنىشىدىغانلىقى ئۇچۇن خۇش ئىدى. ئۆز ئوغلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇمۇ تىيەنشىڭدەك چوڭ بولۇپ ئۆيلەنگۈدەك بولدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئانىلىق مەسئۇلىيىتى بىلەن ئوغلىنىڭ تويىدا باش بولۇش شەرىپى نېسىپ بولمىدى. بولدىلا، ئەمدى ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە خەي، ما ئائىلىلىرىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلىگۈسى يوق. ئۇ لياڭ، خەن ئائىلىسىنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىيەنشىڭنى ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان. چېن شۈيەننىڭ خەن خانىمغا ئوخشاشلا «قېينانا» دەپ چاقىرىشى ئۇنى قالتىس خۇش قىلىدۇ. بۈگۈن ئۇ ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق تۇرۇپ بامداتنى ئوقۇدى ۋە ئاشخانا ئىچىنى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن هويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈشكە تۇتۇندى. ئەمەلىيەتتە، كۈندە پاكىز سۈپۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ قورۇدا سۈپۈرگىگە چىققۇدەك بىر نېمىمۇ يوق. لېكىن، ئۇ هويلىنى بىر قېتىم سۈپۈرسە كۆڭلىمۇ بىر قېتىم يايراپ كېتىدۇ.

بۈگۈن كۈتۈپخانىسىنى هۇجرا ئورنىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتـ

قان خەن زىچىمۇ ئۇچىسىغا كۆك سوكنىدىن تىكىلگەن شىم ـ
پەشمەت، بېشىغا سوكنا شەپكە كىيىپ ئوبدانلا قېتىۋالغانىدى.
يەنە تېخى كىيىپ ئادەتلىنىپ قالغان لاتا خېيىنىڭ ئورنىغا
شىبلىت كىيىپ ساقىلىنى پاكىز ئالغان بولغاچقا، ياشىرىپ
قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سوكنا شەپكىسىنى مەقسەتلىك
هالدا پېشانىسىدىكى هېلىقى تاتۇقنى باستۇرۇپ چۆكۈرۈپ كى-
يىۋالغانىدى. ئۇ هېچقانداق ئادەمگە بۇگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە
كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلىتىشنى خالىمايتتى. ئىلاهىم، بۇ-
گۈنكى توي ئىشى بىلەن خەن زىچىنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن بالا ـ
قازامۇ كېتىپ قالار.

قورۇنىڭ غەربىدىكى ئۆيدىن ئۇچىسىغا قاتۇرۇپ دەزمال
سېلىنغان چىلان رەڭلىك چاپان ۋە قارا ئىشتان كىيگەن شىنيۆ
چىرايلىق ياسىنىپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى قارا ئايىغى
ۋاللىداپ پارقىراپ تۇراتتى.

— شىنيۆ، تېخى بالدۇرغۇ، بىردەم ئۇخلىساڭ بولمام-
دۇ؟ — دېدى چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان خەي هاما.

— بۇگۈن دېگەن قانداق كۈن؟ ئۇيقۇم كېلەمدۇ دەيسىز؟ —
شىنيۆ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى سۇپۇرگىنى ئېلىش
ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى.

— ماڭ نېرى، ساڭا سۇپۇرگە تۇتقۇزامتىم مەن؟ — خەي
هاما شىنيۆنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى، — هېرىپ هالىڭدىن
كەتسەڭ قانداق قىلىمىز؟ بولدى، سەن ئارىمىڭنى ئال، ئاكاڭ-
نىڭ تويىنى خاتىرجەم كۆرۈپ بەرسەڭلا بولدى.

— بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرسام بولمايدۇ ـ دە! —
شىنيۆ شۇنداق دېگىنىچە شەرقىي ئۆينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بې-
رىپ دېرىزىنى ئۇرغاچ ۋارقىرىدى، — يىگىت غوجام، ئورۇنلى-
رىدىن تېزراق تۇرسىلا!

ئۆي ئىچىدىن تيەنشىڭنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى كەلدى:

— تېخى ئۇيقۇم ئېچىلمىسا. . .

شىنيۈ شوخلۇق بىلەن رامنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرغاچ ۋارقىرىدى:

— خەق توي قىلىدىغان كۈنى خوش بولسا، سەن ئۇيقۇڭنى ئاچالماي يۈرەمسەن؟ تېز ئورنىڭدىن تۇرە، مەن سېنى بىر تەبرىكلىۋېتەي!

تيەنشىڭ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۇيقۇلۇق ھالەتتە غۇدۇرىدى:

— بۇنچە ئەتىگەندە ئادەمنى ئۇخلاتماي. . .

خەن خانىم كۈلۈمسىرىگىنىچە تۆر ئۆينىڭ ئايۋىنىدىن چىقىپ كەلدى ۋە ئوغلىنىڭ قولىقىنى چىمداپ قويۇپ دېدى:

— قارا، دېگەن گېپىڭنى! بۈگۈندىن باشلاپ چوپچوڭ ئەر بولدۇڭ، تېزراق يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ كىيىمىڭنى ئالماشتۇر! — خەن خانىم قارىماققا ئوغلىنى ئۇچۇقداۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ھەر بىر ئېغىز سۆزنى ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ تولىمۇ چوڭقۇر بىر مۇھەببەت بىلەن دەۋاتاتتى.

— تېز بوله! — شىنيۈ ئاكىسىنى ئالدىراتتى، — بىردەمدىن كېيىن سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئوبدان بىر ياسىۋېتىمەن!

شۇ ئەسنادا، خەن زىچى «خۇشاللىق» دېگەن خەت يېزىلغان بىر دەستە قەغەزنى تۇتقىنىچە تۆر ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. شىنيۈ دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى:

— دادا، ئەكېلىڭ، مەن چاپلاي!

— بوپتۇ ئەمىسە! ئاۋۋال خەي ھامماڭ ئۇنى پاتلاپ بەرسۇن، ئاندىن ئىشىكلەرگە بىرلىكتە چاپلىۋېتەيلى.

خەن زىچى ئىشىكتىن كىرىپ - چىققاندا «خۇشاللىق» دېگەن خەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇرسۇن ئۈچۈن شىنيۈ پاتلاپ ئاچىقىپ بەرگەن قەغەزلەرنى قورۇدىكى ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىگە

چاپلىۋەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگىمۇ، ئۈستى تەرىپىگىمۇ «خۇشاللىق» دېگەن خەتلەر قاتىرىسىغا چاپلاندى. ھېچقاچان توي بولغاندا بىرەر ئۆيگە «خۇشاللىق» دېگەن خەت يېزىلغان بۇنچە جىق قەغەز چاپلانمىغانىدى. خەن زىچى ئېلىشىپ قالدىمى-كىنە؟ ياق، ئۇ ئېلىشىپ قالغىنى يوق. ئۇ خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق يېغىشنى، كۆڭلىدىكى تۈگىمەس دەرد - ئەلەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خۇشاللىققا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئىمام چاقىرىپ كېلىندى. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا مۇقىم باش بولۇپ پاتىھە ئوقۇيدىغان بۇ كىشى ئەينى ۋاقىتتا خەن زىچى بىلەن ئايالىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇغانىدى.

ئىمام پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «سۈرە پاتىھە»نى مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت قىلىپ، لياڭ جەمە-تىدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانلارنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك تىلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى مانا مۇشۇنداق، تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

خەن خانىم خۇشاللىق ۋە ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر ھېسسىيات ئىچىدە جىم ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆمرىدە جەبىر - جاپانى يەتكۈچە تارتقان، قاشتېشى ئۈچۈن ياشاپ، قاشتېشى ئۈچۈن ھاياتىدىن ئايرىلغان دادىسى لياڭ يىچىڭنى، نامراتلىق ھەم كېسەلنىڭ ئىسكەنجىسىدە بالدۇرلا ھاياتىدىن ئاي-رىلغان ئاق كۆڭۈل، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئىلگىرد-كى ئانىسى بەي شىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇلار ھايات چېغىدا بىرەر كۈنمۇ تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن، چىچېنجەيدە شۇنچە گۈللىنىش بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەمدى گەرچە چىچېنجەي يوق بولسىمۇ، «لياڭ» جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى تېخى ھايات. ئاتا - ئانىسى ھايات چېغىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن، يوشۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى قاشتېشىلار ھازىر ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان «بىلىمدان» قەسرىدە

ساقلىنىۋاتىدۇ. ھازىر «لىياڭ» جەمەتىنىڭ نەۋرىلىرى چوڭ بولدى، تيەنشىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. قالغان نەۋرىلەرمۇ مۇشۇ قورۇدا ئەۋلادنى - ئەۋلادقا ئۇلايدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، چوڭ خۇشاللىق ئىشتە! ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇز ئالتە يىل ئىلگىرى بولغان توينى ئەسلەپ قالدى. ئۇ رىيازەت، گادايلىق ئىچىدە ئۆتكەن، تويلۇق ئېلىنمىغان، مېھمان چاقىرىلمىغان شۇنچىلىك ئاددىي توي بولغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ قاق سەنەم ھالەتتە خەن زىچىڭگە ياتلىق بولغان، خەن زىچىمۇ ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا لىياڭ ئائىلىسىگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەنىدى. بۇ ئىشلارنى خەن خانىم تيەنشىڭغىمۇ، شىنيۈگىمۇ، ئىشقىلىپ ھېچقانداق ئادەمگە دېمىگەن، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ دېگۈسى يوق، ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئازابىنى، ئەپسۇسلىنىشلىرىنى قوزغاپ قويىدۇ، نومۇسىنى كەلتۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقىلا ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ھېچقانداق مەرىكىگە قاتناشماي كەلدى، قىلىدىغان يارىشىقىنى باشقىلاردىن ئەۋەتىپ بېرىپ ئۆزى بارماي تۇرىۋالدى. شۇنچىلىك غورىگىلچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن توينى باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغۇسى كەلمىگىنى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدى. يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان بۇ موماي ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەققىدىكى ئەپسۇسلىنىشلىرىنى يادىغا ئېلىۋاتقان چاغدا، قەلبى ياشلىق چاغلىرىدىكىدەكلا لەرزىگە كەلدى، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ بۇ ئەپسۇسلىنىشلىرىنى پەرزەنتلىرىنىڭ مەرىكىسىنى كاتتا قىلىپ بېرىش ئارقىلىق تولدۇرۇش ئارزۇسىدا پۇچىلىنىپ كەلگەنىدى، بۈگۈن بۇ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

بىراق، ھاياتلىقتا ئادەمنىڭ ئارمىنىغا يەتمىكى يەنىلا تەس. بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇۋاتقىنى نامراتلىق ئەمەس، دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى. بولمىسا خەن خانىمنىڭ ئوغلىنىڭ توينى كاتتا

قىلىپ بەرگۈدەك يېتەرلىك ئىقتىسادى بار. خەن خانىمنىڭ
ئويىچە بولسا ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆي جاھازلىرىنى ئېسىل «قېرى-
ماس» ياغىچىدىن بىر يۈرۈش قىلدۇرۇپ بەرسە، كېلىنىگە
قاتمۇ قات تويلۇق كىيىملەرنى ئېلىپ، ئۇنى تەختىراۋانغا ئول-
تۇرغۇزۇپ داقا ـ دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئۆز قورۇسىغا كۆچۈ-
رۈپ كەلسە تازا ياخشى بولىدۇ، ھاردۇقىمۇ چىقىدۇ، كۆڭلىدى-
كى ئەپسۇسلىنىشلىرىنىمۇ تولۇقلىغۇالىدۇ. بىراق، جۇڭگو ھازىر
20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا قەدەم قويدى. 30 ـ يىللاردىكى
قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە توي قىلسا قاملاشماي-
دۇ. ھازىر ئۆي جاھازلىرىنى ياغاچتىن قىلىمەن دېسىمۇ، ئۇنى
ھېچ يەردىن تاپالمايدۇ. تاپقان تەقدىردىمۇ ئوغلى ئۇنداق نەرسى-
لەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ھازىر خەن ئائىلىسىدە ساپلا ياغاچتىن
ياسالغان ئۆي جاھازلىرى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. تىيەنشىڭ بۇنداق
نەرسىلەردىن جاق تويۇپ كەتكەن. ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە
شەرقتىكى يان ئۆيدىكى كونا ئۆي جاھازلىرى چىقىرىپ تاشلى-
نىپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى پاسوندىكى يوغان كىيىم ئىشكاپى،
بەش تارتمىلىق ئىشكاپ، قوش كىشىلىك كارىۋات، تومپۇچكا
ئەكىرىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەنەركە بىلەن سۈگەت ياغىچى-
دىن ئىشلەنگەن، ئاچ سېرىق رەڭدە سىرلانغان نەرسىلەر. لې-
كىن، ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەر ئوغلىغا يارىغا-
دىن كېيىن ئۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە داقا ـ دۇمباق
چېلىپ تەختىراۋانغا چىقىرىپ ئەكىلەي دېسە، ئوغلىمۇ، كېلى-
نىمۇ ئۇنىمايدۇ! قىزنىڭ تويلۇقىنى ئېلىشتىمۇ ھازىر ئۆزگى-
رىش چوڭ بولدى. ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ئىشلاردا
ئوغۇل تەرەپ پۇلنى سۇدەك خەجلەيدىغان گەپ. ساپلا «پالانچى
پۇستانچىنىڭ قىزىغا سائەت، ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش ماشى-
نىسى ئېلىپ بېرىپتۇمىش، مانچىلىك پۇل بېرىپتۇمىش!»
دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاۋاتسا، كېلىنى ئۆيىدىن ئازراق تويلۇق

كۆتۈرۈپ كېلەرمىكىن دەپ ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ پەقەتلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلار ـ دە بۇ! مۇھىمى، خەن خانىم چېن شۈيەننى چىرايلىق، كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولغىنى، «قاشتېشى ئويغۇچىلار جەمەتى» دىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ياقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ شۈيەننىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ، كىرىم ئاز ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغانلىقىنى، جىقراق بىر نەرسە ئېلىشقا ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى كېلىن قىلدى. ئۆزىگە پايدىسىز ئامىللارنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. خەقلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن مودا گەپ بويىچە «يېڭى ئىشنى يېڭىچە بېجىرسە» ياخشى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ «يېڭىلىق» دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بۇ ئۇنچىلىك ئوڭاي ئەمەس. چېن شۈيەننى شىنيۆ ياتقان غەربىي شەرقىي ئۆيدىن ئۆيگە يۆتكەپ چىقسىلا كېلىن قىلىنۋالغان، ئازراق توي كەمپۈتى تارقىتىپ بەرسىلا ئىشنى تۈگەتكەن بولمايدۇ ـ دە! ئۇنداق بولسىغۇ پۇل كەتمەيتتى، لېكىن يۈز تېپىش ئۈچۈن پۇل خەجلەش، بەدەل تۆلەش كېرەكتە. خەقلەر تازا «سېرىقتال» كۈن كەچۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ئىشلارنى قىلىپ تويندىمۇ كاتتا ئۆتكۈزسە يۈز ئابرۇيىمۇ چوڭ بولىدۇ. خەن خانىم خەجلەش زۆرۈر بولغان ئىشلاردا پۇل خەجلەشتىن ھەرگىز قورقمايدۇ، لېكىن ھەممە ئىشتا يول قويىۋەرمەيدۇ. ئۇششاق ئىشلاردا ئۇنداق ـ مۇنداق ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا ھېچ گەپ يوق. لېكىن، پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئۇنداق ـ مۇنداق ئىش بولغۇدەك بولسا، ئۇ ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئۇ ئۆز كەسپىدىن قول ئۈزگەن پېشقەدەم ئۇستىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ھويلىسىغا چەللە ياتقۇزدى، مېھمانلىرىنى مۇشۇ چەللىنىڭ ئاستىدا ئۇزاتماقچى. ئۇ يەنە ئون نەچچە جوزىغا خەي ھامىمىنىڭ يېتىشەلمەسلىكىدىن

ئەنسىرەپ نەنلەيشۈندىن ئىككى پېشقەدەم ئاشپەزنى تەكلىپ قىلدى. خەن زىچى نەنلەيشۈننىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغاچقا، خەن خانىم ئاشپەزلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئۇنى ئەۋەتتى. خەن زىچى بېرىپ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىشنى پۈتتۈردى. ئاشپەزلەر: «كالا، قوي گۆشلىرىنى، توخۇ، ئۆردەك ۋە باشقا سەيلەرنى تەييارلاپ قويۇڭ، بىز شۇ كۈنى سائەت ئون ئىككىدىن بۇرۇن بارىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. خەن زىچى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىش ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە يۈەن بېرىدىغان بولدى. بۇ ئەلۋەتتە خەن ئائىلىسىنىڭ قانچىلىك يۈز - ئابرۇيلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. خەن خانىم يەنە ھەم توي - تۆكۈن ئىشلىرىنىڭ قائىدىسىنى ئوبدان بىلىدىغان ھەم گەپ - سۆزگە ئۇستا بىرەيلەننى رىياسەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇ تويىنى چاڭ كەلتۈرگۈدەك بىر ئۆتكۈزۈش ئويىدا كىچىك ماشىنىلارنى ئالدىنئالا ئۇقۇشۇپ قويدى، ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت شىركىتىنىڭ كىچىك ماشىنىسىدىن باشقا يەنە بىر قانچە ماشىنىنى ئۆزى پۇل خەجلەپ ياللىدى، چېن شۈيەننى تويغا بىرنەچچە كۈن قالغاندا ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتتى. كېلىننى ئۆز يارىشىقى بىلەن يوسۇن بويىچە يۆتكەپ كېلىش كېرەكتە. . .

سۈرە پاتىھە ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن خەن خانىم چىرايى باھاردەك ئېچىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇ بىر كۆنلۈك جەڭگە قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى.

جۇشقۇن بىر كەيپىيات قاپلىغان «بىلىمدان» قەسىرىگە مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. كەلگەنلەر ئىچىدە ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت شىركىتىنىڭ، 4 - ماي بىرىنچى زاۋۇتىنىڭ، ئاسارئەتىقىلەر ماگىزىنىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە خەن زىچىنىڭ ئۆزى بىلەن بىر كەسىپنى قىلىدىغان يارۇ - بۇرادەرلىرى، خەن ئائىلىسىنىڭ يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرى بار ئىدى. بېيجىڭدا لياڭ جەمەتىنىڭ ئالاقە قىلمى-

www.uyghurkitap.com

غىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان جىق شىرەم تۇغقانلىرى بار ئىدى،
ئەمما خەن جەمەتىنىڭ بىرمۇ تۇغقىنى يوق ئىدى. «گاداي
قايناق شەھەردە تۇرسىمۇ ھېچكىم يوقلىماس، باي ئۆڭكۈردە
ياشىسىمۇ تۇغقانسىز قالماس» دېگەندەك، ئاشۇ شىرەم تۇغقانلار
«بىلىمدان» قەسرىدىكى توي ئىشىغا خۇشاللىق بىلەن كۆچ چى-
قىرىشتى. نۇرغۇن پۇل خەجلىنىپ ئىنچىكىلىك بىلەن قىلىن-
غان بۇ ھەشەمەلەر يالغۇز تەبرىكلىگىلى كەلگەنلەرنى «تويدۇ-
رۇش» ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە «يۈز - ئابرۇي» تېپىش ئۈچۈنمۇ
ئىدى.

كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار ئىشىكتىن
كىرىپلا ساھىبخانىغا «مۇبارەك» دېيىشەتتى. باشقا دىندىكىلەرمۇ
تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. خەن خانىم بىلەن ئېرى
مېھمانلارنى پۈت - قولى يەرگە تەگمەي قىزغىن كۈتۈۋاتاتتى.
ئۆيلەرگە لىققىدە تولغان مېھمانلار چاي - پاي ئىچىشىپ، توي
كەمپۈتلىرىنى يېيىشىپ خۇشال پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇشاتتى.
خەن خانىم ئالىي دەرىجىلىك كەمپۈتتىن خېلى جىق سېتىۋالغا-
نىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە سورۇنغا ھاراق قويۇلمى-
غانىدى. مېھمانلار ئۆزىغاندىن كېيىن خەنزۇلار ئىشلەتكەن چىنە
ۋە چوكىلارنى تۇزلۇق سۇدا قاينىتىپ پاكىز يۇيۇۋېتىش كېرەك
ئىدى.

ئۈچىسىغا يىپىپېڭى جۇڭسەنفۇ كىيگەن تيەنشىڭ ئۆزىنى
ئادەتتىكى ئىش كىيىمى كىيىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكىدەك ئەر-
كىن سېزەلمەي ئاۋارە ئىدى. شىنيۆ ئاكىسىنىڭ قىزغۇچ پوپاي-
كىسىدىن باشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەنىدى. پوپايكىسى-
نىڭ ياقىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق كۆڭلىكى تيەنشىڭنى
بۆلەكچە روھلۇق كۆرسىتىۋەتكەنىدى. تيەنشىڭ مېھمانلار بىلەن
يۈزلىرى ھۈپپىدە قىزارغان ھالدا سالاملىشاتتى، قىلغان گەپلى-
رى ھېلىدىن - ھېلىغا قولاشمايتتى، ئۆزىنى پەقەت ئەركىن

تۇتالمايتتى. شىنيۆ بولسا ئاكىسىنىڭ ئەكسىچە تەمكىنلىكىنى
بۇزماي مېھمانلار بىلەن ئەركىن پاراڭلىشاتتى. ئولتۇرغان ئايال
مېھمانلار ئۇنىڭغا قاراپ تىنماي گەپ سورايتتى.

— ۋۇي، بۇ شىنيۆ ئىكەنغۇ! — دېدى بىرى، — سىزنى
كۆرمىگىنىمگە ئون نەچچە يىل بوپتۇ. چوپچوڭ قىز بولۇپ
كېتىپسىز ئەمەسمۇ! قاراڭلار، شۇنداق چىرايلىق. ئانىسىنىڭ
قىز ۋاقتىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان! شىنيۆ ئېسىڭىزدىمۇ، كى-
چىكىڭىزدە ماڭا: «كىچىك ئاپام بەرگەن شېكەر يالىتىلغان زىخ-
چە يېمىشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن» دەيتتىڭىز.

— شىنيۆ، ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دېدى يەنە بىرى، — ئېسىد-
ڭىزدىمۇ، كىچىكىڭىزدە بىزنىڭ شياۋ سەنئېرنى ئېلىپ ئۆيۈڭ-
لارغا كەلسەم، ئۇنىڭ سەرەتان سولايدىغان قەپىسىنى تالىشىپ
تۇرۇۋالاتتىڭىز. بىزنىڭ ئوغۇل «چەت ئەلچە گەپ قىلىپ بەر-
سىڭىز بېرىمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن سىز...

— بۇ ئىشلار ئېسىمدە قالماپتۇ... — دېدى شىنيۆ كۈ-
لۈمسىرەپ تۇرۇپ. ئۇ بۇ ئاياللارنىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىدىغاذ-
لىقىنى تازا بىلمەيتتى، ئۆزىمۇ بۇرۇن ئۇ ئاياللار بىلەن جىق
كۆرۈشمىگەندى. شىنيۆ بالىلىقىدىكى ئاشۇ قىزىق ئىشلىرىنى
ئەسلىيەلمىگىنى ئۈچۈن بۇ ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يۈز كې-
لەلمەيدىغاندەك سەزدى.

— شىنيۆ ئۇ چاغدا كىچىك تۇرسا، بۇ ئىشلار ھازىر ئېسىدە
تۇرامدۇ؟ — دېدى خەن خانىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — كەم-
پۈت يەڭلار!

— راست دەيسىز... — مېھمانلار كەمپۈت يېگەچ شىنيۆ
توغرۇلۇق يەنە گەپ باشلىدى، — قىز بالا ئون سەككىز ياشقا
كىرگەندە تېز ئۆزگىرىدۇ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىدۇ دېگەن گەپ
بىكار ئەمەس... ئاڭلىساق، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە...

— ھە، ئۇ ئالدىنقى يىلىلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن، —

خەن خانىم مېھمانلارنىڭ شىنيۈنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قال-غانلىقى ھەققىدىكى ئىشنى تىلغا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ گەپنى ئالدىراپ باشقا ياققا بۇرۇۋەتتى، — ئاكىسى توي قىلىدىغان بولغاچقا، بىر نەچچە كۈنلۈك رۇخسەت سورىغانىدى! — بۇ گەپ بىلەن شىنيۈ تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىغان ئىشنىڭ تېمىسى باشقا ياققا بۇرۇۋېتىلدى. بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە خەن خانىم ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭۈلسىز ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشنى خالىمايتتى، — ھە راست، سىلەر تېخى بىزنىڭ كېلىنىنى كۆرمىگەنسىلەر؟ سەل تەخىر قىلىڭلار، يۈتكەپ كەلگەندىن كې-يىن ھەرقايسىڭلارغا كۆرسىتىمەن. شۇيەنمۇ قېيىنسىڭلىسىدەك چىرايلىق!

بۇنىڭ بىلەن پاراڭنىڭ تېمىسى بىردىنلا بۈگۈنكى توي ئىشىغا مەركەزلەشتى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خەن خانىمنى: «تەلىيىڭىز بار ئىكەن، بىر ئوغۇل، بىر قىزىڭىز تازا ئوبدان چوڭ بولۇۋېدى، سۈرەتتەك قىزدىن يەنە بىرنى كېلىن قىلىۋال-دىڭىز. بۇ گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەندەك ئىش ئەمەسمۇ!» دەپ ماختاشتى.

ئاياللارنىڭ ئارىسىدا قىزغىن سۆھبەت بولۇۋاتقان بۇ دەقى-قىدە نېرىقى تەرەپتىكى ئاشخانىدا خەي ھاما بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئاشپەزلەر خۇشال كەيپىيات ئىچىدە پۇت - قولى يەرگە تەگمەي ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا خىلمۇ خىل مەززىلىك قورۇ-مىلار تارتىلدى. خەن خانىم ھەريان چېپىپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، ھازىرقىدەك سىرىقتال مەزگىلدە مېھمانلارنىڭ بۇنداق كاتتا زىياپەتكە داخىل بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بۇنداق كاتتا مەرىكىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقى ئولتۇرغانلارغىمۇ ئايان ئىدى. ئەگەر بۇ توي نامرات بىر ئائىلىدە ئاددىي يوسۇن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن

بولسا، مېھمانلار بۇنداق ئېسىل تائاملارنى يېيەلمەيتتى. لېكىن، بۇ توينىڭ ساھىبخانى خەن خانىمدە. ئۇ تويىنى ھەشەمەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشتىن قورقمىغانىدى. قاينام ـ تاشقىنلىق كەيپىيات قاپلىغان قورۇنىڭ سىرتىدا، دەرۋازا ئالدىدا ماشىنا، پىكاپلار، ۋېلىسىپىتلەر قاتىرىسىغا تۇرۇپ كەتكەنىدى.

خەن خانىم شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋالدى. سائەت ئۈچ بىلەن قىزنى كۆچۈرگىلى بارمىسا بولمايتتى.

قائىدە بويىچە قىز كۆچۈرۈشكە يىگىتنىڭ ئانىسى ياكى ياتلىق بولغان بىرەر ئايال تۇغقىنى باش بولۇپ باراتتى. بۇنىڭغا خەن خانىم تازا باب كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ بۇ ۋاقىتنى، «تەختىراۋان»غا ئولتۇرۇپ قىز كۆچۈرگىلى بارىدىغان ۋاقىتنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۇ ئىشتا دە تالاش كۆرۈلدى. بەزى زۇۋانداز ئاياللار: «ھازىر تەختىراۋاننىڭ زامانى كەلمەسكە كەتتى، يىگىتنىڭ ئانىسى كېلىن كۆچۈرۈشكە بارىدىغان ئىش نەدە بار، يىگىتنىڭ سىڭلىسى بىلەن بىرقانچە قىز بېرىپ كۆچۈرۈپ كەلسىلا بولمىدىمۇ!» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ گەپ بىلەن شىنيۇ ھاياجانلىنىپ «شۇيەننى كۆچۈرۈپ كېلىشكە مەنمۇ بارىمەن!» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— سەن؟ — خەن خانىم قىزىنىڭ گېپىگە ھەيران قالدى، — شۇنچە چوڭ ئىشنى سەن قاملاشتۇرالامتىڭ؟

شىنيۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن شۇيەن بىلەن ھەممىدىن يېقىن. مەن ئالغىلى بارسام ئۇمۇ خۇش بولىدۇ ئەمەسمۇ! بىر ھېسابتا مەن ئۇلارنىڭ قۇدىسى بولۇپ قالىمەن تېخى!

— قارا، بۇ قىزنىڭ ئىزا تارتمىغىنىنى؟ يىگىتنىڭ سىڭ-

لىسى «ئەلچى» لىككە بارىدىغان ئىش نەدە بار؟ — خەن خانىمغۇ كۈلۈپ كەتتى.

مېھمانلار «شىنيۈ بارسا تازا مۇۋاپىق بولىدۇ، تەقى ـ تۇرقى چىرايلىق ھەم يىگىتنىڭ ئۆز سىڭلىسى» دەپ تۇرۇۋالدى. خەن خانىم بايىقىدىن سەل يۇمشاپ قالدى.

— ئانا، مەنمۇ بارايچۇ! — شىنيۈ يېلىنىشقا چۈشتى. ئون سەككىز ياشلىق بۇ قىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق «ئەركىلەپ» باقمىغانىدى.

ئايال مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا خېلى ئىش ئۇقىدىغان ئاياللارمۇ بار ئىدى، ئۇلار:

— يىگىتنىڭ ئۆيىدىن ئادەم بارىدىغان قائىدىنى بۇزمايلى. كىملا بارسا ئوخشاش، — دېيىشتى، خەن خانىم ئامالسىز يۇمشاپ قالدى، — بوپتۇ، ئەمىسە، قىزىم بىلەن ئىككىمىز بارايلى!

— بەك ياخشى بولدى! — شىنيۈ خۇشاللىقىدىن ئورنىدا سەكرەپ كەتتى.

خەن خانىم شىنيۈنى ۋە كۈچۈرۈشكە بارىدىغان باشقا ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقتى. خەن خانىم بىلەن شىنيۈ ماشىنىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. بىرىنچىچە ماشىنا سەپ بولۇپ سىگنال بەرگىنىچە ھەيۋەت بىلەن قوزغىلىشتى. ھەممە ماشىنىغا قىزىل تاۋاردىن پۆپۈك ئېسىلىپ «خۇشاللىق» دېگەن خەت يېزىلغان قەغەز چاپلانغانىدى.

چېن شۇيەنلەرنىڭ «خۇشاللىق» قەغەزلىرى چاپلانغان دەرۋازىسى ئالدىغا ئادەملەر لىق تولۇپ كەتكەنىدى. قۇدىلارنى كۈتۈۋېلىشقا چېن شۇيەننىڭ ئانىسى چىققانىدى.

چېن شۇيەننىڭ ئانىسى ماشىنا توختىماستىنلا ئالدىراپ بېرىپ خەن خانىمدىن تىنچ ئامانلىق سورىدى. خەن خانىمغۇ جاۋاب ئورنىدا سالام قايتۇرغاندىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بىرمۇ بىر سالاملاشتى. شىنيۈ بۇ قائىدىلەرنى بىلمىگەچكە قىزىرىپ - تاتىرىپ ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى، ئەمما كۆڭلىدە تولىمۇ خۇشال ئىدى.

چېن شۇيەنلەر ئۇپچى قورۇدا تۇرىدىغىنى ئۈچۈن چەللە ياسىتىش دېگەنلەر ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېھمانلار ئۇدۇللا ئۆيگە باشلاندى. چېن ئائىلىسىنىڭ ئۆيى جەمئىي ئىككى ئېغىز بولۇپ، دالاندىن كىرگەندىلا ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇرغان چېن شۇيەننى كۆرگىلى بولاتتى.

— شۇيەن! — شىنيۈ تەقەززالىق بىلەن ئۇنى چاقىردى.

— ھە... — چېن شۇيەن بېشىنى كۆتۈردى. قىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ئەمما كۆزى ياش يۇقى ئىدى.

— شىنيۈ، گەپ قىلماي جىم ماڭ! — خەن خانىم شىنيۈنى جىملىدى. بۇ ساۋاقداشلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىتقا ئوخشىمايتتى. نېمىلەرنى دېيىش كېرەكلىكى قائىدە - يوسۇندا ئېنىق بار ئىدى. شىنيۈ گەپ قىلماي ئىشىك تۈۋىدە چېن شۇيەنگە قاراپ تۇردى. چېن شۇيەنمۇ يەڭگىسىنىڭ جېكىلىشى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقماي ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇردى.

قۇدىسى خەن خانىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، مەخمەلدىن ئېتىلگەن بىر جۈپ ئاياغنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئۇ ئۇنى قوش قوللاپ ئالدى. ئەلۋەتتە، بۇنى چېن شۇيەن كىيمەيتتى. بۇ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەن ئەر مېھمانلار قائىدە بويىچە قايتىپ كېتىشتى. چېن شۇيەننىڭ ئانىسى ئىككى كىچىك ئوغلىغا قورۇما ۋە شورپا ئەكېلىشنى جېكىلىدى. خەن خانىم تۈزۈت قىلىپ چوكىنى قولىغا ئالمىدى، بۇمۇ قائىدە ئىدى.

ئارقىدىن خەن خانىم شىنيۈنى ئەگەشتۈرۈپ چېن شۇيەن تۇرغان «ھۇجرا»غا كىردى. خەن ئائىلىسى سوۋغا قىلغان كى-

يىملەرنى كىيگەن چىن شۆيەن يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇراتتى. خەن خانىم كېلىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ چېكىسىدىن بىر تال چېچىنى ئايرىۋېلىپ بەش خىل رەڭدىكى بەش قات ئىنچىكە يىپنى چەگدى. كونا قائىدە بويىچە ئەسلىدە ئىككى قات يىپ بىرەر تال تومۇرغا چىگىلىشى، قېينانا بولغۇچى كېلىنىنىڭ يۈزىنى ئېچىشى كېرەك ئىدى. بۇقائىدىلەر ۋاقتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خەن خانىم يېنىدىن بىر تال ئۈزۈكنى چىقىرىپ چىن شۆيەنىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سېلىپ قويدى.

چىن شۆيەنىنىڭ ئانىسى بۇ ئىشلارغا قاراپ تۇرۇۋېتىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى ۋە قىزىغا دېدى:

— شۆيەن، ئوبدان ئائىلىگە كىرىدىغان بولدۇڭ. ئاناڭ خاتىرجەم، سېنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم!

— ئانا! — كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان چىن شۆيەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئانىسىغا قارىدى، ئاندىن كۆڭلى ئەسكى بولۇپ، بارغان پېتى ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. ئانا بىلەن قىز قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتى.

شىنيۈ ئەسلىدە بۇنداق قۇتلۇق كۈندە ھەممە خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلىغان بولغاچقا، بۇ ھال ئۇنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقتى. ئانا بىلەن قىزنىڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆز يېشى قىلىشى ئۇنى ئېيتقۇسىز بىر ھېسلارنىڭ قايىنىمىغا غەرق قىلدى، ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ قولياغلىقىنى چىقىرىپ ياشلىرىنى ئېرتىپ باقتى، ئەمما ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس، سەۋەبىنى ئۇمۇ بىلەلمىدى.

— ھۇي، سەن نېمىگە يىغلايسەن؟ — خەن خانىم ئۇنى بوشقىنا نوقۇپ قويۇپ: «كەلمە دېسە ئەگىشىپ كەلدىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ نېمىگە يىغلايسەن. شۆيەن ئانىسىغا تارتىشىپ يىغلاۋاتىدۇ، سەن نېمىگە يىغلايسەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن

ئۆتكۈزدى.

شىنيۈ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئەسلى ئۇنىڭ يىغلىغۇسى يوق ئىدى، لېكىن شۇيەننىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

ئانىسى چېن شۇيەننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك تەسىرلىك گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

— شۇيەن! مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. يىگىرمە بىر يىلدىن بۇيان سەن بۇ ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىشتىڭ. لېكىن، بىرەر كۈنمۇ راھەت كۆرمىدىڭ، ئىنىلىرىڭنى مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلدىڭ. ئەمدى كېتىدىغان چېغىڭدا شۇنىڭغا تۇشلۇق بىر نېمە تەييارلاپ بېرەلمىدىم، ساڭا كۆيۈنمىگەنلىكىم ئەمەس، قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. شۇيەن، ئاناڭدىن ئاغرىنما... مېنى رازى قىلىمەن دېسەڭ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ياخشى...

— ئانا، بولدى سۆزلىمە... — چېن شۇيەن قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى ئانىسىنىڭ بوينىغا سىرغىپ چۈشتى.

— بولدى، گېپىڭلار تۈگىمەستە قالدىغۇ. شۇيەن كەتسە يەنە كېلىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى خەن خانىم كۈلۈمسىرەپ، — قۇدام، شۇيەننى ماڭا تاپشۇرغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، مەنچۇ، ئۇنى ئۆز قىزىمدەك كۆرىمەن، ئۇمۇ شىنيۈگە ئوخشاشلا مېنىڭ قىزىم.

— ئاللانىڭ شاپائىتى بىلەن قىزىم شۇيەن مۇشۇنداق ياخشى قېينانىغا ئۇچرىدى، — دېدى شۇيەننىڭ ئانىسى ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — شۇيەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆز ئاناڭدەك كۆر. كەل، «ئانا» دېگىن!

— ئانا... — چېن شۇيەن ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ شۇنداق دېدى ۋە خەن خانىمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

بىر چەتتە تۇرغان شىنيۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سىرداش بىر يەڭگىسى بولىدۇ، ئۇ يەڭگىسىنى ئۆز ئاچىسىدەك كۆرىدۇ، ئائىلىسىدە ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولمايدۇ!

كېلىننى ماشىنىغا چىقىرىدىغان ۋاقىت بولغانىدى. ئۆرپ - ئادەت بويىچە، قىز تۇرغان ھۇجرىنىڭ ئالدىغا گۈللۈك تەختىراۋان كەلتۈرۈلەتتى، ئۇنى قىزنىڭ دادىسى، ئاكا - ئىنىلىرى كۆتۈرەتتى ياكى بولمىسا يەرگە قىزىل كىگىز سېلىنغاندىن كېيىن بىرنەچچە چوكان پۇتى تۇپىغا تېگىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېلىننى قولتۇقلاپ كىگىزنىڭ ئۈستىدىن ماڭغۇزۇپ تەختىراۋانغا چىقىراتتى. قىزىل كىگىز ئىككى - ئۈچ قەدەمدە بىر ئالماشتۇرۇلاتتى، بۇ «كىگىز تۆكۈش» دەپ ئاتىلاتتى. پىكاپلار قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەلمىگەچكە، بۇ قائىدىلەر ئامالسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىنيۇ بىلەن يەنە بىر ئايال شۈيەننى قولتۇقلىغىنىچە دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقتى. شۈيەننىڭ ئانىسى «ئۇزاتقۇچى ئاغىچا» بولغاچقا، قىزى بىلەن بىللە ماشىنىغا چىقتى.

چېن شۈيەننىڭ دادىسى قىزىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئادەم كەلگەندىن تارتىپ ئالدىغا چىقماي ئارقىسىدا تۇرۇۋالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ قائىدە بىلمىگىنى ياكى رازى بولمىغىنى ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قىزىنىڭ تويى ئۈچۈن ھەممىدىن بەك خوشال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەسپداشلىرىنىڭ ئالدى بولغان خەن زىچى ئۇنىڭغا قۇدا بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يۈزى بولىدۇ. لېكىن، ئالدىنقى ئۆمرىدە ئوقىتى راۋاج تاپمىغان، كېيىنكى ئۆمرىدە تەلىيى ئوڭ كەلمىگەن، ئىزچىل «ئۇششاق تىجارەت» بىلەن شۇغۇللىنىپ قاشتاشچىلىقتىن تازا پايدا ئالالمىغان بۇ كىشى شۇ تاپتا ئۆزىنى قۇدىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تولىمۇ خىجىلچىلىق ھېس قىلىۋاتاتتى. شارائىتى يار بەرمىگەن-

لىكتىن كۆڭلىدە ئۇيى بولسىمۇ ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزىغا تۇزۇك بىر نېمە قىلالمىغىنى ئۇچۇن يۇرىكى پۇچۇلىنىۋا-تاتتى. ئەسلى ئۇ خەن ئائىلىسىگە بارماسلىقنى كۆڭلىگە پۇككە-ندى، ئەمما خەن زىچى بىلەن خەن خانىم بۇنى بىلگەندەكلا ئەلچىلەردىن گەپ ئەۋەتىپ: «ئۇرۇق - تۇغقان بولغاندىكىن، سېنىڭ - مېنىڭ دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايلى. ئىككى يەردە چىقىم قىلىپ يۇرگىچە قۇدىلار بىزنىڭكىگىلا كەلسۇن، توينى مۇشۇ يەردە قىزىتايلى!» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۇشكەندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «كېلىنىنىڭ دادىسى» بول-غاندىن كېيىن ئۇ تويدا بولمىسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەم خۇشاللىق ھەم مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالمىغاندەك بىر تۇيغۇ ئارىلىشىپ كەتكەن غەشلىك ئىچىدە ماشىنىغا چىقتى.

ماشىنىلار سىگنال بەرگىنىچە خالتا كوچىدىن چىقىپ چوڭ يولغا قەدەم باستى. ھاۋا بولەكچە ئوچۇق ئىدى، يولدا كېتىۋاتـ-قانلار قىزىل تاۋار پۆپۈكلىرى شامالدا لەپىلدىگىنىچە كولكە - چاقچاق سادالىرى ئىچىدە كېتىۋاتقان ماشىنا تويىغا ھەۋەس بىلەن بويۇنداپ قارايتتى.

شىنيۇ ماشىنىنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان شامال-دىن سەل توڭغاندەك بولدى، ئەمما كۆڭلى تولىمۇ خۇشال ئىدى، كۆزىنى يېنىدا ئولتۇرغان چېن شۇيەندىن ئۇزمەيتتى. چېن شۇيەنىنىڭ مەڭزىدىكى ياش تامچىلىرى شامالدا قۇرۇپ قالغانىدى.

چېن ئائىلىسى بىلەن خەن ئائىلىسىنىڭ ئارىلىقى يىراق ئىدى. ئەمما خەن خانىم يىراق - يېقىندىكىلەرگە ئۆزىنىڭ توي قىلغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە شوپۇرلارغا يىراق يولنى تاللاپ مېڭىشنى جېكىلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، ماشى-نا تويى يىراق يوللار بىلەن مېڭىپ مۇسۇلمانلار مەسچىتىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن «بىلىمدان» قەسرىگە

قاراپ ئاستا يۇرۇپ كەتتى. ئۆيگە كېلەي دېگەندە، خەن خانىم ئۆزى ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا ماشىنىنى تېزراق ھەيدەشنى بۇيرۇدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ بالدۇرراق بېرىپ كېلىنىنى ئۆيگە ئەكىرىش مۇراسىمىغا تېخىمۇ ياخشى قوماندانلىق قىلالايتتى.

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر زىچچىدە تۇرۇپ كەتكەنىدى.

توي بېشىنىڭ قۇدىلارنى قارشى ئېلىش ھەققىدىكى چاقىرىقىدىن كېيىن، تېخى ھېلىلا ئۆيىگە كېلىۋاتقان خەن خانىم توپنى باشلاپ بارغان پېتى «ئۇزاتقۇچى ئاغىچا»غا — شۆيەنىنىڭ ئانىسىغا سالام بەردى. شۆيەنىنىڭ ئانىسىمۇ سالام قايتۇرغاچ ماشىنىدىن چۈشتى. خەن خانىم قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنى قورۇغا باشلاپ كىردى. ئەر تەرەپنىڭ ئايال مېھمانلىرى ئۇلارنى قورۇنىڭ ئىچىدە قارشى ئالدى ۋە «ئۇزاتقۇچى ئاغىچا»نى ئارىغا ئېلىپ چەللە ئاستىغا سېلىنغان كىگىزگە ئولتۇرغۇزدى. شىنيۆ بىلەن بىرقانچە چوكان چېن شۆيەنىنى قولتۇقلىغىنىچە يېڭى ھۇجرا ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئەسلىدە كېلىن «تەختىراۋان»دا كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇدۇل ھۇجرا ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا يەرگە دەسسەيتتى. بۇ دەۋرەم ماشىنا ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، بۇ قائىدىمۇ قېپقالدى.

ئەر ـ ئايال مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ «ئۇزاتقۇچى ئاغىچا»غا سالام بېرىشتى. تەلەپ بويىچە، تويى بولغان يىگىت سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن «ئۇزاتقۇچى ئاغىچا» ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان «تۆر ئورۇن»غا ئولتۇرغۇزۇلدى. قورۇمىنىڭ ئورنىغا شورپا كەلتۈرۈلۈپ «تارتۇقلۇق» ئادا قىلىنغاندىن كېيىن «ئۇزاتقۇچى ئاغىچا» قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

شۇ ئەسنادا كېلىننى ئۇزىتىپ كەلگۈچىلەر بىردەك خوش-

لىشىش سالىمى قىلدى. لېكىن بۇ بىر خىل شەكىل بولۇپ،
ئۇلار راست كەتمەي قوشنىلارنىڭكىدە بىردەم يېرىم دەم ئولتۇ-
راتتى، بۇ «سورىۋېلىش» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار يىگىت تەرەپتىن
ئادەم كېلىپ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىنلا «بىلىم-
دان» قەسرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلىرى
دەرۋازىنىڭ ئىچىدە سەپ بولۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە
ئۇلارغا سالام بەردى. قىز تەرەپتىن ئۇلارغا تېگىشلىك يارىشىقى
بېرىلدى. بۇ «كۆرۈشۈش» دەپ ئاتىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇ تۈگىمەس كۆرۈشۈش ۋە سالام - سائەتلەر
توينىڭ مۇقەددىمىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. قارىيلار
«ئىزاپ» (نىكاھ خېتى) يازغاندىن كېيىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ
مەرىكىسى رەسمىي باشلىناتتى. خەن زىچى ساقىلى مەيدىسىگە
چۈشۈپ تۇرغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ بېشىغا سەل-
لە ئورىغان ياشانغان بىر موللامنى باشلاپ كېلىپ سۇپىغا ئول-
تۇرغۇزدى، ئەلچى بىلەن قۇدا - باجىلار موللامنى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇشتى. يىگىتنىڭ يېقىن دوستلىرى ئاشقان ئورۇنغا كې-
لىپ ئولتۇردى.

ھەممە رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن توي رەسمىي
باشلاندى.

ئاۋۋال قۇدىلار سالاملاشتى. خەن زىچى بىلەن شۆيەننىڭ
دادىسى قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈ-
رۈشتى. كەچۈرمىشى پەقەت ئوخشىمايدىغان، ئەمما كەسپى بىر
قۇدىسى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان چاغدا، شۆيەننىڭ دادىسى ھاياجان-
لانغىنىدىن كۆزىگە ياش ئالدى. قۇدىلارنىڭ «كەڭ قوللۇقلۇ-
قى» ئۇنى قالتىس تەسىرلەندۈرۈۋەتكەنىدى. خەن زىچى شىرەدى-
كى مەخسۇس تەييارلانغان سوۋغىنى ئېلىپ قۇدىسىغا بەردى.
بۇنداق سوۋغا بېرىش «قۇرئان» دا ئېنىق دېيىلگەن بولۇپ، تويدا
كەم بولسا بولمايتتى. چېن شۆيەننىڭ دادىسى ئۇنى ئىززەت -

www.uyghurkitap.com

ئېكرام بىلەن قولىغا ئالغاندىن كېيىن «رىياسەتچى»گە تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇ رىياسەتچىنىڭ قولى ئارقىلىق يىگىت ـ قىزغا كۆرسىتىلدى. توي بېشى: «ئوغۇل تەرەپنىڭ دادىسى خەن زىچى، قىز تەرەپنىڭ دادىسى چېن يۇجاڭ» دەپ توۋلىغاچ، ئوتتۇرىدا چېچىپ يۈرگەنلەرنىڭ قىز تەرەپنىڭ ئادەملىرىگە قوروما تارتىشىغا قوماندانلىق قىلدى، ئارقىدىن: «ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپنىڭ دادىسىغا بىر شىرەلىك كۆڭلى بار ئىكەن، قېنى مەرھەمەت» دەپ توۋلىدى.

قۇدىلار سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرى تۇشمۇتۇشتىن خەن زىچىگە سالام بەردى. شۇ ئەسنادا موللام تېخى بايىلا يېزىپ بولغان «ئىزاپ»نى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى. تيەنشىڭ كىگىزدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئاڭلاۋاتاتتى. «ئىزاپ»نىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «نىكاھ غايىب ھەم مۇقەددەستۇر، قىز بالا بالاغەتكە يەتكەندە چىرايى ئېچىلىپ پەزىلەت، دىيانەت بابىدا كامالەتكە يېتىدۇ. ئەر بولغۇچى ئۇنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن ئاسراپ كۆيۈنمىكى لازىمدۇر. سىلەرنىڭ نىكاھىڭلار شەرىئەتكە ئۇيغۇندۇر. . . » شەرقتىكى ئۆيدە خەن خانىم، شىنيۈ ۋە باشقا ئاياللار چېن شۇيەنگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى. سىرتتا توي بېشى «قىزنىڭكى ئوقۇلىدۇ! » دەپ توۋلىغاندىن كېيىن، خەن خانىمنىڭ قوماندانلىقى بويىچە بىرنەچچە ئايال چېن شۇيەننى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. موللامنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇۋاتقىنىمۇ، نىكاھ خېتىگە يېزىلغانلىرىمۇ ساپلا ئەرەبچە گەپلەر ئىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى. ئەمما، كەيپىيات شۇنچە سۈرلۈك بولۇپ، بۇ نىكاھنىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغانلىقى ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدىن مەلۇم ئىدى.

موللام ئەرەبچە تيەنشىڭدىن: «شۇيەن قىزنى ئەمرىڭىزگە

ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، تيەنشىڭ باشقىلارنىڭ ئۆگىتىد-
شى بىلەن «ئالدىم!» دېدى. موللام يەنە چېن شۈيەندىن:
«تيەنشىڭغا تەگدىڭىزمۇ» دەپ سورىۋېدى، شەرقتىكى ئۆيدە ئول-
تۇرغانلاردىن خەن خانىم چېن شۈيەننى ئالدىرىتىپ: «تەگدىم»
دېگۈزدى. بۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە ئوغۇلمۇ، قىزمۇ تەڭلا
قىزىرىپ كەتتى. ياشلار ۋە بۇنداق سورۇننى كۆرۈپ باقمىغانلار
موللامنىڭ بايىقىدەك سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى.
بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا تيەنشىڭ بىلەن چېن شۈيەن مەھەللە
ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا بېرىپ توي خېتى ئالغانىدى. ئەم-
ما، شەرىئەتنىڭ قائىدىسى بويىچە تويدا يەنە «ئىزاپ» بولمىسىد-
مۇ بولمايتتى. بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ تويى ھۆكۈمەت تەرەپمۇ
ئېتىراپ قىلغان، خۇدامۇ قوبۇل كۆرگەن توي بولاتتى.
«ئىزاپ» ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن سورۇندىكىلەر دۇ-
ئاغا قول كۆتۈردى. خەن زىچى بىلەن شۈيەننىڭ دادىسى نىكاھ-
نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوقۇلغانلىقىنى قۇتلۇقلىغاندەك يەنە بىر
قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئارىدا يىگىتنىڭ يېنىدا
تۇرغان توي بېشى كىگىزدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تيەنشىڭنى
قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مېھمانلارغا سالام بەرگۈزدى ۋە
يۇقىرى ئاۋازدا:
— يىگىت بۇگۈنچە ئىككى قېتىم تەزىم بېرىدۇ، ئەته
قېينانىسىنىڭكىگە چوڭ سالامغا بارىدۇ! — دېدى.
بۇ، توينىڭ مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش مەق-
سىتىدە قىز تەرەپكە دېيىلگەن گەپ ئىدى. يىگىت بىلەن كېلىن
توي بولغان كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە
سالامغا بېرىشى كېرەك. توي بېشى بايىقى گەپنى دېيىش بىلەن
تەڭ مېھمانلار توينىڭ قەنت - گېزەكلىرىنى ئېلىپ تيەنشىڭنىڭ
بېشىغا چاچتى. تيەنشىڭ بېشىنى تۇتقىنىچە قاچتى. توينىڭ
كەيپىياتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. خەن خانىم ئالدىن تەييارلاپ

قويغان مەززىلىك تائاملار تەرتىپى بويىچە شىرەلەرگە تارتىلدى. ئەتىگەندىن بېرى تويىنىڭ قىزىقچىلىقىدا بىر نەرسە يېيەلمەي قورسىقى تازا ئاچقان مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشكە تۇتۇندى.

كەچتە مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىز ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىلدى.

. . .

خەن خانىم پۈتۈن بىر كۈن پۈت - قولى يەرگە تەگمەي ئىشلەپ ماجالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئېيتقۇسىز بىر رازىلىق ئىچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى يايراپ كېتىۋاتاتتى. بۈگۈن شام نامىزىدا ھاياجاندىن ياشلىرى توختىماي قۇيۇلۇپ: «ئاھ، قادىر ئىگەم! . . .» دەپ نىدا قىلىشىمۇ ئۇنىڭ قانچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى.

خەي ھامىمىغا تويدا بىر كۈن خىزمەت قىلىپ ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. ئۇ قاچا - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا تېنى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى ۋە ھۇجرىغا كىرىپ ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا خورەكنى باشلىۋەتتى.

خەن زىچىمۇ كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ يېتىۋالدى. ئاتىلىق قەرزىنى ئادا قىلغان بوۋايغا بۈگۈن خېلىلا ھاردۇق يەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى «قاشتېشى كۆرگەزمىسى» ئاچقان ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك چارچاپ كەتكەنىدى. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، ياشىنىڭ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

شىنيۈ تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تويغا قاتناشقىنى ئۇچۈنمۇ، بۈگۈن پەقەتلا ھاياجىنىنى باسالمىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ بۇنداق مەرىكىلەرنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوقۇغان، تېلېۋىزور، سەھنىلەردىلا كۆرگەنىدى. لېكىن بۈگۈنكىسى ئۇ تويلارغا پۈتۈنلەي

ئوخشىمايدىغان بىر توي بولدى.
شىنيۈ بۈگۈنكى تويغا باشتىن ـ ئاخىر قاتناشقىنى ئۈچۈن بىر خىل يېڭىچە سېزىم ئىچىدە سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئاكىسى، يەنە بىر ئۆز ئاچىسىدەك يېقىن كۆرىدىغان دوستى. شىنيۈ ئەمدى بۇ دوستىنى «يەڭگە» دەپ چاقىرىدۇ. بۇرۇن بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمدى بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ ئايرىلماي ياشايدۇ، ھاياتلىق يولىدا ئەمدى ھەر ئىككىسى يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى مۇشۇ. بىر دۇنياغا ئەرلەرنى، ئاياللارنى تەڭ ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ خۇدا ئۇلارغا يەنە مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىر ھېسسىياتنى ئاتا قىلغان. ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ ئۆزئارا كۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا كەلتۈرىدىغان، ئارىدا ئىشىنىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلىدىغان نەرسە دەل ئاشۇ مۇھەببەت. ئادەمگە ھەسسىلەپ غەيرەت ـ شىجائەت، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدىغان نەرسىمۇ شۇ مۇھەببەت. مۇھەببەت مۇقەددەس. لېكىن، ئۇ شىنيۈنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بەلكىم بەك ياش بولغىنى، مۇھەببەتلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مۇھەببەتنىڭ زادى قانداق بىر ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەس. مۇھەببەت دېگىنى «لياڭ شەنبۇ بىلەن جۇيىڭتەي» دەك كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان گۈزەل مېلودىيىمىدۇ ياكى بايروننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇلاق سۈيىدەك ساپ، سەمىمىي مىسرالارمىدۇ؟

خايدېنىڭ قەلبىدىن يىراق ئەندىشە
ئويلايدۇ: ئۇشبۇ دەم قەسەم نە ھاجەت.
چۈنكى پاك بىر قىزنىڭ ئالدانغىنىنى،
ئۇ ئاڭلاپ باقمىغان شۇ كەمگە پەقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپمۇ باقمىغان،
ۋىسالغا يەتمەكچۇن قەسەم زۆرۈر دەپ.
شۇ تاپ ئۇ جۇپتىگە تەلپۈنگەن قۇشتەك،
قاقتى پەر شادلىنىپ ئاشىقى تامان.
ئاسىيلىق يات بولغاچ قىزنىڭ قەلبىگە،
بىكىرەك ۋاپادىن سۆز ئېچىش بۇئان.
. . .

شىنيۈ چۇ يەنچاۋ دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن بۇ شېئىرنى ئېسىگە ئېلىۋېتىپ مۇنداق بىر نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنگەندەك بولدى: مۇھەببەت پاك، سەممىي، مەڭگۈلۈك بولىدۇ، ھەقىقىي مۇھەببەتتە ئەسلىدىنلا «قەسەم بېرىش»، «ۋاپا ـ ساداقەتتىن سۆز ئېچىش» ھاجەتسىز. چۈنكى ھەقىقىي مۇھەببەت شۇنداق ئۇلۇغ بىر ھېسسىياتكى، ئىنسان قەلبىدە بىر بىخلاپ چىقسا ئەبەدىي باشقا جايدىن ئورۇن ئىزلىمەيدۇ.

شىنيۈ دېرىزە سىرتىغا ئاستا قول سالدى. بۇ ئوتتۇرا كۆزنىڭ ھەممە يەرنى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىغان كېچىسى ئىدى. شەرقىي ئۆيدە ياتقان ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ئالىيجاناب، پاك، مۇقەددەس بولىدىغان ئاشۇ ھېسسىيات ـــ مۇھەببەت توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقى شىنيۈگە نامەلۇم ئىدى.

تۈن يېرىملاشقان بولسىمۇ، شىنيۈ ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ يەقەتلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن چېن شۇيەن غىرىب-تىكى ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ياتمايدۇ. ئەمدى دوستى ئاكىسىغا مەنسۇپ. ئۇ چېن شۇيەنگە بەخت تىلەۋېتىپ «دوستى-دىن ئايرىلىپ قالغىنى» ئۈچۈن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا چېن شۇيەننىڭ ئىنىسى ئادەت بويىچە

«بوسۇغا ئاتلاش سوۋغىسى» ئېلىپ كەلدى. ئادەتتە بۇنداق سوۋ-
غا داس، كورا دېگەندەك نەرسىلەرگە قاچىلانغاندىن كېيىن بىر
ياكى ئىككى ئەپكەشكە سېلىناتتى، ئاندىن ھەر بىر ئەپكەشنى
ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. چېن ئائى-
لىسى رەسمىيەتلەرنىڭ ئاددىيراق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ چېن
شۈيەننىڭ چوڭ ئىنىسىنىلا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ بالا ئىشىكتىن
كىرىپلا «مۇبارەك» دېدى. خەن خانىم ئۆيدىكىلەرنى باشلاپ
چىقىپ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. خەي ھامما «سوۋغا» ئورنىدا
ئېلىپ كېلىنگەن يېمەكلىكلەرنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى ۋە
ئۈزۈن ئۈمۈر كۆرۈش چۆپىدىن ئازراق ئېلىپ پىشۇرغاندىن
كېيىن قىز - يىگىتنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. ئەمەلىيەت-
تە يېڭى توي قىلغانلار بۇنى يېمەي تىزىپ قوياتتى. چېن شۈيەن
چىرايلىق ياسىنىپ چىقىپ قېيناتا - قېينانىسىغا، خەي ھامما-
غا، شىنيۆگە چاي تۇتتى، ئاندىن ئانىسى ئەۋەتكەن «ساندۇق»
تىن نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ چىقىرىشقا باشلىدى. قۇدا تەرەپ
خەن زىچىگە بىر تال قەلەم، خەن خانىمغا بىر پايپاق، خەي
ھاممىغا بىر قولياغلىق، شىنيۆگە خۇش پۇراقلىق ئەتىر سوپۇن
ئەۋەتكەنىدى. . . ھەممەيلەن بەكلا خۇش بولۇپ كېتىشتى. گەر-
چە بۇ ئاددىيلا سوۋغا بولسىمۇ قائىدە ئورنىدا قىلماي بولمايتتى.
بۇ «نېسىۋە ئايرىش» دەپ ئاتىلاتتى.

«نېسىۋە» ئايرىپ بولۇنغاندىن كېيىن تيەنشىڭ بىلەن چېن
شۈيەن «سالام»غا بېرىشى كېرەك ئىدى.

خەن خانىم «سالاملىق سوۋغىسى» ئورنىدا بالدۇرلا تەييار-
لاپ قويغان يېڭى بېلىق، تىرىك توخۇ، قەنت - گېزەك، چىلان
دېگەندەك نەرسىلەرنى تيەنشىڭغا تۇتقۇزدى.

تيەنشىڭنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى:

— بۇ تۈگىمەس رەسمىيەتلەر بۈگۈن يەنە بارمۇ؟ — دېدى
ئۇ غۇدۇراپ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدى خەن خانىم ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ قويۇپ، — بۇنداق قۇتلۇق كۈنلەردە «تۈگىدى، تۈگىمىدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ! ياخشى كۈنلەر تېخى ئەمدى باشلىنىۋاتسا! تېز بار! قېيىناتاڭ بىلەن قېيىناناڭ ئارزۇلۇق قىزىنى بىزگە بەرگەندىن كېيىن، بېرىپ رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك! ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئەمدى ئىككىدىن دادىسى، ئىككىدىن ئانىسى بولدى. ھازىرقىدەك ئىككى ئېغىز گەپنىمۇ ئوخشاپ قىلالمايدىغان ئىشنى قىلمىغىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم، — تيەنشىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇنىنى تولۇق سىرتىغا چىقارماي جاۋاب بەردى.

ھە دېسىلا قىزىرىپ تاتىرىپلا تۇرىدىغان ئېرىگە ئاستىرتىن قاراپ تۇرغان چېن شۇيەننىڭ چىرايىدا ئىختىيارسىز ئاچچىق بىر كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— ئاكا، سەندە شۇنچىلىك جۇرئەتمۇ يوقمۇ؟ — ئاكىسىنىڭ ھالىغا قاراپ شىنيۈنىڭمۇ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، — خەق كۆرۈپ قالارمۇ دەۋاتامسەن؟ خىجىل بولۇۋاتامسەن يا؟ كېرەك يوق، مەن سەن بىلەن بىللە باراي! ھەي شۇيەن... يەڭگە، سەنچە قانداق؟

— ئەمىسە ياخشىغۇ! — دېدى چېن شۇيەن، — سەن ھەمراھ بولۇپ بارساڭ يول بويى زېرىكىپ مېڭىشتىن قۇتۇلۇپ قالىمەن. بۈگۈن ماشىنا يوق، مېڭىپ بېرىشىمىز كېرەك. سەن چىدىيالارسەنمۇ؟

— نېمىشقا چىدىيالمىغۇدەكمەن؟ — دېدى شىنيۈ خۇشال بولۇپ، — مەن يا يول مېڭىپ باقمىغان ئادەم بولمىسام!

— ئەمدى سىلىگە بولار خېنىم! — خەن خانىم سەۋرسىزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى، — بۇلار سالامغا كېتىۋاتسا ساڭا ئەگىشىپ نېمە بار؟

— مەن... — شىنيۈ گاڭگىراپ قالدى.

— شىنيۈ قىزىم، قۇدىلارنىڭكىگە تونۇگۇن باردىڭمۇ؟ — خەي هامما ئالدىراپ گەپكە ئارىلاشتى، — ئاكاڭ بىلەن يەڭگەڭ هېرىپ چارچىدى، سەن بۈگۈن ئۆيدە دەم ئالغىن، — خەي هامما شىنيۈنىڭ سەل خۇيلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ گەپنى چاقچاققا بۇرۇۋەتتى، — بۈگۈن شۈيەن «سالام»غا بارىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن ياتلىق بولساڭ، «سالام»غا بېرىش نۆۋىتى ساڭىمۇ كېلىدۇ.

خەن زىچى ئەر كىشى بولغىنى ئۈچۈن ئايالىنىڭ گېپىنىڭ قىزىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەنلىكىدىنمۇ، قىزىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى.

— بولدى، بولدى! تېز مېڭىڭلار! شۈيەن، ئاتا - ئاناڭىزغا مېنىڭ ساللىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، — دېدى خەن زىچى.

— بولىدۇ، — چېن شۈيەن جاۋاب بېرىۋېتىپ ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر خىل تەرزدە شىنيۈگە يالتىيىدە قاراپ قويدى ۋە تيەنشىڭنىڭ كەينىدىن سىرتقا ماڭدى. ئۇستىدىكى جۇڭسەنفۇ كىيىمىدىن تازا ئەركىن بولالمايۋاتقان تيەنشىڭ چىرايىدا چۈشىنىكسىز بىر ئىپادە، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئىشىكتىن چىقتى. ئىككى قولىغا بىردىن تۇتۇۋالغان توخۇ هېلىدىن - هېلىغا پالاقشىپ ئۇنىڭغا پەقەتلا ئارامچىلىق بەرمەيتتى.

بىر ئائىلە كىشىلىرى تيەنشىڭ بىلەن چېن شۈيەن يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا قورۇغا قايتىپ كىردى. ئىشقا بېرىش ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى، خەن زىچى كۇتۇپخانىسىغا قايتىپ كىرىپ سومكىسىنى قولىغا ئالدى. خەن خانىم بىر سومكىغا «شىركەتتىكىلەرگە تارقىتىپ بېرەرسىز» دەپ لىق توي كەمپۈتى سېلىپ قويغانىدى.

خەن خانىم ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن خۇشال هالدا چەللىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە

www.uyghurkitap.com

كېلىنى دەملىگەن چاينى شامىسىنى پۈدەپ تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچتى:

— خۇداغا شۈكۈر! ئەمدى بۇ چوڭ ئىشنىمۇ بىر چىرايلىق ئۆتكۈزۈۋالدۇق، ئارمىنىمغا يەتتىم!

«سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى تۈزىتىپ ئاڭلىسۇن» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ئايۋاندىن ھۇجرىسىغا قايتىپ ماڭغان شىنيۆ ئانىسىنىڭ خۇشال تۇرقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپلا ئېيتقان بايىقى گېپىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئۆزى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى: ئۇ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ شۇنچە ئوزۇن تەييارلىق قىلىنىپ ھەشەم - دەرەم بىلەن بولغان تويىدا زادى قانداق رول ئوينىدى؟ «قىزىقچىلىق كۆرىدىغان» تاماشىبىنلار قاتارىدىمۇ؟ ئەمدى تويمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ بولدى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىدىكى ئورنى زادى قانچىلىكتۇ؟

شىنيۆ ھۇجرىسىغا جىمىدە قايتىپ كىرىپ كارىۋىتىدا كىيىمى بىلەنلا ياتتى. ئۇنىڭغا ھارغىنلىق يېتىپ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ تىقىلىشقا باشلىغانىدى. شىنيۆ ھېچنېمىنى ئويلىماي ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

شىنيۆ چۈش كۆردى. چۈشىدە يەنيۇەننى، نامسىز كۆلنى، ساۋاقداشلىرىنى، ئوقۇتقۇچىسىنى كۆردى...

بىر چاغدا خەي ھامىسى ئۇنى ئويغاتتى. شىنيۆ ئويغىنىپ مىسكىنلىك، غېرىبلىق ئىچىدە قالغاندەك سەزدى.

— شىنيۆ، تاماق يەيدىغان ۋاقىت بولدى.

— ھاما، قورسىقىم ئاچمىدى.

— بۈگۈن دوراڭنى ئىچتىڭمۇ؟

— ياق...

— قارا سېنى، شۇيەن ئەسكەرتىپ تۇرمىسا ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىسەن، — خەي ھاما شۇنداق دېگەچ شىنيۆنىڭ يۈزىنى سىلىدى، — ۋۇي، نېمانچە قىزىپ كەتتىڭ؟

سوغۇق ئۆتۈپ قالمىغاندۇ؟

— مەن... بىلمەيمەن... — شىنيۆ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئۆرۈلۈپ قويۇپ يەنە ئۇخلاشقا باشلىدى.

خەي هاما ئالدىراپ سىرتقا يۈگۈردى:

— خېنىم، قاراڭ بېقىڭا، شىنيۆنىڭ پېشانىسى ئوتتەك قىزىپ كېتىپتۇ. بىرەر ئىش...

— هە؟ — ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئەمدىلا مۈگدەككە چۈشكەن خەن خانىم ئەسنىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ خەي هاما بىلەن غەربتىكى هۇجرىغا قاراپ يۈگۈردى، — قاراڭ بۇ ئىشنى، ئادەمگە بىر كۆڭۈلۈك ئارامچىلىقمۇ يوق! چوڭ ئىش يوق، ئادەم دېگەن قىزىپ تۇرىدۇ.

لېكىن، ئۇ رېماتىزم خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم قىزىسا قانداق نەتىجە كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

«سالام بېرىپ» قايتىپ كېلىۋاتقان ياش ئەر - خوتۇنلار ئالدى - كەينى بولۇپ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. «سالامغا بېرىش» دېگىنى ئاممىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بېرىشنى كۆرسىتەتتى. «سالام» نىڭ سوۋغىسىنى ياخشى تەييارلاش ئۈچۈن ئالايىتەن بەش، ئون كۈن تەييارلىق قىلىدىغانلارمۇ، ئاددىيلا تەييارلىق قىلىپ كۈيئوغۇل بىلەن قىزنى بىر ۋاخ تاماق بىلەن ئۇزىتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. چېن شۇيەننىڭ ئانىسى مۇشۇ ئاددىي شەكىلنى تاللىغانىدى. چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تيەنشىڭ «ماڭايلى!» دېدى. چېن شۇيەن ئاتا - ئانىسى، ئىنىلىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئېرىگە ئەگىشىپ ماڭدى.

كوچىغا چىققاندىن كېيىن، تيەنشىڭ ئارتۇق گەپ قىلماي بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئالدىدا ماڭدى. چېن شۇيەن ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن ئۈچ قەدەمچە ئارىلىق تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. تونۇمايدىغان ئادەم بۇ ھالەتنى كۆرسە ھەرگىزمۇ ئۇلارنى تېخى تونۇگۇنلا كاتتا توي ئۆتكۈزگەن ئەر - خوتۇن دېمەيتتى. چۈنكى ئۇلار يېڭى تونۇشقان ئادەمدەك گەپمۇ قىلىشماي بىر - بىرىدىن خىجىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

چېن شۇيەن ئاستا كېتىۋېتىپ تۈنۈگۈنكى ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تويىنى ۋە توي كېچىسىنى ئەسلەپ قالدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا چۈشتەكلا بىلىنەتتى. چېن شۇيەننىڭ ئاتا - ئانىسى، ئىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭ تويىدىن تولىمۇ رازى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ رازى بولدى، چۈنكى ئۇ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈۋالغان، مۇشۇنداق ياخشى ئائىلىگە كىرىپ ئىززەت - ئىكرامغا مۇيەسسەر بولغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇش كېرەك ئىدى. لېكىن يەنە ئۇنىڭ نېمىدۇر بىر نېمىسى كەمدەك تۇراتتى. تۈنۈگۈنكى ئالدىراشچىلىقتىن كېيىن ئۇ ئىلگىرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىسىگە ئېرىشتى. لېكىن يەنە بىر قارىسا ئېرىشمىگەندەكمۇ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا كەمدەك تۇيۇلۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ چېن شۇيەن بۇنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ، ئاي نۇرى ئۆيىگە غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان ھېلىقى كېچىسى شىنيۈنىڭ يېنىدا ياتقاچ ئۆزىگە بايروننىڭ شېئىرىنى ئاستا ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. شۇ چاغدا ئاشۇ گۈزەل مىسرالار ئۇنى مەيىن شامال يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەندەك، سۈزۈك بۇلاق سۈيى قەلب خانىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. تاشقى دۇنيادىن يىراق بىر جايدىكى دېڭىز بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بىر گۈزەل ئارالدا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق تۇرىدۇ. ھەر بىرىنىڭ چىرايى ئەينەككە ئوخشاش قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. چەكسىز بىر مۇھەببەت بالقىپ تۇرغان كۆزلەر-

دىن ئاجايىپ بىر نۇر تاراپ تۇرىدۇ. . . ھىم، مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولىدۇ. زۇمرەت سۇدەك ساپ، ئاي نۇرىدەك سۈزۈك، دېڭىزدەك چوڭقۇر، ئۆيۈلتاشتەك چىڭ بولىدىغان نەرسىلا مۇ-ھەببەت. چېن شۇيەن ئۆزىنىڭ ۋىسال تاپىدىغان ماكانىنى ئىز-دەپ ئاشۇ ئىنتىلىش بىلەن خەن ئائىلىسىگە كېلىن بولۇپ كىردى. «بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دېيىشىد-دۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى كىشىسى زادى كىم؟ چېن شۇيەن شىنيۆنىڭ بالىتىسىدىكى ۋاقتىدا ئوپىلىيانىڭ سەھنە سۆزىنى قايتا ـ قايتا ياد ئالغانلىقىنى ئەسكە ئالدى. «ئەتە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋىسال كۈنى، مەن ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چىرايلىق ياسىنىپ دېرىزەڭنىڭ ئالدىغا مەشۇقۇڭ بولۇش ئۈ-چۈن بارىمەن. يىگىت كارىۋىتىدىن چۈشۈپ كىيىمىنى يېپىنىپ ئىشىكنى ئاچتى. قىز ھۇجرىغا قىز ھالىتىدە كىرىپ چوكان ھالىتى-دە يېنىپ چىقتى. . . » راست، بىر مەزگىللىك قىزىقچىلىقتىن كېيىن ئۇ «چوكان» غا ئايلاندى. ئىنتىلىشىنى، روھىي ھېس-سىياتىنى، تەقدىرىنى، ھەممە نېمىسىنى خەن تيەنشىڭگە تاپ-شۇردى. تيەنشىڭ ئۇنىڭ ئاشىقى، كۆڭۈلدىكى ئادىمى. بۇنىڭ-دىن كېيىن ئۇ تيەنشىڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىيدۇ، پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشىد-دۇ. ھازىر ئېرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ قەدەمچە ئارىلىق تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېسسىياتنى مۇھەببەت دې-گىلى بولامدىغاندۇ؟ بەلكىم شۇنداق دېگىلىمۇ بولسا كېرەك. رېئال تۇرمۇش ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئېھتىمال، مۇھەببەتمۇ بىر قېلىپتىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەستۇ. ئالدىدا كېتىۋاتقان مۇنۇ ئېرىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سۆيۈملۈك يەرلىرى بار. شىند-يۈ: «ئاكام سىز بىلەن توي قىلىدىغان بولسا يۈرىكىنى سىزگە ئېلىپ بېرىشتىن يانمايدۇ» دېگەن ئەمەسمىدى! توغرا، چېن شۇيەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئايالى بىلەن بىللە مېڭىشتىنمۇ ئىزا

تارتىشى، ئاشۇ سەمىمىي تۇرقى ئۇنىڭ ئىلگىرى بىرى بىلەن يۈرۈپ باقمىغان، ئايال زاتى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان ياۋاش ئەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

چېن شۈيەن تيەنشىڭنىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مېڭىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — تيەنشىڭ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي سورىدى.

— تۇرقىڭىزغا قاراڭە! — دېدى چېن شۈيەن، — نېمانچە ئالدىراپ ماڭىسىز؟ بىر كىشى سىزنى يەۋالمايدۇ جۇمۇ!

تيەنشىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئايالنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ئۇنچە ئەخمەق ئەمەس، ئايالنىڭ «بىر كىشى» دېگىنى دەل ئۆزى، بۇنى بىلگۈچىلىكى بار. ئەلۋەتتە، ئايالى ئۇنى يەۋالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن «ئاشىق - مەشۇق» لاردەك يانمۇ يان مېڭىشنى ئويلايدۇ. لېكىن، تيەنشىڭ بۇنداق مېڭىشتىن خىجىل بولىدۇ. ئۇ ئىشلەيدىغان زاۋۇت بۇ يەرگە يېقىنلا يەردە، بەزى خىزمەتداشلىرى يېقىن ئەتراپتا تۇرىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىللە مېڭىۋاتقىنىنى كۆرسە ياخشى ئەمەس. بولمىسىغۇ تونۇگۇنكى تويغا زاۋۇتتىن خېلى جىق ئادەم كەلدى. ئۆز رازىلىقى بىلەن ئېلىپ - تېگىشكەن ئەر - خوتۇن تۇرۇقلۇق خەقنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقسا بولامدۇ؟ لېكىن، ئۇ يەنىلا بۇنداق يانمۇ يان مېڭىشتىن خىجىل بولاتتى، سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— ھەي، ئادەمگە دەيدىغان بىرەر ئېغىز گېپىڭىز يوقمۇ؟ تونۇمايدىغان ئادەمدەك ماڭغىنىڭىزنى قاراڭە! — چېن شۈيەن ئارقىدىن يېتىشىپ كېلىپ ئېرىگە قاراپ قويدى.

تيەنشىڭ ئىپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگۈسى كەلمىگىنى ئەمەس. شۈيەن ئۇنىڭغا شۇنداق كۆيۈنىدۇ، شۇنداق سەمىمىي. تيەنشىڭ كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىپ تۇرسىمۇ مېھرىبانلىقىنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادى-

لەشنى بىلمەيدۇ.

— نېمە. . . نېمىنى دەيمەن؟ سىز ئاۋۋال بىر نېمە دەڭچۇ!

چېن شۇيەننىڭ كۈتۈۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئېغىز سۆز. كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى ئۇنىڭدىن كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئېرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەندىن كېيىن «كۆڭلۈمدىكىنى تاپ!» دەپ ئولتۇرماي ئۆزى ئاۋۋال گەپ باشلىغىنى مۇۋاپىق.

— ھەي، سىز. . . — شۇيەن گېپىنىڭ يېرىمىنى دەپ بولۇپ يەنە توختىۋالدى. ئۇ ئەسلى تيەنشىڭدىن: «سىز بايرون-نىڭ شېئىرلىرىنى، شېكىسپىرنىڭ تراگېدىيىلىرىنى كۆرگەن-مۇ؟» دەپ سورىماقچى ئىدى. لېكىن، شىنيۆدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئۆزىنىڭمۇ دېگەندەك ئاڭقىرىپ كېتەلمىگىنىنى، تيەنشىڭنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىدىن جىق نەرسىلەرنى بىلىپ كېتەل-مەيدىغانلىقىنى ئويلاپ گەپنىڭ مەزمۇنىنى دەرھاللا باشقا ياققا بۇرىدى، — سىز «لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي» دېگەن كىنو-نى كۆرگەنمۇ؟

تيەنشىڭنىڭ كۆڭلى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئادەتتە كىنونى كەمدىن - كەم كۆرەتتى، لېكىن چېن شۇيەن تىلغا ئالغان كىنونى رۇڭ گۈيفاڭ بىلەن كۆرگەنىدى. بۇ ئۇلار تازا قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ياز ئايلىرى ئىدى، بېلەتنى رۇڭ گۈيفاڭ ئالغانىدى. ئۇلار تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۇچراپ قېلى-شىدىن ئەنسىرەپ زاۋۇتتىن يىراق بىر جايدىكى بىر كىنوخانىغا بارغانىدى. كىنونى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن رۇڭ گۈيفاڭ يول بويى ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ ماڭغان ۋە:

— كىنودىكى لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەينىڭ «بىز خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر» دېگىنى ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىزمۇ شۇلارغا ئوخشايمىز. تەقدىر مېنى سىزگە ئۇچراشتۇرغان. بىز بىر جۈپ

www.uyghurkitap.com

كېپىنەكتەك مەڭگۈ ئايرىلمايمىز! . . .» دېگەنىدى.

شۇنچە تاتلىق گەپلەرنى قىلغان ئادەم ئەجەب تېز ئۆزگىرىپ كەتتىيا! مىڭ بىر جاپادا جاڭجىياكۇدىن قوي ئېلىپ كېلىپ رۇڭ گۈيفاڭ بىلەن قۇربان ھېيتنى بىللە ئۆتكۈزەرمىز دەپ كۈتۈپ ئولتۇرسا، ئۇ كەلمەي قويدى، سەۋەبسىزلا ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى، دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى! . . . ئەمدى تيەنشىڭ توي قىلىپ سالامغىمۇ بېرىپ بولدى. رۇڭ گۈيفاڭغا بولغان قورساق كۆپۈكىنى قېيىداش ئارقىلىق چىقىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئالا كۆڭۈل رۇڭ گۈيفاڭنى ئويلىغۇسى يوق. ئادەتتە ئۇ زاۋۇتتا رۇڭ گۈيفاڭنى ئۇچرىتىپ قالسىمۇ تونۇمايدىغان ئادەمدەك گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. لېكىن، چېن شۇيەن بۈگۈن ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا ئۇ كىنونى تىلغا ئېلىپ قالدى. ئۇنتۇپ كەتكەن ئىشنى قايتا ئەسلىتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى. تيەنشىڭنىڭ ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى رۇڭ گۈيفاڭ ئىسىملىك بىرى بىلەن ئارىلاشقىنىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى يوق. ئۇنىڭغا تويدىن ئىلگىرى باشقا بىر قىز بىلەن ئارىلاشقىنى شۇيەنگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشتەكلا تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەستە! تيەنشىڭنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— كۆرگەن، نېمە بولدى؟ — سورىدى ئۇ ئايالى كۆڭلىدىكى بىلىۋالغاندەكلا.

— نېمە بولدى دەمسىز؟ نېمە بولغاندەك تۇرىدۇ؟ — چېن شۇيەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ تيەنشىڭنىڭ نېمە ئۈچۈن قىزىرىپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى، رۇڭ گۈيفاڭنىڭ قانداقراق بىر قىز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا ئېرى بەك سەممىيدەكلا بىلىنەتتى، — تۇرقىڭىزغا قاراپ بېقىڭە! لياڭ شەنبونىڭ

ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپسىز. جۇيىڭتەي يول بويى بىرمۇنچە گەپ قىلسا، ئۇ بىر ئېغىزىنىمۇ چۇشەنمەيدۇ.
تيەنشىڭ كۇلۇپ تۇرۇپ دېدى:
— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ تازا زېرىكىپسىز - دە!
— يىگىرمە بىر يىل پالاقشىپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى بۇ توي كۇنلىرى بولغاندىكىن تازا بىر ئويناپ كەلگۇم كېلىۋاتىدۇ! — دېدى چېن شۇيەن، — ھەي، باغچىغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيلىچۇ.
— باغچىنى ئايلىنىپ كېلەيلى؟ — تيەنشىڭ دېلىغۇللىق ئىچىدە جايىدا تۇرۇپ قالدى.
— ھەئە، بېرىپ پاراڭلاشقاچ قولۇۋاقفا چۇشۇپ كەلمەم-دۇق، — چېن شۇيەن ئۇنى قىزىتىشقا باشلىدى، — سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا شۇنچە ئۇزۇن بوپتۇ، لېكىن مېنى بىرەر قېتىممۇ باغچىغا ئەكىرىپ باقمىدىڭىز. ئىلگىرى سىنىشىپ - ئارىلىشىپ باقمىغان بولغاچقا، بىر - بىرىمىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشمەيلا توي قىلدۇق. ئەمدى ماڭا تولۇقلاپ بېرەرسىز؟
تيەنشىڭ خىجالەت بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئايالى راست ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ «قوغلىشىش»، «كۆيۈش» دېگەندەك جەريان-لارنى باشتىن كەچۈرمەي ئايالىنى ئوڭايلا ئەمرىگە ئېلىۋالغان-دى. لېكىن، ئۇ دېگەن ئايال كىشى - دە، ھېسسىياتقا، كۆيۈ-نۇشكە موھتاج. ئۇ بۇ جەھەتتە ئايالىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن دېگەندەك چىقالمىدى. ئويلاپ باقسا، تويدىن بۇرۇن شىنيۈنىڭ ئىشى ئۇچۇن دوختۇرخانىغا بىللە يۈگۈرۈپ بارغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇيەن بىلەن تۇزۇكرەك بىللە بولۇپ باقماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىنو كۆرۈش، بىللە ئايلىنىش، باغچىلارغا بېرىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆتۈلمەپتۇ. راست، ئۇ چېن شۇيەنگە بۇلارنى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك.
— ئەمىسە دەڭە، نەگە بارىمىز؟
— تاۋرەنتىڭ يېقىن، شۇ يەرگە بارايلى! — چېن شۇيەن

خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىرى بىلەن باغچىلاردا، دەرەخ سايىلىرى ئاستىدا، گۈللۈك بويلىرىدا ئايلىنىپ مېڭىشنى، كۆلدە قولۋاقتا چىقىپ ئويناشنى، ئائىلە، خىزمەت ۋە قايناق تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشنى، تۇنجى مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشاش شېرىن ھېسلار قاينىمىدا ئۈزۈشنى خالايتتى. ئۆزى ئالدىراپلا چوكانغا ئايلانغىنى بىلەن كۆڭلى قىزلىق دەۋرىگە تەلپۈنەتتى.

— تاۋرەنتىڭغا دەمسىز؟ — تيەنشىڭ داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇمۇ تيەنشىڭ رۇڭ گۈيفاڭ بىلەن بارغان جاي ئىدى. مەجنۇنتال تىكىلگەن كۆل بويىنى، قولۋاقنى ئەسلەش بىلەن رۇڭ گۈيفاڭنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇدھىش نەرسىدەك پەيدا بولدى. قىزىق ئىش - ھە! رۇڭ گۈيفاڭنىڭ سىماسى نېمىدەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالىدىكىنە؟

— يۈرۈڭە! — چېن شۈيەن روھلۇق ھالدا تيەنشىڭنىڭ بىلىكىنى تۇتتى. ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ 10 - يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا چىقىشىلا تاۋرەنتىڭغا بىردەمدىلا بارالايتتى. بۇ يەر بىلەن تاۋرەنتىڭنىڭ ئارىلىقى بەش پۈڭلۈق يول ئىدى.

— بولدىلا، بۈگۈنچە بارمايلى. كېيىن. . . — غۇدۇرىدى تيەنشىڭ. رۇڭ گۈيفاڭنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ بايىقى قىزغىنلىقى نەگىدۇ غايىب بولدى.

— كېيىن؟ كېيىن ۋاقىت چىقامتى؟ — چېن شۈيەن دومسىيىپ قالدى، — تېخى ۋاقىت بالدۇرغۇ، قايتىپ بارساق قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق.

— ئىش يوقلۇقىغۇ يوق، — تيەنشىڭ نېمە ئۈچۈن بارمايلى دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەلمەي باشقا باھانە ئىزدىدى، — ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ شىنيۆنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتكەندۇ. . . سىز قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئوبدان ھەمراھ بولۇڭ.

باشقا بىر كۈنى ئۈنىمۇ ئېلىپ باغچىلارغا بېرىپ كېلەرمىز،
بولامدۇ؟

— ئەمىسە. . . بوپتۇ، — چېن شۈيەن نائىلاج نىيىتىدىن
ياندى. تيەنشىڭنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا سىڭلىسىنى ئەستىن چى-
قارمايدىغانلىقىنى چېن شۈيەن ئوبدان بىلەتتى. ئەلۋەتتە، چېن
شۈيەن ئۆزىمۇ شىنيۆنى ئېسىدىن چىقارمايتتى. بىر قانچە كۈن-
دىن بېرى ئۇ توينىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ شىنيۆ
ئۈچۈن «سېسترا»لىق ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلالمىدى. ئەك-
سىچە شىنيۆ ئۇنىڭ ئىشى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كۆچۈرۈپ
كەلگىلى ئۆزى باردى، ماشىنىدىكى چېغىدا ۋە ماشىنىدىن چۈش-
كەن ۋاقىتدا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇمىدى. لېكىن،
شىنيۆ نېمىلا دېگەنبىلەن كېسەلدىن تېخى ئۆرە بولالمىدى.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈن
ئەتىگەن ئانىسى كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن شىنيۆنى «سالام»غا بىللە
بارغىلى قويمىدى. لېكىن، شىنيۆنىڭ خاپا بولۇپ قالغىنى
ئېنىق. چېن شۈيەن قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئوبدان رەھمەت
ئېيتىشى، تەسەللى بېرىشى كېرەك!

شىنيۆ تىلغا ئېلىنىش بىلەن چېن شۈيەننىڭ بايىقى ھايا-
جانلىق كەيپىياتى تىنجىپ قالدى، مۇھەببەت ھەققىدىكى شېرىن
خىياللىرىمۇ نەگىدۇ غايىب بولدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن
ھېچقانچە ئارىلىق قالدۇرماي ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

دەرۋازىنى ئۇلارغا خەن خانىم ئېچىپ بەردى.

— ھۇي، تېزلا قايتىپ كەپسىلەرغۇ؟ قۇدامىلار ئوبدان
تۇرۇپتىمۇ؟ . . . — خەن خانىمنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس
ئېتىپ تۇراتتى.

ئانىسىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنىڭ تازا تەبىئىي ئەمەس-
لىكىنى سەزگەن تيەنشىڭ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئالدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

راپ سورىدى:

— ئانا، ئۆيدە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، — دېدى خەن خانىم، — شىنيۈ سەل قىزىپ كېتىۋاتىدۇ...

— نېمە؟ — تيەنشىڭ قاتتىق چۆچۈپ ئالدىراپ ئىچكىرىگە يۈگۈردى، چېن شۈيەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

غەربىي ھۇجرىدا، شىنيۈنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئولتۇرغان خەي ھامما داستىدىكى سوغۇق سۇدا ھۆللەنگەن لۆڭگىنى شىنيۈنىڭ پېشانىسىگە دەممۇ دەم ياقاتتى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ئەلەم بىلەن:

— ئاھ خۇدا، شىنيۈنىڭ جېنىنى قىينىمىغىن، قىزىتمىسىنى ياندۇرغىن... — دەۋاتاتتى.

ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى، تيەنشىڭ بىلەن چېن شۈيەن ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتى.

— قايتىپ كەپسىلەر - دە!

چېن شۈيەن ئالدىراپ كىرگەن پېتى قولىنى شىنيۈنىڭ پېشانىسىگە ياقتى:

— ۋاھ، نېمانداق قىزىق!

چېن شۈيەن يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن تېرمومېتىرنى ئېلىپ شىنيۈنىڭ قولتۇقىغا قىستۇردى. سىماب تۈۋرۈكى تېزلىك بىلەن ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى.

تيەنشىڭ جىلى بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمىشقا دوختۇرخانىغا ئاپارمايسىلەر؟

خەن خانىم قولىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ دېدى:

— سىلەر ئۆيدە بولمىساڭلار، بىز ئىككى ئايالنىڭ كاللىسىغا شۇ ئەقىل كېلەمتى.

— ئۇنى بىر دېمە! — دېدى خەي ھامما لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — ئادەم ئىزدىسەك ئادەم يوق، ماشىنا ئىزدىسەك ما-

شىنا يوق...

— ماشىنىنىڭ قەدرى ئەجەب ئۆتۈلدىغۇ! — ۋارقىرىدى تيەنشىڭ. پېشانىسىنىڭ تومۇرلىرى ئىختىيارسىز بۆرتۈپ چىقتى، — ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا تۇنۇگۇن قاتىرىسىغا تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ بىرىمۇ يوق!

— قىزىتمىسى 39.7 گرادۇسقا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ! — چېن شۇيەن تېرمومېتىرنى قولىغا ئېلىپ ۋارقىرىۋەتتى، — دوختۇر: «قىزىپ قالمىسۇن، زۇكام تەگمىسۇن» دەپ قايتا-قايتا تاپىلىغان... تېز دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى!

— ماڭايلى، مەن ئۇنى يۈدۈپ ئاپىراي! — تيەنشىڭ شۇنداق دەپ يېرىم بېھوش ھالەتتە ياتقان سىڭلىسىنى يۆلەشتۈردى، چېن شۇيەن ئۇنىڭ شىنيۆنى يۈدىشىگە ياردەملەشتى. تيەنشىڭ ھېچنېمىگە قارىماي سىرتقا يۈگۈردى.

تيەنشىڭنىڭ يېنىدا شىنيۆنى يۆلەشتۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان چېن شۇيەن پۇتىغا پۇتلىشىۋاتقان نەرسىلەرگە پىسەنت قىلماي ئالدىراش كېتىۋاتاتتى... ئۇلار خالتا كوچىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ يۈگۈردى. تۆت كوچىدا دۇڭدەنگە بارىدىغان 10-يولنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتى بار ئىدى، دۇڭدەندە چۈشكەندە تۇڭرېن دوختۇرخانىسىغا بىردەمدە بارغىلى بولاتتى.

ئىككى موماي «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئالدىدا خېلىغىچە ئېسىگە كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە، ئىككى تەرىپىگە چاپلانغان «خۇشاللىق» دېگەن خەتلەر كەچكى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. قۇتلۇق چاغلار ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا بىر چوڭ پېشكەلچىلىك سايە تاشلاپ كېلىۋاتاتتى.

خەن خانىم دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە مەڭدىگىنىچە تۇرۇپ قالغان ئاشۇ دەقىقىدە يېنىدا تۇرغان خەي ھاما پالاقىدە يىقىلىپ چۈشتى.

— ئاچا! ئاچا! — خەن خانىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە كەي-
ىنگە بۇرۇلۇپ قارىدى. بىچارە ئايال يۈزلىرى كۆكەرگەن،
كۆزىنى يۇمغان، چىشلىرى كىرىشكەن، سول قولىنى جىمىمىدە
سوزۇپ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئالغان ھالەتتە دەرۋازا ئالدىدا
قىيسىيىپ ياتاتتى.

خەن خانىم يۆلەش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى، لېكىن خەي
ھامما ئۆلۈك ئادەمدەك مىدىرلىمايتتى. ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ
جايىدىن قوزغىتالمىغان خەن خانىم چىرايى تامدەك تاتارغان
ھالدا ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاھ خۇدا! . . .

نامسىز كۆلنىڭ بويىدا ئېرەن دەرىخىنىڭ قىزغۇچ يوپۇر-
ماقلىرى كەچنىڭ مەيىن شامىلىدا سۇسقىنا تەۋرىنەتتى.

چۇ يەنچاۋنىڭ چاققانغىنا ياتىقىنىڭ دېرىزىسىدىن چىراغ
يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ تۇنجى مەۋسۇمى باشلانغىنىغىمۇ
ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئىنگلىز تىلى كەسپىگە يۆتكەلگەن قوبۇل
قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلاردىن خەن شىنيۈدىن باشقىلىرىنىڭ
ھەممىسى ئىككىنچى يىللىققا چىقتى، شيې چيۇسى شىنيۆنىڭ
سىنىپتىكى باشلامچىلىق ئورنىنى بېسىپ ، ساۋاقداشلىرىنىڭ
رىقابەت نىشانىغا ئايلاندى. ھەتتا لۇ شيۇجۇمۇ ئۇنىڭ بىلەن
بىرىنچىلىكنى تالىششنى ئويلاۋاتاتتى. چۇ يەنچاۋ ھېلىھەم بۇ
سىنىپنىڭ مەسئۇلى ھەم ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى. فاكۇل-
تېت رەھبەرلىكىمۇ، يەن پروفېسسورمۇ ئۇنىڭدىن بۇ ئوقۇغۇ-
چىلارغا ئوقۇش پۈتتۈرگىچە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتات-
تى. ئەلۋەتتە، چۇ يەنچاۋمۇ ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇشنى
خالىمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بۇيان بىر سىنىپ
ئوقۇغۇچىغا تۇنجى قېتىم مەسئۇل بولۇشى. بىر يىلدىن بۇيان

ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولدى. ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز قولى بىلەن يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار بەش يىلدىن كېيىن مەكتەپنى لاياقەتلىك پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم باسالىسا، ئۇمۇ دۆلەتكە، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ھەم ئاتا - ئانىلىرىغا يۈز كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇرغان بىردىنبىر نەرسە سىنىپىدىكى ئون ئالتە ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدىن شىنيۈنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى ئىدى. ئۇ دېگەن شۇنداق ئەلاچى قىز - دە! شىنيۈنىڭ كېسىلى ئوڭۇشلۇق داۋالاندى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ كېلەر يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ كېلەلىشى، ئوقۇشنى بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ قايتا داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا باشقا ئوقۇغۇچىلار ئۈچىنچى يىللىققا چىقىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ سىنىپىنىڭ شىنيۈدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئەمدى ئېنىق. شىنيۈنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرىدىن بىر يىلمۇ ئەمەس، ئىككى يىل ئارقىدا قېلىشى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق بولۇپ قالدى. چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلىق تۇتۇشى ئۈچۈن، بىرمۇنچە ئاقماس ۋەدىلەرنى بېرىپ، مەكتەپكە قايتىپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن يەنە سىزگە سىنىپ مەسئۇلى بولىمەن، دېدى. بۇ ئېھتىمال شىنيۈنىڭ خاتىرجەم دەم ئېلىشىغا بولغان مايىللىقىنى قوزغىتالىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن چۇ يەنچاۋ قاتتىق بىئارام. چۈنكى، ئۆزىنىڭ قىزنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئالدىغىنىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى، ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بىر قىزنى ئالدىدى. ئۆزى بىلەن شىنيۈ ئوتتۇرىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان. ناۋادا شىنيۈ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئىككى سىنىپ ئاتلاپ ساۋاقداشلىرىغا
يېتىشىۋالسا، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. بېيجىڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخىدا سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇش كەمدىن ـ
كەم ئۇچرايدۇ. لېكىن، چۇ يەنچاۋ شىنيۆدە بۇ مۆجىزىنى يارد-
تالايدىغان يوشۇرۇن كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم شۇنداق
بولۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ. لېكىن، قۇرۇق ئىشىنىش
بىلەن، كۈتۈش بىلەن ئىش تاڭ ئاتامدۇ؟ كېلەر يىلى قانداق
ئىش بولىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم. دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىلىم
ئىنساننىڭ تەقدىرىنى ئالدىن قىياس قىلىشقا قادىر بولالىغان
ئەمەس. ئادەم قەلبىدە ھەرقانچە غۇۋا ئۈمىد بولغان تەقدىرىدىمۇ
ئالدىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك. ئەگەر بىر كىشىنىڭ قەلبىدە
ئۇنى ئالغا ئىنتىلدۇرۇپ تۇرىدىغان ئۈمىد بولمىسا، ئۇ بەلكىم
غەيرەت ـ شىجائىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق
بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ ئېنىق، ئەمما يەنە غۇۋا بىر ئۈمىد بىلەن
بىر ئوقۇتقۇچى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى، ھەتتا بۇرچ دائد-
رىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. قىسقىراق بول-
غاندا ھەر ھەپتىدە بىر، ئۇزۇنراق بولغاندا يېرىم ئايدا بىر
شىنيۆنى يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر ئايدا بىر قىلىنىدىغان تەك-
شۈرۈشكە ئىمكانقەدەر شىنيۆ بىلەن بىرگە بېرىۋاتىدۇ. تېخى
ئۇ لۇ دوختۇر بىلەنمۇ بىر قېتىم پاراڭلاشتى. شىنيۆنىڭ تەلىپى
بويىچە جېڭ شاۋجىڭغا ياتاقتا شىنيۆنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش-
نى تاپىلىدى. شىنيۆ كارىۋىتىمدا باشقا بىرى يېتىۋالمىسۇن
دەپ كۈندىلىك لازىمەتلىك بۇيۇملىرىدىن باشقا بىر قىسىم نەر-
سىلەرنى ياتىقىدا قالدۇرۇپ قويىدى. ئۇ مەكتەپكە قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇ-
يالىشى ـ ئوقۇيالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، شۇ كارىۋاتتا ياتماق-
چى. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىنى يەنىلا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارىسى-
دا ياشاۋاتقاندەك سېزىدۇ. ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ قې-

لىشنى خالىمايدۇ. ئېھتىمال، كېلەر يىلى كۈزدە ھەممە ئىش قىزنىڭ كۆتكىنىدەك بولۇپمۇ چىقار.

ئۈستەل چىرىغى ئاستىدا ئىشلەۋاتقان چۇ يەنچاۋنىڭ «يېڭى ھېكايىلەر» دېگەن تەرجىمىسى يەنە يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت فاڭجېنىنى ئۆگىنىش، «ئالىي مائارىپنىڭ ئاتمىش تۆرلۈك نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەر خىل زۆرۈر يىغىنلارغا قاتنىشىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراشلىقتىن قۇتۇلالماي يۈردى. كۈندىن - كۈنگە قويۇق، جىددىي تۈس ئېلىۋاتقان سىياسىي مۇھىت ئۇنىڭغا جېك شاۋجېڭ بۇلتۇر ئاشكارىلىغان ئۇچۇرنىڭ راستقا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئەمدى جىمى ئادەم بەلنى مەھكەم باغلاپ سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ جىق ۋاقىتنى دەرس تەييارلاشقا سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. يەن پروفېسسورنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ مېھرىبان ئۇستازىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىر دەك زىممىسىگە ئېلىشى زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىگە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىمۇ ئازلاپ كەتتى. چۇ يەنچاۋ ئالدىراشلىقتىن قورقمايتتى، لېكىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا زېھنىنى بىر يەرگە يىغىپ تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنالماسلىقى ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى. ئۆزى بېيجەيدە ئولتۇرغىنى بىلەن ئەس - يادى «بىلىمدان» قەسرىدە ئىدى، سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرغىنى بىلەن بىرەر خەت يازالمايتتى. «شەمشەر سوقۇش» تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش» نىڭ قولدىن چىقىشى تېخىمۇ ئاستا بولدى. چەت ئەل تىلى نەشرىياتىنىڭ

تەھرىرلىرى بۇ توپلامنىڭ ئەسلىدە بۇ يىل چىقىرىلغان كىتابلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى، ئەمدى ئامالسىز كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇلغانلىقى، ئەگەر ئىمكانقەدەر تېز قولدىن چىقىرىپ بېرەلمىسە، كېلەر يىلى نەشرگە بېرىشكىمۇ كاپالەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئالدىرىتىپ كېتىۋاتاتتى. لۇشۈننىڭ بۇ توپلىمىنىڭ كېلەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى بىر ھېسابتا چۇ يەنچاۋغا ئارام ئېلىشۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ «ھامان ئۆلگۈرەلەيمەنغۇ» دەپ ئويلايتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ «يېڭى ھېكايىلەر» دىكى تەرجىمە قىلىپ بولالمىغان ئۈچ ھېكايىنى تەرجىمە قىلىپ تۈگىتىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئۆزىگە ئىش تاپشۇرغان مەسئۇل مۇھەررىرنىمۇ، شىنيۆنىمۇ ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ ھەر قېتىم شىنيۆنى يوقلاپ بارغان چېغىدا، قىز قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭدىن تەرجىمە ئىشىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى سورايتتى. تەرجىمە كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان بۇ ئوقۇغۇچى مۇئەللىمىنىڭ ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ بىلەتتى، ئوقۇتقۇچىسى تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسەرلەرنى ئۈمىدى ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئاساسى دەپ قارايتتى. ئۇلار چۇ يەنچاۋ تەرجىمە قىلىۋاتقان ئەسەر توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا، شىنيۆنىڭ كەيپىياتى بۆلەكچە جانلىنىپ كېتەتتى، ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقى تۈپەيلى پەيدا بولغان زېرىككىشلىك، ئازابلىق ھېسلىرى غايىب بولاتتى، ئۆزىنى يەنىلا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن مەنزىلگە قاراپ بىرگە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. دۇرۇس، چۇ يەنچاۋ ئۆزى بىلەن بىر يولدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ كىچىك «سەپداش» نى تاشلاپ كەتسە بولمايدۇ. كەلگۈسى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ شىنيۆ بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى كېرەك. ئالدىدىكى بۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالسىلا شىنيۆ داغدام يولغا قەدەم باسالايدۇ. ئۇ

شىنيۈنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى كۈتىدۇ.

چۈ يەنچاۋ پىكىر - خىيالىنى يىغىپ دىققىتىنى ئالدىدىكى «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش» كە مەركەزلەشتۈردى. تەرجىمە باشتىكى ئابزاستىلا ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. كۆڭزى ئوقۇتقۇچىسى لاۋزىنى يوقلاپ كەلدى. لاۋزى ئۇنىڭغا تەلىم بېرىپ: «خۇي - مىجەزنى ئۆزگەرتكىلى، جاننى ئالماشتۇرغىلى، ۋاقىتنى توسۇۋالغىلى، ئۆتەر يولنى توساپ قويغىلى بولمايدۇ. . . » دېدى.

چۈ يەنچاۋ قەلەمنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ: «پەقەت ئەقىدە، دىيانەت بولغاندىلا. . . »نى تەرجىمە قىلىپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى. ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن قەلەمنى قويدى - دە، شۇ كۈنى چىققان «خەلق گېزىتى» بىلەن قولىيازمىلىرىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن: «كىرىڭ! » دېدى.

— چۈ مۇئەللىم! — ھەربىي كىيىم كىيگەن جېڭ شاۋجېڭ روھلۇق ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۈچىسىدىكى تولا يۇيۇلغانلىقتىن ئاقىرىپ كەتكەن، يېڭىنىڭ جەينىكىگە ئۇدۇل كېلىدىغان يېرىگە يوغان ياماق چۈشكەن بۇ چاپىنىنى ئىزچىل كىيىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ نەننىڭۋەندىن ھېلىلا قايتىپ كەلگەندەك بىر ھالەتتە ئىدى، بېغىشىدىكى يىپيېڭى «ئومىگا» سائەت ئۈچىسىدىكى كىيىم بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى.

— ساۋاقداش جېڭ شاۋجېڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ! — چۈ يەنچاۋ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئورۇندۇقنى قىزنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

جېڭ شاۋجېڭ تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايلا ئوقۇتقۇچىسى كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە تىرىگەن، بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرگەن ھالدا ئېڭىكىنى تۈتقىنىچە چۈ يەنچاۋغا قارىدى. ئۇنىڭ شۇ

www.uyghurkitap.com

تاپتىكى تۆرقى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرسىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلا-
ۋاتقان سەبىي ئوقۇغۇچىنىڭكىگە ئوخشاپ قالغانىدى. چۇ يەنچاۋ
ئوقۇغۇچىسىنىڭ تۆرقىغا قاراپلا ئۇنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان گېپى
بارلىقىنى چۈشەندى.

چۇ يەنچاۋ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى پەملىگەچ:
«بۇ قىز بىرەر رولنى كىمگە تەقسىم قىلىش ئىشىدا مەسلىھەت-
لەشمەكچىمىدۇ ياكى ئۆزىگە ‹خىزمەت دوكلات قىلماقچىمىدۇ؟›»
دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھېچقايسىسى توغرا بول-
ماي چىقتى. جېڭ شاۋجېڭ ئۇ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش
توغرۇلۇق بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

— سىز بىلەن بىردەم پاراڭلىشاي دەپ كىرىۋىدىم، چۇ
مۇئەللىم، — دېدى جېڭ شياۋجېڭ بىر قولىنى ئېگىكىدىن چۈ-
شۈرۈپ ۋە ئۆزىنى «ئەركىن» تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك بىر
قىياپەتتە ئۈستەلدىكى «خەلق گېزىتى»نى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈ -
ۋېتىپ، — ئەسلى سىز بىلەن بالدۇرراق پاراڭلىشىشنى ئويلىغا-
نىدىم. يېقىندىن بېرى ئىش بېسىۋالدى. سىنىپنىڭ ئىشى بىر
تەڭ، فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىشى بىر تەڭ...

چۇ يەنچاۋ كاللىسىدىن ھېلىھەم چىقمايۋاتقان لاۋزى بىلەن
كۇڭزىنىڭ سۆھبىتىدىن تەستە ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئوقۇغۇچىسى-
نىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. ئۇ جېڭ شاۋجېڭنىڭ تېخى يېقىندىلا
فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشۋىقات ھەيئەتلىكىگە سايلان-
غانلىقىنى بىلەتتى. ئىككى خىزمەتنى «تەڭ» زىممىسىگە ئالغان
بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ بايىقى سۆزلىرى مۇنداقلا ئېيتىلغان بولسىمۇ،
لېكىن چۇ يەنچاۋنى ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكى-
سىنىڭ بىرەر رەھبىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەل-
تۈرۈپ قويدى. بۇنداق سۆھبەت كۆپىنچە تولىمۇ جىددىي بىر
ھالەتتە داۋام قىلاتتى.

چۇ يەنچاۋ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا هامان ئوقۇتقۇچىلىق ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئېلىپ كەيپىياتى- نى بىر ئاز تەڭشىۋالدى ۋە ئۇنىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

— قانداق؟ — جېڭ شاۋجېڭ هە دېگەندىلا سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى كۈلۈپ تۇرۇپ سوئال قويۇشتىن باشلىدى. چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ نېمىنى «قانداق» دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قال- غاچقا، دەمال بىر نېمە دېيەلمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق سوئال سىياسىي ۋەزىپە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئاغزىدىن تولا چىقىدىغان گەپلەر- نىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش هاجەتسىز ئىدى، سۆھبەتنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى ئاشۇ سوئالنىڭ كەينىدىن چىقاتتى، — يېقىندىن بېرى فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتى قانداقراق؟ پارتىيىنىڭ خىزمىتىگە تەكلىپ ـ تەلەپلىرى باردەك قىلامدۇ؟

— هە، — چۇ يەنچاۋ بۇ سوئالغا ماس كەلگۈدەك بىرەر جاۋابنى دەرهال تاپالمىدى، — مەن. . . تازا بىلمەيمەن. باشقىلار بىلەن بۇ هەقتە كەمدىن ـ كەم سۆزلىشمەن ئەمەسمۇ. . .

جېڭ شاۋجېڭ راستتىنلا بىر نەرسە سوراپ بىلىش نىيىتى يوقتەك بىر تەرزدە ئوقۇتقۇچىسىغا بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تەشكىلگە يېقىن تۇرغان يولداشلارنى پارتىيە تەربىيە- لەشكە ئەهمىيەت بېرىدۇ، بولۇپمۇ سىزدەك قابىل، ياش ئوقۇت- قۇچىلارنى. ئەگەر پارتىيە تەشكىلىگە كىرەلىسىڭىز، رولىڭىز- نى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايسىز. چۇ مۇئەللىم، سىزنىڭ تەشكىل مەسىلىسىگە بولغان. . .

جېڭ شاۋجېڭنىڭ ئاخىرقى گېپى تىنچ كۆل سۈيىگە تاشلان- غان داڭگالدەك چۇ يەنچاۋنىڭ پىكىر ـ خىيالىنى چېچىۋەتتى. جېڭ شاۋجېڭ ئۆزىنى پىشقان، ئېغىر ـ بېسىق قىز قىلىپ

کۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ساددىلى-
قىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىكى بالىلارچە
قىزغىنلىق، زىيادە «بېشارەت» ئالامەتلىرى چۇ يەنچاۋنىڭ كۆڭ-
لىنى پاللىدە يورۇتۇۋەتتى. پارتىيە ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى، قەلب
دېرىزىسىنى چېكىۋاتاتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا
ياشاۋاتقان ھەر بىر جۇڭگولۇق ياش پارتىيىگە كىرىشكە، قىز-
غىنلىق بىلەن ئىنقىلاب قىلىشقا ئىنتىلەتتى.

لېكىن، چۇ يەنچاۋنىڭ كۆڭلى بىردىنلا بېسىقىپ قالدى، كۆزلىرى جېڭ شاۋجىڭغا ئىككىلىنىش ئىچىدە تىكىلدى:

— مەن... تېخى پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى يازمىغان تۇرسام!

— شۇنداقمۇ؟ — ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپى ئۇنى سەل ھەيران قالدۇردى. تەشكىل نامىدا ئىزدەپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تېخىچە ئىلتىماس يازمىغانلار ئۇنىڭغا كەمدىن - كەم ئۇچرىغانىدى. ئەمما، جېڭ شاۋجىڭ بىردەملىك تېڭىرقاشتىن تېزلا قۇتۇلدى، — كېرەك يوق، قاچان يازسىڭىز بولىۋېرىدۇ، ھازىر يازسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. ئىلتىماس يېزىش، جەدۋەل تولدۇرۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر شەكىل، گەپ ئىدىيىدە ھەقىقىي يوسۇندا پارتىيە بىلەن بىر يول تۇتۇشتا. لۇشۈن پارتىيىگە كىرمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي كوممۇنىزم جەڭچىسى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شۈي تېلى ئوقۇغۇچىسىدىن خېلى كېيىن پارتىيىگە كىرگەن. لېكىن، ئۇ ئىنقىلاب ئەڭ زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان چاغدا پارتىيىنىڭ سېپىگە قاتناشقان. بۇ نەقەدەر قىممەتلىك روھ - ھە! چۇ مۇئەللىم، ھازىر ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى مۇشەققەتلىك بىر سىناق بولۇپ قالدى. ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز، ئېتىقادىمىز ئۈچۈن بارلىقىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك! «گىياھنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلىكىنى شامال

www.uyghurkitap.com

بىلىدۇ» دەيدۇ ئەمەسمۇ!

جېك شاۋجىك بولارنى دەۋېتىپ بولەكچە ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىنى كۆرگەن كىشى پارتىيىگە بولغان ساداقىتى، ئېتىقادىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايتتى.

ئوقۇغۇچىسىنىڭ گەپلىرى چۇ يەنچاۋغا ئىختىيارسىز تەسىر قىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئېتىقادنىڭ ئۆزى تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ مۇرىتى ئىخلاس بىلەن تائەت - ئىبادەتكە ئولتۇرغان چاغدا، ياندا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھۆرمىتى قوزغىلىدۇ. لېكىن، ئوقۇغۇچىسىنىڭ پارتىيە ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار تۇرغان ئېتىقادى ئالدىدا چۇ يەنچاۋ ھەرگىزمۇ ياندىن قاراپ تۇرغان ئادەملەردىن ئەمەس. شاڭخەي شەھىرىگە قىزىل بايراق قادالغان ۋاقىتتىن تارتىپلا ئۇ قوشىنلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن بۇ ئېتىقادنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. . . كېيىن ئۇ بېيجىڭغا كېلىپ ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەشنى باشتىن كەچۈردى، پولات تاۋلاش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. . . ياشلىق دەۋرىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر ئادەم بۇ ئىشلارنى ھەقىقىي چۈشەنمىسىمۇ، ھەقىقىي تەنقىد قىلمىسىمۇ، لېكىن چۇ يەنچاۋ بۇنىڭ پولاتتەك پاكىت ئىكەنلىكىگە شەك - شۈبھىسىز ئىشەندى، قورسىقى بارغانسېرى تويمايدىغان، ئىنقىلاب بارغانسېرى قىيىنلاشقان چاغلارغىچە شۇنداق قىلدى. . .

— راست، ئادەمدە ئېتىقاد، ئىنتىلىش، غايە بولمىسا بولمايدۇ، — چۇ يەنچاۋنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى، — «كوممۇنىست» دېگەن بۇ نام تولىمۇ شەرەپلىك. مەنمۇ ئىلگىرى ئويلىغان. . . بىراق. . .

جېك شاۋجىك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىدە ياش مۇئەللىمنىڭ ھازىرقىدەك دۇدۇقلاپ - تەمتىرەپ ئەمەس، ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتكەن

ۋاقىتتىكىدەك ئازادە كەيپىيات ئىچىدە راۋان سۆزلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى.

چۈ يەنچاۋ يەنە دېلىغۇل بولۇپ گەپتىن توختاپ قالدى. گەرچە ئۇ «پارتىيە سىرتىدىكى زات» بولسىمۇ، پارتىيىگە دائىر ئاددىي ساۋاتلاردىنمۇ خەۋىرى بولماي قالمايدۇ - دە! پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ ئىشى ئىدى. جىڭ شاۋجىڭ تەشۋىقات ھەيئەت بولغىنى بىلەن يەنىلا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى. بەزى گەپلەرنى ئوقۇتقۇچىسى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا دېيىشى كېرەكتە.

— بەلكىم سورىمىسام توغرا بولمىدىغاندۇ، — دېدى چۈ يەنچاۋ دۇدۇقلاپ، — سىزنى تەشكىل ئەۋەتكەنمىدى. . .

جىڭ شاۋجىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئەسلى ئۇ بۇگۈن تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەمەس، ئۆزىلا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پاراڭلىشىپ كىرەي دەپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۇ تەشكىلىي پرىنسىپ بىلەن زىت ئەمەسقۇ! ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پارتىيە ئەزالىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش مەكتەپ پارتكومى ۋە فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسى ئاللىبۇرۇن بېكىتكەن ۋەزىپە. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ «يېتىشتۈرۈش ئوبيېكتلىرى»نى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى، تونۇشتۇرغۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقى بار. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى بىر ئاددىي پارتىيە ئەزاسىغۇ! چۈ يەنچاۋغا بىر دەملىك قىزغىنلىقىغا بېرىلىپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن پارتىيە تەشكىلىگە ئېلىپ كىرىشنى ئويلايدۇ. ھازىر مۇئەللىمى دېگەندەك ئىشىنىپ كېتەلمىگىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ «غەمخورلۇقىنى» تازا چۈشەنمەي قېلىۋاتامدىكىن ياكى تېخىمۇ چوڭ «بىخەتەر سان» بولۇش ئويىدا بولۇۋاتامدىكىن؟

جىڭ شاۋجىڭ ئوقۇتقۇچىسى سورىغان سوئالغا ئۇدۇل جا-

ۋاب بەرمىدى. غۇرۇرىنىڭ ئەدەپ يەپ قالماسلىقى ئۈچۈن «ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىشىدا تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى يوق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. لېكىن، تەشكىلىي تۈزۈم ئۇنى پارتىيىنىڭ مۇقەددەس ئىشلىرىنى خاتا تەشۋىق قىلماسلىققا ئۈندەپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ قۇيرۇقىنى تۈتقۇزمايدىغان كاتتا ۋەدىدىن بىرنى بەردى:

— چۇ مۇئەللىم، ئارتۇق ئەندىشىدە بولماڭ. پارتىيىنىڭ دەرۋازىسى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ھەم شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەرقانداق كىشىگە داغدام ئوچۇق. پارتىيە بىزنىڭ ئانىمىز!

چۇ يەنچاۋنى يەنە ئاجايىپ بىر ھاياجان ئۆز ئىلكىگە ئالدى. جېڭ شاۋجىڭنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە ۋاكالىتەن ئۆزىدەك پارتىيە دەرۋازىسى سىرتىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ياشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا ئۇ چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالدىدا ئەمەس، «ئانا» ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بالا نېمە گېپى بولسا ئانىسىغا دەۋەرسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەمما، ئۇ يەنىلا كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى دېيىشنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

— تەشكىلىي جەھەتتىن. . . مېنىڭ تارىخىمنى تەكشۈرۈۋاتامدۇ؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ گەپ ئېلىش نىيىتىدە.

— تارىخ؟ — جېڭ شاۋجىڭ قاتتىق تەئەججۇپلەندى، — يېڭى جۇڭگودا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ياشنىڭ يەنە نېمە مۇرەككەپ تارىخى بولسۇن؟

— مەن. . . مېنىڭ ئائىلەمنى دەۋاتىمەن.

— بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىشقۇ، سىز خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئانىڭىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. بىر ھەدىڭىز ماگىزىندا بوغالتىرلىق قىلىدۇ. مانا مۇشۇلارلىغۇ!

جېڭ شاۋجىڭ توغرا ئېيتىۋاتاتتى. قارىغاندا، ئۇ سىنىپ

www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيىتىنىڭ ئائىلە تارىخىنى بىرەر قېتىم تەكشۈرۈپ چىققانىمۇ ئوخشايدۇ. لېكىن، بۇلار تولۇق ئەمەس. چۇ يەنچاۋ شۇ ئۆيدە جيڭ شاۋجىڭغا ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈيىغا كەلدى:

— يەنە مېنىڭ دادامىمۇ بار...

جيڭ شاۋجىڭ بەكلا ھەيران قالدى:

— مەن تېخى سىزنى دادىسى يوقمىكىن دەپتىمەن.

— بىر ئادەمنىڭ قانداقسىگە دادىسى بولماي قالىدۇ! — چۇ يەنچاۋ بۇ گەپنى ۋارقىراپ دېگۈدەك دېدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزىنى «دادىسى يوق» دەپ ھاقارەتلىشىگە چىدىماي كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ تۇۋەن ئاۋازدا «ۋارقىراپ» ئېيتقان بۇ گېپى نېمىشقىدۇر تىترەپ چىقىۋاتاتتى، — مېنىڭ دادام بار، بىراق ئۇنىڭ ئەھۋالى... بىرقەدەر مۇرەككەپ، مەن رويخەت جەدۋىلىگە تولدۇرغان. تەشكىل بۇنىڭدىن خەۋەرسىزمىكەن؟

قىزىرىپ كەتكەن چۇ يەنچاۋ پارتىيىنىڭ ۋەكىلىگە قارىدى. ئۇ جيڭ شاۋجىڭنىڭ ئۇبدان ئەسلەپ باققاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئېنىق بىر جاۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر تەشكىل بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپمۇ يەنە ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە باشقىچە ئىنكاستا بولمىسا، ئۇ كوممۇنىست بولالىشى - بولالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا يىغلىۋەتكەن، ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن ۋۇجۇدى يايراپ كەتكەن بولاتتى.

لېكىن ئۇ خېلى كۈتكەن بولسىمۇ جيڭ شاۋجىڭدىن ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى.

جيڭ شاۋجىڭ چۇ يەنچاۋنىڭ ئارخىپىنى، باشقىلار «ھايات - مامات دەپتىرى» دەپ ئاتايدىغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق نەرسىنى تېخى كۆرمىگەنىدى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىكىگە سەل پۇشايمان قىلىۋاتاتتىيۇ، يەنە كۈچلۈك بىر قىزىقىشنىڭ تۈرتكە-

سىدە تېخى چۈشىنىشكە ئۈلگۈرمىگەن باشقا ئەھۋاللارنى بىلىشنى ئويلاۋاتاتتى.

— سىزنىڭ دادىڭىز، — بىرەر كۆڭۈلسىز جاۋابنىڭ چىقىشىنى ئالدىنئالا پەملىگەن جېڭ شاۋجىڭ ئامالسىز گەپنى يامان تەرەپكە بۇرىدى، — پومېشچىكمىدى ياكى كاپىتالىستمىدى؟

— ھېچقايسىسى ئەمەس... — لەۋلىرىلا مىدىرلاۋاتقىنى ئۈچۈنمۇ، چۇ يەنچاۋنىڭ ئاۋازى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە پەس چىقتى.

— ئوڭچىمىدى؟

— ئۇمۇ ئەمەس...

— ئەمىسە زادى نېمە؟ — جېڭ شاۋجىڭ سەل سەۋرىسىزلىنىپ قالدى.

چۇ يەنچاۋ ئازاب بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ئاتاق ئۇنىڭغا چاپلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلاۋاتاتتى. قارىغاندا، «ئانا» ئۇنىڭ دادىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئوخشايدۇ. چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ بايىقى گەپنى ئۆزلۈكىدىن تەشكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ھازىر ئارقىغا چېكىنىش يولى قالمىدى. ئۇمۇ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا بۇ چوڭ ئادەملەردەك كۆرۈنىدىغان ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزى ھەققىدە قانداق خاتا چۈشەنچىلەردە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىشى زۆرۈر. دېمەكچى بولغانلىرى ئارخىپىغا ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغان تەقدىردىمۇ، پارتىيە تەشكىلىگە نىسبەتەن ئۇ سىر ئەمەس.

چۇ يەنچاۋ بېشىنى ئاستا - ئاستا كۆتۈردى، مەڭزىلىرىدىكى تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىشتىن پەيدا بولغان قىزىللىق غايىب بولدى، كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان تەشۋىشلىنىش ئالامەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىنلىك ئىگىلىدى. ئەمدى جېڭ شاۋجىڭنىڭ ئالدىدا دەرس مۇنبىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالماق ھالەتتە دەرس سۆزلەۋاتقان مۇئەللىمى تۇراتتى.

ئۇ يىگىرمە يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى.

1934 ـ يىلى كۈز، جۇڭگونىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ كەسكىن جەڭلىرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلىرى ئىدى. شاڭخەي مەدەنىيەت جەھەتتە ئىككى خىل سىياسىي كۈچنىڭ جاھىللىق بىلەن تىركىشىدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلانغانىدى.

ئۇ ۋاقىتتا چۇ يەنچاۋ تېخى تۇغۇلمىغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئانىسى سانسىز قېتىم تىلغا ئالغان، چۇ يەنچاۋمۇ مەڭگۇ ئېسىدىن چىقارمايدىغان بىر كۈن بولغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتىدىغان دادىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ چاپىنىنى سېلىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا پەستە كىمدۇ بىرىنىڭ «چۇ ئەپەندى» دەپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىنادىن چۈشتى. ئايالى سىرتقا مۇنداقلا بىر قاراپ، ئىككى بەستلىك ئادەمنىڭ ئېرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، بىرىنىڭ ئۇنىڭ كانىيىنى سىقىپ يەنە بىرىنىڭ ئاغزىغا لۆڭگە تىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئايال بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ قۇچىقىدىكى بالىنى (چۇ يەنچاۋنىڭ ئاچىسىنى) قويۇپلا پەسكە يۈگۈردى. لېكىن، ئۇ بىنادىن چۈشكەندە ھېلىقىلار ئۇنىڭ ئېرىنى ئاللىبۇرۇن ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتكەنىدى. ئايال يىغلاپ ـ قاقشاپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتىشەلمىدى.

ئايال ھەممىلا يەردە دەرد ـ ھالىنى ئېيتىپ ئېرىنىڭ دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. مەكتەپ مۇدىرىدىن بۇ ئىشقا ئىگە بولۇشنى ئۆتۈندى، ئەمما ئۇ كىشى:

— مەكتىپىمىزدىن بۇنداق ئىش چىقىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ چۇ ئەپەندىنىڭ قىلغان ئىشلىرى مەكتەپ بىلەن مۇناسى-

ۋەتسىز! سىز ئېرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىزدەڭ! — دەپ ئۆزىنى قاچۇردى.

نەگە بېرىپ ئىزدىگۈلۈك؟ ئېرى ھەممە ئىش ئالدىنئالا پىلانلاپ قويۇلغاندەك تۇيۇقسىز غايىب بولغان، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنىدى.

ئىككىنچى يىلى باھاردا ئايال قورسىقىدىكى ئىككىنچى بالىسىنى تۇغدى، ئېرىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە بالىغا «يەنچاۋ» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇنىڭ ئىككى بالىنى قانچىلىك تەستە باققانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغىنى ئۈچۈن ئالىدىغان مائاشى ئۈچ جاننى بېقىشقا يەتمىگەچكە، ئاخىر بېرىپ باشقىلارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشقا، ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇشقا مەجبۇر بولدى. چۇ يەنچاۋنىڭ ئاچىسى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. لېكىن، ئانىسى چۇ يەنچاۋنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىدا چىڭ تۇردى، چۈنكى ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئىدى. ھەر كۈنى كەچتە ئانىسى ئۇنىڭ ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرەتتى، خاتالىرىنى جۈملىمۇ جۈملە تۈزىتەتتى ۋە:

— داداڭ ھايات بولغان بولسىچۇ! ئۇ ماقالىنى ناھايىتى ئوبدان يازاتتى. ئىنگلىز تىلىنى ياخشى سۆزلەيتتى! — دەپ ئۆھسىنىپ قوياتتى.

ئەمما چۇ يەنچاۋنىڭ دادىسى شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئانا ئوغلىنىڭ تېزراق چوڭ بولۇشىنى، دادىسىغا ئوخشاش «ماقالىنى ياخشى يازىدىغان، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى سۆزلەيدىغان» يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى كۈتەتتى. چۇ يەنچاۋ دادىسىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۆيدە ئۇنىڭ بىرەر پارچە رەسىمىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق يوقاپ كېتىپ ئۆيىگە زادىلا قايتىپ كېلەلمەيدىغىنىنى ئويلاپ باقمىغان -

www.uyghurkitap.com

ده! چۇ يەنچاۋ دادىسىنىڭ سىيماسىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلات-
تى. كېيىن ئۆي خوجايىنى ئۇلارنى نەچچە قېتىم قوغلاپ چىقار-
دى. ئاخىر ئۇلار دادىدىن قالغان تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نەر-
سىلەرنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. چۇ يەنچاۋغا قالغىنى دادىسى
بىلەن ئانىسى تەڭ ئىشلەتكەن ئازغىنە كىتاب، كونا كىيىم -
كېچەك، بىر كونا كۆنلۈك ۋە يەنە «چۇ جەمەتىنىڭ نەسەبنامى-
سى» بولدى. ئانىسى چۇ جەمەتىنىڭ ئائىلە تارىخى يېزىلغان،
نەچچە ئەۋلادنىڭ قولىدىن ئۆتكەن بۇ نەسەبنامىنى يوقىتىپ قو-
يۇشنى خالىماي ئىزچىل ساقلاپ يۈردى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە دادىسى بىلەن چۇ يەنچاۋنىڭ ئىسمى چۇشۇشكە تېخى ئۈل-
گۈرمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ نەسەبنامىنى ھازىرغىچە ئۇزۇپ
قويماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگىنى دەل شۇلار ئىدى. ئانا تۇمەن
مىڭ خىل دەرد - ئەلەم ۋۇجۇدىنى تىلغاپ تۇرسىمۇ، بالىنىڭ
دادىسى ئالدىدا ئوغۇل تۇغۇپ بەرگىنى، جەمەتىنىڭ يىلتىزىنى
ئۈزۈپ قويمىغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئۇنىڭغا يۈز كېلەلەيدىغاندەك
سېزەتتى.
ئېھتىمال، چۇ يەنچاۋنىڭ دادىسى تۇتۇپ كېتىلگەن كۈنى
كەچتىلا ئۆلتۈرۈلگەندۇ.
«دادامنى كىم ئۆلتۈرگەندۇ؟» دېگەن سوئال چۇ يەنچاۋنىڭ
كاللىسىدا ھامان سىر ئىدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى چۇ
يەنچاۋمۇ، ئانىسىمۇ، چۇ يەنچاۋنىڭ ئاچىسىمۇ بۇ توغرۇلۇق
ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتاتتى. «دادام زادى
قانداقراق ئادەم بولغىيدى؟» دېگەن سوئالمۇ چۇ يەنچاۋنىڭ كال-
لىسىدىن كەتمەيتتى. دادىسى مەيلى ئىنقىلابچى بولغىنى ئۈچۈن
ئەكسىلئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ياكى ئەك-
سىلئىنقىلابچى بولغىنى ئۈچۈن ئىنقىلابنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان
بولسۇن، ھامان كېيىنكى ئەۋلادنىڭ بىر يەكۈنگە ئېرىشىشى
ئۈچۈن بىرەر يىپ ئۇچى قالدۇرغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

بەلكىم، دادىسىنىڭ ئورنى بەك تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن ئىنقىلابچىلارنىڭمۇ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭمۇ تارىخىغا ئىسمى چۈشمىگەندۇ.

چۇ يەنچاۋ مۇشۇ چىگىش تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى تۈرلۈك - تۈمەن قىياسلارنى قىلىپ باقتى، لېكىن ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى.

1949 - يىلى 5 - ئايدا شاڭخەي ئازاد بولغاندا، چۇ يەنچاۋ ئون تۆت ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ يېشى چوڭ كېلىپ قالغاچقا، جۇڭگونىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى قىزىل گالستۇك ئاسىدىغان پىئونېرلىرى ئارىسىغا كىرەلمەي ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىغا ئوخشاشلا ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىش ئىلتىماسىنى سۇندى. بىراق، بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم. . . تاكى ئوقۇش پۈتتۈرگىچە ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلانمىدى. ئۇ زادى قايسى جەھەتتە باشقىلارغا يەتمەيدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئىش يوق. مەكتەپ مۇدىرىدىن تارتىپ ھەر بىر ئوقۇغۇچىغىچە ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ چىرايىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن دادىسى ئۇنىڭ ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرەلمەسلىكىگە سەۋەب بولۇۋاتاتتى. سېنىڭ قانداق ئادەمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كىم بىلەتتى؟ بەلكىم سېنىڭ داداڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ جازاسىنى تارتقان ئىشپىيوندۇ ياكى ئەكسىلئىنقىلابچىدۇ؟ قىسقىسى، مۇشۇنداق سوئاللارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىسپاتلىغۇدەك ئادەم يوق ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا ئۇ تالاي قېتىملىق تەكشۈرۈشنى، سوئال بىلەن باشلىنىپ يەنە سوئال بىلەن ئاخىرلىشىدىغان نۇرغۇن سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ناھەق سوراقلار ئۇنىڭ ياش ۋۇجۇدىدا ئەلەملىك ئەسلىمىلەرنى، قەلبىدە تۈگىمەس جاراھەتلەرنى قالدۇردى.

چۇ يەنچاۋ بۇ ئىشلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشىنەلمەيتتى،

www.uyghurkitap.com

دائىم: «دادام دېگەن دادام، مەن دېگەن مەن. ئۇنىڭ چىرايىنى مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان. ئۇنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم؟ ئەجەبا ئۇ جىنايەتچى دەپ قارالغىنى ئۈچۈنلا جاۋابكارلىقنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەكمۇ؟ ھەتتا، بوۋىسى، بوۋىسىنىڭ بوۋىسى قىلغان ئىشلارغىمۇ نەۋرىسى جاۋابكار بولامدۇ؟ نېمىشقا مېنى ئۆز يولۇمغا قويۇشمايدۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. نامەلۇم بىر نەرسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى تۈگمەن تېشىدەك بېسىۋېلىپ نەپەس ئېلىشىغا ئارامچىلىق بەرمەيتتى. ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ: «بالام، سىياسىي توغرۇلۇق گەپ سوراشقا سالاھىيىتىمىز توشمىغاندىن كېيىن سورىماي قويايلى. ئوبدان ئوقۇپ ياخشى ئادەم بولساڭ شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ جاپاكەش ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆز كۈچى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بۇ ھېسسىيات بەئەينى بالىنىڭ ئانىغا باغلىغان مۇھەببىتىگىلا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ بۇ مېھرىبان «ئانا» نىڭ دادىسىنىڭ ئىشىغا قانداق قاراشتا بولىدىغانلىقىنى ئىزچىل تۇردە بىلەلمەي كەلگەنىدى. ئېھتىمال، كەسپىي سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپلا ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىشقاندۇ، دادىسىنىڭ مەسىلىسى ئۈستىدە نۇرغۇن دە تالاش بولغاندۇ. پارتىيىگە كىرىش مەكتەپتە قېلىشقا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇ ھازىرغىچە سىياسىي جەھەتتە بىرەر تەشكىلگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى، بەربىر بۇنداق ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتەتتى، ئاخىر يەنە قەلب يارىسىنى قوزغاش بىلەن نەتىجىلىنەتتى. چۇ يەنچاۋنىڭ شاڭخەيدە ئىشلەيدىغان ئاچىسى بەكلا تەرسا ئىدى، پارتىيىگە كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق

پارتىيە بىلىملىرى دەرسىگە تولۇق قاتناشقان، پارتىيە ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈش يىغىنىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بارغان، ئىلتىماس، ئىدىيىۋى دوكلات دېگەنلەرنى تالاي قېتىملاپ يازغاندى، شۇڭا ئىشداشلىرىمۇ ئۇنى «پارتىيە مەستانىسى» دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى. لېكىن، هازىرغىچە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ هېچقايسىسى ئۈنۈم بەرمىدى. ئوتتۇز ياشقا يېقىنلىشىپ قالغىنىغا قارىماي كۈن بويى كۆزىدىن ياش قۇرىماي رەھبەرلەرگە دەردىنى ئېيتىپ يۈرىدۇ. ئاچىسى بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېتىقادىنىڭ سەممىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى، لېكىن ئۇنى كىم چۈشەندى.

چۇ يەنچاۋ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ بېشىغا ئاشۇ رەھىمسىز «توقماق»نىڭ تېگىشىنى خالىمايتتى ۋە شۇ ئويىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بەش يىل، پراكتىكا قىلغان بىر يىل، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر نەچچە يىل داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئىشكى ئالدىدا تەمتىرەپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جىممىدە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. . .

چۇ يەنچاۋ گېپىنى تۈگەتتى. ئەسلى ئۇ ئىچىنى بوشىتىۋالغىنى ئۈچۈن يەڭگىللەپ قېلىشى بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. جاۋابسىز بىر سوئال ئۇنىڭ قەلبىنى يەنىلا بېسىپ تۇراتتى. ئېھتىمال، بۇ سوئال تولىمۇ ئۇزۇندىن بېرى هازىرقىدەكلا ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇ كۆنۈپمۇ قالغاندۇ، ئانچە ئېغىر بېسىم هېس قىلماسلىقىدىكى سەۋەبمۇ شۇنىڭدىدۇ. ئۇ بۇ ئېغىر تاشنى قايتىدىن كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان مۇشۇ دەقىقىدىلا ئۇنىڭ ۋەزنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي هېس قىلىۋاتىدۇ.

چۇ يەنچاۋ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بىرەر ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا جىممىدە قاراپ ئولتۇردى. ئۇنى پارتىيە ئەۋەتكەندىن كېيىن، چۇ يەنچاۋ ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى رەت قىلسا

بولمايدۇ ـ دە! پارتىيىنى ئانا ئورنىدا كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ-غا بالىغا ئوخشاش سەمىمىي بولۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ كۆڭلىدى-كىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلغاندىكىن، «ئىلگىرىكىدەك ئا-قىۋەتكە قالارمەنمۇ؟» دەپ ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. جېڭ شاۋجېڭنىڭ تەنقىدىنى كۇتۇۋاتقان چاغدا، چۇ يەنچاۋنىڭ قەلبى بوشقىنا تىترەپ ئۆتتى.

جېڭ شاۋجېڭ ئىپادىسىز بىر ھالەتتە ئاغزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىپ تۇراتتى. چۇ يەنچاۋنىڭ ئاجايىپ ئىلمە تارى-خىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان، ھەتتا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق كۆ-ڭۈلسىز ئىشقا يولۇقۇپ باقمىغان بۇ ياش «بولشېۋىك» قا ئوقۇت-قۇچىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بىر قارىسا ئاددىيدەك، يەنە بىر قارىسا مۇرەككەپتەك بىلىنىدى.

ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى. پەلەك چاقىنىڭ بۇ-رۇنقىدەك رەۋىشتە يەنە بىر قېتىم رەھىمسىزلەرچە چۆرگىلەيدى-غانلىقىنى چۇ يەنچاۋنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ بولغانىدى.

— سىزنىڭ دادىڭىز . . . ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسى قان-داقراق ئىدى؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى جېڭ شاۋجېڭ.

— بىلمەيمەن، — چۇ يەنچاۋ بۇنداق ساددا سوئالغا جاۋاب بېرىشنى ئەسلا خالىمايتتى، — ئۇ چاغ ھازىرقىغا ئوخشامدۇ دەيسىز، «ئىپادە» توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. پەزىلە-تىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، مەلۇماتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىمۇ بىرەر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسە كېرەك. سۇڭ سۇلا-لىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەي جىڭ تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل ئادەم ئىدى، خەتتاتلىقتىمۇ قالتىس كارامىتى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ سىياسىي سەھنىدە بىرمۇنچە پالاكەتكە ئۇچرىغان تەلەيسىز ئادەم بولۇپ قالدى، — چۇ يەنچاۋ دادىسىنىڭ تەرىپىنى قىلىشنى خا-لىمىغىنى ئۈچۈنلا بۇ مىسالنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى.

— مەن دادىڭىزنىڭ سىياسىي مايىللىقىنىڭ قانداقلىقىنى سوراۋاتىمەن، — جېڭ شاۋجېڭ يەنىلا شۇنداق ئەستايىدىل قىياپەتتە سورىدى، — ئانىڭىز بىلەن نۇرغۇن يىل بىللە ياشىغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە ئانچە - مۇنچە تەسىراتقا ئىگە بولماي قالمىغانسىز؟

— بۇنى بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ سىياسىي شەخس بولمىسا، ئېھتىمال سىياسىي رول ئېلىپمۇ يۈرمەس ئىدى. ئەگەر ئۇنى راستىنلا سىياسىي شەخس دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ شۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاشكارىلىشى مۇمكىن ئەمەس، — چۇ يەنچاۋ مۇجمەللا جاۋاب بەردى، — ئانامنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇ لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنى جىق ئوقۇپتىكەن.

جېڭ شاۋجېڭنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— مانا بۇمۇ ئۇنىڭ مايىللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ - دە! ئېھتىمال سىزنىڭ دادىڭىز لۇشۈننىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان روشى، بەي ماڭ، خۇ يېپىڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىياتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياشلارنىڭ بىرى بولغىيدى. . . — جېڭ شاۋجېڭ ئوقۇتقۇچىسىغا پايدىلىق سەۋەبنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئويىچە بولغاندا، چۇ مۇئەللىمنىڭ دادىسى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن ئوت يۈرەك كىشى بولۇشى كېرەك ئىدى.

— بۇنداق ئويلاشقىمۇ بولىدۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ جېڭ شاۋجېڭنىڭ سۆزىدىن ئۇنچە خۇشال بولۇپ كەتمەي، — لېكىن، پەرەز دېگەن بەربىر پەرەز، ھېچقانداق پاكىتى يوق. دادامنىڭ ماقالىلىرى ئېلان قىلىنمىغان. دادام يازغۇچى ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مەن لۇشۈننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىگە قاراپ باقتىم، لۇشۈنگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. ھېچقايسىسىدا دادام توغرۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇق بىر نېمە دېيەلمەيتۇ. ئېھتىمال، دادام لۇشۈننى تونۇماس بولغىيدى. لۇشۈننىڭ كىتابلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئوقۇماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردا بىلىم ساھەسىدە كەسكىن پاسىلمۇ يوق ئىدى.

جېك شاۋجىڭمۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

— راست ئېيتىسىز، دادىڭىزنى لۇشۈننىڭ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ ئەھۋالى خۇ فېڭ، فېڭ شۈفېڭ، شۇ جۇن، دىڭ لىڭلارنىڭكىگە ئوخشاش مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن... كېيىن ئىنقىلابنىڭ كۆشەندىلىرىگە ئايلاندىمۇ تېخى!

جېك شاۋجىڭنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنىڭ ئورنىنى بايىقىدەكلا خۇنۇكلۇك ئىگىلىدى، كاللىسىدىكى ئاساسسىز، خەتەرلىك پەرەزلىرىمۇ نەگىدۇر غايىب بولدى.

چۇ يەنچاۋ ئوقۇغۇچىسىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تولۇق چۈشەندى، قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنى سەل پەسىيىپ قالغاندەك بولدى. ئەگەر لۇشۈن بۈگۈنگىچە ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرەر ئادەم چىقارمىدى؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمىغان يەردە، ئەلۋەتتە چۇ يەنچاۋنىڭ ئۆزى بىرەر قېتىم چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان دادىسى توغرۇلۇق ئالدىراپ گەپ قىلىشى ئۇرۇنسىز - دە! خەقلەر ئاللىبۇرۇن يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن ئادەم توغرۇلۇق ياخشى - يامان «پەرەز» لەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، ئۇ غەيرەتلىك بولۇپ ھەممىسىگە چىدىدى. ئەگەر ئادەم ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمەيدۇ دېگەن گەپ راست بولسا، بۇ دۇنيا قانچىلىغان ئەرۋاھ بىلەن توشۇپ كەتكەندۇ؟ ئېھتىمال، ئۇنىڭ دادىسى ئۇ ئالەمدە: «مېنىڭ روھىم خەقلەر قالدۇرغان تۈگىمەس جاراھەتلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. مەن ئۆزۈمگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم!» دەپ ئازابلىق نالە - پەرياد

قىلىۋاتقاندۇ؟
كاللىسى گادىرماچ خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن جېڭ
شاۋجىڭ ئۇندىمىدى. بىر ئۇبدان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئائىلە كې-
لىپ چىقىشى شۇنداق بولسا، سىياسىيغا چېتىلىپ قالغان دادى-
سى بولسا ـ ھە؟ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! بۇنداق ئادەمنى ئۇ
پارتىيىگە تونۇشتۇرسا بولارمۇ؟ پارتىيە ئۇنى قوبۇل قىلارمۇ؟
ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىشلىرى چۇۋۇلۇپ
چىققىلى تۇرسا ھەرقانداق بىر ئېھتىماللىق يۈز بېرىشى مۇم-
كىن. ئۇ چاغدا مۇئەللىمى ئاللىبۇرۇن ھۆكۈم چىقىرىلىپ
بولۇنغان ئادەملەردىنمۇ ئارتۇق ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرايدۇ.
جېڭ شاۋجىڭنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئەسلىدە ئۇ ئۇنىڭغا
پارتىيىنىڭ ئىشىكىنى قارامىلىق بىلەن «ئېچىپ» بەرمەسلىكى
كېرەك ئىكەندۇق. ئەمدى بۇ ئىشىكنى ياپقىلىمۇ، ئاچقىلىمۇ
بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر چۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ بەرگەن
ۋەدىسىنى راست دەپ قىلىپ پارتىيە تەشكىلىنى ئىزدەپ بارسا
قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا جېڭ شاۋجىڭ ئۆزىگە ئۆزى بالا
تېپىۋالامدۇ؟ ياق، ئوقۇتقۇچىسى بۇنداق قىلمايدۇ. كەيپىياتى-
نىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىغاندا پارتىيە تەشكىلىنى ئىزدەپ بېرىشقا
جۈرئەت قىلالمايدۇ. لېكىن، ئەمدى جېڭ شاۋجىڭنىڭ ئۆزىمۇ
پارتىيىگە كىرىش سەپەرۋەرلىكىنى خالىغانچە قوزغاشقا جۈرئەت
قىلالمايدۇ. ئەمدىكى بىردىنبىر چىقىش يولى چېكىنىش! ئى-
سىت، ئۇ چوڭ ئۈمىد بىلەن كېلىپ ئەمدى مەيۈس كېتىدىغان
بولدى ـ دە!
— ھەي ـ ي! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ چۇ مۇئەللىمگە
ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك ھەم ياردەم بېرىشكە ئۆزىمۇ ئامالسىز-
دەك بىر تەرزدە ئۇھسىنىپ، — نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
پارتىيىگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق
ئائىلىدە كېلىپ چىقىشىنى خالىغانچە تاللىيالمايدۇ. ئەمما،

قايسى ئىنقىلاب يولىدا مېڭىشنى تاللاشقا تامامەن بولىدۇ!

چۇ يەنچاۋ جېڭ شاۋجىڭنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ قىلىۋاتقان بۇ ھېسداشلىقىغا، تەنبىھ ئارىلاشقان تەسەللىسىگە چىديالماي قېلىۋاتاتتى. چۇ يەنچاۋغا ئايان، جېڭ شاۋجىڭ ئۇنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىدە ھېلىقى ئادەملەرنىڭ قاتارىغا چىقىرىۋەتتى.

— بۇنى بىلمەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئاخىر چىدىيالماي، — سىز بەي شۇلى، شيې چيۇسىلارغىمۇ دائىم شۇنداق دەيتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپنىڭ تېگىدىكى زەردىنى چۈشەنگەن جېڭ شاۋجىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا تىكىلىپ قاراپ قويدى. ئۇ ئىلگىرى بايىقىدەك گەپلەرنى قىلغاندا بەي شۇلى، شيې چيۇسىلارنىڭمۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭكىدەك كەيپىياتتا بولغانلىقىنى خىرە - شىرە سەزگەنىدى. ئەجەبا، چۇ مۇئەللىممۇ ئىدىيە چوڭقۇرلۇقىدا شۇلارغا ئوخشاش تەسىراتتا بولسا - ھە؟ ئەسلىدە. . .

خوشلىشىشقا تەييارلىنىپ بولغان جېڭ شاۋجىڭ يەنە مىختەك ئولتۇردى:

— چۇ مۇئەللىم، پارتىيىنىڭ سىنىپي لۇشيەنى ناھايىتى ئېنىق ۋە مۇستەھكەم، بىز چوقۇم توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك، بىر ئادەم قانداق ئائىلىدە كېلىپ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغانلا بولسا، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ. سىز مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم، مەن سىزنى ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتىمەن. سىنىپىمىزغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ بىزگە ئۈلگە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر بىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ چىرىتىشىگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. يەنە ھەرقايسى جەھەتلەردە ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. . .

چۇ يەنچاۋ ئاچچىقىدا جىڭ شاۋجىڭنى ياتاقتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. بۇنداق تەلىملەرنى ئۇ ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلىغان. ئۆز ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ قايسى سىنىپقا تەۋە ئىكەنلىكىنى، يەنە قانچىلىك «چىرىتىش»كە ئۇچرىغىنىنى هازىرغىچە بىلمەي كېلىۋاتسا! لېكىن، جىڭ شاۋجىڭنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىدە قېلىپلىشىپ قالغان كونا سۆزلەرگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر پۇراق بار ئىدى، جىڭ شاۋجىڭ «سىز ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەسىر بېرىۋاتىسىز» دەپ يوشۇرۇن «بېشارەت» بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمە؟ مەن ئوقۇغۇچىلارنى يامان يولغا باشلاپتىمەنمۇ؟ ئەگەر مەن لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچى بولسام، تەشكىلگە بېرىپ. . .

— چۇ مۇئەللىم، هاياجانلانماڭ. سىزنى هۆرمەتلىگىنىم، ئابرۇيىڭىزنى قوغداۋاتقىنىم ئۈچۈنلا سىزگە مۇشۇنداق دەۋاتىمەن، — جىڭ شاۋجىڭ سۆھبەت كەيپىياتىنىڭ تۇيۇقسىز جىددىي تۈس ئالغانلىقىدىن ھودۇقۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭ بايىقى «بېشارىتى» ئاساسسىز ئەمەس ئىدى، بىر چىگىش سوئال جىڭ شاۋجىڭنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى. بايا ياتاققا كىرگەندە تىلغا ئېلىشىنىڭ هاجىتى يوق دەپ قارىغان بۇ چىگىش تۈگۈن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇھىمدەك، جاۋابىنى ئوڭايلا تاپقىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى، — بىر ئىش بار ئىدى. ئەسلى سىز بىلەن سۆزلەشكۈمۇ يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىشقا ئىشەنمەي كەلگەنىدىم. لېكىن، سىنىپتا سىز توغرۇلۇق بەزى گەپلەر بولۇۋاتىدۇ. يەنىلا دىققەت قىلغىنىڭىز ياخشىمىكىن. . .

بايىقى «بېشارەت» نىڭ راستىنلا ئاساسى بار ئىكەن ـ دە! چۇ يەنچاۋ جىڭ شاۋجىڭنىڭ گەپنى ئەگىلدۈرۈپ يۈرۈپ زادى نېمە دېمەكچى بولغىنىنى پەملىيەلمىگەن بولسىمۇ، قورقۇپ كەتمىدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەن يەتتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ ئائىلىسىنىڭ نەسىھىتى بويىچە «ياخشى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوقۇش، ياخشى ئادەم بولۇش» ۋە ئەمدى يەنە «ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇش» يولىدا ئىزدەنگەندىن باشقا خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ باقمىغانىدى!

— نېمە گەپ بولسا ئۇدۇل دەۋەرمەمسىز، — جېڭ شاۋجېڭنىڭ سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈشىدىن بىزار بولغان چۇ يەنچاۋ: «بەك چېڭىغا چىقسا سىنىپ مەسئۇللۇقىنى قىلماي ياتقىمدا خاترجەم تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنارمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاددىي ئەمەس ئىدى.

— ساۋاقداشلار ئارىسىدا بىر گەپ تارقىلىپ يۈرۈپتۇ، — جېڭ شاۋجېڭ گەپنى ئۇدۇللا ئېيتتى ۋە كىنودىكى قايسىبىر سىياسىي رەھبەرنى دوراۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە چىشىنى چىشلەپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چۇ يەنچاۋغا تىكىلدى، — سىزنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ!

چۇ يەنچاۋ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، بىر تال ئوق تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

چۇ يەنچاۋنىڭ يۈزى ۋاللىدە قىزاردى. ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمىغان يىگىرمە ئالتە ياشلىق بىر يىگىت باشقىلارنىڭ ئۆز ئالدىدىلا نىكاھ، مۇھەببەت ئىشى ئۈستىدە سۆز ئاچقىنىنى ئاڭلىغاندا، دېيىلگەن مەزمۇننىڭ ئەينەن ياكى ئەينەن بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، خىجىللىق ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. دۇنيادا مۇھەببەت توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقمىغان بىرەر ياش بولمىسا كېرەك. مۇھەببەت ئۇرۇقى ھەر بىر قەلبكە چېچىلغان بولىدۇ، ئۇ بالدۇرراق بىخ سۇرۇپ قەلب ئېتىزىدا ئۆزۈنغچە ساقلىنىپ قالالىشىمۇ، ھەش - پەش دېگۈچە پىشىپ يېتىلىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك ريازەتلەردىن كېيىن ئاخىر سولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مۇھەببەت مۇقەددەس ھېسسىيات، مۇۋاپىق پەيتنى تاپمى-

غۇچە ئىگىسىگە گاھى راستتەك گاھى يالغاندەك تۇيۇلۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلىماي تۇرىدۇ. لېكىن، كىشى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن چېغىدا، بۇ ھېسسىيات ئاللىبۇ-رۇن پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. چۇ يەنچاۋ دەرھاللا سىنىپ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلىگەن بىر يىلدىن بۇيانقى سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەپ باقتى. ئۇنىڭغا بايىقى گەپ يالغۇز جېڭ شاۋجىڭنىڭلا ئەمەس، ئۆزىنى تونۇيدىغان بارلىق ئادەملەرنىڭ گېپىدەك، سانسىز كۆزلەر ئۆزىگە مىختەك قادىلىۋاتقاندەك، جىمى كۆڭۈل سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. سۇر-لۇك سوتچىنىڭ ئالدىدا دەماللىققا ئۆزىنىڭ جىنايىتى بار - يوقلۇقىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئادەمدەك قەلبىگە ساراسىمە چۈشتى. monitor ياش ئوقۇتقۇچىسىنى تەشۋىشكە سېلىپ قوي-دى. ئېھتىمال، چۇ يەنچاۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چېچىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان يوقالغانمۇ بولاتتى. لېكىن بۇنداق بولمىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى بايىقى گەپنىڭ ئۇنىڭ تازا نازۇك يېرىگە تەگكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى. سۆز - چۆچەك دېگەننىڭمۇ ئازراق ئاساسى بولماي قالمايدۇ، چۈنكى، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ - دە...

— چۇ مۇئەللىم، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە توغرا قاراش كېرەك! — جېڭ شاۋجىڭ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈۋالدى. ئەمما، كۆرەڭلىك بىلەن ئەمەس، بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە ئوقۇتقۇچىسىغا تەربىيە بېرىشكە باشلىدى، — ئەلۋەتتە، مۇھەببەت ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆيۈش ھوقۇقى، سۆيۈش ئەركىنلىكى بولىدۇ. لې-كىن، بۇ يەردە بىر پرىنسىپ بولۇشى كېرەك. ياشلار مۇھەببەت كوچىسىدا مەست بولۇپ كەتمەي ئاۋۋال ئىنقىلاب ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك. ساۋاقداشلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرە-

كى مۇھەببەتلىشىپ بىزنىڭ بېشىمىزنى قاتۇرۇۋاتقان بىر چاغدا، ئوقۇتقۇچىمىزمۇ بۇ ئىشقا باشچىلاپ كىرىپ كەتسە، بىز سىيا-سىي خىزمەتنى قانداق ئىشلەيمىز؟ مەكتەپ پارتكومى بۇ ئىشتا ياخشى ئىستىل تىكلەشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن سىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى...

— مەن... ئۈلگە بولالماپتىمەنمۇ؟... مۇھەببەتلە-شىۋېتىپتىمەنمۇ؟ — چۇ يەنچاۋ پىچىرلاپ دېگۈدەك شۇنداق دې-دى. ئۆزىگە تولىمۇ ئىشىنىدىغان بىر ئادەم شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىنۋاتاتتى. ئۇ جېڭ شاۋجېڭنىڭ كۆزەتچىلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۆزى خىرە-شىرە ھېس قىلغان نەرسىنى تەھلىل قىلىشىغا، پەرق-لەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۇ-نى ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىشىنىپ ئولتۇراتتى...

جېڭ شاۋجېڭنىڭ گېپى تېخى رەسمىي دېيىلمىگەنىدى. لېكىن، كۈتمىگەندە ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆھ-بىتى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى.

چۇ يەنچاۋغا نېمىشقىدۇر ئىشىكنى چەككۈچى خەن شىنيۆ-دەكلا تۇيۇلدى. ياق، شىنيۆ دەم ئېلىۋاتقان ئادەم تۇرسا بۇ يەرگە قانداق كېلەلەيدۇ؟

ئىشىكتىن زىلۋا بىر قىز كىرىپ:

— چۇ مۇئەللىم! — دەپ ئاستاغىنە چاقىردى.

بۇ شيې چيۇسى ئىدى. خەن شىنيۆ مەكتەپتىن ئايرىلغان-دىن كېيىن، ئۇنىڭ سىنىپتىكى ئەلاچىلىق ئورنىنى شيې چيۇ-سى ئىگىلىگەنىدى. بۇ قىز چۇ يەنچاۋنىڭ ياتىقىغىمۇ پات-پات كېلىپ تۇراتتى.

— ھۇي، monitor مۇ بۇ يەردىكەن-دە؟ — شيې چيۇ-سى كۈلۈمسىرىگىنىچە جېڭ شاۋجېڭغا يالتىيىپ قاراپ قويدى،

ئاندىن بۇرۇلۇپ قولىدىكى «قىزىل ۋە قارا» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابنى مۇئەللىمگە كۆرسەتتى ۋە تەلەپپۇزىنى چۇ يەنچاۋنىڭ يۇرتىنىڭ دىئالېكتىغا ماسلاشتۇرۇپ دېدى، — چۇ مۇئەللىم، بۇ روماندىكى بىر جۇملە بەك مۇرەككەپ ئىكەن، ماڭا چۇشەندۇرۇپ قويامسىز؟

شيې چيۇسىنىڭ پاراڭ ئۇستىگە كىرىپ قېلىشى جېڭ شاۋجىڭنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. تازىمۇ بىمەنە ۋاقىتتا كەلگىنىنى بۇنىڭ! هازىر مۇئەللىم ئۆزىنىڭ قىزىل ياكى قارىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان يەردە ساڭا بىر نەرسە چۇشەندۇرۇشكە نەدىكى رايى؟

جېڭ شاۋجىڭ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— چۇ مۇئەللىم، بىز باشقا كۇنى پاراڭلىشايلى. مېنىڭ گېپىمنى تەكلىپ ئورنىدا ئويلىنىپ باقارسىز.

جېڭ شاۋجىڭ شۇنداق دەپ چىرايىنىمۇ ئاچماستىن چىقىپ كەتتى.

ھېچنېمىنى سەزمىگەن شيې چيۇسى بايىلا بوش قالغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە قولىدىكى قېلىن كىتابنى ئاچتى.

— ساۋاقداش شيې چيۇسى، — دېدى چۇ يەنچاۋ كۆڭلى پاراكەندە هالدا. ئۇ «قىزىل ۋە قارا»نى شۇنچە جىق ئوقۇغىنىغا قارىماي ئەمدىلىكتە دىققىتىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كىتابنىڭ قۇرلىرىغا يىغالمايۋاتاتتى، — سوئاللىرىڭىزنى ئەتە ئىنگلىز تىلى دەرسى ۋاقتىدا سورىسىڭىز بولامدۇ؟ هازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى. بەربىر تەھلىل قىلىشقا ئۇلگۇرەلمەيمىز. مېنىڭ. . . يەنە باشقا ئىشلىرىممۇ بار. . .

— بولىدۇ! — دېدى شيې چيۇسى ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىسىغا جۇملە تەھلىل قىلدۇرۇش ئويىمۇ يوقتەك مۇلايىم ئاهاڭدا، — چۇ مۇئەللىم بەك ئالدىراش ئىكەن - دە!

شيې چيۋسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە قوپماي تۇرۇۋېلىشى چۇ يەنچاۋنىڭ جىنىغا تەگدى. قىز بۇنى ئاز كەلگەندەك شىرەگە يېيىپ قويۇلغان «خەلق گېزىتى»نى مۇنداقلا ۋاراقلاشقا باشلىدى.

نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى شيې چيۇسى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ گېزىتنى بىردەم ئۇيان - بۇيان ئۆرىگەندىن كېيىن تاشلاپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا چۇ يەنچاۋنىڭ تەرجىمە قىلىۋاتقان نەرسىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. شيې چيۇسى ئورىگىنالغا پەرۋاسىز ھالەتتە مۇنداقلا قارىغاچ بىرىنچى بەتنى قولىغا ئالدى:

— چۇ مۇئەللىم، ماقالە يېزىۋېتىپسىز - دە؟ ئىنگلىزچە ماقالىلەرنى جۇڭگودا ئېلان قىلدۇرغىلى بولامدۇ؟

چۇ يەنچاۋ ئاچچىقىدا شيې چيۇسىنىڭ قولىدىن ھېلىقى بىر ۋاراق قەغەزنى تارتىپ ئېلىۋالغۇدەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— بۇ مېنىڭ ماقالەم ئەمەس، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تەرجىمە قىلىۋاتقانىدىم...

— كىمنىڭكىنى؟ — شيې چيۇسى ئورىگىنالنى تولۇقى بىلەن قولىغا ئېلىپ ھېلىلا ئوقۇپ تۈگىتىدىغاندەك ئالدىراپ كۆز يۈگۈرتكەچ تووۋلىۋەتتى، — پاھ، نېمىدېگەن قالتىس! چۇ مۇئەللىم قالتىسكەن جۇمۇ! تەرجىمان ئىكەنسىز - دە!

...

چۇ يەنچاۋ شيې چيۇسىنى مىڭ تەسلىكتە كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى ۋە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئېغىر ئۇھسىندى. بۇ تارغىنا ياتىقى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم زېرىكىشلىك كامېردەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ قەپەستىن چىقىپ كەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن نەگە بارغۇلۇق؟ تۇرمۇش تىنچ ياشاشنى ئويلاۋاتقان ئادەمنى نېمىدەپ ئارامىدا قويمايدۇ - ھە!

چۇ يەنچاۋ ئېغىر خىيال بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ياتاتتى.

هازىر ئۇخلىيالايدىغاندەك ئەمەس، سىرتتىن يامغۇرنىڭ تارسىل-
داپ چۈشكىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئەتىسى شامال ئارىلاش يامغۇر ياغدى. چۇ يەنچاۋ ئۆيدىن
ئېلىپ كەلگەن كونا كۇنلۇكنى ئېلىپ دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن
ماڭدى. ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ كۇنلۇكنى دادىسىنىڭمۇ ئىشلەتكەنلى-
كىنى ئېيتقانىدى.

چۇ يەنچاۋ سىنىپنىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ جېڭ شاۋ-
جىڭنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام دېگەن گېپىنى تۇيۇقسىز ئەسكە ئالدى
ۋە ئەندىشە ئىچىدە: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە خۇنۇكلىشىپ
كەتكەن بولماي ـ هە؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. جېڭ
شاۋجىڭنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالىغۇدەك جۈرئەت
ئۇنىڭدا بارمىكىن؟ يەنە تېخى «سۆز ـ چۆچەك» قىلىشقان
ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار... ياق، جېڭ شاۋجىڭمۇ، باشقىلارمۇ
ئوقۇتقۇچىنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇ
كەسپىي غۇرۇر تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە دەرهال كۆڭلىنى جا-
يىغا چۈشۈرۈۋالدى.

دەرس باشلاندى. پىلان بويىچە بۇ سائەتلىك دەرستە ئوقۇ-
غۇچىلارغا دەرسلىكتە ئۇچرىغان قىيىن جۈملىلەر تەھلىل قىلى-
ناتتى. شيې چيۇسى قولىنى كۆتۈرۈپ سوئال سورىدى. «قى-
زىل ۋە قارا»نى سىنىپقا كۆتۈرۈپ كىرگىلى بولمىغاچقا، ئۇ
ئەسەردىكى بىرقانچە تېپىك جۈملىنى تاللاپ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەھ-
لىل قىلىپ بېرىشىگە قالدۇرغانىدى. شيې چيۇسى كىتابنى
ناهايىتى ئەستايىدىل ئوقۇيتتى، تېپىك ئەهمىيەتكە ئىگە سوئال-
لارنى سورايتتى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇنداق سوئالغا بەرگەن
جاۋابىمۇ ئومۇمىيلىق خاراكتېرگە ئىگە بولاتتى.

چۇ يەنچاۋ ئۆزىگە تولىمۇ تونۇش مۇنبەرنىڭ ئالدىدا بىمالال
دەرس سۆزلەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ گېپى يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئارقا رەتتە ئولتۇرغان بىرقانچە ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسكە دىگەن- دەك دىققەت قىلماي باشقا ئىش قىلىپ ئولتۇرغىنىنى سېزىپ قالغانىدى. ئىلگىرى: «ئۆگىنىشتە زورلاش، مەجبۇرلاش ئۇسۇ- لى ئاقمايدۇ» دەپ جىق سۆزلىگەن چۇ يەنچاۋ ئەمدىلىكتە ئوقۇ- غۇچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىغىنىنى سېزىپ تەشۋىشكە چۈ- شۈپ قالدى. ئۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنى قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتار دىگەن ئۈمىدتە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن سىنىپنىڭ تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئوقۇ- غۇچىلار ئارقىغا بويۇنداپ قارىغىلى تۇردى.

چۇ يەنچاۋنىڭ كۆزى ئەڭ ئاخىرى تاڭ جۇنشېڭگە چۈشتى. يېنىدىكى ئوقۇغۇچى تاڭ جۇنشېڭنىڭ دەرسلىك كىتابىدىن بىر- نەچچە ۋاراق قەغەزنى تارتىپ چىقىرىپ ئالدى - كەينىدىكى ساۋاقداشلىرىغا كۆرسىتىشكە باشلىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تاڭ جۇنشېڭ ئالدىراپ - تېنەپ قەغەز- لەرنى قايتۇرۇۋالدى.

جېڭ شاۋجېڭ چىدىيالماي ئورنىدىن تۇردى:

— تاڭ جۇنشېڭ، نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسەن؟

تاڭ جۇنشېڭ چىشىنى چىڭ چىشلەپ بېشىنى تۆۋەن سالغى- نىچە:

— ئويۇن؟ ھېچقانداق ئويۇن ئوينىمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

تاڭ جۇنشېڭنىڭ پوزىتسىيىسى بەكلا قوپال ئىدى، تۇرقى- دىن سىنىپ باشلىقىنى نەزەرىگە ئىلىپمۇ قويمىغاندەك قىلاتتى. جېڭ شاۋجېڭ پارتىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل بارغان پېتى ھېلىقى قەغەزلەرنى تارتىۋالدى:

— نېمە تارقىتىۋاتىسىلەر؟

ئېنىق بىر قارارغا كېلىپ بولغان تاڭ جۇنشېڭ پەرۋاسىز-

لىق بىلەن دېدى:

— سورىغىنچە ئۆزىڭىز كۆرسىڭىزلا بولىدىغۇ!

چۇ يەنچاۋ مۇنبەردە ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. جېڭ شاۋجىڭنىڭ قىلغان ئىشى ئۇنىڭغا ياقمىغانىدى. ھەممەيلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغاندىكىن، بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمما، بولغۇلۇق بولغان، ئەمدى ئىشنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى.

جېڭ شاۋجىڭ ھېلىقى قەغەزلەرنى پارتىغا يېيىپ قۇر تاشلاپ يېزىلغان ئىنگلىزچە خەتلەرنى كۆردى ۋە ھەممەيلەننى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

— مۇھەببىتىم قالدى. . . — ئۇ باشتىكى بىرنەچچە سۆزنى ئوقۇپ بولۇپ، قەغەزنى غەزەپ بىلەن تاڭ جۈنشېڭنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — يازغان نېمەڭنى قارا؟ ئۆزۈڭ ئوقۇ!

— ئوقۇش نېمە تەس؟ — تاڭ جۈنشېڭ پەرۋاسىزلارچە قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى ئىنگلىزچە يېزىلغان، قاپىيىلىرى تازا جايىغا چۈشكەن قىسقا بىر شېئىر ئىدى. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسى مۇنداق بولاتتى:

مۇھەببىتىم قالدى ئېگىز چوققىلاردا،
قولۇم يەتمەي قايتتىم يارنى ئىزدەپ بېرىپ.
بېشىم چۈشتى، يىغلاپ كەتتىم ھۆكرەك ئېتىپ.
بىر چىرايلىق قولياغلىقنى سوۋغا قىلسا،
بەرگەنىكەنمەن سوۋغا دەپ مەن مۈشۈكياپىلاق.
شۇندىن كېيىن كەتتى جانان يۈزىن ئۆرۈپ،
ئۇقالمىدىم، نە ۋەجىدىن چەكتىم پىراق.

مۇھەببىتىم قالدى ئاۋات شەھەرلەردە،

يول قىستاڭكەن ئۇندا، يارنى تاپالمىدىم.
باش كۆتۈردۈم، يامغۇر كەبى چۈشتى يېشىم.
قوش قارلىغاچ رەسىمىنى بەرگەندە يار،
بەرگەنكەنمەن ئۇقۇشماستىن زىخچە يېمىش.
شۇندىن كېيىن كەتتى جانان يۈزىن ئۆرۈپ،
گالۋاڭكەنمەن، دۆتلۈكۈمدىن بوپتۇ بۇ ئىش.

مۇھەببىتىم قالدى كەڭرى ساھىللاردا،
ئىزدەپ بارسام شۇنچە چوڭقۇر ئىكەن دەريا.
باش قىيسايتتىم، ئاقتى يېشىم سەل بوپ گويا.
بەرگەنكەنمەن سوۋغا قىلسا ئالتۇن سائەت،
مەن تەرلىتىش دورىسىنى نىگارىمغا.
شۇندىن كېيىن يۈزىن ئۆرۈپ كېتىپ قالدى،
گالۋاڭكەنمەن، داۋا بارمۇ پىغانىمغا.

مۇھەببىتىم قالدى پۈزۈر خانىلەردە،
ماشىنا يوق، يارنى ئىزدەپ بارالمىدىم.
باش ئىرغىتتىم، ياشقا تولدى ئۈستۈۋېشىم.
قىزىلگۈلنى سوۋغا قىلسا جانان ماڭا،
بېرىپتىمەن سوۋغا دەپ مەن چار يىلاننى.
شۇندىن كېيىن كەتتى جانان يۈزىن ئۆرۈپ،
ۋەجى نېمە، بوپتۇ تاپسۇن ئۆز يولىنى.

تاڭ جۇنشېڭ شېئىرنى راۋان ۋە قىزىقارلىق قىلىپ ئوقۇپ ساۋاقداشلىرىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
— تاڭ جۇنشېڭ! — ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ بولغان جېڭ شاۋجېڭ قەھرلىك ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — سەن بەك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ!

ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان شىي چيۇسىمۇ سەۋرسىزلىك بىلەن قول كۆتۈرگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ يۇرتدىشىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى:

— چۇ مۇئەللىم، تاڭ جۇنشېڭ نەدىكى لاۋزا بىر نېمىلەرنى دەرسخانىغا كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بۇ سىنىپىمىز ئۇچۇن نومۇس ئەمەسمۇ؟

ئىككى شاڭخەيلىكنىڭ ئاشكارا قارشىلىشىپ قېلىشى ئولتۇرغانلارغا تازا قىزىق تاماشا بولۇپ بەردى. بولۇپمۇ شىي چيۇسى «سەھرالىق» دەپ ياراتمايدىغان لو شيۇجۇ تاڭ جۇنشېڭنىڭ ئوقۇغانلىرىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئىككىسىنىڭ جاڭجىلىغا ئىچىدە تازا خۇش بولۇپ ئولتۇردى.

— نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ؟ — تاڭ جۇنشېڭ بوش كەلمەي شىي چيۇسىغا قاتتىق رەددىيە بەردى، — لاۋزا، نومۇس دەمسىنا تېخى؟ مۇشۇ گەپلىرىڭ ئۇچۇن ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالما يەنە! ساڭا دەپ قوياي: بۇ دېگەن لۇشۈننىڭ شېئىرى، كىم قارشى چىقالايتتى؟

ساۋاقداشلار بۇ گەپكە راستتىنلا ھەيران قالدى. تاڭ جۇنشېڭنىڭ ئوقۇغىنى لۇشۈننىڭ شېئىرى بولسا - ھە؟

— مۇمكىن ئەمەس! — جىڭ شاۋجىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئېسىگە كېلىپ ئىنكاس قايتۇردى، — لۇشۈن دېگەن مەشھۇر ئەدىب، ئىنقىلابىي جەڭچى تۇرسا، بۇنداق نەرسىلەرنى يازامتى؟

— ۋاي قوۋۇرغامەي، لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىگە ئازراق ئوخشىسا كاشكى! — دېدى شىي چيۇسى ئارقىدىنلا.

تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان لو شيۇجۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— لۇشۈنگە ھاقارەت قىلماڭلار، ئۇ مەن چوقۇنىدىغان كاتتا يازغۇچى.

سىنىپىنىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئەمدى چۇ يەنچاۋ

www.uyghurkitap.com

بىر نېمە دېمىسە بولمايتتى.
— بۇ ھەقىقەتەن لۇشۇننىڭ شېئىرى، تېمىسى «تۇنجۇق-
قان سۆيگۈم»، — دېدى ئۇ ئاخىر.
بۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن سىنىپنىڭ ئىچى يەرگە يىڭنە
چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئىمتاسلىققا چۆمدى. مەيلى ھەي-
ران قالغانلار ياكى مەيۈسلەنگەنلەر بولسۇن، چۇ مۇئەللىمنىڭ
لۇشۇننى چاقچاققا ئارىلاشتۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.
چۇ يەنچاۋ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنى مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئە-
سەرلەرنى يازمايدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. لۇشۇنمۇ ئادەم،
ھېسسىيات بار. لېكىن، بۇ شېئىرنى نوقۇل ھالدا ئۆز مۇھەببى-
تى توغرۇلۇق يازمىغان، ئەكسىچە بۇنىڭدا ئەينى يىللاردا ئەدە-
بىيات ساھەسىدە مودا بولغان «ئايرىلىش» تېمىسىدىكى «يىغلاڭ-
غۇ» شېئىرلارنى قامچىلىغان. ئۇنىڭ بۇ شېئىرى يۇمۇرلۇق
كۆرۈنگىنى بىلەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. «ئورتاق بىر نىشان
ئاساسىدا بىرلىشىش بولمىسا مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ، ‹ئاھ —
ۋاھ›، دەپ ھەسرەت چېكىشنىڭ، ‹ئۆلۈۋالىمەن› دەپ جار سې-
لىشنىڭ ھاجىتى يوق، تۇرمىغان مۇھەببەتنىڭ كەتكىنى تۇ-
زۇك» دېگەندەك بىر مەنىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شېئىردا تىلغا
ئېلىنغان بىرقانچە غەلىتە سوۋغا ساۋاقداشلارنى ھەيران قالدۇر-
غان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە لۇشۇن ئۆز تۇرمۇشىدىكى
بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇ شېئىرغا سىڭدۈرگەن. مۇشۇكياپې-
لاق بىلەن «جار يىلان» لۇشۇن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى
نەرسە. «شېكەر يالىتىلغان زىخچە يېمىش» لۇشۇن ئەڭ ياخشى
كۆرىدىغان يېمەكلىك. «تەرلىتىش دورىسى» غا كەلسەك، سىل كې-
سىلى بولغاچقا لۇشۇن بۇ دورىنى كۆپ قېتىم ئىشلەتكەن...
چۇ يەنچاۋنىڭ سالمىقى ئېغىر چۈشەندۈرۈشلىرى ئوخشىمى-
غان ھېسسىياتتىكى ئون بەش ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ

قىلىۋالدى.

— شۇنىمۇ دەپ ئۆتەي، تاڭ جۇنشېڭ لۇشۇننىڭ خەنزۇچە يېزىلغان شېئىرىنى ئىنگلىزچىگە شۇنداق ياخشى تەرجىمە قىلغان، ئۇنى تەقدىرلىسەك بولىدۇ. ئايرىم مىسرالارنى، يەنى «بېشىم چۇشتى...، باش كۆتۇردۇم...» دېگەنگە ئوخشاش مەنىسى جىق پەرقلەنمەيدىغان مىسرالارنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغاندا ھەم ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۇرۇش ھەم ئىنگلىز تىلىنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. تاڭ جۇنشېڭ شېئىرنىڭ تەرجىمىسى ئۇستىدە يەنە ئىزدىنىپ باقسا بولغۇدەك. ئەمدى بىز بۇ شېئىرنىڭ تەرجىمىسىدىكى جۇملە شەكىللىرىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى...

دەرسكە مۇناسىۋەتسىز مەزمۇن قېتىلغانلىقتىن بۇگۇنكى دەرسنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتتى. چۇ يەنچاۋ دەرستىن چۇشكەندە سائەت ئون ئىككى يېرىم بولغانىدى. ئۇ بىنادىن ئالدىراپ چۇشۇپ كۇنلۇكىنى ئېگىز كۆتۇرگەن پېتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى تەرەپكە قاراپ يۇرۇپ كەتتى.

— چۇ مۇئەللىم! — مايسا رەڭلىك ھەربىيچە فورما كىيگەن جېڭ شاۋجېڭ ئارقىدىن يېتىشىپ كەلدى.

چۇ يەنچاۋ قەدىمىنى توختاتتى. ئۇنىڭ كۇنلۇكىنىڭ چۆرىسىدىن يامغۇر تامچىلىرى چۇشۇپ تۇراتتى.

— چۇ مۇئەللىم، — دېدى جېڭ شاۋجېڭ. ئۇ شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن چۇ يەنچاۋنىڭ ئالدىغا ئۆتۇپ بولغانىدى. پېشانىسىدە ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ئېسىلىپ قالغانىدى، — بۇگۇن چۇشتىن كېيىنكى تۇرمۇش يىغىنىنى...

— ھە راست، — چۇ يەنچاۋ بۇگۇن سىنىپ يىغىنى بارلىقىنى دەرھال ئەسكە ئالدى. ئادەتتە ھەر شەنبە كۇنى ئوغۇللار ياتىقىدا «تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد» مەزمۇنىدىكى سىنىپ يىغىنى ئېچىلاتتى. بۇنداق يىغىنغا بۇرۇندىن تارتىپ جېڭ شاۋ-

www.uyghurkitap.com

جىلغ رىياسەتچىلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. سىنىپ مەسئۇلى قاتتىق ناشسىمۇ، قاتناشمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. جېلغ شاۋجىڭنىڭ ئاتا-يىن ئارقىدىن يېتىشىپ كېلىپ ئۇقتۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يىغىنغا قاتنىششىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — نېمە مەزمۇن؟

— سىنىپ ئىستىلىنى تۈزەش! — جېلغ شاۋجىڭ بىر قولىنى چىقىرىپ يۈزىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنى سۈرتۈۋەتتى، — قاردامامسىز، سىنىپىنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى! سىزنىڭچە ئىستىل تۈزەشنىڭ ھاجىتى باردۇ؟

— بۈگۈن سىنىپتا دەرس ئىنتىزامىنىڭ بۇزۇلغىنى ئۇ-چۇنلىمۇ؟ — چۇ يەنچاۋ بەك ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىدى، — بۇ قانچىلىك ئىشتى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى شۇنداق قاتتىق باشقۇرۇۋالساق. . .

— سىز بۇنى پەقەت ئىنتىزام مەسىلىسى دەپلا قارامسىز؟ بىر خىل ساغلام بولمىغان ئىدىيە سىنىپىمىزدا يامراپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇلۇڭ - پۇچقاقتا بولىدىغان غۇلغۇلا ئەمدىلىكتە سىنىپتا ئوچۇق - ئاشكارا بولىدىغان بولدى. مەن سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، چۇ مۇئەللىم!

— مەندىن؟ . . . — چۇ يەنچاۋ ھەيران قالدى. جېلغ شاۋجىڭنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغان بىر ئېغىز گېپى قۇلاق تۈۋىدە يەنە جاراڭلىدى، — سىزنى. . . ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى ئىش ئاشۇ «غۇلغۇلا» نىڭ ئىنكاسى ئەمەسمۇ؟

تېڭىرقاپ قالغان چۇ يەنچاۋ ئەمدى ئىختىيارسىز جىددىيلىشىشكە باشلىدى. چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ جېلغ شاۋجىڭنى دەرستىن باشقا چاغلاردا رەھبىرىدەك سېزىدىغىنىنى، بۇ قىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن «كۆزىتىش» ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى دەرھال تونۇپ يەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئائىلە تارىخ-

دىن تارتىپ روھىي دۇنياسىغىچە ھەممىنى بىلىۋالغاندەك تۇيۇ-
لۇۋاتاتتى...

— سىز راستىنلا سەزمىدىڭىزمۇ؟ — جېك شاۋجېڭ ئو-
قۇتقۇچىسىنىڭ دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىدىن نارازى بو-
لۇپ ئىلاجسىز قوشۇپ قويدى، — سىنىپتىكى باللار شيې
چيۇسى بىلەن سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپ تېپىپتۇ.

— نېمە؟ شيې چيۇسى بىلەن دەمسىز؟ — چۇ يەنچاۋ
داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. جېك شاۋجېڭ تونۇگۇن ئۆزىگە پۈرۈ-
تىپ ئۆتۈپ كەتكەن گەپنىڭ جاۋابى مۇشۇ ئىكەندە؟ ئۇ مۇشۇ
گەپ بىلەن بىر كېچە ئۇخلىماي چىقمىغانمىدى، ئۇنىڭ مۇشۇن-
داق بىر ئېغىز گەپ ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان! چۇ يەنچاۋ
سوتتا «گۇناھسىز» دەپ قويۇپ بېرىلگەن ئەيىبكاردەك يېنىك
تىن ئالدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— نېمىدېگەن غەلىتە گەپ بۇ؟ قانداق بولۇپ بۇ گەپ
تارالدى؟

چۇ يەنچاۋنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى جېك شاۋجېڭنى ئاۋاي-
لاپ سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى:

— شۇنى دېمەمسىز، مەنمۇ ھەيران قالدىم. ھەممەيلەن-
نىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. ئۇلار، بىز ھەممىنى بىلىمىز، دېيىشى-
ۋاتىدۇ...

— ھە؟ — چۇ يەنچاۋ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزى باش قەھ-
رىمان بولغان بۇ مۇھەببەت ھېكايىسى ئۈستىدە زادى نېمىلەرنى
بىلىمىز دېيىشكىنىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

— ئۇلار شيې چيۇسىنى سىز بىلەن جىق ئۇچرىشىدۇ
دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ئۇنى تونۇگۇن بېيجەيدە
ئۇچرىتىپ قالدىم...

— مەن دېگەن ئوقۇتقۇچى، ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچى
مېنى ئىزدىسە بولىۋېرىدۇ. تونۇگۇن سىزمۇ بارغۇ؟

— مەن. . . — جېڭ شاۋجىڭ دەماللىققا تۇرۇپ قالدى. لېكىن ئۇنى شيې چيۇسىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ - دە، شيې چيۇسىنىڭ بېيجەيگە نېمە مەقسەتتە بارىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ — بەلكىم سىلەر بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن باشقىلارغا قارىغاندا يېقىن ئۆتىدىغانسىلەر. . .

چۇ يەنچاۋ قوشۇمىسىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تۇرۇپ قويدى:

— بىر يۇرتلۇق؟ بىر يۇرتلۇق بولۇش نېمىنى چۇشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟ ھېسسىيات دېگەن رايونغا قاراپ ئايرىلىدىغان نەرسە بولمىسا؟

جېڭ شاۋجىڭ مۇئەللىمنىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋېتىپ: «لېنىننىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەملەر سىنىپقا ئايرىلىدۇ. شيې چيۇسى بىلەن چۇ مۇئەللىم. . . بولدىلا، بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى ھامان تاپقىلى بولىدىغۇ!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— بۇرژۇئاچە شۆھرەتپەرەسلىك شيې چيۇسىنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناپ كەتكەن، ھەمىشە ئۆزىنى ياساپلا يۇرىدۇ. ساۋاقداشلار ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى «چۇ مۇئەللىمگە چىرايلىق كۆرۇنۇش ئۇچۇن» دېيىشىۋاتىدۇ. ھەر قېتىملىق ئىنگلىز تىلى دەرسىدە ئۇ ئادەتتىكىدىن چىرايلىق كىيىنىدۇ. «ئاياللارنىڭ ياسىنىشى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە چىرايلىق كۆرۇنۇش ئۇچۇن» دېگەن شۇ - دە! . . .

چۇ يەنچاۋنىڭ چىرايىدىن كۇلكە ئۆچتى:

— مەن ھېچقاچان دەرس ئۆتكەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىمىگە دىققەت قىلىپ باققان ئەمەس!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى جېڭ شاۋجىڭ پىچىرلاپ دېگۇدەك، — ئۇلار يەنە. . .

— ساۋاقداش جېڭ شاۋجىڭ! — چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ گېپى-

نى بۆلدى، ــ مەن ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق دېيىشىگە
ئىشەنمەيمەن.

ــ توغرا، ھەممەيلەن ئەمەس... ــ جېڭ شاۋجىڭ
سەل - پەل ئوڭايسىزلىنىپ خىيال قىلىپ تۇرۇپ قالدى ۋە
ئۆزىنىڭ بايا ئەمەلىي ئەھۋالنى سەل كۆپتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېس
قىلىپ ئاستا گەپىنىڭ مەزمۇنىنى ئوڭشىۋالدى، ــ ئەمەلىيەتتە
بۇ گەپنى تارقىتىۋاتقىنى ئوغۇللار، ئىغۋا تارقىتىۋاتقىنى تاڭ
جۇنشېڭ بولۇشى مۇمكىن! ــ جېڭ شاۋجىڭ ئاستا كەينىگە
داجىپ بايىقى «غۇلغۇلا» دېگەن گەپنى «ئىغۋا» غا ئالماشتۇر-
دى، ــ شيې چيۇسى تاڭ جۇنشېڭنى تاشلىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟
شۇڭا تاڭ جۇنشېڭ: «شيې چيۇسى ئەسلى ماڭا ، ئوتتۇڭدا كۆيە-
مەن، سۆيۈڭدە ئاقىمەن، دەپ تاتلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ كەتكەن.
چۇ مۇئەللىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى ئۈچۈنلا مەندىن يۈز
ئۆرىدى. چۇ مۇئەللىم ماڭا قارىغاندا ئېگىز، سالاپەتلىك، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە سىنىپ مەسئۇلى، كەلگۈسىدە شيې چيۇسىنىڭ
خىزمەت تەقسىماتىغا ياردەم قىلىدۇ... مەن ئۇنىڭ رەقىبى
بولالمايمەن» دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ يەنە تېخى...

ــ بولدى سۆزلىمەڭ! ــ چۇ يەنچاۋنىڭ ئاچچىقى
كەلدى، ــ بۇ لاۋزا گەپلەر مەن ئۈچۈنمۇ، شيې چيۇسى ئۈچۈن-
مۇ ھاقارەت!

ــ شۇ ئەمەسمۇ، بۇنداق بولۇشىغا مەنمۇ تازا ئىشىنىپ
كەتمىگەن، ــ جېڭ شاۋجىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزىنى ئىغۋا
تارقاتقان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر قاتاردا دەپ چۈشىنىپ
قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېدى، چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن پەرق-
لىنىپ تۇرىدىغان رەھبەرلىك ئورنىدىكى ئادەم - دە! ــ ئەھ-
ۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مەن يەنە شيې چيۇسى بىلەنمۇ پاراڭلاش-
تىم. بىراق، ئۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ قىلمىدى.
بالىلارنىڭ تارقىتىۋاتقان گەپلىرى راستتەك بىر قىياپەتتە: «كىمنى

سۆيۈش . سۆيمەسلىكىم ئۆزۈمنىڭ ھوقۇقى، ئۆزۈمنىڭ ئەر-كىنلىكى » دەپلا ئىشنى تۈگەتتى. . .

چۇ يەنچاۋ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ قويدى، شيې چيۇسىنىڭ تۇنۇگۇنكى تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرديۇ، يەنە ئۇنىڭ ئۆز ياتىقىغا ھمە مەقسەتتە كىرگەنلىكىنى بىلەلمىدى. قىزىق، ئو-قۇغۇچىلار ھېچقانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان بۇ يۇرتدىشى بىلەن چېتىشۇالىنىنى دېسە!

— ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتى باشقا ساۋاقداشلارغا ئەكس تەسىر بېرىشى مۇمكىن! — جېڭ شاۋجىڭ يەنە رەھبەرلەرگە خاس قى-ياپەتكى قايتىپ دېدى، — تاڭ جۇنشېڭ بۈگۈن سىنىپنى بىر-مۇنچە قالايمىقان قىلدى. ئۇ ھېلىقى شېئىرنى سىزگە ھەيۋە كۆرستىش ئۈچۈن ئاشكارا ئوقۇغان، سىز بولسىڭىز ئۇنى ماختىدىڭىز. مېنىڭچە، ئۇنى قاتتىق تەنقىدلەش كېرەك. بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى تۇرمۇش يىغىنىدا بىر قېتىملىق ئىدىيە كۆ-رىشىنى قانات يايدۇرساقمىكىن دەيمەن. . .

— مەن تاڭ جۇنشېڭنىڭ تەرجىمىسىنى ماختىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنى «ھەيۋە كۆرستىش» دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ گېپىنى يەنە بىر قېتىم بۆلۈۋەتتى، — سىز قانداق «كورەش» نى قانات يايدۇرماقچى؟

— ئۇنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىنى تەنقىدلەش كۆرىشى! — دېدى جېڭ شاۋجىڭ غەزەپ بىلەن، — ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى-نى تۈزەپ ئۇنىڭ ناچار ئىستىلىغا زەربە بېرەيلى! يەنە شيې چيۇسىغىمۇ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلەش توغرىسىدا تەنقىد - تەربىيە بېرەيلى. پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىبرەت بولسۇن!

— ھاجىتى يوق! — دېدى چۇ يەنچاۋ، — مېنىڭچە، بۇن-

چىلىك كىچىك ئىشنى كۆپچىلىككە قايتىدىن دەپ ئۇلتۇرۇش كەتمەيدۇ. ئۆزلۈكىدىن بېسىلىپ قالار. پاكىت ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئېنىقتۇ، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. باشقىلارنى زورلاپ ئىشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىنغىنى ئۈچۈن يالىان گەپ راست گەپكە قارىغاندا تېز شاخلايدۇ. مەن شىي چيۇسى بىلەن تاڭ جۈنشېڭنىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇياتقا قېلىشىنى خالىمايمەن. قانداق دېدىم؟

— ھە، — جېڭ شاۋجېڭنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشاپ قالدى. ئۇ ئالدىن پىلانلاپ قويغان كومېدىيە خاراكتېرىدىكى ئىدىيە كۈرىشى مۇشۇنداقلا يوققا چىقسا - ھە؟ ئۇ ئىچى ئېچىشاندەك بولۇپ دېدى، — ئەمىسە چۈشتىن كېيىنكى يىغىننى. .

— مېنىڭچە، باشقا بىر مەزمۇندا ئاچساق فانداق دەيسىز؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ، — بىرەر ئەھمىيەتلىك تېمىدا مۇزاكىرە قىلايلى. ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق. . . يەنە مۇھەبەت توغرۇلۇق سۆزلەشسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. لېكىن، باشقىلارغا ئەكس تەسىر بېرىپ قويماسلىقىمىز، دىلىنى ئاغرىتىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم. بۇنىڭغا سىز مەسئۇل بولۇڭ، — چۇ يەنچاۋ سائىتىگە يەنە قاراپ قويدى، — مەن قاتنىشالمايدىغان بولدۇم، سىزدىن رۇخسەت سورايمەن.

— ھە! — جېڭ شاۋجېڭ ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ئۇھسىنىپ قويۇپ سورىدى، — چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارغا مۇھىم يىغىن بارمىدى؟

— ياق، مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم بار ئىدى، — چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ سوئالىغا ئېنىق جاۋاب بەرمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

جېڭ شاۋجېڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردا بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە خېلىغىچە قاراپ قالدى. ئۇ بۇ سىنىپ مەسئۇلىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ كېتەل-

www.uyghurkitap.com

مەپتۇ ئەمەسمۇ...

چۇ يەنچاۋ كۇنلۇك تۇتقىنىچە يوغان قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى، شامالدا يۇزىگە تاراسلاپ چۇشۇۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭغا بىر خىل راھەت بېغىشلاۋاتاتتى.

قەدىمىي چۇڭۋېن قوۋۇقى يامغۇردا بىر خىل خىرەلىك ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

قوۋۇق ئاستىدىكى جەنۇبىي دۇڭدەن كوچىسى شۇ تۇرقىدا بەئەينى جىددىي بىر ئېقىنغىلا ئوخشايتتى. ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلار كىشىگە ئاشۇ ئېقىندا ئۇزۇۋاتقان پاراخوت - كېمىلەرنى ئەسلىتەتتى. تۇڭرېن دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى، جىپ ۋە سۇلياۋ يالتىراق يېپىلغان رىكشىلار قاتىرىسىغا تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، چىغ قالپاق كىيگەن، كۇنلۇك كۆتۈرگەن كىشىلەر دوختۇرخانا ئىچىگە ئالدىراش كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بۇرۇندىن تارتىپ يامغۇر - يېشىن بۇ يەرگە كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ قەدىمىنى توسالماي كېلىۋاتاتتى. قورۇ ئىچىدە، بوراندا يەرگە چۇشكەن غازاڭلار يىغىلىپ قالغان سۇلار بىلەن ئەۋرەز قۇدۇقلىرىغا قۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئوپېراتسىيىنى تېخى بايىلا تۇگەتكەن لۇ دوختۇر ھارغىن ھالەتتە ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چىقىپ كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، كۆزى ئىشىك تۇۋىدە ئۆزىنى كۇتۇپ تۇرغان چۇ يەنچاۋغا چۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى كۇنلۇكتىن يامغۇر تامچىلىرى چېپىلداپ قۇيۇلۇۋاتاتتى.

چۇ يەنچاۋ تامىقىنى يەپ بولۇپلا «بىلىمدان» قەسىرىگە بارغان ۋە شىنيۆنىڭ يەنە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئالدىراپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ ئەھۋالنىڭ نەدىن نەگىچە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمىسە، شىنيۆگە نېمىلەرنى دېيىش

كېرەكلىكىنى ئۇقالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاۋۋال دوختۇرنى ئىزدىگەنىدى.

— ھە، چۇ مۇئەللىم ئىكەن - دە. . . — لۇ دوختۇر ئولتۇرۇشقا ئۇلگۇرمەيلا ئورنىدىن تۇردى.

— لۇ دوختۇر! — چۇ يەنچاۋ ئالدىراپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى، ئەمما ئۇنىڭ تۇرقىدىكى ھارغىنلىقنى سېزەلمەي بىر ئاز ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — كەچۇرۇڭ، تازا بىمەنە ۋاقىتتا كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. . .

— ياق، تازا ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭىز، — دېدى لۇ دوخ-تۇر بىردىنلا جانلىنىپ، — سىز بىلەن شىنيۆنىڭ ئەھۋالى توغ-رۇلۇق پاراڭلىشاي دېگەنىدىم.

— شىن يۆ قانداقراق؟ — چۇ يەنچاۋ ئالدىراپ سورىدى، — بۇ قېتىم. . .

— بۇ قېتىم بەزى يېڭى ئەھۋاللار بار، — لۇ دوختۇر كارىدوردىكى بىمارلارغا ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا قاراپ قويۇپ دېدى، — بىز باشقا بىر جايغا بېرىپ پاراڭلىشايلى، بىزنىڭ ئىشخانىغا كىرسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇلار ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستۇنكى قە-ۋەتكە چىقتى. چۇ يەنچاۋ دوختۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئىشخانا تەرەپ-كە ماڭغاچ تەشۋىش ئىچىدە سورىدى:

— ئۆيدىكىلىرى ئانگېناسى قوزغىلىپ قاپتۇ دەيدۇ. مېنىڭچە، پەقەت ئانگېناسىلا. . .

— راست، ئانگېناسىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقى چوڭ مەسىلە ئەمەس. بۇ ئادەتتىكىچە بىر كېسەل، — لۇ دوختۇر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىپ چۇ يەنچاۋنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۆزى ئۇنىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئول-تۇردى، — چاتاق بولۇۋاتقىنى، ئانگېنا ئۇنىڭ رېماتىزم كېسە-لىنى ئوڭايلا قوزغاپ قويۇۋاتىدۇ. رېماتىزم تولا قوزغالسا يۈ-

رەككە ياخشى ئەمەس. . .

— بادام بەزلەرنى ئېلىۋەتكىلى بولىدىغۇ؟ بۇنداق بولغاندا رېماتىزمنىڭ قوزغىلىشىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغىلى بولىدۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئازغىنە تېببىي بىلىمگە ئاساسلىنىپ.

— ئېلىۋەتكىلى بولسا مەن بۇرۇنلا شۇنداق قىلغان بولاتتىم، — دېدى لۇ دوختۇر ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ئېغىر يۈرەك كېسىلى بار بىمارلارغا بادام بەز ئوپېراتسىيىسى قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، كېيىن سوغۇق تېگىپ قالسا ياكى زىيادە چارچاپ كەتسە ئوڭايلا زەنجىرسىمان باكتېرىيە ياللۇغى قوزغىلىپ قېلىپ جىددىي خاراكتېرلىك ئانگىنا كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا رېماتىزم، بوغۇم ياللۇغى قوزغىلىپ يۈرەك كلاپانى. . .

— مۇنداق دەڭ، — دېدى چۇ يەنچاۋ چۈشەنگەندەك بولۇپ، — بۇ ئۇنىڭ يەنە رېماتىزم كېسىلى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقىنىنى چۈشەندۈرەمدۇ قانداق؟ كېلەر يىلى باھاردا قىلىنىدىغان ئوپېراتسىيە كېچىكتۈرۈلەمدۇ؟

— بۇ يالغۇز كېچىكتۈرۈش مەسىلىسى ئەمەس، — لۇ دوختۇر غەمكىن ھالدا چۇ يەنچاۋغا قاراپ قويدى، — ھازىر ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئوپېراتسىيىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ؟

— ھە!؟ — چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى ئېغىر بىر زەربىگە ئۇچرىغاندەك جىغغىدە قىلىپ قالدى، — نېمىشقا؟

— چۈنكى. . . — لۇ دوختۇر ئۇنىڭدىن نەزەرىنى ئېپقېچىپ دېرىزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىغا قارىۋالدى، — رېماتىزمغا قارشى دورىلارنىڭ پەقەت قىزىتما ياندۇرۇش، ياللۇغنى قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىشلا رولى بار. ئۇنىڭدا رېماتىزمنى تىزگىنلىگىلى بولغىنى بىلەن يۈرەك كلاپانى ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ قېتىملىق ئىشتا ئۇنىڭ

يۈرىكىگە يەنە بىرمۇنچە تەسىر بولدى. يۈرىكىدىكى ئىككى قاناتلىق قاپقاقنىڭ ئېتىلىپ قېلىش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، ئوڭ يۈرەك دالانچىسى كۆرۈنەرلىك كېڭەيدى. ئىككى قاناتلىق قاپقاقنىڭ تارىيىشىدىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال بار، ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ!

— ئەمىسە. . . شىنيۇ كېيىن قانداق قىلار؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ پىچىرلاپ دېگۈدەك. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەمدى داۋالاشنى ئۈزۈپ قويماسلىق بىردىنبىر ئامال بولۇپ قالدى. بىز بىمارنىڭ يۈرەك كومپېنساتسىيە ئىقتىدارىنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە ياخشىلاشقا، يۈرىكىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىمىز، رەنجىرسىمان باكتېرىيىنىڭ قايتا يالLۇغلىنىپ قېلىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىمىز. شارائىت يار بەرسە، ئۇ دوختۇرخانىدا ئۇزۇن مۇددەت يېتىپ داۋالانسا ياخشى بولاتتى. . .

— مۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ كېلەر يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولارمۇ؟ — سورىدى چۇ يەنچاۋ ئەنسىرەپ.

— كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ھېچكىم بۇنداق ۋەدە بېرەلمەيدۇ، — لۇ دوختۇر سۆزىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى كۈچەيتىپ شۇنداق دېدى، — ئۇ ئىشلارنى ئەمدى ئويلاشمايلى، ئۇنىڭ مەكتەپكە قايتىپ بارالىشى تەستەك قىلىدۇ!

— نېمە؟ ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ ياق! — چۇ يەنچاۋ ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، دوختۇرنىڭ قولىنى ئالدىراپ تۇتتى، — ئۇ مەكتىپىدىن ئايرىلسا، ئوقۇۋاتقان كەسپىنى تاشلاپ قويسا بولمايدۇ. بىلەمسىز، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان چاغدا ئارزۇ كاتەكچىسىگە پەقەت چەت ئەل تىلى كەسپىنىلا تولدۇرغان. ئۇ چەت ئەل تىلى ئۈچۈن تۇغۇلغان ئوقۇغۇچى، كەسپى ئۇنىڭ جېنى. لۇ دوختۇر، سىزدىن ئۆتۈـ

www.uyghurkitap.com

نەي، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قىلىڭ!

— بەك ھاياجانلىنىپ كەتمەڭ، سوغۇق قانلىق بولۇڭ، — لۇ دوختۇر قولىنى ئاستا تارتىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە دېرىزىدىن شارىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا قارىدى، — كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. شىنيۈنىڭ ساغلام ھالدا مەكتەپكە قايتىپ بېرىشىنى، كەسپىدە تېگىشلىك نەتىجە قازىنىشىنى مەنمۇ شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، ھېسسىيات پەننىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە قادىر ئەمەس. كېسەل دېگەن بۇ ئىبلىس ھەرقانداق ئادەمنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. ھازىر تېبابەت ساھەسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. مەنمۇ قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ، شىنيۈنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن...

— مۇشۇ باسقۇچقا بېرىپ بولدىمۇ؟

— ھەئە. سەمىمىي گەپ قۇلاققا تازا ياقمىسىمۇ، سىزگە ئەينەن ئەھۋالنى دېيىشىم كېرەك. شىنيۈنىڭ يۈرىكىنى ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولمىغاندىكىن، كېسىلىمۇ يىلتىزىدىن ساقايمايدۇ، ئەكسىچە كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىدۇ. بۇ خۇددى بۇرۇن بىر بۇزۇلۇپ تەسلىكتە ئىشلەۋاتقان ماشىنىدىن كۈتمىگەندە چوڭ كاشىلا چىققاندەك بىر ئىش. ئەگەر ئالدىنقى قېتىمقىدەك جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك ئاجىزلىقى كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالىدىغان بولسا، ۋاقتىدا قۇتقۇزمىساق تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

چۇ يەنچاۋ جايىدا مەڭدىگىنىچە تۇرۇپ قالدى، بېشى قېيدۋاتقاندەك، پۈتۈن بەدىنى سوغۇقتا تىترەۋاتقاندەك بولدى. شىنيۈگە، جۇشقۇن، تىرىشچان بىر قىزغا شۇ تاپتا «ئۆلۈم جازاسى» بېرىلىپ بولدى. قىزنىڭ ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان كەسپىدىن، ھاياتىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى. تەق-

دىر، ھەي تەقدىر! ئۇنىڭغا بەك رەھىمسىزلىك قىلدىڭ. ئۇنىڭ نازۇك قەلبى بۇنچە ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەمدۇ! ياق، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك! لېكىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟ يۈرەك كېسەللىرى مۇتەخەسسىسىمۇ ئامالسىز قېلىۋاتقان يەردە، ئۇنى يەنە كىممۇ قۇتقۇزالىسۇن؟

سىرتتا چېلەكلەپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. دېرىزىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان يامغۇر تامچىلىرى شۇ زامات يەنە تۆۋەنگە سىرغىيتتى...

ئىشىك ئېچىلىپ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر سېسترا تاماق قاچىسىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— لۇ دوختۇر، تامىقىڭىز سوۋۇپ قالدى!

— رەھمەت! ئاۋۇ يەرگە قويۇپ قويۇڭ، قولۇمدا تېخى ئىش بار، — دېدى لۇ دوختۇر.

سېسترا چۇ يەنچاۋغا نارازى بولغاندەك بىر خىل تەرزدە قاراپ قويۇپ ئىشىكنى ياپمايلا چىقىپ كەتتى.

چۇ يەنچاۋ خوشلىشىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ دوختۇرغا مىننەتدارلىق بىلەن باش لىڭشىتتى:

— تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، ھەقىقەتەن سەت بولدى... — چۇ يەنچاۋ ئاستا بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پۇتلىرى مىخلاپ قويغاندەك تەستە كۆتۈرۈلەتتى.

— چۇ مۇئەللىم، — لۇ دوختۇر ئارقىسىدىن كېلىۋېتىپ ئۇنى چاقىردى، — بايا سىزگە دېگەنلىرىمنى كېسەل ئۇقۇپ قالمىسۇن...

— چۈشەندىم... — دېدى چۇ يەنچاۋ پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— شىنيۈ بۇ قېتىم دوختۇرخانىغا قايتا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرەر روھىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقاندەك سەزدىم. بىرەر نەرسە كاللىسىغا تەسىر قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۆيىدە بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش بولدىمۇ قانداق. ئۇنىڭ ئائىلىسى-نى دېگەندەك چۈشەنمىگىنىم ئۈچۈن بۇنى ئېنىق بىلىپ كېتەلى-مىدىم.

— چۈشەندىم. . . چۈشەندىم. . . — چۇ يەنچاۋ خىيالىي بىر ھالەتتە جاۋاب بېرىۋېتىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئەمەلىيەتتە «بىلىمدان» قەسرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلە-مەيتتى.

چۇ يەنچاۋ كاللىسى قۇپقۇرۇق ھالەتتە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتى ۋە ئىچكى كېسەللەر بالنىتسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

چۇ يەنچاۋ يۈزىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان قاتتىق يامغۇردا سەنتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى ۋە شۇ چاغدىلا كۆڭلۈكنى ئېچىۋېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

شىنيۈ ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ھاۋا دىمىق بولغاچقا، سېسترا بىمارنىڭ دېمى سىقىلىپ قېلىشىدىن ئەنسى-رەپ ئىشىكنى ئوچۇق قويغانىدى. شىنيۈ بىلەن بىر ياتاقتا يەنە ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال، ئون توققۇز ياشلىق بىر قىز بار ئىدى، كېسىلى بۇرۇندىن ئانچە ئېغىر ئەمەسمۇ ياكى يېقىندىن بېرى ياخشىلىنىپ قالدىمۇ، كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ يامغۇردىن قاقشىغاچ قارتا ئويناۋاتاتتى. ئۇلار چۇ يەنچاۋنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا ئىشىك تەرەپتىكى بۇلۇڭغا قاراپ قويدى ۋە يەنە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بېشىنى سىلىپ ئۆزىنىڭ ئويۇنىغا كىرىشىپ كەتتى.

شىنيۈ باش تەرىپىگە قويۇلغان قات قات ياستۇقنا يۆلىنىپ جىمىمىدە ياتاتتى. ئاق كىرلىك، ئاق يوتقان، تېگى كۆكۈچ گۈللۈك ئاق بىمار كىيىمى ئاپئاق چىراي بىلەن تازىمۇ پار بولغانىدى. كېسەلنىڭ كۈچىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، چىرايىغا بىر خىل قىزىللىق تېپىپ چىققانىدى. تارالمىغان قاپقارا ئۆرۈمە

چىچى كۆكسى ئالدىغا چۈشۈۋالغانىدى. مۇشۇنداق گۈزەل بىر قىزنى پات ئارىدا پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ دىسە كىممۇ ئىشىنىدۇ ــ ھە؟ مۇشۇنداق ياش بىر ۋۇجۇدنى نابۇت قىلىش جىنايەت ئەمەسمۇ؟

شىنيۈ ئاپئاق تورۇسقا قارىغىنىچە مىدىر ــ سىدىر قىلماي ياتاتتى. كۆزلىرى تاشقى دۇنيانى تامامەن ئۇنتۇپ قالغاندەك چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە بىر نۇقتىغا قادىلىپ قالغانىدى. ئىككى قىشنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەممۇ دەم قايغۇ ــ ھەسرەت ئالامىتى ئەگىپ ئۆتەتتى.

چۇ يەنچاۋ جايىدا تۇرۇپ قالدى. كۇنلۇكىدىن، ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن ئېقىۋاتقان سۇ كىچىك بىر ئېرىق ھاسىل قىلىپ شۇرۇلداپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇ شىنيۈگە قارىغىنىچە بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ھېچنېمە دىيەلمەي تۇرۇپ قالدى، لۇ دوختۇرنىڭ قورقۇنچلۇق گەپلىرى كاللىسىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئۇ گەپلەر پېرىخونلارنىڭ جۆيلۈشلىرىدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنچە ئېغىر قىسمەت شىنيۈنىڭ بېشىغا چۈشمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ ۋارقىرىغۇسى، قانغۇچە يىغلاپ قورسىقىدىكى دەرد ــ ئەلەمنى چىقىرىۋالغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىۋالدى، تۇرۇپ ئۆزىنىڭ زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ياق، لۇ دوختۇرنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئۇ پېرىخون ئەمەس، ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىپ شىنيۈگە تەۋە ھاياتلىق پۇرسىتىنى ئۆزارتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان پەرىشتە! بۇ دوختۇرنىڭ شىنيۈگە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ياق، شىنيۈگە ئەھۋالنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئون سەككىز ياشلىق بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان رەھىمسىز ئەجەلنى دادىللىق بىلەن كۇتۇۋالغۇدەك جۇرئىتى يوق.

ھېلىغۇ شىنيۆكەن، بۇ قىسمەت يىگىرمە ئالتە ياشلىق چۇ يەنچاۋ ياكى يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان يەن پروفېسسورنىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار بۇنى ئۇنچە ئوڭاي قوبۇل قىلالمايدۇ، ئازابلىق پەرياد چەكمەي تۇرالمايدۇ. چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدى. ئىلگىرى ئۇ شىنيۆگە ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قوللۇق قىلغان، ئۇنىڭدىن «ئۆزىنى تولۇق تونۇش» نى، «يېتەرسىزلىكى ۋە ئاجىزلىقى» غا توغرا قاراشنى تەلەپ قىلغان، ناتىۋان بىر قىزغا پىدائىي ئەسكەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇسۇلنى قوللانغان، «تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش» قا دەۋەت قىلغانىكەن. مانا ئەمدى قىز تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرالىدىمۇ؟ چۇ يەنچاۋ تىلنى، ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەم بولغاندىكىن تىلنىڭ سىرىنى، ئەدەبىياتنىڭ جەۋھىرى بولغان «ئادەم»، ھېسسىيات، ئىدىيە دېگەنلەرنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ئادەم نېمىدېگەن مۇرەككەپ مەخلۇق — ھە؟ ئۇ تىلنى، ئەدەبىياتنى يارىتىدۇ، ئاندىن يەنە تىل — ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىرغىچە ئىنسانلار ئۆز تەقدىرلىرىنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەپ كەلدى، ئەمما يېزىپ تۈگىتەلمىدى. بەلكىم تەقدىرنىڭ سىرىنى مەڭگۈ يەشكىلى بولماس؛ بەلكىم ھېچكىم ئۆز تەقدىرىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن، ئۆز قولىدا ھەقىقىي يوسۇندا تۇتۇپ تۇرالمىغان، ھەر خىل ئادەملەر ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۆزى سىرىنى ئۇقۇپ كېتەلمەيدىغان تەقدىر بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلگەن بولغىيدى. ئېھتىمال، تەقدىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان ئاشۇ كىشىلەرگە جاسارەت ئاتا قىلغىنى «ئۆزىنى تونۇش» ئەمەس، شېرىن ئارزۇ ۋە ئىستەك بولغىيدى. . . گۈزەل ئارزۇ ھامان شانلىق ھاياتنىڭ باشلىنىشى ياكى چېكى بولۇپ قالىدۇ. ئېھ، ئادەم شېرىن، خىيالى تەسەۋۋۇرغا نەقەدەر موھتاج — ھە! ئۇ تۇرمۇشنى گۈزەللەش-

تۇرۇپ چەكلىك ھاياتنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلىدىكەن ئەمەس-
مۇ؟
چۇ يەنچاۋنىڭ قەلبىدىكى گاڭگىراش بىلەن سوغۇقلۇقنىڭ
ئورنىنى ئىللىق بىر سېزىم ئىگىلىدى. ئۇ يامغۇر سۇيىدە پېشا-
نىسگە چاپلىشىپ كەتكەن چېكە چاچلىرىنى قايرىۋەتكەندىن كې-
يىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ كارىۋات تەرەپكە قاراپ ماڭدى
ۋە بوشقىنا ئاۋازدا: «شىنيۆ!» دەپ چاقىردى.
شىنيۆ چوڭقۇر خىيالدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ بېشىنى سەل-
گىنە بۇرىدى، كۆزلىرىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى:
— چۇ مۇئەللىم!
چۇ يەنچاۋ «قوزغالماڭ» دېگەن مەنىدە قولىنى يېنىك
پۇلاڭلىتىپ قويغاندىن كېيىن، بىر ئورۇندۇقنى سۆرەپ ئەكې-
لىپ شىنيۆنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئولتۇردى.
— چۇ مۇئەللىم، بۈگۈن سىزنى كېلەر دەپ ئويلىماپتى-
كەنمەن. يامغۇر بەك قاتتىق ياغقاچقا ھەتتا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر-
مۇ... — ئوقۇتقۇچىسىدىن كۆز ئۈزمەي سۆزلەۋاتقان شىنيۆ-
نىڭ گېپى ئىختىيارسىز ئۈزۈلۈپ قالدى، چاناقلىرىدا ياش تام-
چىلىرى لىغىرلاپ قالدى.
— ئەسلى بالدۇرلا كېلەتتىم، — چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ قات-
تىق غېرىبسىنغانلىقىنى سەزدى ۋە دەرھاللا گېپىنى داۋاملاش-
تۇردى، — دەم ئېلىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمەي دەپ يېقىندىن
بېرى ئۆيىڭىزگە بارالمىدىم. سىزنىڭ يەنە دوختۇرخانىغا كىرىپ
قالغانلىقىڭىزدىن خەۋەرسىز...
— ئەسلى خەت يېزىپ سىزگە ئۇقتۇرۇشنى ئويلىغان،
لېكىن خىزمىتىڭىزنى تەسىر يەتمىسۇن دەپ... — شىنيۆنىڭ
كۆزلىرىدە بىر خىل مۇرەككەپ ئىپادە بار ئىدى. قىز ئىنتىزار-
لىق ھەم ئوقۇتقۇچىسىغا بولغان مىننەتدارلىق ئىچىدە بىلىنەر -
بىلىنمەس ھاسىراپ دېدى، — يازمىدىم... ياق، يېزىپ پوچ-

www.uyghurkitap.com

تىغا سالمىدىم.

— ئەۋەتكەن بولسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى چو يەنچاۋ ئەپسۇسلۇقىنى بىلدۈرۈپ، — شۇنداق قىلغان بولسىڭىز ئەھۋالىڭىزدىن بالدۇرراق خەۋەر تاپاتتىم ئەمەسمۇ.

— سىزنى مەندىن بەك ئەنسىرەپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ بىر خەتنى ئىككى قېتىم يازدىم، ئەمما يەنىلا ئەۋەتەلمىدىم، — شىنيۈ ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا خىجىل بولغاندەك بىر تەرزدە كۈلۈمسىرىگەندە، چىرايىدىكى قىزىللىق تېخىمۇ كۈچەيدى، — ئىشقىلىپ، بۇ قېتىم كېسىلىم ئانچە ئېغىر ئەمەس، پەقەت شۇ زۇكام. . .

چو يەنچاۋنىڭ يۈرىكى بىرى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ۋىژژىدە ئېچىشىپ كەتتى. شىنيۈ ئۆزىنى پەقەت زۇكام بولدۇم دەپلا چۈشىنىدىكەن. بىچارە قىز ھاياتى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان چاغدا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەمەس، ئوقۇتقۇچىسىنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپتۇ. شۇ تاپتا ھەممە ئەھۋالنى بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن!

— قانداق بولۇپ زۇكام بولۇپ قالدىڭىز؟ — دېدى چو يەنچاۋ باشقا گەپ تاپالماي، — ھاۋا سوۋۇپ قالدى، سالامەتلىكىڭىزگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىڭ. دوختۇر سىزگە زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا بەرگەنتىغۇ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يېمىگەن ئوخشىمامسىز؟

— ئالدىراش بولۇپ قالساملا ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن. . . — دېدى شىنيۈ تاپشۇرۇق ئىشلىمەي ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا تەنقىدكە ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىدەك لېۋىنى چىشلەپ.

— ئالدىراش؟ ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ نېمىگە ئالدىراش بولدىڭىز؟

— يېقىندا ئاكامنىڭ تويىنى قىلغان، — دېدى شىنيۈ كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ چېن شۇيەن بىلەن توي قىلدى. . .

— ھېلىقى ساۋاقداشىڭىز بىلەنمۇ؟ ئۇنىڭ يېشى سىز بىلەن تەڭ ئىدىغۇ. . .

— ياق، ئۇ مەندىن ئىككى ياشتىن كۆپرەك چوڭ. بۇ يىل يىگىرمە بىرگە كىردى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن كىرگەنىكەنمەن. . . — تۇرۇپلا شىنيۆنىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولۇپ قالدى، — لېكىن كېسەل بولۇپ قېلىپ ئوقۇشۇم يەنە توختاپ قالدى.

جۇ يەنچاۋ ياشنى تىلغا ئالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئالدىراپ گەپنىڭ تېمىسىنى تويغا بۇرىۋەتتى:

— سىز ئاكىڭىز بىلەن يەڭگىڭىز ئۈچۈن خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك. ئۆيىڭىزگە خۇشاللىق قېتىلىپتۇ ئەمەسمۇ!

— راست، خۇشاللىق قېتىلدى. ئاكام بىلەن شۇيەن بىر - بىرىدىن ياخشى. مەن ئۇلارنى مەڭگۈ خۇشال ئۆتسىكەن، بەختىنى تاپسىكەن دەيمەن، — شىنيۆنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى، — ئۇ كۈندىكى توي بەك قىزىپ كەتتى. قىز كۆچۈرۈشكە مەنمۇ باردىم.

ھىم! جۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئەسلىدە بىچارە قىز ھاياتىنىڭ ئالتۇن پەسلىنى ساقلىيالمايدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا قۇتلۇق ئىشلار ئۈچۈن ئالدىراش يۈرگەنىكەن - دە!

— شىنيۆ، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس. نېمىدەپ ئۇ ئىشلارغا غەم يەپ يۈرگەنسىز؟ ئېھتىمال. . . بۇ قېتىملىق زۇكام. . . چارچاشتىن بولغان گەپ، — دېدى جۇ يەنچاۋ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا رەنجىپ، — كېيىنكى قېتىم ھەرگىز. . .

— كېيىنكى قېتىم؟ ئەمدى كېيىنكى قېتىملىقى قالمىدى، مېنىڭ بىرلا ئاكام بار. ئۆيىمىزنىڭ ئىچى بۇنداق قىزىپ باقمىغانىدى. ئەمدى يەنە كىم ئۈچۈن ئالدىراش بولىمەن دەيسىز؟ — دېدى شىنيۆ پىچىرلاپ دېگۈدەك، — ئەمەلىيەتتە مەن ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم. ھەممە ئىشلارنىڭ

غېمىنى ئانام قىلدى. ئۇ بەك ھېرىپ كەتتى. . .

شىنيۈ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز كۆزنى يۇمدى، باياتىنقى ھاياجانلىق كەيپىياتى نېمىشقىدۇ سۇسلاپ قالدى. ئانىسىنىڭ توي كۈنى ئۆزىگە: «بۇ ئىشقا سەن ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن» دېگىنى قۇلاق تۈۋىدە يەنە جاراڭلىغاندەك بولدى. توغرا، ئۇ چاغدا راستتىنلا شىنيۈ ئارىلاشقۇدەك ئىش يوق ئىدى. ئاكىسىنىڭ توينى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئانىسى بەكلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇچۇ، يەنە شۇ دوختۇرخانىدا. يېرىم ئايدىن بۇيان ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ئۇنى دائىم يوقلاپ تۇردى، دادىسى بىلەن خەي ھامىمىسىمۇ بىرنەچچە قېتىم كەلدى، لېكىن ئانىسى كەلمىدى. ئانىسىنىڭ ئەمدى راستتىنلا ھېچنېمىدىن غېمى قالمىدىمىكىنە؟ ئۇ قىزىنىڭ كېسەل ۋاقتىدا ئانا مۇھەببىتىنى سېغىنىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىن؟

چۇ يەنچاۋ ھەرقانچە قىلىپمۇ شىنيۈنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالمىدى.

— ئۆيىڭىزنىڭ ئىشلىرىدىن ئەنسىرىمەڭ، خاتىرجەم دەم ئالمىسىڭىز بولمايدۇ. . . — دېدى چۇ يەنچاۋ.

— بىلىمەن، — دېدى شىنيۈ، — ھازىر زۇكىمىم ساقايدى. لېكىن دوختۇر مېنى دوختۇرخانىدىن چىقارمايۋاتىدۇ. بەلكىم سىرتقى ئامىلنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىشىمدىن ئەنسىرىسە كېرەك. مەن. . . دېگەنلىرىڭىز بويىچە قىلىمەن، ھېچنېمىنى. . . ئويلىمايمەن!

خرۇستالدەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى قىزنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشتى.

چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئۆز يۈرىكىگە تېگىپ ئايانچلىق بىر ئاۋازدا چاچراپ كەتكەندەك، ئاشۇ ئاۋازنى ئۆزى ئېنىق ئاڭلىغاندەك سەزدى. ئۇ قىزنىڭ يالغۇزلۇقتىن بەك

زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىيۇ، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى نېمىشقا بۇنچە يالغۇز ھېس قىلىدىكىنە؟ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىق بىلمىگەندىكىن ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بۇنچە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەجەبا ئۇنىڭ كۆڭلىدە لۇ دوختۇر ئېيتقاندەك راستتىنلا روھىي بېسىم بارمىكىن؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، بۇ ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشمۇ؟ چۇ يەنچاۋ شىنيۆنىڭكىگە بىرقانچە قېتىم بېرىپ بۇ ئائىلىنىڭ خاتىرجەم، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى تونۇيدۇ، ھازىرغىچە شىنيۆ بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر زىددىيەت بارلىقىنى سەزمىدى. بەلكىم ئۇلارنى چۈشىنىشى بەك يۈزەكىدۇ؟

— شىنيۆ، كۆڭلىڭىزدە بىر ئىش باردەك قىلىدۇ. ئۆيدە بىرەر... — چۇ يەنچاۋ ئەھۋالنى ئىنچىكىلىك بىلەن سورىيالماي ئېھتىياتچانلىق بىلەن شۇنداق دېدى.

— ئۇنداق ئىش يوق... — شىنيۆ مەڭزىگە چۈشۈپ قالغان ياشلىرىنى سۈرتكەچ زورىغا كۈلۈۋېدى، بايىقى ئازابلىق ھېسسىياتى يوقاپ كەتتى، — ئۆيىمىزدىكىلەر ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ. ھەر قېتىملىق كېسەل يوقلاش ۋاقتىدا ئۇلار ھەممىسى مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ، بۇنىڭدىن بەك رازىمەن. بۈگۈن يامغۇر بەك قاتتىق ياغقاچقا، ئۇلار... بىراق، سىز كەلدىڭىز. سىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم. چۇ مۇئەللىم، ئەمدى غەم-ئەندىشەمۇ قالمىدى.

چۇ يەنچاۋ ئارتۇق گەپ سورىمىدى، شىنيۆگە خۇشاللىق بېغىشلىيالىغانلىقىدىن ئىچىدە خۇرسەن بولدى. شىنيۆنىڭ قەلبى مەڭگۈ ھازىرقىدەك غەم-ئەندىشىدىن يىراق بولسا-ھە! — بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىملىق كېسەل يوقلاش ۋاقتىدا مەن سىزنى كۆرگىلى كېلەي، بولامدۇ؟

— راستما؟ — شىنيۆنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كەتتى.

— راست! — دېدى چۇ يەنچاۋ، — مەن سىزنى قاچان ئالداپ باققان؟

— ئالدىغان، — دېدى شىنيۆ، — ئېسىمدە بار جۇمۇ!

— ھە؟ قاچان؟ — چۇ يەنچاۋ خۇدۇكسىرەپ قالدى، «بۇ قىز دوختۇر ئىككىمىز يوشۇرغان ئەھۋالنى بىلىپ قالغان بولمىسۇن يەنە» دېگەن تەشۋىشلىك ئوي خىيالىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

— بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا سىز سالامەتلىكىڭىزنى يوشۇرغان! — دېدى شىنيۆ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— مەن قەستەن يوشۇرمىغان. ئۆزىڭىز خاتا چۈشىنىۋاپسىز، — بىر يىل ئاۋۋالقى ئىشنى ئەسلەۋېتىپ چۇ يەنچاۋمۇ كۈلۈپ كەتتى، كۆڭلىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. ئۇ چاغدا شىنيۆ ساغلام، ئېتىك، غەمسىز قىز ئەمەسمىدى. ھازىرقىدەك ئىش بولىدىغانلىقىنى ھېچقايسىسى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنى ياتىقىغا يەنە بىر قېتىم ئاپىرىپ قويالىغان بولسا - ھە؟ ئېھتىمال، ئەمدى بۇ مۇمكىن بولماس. چۇ يەنچاۋ ئازابلىق ھېسلىرىنى تەستە بېسىۋېلىپ گېپىنىڭ ئۇرانىغا ئىمكانقەدەر ئادەتتىكىچە پاراڭ قىلىۋاتقاندەك تۇس بېرىشكە تىرىشتى:

— ئاران بىر قېتىمغۇ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ... — شىنيۆ ئاستا جاۋاب بەرگەچ ئوقۇتقۇچىسىغا تىكىلدى، يوغان، تىنىق كۆزلىرىدىن ئوقۇتقۇچىسىغا بولغان چەكسىز ئىشىنىش تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەمىسە... بىر تەلىپىم بار... — چۇ يەنچاۋ شىنيۆگە سەمىمىيەت بىلەن تىكىلدى، — كۆڭلىڭىزدىكى جىمى

غەم - ئەندىشىنى ماڭا دەپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. ئىككى ئادەم تەڭ كۆتۈرسە غەمنىڭ سالمىقىمۇ يېنىكلەپ قالىدۇ...

— مېنىڭ ھېچقانداق غەم - ئەندىشەم يوق، — دېدى شىنيۈ، ئەمما دەرھاللا بايىقى ۋەدىسىدە تۇرالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ قالدى. كىشىنىڭ قەلبىدە ھامان ئۆزىلا بىلىدىغان مەخپىيەتلىك بولىدۇ. بۇ نەرسە شىنيۈنىڭ قەلبىدىمۇ بار. چىگىش تېپىشماقتەك يەشكىلى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل گادىرماچ ئوي قىزنىڭ قەلبىنى ھەر ۋاقىت قاماللاپ تۇرىدۇ، كېچىلىرى خىيالىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى ئۇخلاتمايدۇ. ئۇ بۇ ھالدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ، لېكىن باشقىلاردىن ياردەم سورىيالمايدۇ. ھەتتا يېقىن دوستى چېن شۇيەندىنمۇ شۇنداق. شىنيۈ ئاشكارىلىنىپ قالسا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن، ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ بۇ سىرلىق قىياسنى ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىلا ساقلاپ كەلدى، بىر كىشىدىنمۇ سورىمىدى. ئەمدى ئۇ ئىچىدىكىنى يوشۇرغىنى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىسىدىن ئۆز كۆڭلىدىلا كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر.

— مۇئەللىم، مەن تىت - تىت بولۇۋاتقان بىرلا ئىش بار...

— ئوقۇيالمىغىنىڭىز ئۈچۈنمۇ؟ تىت - تىت بولماڭ. سىز كېلەر يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپتە بارالايسىز. ئۇ چاغقىچە سالامەتلىكىڭىزمۇ ياخشىلىنىپ قالىدۇ! — چۇ يەنچاۋ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا خىيالىي بىر مەنزىرىنى توقۇپ چىقىرىشقا باشلىدى ھەم دەۋاتقانلىرى ئۆزىگىمۇ راستتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بەلكىم بۇ خىيالىي تۇيغۇمۇ ئەمەستۇر. شىنيۈ ئاشۇنداق كۈنگە ئۇلىشىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس! — ئۇ چاغدا سىزنى ئۆزۈم ئالغىلى كېلىمەن...

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت، مۇئەللىم. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىمەن، — شىنيۈنىڭ زىنىقىدا كۈلۈمسى-رەش پەيدا بولدى، — سىزنىڭ تەرجىمىڭىز...

— تەرجىمەم؟ — ئۇ قىزنىڭ كېسەل يېتىپمۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئىشىنى ئويلاپ ياتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىپ قوشۇپ قويدى، — نەشرىياتتىكىلەرمۇ كىتابىنىڭ نەشردىن چىقىش ۋاق-تىنى كېلەر يىلىغا كېچىكتۈرۈشكە ماقۇل بولدى. شۇڭا مەن ئۇنچە ئالدىراپ كەتمىسەممۇ بولىدىغان بولدى. ئىشقىلىپ، ۋا-قىت يېتەرلىك.

— كېچىكتۈرۈشكە؟ ئەڭ ياخشىسى كېچىكتۈرمىسىڭىز ياخشى بولاتتى. مەن كىتابىڭىزنى بالدۇرراق كۆرۈشكە شۇقەدەر تەشنا. بۇ سىزنىڭ بىرىنچى كىتابىڭىز ئەمەسمۇ! — شىنيۈ ئۇنىڭغا سەمىمىيەت بىلەن تىكىلدى، — بۇ قېتىم تەرجىمىنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟ تەرجىمە قىلىپ نەگە كەلدىڭىز؟

— ئالغاچ كېلەلمىدىم... — قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. شىنيۈ ئۇنى ئالدىرىتى-ۋاتاتتى. ئۇ شىنيۈ ئۇچۇن بولسىمۇ جېنىنىڭ بارىچە ئىشلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ... ئەلۋەتتە قىزغا: «خىزمىتىم بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ۋاقىت چىقىرالمىدىم» ياكى «سىزنىڭ كېسىلىڭىزدىن ئەنسىرەپ تەرجىمىگە كىرىشەلمىدىم» دېگىلى بولمايدۇ - دە.

— كېيىنكى قېتىم چوقۇم ئالغاچ كېلەي. ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى ئۇستىدە زىيادە جىق ئويلىنىپ كەتكەنلىكىم ئۇچۇن سۈرئەت ئاستا بولۇپ قالدى. ھازىر «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش»نى تەرجىمە قىلىۋاتىمەن...

— «ئۆتكەلدىن ئۆتۈش»نى دەمسىز، — شىنيۈ بۇ ئەسەر-نىڭ ئۆزى بۇرۇن ئوقۇغان ئەسلى نۇسخىسىنى ئەسلەپ قالدى، —

لۇشۇن بۇ ھېكايىدە ئىككى چوڭ مۇتەپپەككۇرنى يازغان. نەقەدەر ئىستىبداتلىق قەلەم ئىگىسى - ھە! لېكىن، يازغۇچى بۇ ھېكايىسىنى تولىمۇ يېنىك، يۇمۇرلۇق تۈسكە ئىگە قىلغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەسەردە لاۋزى «ئەخلاق دەستۇرى»نى سۆزلەۋاتسا ئولتۇرغانلار چۈشىنەلمەي مۈگدەپ قالغاندەك بىر خىل ۋەقە يېزىلغاندى.

— لاۋزىنىڭ «ئەخلاق» قارىشىنى چۈشەنمەك بەك تەس. كىشىلەر ئۇنى «ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەيدىغۇ» دېگەن ئۈمىدتە ئىزدەپ بارىدۇ. ئاقىۋەتتە قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ، — چۈ يەنچاۋ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە قىزنىڭ كەيپىياتىنى بىردەم بولسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن لۇشۇننىڭ يۇمۇرىنى ئەسكە ئالدى، — دەرسنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە شاگىرتنى تىزىس تۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. مىڭبىر جاپادا ئىككى مىسرا بېيىت يازغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قەلەم ھەققى ئورنىدا ئاران بەش تال قوناق جىڭمومىسى بېرىدۇ!...

شىنيۆ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— ... يەنىلا كۆڭزىدەك مەرد ئەمەسكەن. ئۇ ئۇستازى لاۋزىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا بىر ياۋا غاز سوۋغا قىلىدۇ، — دېدى چۈ يەنچاۋ ۋە ئارقىدىنلا نېمىنىدۇر ئەسكە ئالغاندەك سورىدى، — بىر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ؟ كېلەر قېتىم سىزنى كۆرگىلى كەلگەن چاغدا ئالغاچ كېلەي.

نېرىقى چەتتىكى ئىككى بىمار شىنيۆنىڭ كارىۋىتى تەرەپكە بىر خىل ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى. ئۇلار بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ شىنيۆ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى قىلىشىۋاتقان گەپلىرىدىن بىلەلمىدى، لېكىن: «شۇنچە قاتتىق يامغۇردىمۇ يوقلاپ كېلىدىغان ئادىمى بولغاندىكىن شىنيۆ بەك بەختلىككەن» دەپ ئويلاشتى.

— ياق، بولدى، ئاكام ماڭا ھامام پىشۇرغان نەرسىلەرنى

www.uyghurkitap.com

دائىم ئەكېلىپ بېرىپ تۇرىدۇ. سىز ھېچنېمە ئالماڭ، ـــ دېدى شىنيۈ، ـــ تەرجىمە قىلغان نەرسىلىرىڭىزنى ئالغاچ كەلسىڭىزلا بولدى، بۇ ھەممىدىن مۇھىم. گەرچە سىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمىسەممۇ، ھەر قېتىم سىز بىلەن تەرجىمە توغرۇلۇق پاراڭلاشسام بۇ يەردىكى تۇرمۇشۇمنى مەنىلىك ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن. . .

ـــ ئەمىسە بۇ ياخشى گەپكەن! ـــ چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىدا ئۆز كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان بىر يۈرەكنىڭ تېز ـ تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

ئۇلار ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. كېسەل كۆرگىلى كىرگەن لۇ دوختۇرمۇ، دورا ئېلىپ كىرگەن سېسترا قىزمۇ چۇ يەنچاۋغا «كېتىڭ» دېمىدى؛ شىنيۈگە دورا ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇلارمۇ چۇ يەنچاۋنىڭ كېلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ داۋالىشىدىن ئارتۇقراق ئۇنۇم بېرىدۇ، دەپ چۈشەنسە كېرەك.

خېلى كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، سىرتتا يامغۇر توختاي دېمەيتتى، چۇ يەنچاۋ كەتمەي ئولتۇرۇۋەردى.

ـــ چۇ مۇئەللىم، قايتىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى، ـــ دېدى شىنيۈ دېرىزىدىن سىرتنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا قاراپ قويۇۋېتىپ ئەنسىرىگەن ھالدا، ـــ يول بەك ئۇزۇن، يەنە كېلىپ ھاۋا بۇنداق تۇرسا. . .

چۇ يەنچاۋ ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى ۋە تام تۈۋىگە تىكلەپ قويغان كۇنلۇكىنى قولىغا ئېلىپ قىزغا جېكىلىدى:

ـــ ئېسىڭىزدە بولسۇن، كۆڭلىڭىزنى ھەر ۋاقىت توق تۇتۇڭ، مېنى كۈتۈڭ. خەير ـ خوش.

ـــ بولىدۇ، ـــ شىنيۈ سەممىي ھالدا جاۋاب بەرگەچ چۇ يەنچاۋ ئىشىكتىن چىقىپ كەتكۈچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى.

چۇ يەنچاۋ بالنىتسىدىن چىقىپ كۇنلۇكىنى ئاچقاندىن كېيىن

يۇرۇپ كەتتى.

ئۇ شۇ تاپتا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوغۇللار ياتىقىدا چاقىرىلغان سىنىپ يىغىنىنىڭ هازىرغىچە تۈگىمىگەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىدى. جېڭ شاۋجېڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نەسىهىتىنى قۇلىقىدا تۇتماي كەسكىن ئىدىيە كۈرىشى ئېلىپ بارغان، تاڭ جۇنشېڭ بىلەن شيې چيۇسىنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرگەنىدى.

تۈن يېرىملىشاي دېگەنىدى، يامغۇر يەنە يېغىۋاتاتتى. «بە-لىمدان» قەسرىنىڭ هويلىسى توختىماي ياغقان يامغۇردا كۆلگە ئايلىناي دېگەنىدى.

قورۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆيدە خەي هامما دوختۇرخانىدىكى بىچارە قىزىدىن ئەنسىرەپ، تيەنشىڭنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتات-تى.

هېلىقى كۈنى تيەنشىڭ شىنيۈنى يۆدەپ دوختۇرخانىغا يۈ-گۈرگەندە، بۇ ئايال يۈرىكى ئاسقىپ كېتىپ هاياتىدىن ئايرى-لىپ قالغىلى تاس قالغانىدى. هېلىمۇ ياخشى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ تۈگىمەس ئالدىراشلىقلىرىنىڭ ئىچىگە قايتىدىن بەند بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ كېسەل بارلىقىنى ئۆيدىكىلەر خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەنىدى.

خەن زىچى قاراڭغۇ كۈتۈپخانىسىدىكى هېلىقى چوڭ ساپادا ياتقانىدىمۇ، ئولتۇرغانىدىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر هالەتتە ئۇخلىيال-ماي ئاۋارە ئىدى، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان قوۋۇرغىسى ئۇنىڭغا پەقەتلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. تەقدىر بۇ ئاق كۆڭۈل، شور پېشانە بوۋاينى ئويىنىتىۋاتىدۇ، يېرىم يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى خۇشاللىققا ئۈلىشىپلا پېشكەلچىلىك باسقىلى تۇردى. مىڭبىر مۇشەققەتتە ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى تۈگىتىپ ئۇھ دەپ تۇرۇۋىدى، قىزىغا يەنە نىجىس كېسەل چاپلاشتى. مانا، قىزى-

نىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغىمۇ يېرىم ئاي بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ
قاچان ساقىيىپ قايتىپ كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمدىلا
كۆزىنى يۇمۇۋېدى، بالىنىسىدىكى قىزى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.
يۈرىكىنى تىلغاۋاتقان ئەندىشە، دەرد ـ ئەلەمنىڭ تەسىرىدە تى-
نىقلىرىمۇ ئاچچىق ـ ئاچچىق چىقىپ كەتتى.
ئۇ يېقىندا ئالغان «ئىچكى كېسەللىكلەر نەزەرىيىسى» دې-
گەن كىتابنى نەچچە قېتىم كۆرۈپ چىقتى، ھەتتا كىتابنىڭ
بىرقانچە بابىغا ئالا ـ بۇلىماچ سىزىقلارنىمۇ سىزىۋەتتى. لې-
كىن، ئۆزى كەسىپ ئەھلى بولمىغىنى، بىر ئۆمۈر قاشتېشى
بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈپ كەتكىنى ئۈچۈن، كىتابنىڭ مەزمۇنلى-
رىنى چۈشىنەلمەي شىنيۆ يوق يەردە لۇ دوختۇردىن كۆرسەتمە
سورىدى. لېكىن، لۇ دوختۇر زىيادە ئېھتىياتچان ئايال ئىكەن،
خەن زىچىگە كېسەللىك ئەھۋالىنى شىنيۆگە ھەرگىز ئۇقتۇر-
ماسلىقنى قايتا ـ قايتا تاپىلىغانىنى ئاز دەپ ئائىلىدە شىنيۆنىڭ
كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىرەر ئىشنىڭ بار ـ يوقلۇقى-
نى ئاستىرتىن سورىدى. دوختۇرنىڭ تىلغا ئالغىنى تولىمۇ زىل
بىر تېما بولغاچقا، خەن زىچى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا نۇرغۇن
نەرسىلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، بۇ ناتونۇش ئايالغا كۆڭلىدى-
كى گەپلىرىنىڭ ھەممىنى دەۋەتكىلى بولمايدۇ ـ دە! شۇنداق
قىلىپ، ئۇ: «ياق، بۇنداق ئىش يوق، شىنيۆ بالىنىڭ كەنجىسى.
ئانىسى ئىككىمىز ئۇنىڭغا بەك ئامراق، ھەرگىز...» دەپلا گەپنى
تۈگەتتى. ئەمما ئاشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا، خەن زىچىنىڭ
كۆڭلى شىنيۆنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىشىدىكى سەۋەبنى
تۇيغاندەك بولدى، لۇ دوختۇرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ ئىچىدە
ئويلاۋاتقانلىرىنى بىلىۋالغىنىنى چۈشەندى، سۆزمەنلىكىمۇ نە-
گىدۇر يوقىلىپ دۇدۇقلىغىنىچە كۆزىنى دوختۇردىن ئەپقېچىپ
يەرگە قارىۋالدى. لېكىن، دوختۇر ئارتۇق سوئاللارنى سورىمى-
دى، پەقەت بەزى گەپلەرنىلا تاپىلىدى:

— ئۇنداق بولسا ياخشى. كېسەلنىڭ ساقىيىشىدا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دوختۇر بىلەن ئوبدان ماسلىشىشى، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئازادە بولۇشى ئاجايىپ چوڭ رول ئوينايدۇ. بىراق، ھازىر رېماتىزىم تولا قوزغىلىدىغان پەسىل بولغاچقا، مەن شىنيۈنىڭ يەنە بىر مەزگىلگىچە دوختۇرخانىدىن چىقماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىزچە قانداق؟

— بولىدۇ. . . — دېدى ئۇ. قىزىنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

يېرىم ئايدىن بېرى ئۇ قىزىنى بىرقانچە قېتىم كۆرگىلى باردى، لېكىن ھەر قېتىم جىممىدە ياتقان قىزىغا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇرۇشتىن ئارتۇق ئىش قىلالمىدى. ئۇ قىزىغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ يۈرەك كېسىلى توغرۇلۇق سۆزلىسۇنمۇ؟ لېكىن، ئۇنىڭدا بۇ تېما توغرۇلۇق سۆز ئاچقۇدەك چوڭقۇرراق چۈشەنچە يوقتە. ئەمىسە قاشتېشى توغرۇلۇق سۆزلىسۇنمۇ؟ لېكىن، قىزى ئۇنى چۈشىنەمدۇ. ئىنگلىز تىلى توغرۇلۇق سۆزلىشىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، قىزى ئۆزىدىنمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچىنى تېپىۋالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ قىزىنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلغۇسىمۇ يوق. «ئوبدان دەم ئالغىن. . .» ئۇ ھەر قېتىم بارغىنىدا باشقا بىر نېمە دېيەلمەي ئاشۇ گەپنىلا تەكرارلايتتى. لېكىن، ئىلاجسىزلىقتىن ئېيتىلغان بۇ بىر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ زېدىلەنگەن قەلبىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. «دادا، بولدى، ئەمدى جىق كەلمەڭ. مەن ناھايىتى ياخشى. . . سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! بۇنىڭدىن كېيىن. . . ئانام بىلەن سوقۇشماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بىچارە ئانام ھازىرغىچە بىرمۇنچە جاپا تارتتى. ئائىلىمىز ئۈچۈن بىر - بىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىڭلار. . .» مانا بۇ قىزىنىڭ خەن زىچىگە دوختۇرخانىدا ئېيتقان گەپلىرى. خەن زىچى بۇ گەپلەردىن قىزىنىڭ قەلبىنى تۇگمەن تېشىدەك ئېغىر

روھىي يۈكىنىڭ بېسىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندى، ئەمما قىزىغا تەسەللى بەرگۈدەك گەپ تاپالمىدى. . . ئۆزىنىڭ قىزى ئالدىدا ئاتىلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈندى.

ھويلا ئىچى تۇيۇقسىز قاتتىق چېقىلغان چاقماقتا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى، دېرىزىنىڭ پەردىسىدە نۇرلۇق بىر كۆكۈچ نۇر پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتتى. يۈرىكى ئىختىيارسىز جىغ قىلىپ قالغان خەن زىچى ئۆزىنى دەرھاللا يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى چوڭ پارتلاش بولغان ھېلىقى كۈنگە قايتىپ بارغاندەك سەزدى، كاللىسىدىن تەشۋىشلىك ئويلار لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ئىشىك بىرنەچچە قېتىم چېكىلدى.

— كىم؟ — خەن زىچى قورقۇپ سورىدى.

— مەن، — بۇ ئايالىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — قاراپ باقاي دەپ. . .

بۇ قېتىم خەن زىچىنىڭ تەلەپپۇزى خېلى يۇمشاپ قالدى:

— نېمىگە قارىماقچىدىڭ؟ يامغۇر تېخى توختىمىسا!

— تيەنشىنىڭ ھازىرغىچە كەلمەيۋاتىدۇ! — ئايالىنىڭ ئاۋازى تەشۋىشلىك چىقتى.

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، دوختۇرخانىغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ. بۈگۈن كېسەل يوقلايدىغان كۈن ئەمەسمۇ.

— كېسەل يوقلاپ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇ يەردە يۈرمەس.

— بەلكىم يامغۇر بەك قاتتىق ياغقاچقا، قايتىپ كېلەلمىگەندۇ، — دېدى ئۇ پەرەز بىلەن ئايالىغا تەسەللى بەرگەچ، — بالنىتسانىڭ كارىدورىدا ئۇزۇن ئورۇندۇق بار، شۇ يەردە ياتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەتە كېلىپ قالار. ئەنسىرىمە. . .

— ئەنسىرىمەي تۇرالايتتىمۇ؟ يۈرەك - باغرىمنى يېرىپ چۈشكەن بىر تاللا ئوغلۇم تۇرسا، — ئايۋاندىن ئايالىنىڭ خورسىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — بۈگۈنكىدەك كۈندە دوختۇرخانىغا

بارىمەن دەپ نېمىمۇ قىلار ئىدى بۇ بالا؟ بىر ئادەم دوختۇرخانىدا ياتسا ھەممە ئادەم پاتىپاراق بولۇپ تازىمۇ بىر ئىش بولدىغۇ بۇ!

ئايالىنىڭ ھېسسىياتىنى قىلچىلىك يوشۇرماي تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتقان بۇ سۆزى خەن زىچىنىڭ يۈرىكىگە جاققىدە تېگىپ تومۇر - تومۇرلىرىغا غەزەپلىك بىر ھېسسىياتنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ قاراڭغۇدا ئايىغىنى ئىزدەشتۈرگەچ ئايالىغا ئىچىدە كايىدى: «بۇمۇ بىر ئانىنىڭ دەيدىغان گېپىدىمۇ؟ تيەنشىنىڭ بىلەن شىنيۇ ئوخشاشلا بالىغۇ. ئون نەچچە يىلدىن بېرى خەن زىچى شۇنچە سەۋر قىلىپ كەلدى، نەتىجىدە نېمىگە ئېرىشتى؟ ئۆزىنىڭ قوۋۇرغىسى سۇندى، قىزىنىڭ يۈرىكىنى دىلخەستە قىلدى. ئەمدى ئۇ يەنە قاچانغىچە سەۋر قىلىدۇ؟ قارىغاندا، قىزى بۇ ئائىلىدە ئارتۇقچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئەمدى سەۋر قىلالمايدۇ. ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، قىزىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ قورسىقىنى بىر بوشىتىۋېلىشى كېرەك!»

خەن زىچى يەرگە چۈشۈپ مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ دېگۈدەك ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بىر ئورۇندۇقنى ئۆرۈۋەتتى.

— نېمە بولدى؟ — ئايالى كۆيۈمچانلىق بىلەن شۇنداق دەپ سورىغاچ ئىشىكتىن كىرىشكە باشلىدى.

خەن زىچى تۇيۇقسىز چېقىلغان چاقماق يورۇقىدا چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ئايالىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە بوسۇغىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. خەن زىچى ئالدىنقى قېتىم يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالى بەك يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنىدى، ھە دېسە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى.

چاقماق يەنە توختاپ قالدى، ئايالىنىڭ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ خەن زىچى تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى، شەرقىي ئۆيدە ياتقان كېلىنىنى،

قىزنىڭ: «ئانام بىلەن ئەمدى ئۇرۇشماڭ!» دېگەن سەمىمىي ئۆتۈنۈشىنى ئەسكە ئېلىپ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

— ھېچ ئىش بولمىدى، ئۇخلىيالمىدىم، ھويلىدا بىردەم ئولتۇراي دەپ... — خەن زىچى راست گېپىنى دېمەي ئورۇندۇقنى يۆلىدى ۋە سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان قوۋۇرغىسىنى تۇتقىنىچە دەرمانسىزلىق بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئايالى يېنىك تىنغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى ۋە ئايۋان ئاستىدا توختاپ ئاچچىق خورسىندى:

— ھەي، بۇ تيەنشىڭزە! بىزنىڭ ئەنسىرەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمدىكىنە؟

شەرقىي ئۆيدە چېن شۇيەن كىيىمى بىلەنلا ياتقان بولۇپ تېخى ئۇخلىمىغانىدى. شىنيۆدىن، تېخىچە قايتمىغان ئېرىدىن ئەنسىرەپ كۆزىگە ئۇيقۇ بارمايتتى. ئۇ قېينانىسىنىڭ ئاچچىق خورسىنغىنىنى ئاڭلاپ دېرىزە تەرەپكە قاراپ توۋلىدى:

— ئانا، ئۇنى مەن ساقلاي. ئالدىنقى ھويلىدا خەي ھامماممۇ بار، ئىشىكنى ئۇرسىلا ئاڭلايدۇ. سىز ئۇخلاۋېرىڭ، تيەنشىڭدىن ئەنسىرىمەڭ. ئۇ چوپچوڭ ئادەم تۇرسا، نېمىدىن قورقىسىز؟ ھېچ ئىش بولمايدۇ!

ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ئىچىدىن ئېرىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، تيەنشىڭنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

شۇ تاپتا تيەنشىڭ كوچىدا يامغۇردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ دەلدۈگۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك گاھ توختاپ گاھ يەنە ئۇچقاندەك مېڭىپ كېتەتتى، كوچىدا ئۇنىڭدىن باشقا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى.

ياق، ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغىنى يوق، كاللىسى شۇنداق ئوچۇق. قارىغاندا ئادەم بىر ئىشلارنى بەك چوڭقۇر چۈشىنىپ

كەتسە ساراڭغا ئوخشاپ قالىدىغانمۇ ئوخشايدۇ. . .

بۇگۇن ئەتىگەن ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا چۈشتىن كېيىن
دوختۇرخانىغا شىنيۈنى يوقلاپ بېرىش كېرەكلىكى ئۇنىڭ ئېسىدە
ده بار ئىدى. ئەمما ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا ئۇ بۇنى چېن
شۇيەنگىمۇ، خەي هامىمىغىمۇ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالدى. لېكىن،
تۆيگە كەچ قايتىپ قالسا ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئەنسىرەپ كەتمەيتتى،
چۈنكى بۇگۇن كېسەل يوقلاش كۇنى ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلىدۇ
ئەمەسمۇ. ئۇ بۇگۇن سېختا باش كۆتۈرمەي ئىشلىدى. ئۇ:
«قانداقلا بولسۇن شىنيۈنى يوقلاپ بېرىشىم كېرەك، بولمىسا
ئۇ بەك يېتىمسىراپ كېتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ،
ئىشقىلىپ، ئىش قىلىۋېتىپ سائىتىگە نەچچە قېتىم قاراپ قويدى.

تيەنشىڭ چۈشتە تاماق يېيىش ئۇچۇن زاۋۇتنىڭ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا باردى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا رۇڭ گۇيفاڭنىڭ تاماق قاچىسىنى
كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە كۆڭلى بىر
قىسما بولغاندەك بولۇپ گەپمۇ قىلماي ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ
كەتتى.

تاماق سېتىۋاتقان ياش بىر ئاشپەز ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپلا دوستانە چاقچاقدا ئۆتتى:

— پاھ، تويىنىڭ رۇخسىتىنى ئۇزۇن ئاپسىز جۇمۇ،
دىدارىڭىزنى بۇگۇن ئاران كۆردۇق. بىزگە توي كەمپۈتى ئالغاچ
كەلگەنسىز؟

مۇشۇ بىر ئېغىز سوئال بىلەن تيەنشىڭ توي قىلغاندىن
بېرى تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدا تاماق يېيىشى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. نەچچە كۇندىن بېرى ئۇ تويدىن ئاشقان
نەرسىلەرنى يەپ كوللېكتىپ ئاشخانىغىمۇ كىرمىگەنىدى. خەي
هامىما هەر كۇنى ئۇنىڭ سومكىسىغا تاماق سېلىپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

بۈگۈن ئۇ ئالدىراشلىقتا ئۆيدىن تاماق ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇغاندى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەرگە توي كەمپۈتى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇغىنى نېمىسى؟ خېلى كۈنلەردىن بېرى تيەنشىڭ ئىش ۋاقتىدىمۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان سىڭلىسىدىن ئەنسىرەپلا يۈرگەن، تويىغا بارغان بىرقانچە يېقىن دوستىدىن باشقا ئىشداشلىرىغا توي كەمپۈتى تارقىتىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدىكى ئۇستاملارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان — دە، ئارىدىكى مۇناسىۋەتمۇ باشقىلارنىڭكىدىن چوڭقۇر، لېكىن ئۇ ئۇنتۇپ قالدى.

— ئاپلا. . . — تيەنشىڭ تاماق سېتىش ئورنىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك يۈزلىرى قىزارغان، خىجىل بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدى، گەپلىرىمۇ دۇدۇقلاپ دېگۈدەك چىقتى، — مەن ئەتە ئالغاچ كېلەي!

شۇ ئارىدا، ئىچكىرىدىكى قولىغا ساپلىق تۇتقان چوڭ ئۇستام ئويلىمىغان يەردىن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بولدى، ئەمدى ئەكېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق توي كەمپۈتىدىن ئۈمىد كۈتۈپمۇ كەتمەيمىز.

تيەنشىڭ ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغاندەك بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ياۋاش يىگىت ئەزەلدىن باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈپ كەلگەچكە، ھازىرقىدەك سوغۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. توي كەمپۈتى دېگەننى تارقاتسىمۇ، تارقاتمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر كىشىدە قەرزى يوق. بىرەر كۈن كېچىكىپ قالغانغا شۇنداق قاتتىق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقتە. تيەنشىڭ ئاخىر ئاچچىقىنى باسالماي ئېغىز ئاچتى:

— ئۇستام، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ئۇستام ئالىيىپ قويۇپ:

— شۇنچىلىك گەپنى چۈشەنمىگىنىڭ نېمىسى؟ تەمى

ئۆزگىرىپ قالغان كەمپۈتىنچۇ، يېگىلى بولمايدۇ. يېگەن بىلەنمۇ ئادەمنى بىئارام قىلىپ قۇستۇرىدۇ، — دېدى ئاستاغىنە.

ئاچچىقتىن تيەنشىڭنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. ئۇ بۇنىڭ مۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەسلىكىنى، گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— ئۇستام، ياخشى ئادەم ياپتا گەپ قىلمايدۇ، گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ، مېنىڭ سىزگە يۈز كېلەلمىگەن يەرلىرىم بارمۇ؟

— يۈز كېلەلمىگەن يەرلىرىم دەمسەن؟ يا مەن سېنىڭ لايىقىڭ بولمىسام، — ھېلىقى ئۇستام ساپلىقنى بىر چەتكە قويۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە سېمىز بىلەكلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ، قاپىقىنى ئاچماستىن دېدى، — ئەجەب يوغىناپ كەتتىڭا، سەن سولتەك. شياۋ رۇڭزى قايسى ئىشتا ساڭا يۈز كېلەلمەپتۇ، ئۇنىڭ نەرى ساڭا يەتمەيدۇ؟ ئەجەب ئۇجمە كۆڭۈللۈك قىلىپ ئۇنى تاشلىۋەتتىڭا!

ئاشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار تەرەپكە قاراشتى. تيەنشىڭ ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەملەر ئولىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرمۇ، ئارىغا چۈشمەكچى بولغانلارمۇ بار ئىدى. خەن تيەنشىڭ ئاچچىقتىن ھېلىقى ئۇستامنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كەلدى.

تيەنشىڭنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولدى. ئەسلى ئۇ رۇڭ گۈيفاڭ بىلەن بولغان ئىشلىرىمىزنى زاۋۇتتىكىلەر بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى بۇ ئىش خىزمەتداشلىرىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى. ئەگەر مۇنۇ پور كۆتەك باشقا ئىش توغرۇلۇق ئۇنى تىللىۋالغان بولسىمۇ، تيەنشىڭ مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ چىدىغان بولار ئىدى. بىراق، رۇڭ گۈيفاڭنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئۇ غەزىپىنى زادىلا باسالماي قالدى. مۇشتلىرى ئىختىيارسىز كىرىشىپ كەتتى.

— ئاكا، ئادەمگە تولا ئۇۋال قىلما جۇمۇ! زادى كىم كىمنى تاشلىۋېتىپتۇ؟!

— قاراڭ ماۋۇ گەپنىڭ چىرايلىقلىقىنى تېخى! سەن دەپباقە، ئەمىسە كىم كىمنى تاشلىۋەتتى؟ — ئاشپەز ئۇستام ئۇنىڭغا سەت گۆلىيىپ، «نوچى بولساڭ كەلمەمسەن» دېگەندەك مەندە قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ كۆرەڭلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى، — ھىم، سەن سولتەك تېخى شياۋرۇڭزىنى ياراتمىغۇدەك بولۇپسەن. چېن ئائىلىسىنىڭ قىزى كۆزۈڭگە تازا چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ - دە، سەن بىلەمسەن؟ ئاشۇ ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئۇچۇن شياۋ رۇڭزى نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ ئۆيۈڭدە سەن ئۆزۈڭنىڭ قۇتلۇق ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتقان چاغدا، ئۇ بۇ يەردە قان يىغلاپ يۈردى. ھەممىمىزنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. نېمە بولغىنىنى سورىساق، ئۇ ھېچنېمە دېمەي قاچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ، — ئاشپەز ئۇستامنىڭ ھېسسىياتلىق ئاھاڭدا ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرى بىلەن تەڭ ئەتراپتا ئولتۇرغانلارمۇ جىمىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ مايىللىقىمۇ ئاشپەز ئۇستامغا قاراپ ئېغىۋاتقاندەك قىلاتتى. قاتتىق ھاياجانلانغان ئاشپەز ئۇستامنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇ بۇ سۆزلەرنى رۇڭ گۈيفاڭنىڭ تارتىۋاتقان ئەلىمگە چىدىيالمىغانلىقى ئۇچۇنلا دەۋاتقاندەك، ئەسلىدە تيەنشىڭنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا قالدۇرۇش ئويى يوقتەك قىلاتتى، — سەن دوست بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا، — دېدى ئاشپەز ئۇستام ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم چامداپ، — بۇ گەپلەرنى ساڭا دەۋاتىمەن. خەن تيەنشىڭ، ئۇقۇپ قوي، بىر خۇيزۇ يەنە بىر خۇيزۇغا دەرد - ئەلەم سالماسلىقى كېرەك. سىلەرنىڭ خەن جەمەتىڭلارنىڭ ھېچقانداق قالتىس يېرى يوق. رۇڭ گۈيفاڭنىڭ سەندىن نەرى كەمكەن؟ بىز بىلىكىمىزگە تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەيمىز، يۈز تۆكىدىغان ئىشلارنى قىلمايمىز. قارىسام، شياۋرۇڭزى ساڭا بەك سەممىي

مۇئامىلە قىلىدىكەن. سەن سولتەكنىڭ كۆزى مال تونۇماپتۇ. مۇشۇنداق ياخشى ئادەمنى بوزەك قىلغىنىڭنى قارا!

تيەنشىڭنىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، كىرىشكەن مۇشتلىرىمۇ ئىختىيارسىز بوشىدى. ئالدىدىكى ئاشپەزگە قارىدى، ئۇ پېتىنىمۇ بۇزماي شۇنداق سۇرلۇك ھالەتتە تۇرۇپتۇ. تيەنشىڭ يەنە ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىنمۇ ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بىر خىل ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. بوپتۇ، بۇگۈن تيەنشىڭ يېڭىلگەنمۇ بولسۇن. خەپ، كېيىن پۇرسىتى چىقىپ قالار. خەن تيەنشىڭنىڭ كۆڭلىدە بىرمۇنچە گېپى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى لايىق تاپمىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ رۇڭ گۇيفاڭغا ئۇۋال قىلغىنىمۇ يوققۇ. ئانىسى ھەر تەرەپكە قاتراپ توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان چاغدا يۈز ئۆرىگەن، ئايرىلىپ كېتىش تەكلىپىنى قويغان يەنىلا شۇ رۇڭ گۇيفاڭغۇ! ياق، بېرىپ رۇڭ گۇيفاڭ بىلەن سۆزلىشىش كېرەك. نېمىدېگەن تۇترۇقسىز قىز بۇ. خەن تيەنشىڭنى تاشلىۋەتكىنى ئاز كەلگەندەك تېخى زاۋۇتتا گەپ تارقىتىپ يۈرۈپتۇ. قىز بالىمۇ مۇشۇنداق قارا نىيەت بولامدۇ؟

تيەنشىڭ تاماق ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، كەينىگە بۇرۇلغىنىچە كېتىپ قالدى ۋە ئاشخانىدىن چىقىپ سېخ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئىشچىلار نۆۋەتلىشىپ تاماققا چىقىدىغان بولغاچقا ئادەتتە ئىشمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. شۇ تاپتا رۇڭ گۇيفاڭ ماشىنىنىڭ يېنىدا ئىدى.

تيەنشىڭ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— شياۋ رۇڭزى، بىز پاراڭلىشايلى.

رۇڭ گۇيفاڭنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. قىز قولىدىكى ئىشنى توختاتماستىن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— خەن ئۇستام، باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە دەخلى قىلما-

سىڭىز قانداق؟

رۇڭ گۇيفاڭنىڭ يالغاندىن قېتىپ تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ، تيەنشىڭنىڭ ئۇنى تەستەك بىلەن بىرنى سالغۇسى كەلدى، بىراق ئۇنداق قىلغىلى بولمايتتى. ئەر كىشى تۇرۇپ ئايال كىشى بىلەن ئۇرۇشسا بولامدۇ؟ ئۇ ئىزچىل تۇردە زاۋۇتتا ياخشى دېگەن نامنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى سېخنىڭ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلسا بولمايدۇ ـ دە. ئادەتتە، ئىش ۋاقتىدا تالون بېسىشقا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەن. بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان تيەنشىڭ ئامالسىز قىزارغىنىچە ئۆزىنىڭ ئورنىغا قايتىپ باردى ۋە ئىشىغا تۇتۇندى. نېرىدىكى يېشى ئۆزىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان بىرقانچە يىگىت ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىن «بۇ بىر نېمە خوتۇن ئېلىپ بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە شياۋ رۇڭزىنى ئەخمەق قىلىۋاتقىنىنى» دېگەندەك بىر مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئىش ۋاقتى مىڭ تەسلىكتە توشقاندىن كېيىن، تيەنشىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئىش كىيىمى بىلەنلا سېخنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ياق، زاۋۇتنىڭ ئالدىدا ساقلاش كېرەك، باشقىلار ئۇلارنى كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ.

يامغۇر يەنىلا شۇنداق قاتتىق يېغىۋاتاتتى. تيەنشىڭ زاۋۇت دەرۋازىسىدىن ئەللىك قەدەمچە نېرىدىكى كونا ئارچا دەرىخىنىڭ ئاستىدا كۆزىنى دەرۋازىدىن چىقىۋاتقانلاردىن ئۈزمەي قاراپ تۇردى. يېڭىلا توي قىلغان بۇ يىگىتنىڭ ئىلگىرى يۈرگەن قىزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇشىدا باشقا سەۋەبمۇ يوق، پەقەت كونا ھېسابنى ئالماقچى ئىدى.

رۇڭ گۇيفاڭ ئاخىر چىقتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كۆكۈچ يامغۇرلۇق كىيىمى بار ئىدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ يامغۇرلۇقنى بەدىنىگە تېخىمۇ چىڭ ئورىدى ـ دە، يامغۇر سۇلىرى-

نى كېچىپ، تېز - تېز قەدەم بىلەن ياندىكى يولغا چىقتى. قىز ئىلگىرى ئۆزى ئۇرغۇن كېچىلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئارچا دەرىخىنىڭ يېنىدا تيەنشىڭنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغىنىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى.

— شياۋ رۇڭزى، توختاپ تۇرۇڭ، — ۋارقىرىدى تيەنشىڭ.

رۇڭ گۈيفاڭ چۆچۈپ كەتتى، ئەمما دەرھاللا ئېسىگە كەلدى. قىز جايىدا توختاپ، شاپپىدە كەينىگە بۇرۇلدى. پۈتۈن بەدىنى چىپ - چىپ هۆل بولغان تيەنشىڭ ئارچا دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. رۇڭ گۈيفاڭنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولدى، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز هالدا بىر خىل مېھرىبانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ئەمما، بۇ ئۇچقۇن دەرهال يوقالدى. قىز نەمدەلگەن كىرپىكلىرىنى بوشقىنە مىدىرلىتىپ، تۆۋەن ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— خەن ئۇستام، بىزنىڭ يەنە دېگۈدەك گېپىمىز قالمىدى، ئەمدى سىزمۇ ئۆز يولىڭىزغا مېڭىڭ.

— قانداق گەپ بۇ! — تيەنشىڭنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى. شۇنچە ئۇزۇن ساقلاپ تۇرۇپ، ئەمدى ئۇنى بىكاردىن - بىكار كەتكۈزۈۋېتىدىغانغا تيەنشىڭ ساراڭ ئەمەس، — شياۋ رۇڭزى، قارىغاندا سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسىز. مەنچۇ، خەقنىمۇ بوزەك قىلمايدىغان، باشقىلارغىمۇ بوزەك بولمايدىغان ئادەم. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدىم، هازىرمۇ شۇنداق. مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان ئادەم. سىز تېخى مېنى ئالدىڭىزغا بېرىپ سىزگە يېلىنىدۇ، توي قىلىش تەلىپى قويىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق. سىزدىن بىرلا سوئالنى سوراي، مەندىن ئالالمايدىغان زادى نېمە ئۆچىڭىز بار؟ ئۆزىڭىزچىلا مەندىن قېچىپ يۈردىڭىز، ئەمدى يەنە ئارقامدىن گەپ تېپ ، مېنى بىرمۇنچە

www.uyghurkitap.com

ئىزاغا قويدىڭىز. ئېيتىڭە، زادى كىم كىمنى تاشلىۋەتتى؟ بۇنى باشقىلار بىلمىسە، سىزغۇ بىلەرسىز؟

رۇك گۈيفاڭ ئاچچىق كۈلدى:

— خەن ئۇستام، بولدى، بۇرۇنقى ئىشلارنى تەگەشمەيلى، ھەممىسى مېنىڭ كۆزۈمنىڭ كورلۇقىدىن، دۆتلۈكىمدىن بولدى. ئەگەر مەندە سىز دېگەندەك گەپ تېپىپ باشقىلارنى ئىزاغا قويغۇدەك دىت بولىدىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك كۈنگە قالمىغان بولاتتىم! — رۇك گۈيفاڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ، تيەنشىڭگە قاراپمۇ قويماستىن، سوغۇقلا ئېغىز ئاچتى، — خەن ئۇستام، جاھان دېگەن ئۇزۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئەخلاق - پەزىلەت دېگەننى ئۇنتۇماي دۇرۇس ياشارسىز!

— نېمە؟ مەن دۇرۇس ياشىماپتىمەنما؟ — تيەنشىڭ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن قوللىرى بىلەن رۇك گۈيفاڭنىڭ بىلىكىنى كاپپىدە تۇتتى، — مەن دۇرۇس ياشىماپتىمەنما؟

— ئەمىسە، مەن دۇرۇس ياشىماپتىمەندە؟ — رۇك گۈيفاڭ قولىنى تارتىۋالدى، — مەندىن تېنىپ ئۇجمە كۆچۈللۈك قىلغان ئۆزىڭىزغۇ، كۆزىڭىزگە شاڭخەيدىكى نەۋرە سىڭلىڭىزدەك چىرايلىق كۆرۈنمەي قالغاندىمەن، تايىنلىق!

رۇك گۈيفاڭنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ئاڭقىرالمىغان تيەنشىڭ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— قانداق نەۋرە سىڭلىكەن ئۇ؟ — سورىدى ئۇ چۈشىنەلمەي.

— مەن نەدىن بىلەي، — رۇك گۈيفاڭ سوغۇقلا جاۋاب بەردى، — ئۇ نەۋرە سىڭلىڭىزنىڭ چېھىن ئائىلىسىنىڭ قىزى بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — تيەنشىڭ گاڭگىراپلا قالدى.

رۇك گۈيفاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى كىمدۇر بىرى بۇزغاندەك قىلاتتى. تيەنشىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىدىغان چاغدا

چېن شۆيەننى تونۇمايتتى، شاڭخەيدە بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسلا بىلمەيتتى. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى.

— تۆھمەت، بۇ پىتنە - ئىغۋالارنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— پىتنە - ئىغۋا؟ — رۆڭ گۈيفاڭ سوغۇققىنە كۈلۈپ قويدى، — ئەمىسە ئانىڭىز سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن پىتنە - تېرىپتۇ - دە!

— نېمە؟ مېنىڭ ئانامنى دەمسىز؟ — تيەنشىڭ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاچچىق بىر تۈتۈن تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى، كۆزلىرى تورلاشقاندەك بولۇپ، ياندىكى دەرەخقە يۆلىنىۋالدى.

تيەنشىڭ دەرەخكە يۆلىنىپ ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن يۈزىدىكى سۇلارنى يېڭى بىلەن سۈرتتى. رۆڭ گۈيفاڭ ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ توختىماي چۈشۈۋاتقان يامغۇردا قىزنىڭ بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان كۆكۈچ يامغۇرلۇق كىيىمىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى.

تيەنشىڭ قىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى، ئۇنىڭ قارىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان جايىدا تۇرۇپ قالدى. رۆڭ گۈيفاڭ ئانىسى بىلەن قاچان كۆرۈشكەن بولغىيدى؟ ئانىسى نېمىشقا «نەۋرە سىڭىل» ھېكايىسىنى توقۇپ چىقىرىدۇ؟ ئانىسى مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزدىمىكىنە؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئەمىسە بۇ نېمە ئۈچۈن؟

تيەنشىڭ يېنىدىكى يامغۇرغا چىلىشىپ كەتكەن ئارچا دەرىخىنى بار كۈچى بىلەن ئىرغىتتى، ئۇنىڭدىن سادا كەلمىدى. جاۋاب ئورنىدا يامغۇر سۇلىرى يۈزىگە قۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ تونۇش دەرەخ ئاستىدا ئۇ ئىلگىرى تالاي قېتىم رۆڭ گۈيفاڭنى ساقلاپ تۇرغان ئەمەسمىدى؟ بۈگۈن يەنە مۇشۇ دەرەخ ئاستىدا رۆڭ گۈيفاڭنى ساقلىدى. بۇ زادى قانداق «ئۈچرىشىش»؟ بۈگۈن ئۇنىڭ كاللىسىدىكى چىگىش تۈگۈن ئاخىر يېشىلدى،

لېكىن يۈرىكى قاتتىق زېدە بولدى. روڭ گۇيفاڭنى يىتتۈرۈپ يەنە تېپىۋالدى، لېكىن ئەمدى بۇ قىز ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس. ئەمدى قىزغا چۈشەندۈرۈشكىمۇ پۇرسەت قالمىدى! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزى دىلىغا قاتتىق ئازار بەرگەن بۇ قىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ ئۆزىنى مەنسىتمىگەن ئىشداشلىرىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ زاۋۇتتا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يېرىمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ ئىشىغا توپا چاچقىنى باشقا ئادەم ئەمەس، دەل ئانىسى ئىكەن ئەمەسمۇ؟

تيەنشىڭ ئېيتقۇسىز بىر غەزەپ ئىچىدە ئوقتەك يۈگۈردى. خەپ، بېرىپ ئانامدىن ھېساب ئالمىسام! تيەنشىڭ سولارنى كېچىپ توختىماي چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا قارىماستىن يۈگۈرۈيتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ۋېلسىپىتى بىلەن يامغۇرلۇقىنىمۇ زاۋۇتتا ئۇنتۇپ قالغانىدى.

تيەنشىڭ چاغاننىڭ ئەتىسى بولغان ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كۈنى ئۇ روڭ گۇيفاڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگىنى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلانغان، ئانىسى بولسا چېن شۇيەننى كۈتكىنى ئۈچۈن قالتىس خۇش بولغانىدى. ئۇ يەنە ئۆزى ئايرىلىش ئازابىدا تازا قىيىنىلىۋاتقان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئانىسىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا چېن شۇيەننىڭ ئۇنىڭغا «مەيلى» بارلىقىنى ئېيتقانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئانىسىغا جىممىدە قاراپ تۇرغان، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىدىن چەكسىز مىننەتدار بولغانىدى. ئەمدى ئويلاپ باقسا، ئانىسى بۇرۇنلا كۆڭلىگە باشقىچە بىر غەرەزنى پۈكۈپ بولغانىكەن. تېخى بۇلا ئەمەس، ياز كىرىشى بىلەن ئۇنى توي خېتى ئېلىشقا ئالدىراتقان، كۈز كىرىشى بىلەن ھەشەمەتلىك تويىنىڭ داۋرىڭىنى قىلغانمۇ شۇ ئانىسى. . . ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىلىپ يەتتى. ئانىسى ئەسلىدە چېن شۇيەننى بۇرۇنلا كۆزلەپ قويغان، روڭ گۇيفاڭنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن جىمى نەيرەڭلەرنى ئىشلەتكەنىكەن. ئۇ بولسا ھەممە ئىشتا ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە

مېڭىشىنىلا بىلىپ بۇ ئىشلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتۇ. ئۇ نېمىدېگەن ئەخمەق ـ ھە! ياق، بۇ ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدىن ئەمەس، ئانىسىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىن، ئۇنىڭغا ئىشەن-گەنلىكىدىن بولدى. دېمىسىمۇ بالا بولغۇچى ئۆزىنىڭ ئانىسىدىن گۇمانلىنىپ ئولتۇرامدۇ؟ لېكىن، ئانىسى ئۇنىڭ ئىشىنى ئاس-تىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىپتۇ. بولمىغان بولسا، ئۇ چېن شۇيەن بىلەن توي قىلمىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە رۇڭ گۇيفاڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن بولاتتى. ئانىسى نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆزى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىرگە بولۇشىغا قوشۇلمايدۇ؟ ئادەم نېمىشقا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى سۆيەلمەيدۇ؟ نېمىشقا باشقىلار كۆر-سىتىپ بەرگەن تۇرمۇش يولىدا ماڭىدۇ؟ نېمىشقا ئانىسى ئۇنىڭ-غا ئۆزى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان چېن شۇيەننى خوتۇن-لۇققا تاللاپ بېرىدۇ؟...

تيەنشىڭ ھېچنېمىگە قارىماي بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈيت-تى، ئوقتەك كېتىۋاتقان ماشىنىلارمۇ ئامالسىز تورمۇز بېرىپ جېنىدىن تويغان بۇ يىگىتكە يول بوشىتىپ بېرەتتى. ئۇ تولا يۈگۈ-رۈپ، ئاخىر ئاستىلاپ قالدى. ھېرىپ قالغىنى ئۈچۈن ئەمەس، رۇڭ گۇيفاڭنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغان ئادەم چېن شۇيەن كۆز ئالدىدا تېخىمۇ ئېنىق پەيدا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق بولدى. شۇ تاپتا چېن شۇيەن ئۇنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. تيەنشىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېيىشى كېرەك؟ «سې-نى ئانام ماڭا زورلاپ ئېلىپ بېرىپتىكەن» دېسۇنمۇ؟ ياق، ئانىسى تيەنشىڭگە ئۇنى زورلاپ ئېلىپ بەرگەن ئەمەس، ئۆزى ماقۇل دېگەن. گەرچە چېن شۇيەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا رۇڭ گۇيفاڭ بىلەن بولغان مۇھەببەتتەك چوڭقۇر مۇھەببەت بولمىسىمۇ، ئۇ چېن شۇيەننىڭ زادى نەرىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنداق دېيىشتىن ئۇيۇلىدۇ. ئانىسى بىلەن تازا سوقۇشاي دېسە، بۇ يەنە خوتۇنىغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇمۇ دوست ئەمەس، ئىلگىرى ئاندا ـ ساندا

www.uyghurkitap.com

ئۇچرىشىش ۋە تويدىن كېيىن يېرىم ئاي بىللە تۇرۇش داۋامىدا چېن شۇيەننىڭ پاك، ئاق كۆڭۈل، بارلىقىنى ئېرىگە ئاتاشتىن يانمايدىغان ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. مۇشۇنداق ياخشى ئايالنىڭ دىلىغا ئازار بەرسە بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلسا، زاۋۇتتىلا ئەمەس، ئۆيدىمۇ يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يېرى قال-ماس.

ھېسسىياتى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان تيەنشىڭ بەدىنىگە تاراپ كېتىۋاتقان ئاچچىق سېزىمدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلال-مايتتى، بىردە توختاپ، بىردە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭاتتى، لېكىن نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. زېمىننى خېلى بۇرۇنلا قاراڭ-غۇلۇق باسقان، ئاسماندا قاپقارا بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى، يام-غۇر چېلەكلەپ يېغىۋاتاتتى. ھېلىدىن ھېلىغا دەھشەتلىك چاق-ماق چېقىپ تيەنشىڭنى بىر خىل ئارامسىزلىق ئىچىگە تاشلايت-تى. ئۇ كۆككە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. دۇنيادا ھەممىگە قادىر خۇدادىن بىرىلا بار ئىدىغۇ؟ ئاھ، خۇدا! ئېيتقىنا، ئادەم نېمىش-قا بۇنچە جىق رىيازەتلەرنى چېكىدۇ؟ مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، مېنى بۇ دۇنياغا ياراتقانىكەنسەن، ماڭا توغرا ماڭىدىغان يولدىن بىرنى كۆرسىتىپ بەر!

تۇن يېرىملاشتى. كوچىدا ئادەم قالمىغان، ئاپتوبۇسلارمۇ توختاپ كەتكەنىدى. توختىماي يامغۇر قۇيۇلۇۋاتقان ئاسمانمۇ، ئاشۇ يامغۇرنى ئۆز قوينىغا سىڭدۇرۇۋاتقان زېمىنمۇ سىياداندەك قاپقارا ئىدى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا ئازراق بولسىمۇ بەرھەم بەرگەن كوچا چىراغلىرى ئەرۋاھتەك تىمىسقىلاپ كېتىۋاتقان تيەنشىڭ-نىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ھايات سەھنىسىدە ئاۋۋال تراگېدىيە بىلەن كومېدىيە، ئاندىن كومېدىيە بىلەن تراگېدىيە كېچە - كۈندۈز نۆۋەت بىلەن ئوينىلىپ چىقىدۇ...

# 11 - باب سەرسانلىقتىكى سەۋەنلىك

1937 - يىلى 7 - ينىڭ 29 - كۈنى، بېيپىڭ قولدىن كەتتى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ياپونىيە ئارمىيىسى شاڭخەيگە هۇجۇم قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

1938 - يىلى 10 - ئايدا، ۋۇخەن بىلەن گۇاڭجۇ قولدىن كەتتى.

. . .

بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش ئوتى يەر شارىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدىمۇ تېزلىك بىلەن كېڭەيمەكتە ئىدى.

1938 - يىلى 3 - ئايدا، گېرمانىيە ياۋروپانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئاۋسترىيىنى يۇتۇۋالدى.

1939 - يىلى 3 - ئايدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى چېخ - سلوۋاكىيىنى ئىشغال قىلدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گېرمانىيە «ئۆزىنى قوغداش» دېگەن چىرايلىق باھانە بىلەن پولشاغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى. پولشانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئەنگلىيە، فرانسىيە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

1940 - يىلى 5 - ئايدا، گېرمانىيە ئۈچ مىليون ئەسكەر، ئىككى مىڭ بەش يۈز تانكا، ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز ئايروپىلان ۋە يەتتە مىڭ زەمبىرەكنى ئىشقا سېلىپ شىمالىي دېڭىزدىن شۋېتسارىيە چېگرىسىغىچە بولغان سەككىز يۈز كىلومېتىرلىق

غەربىي ئۇرۇش لىنىيىسىدە تۇيۇقسىز تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن چاقماقتەك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە تېزلىك بىلەن ليۇكسېمبۇرگ، گوللاندىيە ۋە بېلگىيىنى بويسۇندۇردى، ئاندىن گېرمانىيە ئارمىيىسى ئادېن تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە سېداننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ساينت ـ كۋېنتىن، ئامىيېنىسنى بويلاپ ئەنگلىيە بوغۇزىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. . .

1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، فرانسىيە گېرمانىيىگە تەسلىم بولدى. بۇ چاغدا دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىدە يېتىم قالغان ئەنگلىيە تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. كۆڭلىگە چوڭ مەقسەتلەرنى پۈككەن گىتلېر ھاۋادىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئىنگ ئارىلىغا ھاۋادىن چاقماقتەك ھۇجۇم قوزغىدى. ئاتمىش مىڭ توننا بومبىنى ئەنگلىيە زېمىنىغا تاشلىدى. . .

1940 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شەنبە، لوندون ئېغىر بالايىئاپەت ئىچىدە قالغانىدى.

سەھەر، گرېنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ سائىتى كۈندىكىدەك داڭ ئۇردى. خونتېر خانىم ئادىتى بويىچە شىرەگە شىفەن، بولكا، سۈت، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزدى. ئولىۋېر بالدۇرلا چىقىپ كەتكەنىدى. ناشتىنى ئۇ ئادەتتە ئۆيدە قىلمايتتى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان لياڭ بىڭيۇ ھەر شەنبە كۈنى بۇ ئۆيگە كېلەتتى. شۇ تاپتا شىرەنىڭ يېنىدا خونتېر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىلەن خەن زىچىلا ئولتۇراتتى. خەن زىچىنىڭ تاماققا پەقەتلا ئىشتىھاسى يوق ئىدى، ئالدىغا يېيىۋالغان «تايمىس» گېزىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەنىدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ ئۇنىڭ ھەر ئەتىگىنى تۈنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ گېزىتنىڭ ھەر بىر بېتىنى ئالا قويماي ئوقۇيتتى، ئۇنىڭدىن جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى ئىزدەيتتى. «لوگۇچياۋ ۋەقەسى»،

«13 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى» ، «نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقى» توغرىسىدىكى خەۋەرلەردىن ئىچى قاتتىق سىيرىلسا، «پىڭشىڭگۈەن ئۇرۇشى» ، «تەيئېرجۇاڭ ئۇرۇشى» توغرىسىدىكى خەۋەرلەردىن ئۇمىدكە تولاتتى. لېكىن، كېيىن بېسىلغان خەۋەرلەردە ساپلا ئەنسىز ئىشلار يېزىلغانىدى؛ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى قوغلاپ چىقىرىلماي تۇرۇپ، ھۆكۈمەت قايتا ـ قايتا «كومپارتىيىنى قورشاپ يوقىتىش» ، دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنى تازىلاش كۈرىشى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. جۇڭگو زادى قاچانمۇ ئارام تاپار؟

— خەن ئەپەندى، نېمىشقا بىر نېمە يېمەيسىز؟ — خونتېر خانىم ئاستاغىنە سورىدى، ئايالنىڭ قىزغۇچ چىرايىدا بىر خىل كۆلۈمسىرەش ئەكس ئەتكەنىدى، — بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتىسىز. ئۆزىڭىز بۇنى سەزمىدىڭىزما؟ سىزدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. ياخشى قارىيالمىغان يەرلىرىم بارمۇ ـ يا؟

— ياق، خونتېر خانىم، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ، — خەن زىچى خىجىل بولغاندەك بىر تەرزدە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، — لېكىن، گېلىمدىن پەقەت تاماق ئۆتمەيۋاتىدۇ. ھەي ـ ي! ئۇرۇشنىڭ بۇنچە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. بەك ئۇزۇن بولسا بىر يېرىم يىلدىلا قايتىپ كېتەرمەن دەپ ئويلىغۇېدىم، مانا ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ قېلىشىمنى كىم ئويلىغان؟ بېيپىڭ ئىشغال قىلىنىپ جۇڭگونىڭ چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالدى. ئايالىم بىلەن بالامنىڭ ئازراقمۇ خەۋىرى يوق. مەن. . . ئۇلارنى تاشلاپ كەتكىنىمگە بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— ئۇلارنى باشتىلا بىرگە ئېلىپ كېلىدىغانمۇ گەپكەن، ئەمدى ئۇلارنى ئېلىپ كېلىمەن دېسىڭىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، — دېدى خونتېر خانىم ئامراق ئاق مۈشۈكىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، —

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىساق، جۇڭگودىكى ئۇرۇشنى كوممۇنىستىك پارتىيە قوز-
غاپتىمىشقۇ؟ ئۇلار ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ئوت قويۇپتۇ، ياپونلار
جۇڭگولۇق ئاياللار بىلەن بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ. . .

— گېزىتكىمۇ شۇنداق بېسىلىپتۇ، — خەن زىچى سەۋر-
سىزلىك بىلەن گېزىتنى قاتلاپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوي -
دى، — لېكىن، بىر ئىشنى پەقەتلا چۈشەنمەيمەن، ئەجەبا يا-
پونلار جۇڭگولۇقلارنى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، زەمبىرەكلىرى
بىلەن قۇتقۇزغىلى كەلدىمىكىنە؟ بىزنىڭ ئۆيدە بىر ئايال بار،
ئۇ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بېيپىڭغا قېچىپ كېلىۋالغان.
ئۇنىڭ ئېرىنى، بىر ئايلىق بولمىغان بالىسىنى ياپونلار ئۆلتۈرۈ-
ۋەتكەنىكەن، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن
كۈتۈپ كېلىۋاتىدۇ. . .

خەن زىچىنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا بېيپىڭغا ئۇچۇپ كەتتى.
ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئائىلىسى — ئايالى، ئوغلى بار. . .

خەن زىچى ئەمدى ئۆزىنىڭ قاراملىقىغا، خوتۇنىنىڭ نەسى-
ھەتلىرىنى ئاڭلىماي شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئەنگلىيىگە
كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئەمدى يۇرتىغا قايتىپ بارد-
مەن دېسىمۇ بارالمايدۇ. خەن زىچى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى توغرۇ-
لۇق خىيال سۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، «ئائى-
لەم ھازىرمۇ مەۋجۇتمىدۇ؟ جاپالىق كۈنلەردە بىللە بولغان ئايا-
لىم، سەبىي ئوغلۇم ھازىرمۇ ھاياتمىدۇ» دېگەن ئوي كاللىسىغا
كىرسىلا يۈرىكى ئۆيۈپ تەنلىرى شۈركىنىپ كېتەتتى. ئۈچ
يىلدىن بېرى ئۇ ئەنگلىيىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ «قاشتې-
شى كۆرگەزمىسى» ئاچتى، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىش-
تى. لېكىن، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ مۇساپىرلىق ئەلەملى-
رىنى يېنىكلىتەلەمدۇ؟

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دوستۇم! — دېدى سام
خونتېر قولىدىكى كىچىك قوشۇق بىلەن تۇخۇمنىڭ پوستىغا

ئاستا ئۇرغاچ، ــ سىلەرنىڭ جۇڭگودا: «ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەپتۇ» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. مېنىڭچە، سىز، ئۆزىڭىزنىڭ كەسپى ئۇچۇن چامىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئەجىر قىلدىڭىز؛ «جۇڭگو قاشتېشى پادىشاھى» دېگەن نامىڭىز ئەنگلىيىگە، پۈتۈن ياۋروپاغا تارالدى، سىز يىغقان قىممەتلىك ساقلانمىلار جۇڭگونىڭ جەڭ مەيدانلىرىدىن ئوڭۇشلۇق چىقتى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئۇتۇقتۇ. ئۇرۇش ئىشىغا كەلسەك، سىز بۇنىڭغا ئامال قىلالمايسىز. مەنمۇ شۇنداق گۈزەل خىياللارنى قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئەمىنلىك قاپلىغان يېشىل بوستانلىققا ئايلانسىكەن، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولسىكەن، كۆندە مىلاد، چاغان بايراملىرىنى ئۆتكۈزسەككەن، ھەممە ئادەم چىرايلىق ئۇنچە - مەرۋايىتلاردىن ئۆزىگە زىبۇ زىننەت ياساپ، نەپىس قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئۆيلىرىگە تىزىپ قويالىسىكەن، دەپ ئويلايمەن. لېكىن بۇ پەقەتلا بىر شېرىن خىيال. زېمىندىن زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلەپ ئېتىلىشلىرى ھەر ۋاقىت ئاڭلىنىپ تۇرسا، ئۇنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى دېگەنلەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتىمۇ قالمايدۇ. بەلكىم ئۇزۇنغا قالماي بىز تاماق يەۋاتقان بۇ جايمۇ خارابىلىككە ئايلىنىپ قالار، لوندون شەھىرىنىڭ ئورنى خەرىتىدىن ئۆچۈپمۇ كېتەر، بەلكىم مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ماكانسىزلىق قىسمىتىگە قالارمەن!

سام خونتېر كەلگۈسى ئۈستىدىكى قورقۇنچلۇق پەرەزلىرىنى ساماۋى چۆچەكلەرنى سۆزلەۋاتقاندەك تەمكىن ۋە يۇمۇرلۇق قىلىپ ئېيتتى.

ــ ئاھ، تەڭرىم! ــ دېدى خونتېر خانىم ھاۋاغا كرېست سىزىپ، ــ ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس. مەن گېرمانلارنىڭ شۇنچە قەدىمىي، گۈزەل لوندوننى قاراپ تۇرۇپ ۋەيران قىلىۋېتىشىگە ئىشەنمەيمەن!

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز؟ — دېدى سام خونتېر
قوشۇقتا توخۇمنىڭ ئىچىنى ئويۇپ يەۋېتىپ، — گىتلېرنىڭ
قارنى بەك يامان، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى يۇتۇۋالماقچى. قوشنا
دۆلەتلىرىمىز ئۇنىڭغا شۇنچە تېزلا يەم بولدى، ئىتتىپاقدىشىمىز
فرانسىيىمۇ تۈگەشتى. ساتقۇن ھۆكۈمەت ئۆز دۆلىتىنى قىلچە
ئايىماي گېرمانىيىگە قوش قوللاپ تۇتۇپ بەردى. خۇددى بىر دۆلەت
كىمگە بەرگۈسى كەلسە شۇنىڭغا بېرىدىغان زىننەت بۇيۇمىدەك!
— ھەي - ي! — خەن زىچى ئاچچىق خورسىنىپ ئۆز
ۋەتىنىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىمۇ بىر كۈنلەردە
ياپونىيىگە يەم بولۇپ كېتەرمۇ؟
— گەپنىڭ قىزىقى تېخى ئەمدى چىقىدۇ، فرانسىيىنىڭ
گاتىبىن ئورمانلىقىدىكى، بىر پويىزدا گېرمانىيىگە تەسلىمنامە
تاپشۇرۇپتۇ. بۇ دەل گېرمانىيە 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ
بولغان چاغدا تەسلىمنامىگە قول قويغان جاي ئىدى. تارىخ ئىن-
سانىيەت تەقدىرىنى مانا مۇشۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋې-
تىدىكەن! — چىرايىدا ھەسرەتلىك بىر كۈلۈمسىرەش ئەكس
ئەتكەن سام خونتېر ئالدىدىكى كەسپدىشىغا قارىدى، — ئىككى-
مىزنىڭ ئارىسىدىكى سودىغىلا ئوخشايدىغان ئىشتە بۇ!
— ھە؟ — خەن زىچى دەماللىققا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى
چۈشىنەلمەي قالدى.
سام خونتېر ئۆلاپلا دېدى:
— شۇنداققۇ، قەدىناس دوستۇم؟ قىممەت باھالىق
ئۇنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى دېگەنلەر بۇگۈنى بۇ ئادەمنىڭ
قولىدا بولسا، يەنە بىر كۈنى باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.
نەچچە مىليون يىللاردىن بېرى قىممەتلىك ساقلانمىلار قولدىن
قولغا ئۆتۈپ كەلدى، شۇنداق بولغانسېرى ئۇلارنىڭ قىممىتى
ھەسسىلەپ ئاشتى. ئەمەلىيەتتە، ھېچكىم بۇلارنى مەڭگۈلۈك
خوجايىن سۈپىتىدە قولىدا تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. قاشتاشنىڭ ئۆم-

رى ئادەمنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ. بىز ئۇنى باھاسىنىڭ قىممەتلىكىگە باقماي تاللىشىپ سېتىۋالىمىز، ساقلايمىز، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىر كىمنىڭ قولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز!

خەن زىچى ئۈندىمىدى. ئۇ سىياسىي توغرۇلۇق ھېچقانچە بىرنېمە بىلمەيتتى، بۇ جەھەتتە سام خونتېر ئۇنىڭغا قارىغاندا جىق نەرسىلەرنى بىلەتتى. لېكىن، خەن زىچىنىڭ قاشتېشى، ئۈنچە - مەرۋايىتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى سام خونتېردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. سام خونتېر يەر شارىنى بىر دۆۋە ئۈنچە - مەرۋايىتقا ئوخشىتاتتى، بۇ ئوخشىتىشقا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى تاجاۋۇزچىلىق، تالان - تاراج قاپلاپ كەتكەنلىكىگە بولغان كىنايە سىڭدۈرۈلگەنىدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز! — دېدى خەن زىچى سام خونتېرنىڭ گېپىدىكى چوڭقۇر مەنىنى ھېس قىلىۋېتىپ، — ساۋ مېڭدېنىڭ: «تاشپاقا ھەرقانچە ئۇزۇن ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئۆمرى مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ، يىلان چاڭ - توزان توزىتىپ دەبدەبە بىلەن ماڭغاندىمۇ يەنە توپىغا يەم بولىدۇ» دېگەن گېپى بار. يۈز يىلدىن كېيىن بەلكىم مەن قارا تۇپراقنىڭ ئاستىدا چىرىپ كېتەرمەن، پانىي دۇنيا بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم قالماس! لېكىن، ئاشۇ كۈنگىچە ئىنسان تىرىشىپ - تىرمىشىپ جاھىللىق بىلەن ياشايدۇ. ئۇ ئالەمگە ئۇزايدىغان چېغىمدا قاشتېشىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام قورقۇپ كېتىمەن.

— ھامان ئايرىلىدىغان گەپ، دوستۇم، — سام خونتېر بۇ كۆڭۈلسىز تېمىنى بايىقىدەكلا ئازادە بىر كەيپىيات ئىچىدە تىلغا ئالدى، — بوۋامنىڭ بوۋىسى ئەل ئۆمرىدە قاشتېشىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئادەم ئىكەن. سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چېغىدا، قاشتېشىغا تارتىشىپ كۆزلىرى نەچچە قېتىم

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپتۇ، لېكىن قاشتېشى ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالماپتۇ. ئۆلىدىغان چاغدا قولىدىكى قاشتېشى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ كارىۋاتتا قىمىر قىلالماي يېتىۋېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ بوۋام ئۇنىڭ يولىدىن ماڭماي سودىغا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا: «ئەگەر تاۋار قولۇڭلاردا تېخىمۇ چوڭ قىممەت يارىتالمىسا، قىممىتى يوق بىر نېمىگە ئايلىنىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلدۇرغانىكەن. داداممۇ، مەنمۇ مۇشۇ نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق. بەلكىم شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا «خونتېر ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغاندۇ، مەنمۇ شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ تۇرمۇشۇمنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەلىگەندىمەن، ئۆزۈم ياراتقان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولالىغاندىمەن. سىزچۇ، دوستۇم، بوۋامنىڭ بوۋىسى تۇتقان يولغا مېڭىۋاتقاندەك قىلىسىز. مۇشۇنداق قىلىش ھاجەتمۇ؟ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام، ئاشۇ بەش ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى سېتىۋەتكەن بولاتتىم.

— سېتىۋەتكەن بولاتتىم دەمسىز؟ — خەن زىچى ھەيران قالدى.

— ھەئە، سېتىۋەتكەن بولاتتىم. ئۇلۇغ برىتانىيە مۇزېي بىلەن باھا قويۇش سېتىۋېلىش ئورنى خېلىدىن بېرى سىزنىڭ نەرسىلىرىگە قىزىقىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەرقانچە يۇقىرى باھا قويسىڭىزمۇ ياق دېمەيدۇ. ئۇ نەرسىلىرىڭىزنى ئۇرۇش بۇلۇتلىرى ئەگىپ يۈرگەن ھازىرقىدەك ۋاقىتتا ساتمىسىڭىز قاچان ساتىسىز؟ قاشتاشلىرىڭىز كۆيۈپ كەتسە، ھەرقانچە پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ كېچىكىسىز!

خەن زىچى جىمىدە تۇرۇپ قالدى. سام خونتېرنىڭ بۇ گەپلىرى كونا گەپلەر ئىدى.

— ياق، — دېدى خەن زىچى، — خونتېر ئەپەندى، ئەگەر ئۇنداق قىلسام مەن ئۇ نەرسىلەرنى مىڭبىر مۇشەققەتتە پەقەت

سىتىش ئۇچۇنلا ئەكەلگەن بولۇپ قالامدىمەن؟ سىز ئەسلى بۇ نەرسىلىرىڭىزنى ساتقۇزۇۋېتەي دېگەن مەقسەتتە مېنىڭ ئەنگلىيىگە كېلىشىمگە ياردەم قىلغانىكەنسىز ـ دە؟

ئون نەچچە يىلدىن بېرى قويۇق ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۈچ يىلدىن بېرى بىردەممۇ ئايرىلماي كېلىۋاتقان بۇ دوستلارنىڭ ئارىسىنى غۇۋا بىر كۆلەڭگە باسقاندەك بولدى. ئارىدىكى قاتمال كەيپىياتتىن تەشۋىشكە چۈشۈپ قالغان خونتېر خانىم ئېرىگە قاقشاشقا باشلىدى:

— سام، ئەسلى سىزنىڭ مەقسىتىڭىز مۇشۇمىدى؟ جۇڭگولۇقلار ساداقەتمەنلىككە بەك ئېتىبار بېرىدۇ، بىرىگە ياردەم بەرسە ئاخىرغىچە ياردەم بېرىدۇ.

سام خونتېر كۆلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ خەن زىچىگە دېدى:

— قەدىناس دوستۇم، يېڭىلىشىۋاتىسىز! مەن پەقەت سىزگە تەكلىپ بېرىۋاتىمەن. قارىغۇنى تار يەردە قىستاۋاتقىنىممۇ يوق. ئەگەر سىزنىڭ ساقلانمىلىرىڭىزنى كۆزلىگەن بولسام، دەسلەپتىلا ئۆزۈمنىڭ ساقلىغان نەرسىلىرىمنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرەرمىدىم؟ سىزنى ئەنگلىيىگە تەكلىپ قىلىپ نېمە قىلاتتىم؟ ئەگەر مەن دۆلىتىڭلاردىكى پۇ شۇچاڭ ئەپەندىدەك مەنپەئەتپەرەس، تۇزكور ئادەم بولسام، ئارىمىزدا بۈگۈنكىدەك چوڭقۇر دوستلۇق بولمىغان بولاتتى.

— راست دەيسىز، — دېدى خەن زىچى بايىقى بىمەنە گېپى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ھايات كارتىنىسى كۆز ئالدىدىن لاپ قىلىپ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ سام خونتېرغا بولغان گۇمانىمۇ نەگىدۇر يوقالدى، — بايا گەپتە كەتكۈزۈپ قويۇپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ. سىز مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغان بىردىنبىر دوستۇم.

— ياردىمىمنى باشقىچە چۈشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ھەيرانمەن، — دېدى سام خونتېر، — سىزگە بېيپىڭدىن ئايرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان چېغىمدا، مەن ئەنگلىيىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن. ھازىر لوندون خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. ئەگەر بىرەر كېلىشىمسىلىك بولۇپ قالسا، سىز دوستۇمغا يۈز كېلەلمەيمەن، شۇڭا. . .

— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇمۇ قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. تەقدىردىن قاقشىغىچە ئادەمدىن قاقشىغان تۈزۈك. باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەن ۋاقىتلاردا بىز بارنى تەڭ كۆرۈپ بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ كۈن ئۆتكۈزدۇق، — خەن زىچى ئىلاجسىزلىق ئىچىدە خورسىنىپ قويدى، — بىراق، ئۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېتىشكە ھەرگىز كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئۇ نەرسىلەر مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ بارلىقىم. ھامان بىر كۈنى مەن ئۇ نەرسىلەرنى بېيىپىڭغا ئېلىپ كېتىمەن. بۇ يەردە ئۆلۈپلا قالمىسام. . .

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم! بۈگۈن نېمە بولدى سىلەرگە؟ ئەتىگەندىلا شۇم ئېغىزلىق قىلغىلى تۇردۇڭلارغۇ؟ — خونتېر خانىم نازارى بولۇپ غۇدۇرىغىلى تۇردى، — ئۇرۇش دەمسىلەر؟ نەدە ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ؟ ئۇرۇش لوندوندىن تولىمۇ يىراقتا بولۇۋاتىدۇ. گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. مەن پال سېلىپ كۆردۈم.

— يەنە شۇ چاي شامىسىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ باقىدىغان پالمۇ؟ سالغان پالىڭىز توغرا چىقسۇن ئىلاھىم! بىزنىڭ ۋە دوستىمىزنىڭ جېنىنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! — سام خونتېر خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلدى، — خەن ئەپەندى، ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭىز ياتىقىڭىزدا ھېلىھەم ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئەگەر بۇ بىناغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتمىسە، ئۇ نەرسىلىرىڭىزگە ھېچكىم تەگمەيدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن بىز رېئاللىقتا تەن بېرەيلى. يۈرۈڭ، دۇكانغا بېرىپ قاراپ باقايلى.

لوندونغا ھېچقانداق خەۋپ يەتمىسە بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تىرىكچىلىكىنى قىلىۋېرىمىز. ئولىۋىيېرنىڭ دېيىشىچە، بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى سودا يامان ئەمەس بولۇۋېتىپتۇ. تويلۇق ئۈزۈك ئالىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ. قارىغاندا، مۇھەببەت ئىلاھى بىلەن ئەزرائىل كۈچ سىنىشىۋاتقان ئوخشايدۇ. قىز - يىگىتلەر ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋىسالغا يېتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتسا كېرەك.

ئولىۋىيېر خونتېر شۇ تاپتا دۇكاندا يوق ئىدى، لياڭ بىڭيۇ بىلەن خېندى باغچىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئەتراپنى شەھەرنىڭ قاينام - تاشقىنلىقى بىر ئالغان خېندى باغچىسى سالقىن ۋە جىمجىت ئىدى. يېشىل پاياندازنى ئەسلىتىدىغان كەڭرى چىملىق ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوتلاۋاتقان يۇمران قوزىلار كىشىنى لوندوندا ئەمەس، ياۋروپا يايلاقلىرىدا ياكى تائىس ياشىغان گۈزەل سەھرالاردا تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قوياتتى. باغچىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى زۇمرەتتەك «يىلانلىق كۆل»دە كۆك قوتان، ئاققۇ ۋە ياۋا ئاق غازلار ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى، بىرقانچە قولۋاق كۆلنىڭ بويىنى ياقىلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ بىر يۈز يىگىرمە يىل بۇرۇن شائىر شېللىرنىڭ ئاشىقى ھاياتىدىن ئايرىلغان كۆل ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ كۆلنىڭ بويلىرىدا ئاشۇ يالقۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. خېندى باغچىسىنىڭ كۈز كۈنلىرىدىكى بۇ مەنزىرىلىرى شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىنىڭ ئۇرۇش تۇمانلىرىنىڭ بۇ تەرەپكە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. پەقەت كۆل بويىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئىككى - ئۈچتىن ئولتۇرغان ياۋروپا مۇساپىرلىرى ۋە دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن غايەت زور شارچىلارغا ئوخشاش كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان رادارلارلا كىشىگە ئۇرۇش

ۋەھىمىسىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. بۇ رادارلار گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنى ئەنگلىيە زېمىنىغا قوندۇرماسلىق ۋە لوندوننىڭ ۋارشاۋادەك ئاقىۋەتكە قالماسلىقىدا مۇھىم رول ئوينايتتى.

ھاۋا ئوبدانلا سوۋۇپ قالغانىدى. چىرايى بۇرۇنقىدىن بەك-رەك تاتىرىپ كەتكەن لياڭ بىڭيۇنىڭ ئاق شىلەپىسى كۆز شامى-لىدا بوش يەلپۈنەتتى، قەدىمى ئاستىدىكى غازاڭلار تىنىمسىز شىلدىرلايتتى. لياڭ بىڭيۇ يېقىنىدىن بېرى مەقسەتسىز رەۋىشتە قىلغان ئىشلىرىغا ئوخشاشلا بۇ قېتىممۇ بۇ باغچىغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ بۈگۈن ياتىقىدا كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەرگە تىزىۋېلىپ ئاندىن بىر - بىرلەپ يىغدى، ھەممە كىيىمىنى بىر باشتىن كىيىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىردا يەنىلا باشتىكى كىيىمىنى تاللىدى، ياتاق ئىچى بەكلا قالايمىقان بولۇپ كەتتى. كەچتە بۇ قالايمىقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىرمۇنچە ۋاقتى كەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆڭلى غەش بولۇۋاتقىنى ئۈچۈنلا قىلدى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بې-غىغا بىرمۇنچە قۇم خالتىلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە غارغا بۆسۈپ كىرىش مانېۋىرى ئىشلەش ئۈچۈن بىرمۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلاتتى. كېچىدە زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىنىڭ مۇداپىئە سېپىگە قاراپ ماڭغىنى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرسخانىدا ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى مۇنبەردە چاسېرنىڭ داستانى «ئاق كۆڭۈل ئايال ھەققىدە ھېكايە» نى تازا ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىۋاتقاندا، ئوقۇ-غۇچىلار تۆۋەندە گىتلېر بىلەن مۇسولىنىنىڭ سۇيىقەستى توغ-رۇلۇق مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇراتتى. دەرسخانا كەيپىياتى قالاي-مىقانلىشىپ كەتتى. لياڭ بىڭيۇ ئىختىيارسىز جۇڭگودىكى سا-ۋاقداشلىرىنىڭ: «شىمالىي جۇڭگو شۇنچە چوڭ بولغىنى بىلەن خاتىرجەم ئولتۇرغۇدەك يەر يوق» دېگەنلىرىنى، تۇغۇلۇپ ئۆس-كەن مەھەللىسىنى ئەسلەپ قالدى.

ئەتىگەندە ئولىۋېر خونتېر تېلېفون بەرگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بۇ باغچىغا كەلگەنىدى.
ئۇلار شائىر بايروننىڭ مىس ھەيكىلى يېنىدا ئاستا قەدەم
بىلەن كېتىۋاتاتتى. بۇ ھەيكەلنى گرېتسىيە ھۆكۈمىتى شېئىر-
لىرى ۋە ئىسسىق قېنىنى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان
گرېتسىيە خەلقىگە تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ شائىر بايروننى خاتىر-
لەش ئۈچۈن تەقدىم قىلغانىدى. بۇ مىس ھەيكەلدە بايروننىڭ
چىرايى شۇنداق كېلىشكەن قىلىپ لايىھىلەنگەن بولۇپ، چاچلى-
رى قاپقارا، بۇرنى قاڭشارلىق ئىدى، كۆزلىرىدىن ئەقىل -
پاراسەت ۋە ھاياجان چاقناپ تۇراتتى. شائىر شۇ تۇرقىدا گويا
ئۆز ۋاپاتىدىن كېيىن روياپقا چىققان ئانا ۋەتىنىگە قاراۋاتقاندەك،
مېيىپ پۇتىنى سۆرەپ ئۆتكەن ئوتتۇز ئالتە يىللىق ئەگرى -
توقاي ھايات يولىغا قايتىدىن نەزەر سېلىۋاتقاندەك، ئەڭ ئاخىر-
قى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە يازغان مۇنۇ شېئىرىنى ئىچى-
دە پىچىرلاپ ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى:

ئۆتمەكتە كۈنلىرىم خازانلار دەسسەپ،
گۈلى ھەم مېۋىسى يىتكەن سۆيگۈنىڭ.
مەن بىلەن قالغىنى پەقەتلا بۇندا،
گۇمرانلىق، ئارمان ۋە ھىدى قايغۇنىڭ.

لياڭ بىڭيۇ بايروننىڭ ھەيكىلى يېنىدىن ئاستا ئۆتۈپ كەت-
تى.
باغچىنىڭ تازىلىق ئىشچىلىرى سۈپۈرۈلگەن غازاڭلارنى بىر
يەرگە يىغىپ ئوت يېقىۋاتاتتى. خىلۋەت دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا
لەيلەپ يۈرگەن تۇرۇم - تۇرۇم ئىسلار لياڭ بىڭيۇغا سەددىچىن
سېپىلىدىكى تۇرانى ئەسلەتتى. يىراق ئۆتمۈشتە ئوت، گۈلخان
يېقىش تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلات-

تى. هازىرمۇ لياڭ بىڭيۇنىڭ ئانا دىيارىدا ھېلىھەم ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندۇ؟

شىشىدەك سۈپسۈزۈك ئاسماندا كۈمۈش رەڭلىك ھاۋا ھۇ-جۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش شارچىلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى، كۆز شامىلى شارچىلار باغلانغان ئىنچىكە پولات سىمغا تېگىپ بوش ئاۋاز چىقىراتتى. لياڭ بىڭيۇ قەدىمىنى توختىتىپ ئېپادىسىز بىر نەزەردە كۆككە تىكىلدى:

— لياڭ خانقىز، ئاۋۇ شارلارنى تاماشا قىلىۋاتقان ئوخ-شىمامسىز؟ — قىزنىڭ يېنىدا تۇرغان ئولىۋېيىر بېشىنى كۆتۈ-رۈپ يالتىيىدە ئۇنىڭغا قارىدى، — شۇ تۇرقىدا بۇ شارچىلار كى-شىگە غايەت زور بىر تىزىق مارجاننى ئەسلىتىدۇ.

— ياق، ئۇ ماڭا بېيپىڭدىكى «قۇملۇق قالغىچى»نى ئەسلەتتى... — دېدى لياڭ بىڭيۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— «قۇملۇق قالغىچى» دېگىنىڭىز قۇشنىڭ ئىسمىمۇ؟

— ياق، لەگلەكنىڭ ئىسمى. كىچىك ۋاقتىمدا مەن لەگ-لەك ئۇچۇرتۇشقا بەك ئامراق ئىدىم، — خىيالى ئاللىبۇرۇن يۇرتىغا كەتكەن لياڭ بىڭيۇ ئاسماندىكى شارچىلاردىن كۆز ئۈز-مەي شۇنداق دېدى.

— لەگلەك دەمسىز؟ — ئولىۋېيىر چۈشىنەلمىگەندەك قاي-تىلاپ سورىدى. لياڭ بىڭيۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى.

— بۇ يەردە ئۇنداق لەگلەكلەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. لەگلەكنىڭ ئانا ماكانى جۇڭگودا، بېيپىڭدا! باھار كېلىشى بىلەن بېيپىڭنىڭ ئاسمىنىنى لەگلەكلەر قاپلاپ كېتىدۇ.

— ھەقىقەتەن بىزنىڭ بۇ يەردىكىگە ئوخشىمايدىكەن، — دېدى ئولىۋېيىر، — سىزمۇ لەگلەك ئۇچۇرتۇشنى بىلەمسىز؟

— ياق، ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ قىزلار لەگلەك ئۇچۇرتۇشنى بىلمەيدۇ! — لياڭ بىڭيۇ ئاچچىق

كۆلۈپ قويدى، — لەگلەك ئۇچۇرتۇشمۇ كىشىدىن ئازراق پەم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شامال يۆنىلىشىگە دىققەت قىلىش، لەگلەكنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. شامال چىققاندىن كېيىن يىپنى قويۇپ بېرىپلا تەۋرىتىش كېرەك. ئىشقىلىپ، لەگلەك ئۇچۇرتۇش ئادەمنى تولا يۈگۈرۈتۈپ هاردۇرۇۋېتىدىغان ئىش. مەن ئۆزۈم لەگلەك ئۇچۇرتماي تولا هاللاردا تاماشا كۆرەتتىم. گۇاڭدىيەننىڭ لەگلەكلىرى ئەڭ داڭلىق ئىدى. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەڭ قىممەت باهادا سېتىلىدىغان «چوڭ قۇملۇق قالغىچى» ساۋ شۆچىنىنىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن ئۇسۇل بويىچە ياسالغانىكەن. كىچىك ۋاقتىمىزدا مەن دېمەتلىك بالىلارنىڭ هەممىسى مۇشۇ خىل لەگلەكنى ئۇچۇرتاتتۇق. چى ئاكام يىگىرمە تومپۇرغا لەگلەكتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ماڭا ئۇچۇرتۇشنى ئۆگىتىپ قويدى. ئاكامنىڭ ئەكەلگىنى شەكلى «قۇملۇق قالغىچى»غا ئوخشايدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن سەل كىچىك، قارا يوللۇق سىزىقلىرى بار لەگلەك ئىدى. بىز ئۇنى «قازان كۆيىسى» دەپ ئاتايتتۇق. چى ئاكام لەگلەكنى ئۇچۇرتۇپ بەرگەندىن كېيىن ئىشىغا كېتىپ قالاتتى. مەن قاياققا يۈگۈرۈشنى بىلەلمەي لەگلەكنىڭ يىپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالاتتىم. ئەگەر ئازراقلا دىققەت قىلمىساق، يىپنى يىغىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي لەگلەكنى چۈشۈرۈۋېتەتتۇق. شۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشۇ ئىش مەزمۇن قىلىنغان بىر قوشاق بار ئىدى: «‹قازان كۆيىسى›، ‹قازان كۆيىسى›، ئۇچۇشقا ئامراق ‹قازان كۆيىسى›، كۆردى مانا بىر موللاق بىلەن، يەردە ئۆزىنى ‹قازان كۆيىسى›». ئوغۇللار مېنى زاڭلىق قىلىپ چاۋاك چېلىپ شۇ قوشاقنى ئېيتىشاتتى، — لياڭ بىڭيۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئۆزىمۇ سەزمەي شۇ ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش كۈلۈۋەتتى، كۆزلىرىدە ئەلەملىك ياش تامچىلىرى يالتىرىدى.

— بالىلىقىڭىزغا مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ. پۇرسەت بولسا

جۇڭگوغا بېرىپ «چوڭ قۇملۇق قالغىچى» نىڭ ئۇچۇشىنى بىر
كۆرگەن، «موللاقچى قازان كۈيىسى» نى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇ-
چۇرتقان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ هە! ـــ لياڭ بىڭ-
يۇنىڭ گەپلىرىگە هەۋەس قىلىپ قالغان ئولىۋېير هاياجان بىلەن
شۇنداق دېدى.
ـــ ئەمدى ئۇ ۋاقىتلار كەلمەسكە كەتتى، ـــ لياڭ بىڭيۇ
بېشىنى تۆۋەن سالغاندا، ئاق شىلەپىسىنىڭ سايىسى كۆزلىرىدى-
كى هەسرەتلىك ئالامەتنى توسۇۋالدى. قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ
قولياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتى، ـــ ئەمدى بېيپىڭنىڭ
ئاسمىنىدا ياپون ئايروپىلانلىرىلا ئۇچۇۋاتقاندۇ؟
ـــ بايا بىر ئوبدان تۇراتتىڭىز، ئەمدى يىغىغا چۈشتى-
ڭىزغۇ، ـــ شېرىن خىياللار قاينىمىغا غەرق بولغان ئولىۋېير
ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى، ـــ
لياڭ خانقىز، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تولا ئويلاپ كەتمەڭ. بۇ يەر
لوندون، بېيپىڭ ئەمەس، ياپونىيىنىڭمۇ، گېرمانىيىنىڭمۇ ئاي-
روپىلانلىرى بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. بىز مانا بىر ئوبدان ياشاۋات-
مامدۇق؟
ـــ بىز؟ ـــ لياڭ بىڭيۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسى ئۈستىدە
ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. قىز ئۈچ يىل ئىلگىرىكى باهار كۈنلى-
رىنىڭ بىر ئەتىگىنى قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك بۇ يىگىتنى
تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىدىلا، ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆز-
لىرىدە ئالاهىدە بىر خىل هېسسىيات ئالامىتىنىڭ قېتىپ قالغان-
لىقىنى سەزگەنىدى. چىرايلىق، ياش قىزلار ئادەتتە بۇنداق
ئىپادىگە تولىمۇ تۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن، لياڭ بىڭيۇ بۇنى
پەرۋايىغا ئالمىدى، ئولىۋېيرنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇهەببەت ئۇچ-
قۇنلىرىنى سەزمىگەنگە سېلىپ سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ئۆزىنى
ئەپقېچىپ يۈردى. ئولىۋېير ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى هەققىدى-
كى قۇرۇق گەپلىرى بىلەن ئىزنى بەكلا بىزار قىلىۋەتكەنىدى.

شۇڭا لياڭ بىڭيۇ ھېسسىيات جەھەتتە ئولىۋىيېردىن ئۈستۈن
تۇرۇش، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرى-
شىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا
ئىمتىھان بېرىش قارارىغا كەلدى. مۇشۇنداق قىلسا ئۇ بۇ سەر-
گەردانلىق كۈنلىرىدە قايتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى ھەم
كۆپ ۋاقىتلىرىدا مەكتەپتە تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى،
ئولىۋىيېرنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قارا كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىشى-
دىن قۇتۇلالايتتى. بىراق، دائىم بۇنداق مۆكۈنۈپ يۈرگىلىمۇ
بولمايتتى، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ بەرىبىر خونتېرنىڭ
ئۆيىگە قايتاتتى. خونتېر خانىمنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، ئو-
لىۋىيېرنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي گۈل سوۋغا قىلىشى ئۇنى بىئەپ ئەھ-
ۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ مۇستەقىل ئادەم ئەمەس ئىدى،
تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتە خەن زىچىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى،
شۇنداقتىمۇ يەنە خونتېر ئائىلىسىگە تايانماي بولمايتتى. ئەزىز
مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈلۈۋاتقان بولسىمۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا
يەنىلا خەقنىڭ پاناھلىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان
ئىدى. ئۇ ئۆي ئىگىسىنى خاپا قىلىپ قويسا بولمايتتى. راست-
تىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا، خونتېر ئەر - خوتۇننىڭ نەزەرىدە
ۋاپاغا جاپا قىلغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇ ھەمىشە ئۆز
ھېسسىياتىنى چەكلەپ تۇراتتى، سۆز - ھەرىكىتىگە بەكلا دىق-
قەت قىلاتتى. بۇ يات ئەلدىكى تۇرمۇشنى سەۋرچانلىق بىلەن
ئۆتكۈزۈپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرىدىغان ئاشۇ
كۈننى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. شۇ چاغدا بەلكى ئۇ ۋەتىنىگە
قايتىپ كېتەر. ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئولىۋىيېرنىڭ ئۇنىڭغا
بولغان قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. تەتىل كۈنلىرىدە ئولىۋ-
يېر پات - پات ئۇنى مەنزىرىلىك رايونلارنى كۆرۈپ كېلىشكە
ياكى تىياتىر - مۇزىكا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ بۇنداق
قىزغىن تەكلىپلەرنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالاتتى. ئولىۋىيېر

يەنە ھەر خىل باھانىلەر بىلەن پات ـ پات ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىـ
تېتىغا ئۇنى كۆرگىلى باراتتى. ھەر قېتىم بارغىنىدا ئازراق
يەيدىغان نەرسىلەرنى، ھەتتا ئويۇنچۇقلارنى ئالغاچ بېرىپ، ئۇنى
گاھى خاپا قىلىپ گاھى خۇش قىلاتتى. ئۇ ئولىۋېرغا بۇنىڭدىن
كېيىن بۇنداق قىلماسلىقنى ئوچۇق دېيىشنى ئويلايتتى ـ يۇ،
لېكىن بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. چۈنكى ئولىۋېر
ئۇنىڭغا پەقەت دوستلۇق تەرىقىسىدىلا مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.
ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇ بۇ يىگىتنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قانداقـ
مۇ رەت قىلالىسۇن؟ ئۈچ يىلدىن بېرىقى تالاي قېتىملىق ئۇچـ
رىشىشلاردىن ئۇنىڭ ئولىۋېرغا بولغان ئىلگىرىكى تەسىراتلىـ
رى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بارا ـ بارا ئۇ بۇ
يىگىتنىڭ خىزمەتتە قابىل، تۇرمۇشتا ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى
سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئولىۋېرنىڭ باشقا قىزلار
بىلەن ئارىلاشقىنىنى، قۇرۇق سۆلەت نوچىلاردەك مودا قوغلاشـ
قىنىنى، تاپتىن چىقىپ كەتكەن ھەرىكەتلىرىنى سەزمىدى. بۇ
ئېھتىمال، ئۇنىڭ تومۇرىدا يېرىم جۇڭگولۇقنىڭ قېنى ئېقىۋاتـ
قىنى، ئۇنىڭ ھېلىقى مېھرىبان، مۇلايىم شەرقلىق ئانىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغىنى ئۇچۇنمىكىن؟ بەلكىم لياڭ بىڭيو كەلگەنـ
دىن باشلاپلا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ شەرقلىق قىزغا چۈشۈپ قالغانـ
دۇ؟ ئىشقىلىپ، ئۇ بارا ـ بارا ئولىۋېردىن ئىلگىرىكىدەك
بىزار بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاكا ـ سىڭىللاردەك دوستلۇق پەيدا بولدى.
ئولىۋېرنىڭ ئالدىراشچىلىقتا دەڭسەپ كۆرمەيلا دەپ سالغان
سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولدى ھەم
يۈرىكى بىر پەسكە تىترەپ ئۆتتى. بىراق، ئۇ نېمىمۇ دېيەلەـ
سۇن؟ ئولىۋېر كۆڭلىدە مەيلى قانداق ئويلىشىدىن قەتئىينەـ
زەر، ئارىنى ئوچۇق قىلغۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىسا، قىز
بەربىر ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يۈرۈۋېرەتـ

تى. ئۈچ يىلدىن بېرى قىز مانا مۇشۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن
ياشاپ كەلگەنىدى.
— لياڭ يۈەن ياخشى بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ يەردە
ئۇزۇن تۇرالمايمەن. بەربىر قايتىپ كېتىشىم كېرەك، —
دېدى قىز. ئۇنىڭ بۇ گېپىدە ئولىۋىيېرنى رېئاللىقتىن چەتنىگەن
خىياللارنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلىۋاتقاندەك پۇراق بار ئىدى.
— سىزنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۇھەببىتىڭىز نېمانداق
چوڭقۇر - ھە! — ئولىۋىيېر ئەپسۇسلىنىشقىمۇ، ھېسداشلىققى-
مۇ ئوخشىمايدىغان چۈشىنىكسىز بىر تەرزدە مۇرىسىنى كۆتۈ-
رۈپ قويدى، — چۈشتە جۇڭگوچە تائاملار ئاشخانىسىغا بېرىپ
تاماق يەپ كەلسەك قانداق؟ «شاڭخەي راۋىقى» نىڭ قورۇمىلىرى
ئانام قورىغان قورۇمىلاردىن كۆپ ياخشىكەن.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇلار يەر شارى تىياتىرخانىسى
زالىدا «چاقماق تېشى» كونسېرتىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ ياتى-
مۇيان ئولتۇرۇشتى. بېلەتنى ئالدىنئالا سېتىۋالغان ئولىۋىيېر
لياڭ بىڭيۇ بىلەن بىرگە بولۇش ئۈچۈن بۇ كۈننى ناھايىتى
كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لياڭ بىڭيۇنىڭ ئەزەلدىن
ئويۇن كۆرۈش بىلەن خۇشى يوق ئىدى، ئولىۋىيېر ئويۇننى
ماختاپ زورلاۋەرگەندىن كېيىن ئىلاجسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ
يەرگە كەلگەنىدى. لياڭ بىڭيۇنىڭ نەزەرىدە، بۇنداق ئويۇنلارنى
كۆرۈش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەندىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىدى. شۇ تاپتا قىزنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق، قىلغۇدەك باشقا
ئىشىمۇ يوق ئىدى. ئويۇن تېخى باشلانمىغان بولۇپ، قىز چۈشۈ-
رۈۋېتىلگەن پەردىگە بىرخىلدا قاراپ ئولتۇراتتى. دېگۈدەك گەپ
تاپالمىغان ئولىۋىيېر ھېلىلا «شاڭخەي راۋىقى» دا يېگەن مەززى-
لىك تاماق توغرۇلۇق توختىماي سۆزلىگىلى تۇردى:
— ۋەتىنىڭىزگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىڭىز ئازراق

بولسىمۇ ئارام تېپىپ قالغاندۇ؟ بۈگۈن لوندوندىن چىقماي تۇرۇپلا جۇڭگوغا بىر قېتىم بېرىپ كەلگەندەك بولۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن!

— ياق، ئۇ يەرگە تاماق يېگىلى بېرىپ ۋەتىنىمنى تېخىمۇ كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، — دېدى لياڭ بىڭيۇ، — لوندوندىكى جۇڭگو ئاشخانىلىرىنىڭ تاماقلىرىدا جۇڭگوچە تەم يوق ئىكەن، پەقەت قۇرۇق نامىلا بار ئىكەن. سىلەر چەت ئەللىكلەرنىڭغۇ قويۇپ تۇرايلى، بۇ يەرنىڭ تاماقلىرى بېيجىڭدىكى دۇڭلەيشۈن، نەنلەيشۈنلەرنىڭ تامىقىغا يەتمەيدىكەن. . . بىزنىڭ ئۆيدە دائىم يەيدىغان ئاددىي تاماقلارمۇ ئۇنىڭدىن مىڭ تەملىك!

— مۇنداق دەڭ! — لياڭ بىڭيۇنىڭ گەپلىرى ئولىۋېيېرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ قويدى، — ئەپسۇس، ماڭا بۇنداق بەخت نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ! ئەگەر ئاخىرەت، باقىي ئالەم دېگەن گەپلەر راست بولسا، مەن كېيىنكى ئۆمرۈمدە چوقۇم جۇڭگوغا بېرىپ كېلىمەن!

— كېيىنكى ئۆمۈردە بېرىشنى كۈتۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا بارسىڭىزمۇ بولىدىغۇ! بارسىڭىز سىزنى ئۆيىمىزگە چاقىرىمەن، — لياڭ بىڭيۇ شۇ تاپتا بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقاندەك ساھىبخانىلىق تەلەپپۇزى بىلەن «ئۆيىمىز» دېگەن گەپنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى ھەمدە ئولىۋېيېرغا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەل قارىغىلى ۋە ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر چەكلىمىنىڭ بارلىقىنى ئۇستىلىق بىلەن ئەسكەرتىپ قويدى.

مەجنۇنلۇق گىردابىغا بېرىپ قالغان ئولىۋېيېر لياڭ بىڭيۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ئۇقماي قىزنىڭ يوشۇرۇن بېشارىتىنى ياخشى تەرەپكە بۇراپ چۈشەندى، يۈزلىرى خۇشاللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.

— ۋاھ، بەك ياخشى بولدى. ئەمىسە بۇ ماڭا تازىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر سەپەر بولىدىغان بوپتۇ - دە! — دېدى ئۇ.

«نېمانداق ئەخمەق نېمە بۇ» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە لياڭ بىڭيۇ. ھەر ئىككىسى ئىنگلىز تىلىدا ياكى خەنزۇ تىلىدا بىمالال سۆزلىشەلەيتتى. بىراق، ئولىۋىيېر لياڭ بىڭيۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى تېخىچە بىلمەيۋاتاتتى.

. . .

پەردە ئېچىلىپ ئويۇن باشلىنىشى بىلەن تەڭ زال ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى. تاللانغان نومۇرلار تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋالغانىدى. ئولىۋىيېرمۇ سۆزدىن توختاپ دىققىتىنى ئويۇنغا مەركەزلەشتۈردى. ماياك باشقۇرىدىغان ئامېرىكىلىق ئىككى ياش باش رول ئالغان بۇ ئويۇندا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىنتىلىشلىرى ۋە قايغۇ - ئەلەملىرى ۋەقەلىك قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى چۈشكۈن، بىرى جۇشقۇن، بولۇپ ھەر قېتىم بىرەر ئىشتا كېلىشەلمىگەن چاغدا ئارازلىشىپ قالاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئولىۋىيېر بىرەر بېشارەتكە ئېرىشكەندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. لياڭ بىڭيۇ بولسا قويۇلۇۋاتقان ئويۇنغا ئېرەنسىمەي ئولتۇراتتى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ لياڭ بىڭيۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت «چوڭ قۇملۇق قارلىغىچى»، دۈڭلەيشۇن، بېيپىڭ، ئۇرۇش دېگەندەك ئويلارلا كېزىپ يۈرەتتى.

تۇيۇقسىز، ئويۇن ۋەقەلىكى غەلىتە بىر لىنىيىدە قانات يايدى. ھېلىقى جۇشقۇن ياش بۇ خىل مەززىسىز تۇرمۇشقا چىدىماي، جۇڭگوغا بېرىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى بولدى: «ھايات؟ پەقەت جۇڭگودىلا ھەقىقىي ھاياتلىق بار. چۈنكى ھازىر ئۇ يەردە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ!» بۇ قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن لياڭ بىڭيۇ ئۆزىنىڭ لوندوندىكى يەر شارى تىياتىرخانىسىدا ئىكەنلىكىنى تامام ئۇنتۇپ، قايناق مەكتەپ بېغىغا قايتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

شۇ چاغلاردا ئۇ سىنىپتىكى ساۋاقدىشى ياڭ شېن بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلەشكەنىدى. سۆيگۈ ئوقى بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۈرىكىگە تۇنجى قېتىم تەگكەن چاغدا، ئۇ بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. سالاپىتى، ئەخلاقى، بىلىمى بار ياڭ شېن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ تىنچ كۆل سۇيىدەك قەلبىنى داۋالغۇتىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى چى ئاكىسى ۋە ئاچىسىغا دېمىگىنى بىلەن ساۋاقداشلىرىدىن يوشۇرۇپ قالالمايتتى، چۈنكى كۆپ ساندىكى ئوغۇللار ئۇنىڭغا قىزىقاتتى. ئەمما قىزنىڭ قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويماي ھاكاۋۇرلۇق بىلەن يۈرۈشى ئۇلارنى ئۈمىدنى ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا ئۇلار ياڭ شېنىنىڭ ئۆزلىرىدىن چاققان كېلىپ بۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانلىقىنى بايقاپ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىۋەتتى. ئۇ تەشۋىش ۋە خىجىللىق ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق كۇسۇلداشلىرى ۋە سۈرۈشتۈرۈشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى، گاھىدا بەخت تۇيغۇسىدىن مەست بولۇپ، بارلىق كىشىلەرگە «مەن سۆيۈلسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟» دەپ خىيالەن سوئال قويدى. ئەگەر كېيىنكى بىر تالاي ئىشلار بولمىغان بولسا، ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇنجى مۇھەببەتلىشىپلا ئۆمۈرلۈك بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، ياڭ شېن بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قالغانمۇ بولاتتى. بىراق، ئۇرۇش ئوتىنىڭ بېيجىڭغا قىستاپ كېلىشى، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش يۈز بېرىشى بىلەن كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز كوچىدا نامايىش قىلىشقا قاتناشقان، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋەرەقىسىنى تارقاتقان بىر ساۋاقدىشى قولغا ئېلىندى. قاتتىق غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار سىلىڭبۇغا ياپونغا قارشى ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، ئادەتتە كەم سۆز، سىپا-

سىيغا ئارىلاشمايدىغان ياڭ شىنىنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىنىدىشىنى تو-
توپ بەرگەنلىكىنى سەزدى. نوموس ۋە پۇشايماندىن لياڭ بىڭيو-
نىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بەربات بولدى. كىچىككىنە بىر
قىزنىڭ تۇنجى پاك سۆيگۈسى شۇنىڭ بىلەن كۆپۈككە ئايلاندى.
ئۇ ئاشۇ غەزەپلىك كۆزلەرگە ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالمايتتى،
ئۆزىنى ئاقلاشقىمۇ ئامالسىز ئىدى. ئۇ ئىلگىرى نامسىز كۆل
بويىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن دەپ ئويلايتتى، ئەمدىلىكتە سۈزۈك
كۆل سۈيىمۇ ئۇ دۇچ كەلگەن بۇ ئاھانەتنى يۇيۇپ تۈگىتەلەيدىغان-
دەك ئەمەس ئىدى. ئۇنتۇش، ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق
ئىشلارنى ئۇنتۇش كېرەك ئىدى. ئۇ مۇھەببەتكە بولغان نەپرەت
ۋە تۇرمۇشقا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆزىمۇ چۈشەنمەي-
دىغان بىر نىشاننى كۆزلەپ، خەن زىچىغا ئەگىشىپ مۇساپىر-
لىق يولىغا قەدەم باستى. . .
لېكىن، ئۇ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە قېچىپ كەتسىمۇ قەلب
جاراھىتىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. بەلكىم ئاشۇ
قەلب يارىسى ئۇنىڭ زېدىلەنگەن، مۇزدەك قەلبىنى مەڭگۈ ئازاب-
لاپ ئۆتەر. مانا ئۇنىڭغا شۇ تاپتا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن
رەھىمسىزلەرچە قەتلى قىلىنغان ھېلىقى ساۋاقدىشى سەھنىدە
تىرىلىپ، ئۆزى سۆيگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ روھىنى چاقىرىۋات-
قاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مۇھەببەت، ئېھ ساددا، نادان مۇھەب-
بەت، خاتالاشقان، ئۆزىنى نابۇت قىلغان مۇھەببەت. . . ئازاب
ۋە نەپرەت ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ
لوندوندا ياكى بېيجىڭدا ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈك ياكى تىرىك ئى-
كەنلىكىنى بىلمەيتتى. لياڭ بىڭيو چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كې-
تىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ بىر تۇپ دەرەخنى تۇتۇۋالغىنىغا ئوخشاش
ئولىۋېيرنىڭ بېغىشىنى ئىختىيارسىز چىڭڭىدە تۇتۇۋالدى.
— لياڭ خانقىز. . . — كۈتۈلمىگەن بۇ ھەرىكەتتىن جاي-
لانغان ئولىۋېير ئۇنى ئاستا چاقىرغاچ، قولىنى ئۇنىڭ

نازۇك، سۇزۇك قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يېنىك سىلاشقا باشلىدى. . .

تۆيۇقسىز ئېسىگە كەلگەن لياڭ بىڭيۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى سەزدى ۋە خىجىللىق ئىچىدە ئىختىيارسىز قولىنى تارتىۋېلىپ:

— ئولىۋېير، ئۇنداق قىلماڭ. . . — دېدى.

ئولىۋېير:

— بۇ ئويۇن ھەقىقەتەن ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىكەن! — دېدىيۇ، قىزغا قاراشقا پېتىنالماي سەھنىگە قارىۋالدى، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

— بۇ ئويۇن بەك ئېچىنىشلىق ئىكەن، كىشى كۆرسە چىدىيالماي قالىدىكەن!

— ئېچىنىشلىق دەمسىز؟ مەن ئۇنداق ھېس قىلمىدىمغۇ؟

شۇ تاپتا ئىككىسى كۆڭلىدە باشقا - باشقا نەرسىنى ئويلاۋاتاتتى.

ئويۇن داۋاملىق قويۇلىۋەردى. جۇڭگوغا كەتكەن ھېلىقى ياش بىر كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى، يەنە بىرى شۇ يەردە قېپقېلىپ، چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. «ھەي، بۇنداق قىيلىنىۋاتقانلار يالغۇز ئۇلا ئەمەسقۇ؟» دەپ ئويلىدى لياڭ بىڭيۇ. ھەتتا ئۇ: «بۇ ئويۇن مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا يېزىلمىغاندۇ - ھە!» دەپمۇ ئويلاپ قالدى. بېيجىڭدىن ئايرىلىپمۇ قۇتۇلالمىغان روھىي بېسىم قەلب يارىسىنى قايتىدىن قوزغاپ قويدى.

گۈزەل بىر قىز سەھنىدە پەيدا بولدى. توقسان يىل ئىلگىرى ۋېنادىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى پاراخوت ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ قىزى سۇ ئالۋاستىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. سەھنىدىكى بۇ قىز دەل ئاشۇ قىزنىڭ ئەرۋاھى ئىدى. ئەگەر ئۇ ھازىر ھايات بولغان بولسا، يۈز نەچچە ياشقا

كىرەر بولغىيدى. بىراق، ئۇ ئەرۋاھ يەنىلا بىر گۈزەل قىزدە. ئۇ تېخى ھاياتنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي، ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدىغان سۆيگۈگە ئېرىشمەي ئېچىنىشلىق ھالدا بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە كىشىلىك دۇنياسىغا «ئوغرى مۇشۇك» تەك تىمىسقىلاپ كېلىپ، كىشىلەردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلدى. بۇ قىزنىڭ روھىمۇ جۇڭگونىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» دىكى جىن ئالۋاستىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە ئوخشاشلا ئادەم سىياقىغا كىرىپ، ماياك باشقۇرىدىغان ھېلىقى پاسسىپ ياشنى بەند قىلىۋالدى، ئۇنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ھاياتنى قۇچاقلاشقا قىستىدى.

ئاھ، خۇدا! لياڭ بىڭيۇ كۆڭلىدە ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى. دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىمۇ نېمىشقا روھ، ئەرۋاھ ھەققىدىكى بۇنداق ھېكايىلەر، كىشىنى ئېزىقتۇرىدىغان ئېزىتقۇ ئەرۋاھلار باردۇ؟ سۇدا ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ۋېنالىق قىز نېمە ئۈچۈن ئاشۇ پاك جىمجىت دۇنيادا ياشىماي يەنە مۇشۇ يىرگىنىشلىك دۇنيادىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ؟ ھەي، سەن سۆيگۈنىڭ ئازابلىرىنى، قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭ، شۇڭا سۆيگۈنىڭ كىشىنى ئۆلۈمدىنمۇ بەكرەك ۋەھىمىگە سالىدىغان تېگى يوق ھاڭ ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيسەن.

تىياتىرخانىنىڭ سىرتىدىن ئەنسىز سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. تاماشىبىنلار تاشقى دۇنيادىن خەۋەرسىزدەك ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي ئولتۇرىۋەردى. پەردە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنلا ئېسىگە كېلىپ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى. پەردە ئىچىدىن تىياتىرخانا دىرېكتورى كۈلۈمسىرىگىنىچە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا ئېگىلىپ بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن: «خانىملار، ئەپەندىلەر، ھەرقايسىڭلارنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم. يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن كۆپچىلىككە مۇنداق بىرگەپنى دېمىسەم بولمىدى: ھازىر سىرتتا

ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالى چېلىنىۋاتىدۇ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلانماقچى بولغانلار بولسا، دەرھال بۇ يەردىن ئايرىلسۇن!» دېدى.

تاماشىبىنلار مىدىرلاپمۇ قويمىدى، زال ئىچىدە جاۋاب ئورنىدا ئۆزگىچە ئىشەنچ، خۇشاللىق ئارىلاشقان كۈلكە ساداسى ياڭرىدى. تىياتىرخانا دىرېكتورى كۈلۈپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن پەردە يەنە ئېچىلدى. ۋېنالىق قىز بىلەن ئامېرىكىلىق مايالى باشقۇرغۇچى يىگىت يەنە سەھنىدە پەيدا بولدى. ئۆلۈپ كېتىشكە توقسان يىل بولغان بىر ئەرۋاھنىڭ ھايات كىشىلەرگە ئۆلۈمنىڭ تەھدىتىنى ئۇنتۇلدۇرالىشى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى.

ۋېنالىق قىزنىڭ ئەرۋاھى لياڭ بېگيونىڭ قەلبىنى رام قىلىۋالدى. ئەرۋاھنىڭ ھەربىر سۆزى، خۇددى لياڭ بېگيوگە قارىتىپ ئېيتىلغاندەك ئۇنى ئازابلايتتى، قىينايتتى.

مۇھەببەتكە ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ۋېنالىق قىزنىڭ روھى ئاخىر ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي، كىشىلەر ئارىسىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، يەنە ھېلىقى سوغۇق، قاراڭغۇ، مەڭگۈلۈك ماكانىغا قايتىپ كەتتى. ئەرۋاھ كېتەر چېغىدا ئۆزى سۆيگەن مايالى باشقۇرغۇچى ياشنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن: «مەن سىلەرگە ئوخشاش ھايات كىشىلەرگە بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن. سېنىڭ ياشاش، مۇھەببەتلىشىش ئەركىنلىكىڭ بار...» دېدى.

پەردە ئاستا ـ ئاستا چۈشۈرۈلدى. زال ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. ئاندىن پەردە قايتا ئېچىلىپ زال ئىچىدىكى چىراغلار يورۇپ كەتتى. ئەرۋاھ بىلەن ئۇنىڭ مەشۇقى كۈلۈمسىرەپ سەھنىگە چىقتى. تاماشىبىنلار شۇندىلا ئېسىگە كەلدى. قىزغىن چاۋاك سادالىرى خېلىغىچە بېسىقمىدى.

ئۇلار يەر شارى كۈلۈبىدىن چىققان چاغدا، لوندون ئاسمى-

نىنىڭ غەرب بۇرجىكىدە ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشقا، ئەتراپقا گۆگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. پىيادىلەر يولىدىكى كاشتان دەرىخىدىن تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماقلار لياڭ بىڭيۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا شارىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. هاۋا هۇجۇمى سىگنالى خېلى بۇرۇنلا بېرىلىپ قالغان بولۇپ، شەهەر ئىچى هېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك تىمتاس ئىدى. قوش قەۋەتلىك ئاپتوبۇسلار ئىلگىرىكىدەكلا كېتىۋاتاتتى. قولتۇقىغا هۆججەت سومكىسى قىستۇرۇۋالغان ئەرلەر ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشىۋاتاتتى، بىر نەچچە ئايال بوۋاقلىرىنى سالغان كىچىك هارۋىلارنى ئىتتىرىشىپ ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئاستىدا سەيلە قىلىشىۋاتاتتى. هەتتا بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان كىشىلەرمۇ بىر ـ بىرىنى ياندىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بايامقى سىگنال ئەجەب ئۇزۇن چېلىندىيا، بۇنداق شاۋقۇنلار سالامەتلىككە زىيانلىق جۇمۇ!»، «توغرا، هېچنېمىدىن هېچنېمە يوق سىگنال چېلىنىپ كەتتىغۇ» دەپ چاقچاقلىشىپ قوياتتى.

لياڭ بىڭيۇ تېخىچە هېلىقى قىزنى، ئۆزى بىلەن دەردداش بولغان هېلىقى ئەرۋاهنى ئويلىماقتا ئىدى. كىنوخانىدا ئۆتكۈزگەن ئۈچ سائەت ۋاقىت ئۇنى پۈتۈن ئۆمۈر مۇساپىسىنى بېسىپ تۈگەتكەندەك هېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى. ياشىماق نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۈشكۈل، ئازابلىق بولىدىغاندۇ؟ ئۇ بايا كۆرگەن ئويۇندىن تەسىرلەندى. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرلىنىشى ئايرىلىش ئازابىدىن ئەمەس، بەلكى سۆيگۈگە بولغان قايناق هېسسىياتتىن ئىدى.

— بايا سىگنال چېلىنغان چاغدا، — دېدى ئولىۋيېر، — ئەگەر كىنوخانا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ مىجىقىمنى چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك سانايتتىم.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، . . . چۈنكى، يېنىمدا سىز بارده!

— ياق، ئۆلىۋېيىر. بۇنداق دېمەڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز بۇنداق دېمەڭ. . . — لياڭ بىڭيۇ يىگىتنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقان گەپلىرىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىشقا بۇنداق دېمەيمەن؟ مەن بىر تىرىك ئادەم، ھايات كەچۈرۈش، بىراۋنى سۆيۈش ھوقۇقۇم بار، — كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئۆلىۋېيىر ئۈچ يىلدىن بېرى كۆڭلىدە يىغىلىپ ياتقان دەرد - ئەلەمنىڭ پارتلاپ چىقىشى بىلەن ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى، — بىڭيۇ، لياڭ خانقىز، بىلەمسىز؟ مەن سىزنى سۆيىمەن. سىزنى تۇنجى كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالدىم. مېنىڭ سىزدىن باشقا ئادەمنى سۆيۈشۈم مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ھاياتىمغا يېڭى مەزمۇن قېتىلدى، خۇشاللىق ۋە ئۈمىد جور بولدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئالتۇن چاچلىق، كۆك كۆزلۈك قىزلارغا نېمە ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ قىرىنى سېلىپ قويمىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. ئەسلىدە تەقدىر مېنى سىزنى كۈتۈشكە بۇيرۇغان، سىزنى مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ شەرقىدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىكەن. بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى!

ئادەتتە ئۆلىۋېيىرنىڭ گېپىدە شەرقلىكلەرنىڭكىگە خاس يوشۇرۇن مەنىمۇ، غەربلىكلەرنىڭكىگە خاس ئوچۇق - يورۇقلۇقمۇ بار ئىدى. ئەمدىلىكتە ۋېنالىق قىزنىڭ ئەرۋاھى بەك تەسىر قىلدىمۇ قانداق، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىردىنلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى؛ ئۆلىۋېيىر مانا مۇشۇ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئورۇن، ۋاقىت تاللاپ ئولتۇرماي ئۆزىنى ئاشىق - بىقارار قىلغان بۇ قىزغا كۆڭلىدىكىنى بىراقلا تۆكۈۋالدى. بىر جۈپ ياشانغان ئەر - خوتۇن يان تەرەپتىن قولتۇقلاشقىنىچە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى. گەرچە ئۇلار خەنزۇ تىلىنى بىلمىسىمۇ، بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ

ئۆتۈلگەنلىكىنى بىلگەنىدى، بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن: «بۇ يىگىت بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋېتىپتۇ. ھەي، بىر چاغلاردا بىزنىڭمۇ مۇشۇنداق ۋاقتىمىز بولغان ــ ھە!» دېگەندەك بىر خىل مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئولىۋيېر قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغان بولۇپ، قاۋۇل تېنى ئالدىدا ئۇزۇن سايىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. لياڭ بىڭيۇ سەل ئورۇق، كىچىك بولغاچقا، سايىسى يىگىتنىڭ سايىسى ئاستىدا كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. ئولىۋيېرنىڭ تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىپ ئېيتقان ھېسسىياتلىق گەپلىرىدىن قىزنىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچ ئىچىدە تىترەشكە چۈشكەنىدى، ۋەھىمىدىن پىيالىدەك چەكچەيگەن كۆزلىرى ئولىۋيېرغا قادالغانىدى:

— ياق، ئولىۋيېر، ياق. . .

ئەسەبىيلەشكەن ئولىۋيېر ئامبۇردەك مەزمۇت قوللىرى بىلەن لياڭ بىڭيۇنىڭ مۈرىسىنى سىلكىدى:

— نېمىشقا ياق؟ زادى نېمىشقا؟ «خونتېر ئۈنچە ــ مەرۋايىت دۇكىنى» چىچېنجەيگە يەتمەمدۇ ياكى مەن سىزگە لايىق كەلمەمدىم؟

— ياق، ياق. . .

— ئەمىسە قېنىم سىزنىڭكىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ مەن سىزدە غەربلىكلەرنىڭ كونا بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى ھەر ھالدا يوقتۇر دەپ ئويلايمەن. ئۇلار قارا تەنلىك، سېرىق تەنلىك ۋە ياۋروپا ــ ئاسىيا قېنى ئارىلاش شالغۇتلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مەن مۇشۇنداق قاراشتا بولغىنى ئۈچۈن بىر ساۋاقدىشىمنى دۇمبالىغان. لېكىن، سىز جۇڭگولۇق، مېنىڭ ئانامغا ئوخشاشلا جۇڭگولۇق، مېنىڭ تېنىمدىمۇ جۇڭگونىڭ قېنى ئاقىدۇ، جۇڭگومۇ مېنىڭ ۋەتىنىم!

— ئولىۋيېر، مەن بۇنداق دېمەكچى ئەمەس. . .

— ئەمىسە يەنە نېمىشقا تەلىپىمنى رەت قىلىسىز؟ بۇ

www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ ئويىڭىز بولمىغىنى ئۈچۈنمۇ؟ سېرىق تەنلىك ئەنگلىيىلىك بولۇشنى خالىمىسىڭىز، بىز جۇڭگوغا قايتىپ كەتسەك بولىدىغۇ!

لياڭ بىڭيۈنىڭ بەدىنى لاسسىدە بوشاپ كەتتى، قېنى ئېقىشتىن، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. مانا، شۇ تاپتا يۈزلىرى شەلپەردەك قىزارغان، ۋۇجۇدىدىن ئەرلەرگە خاس جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرغان ئولىۋېر قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇنىڭدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. كۆزلىرىدە ئاشىقلىق ئوتى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتىن يانمايدىغان يىگىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا قانچىلىك جۈرئەت كېرەك - ھە؟

— ئەمدى قوشۇلۇپسىز - دە؟ — ئولىۋېر ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قارىدى، — بىلدىم، سىز قوشۇلدىڭىز. سۈكۈت قىلغىنىڭىز قوشۇلغىنىڭىز. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇھەببەتنى ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇلى! — خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياي دېگەن ئولىۋېرنىڭ مەڭىز گۆشلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ لياڭ بىڭيۈنىڭ يۇمشاق بەدىنىنى چىڭڭىدە قۇچاقلاپ ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىنى قىزنىڭ لەۋلىرىگە ئۇزاتتى. . .

توساتتىن، لياڭ بىڭيۈنىڭ كۆزىگە ئولىۋېر ياڭ شېندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مانا، ئوت يېنىپ تۇرغان ئوخشاش كۆزلەر، ئەسەبىيلەرچە ئېيتىلغان ئوخشاش سۆزلەر! لياڭ بىڭيۈنى قارشى تۇرغىلى، ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە «ئۈنسىز» تەسلىم قىلغىنى دەل مۇشۇنداق گەپلەر ئەمەسمىدى! ئۇ ئەمدى يەنە كەلدى، كەلگەندىمۇ ئەنگلىيىگە قىستاپ كەلدى. «مۇھەببەتنىڭ» ئىبلىس قولىنىڭ يەتمەيدىغان يېرى يوق ئىكەن ئەمەسمۇ! لياڭ بىڭيۈ تىترەپ كەتتى. يەنە بىر قېتىملىق ئاچچىق رىيازەت ئۇنى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

— ياق! — لياڭ بىگيۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئولىۋېر-
نى نازۇك قولى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.
تەييارلىقسىز تۇرغان ئولىۋېر جايىدا تۇرالماي يىقىلىپ
چۈشكىلى تاس قېلىپ ئۆزىنى تەسلىكتە رۇسلىۋالدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ۋە ھەسرەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
— لياڭ... لياڭ...
— ئولىۋېر! — لياڭ بىگيۇ يېنىدىكى كاشتان دەرىخىگە
ھالسىزغىنە يۆلىنىپ قالدى. شۇ تاپتا ياڭ شېننى ئەمەس،
ئولىۋېرنى، گۇناھسىز، بىچارە بىر يىگىتنى ئىتتىرىۋەتتى.
لېكىن ئىتتىرىۋەتسە نېمە بوپتۇ؟ لياڭ بىگيۇنىڭ خەستىلەنگەن
قەلبىدىن مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىش مەڭگۈگە كۆتۈرۈلۈپ
كەتكەن، ئەمدى ئۇنىڭ مۇھەببەت قەسرىنى ھېچكىم ئاچالمايدۇ.
— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئولىۋېر، مېنى مەجبۇرلى-
ماڭ! بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالساق بولىدىغۇ؟ لېكىن،
مۇھەببەت باغلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.
— نېمىشقا، نېمىشقا؟ — ئولىۋېر دۇئېلدا يېڭىلگىنىگە
تەن بەرمىگەن ئادەمدەك ھاسىرىغىنىچە لياڭ بىگيۇنىڭ ئالدىغا
يۈگۈرۈپ كەلدى.
نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ لياڭ بىگيۇ ئۇنىڭغا جاۋاب
بېرەلمەيتتى. ياڭ شېننىڭ ساختا ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ئولىۋ-
ېرنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇ ياڭ شېنغا ئوخشاش قېرىنداشنى
ساتمىدىغۇ، بىرىگە زىيانمۇ سالمىدىغۇ، لياڭ بىگيۇنى ئالدىم-
دىغۇ، ئۈچ يىلدىن بېرى لياڭ بىگيۇنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىغۇ،
ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ كەلدىغۇ؟ لياڭ بىگيۇ
ھەر قېتىم خونتېر ئائىلىسىدىكى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چىققاندا،
كۆزى تۈنجى بولۇپ ئولىۋېر سوۋغا قىلغان گۈلگە چۈشەتتى.
مانا، ئۈچ يىل بىر كۈندەكلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ دېرىزە
تەكچىسىدە قىش - ياز سولمايدىغان گۈل ھېلىھەم ئېچىلىپ

تۇرىدۇ. ئولىۋىيېر ئاخىر مۇھەببىتىنى يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭغا ئاشكارىلىدى. بۇ گۇناھمۇ؟ ئۇنىڭ سۆيۈش ھوقۇقى يوقمۇ؟ تولىمۇ ئەپسۇس، ئولىۋىيېر! سەن نېمىشقا ساپ مۇھەببىتىڭنى باشقا قىزلارغا بەرمەي، لياڭ بىڭيۈنىلا پىرقىراپ يۈرىسەن. سەن ھەرگىز كۈتكىنىڭدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەيسەن، رەت قىلىنىسەن. سەن بۇ جۇڭگولۇق قىزنى چۈشەنمەيسەن. ئۈششۈك تەگكەن تۇنجى مۇھەببىتى ئۇنىڭدا مۇھەببەتلىشىش جىنايەت دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ قەلبىدە يىرگىنىش ۋە نەپرەتتىن مەزمۇت تام ياسىدى. ئۇ مۇھەببەت بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى، چۈنكى. . . ئۇ ئولىۋىيېرنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بەرسۇنكىن؟ «مەن جۇڭگولۇقلا ئەمەس يەنە كېلىپ بىر مۇسۇلمان. ئاللاغا ئىشىنىدىغان خۇيزۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدا مەڭگۈ ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان پاسىل بار.» ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرنى ئىشقا سالماقچى بولدى. مۇشۇنداق جاۋاب بەرسىلا، ئولىۋىيېرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالار بەلكىم؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبى يەنە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. لياڭ بىڭيۈ بۇ گەپنى ياڭ شېنغا دېگەندىمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغانىدى. ياڭ شېن «مەنمۇ ئىسلام دىنىغا كىرەي» دەپ قەسەم قىلغاندا، لياڭ بىڭيۈ ماقۇل بولغانىدى. . . ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۇجمە كۆڭۈللۈكى، ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئىشەنچسىز ئادەمگە كۆڭۈل بېرىپ ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندۇ؟ «ئەمدى ئولىۋىيېرنى بۇ پاسىلدىن ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك، ھەرگىز!»

ئولىۋىيېر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، بۇ مەردانە جاۋابتىن تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن بىردىنلا مۇزدەك دەرياغا چۈشۈپ كەتكەندەك سەزدى. ئەمما، ئۇنىڭ قەلبى يەنىلا توختاۋسىز يېلىنجاپ تۇراتتى. بىر سېكۇنتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن بۇ ئوت يەنە يالقۇنلىدى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ھەممىمىز ئوخشاشلا ئادەمغۇ!

نېمىشقا يەنە مىللەت، دىن دەپ ئايرىپ ئارىمىزغا تام سوقۇپ يۈرىمىز. دىننى ئادەملەر ئۆزى يارىتىۋالغان. دۇنيادا تەڭرى، خۇدا دېگەن نېمە يوق، يوق! پەقەت مۇھەببەتلا بار!

— ئولىۋيېر، ئاللا سىزنى كەچۈرمەيدۇ!... — لياڭ بىڭيۇ تولىمۇ ئايانچلىق ئاۋازدا شۇنداق دېدى، قولى دەرەخنىڭ غولىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، كۆزىگە يەر جاھان پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— لياڭ بىڭيۇ خانقىز! — نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ئولىۋيېر دەرھال بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدى...

ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ يەۋاتقان بىر توپ ياۋا كەپتەر پۇرردە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ قاناتلىرىدىن ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقاتتى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە خونتېر خانىم كەچلىك تاماق تەييارلاۋاتاتتى.

— خەيرلىك كەچ، خونتېر خانىم.

— ياخشىمۇ سىز، بالام. لياڭ خانقىز، چىرايىڭىز باشقىچە تۇرامدۇ قانداق؟

— ياق، مەن ناھايىتى ياخشى، رەھمەت! — لياڭ بىڭيۇ زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— ئانا، چۈشتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگوغا دائىر بىر تىياتىر كۆردۈم. بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولساق كېرەك. تىياتىر كەيپىياتىمىزغا بەكلا تەسىر قىلدى، — دېدى ئولىۋيېر.

— ھە مۇنداق دېگىن، ئەمىسە ئوبدان ئارام ئېلىڭلار. ئۆگىنىش قىلىپ چارچاپ كەتكەن ئادەمگە تىياتىرنى نېمە قويۇپتۇ؟ ئولىۋيېر، سەن لياڭ خانقىزغا ئۇنداق مەسلىھەتنى كۆرسەتمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

— شۇنداق، ئانا، مەن ئەيىبلىك، — دېدى ئولىۋيېر پۇشايمان قىلغاندەك ئاھاڭدا. ئۇ لياڭ بىڭيۇگە چۈشتىن كېيىنـكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئانىسىغا ئېيتماسلىققا ۋەدە بەرگەنىدى. ئەمما ئۇ ئازابىنى يوشۇرالمىدى، — ئانا، ئەمدى ئىككىنچى ئۇنـداق قىلمايمەن، ھەرگىز. . .

— كەچۈرۈڭ، خونتېر خانىم، — دېدى لياڭ بىڭيۇ ئاچـچىق كۈلۈمسىرەپ، — كەچلىك تاماقتا سىلەر بىلەن بىرگە بولالمايدىغان بولدۇم.

— بوپتۇ، ئارام ئېلىڭ، قىزىم. بىردەمدىن كېيىن سىز ياخشى كۆرىدىغان ئۆگرە بىلەن تۇخۇم تۇرمىلى قىلىپ بېرـمەن.

— رەھمەت سىزگە. قورسىقىم ئاچمىدى، — لياڭ بىڭيۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ھارغىن ھالدا ئۈستىگە ماڭدى.

ئولىۋيېر ئۇنى يۆلىمەكچى بولدىيۇ، ئەمما جۈرئەت قىلالـماي توختاپ قالدى.

خەن زىچى لياڭ بىڭيۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— يۈئېر، كەلدىڭىزمۇ؟

لياڭ بىڭيۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى ياپتى.

خەن زىچىنىڭ چىرايىدا بىر خىل تەشۋىش ئالامىتى ئەكس ئەتتى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ لياڭ بىڭيۇنىڭ ئىشىكىنى بوش چەكتى:

— يۈئېر، يۈئېر!

— كىرىڭ، چى ئاكا!

خەن زىچى ئۆيگە كىردى. لياڭ بىڭيۇ كارىۋىتىدا كىيىمى بىلەنلا ياتاتتى. خەن زىچى ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى ۋە نۇرسىز كۆزلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟
— ياق... ياق.
— مەكتەپتە بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقتىڭىزمۇ - يا؟
— ياق... بولدى، سورىماڭ! — لياڭ بىڭيۇ ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى خەن زىچىگە قانداقمۇ دېيەلىسۇن!
— ياق، سىز بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىز، — دېدى خەن زىچى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ، — بىرى بوزەك قىلدىمۇ يا؟
— چى ئاكا، — لياڭ بىڭيۇ «ئۇ سىرىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ تەمتىرەپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ ياتقان پېتى دېدى، — مەن... قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. ئولىۋېيىر ماڭا... مۇھەببەت ئىزھار... قىلدى.
بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاخىر چىقتى. ئۇ يۈزلىرىنى ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىۋاتاتتى.
— ھە؟ — خەن زىچى بۇ گەپتىن بەكلا ھەيران قالدى. يۈئېرنىڭ ئەمدى بالىلىقى بىلەن خوشلاشقانلىقىنى، ئۈچ ياشتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان سىڭلىسىنىڭ چوڭ بولۇپ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان يېڭى بىر قەدەمگە دۇچ كەلگەنلىكىنى سەزدى. مانا، ئولىۋېيىر ئۇنىڭغا قول سوزۇۋېتىپتۇ. شۇلارنى ئويلاۋېتىپ خەن زىچىنىڭ قەلبىنى بىر خىل تەنھالىق، ئىلاجسىزلىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. يۈئېر ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقا بىر ئەرنىڭ ھىمايىسىدە ئۆتىدىغاندەك، ئەمدى بىر ئۆيدە تۇرمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئون نەچچە يىللىق ئىناق تۇرمۇش، يار - يۆلەك بولۇشۇپ ئۆتكەن ئۈچ يىللىق ھايات ئاخىرلاشتى. شۇ تاپتا ئۇ يېنىدىكى بىردىنبىر يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.
ئولىۋېيىر سوۋغا قىلغان چىنىگۈل دېرىزە تەكچىسىدە چى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

رايلىق ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۈچ يىلدىن بېرى يۇئېر ئۆيدە بول-
سۇن، بولمىسۇن بۇ گۈل ئۇنىڭ دېرىزە تەكچىسىدە تۇرىۋەردى.
يۇئېرنىڭ بۇ گۈلنى بېقىشى ئۆينى بېزەش، تۇرمۇشنى گۈزەل-
لەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ئولىۋيېرنىڭ ھېسسى-
ياتى سىڭگەنىدى. بۇ، سۆيگۈنىڭ سىمۋولى. خەن زىچى بۇنى
نېمىشقا خىيالىغا كەلتۈرمىدى؟ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا
سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىغان، كىچىكىدىنلا جاپا ـ مۇشەق-
قەتلەرنى يەتكۈچە تارتقان خەن زىچىنىڭ قەلبىنى لياڭ ئائىلى-
سىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇستاز ـ شاگىرتلىق، ئاكا ـ سىڭىل-
لىق مېھرى ۋە پاك مۇھەببەت ئىلىلىتتى. ئۇستىسىنىڭ ئېچى-
نىشلىق ئۆلۈمى خەن زىچىدە كۈچلۈك قىساس ئىستىكى قوزغى-
دى. شۇڭا ئۇ كەمسىتىشكە، ئۇقۇشماي قىلىنغان تاپا ـ تەنى-
لەرگە چىداپ چىچېنجەينى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ، ئۆز بۇرچى-
نى ئادا قىلدى. خېيىمخەتەر، جاپا ـ مۇشەققەت ئۆتۈپ كەتكەن-
دىن كېيىن بىئېرنى ئەمرىگە ئالدى. بۇ ئىشلار تولىمۇ تۇيۇق-
سىز بولدى. ئەمما بۇ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن
ئائىلىنى باشقىدىن قۇرۇشتا بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان يول
ئىدى. بىئېر ئىككىسىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولى يوق
ئىدى. ئىلگىرى خەن زىچى جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەردە باش
قوشۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن
كېيىن جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەشكە باشلىدى.
ئۇلارنىڭمۇ پىنھانلاردا ئۇچراشقان، ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قى-
لىشقان چاغلىرى بولغان، خەن زىچىمۇ ئولىۋيېرغا ئوخشاشلا
بىئېرنى قايتا ـ قوغلىشىپ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار
قىلغان. ئەمدىلىكتە ئۇ نىكاھنى ئائىلە، مەسئۇلىيەت، مەجبۇ-
رىيەت، كەسىپ دەپ چۈشىنىدۇ، گۈلگە سىڭگەن مۇھەببەتنى چۈ-
شەنمەيدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن قاشتېشى
كەسپىدىن باشقا نەرسىلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرى بەك ئاز ئوخشاي-

دۇ. تازىمۇ ھېسسىياتسىز بىر ئادەم بولسا كېرەك. . .

ئولىۋىيېر ھازىر قولىنى خەن ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا، ئۆزىنىڭ ھىمايىسىدىكى بىر يېتىم قىزغا سوزۇپتۇ. خەن زىچى توساتتىن ئېسىگە كەلدى. بەلكىم ئۇ بۇنى بالدۇرلا ھېس قىلىشى كېرەك بولغىيدى.

— ماقۇل دېدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ بىڭيۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگىنىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— ياق، مەن. . . ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم، — لياڭ بىڭيۇ ھودۇقۇپ قالدى. چى ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغانلىقى ياكى رەنجىيدىغانلىقى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى.

— مۇنداق دەڭ! — خەن زىچى تەسەللىمۇ بەرمىدى، خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى. يېنىك ئۇھسىنىپ قويۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەيپىياتى تىنچلانغاندەك قىلاتتى. ئولىۋىيېر مەقسىتىگە يېتەلمىدى، يۇئېرگە ئېرىشەلمىدى. ئەمما ئىش بۇنداق ئاددىي ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ. . . — نېمىشقا ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىز؟

— بىلمەيمەن، — قىز چۈشىنىكسىزلا جاۋاب بەردى. شۇ تاپتا قەلبىدە كۈچلۈك توقۇنۇش بولۇۋاتقان لياڭ بىڭيۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئولىۋىيېر بىلەن ياڭ شېنىنىڭ چىرايى دەممۇدەم پەيدا بولاتتى. ئۇلار تۇرۇپ ئۇنى ئەسىر قىلىۋالسا، تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا تەھدىت سالاتتى. ئۇ بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولاتتىيۇ، يەنە ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇ ئۆزى شۇنداق ئىشىنىدىغان ئاكىسىغا قەلبىدىكى دەرد - ئازابلىرىنى دەپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە تەسەللىسىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى. ئەمما، بېشىنى كۆتۈرۈپ خەن زىچىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپلا قورقۇپ قالدى، بىر خىل جىنايەتكارانە تۇيغۇ بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئىلگىرىكى ئازابلىرىنى، بۈگۈنكى ئالاقزادىلىكىنى دېيىشكە پېتىنالمىدى، ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئاكىسىغا ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەرسە بولمايدۇ ـ دە!

— مەن ياتلىق بولۇشنى تېخى ئويلىمىدىم، مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن. ھازىرچە بۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق، — ئۇ ئامالسىز باھانىلەرنى توقۇپ چىقتى.

— بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان ئەمەس، يۇئېر. چوڭ بولدىڭىز، بۇ ئىش ھامان بىر كۈنى بېشىڭىزغا كېلىدۇ. ئۆمۈر بويى ئاكىڭىز سىزگە باقمۇەندە بولمايدۇ! — خەنزىچى ئوچۇقلا قىلىپ شۇنداق دېدى. دېمىسىمۇ شۇنداقتە. گۈل ئېچىلىدۇ، ئادەم ياشايدۇ؛ ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ئەرگە تېگىدۇ. بۇ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە. ئۇ يۇئېرنىڭ ئەمدىكى ھايات يولىنى قانداق مېڭىشى توغرۇلۇق باش قاتۇرمىسا بولامدۇ؟ ئۇ بۇرۇلۇپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا قارىيىشقا باشلىغان دېرىزىگە نەزەر سالدى. دېرىزىنىڭ سىرتىدا پىچەكگۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى چىنىگۈل بىلەن گۈزەللىك تالاشقاندەك شۇنداق چىرايلىق باراقسانلىغانىدى. ئولىۋېيېرنىڭ سىماسى خەن زىچىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. قارىغاندا ئۇ سىڭلىسىغا مۇھەببەت تەلىپى قويغان بۇ يىگىتكە باشقىچە نۇقتىدىن قاراپ باقسا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئولىۋېيېر ئوبداق يىگىتقۇ. . .

لياڭ بىڭيۇ ئازاب ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن قورقاتتى، چى ئاكىسىنىڭ ئولىۋېيېرنى بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان نېمە دېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، چى ئاكىسى ئولىۋېيېرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. ئاھ، ئۇ مېنى ئانچە چۈشەنمەيدىكەن!

— چى ئاكا، بولدى، سۆزلىمەڭ! مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. ماڭا تەسەللى بېرىڭ، مەن. . . ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمەن. ئولىۋېيېر مۇسۇلمان ئەمەس!

— مۇسۇلمان دەمسىز! — خەن زىچى قاتتىق خورسىن-

دى. يۈئېرنىڭ گېپى ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلىگە بىر ئاز بولسىمۇ
ئاراملىق بېغىشلىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق سەۋەب ئىدى.
زۆرۈر تېپىلسا خەن زىچى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئولىۋېير بىلەن
خونتېر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەنگە بۇ نىكاھ ئىشىنىڭ ۋۇجۇدقا
چىقمايدىغانلىقىنى سىلىق گەپلەر بىلەن ئېيتسا بولاتتى. لېكىن
يۈئېر ئۇنىڭ ئالدىغا تولىمۇ قىيىن سوئالدىن بىرنى تاشلىغان-
دى.

— ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىمىزمۇ بولمى-
غان بۇ يەردە مەن سىزگە نەدىن مۇسۇلمان تېپىپ بېرىمەن؟

— كىم سىزنى تېپىپ بېرىڭ دېدى؟ — دېدى لياڭ بىڭيۇ
سوغۇقلا قىلىپ، — مەن ھەممە ئادەمدىن يىراق تۇرۇشنى،
سىز بىلەن مەڭگۈ يالغۇز ئۆتۈشنى خالايمەن!

بۇ گەپلەر يۈزى تۆۋەن بىر قىزنىڭ مۇھەببەت، نىكاھنىڭ
ئىسكەنجىسىدىن ئارىسالدى بولۇپ قالغان ۋاقتىدا ئامالسىز دې-
گەن باھانىسىگە بەكمۇ ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ دۇنيادا ئۆمۈر
بويى ياتلىق بولماي ئاكىسى بىلەن مەڭگۈگە بىللە ئۆتىدىغان
قىزلار زادى قانچىلىك؟ لياڭ بىڭيۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەت
ئۆتمەيدىغان بىر سوئال بار ئىدى: قىز بالا نېمىشقا چوقۇم
ياتلىق بولۇشى كېرەك؟ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم ئەر-
لەرنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈشى كېرەكمۇ؟ ياڭ شېن ئۇنى «قانات
ئاستىغا ئالدى»مۇ؟ ئولىۋېيرچۇ؟ ياق، ئاشۇ چاغدىكى
قاباھەتلىك چۈش ئۇنى ئەرلەردىن قورقىدىغان قىلىپ قويدى.
بەلكىم ئەرلەرنىڭ «ھىماتچى» دېگەن تونىنىڭ ئارىسىغا ئاياللار-
غا ئېرىشىشتەك شەخسى ئىستەك يوشۇرۇنغاندۇ؟ مانا، ئولىۋ-
ېيردىن ئايرىلىپلا، ئۆزىنى خەتەرلىك بىر تۇزاقتىن قۇتۇلۇپ
قالغاندەك سەزدى، چى ئاكىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشى بى-
لەن تەشۋىشلىك كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشتى. چى ئاكىسى ئۇنىڭ
ھىماتچىسى، ئۆز ئاكىسى ھەم يېزنىسى. ئاكىسى كىشىلەرنىڭ

ئۇنى بوزەك قىلىشقا يول قويمايدۇ. پەقەت چى ئاكىسىلا ئۇنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك ھىماتچىسى.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دېدى خەن زىچى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، — بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن، مەن سىزنىڭ ئۆمۈر بويى يالغۇز ئۆتۈشىڭىزگە قانداق قاراپ تۇرالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ھازىر خەقنىڭ سايىسىدا كۈن ئېلىۋاتقان تۇرساق. كېيىن بەلكىم خونتېر ئائىلىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىمىز يىرىكلىشىپ قالار.

تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، خونتېر خانىم ئۈستىگە چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

— لياڭ خېنىم، — دېدى ئۇ لياڭ بىگيۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازدا، — چۈشۈپ ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىڭ، تاماقنى تەييار قىلىپ قويدۇم!

خەن زىچى كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا ئىشىكنى ئاچتى:

— خونتېر خانىم، ئۇنىڭ مىجەزى يوقتەك قىلىدۇ...

— ياق، ھازىر ياخشى بولۇپ قالدىم، — دېدى لياڭ بىگيۇ جەينىكى بىلەن ئۆرە بولۇۋېتىپ، — ھازىرلا چۈشەي!

— مەيلى ئەمىسە، ئۇكىرە بىلەن توخۇم تۇرمىلى قىلىپ قويدۇم، چوقۇم ئاغزىڭىزغا تېتىيدۇ، — خونتېر خانىمنىڭ چېھرىدە مېھرىلىك تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — خەن ئەپەندى، تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ.

خونتېر خانىم توختىماي سۆزلىگەن پېتى ئۇلار بىلەن پەسكە چۈشتى. سام خونتېر ئۇلارنى مېھمانخانىدا ساقلاپ تۇرغاندى. بىر چەتتە ئولتۇرغان ئولىۋېر لياڭ بىگيۇنى كۆرۈپلا ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا تازا بىئارام بولۇۋاتقاندۇ؟ خەن زىچى: «قارىغاندا، ئولىۋېرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئازراق دەز كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغان ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

كۆپچىلىك ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئېغىر خىيال ئىچىدە ئول-
تۇرۇشتى.
— پەرۋەردىگارىم، ماڭا بەخت ئاتا قىلدىڭ، بىزگە بەر-
گەن نېمەتلىرىڭگە مىڭ شۈكۈر... — خونتېر خانىم ھاۋاغا
كرېست بەلگىسىنى سىزدى. لېكىن ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي
تۇرۇپلا قۇلاقنى يارغۇدەك سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئاھ
خۇدا! گېرمانىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى راستىنلا كەلگەن ئوخشى-
مامدۇ؟
— گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى پۈتكۈل ياۋروپا ئاسمىنىدا
ئۇچۇپ بولۇپ ئەمدى نىشاننى بىزگە توغرىلاپتۇ - دە! — سام
خونتېر نېپىز توغرالغان بىر پارچە كالا گۆشىنى قىسىپ ئالدى،
ئەنسىز سىگنال ئاۋازى ئۇنىڭ ئىشتىھاسىغا تەسىر كۆرسىتەلمى-
گەندەك ئىدى.
— ئېلىڭلار، خانىملار، ئەپەندىلەر، گالدىن ئۆتكەن غە-
نىيمەت، ئۆزۈڭلارنى قىينىماڭلار.
— چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار، چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار! —
بايىدىن بېرى مۇھەببەت ئازابىدا جىممىدە ئولتۇرغان ئولىۋېر
توساتتىن ۋارقىرىۋەتتى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈر-
گەن دادىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇرۇش كۆرۈپ باقمىغان بۇ
يىگىت تازا تەمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بارغان پېتى
چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى، مېھمانخانا ۋاقىتلىق قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.
سىگنال ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئاۋۋال مەركىزى رايون-
دا، ئارقىدىن پۈتۈن ئەتراپتا ياڭرىدى. پۈتكۈل لوندون ئاسمى-
نىنى ئەنسىز ئاۋاز قاپلاپ كەتتى. نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ چىراغلى-
رى بىرلا ۋاقىتتا ئۆچۈپ، پۈتۈن شەھەر دوزاخقا ئايلانغاندەك
بولۇپ قالدى. توساتتىن تىنىتىش چىرىغى يورىدى، ئۇنىڭدىن
چىققان نۇر دەستىسى بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. ئۇ لوندوننى قوغدى-
غۇچى زېنىت توپ ئۈچۈن نىشان ئىزدىمەكتە ئىدى. زېنىت توپ

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلدى.

گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ زېمىنت توپلار ئېتىلىپ تال - تال ھال رەڭ يالقۇنلار كۆتۈرۈلدى.

لياڭ بىگيۈ ئولتۇرغان ئورۇندۇق ئۆرۈلۈپ كېتىپ ئۇ پولدا ئولتۇرۇپ قالدى، خەن زىچىننىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. بەلكىم بىر مىنۇتتىن كېيىن بومبا چۈشۈپ، ئۇلار مۇشۇ يېتى ئۆلۈپ كېتەر. ئۇلار شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بۇ يەرگە ئۆلۈم ئىزدەپ كەلگەنمىدى؟ ئۆلۈم كىشىنىڭ كۆڭۈل جاراھىتىنى ساقايتىدىغان، كىشىلىك ھاياتتىكى كۈلپەتلەرگە خاتىمە بېرىدىغان نەرسە بولسا كېرەك. ئەمما كىشىلەر دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۆمىدۇ، ھاياتتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. ئادەم نېمىدېگەن توخۇ يۈرەك، نېمىدېگەن بىچارە - ھە. ئۇ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ. شىددەتلىك گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. دېرىزىدىن كىرگەن پورۇخ ھىدى ئارىلاش ئىس - تۈتەك قاراڭغۇ مېھمانخانىنى بىر ئالدى. تىنىقى توختايلا دەپ قالغان لياڭ بىگيۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى، بەدىنى ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقاندەك لاغىلداپ تىترەيتتى.

لياڭ بىگيۇ قاراڭغۇدا خونتېر خانىمنىڭ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى:

— پەرۋەردىگارىم، بىچارە بالىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...

ئىككى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ خۇدالىرىغا سېغىنىۋاتاتتى. تەڭرى بىلەن خۇدا زېمىنغا كەلگەن بالا - قازالارغا قانداق تاقابىل تۇرار؟

ئۇرۇش بىر كېچە داۋاملاشتى. ئەتىسى لوندون ئاسمىنىدىن تۇن پەردىسى قايرىلىپ، ئەزرائىلنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. گىتلېرنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ ۋاقىتىنچە چېكىندى. ئۇ

قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت ئىزلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان قەدىمىي شەھەرنىڭ سەھىرىدە ئىڭرايتتى.

سام خونتېر بىلەن ئولىۋىېر مېھمانخانىنىڭ پولىدا ياتاتتى. بالا دادىسىنىڭ پۇتىغا بېشىنى قويۇۋالغان، دادىسى بالىسىنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتقىنىچە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار- نىڭ نېمە چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. كېچە- چە توختىماي ئېتىلغان توپ ئاۋازلىرى ئەللەي ناخشىسىدەك ئۇلارنى تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق قىلغانىدى. بۇ مەنزىرىگە ئادەمنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

خونتېر خانىم دەلدەڭشىگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ قاقشى- غىلى تۇردى:

— گاز تۈگەپتۇ، ئەتىگەنلىك تاماقنى نېمىدە قىلارمەن؟ ئاھ خۇدا.

ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ غوڭۇلداشلىرى، توپ ۋە بومبا ئاۋازلىرى توختاپ قالدى. قۇياش ساق قالغان ئىمارەتلەرنىڭ ئۈگزىلىرىگە سېخىي نۇرلىرىنى ئايىماي سېپەتتى. كوچا تەرەپ- تىن ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازى ۋە سۇ توشۇۋاتقان ئات - ھارۋىلىرىنىڭ تاراقشىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنچە قاتتىق بومباردىماندىمۇ تۈگىشىپ كەتمىگەن لوندون شەھىرى ئۇرۇش جاراھىتى ئىچىدە ئويغانماقتا...

— چى ئاكا، بىز تېخى ھاياتمۇ؟ — دېدى لياڭ بىگيۇ شىۋىرلاپ. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى ياكى ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— ھەئە، بىز ھايات... — خەن زىچى ئۇنى يۆلەپ تۇر- غۇزدى ۋە ئۇيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىنى ئورنىدىن قوزغاۋېتىپ دېدى، — مەن تېخى، ئەمدى ياقا يۇرتتا ئۆلۈپ كېتىدىغان، ئۆيىمىزگە قايتالمايدىغان بولدۇق دەپ ئويلاپتىكەنمەن!

— ئۆي؟ بىزنىڭ ئۆيىمىز نەدە؟ — لياڭ بىگيۇ مەڭدىگە-

www.uyghurkitap.com

ىنچە دېرىزىدىن ئاسمانغا قارىدى، ــ ئايدىڭ كېچە، قارالماس-
مەن ئانا يۇرتقا.

گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان شەرقتى-
كى ياپونىيە ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، «ئىلغار مىللەت
پەس مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك» دەپ جار سا-
لاتتى. جۇڭگوغا ۋە تىنچ ئوكياندىكى چوڭ - كىچىك ئارال‌لارغا
چۈشكەن «پادىشاھ ئارمىيىسى» نىڭ تۆمۈر تاپىنى ئەمدى تېخىمۇ
كېڭىيىۋاتاتتى. «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيانى ئورتاق گۈللەندۈ-
رۈش» نىقابى ئاستىدا غالجىرلىق بىلەن قوزغالغان «مۇقەددەس
ئۇرۇش» ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئۆلۈم، نەپرەت، قىساس
ئۇرۇقلىرىنى چاچماقتا ئىدى. جۇڭگونىڭ يېزا - شەھەرلىرىدە
«كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش»، «قىرىپ تۈگىتىش»، «بۇلاپ تۈگە-
تىش» تىن ئىبارەت ئىنتايىن دەھشەتلىك سىياسەت قوللىنىل-
غاچقا، ئېتىزلار قاقاس يەرلەرگە، ئۆيلەر خارابىلىككە ئايلاندى،
مىليونلىغان بىگۇناھ ئايال‌لار، بالىلار، ھەتتا قورساقتىكى ھامى-
لىلەر ياپون قاراقچىلىرىنى تاپىنى ئاستىدا دەسسەپ - چەيلەن-
دى. ياپون ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگونى تەلۋىلەرچە بومباردىمان
قىلىشلىرى گېرمان ئارمىيىسىنىڭ لوندونغا قوزغىغان ئەسەبىي
ھۇجۇمىدىن قېلىشمىدى. دۆلەت ئارمىيىسى قەدىمىي شەھەر
بېيپىڭنى كۆچلۈك دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر
خىل ئەسكىلىكلەرنى قىلىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى.
بېيپىڭ ئەتراپىدىكى يەتتە مىڭ ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ئىستىھكام
بىلەن ئون بىر مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇق-
تىكى لەخمە - خەندەكلەر تۇتاشتۇرۇلدى.
«بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم يېپىقلىق تۇرات-
تى. سارغايغان يوپۇرماقلار جىگەررەڭ ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ئو-
يۇلغان: «ئۈنچە بىلەن زۇمرەت، تولۇن ئاي بىلەن مەيىن شا-

مال» دېگەن خەتلەرنى سۆيگەچ ئاستا تۆۋەنگە سىرغىشقا باشلىغا-
نىدى. بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى قارا يامغۇردا ئىشىك ئالدىدى-
كى قېرى تۇخۇمەك دەرىخى چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ،
باراقسان دەرەخ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.

«بىلىمدان» قەسرى قورۇسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.
قورۇدىكى تاشئالما، ئانار دەرەخلىرى شامالدا ئىرغاڭلايتتى.
يۇلتۇزسىز ئاسمان شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدى. ئېرى ئۆيدىن باش
ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن تارتىپ خەن خانىم هەر كېچىسى
دېگۈدەك كۆز يۇمماي كېلىۋاتاتتى، بۈگۈن تېخىمۇ شۇنداق بول-
دى. بەش ياشلىق ئوغلى تيەنشىڭ شەرقتىكى هۇجرىدا ئۇخلاۋا-
تاتتى، ئۇ بولسا بەش يىل ئىلگىرى ئېرىنى نېمە ئۈچۈن چەتكە
چىقىشتىن توسۇپ قالالمىغانلىقىغا بولغان ئۆكۈنۈش ئىچىدە
ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى
بىر - بىرىنىڭ گېپىگە قايىل بولمىغانىدى. شۇنىڭ كاساپىتى-
دىن ئەمدى بىر ئوبدان ئۆي بۆلۈنۈپ كەتتى. خەن زىچى ئۇرۇش-
تا بىرەر تالاپەت يېتىشتىن ئەنسىرەپ بارلىق مال - مۈلۈكلىرى-
نى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ئوغلى تېخى ئىككى ياشقىمۇ
توشمىغانىدى. ئەر كىشىمۇ شۇنداق رەهىمسىز بولامدۇ؟ ئۇ
ئائىلىسىنى، چېچېنجەينى تاشلاپ بېرىپ كەتكەندىن بۇيان خەن
خانىم ئەر كىشى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ
كېلىۋاتىدۇ. خەن زىچى بىر ئائىلىنىڭ شۇنچە جىق ئىشلارنى
قانداق كۆتۈرۈپ بولالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىدى. ئۇنىڭ
قەلبىگە نەپرەت ئۇرۇقىنى چېچىۋېتىپ كەتتى. ئون نەچچە يىل-
لىق ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشىنى ئوبدان ئويلاپ باقسا، ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىرئازمۇ ئىللىقلىق ۋە مۇهەببەت پەيدا بولماپتۇ.
خەن زىچى كېچە - كۈندۈز سىرتلاردا چېپىپ يۈرۈپ چېچېنجەي-
نى روناق تاپتۇردى، «بىلىمدان» قەسرىنى گۈللەندۈردى. ئۇ-
نىڭ قىلغان ئىشى پەقەت مۇشۇلا بولدى. ئايرىلىپ كېتىش

ئالدىدا ئەر ـ ئاياللىق مېھىر ـ مۇھەببەت ھېچنېمىگە ئەرزىمە-
دى، بولمىسا ئۇ كېتىمەن دەپلا كېتەمتى؟ ئون نەچچە يىل
ئىچىدە خەن زىچى بۇ ئائىلە ئۈچۈن بايلىق توپلىدى، نامراتلىقنى
چۆرۈپ تاشلاپ لياڭ جەمەتىنىڭ ئورۇن ـ مەرتىۋىسىنى ياخشى-
لىدى. مال ـ دۇنيا، ئورۇن ـ مەرتىۋە خەن خانىمنى مەست
قىلدى. ئەمما، بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن تەلەپ قىلىدىغانلىرى
پەقەت مۇشۇلىمۇ؟ ئۇ خەن زىچىنىڭ بىر چىقىپ كەتكىنىچە بالا ـ
چاقىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمى-
غانىدى. 1937 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭغا جاھاننىڭ ئۇ چېتىدى-
كى لوندوندىن خەت كەلگەندە، لوگۇچياۋدا ئوق ئاۋازى ياڭرىغى-
نىغا خېلى بولغانىدى. ئەمما بۇ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك خەت
ئىگىسىنىڭ قولىغا تەگمەي نەلەرگىدۇ يوقاپ كەتتى. خەن خانىم
ئېرى كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى ئىككىلىك بىر خەت كۆرۈپ قال-
دى. بۇ خەتنى ئۇ خەي ھامما تيەنشىڭنىڭ كىيىمىنى يۆتكەۋاتقان-
دا كۆرۈپ قالغانىدى. ئىككىلا ئايال ساۋاتسىز بولغاچقا، بۇ
خەتنىڭ ھېساباتى تالونى ياكى دورا قەغىزى ئىكەنلىكىنى بىلەل-
مەي، ئۇنى چىجېنجەيىنىڭ ھېساباتچىسى خۇ ئەپەندىگە كۆرسەت-
تى. ھېساباتچى بۇنىڭ بىئېرنىڭ كېتىش ئالدىدا يازغان خېتى
ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. خەتكە قىسقىلا قىلىپ: «ھەدە، ئاچچىق-
لانماڭ، مەن گېپىڭىزنى ئاڭلىماي چى ئاكام بىلەن كېتىپ
قالدىم» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنى ئۇقۇپ خەن خانىم ئاچچىقتىن
بوغۇلۇپ قالايلا دېدى. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ گېپى شۇنچىلىك ئۆتمەي-
دىغان بولۇپ كەتسە ـ ھە؟ مانا ئەمدى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان
يۇئېرمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. توي قىلمىغان بىر قىزغا
چەت ئەلدە نېمە بار؟ قاراڭ بۇ ئىشنى! لاۋخۇ ئۆزىنى ئەيىبلىگە-
لى تۇردى: «مەن غوجامنى ۋوگزالغىچە ئاپىرىپ قويغان، لې-
كىن خانقىز كۆزۈمگە كۆرۈنمىگەنىدى. ھەي، بۇ كاللامنىڭ
قاپاقلىقىنى!»

خەن خانىم يىغلىدى، قاقشىدى، ئېرىنىمۇ، سىڭلىسىنىمۇ
تازا تىللىدى. خەي هاما ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «كەتكەن
ئادەمنى ئەمدى مىڭ تىللىغىنىڭىز بىلەن بىكار. بىر هېسابتا
يۈئېرنىڭ ئاكىسى بىلەن كەتكىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. تيەنشىڭنىڭ
دادىسى خەقنىڭ يۇرتىدا تاماقتىن قىيىنىلىپ قالسا ياردىمى تېگى-
دۇ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ.» دېدى.
بۇ گەپ بىلەن خەن خانىمنىڭ كۆڭلىمۇ خېلى تىنجىپ
قالدى، ئىلاجىسىز ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن ئامانلىق تىلىدى.
كۈنلەرمۇ ئۆتىۋەردى. ئۇ ئېرىنى سېغىنىپ كېچە - كۈندۈز
خاتىرجەم يۈرەلمەيتتى، ئەنگلىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى
بىلمىسىمۇ «بۈگۈن ئۇ يەرگە بارغانمىدۇ، بۈگۈن ماۋۇ يەرگە
بارغانمىدۇ» دېگەن خىيال بىلەن ئۆز كۆڭلىنى تاتلىق ئېتەتتى.
يەنە تۇرۇپلا هېلىقى «خونتېر» ئاتلىق ئەجنەبىينىڭ ئېرىنى
ئالداپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەگەر ئۇ ئېرىنىڭ بايلىقلىرى-
نى يۇتۇۋېلىپ يۇرتقىمۇ قايتالمىغۇدەك قاق سەنەم هالەتكە چۈ-
شۈرۈپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ شۇ خىيال بىلەن لاۋخۇنى
ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ خەن زىچىگە خەت يېزىشنى، خەتتە
ئۆزىگە كۆپرەك پۇختا بولۇپ سالامەتلىكىنى ئاسراشنى، ئىمكان-
قەدەر بالدۇرراق قايتىپ كېلىشنى ئېيتىشنى تاپىلىدى. ئەمما،
بۇ خەتكە جاۋاب كەلمىدى. بۇ هال خەن خانىمنى بەكلا ئەنسىرى-
تىپ قويدى. بېيپىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن بۇ ئەندىشىسى
تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ: «ياپونلار ئۇنى يۇرتقا قايتىپ كېلىۋاتقاندا
تۇتۇۋالغانمىدۇ؟ ئەگەر راستىنلا ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالسا، تەقدىرى خەي هاممىنىڭ ئېرى خەي ليەنيىنىڭ-
كىدەك بولارمۇ؟» دېگەندەك تۈرلۈك قىياسلارنى قىلاتتى، ئەمما
بۇ ئويلىرىنى خەي مومايغا دېيەلمەيتتى. خەي هاما هازىرغىچە
ئېرى بىلەن ئوغلىنى هايات دەپ ئويلايتتى، «ئايىغىمدىن شامال
ئۆتۈپلا تۇرسا ئۇلارنىڭ كېلىشىنى ساقلايمەن» دەيتتى. ئادەم

www.uyghurkitap.com

تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس، ئەمما تەقدىر هامان ئادەمنى رەھىمسىزلەرچە ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئائىلە شارائىتى پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان بۇ ئىككى ئايال ئەمدىلىكتە ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، بىر كۈننى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈپ ئېرىنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدىغان بولدى. ياپون ئارمىيىسى بېيپىڭغا كىرگەندە، خەي هاما: «ئېرىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ھېسابىنى ئالىمەن، چايخانامنى تۆلىتىۋالىمەن» دەپ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىۋالدى. لاۋخۇ ئۇنى بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ مىڭ تەسلىكتە قورۇغا سۆرەپ كىردى. بۈگۈن ئەتىگەن ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ كوچىدا سەي سېتىۋاتقان بىر كۆكتاتچىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ياپونلار ھەتتا بېيپىڭدىكى مەسچىتلەرنىمۇ ئىگىلىۋالغانىدى، قورۇلىرىدا داشقازانلارنى ئېسىپ چوشقا گۆشلىرىنى پىشۇرۇشاتتى. ئاھ، خۇدا! قانداق زامان بولۇپ كەتتى ـ ھە...

خەن خانىم بىرەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن لاۋخۇنى «بىلىمدان» قەسرىگە كۆچۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لاۋخۇ ئايالى ۋە بىر ـ بىرىدىن ئازراقلا پەرقلىنىدىغان چۆچۈرىدەك بەش بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ قورۇنىڭ ئۇ بېشىدىكى جەنۇبىي ئۆيدە تۇردى. بۇ بالىلار تيەنشىڭگە ھەمراھ بولۇپ ئوينىدى. لاۋخۇنىڭ ئايالى خەي ھامىغا ياردەملىشىپ كىر ـ قات يۇيۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلدى. لاۋخۇنىڭ ئۆزى بولسا خەن زىچىڭگە ئايرىلىش ئالدىدا: «خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆيىڭىزگە ئۆزۈم قارايمەن» دەپ ۋەدە بەرگىنىدەك، كۈندۈزى چىجېنجەيىنىڭ سودىسىنى قىلىش، كېچىسى قورۇغا قاراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا چىجېنجەيىنىڭ تىجارىتى بەكلا سۇسلاپ قالدى، «بى-

لىمدان» قەسرى بەئەينى ئۈپچى قورۇغىلا ئوخشاپ قالدى.
شۇ تاپتا تيەنشىڭ ئۇيقۇغا كەتكەندى. لاۋخۇنىڭ ئۈچ كەپ-
سىز ئوغلى بىلەن ئىككى قىزىمۇ ئۆيىدە ئۇخلاۋاتاتتى. قورۇدى-
كى لامپا سۇس يورۇپ تۇراتتى، تۆر ئۆيىنىڭ مېھمانخانىسىدىن
جىنچىراغنىڭ غۇۋا يورۇقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇرۇش ۋاقتىنىڭ
ئالاھىدىلىكى بويىچە قارا دېرىزە پەردىلىرى ئېسىلغان بولغاچقا،
ئۆي ئىچىدە ئاي نۇرىدىن ئەسەر يوق ئىدى. لاۋخۇنىڭ ئايالى
خەن خانىمغا ئاغزى يېپىقلىق ئىستاكاندا قېنىق چاي كەلتۈرگەن-
دىن كېيىن، چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشىغا تۇتۇن-
دى. خەن خانىم يۇمىلاق شىرەنىڭ يېنىدا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ
ئولتۇرۇپ لاۋخۇنىڭ دۇكاننىڭ بۇ ئايلىق كىرىم - چىقىمىدىن
بەرگەن ھېسابىنى ئاڭلاۋاتاتتى.
لاۋخۇ چوتنى بىردەم شاراقشىتىپ سوققاندىن كېيىن دېدى:
— خانىم، بۇ ئايدا كىرىمنىڭ پەقەتلا تايىنى يوق. ئىشلە-
ۋاتقانلارنىڭ ھەققىنى بېرىش، قورسىقىنى بېقىش، سۇ، توك
پۇلى، ئۆي بېجى، يەر خېتى بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىق
چىقىملارغا كەتكەن پۇل كىرىمنى قاپلاپ كېتىپتۇ، يەنە تېخى
سىرتقا بىر مىڭ ئالتە يۈز يەتمىش يۈەن ئەللىك پۇڭ قەرز
ئىكەنمىز. ئازراقمۇ كىرىم يوق.
— ھەي! — تاقەتسىزلىكتە خەن خانىمنىڭ كۆزلىرى يو-
غىناپ كەتتى، — ئۇ باج - بۇ باج دېگەن بىر نېمىلىرىڭنى مەن
چۈشەنمەيمەن. ئاددىيراق بىر نېمە دېمەمسەن. ھەر ئايدا بۇ
چىقىملارنى قىلىۋېرىمىزمۇ؟ مەن ساڭا ھېسابقا ئازراق ھۈنەر
ئىشلەت دېمىگەنمىدىم.
— بۇنى سىز تاپىلمىسىڭىزمۇ بىلىمەن، خانىم، —
دېدى لاۋخۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — خوجام ئۆيدىكى ۋاقتىدا بىز
ئىككى خىل ھېساب تۇتاتتۇق. بىرى، ئۆزىمىزدە قالىدىغان
ئەمەلىي ھېساب، يەنە بىرى باج ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى

بويايدىغان يالغان ھېساب. ھېلىمۇ ساختىلىق ئىشلەتكىنىم ئۈچۈن باجغا بايا ئېيتقىنىمچىلىك بىر نەرسە كەتتى. كىرىمنى ئەمەلىي مەلۇم قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭدىن جىق بىر نېمە كېتەتتى.

— ھەي - ي! — خەن خانىم خورسىنغان ھالدا چىشىنى كوچىلاۋېتىپ ئېغىز ئاچتى، — سەن تېخى دۇكاننىڭ چىقىمدىنلا دېدىڭ. ئۆينىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئىشلىرىغا كېتىدىغان چىقىمنى تېخى تىلغا ئالمىدىڭ. خەي ھاممىمۇ پۇل دەپ قولىنى سوزۇشنىلا بىلىدۇ. بۇ چىقىممۇ كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇغىلى تۇردى. . .

— ئۇنى بىر دېمەڭ! — لاۋخۇنىڭ ئايالى سۆز قىستۇردى، — يېمەك - ئىچمەككە خەجلىگۈدەك پۇل يوق. نەرسىلەرنىڭ ئوغىدەك قىممەتلىكىچۇ تېخى. گۆش يېمىگىلى خېلى كۈنلەر بولدى. كۆكتات سېتىۋالغىلىمۇ شەھەرگە كىرەلمەيۋاتىمىز. قوناق مومىسىنى تولا يەپ بالىلارنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى. كىر - قات يۇيۇشقا دېسەم سوپۇن يوق. بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ. . .

لاۋخۇ ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— خانىم مەن بىلەن رەسمىي ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتسا، سەن نېمە تولا ۋالاقشىيسەن!

خەن خانىم پىيالىنى قولىغا ئالدى:

— ئۇ توغرا ئېيتىدۇ. تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ پۇل بولمىسا، مانا مۇشۇنداق كۈن ئالماقمۇ تەس بولىدۇ. لاۋخۇ، خېلى كۈنلەر بولدى، ئۆيىمىزنىڭ كىرىمى چىقىمنى قاپلىيالمايۋاتىدۇ، بۇ زادى نېمە ئىش؟

— خانىم، بۇ بىزدىكى گەپ ئەمەس. ياپونلار كىرگەندىن بېرى جىمى سودا ئۆلدى، قاشتېشى بازىرىنىڭمۇ ھالى خاراب. بەزى دۇكانلار تاقىلاي دەپ قالدى. ياپونلار ھەممە نەرسىنى

«قامال» قىلىۋالدى. قاشتېشى ماتېرىياللىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرگىلى بولمايۋاتىدۇ. يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ-دە. چەت ئەللىك ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەممىسى قاچتى. جۇڭگولۇقلار جېنىنىمۇ ساقلىيالمايۋاتسا، ئۈنچە-مەرۋايىت بىلەن ھەپىلىشىشكە نەدە جۈرئەت. مۇنداق قارىسام، بۇ كەسپىڭىزمۇ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارالمايدىغان ئوخشايدۇ!...

— نېمىشقا ئۇزۇنغا بارمىغۇدەك؟ — ئۈمىدسىز گەپلەرنى ئاڭلاشتىن قورقىدىغان خەن خانىم پىيالىنى شىرەگە تاققىدە قويۇپ، لاۋخۇنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئاندىن تازا بىر ئەسنىۋېتىپ، بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلىماسلىق ئۈچۈن بېرىپ ئۇخلىماقچى بولدىيۇ، يەنە ئۇخلىيالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ گادىرماچ خىيال ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، ئويلىغانسېرى ئىچى پۇشتى. ئاخىر بولماي، ئۇزۇنچاق ئۈستەل ئۈستىدىن پىل چىشىدىن ياسالغان شىششىخالنىڭ ئورۇقىدىن بىرنى ئېلىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە پاققىدە قويدى، — قېنى كېلىڭلار، تەلىيىمىزنى سىناپ باقايلى!

لاۋخۇ كۈلۈپ كەتتى:

— خانىم، بۇنداق قىلساق، ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەندەك ئىش بولامدۇ قانداق؟

خەن خانىم قايتىدىن جايىدا ئولتۇردى.

— ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خۇش قىلىپ ئولتۇرمامدۇق. كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھېسابلىرىڭدىن خۇيمۇ زېرىكتى كىشى! خۇ يەڭگە، خەي ھاممىنى چاقىرىپ كىرىڭ، كىم ئۇتتۇرسا شۇ مېھمان قىلىدۇ.

— ھەي، ئۇتۇش-ئۇتتۇرۇشنى ئايرىش تەس جۇمۇ! — خۇ يەڭگە شۇنداق دەپ قولىدىكى يىپنى چىشلەپ ئۈزدى ۋە ئايۋاننىڭ ئاستىغا كېلىپ شەرقىي ھۇجرىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھامما، تېز كېلىڭ، خانىمنى بىر قول ئۇتۇۋالايلى! ئۈچەيلەن سىزگىلا قاراپ قالدۇق!

ئېخچە ئۇخلىيالمىغان خەي ھامما كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە تۆر ئۆيدىن چىققاچ غودۇڭشىدى:

— ھەي، مېنىڭ گېپىمنى پەقەت يېمەيسلەر، بىز خوتۇنلار قىمار ئوينىساق بولمايدۇ!

— نەدىكى قىماركەن ئۇ؟ — خەن خانىم ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — بۇنىڭغا مەغلى بولۇپ كېچىنى ئۆتكۈزسەك، قاباھەتلىك چۈشلەرنى ئازراق كۆرەرمىزمىكىن دەيمەن.

شىشىخال شىرەگە چېچىلغاندىن كېيىن تۆتەيلەن ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممەيلەن سىرلىرىنى بىر - بىرىدىن مەخپىي تۇتۇشۇپ كۈچ سىنىشىشقا باشلىدى. لېكىن، خەن خانىم شىشىخال ئويناشنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغىنى بىلەن دىققىتىنى ئويۇنغا پەقەت مەركەزلەشتۇرەلمەيۋاتاتتى، ئەس - يادى دۇكانىنىڭلا ئىشىدا قالغانىدى.

— لاۋخۇ، سەن بايا كىمنىڭ دۇكىنىنى تاقىلىپتۇ دېدىڭ؟

— باۋيۇشۇەن ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنى، — دېدى لاۋخۇ بىر تال ئورۇقنى ئېلىۋېتىپ، — ئۇلارنىڭ خوجايىنى ئېغىر كېسەلكەن، ئاخىرەتلىكنى تەييارلاي دېسە دۇكانىنىڭ سودىسى بولماپتۇ. ئاخىر بولماي، پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قېلىپ دۇكىنىنى بىراقلا سېتىۋېتىپتۇ.

— نېمانداق چۇپچۇرەندە بىر نېمە ئۇ! — دېدى خەن خانىم ئىچى ئېچىشىپ، — كىمگە سېتىپتۇ؟

— خۇيىيۇەنجەيگە!

— پۇ شۇچاڭغا سېتىۋېتىپتىمۇ؟ — بۇ ئىسىم تىلغا ئېلىنىشى بىلەن يىرگىنىشتىن خەن خانىمنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايدىغان بەتنىيەت بىر نېمە! لېكىن، باۋيۇشۇەننى سېتىۋالسا ئۇنىڭغا يۈك بولمامدىكىنە؟ باشقىلار ئاقتۇرالمىغان سودىنى ئۇ ئاقتۇ-

الامدۇ؟

— ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى لاۋخو، — غەربلىك ئەجنەبىيلەرگە مال چىقىرىدىغان يول ئېتىلسە، شەرقلىق ئەجنەبىيلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ بىر تەرجىمان ئەمەلدار بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان بولۇشۇپتۇ. ياپونلارنىڭ بىر شىركىتى ئۇنىڭ ماللىرىنى بىراقلا ھۆددىگە ئېلىپ جەنۇبتىكى شياڭگاڭ، سىنگاپور، فىلىپپىن قاتارلىق جايلارغا يۆتكەۋېتىپتۇ. ئۇ باۋيۇشۇەننى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇ دۇكاندىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى خۇيىيۇەنجەيگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ياقتىن «باۋ يۇشۇەن» دېگەن ئىسمىنى كۆزدىن يوقىتىپ ئۇنىڭغا ياپونلارنىڭ ئۇنىنى ساپتۇ.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ ھەي ئىسىت، ئۇ خۇنپەر بىر ئوبدان باۋيۇشۇەننى خاراب قىلىۋېتىدىغان بوپتۇ - دە!

— بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ھازىر ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كارى يوق، ھەر كىم ئۆزىنىڭ غېمىدە. ئۆزىنى قانداق قىسمەت كۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى لاۋخو بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — بىزنىڭ چىچېنجەيمۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كېيىن ئىشىمىز تەس جۇمۇ!

— نېمىسى تەس بولماقچىدى؟ — دېدى خەن خانىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — يا سېنىڭمۇ چىچېنجەينى سېتىۋەتكۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟

— نېمە دەيدىغانسىز خانىم؟ — دېدى لاۋخو ئالدىراپقىنە، — مەن ھەممە ئىشتا سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىشلەيدىغان تۇرسام. چىچېنجەي ئۇچۇن چامامنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقىرىمەن.

خەي ھامما باشقىلارنىڭ ئۇرۇقىغا قارىغىلى تۇردى.

لاۋخونىڭ ئايالى ئېرى بىلەن بىر تەرەپ بولۇپ ئويناۋاتاتتى. ئۇ خەي ھاممىنىڭ ھە دەپ بويۇنداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

ئېرىگە دېدى:

— ئۆرۈكنىڭىزنى كۆرسەتمەڭ. ھەي، سىزنىزە، گەپ بىلەن بولۇپ ئۆتتۈرۈۋەتكىنىڭىزنىمۇ بىلمەي ئولتۇرغىنىڭىزنى!

— ھە، مەن ئۆتتۈرۈۋەتتىمما؟ — لاۋخۇ شۇندىلا بايا خەن خانىمغا گەپ قىلىمەن دەپ ئۆرۈكنى خاتا تىزىپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى.

خەن خانىم كۆڭلى بىسەرەمجان ھالدا ئۆرۈكلارنى بىر چەتكە سۈرۈۋەتتى:

— لاۋخۇ، بىزنىڭ ئادەم ماڭىدىغان چاغدا پۈتكۈل ئائىلىنى ساڭا تاپشۇرغان. ئۇياق كېلىپ بولغۇچە چىچېنجەينىڭ ئىسمى ئۆزگىرىدىغان ئىش بولمىسۇن جۇمۇ!

— خانىم، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاۋخۇنىڭ شىشىخال ئويناشقا رايى بارمىدى، — خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ تىرىكىممۇ، ئۆلۈكىممۇ چىچېنجەيگە ھېساب!

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلغىچە شىشىخال ئوينىدى.

ئەتىسى لاۋخۇ دۇكانغا كەتتى، خەي ھاما بىلەن خۇ يەڭگە خەن خانىمغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشىغا تۇتۇندى. قوناق مومىسىغا ئاقمۇچ، كۇنجۇت، تۇز دېگەندەك نەرسىلەر تولا سېپىلگەنلىكتىن تەمى غەلىتىلا بولۇپ قالغانىدى. لاۋخۇ كەچلىكى: «ياپونلار لاۋئېرشىتاڭدا ساقلىنىۋاتقان، ئۆتمۈشتە خان جەمەتى تەزكىرىسىنىڭ قەغىزى ئىشلىتىلگەن مۇقەددەس دەستۇرنى چېچىپ پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇدەك؛ ئۇ قەغەزنىڭ ھەر بېتى تۆت تومپۇرغا يارارمىش، بۇ قېتىم لاۋئېرشىتاڭدىكىلەر چوڭ زىيان تارتقانمىش؛ بىرىنچى رايون ساقچى مەھكىمىسىدىكى بىر باشلىق دۇڭلەيشۇنگە تاماق يېگىلى كېلىپ ياخشى كۈتۈلمىگىنى ئۈچۈن ساقچىلار ئاشخانىنىڭ خوجايىنىنى تۇتۇپ كېتىپ قاتتىق دۇمبالىغانمىش؛ ياپون ژاندارمىلىرى باۋۋېنتاڭدا ياپونغا قارشى مەز-

مۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەرنى ئاختۇرۇپ چىقىپ دۇكان
ئىگىسىنى قاماپ قويغانمىش. . . » دېگەنگە ئوخشاش قاشتېشى
كەسپىگە قىلچە مۇناسىۋىتى يوق خەۋەرلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى.
بۇ خەۋەرلەردىن كۆڭلى تېخىمۇ بىسەرەمجان بولغان خەن خانىم
كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن يەنە شىشىخالنى قولغا ئالدى.

كېيىن شىشىخال ئويناش ئۆيدىن دۇكانغا يۆتكەلدى. خەن
خانىم دۇكاننىڭ سودىسىدىن خاتىرجەم بولالمىغاچقا، پات - پات
بېرىپ تىجارەت ئەھۋالىنى كۆزىتىپ باقاتتى. چېچېنجەينىڭ
ئىشىكىگە قارلىغاچلار ئۇۋا ياسىغان، دۇكاننىڭ جاھازلىرىنى
توپا باسقانىدى. دۇكاندا ئىشلەيدىغانلار ھەرقانچە قىلىپمۇ خوجا-
يىن ئايالنىڭ قاپىقىنى ئاچقۇزالماي، ئامالسىز ئۇنىڭغا شىشىخال
ئوينىشىپ بېرەتتى. خەي ھاما بىلەن خۇ يەڭگە دۇكانغا بارمايت-
تى. خەن خانىم ئۆزىگە ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان يىگىتلەرگە گەپ
قىلمايتتى ۋە تولا ھاللاردا قوشنا ئۆيلەردىكى قىز - چوكانلارنى
چاقىرىپ كېلىپ ھېسابات ئۆيىدە چاي ئىچىپ گازىر چاققاچ
شىشىخال ئوينايتتى. دۇكانغا كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈ-
دەك قىلغۇدەك ئىشى يوق، ھېچقانداق ئىشقا پۇل خەجلىمەيدىغان
ئاياللار ئىدى. بۇنداق ئاياللارنىڭ ئەرلىرى كۆپىنچە ئەمەلدار
ياكى سىرتتا تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەر بولاتتى. خەن
خانىم ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ، ئېرىنىڭ
ساقچى باشلىقىنىڭ قولىدىن بۇ قورۇ - جايىنى قانداق قايتۇرۇ-
ۋالغانلىقى، قانداق بولۇپ يېرىم كېچىدە ئاسماندىن چۈشكەن
نۇرلۇق مەرۋايىتنى كۆرۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى قىزىقارلىق
گەپلىرى بىلەن ھەممەيلەننى ئۆزىگە قارىتىپ ئولتۇراتتى. ئول-
تۇرغانلار ئۇ مەرۋايىتنىڭ راست - يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ
ئولتۇرمايتتى، كۆڭۈل ئېچىپ خۇشال ئولتۇرۇشقىنى ئۈچۈن
رازى ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش بىلەن ھې-
سابلاشماي ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا پاراڭ بىلەن شىشىخال ئوينايت-

تى، كېيىن كەيپىيات جانلانغاندىن كېيىن رەسمىي دوتىكتىشكە باشلايتتى. دوغا تىككەن پۇل بارغانچە ئاۋۇپ باراتتى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى پۇلدارلار بولغاچقا، ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇشتا نەق پۇل ئىشلىتىلەتتى. خەن خانىم كەلگەنلەرنى ئۇزىتىپ قويۇشتىن ئاۋۋال ئۇستاتلىق بىلەن: «سىزنىڭ ماۋۇ زۇننارىڭىزغا ئىشلىتىلگەن كۇمۇش تازا ساپ ئەمەستەك قىلىدۇ جۇمۇ، يەنىلا ساپنى ئىشلەتكىنىڭىز تۈزۈك»، «ماۋۇ مارجاننى نەدىن ئالدىڭىز؟ قارىڭا، بىزنىڭ دۇكانغا تىزىپ قويساق چېنىپ قالغۇدەك!» دەپ ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. بۇ ئېسىلزادە ئايال-لارمۇ خەن خانىمنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئاپىرىن ئوقۇشۇپ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى، قانداق زىبۇزىننەت بۇيۇمى تاقاش، نەگە نېمە ئېسىش ھەققىدە مەسلىھەت سورايتتى. خەن خانىم تىلغا ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چېجېنخەيدە بار بولغاچقا، ئۆزىگە يارىغان نەرسىلەرنى تاللاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتاتتى ياكى ئەتىسى يەنە بىرنەچچە قىزنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن لاۋخۇ كۇلۇمسىرىگىنىچە خەن خانىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى. خەن خانىم ھارغىن ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ: «سىلەر تىجارەت قىلىشنى زادى بىلمەيدىكەنسىلەر، مەن سىلەردىن مىڭ ھەسسە ياخشىكەنمەن! ئەمەلىيەتتە، خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۇنچە تەس ئەمەس. بىلسەڭلار، سودا دېگەن مانا مۇشۇنداق ئويۇن ئۇستىدە پۈتىدۇ» دەپ ئۇلارغا كايىيتتى.

چېجېنجەينىڭ سودىسى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان شامنىڭ نۇرىغا ئوخشاش سۇسلاپ قالغانىدى، خەن خانىم ئاشۇ ئۇچقۇننى بىر ئاماللار بىلەن پىلىلدىتالىغان بىلەن يالقۇنجىتالىشى ناتايىن ئىدى.

ئاسماندا ئېرىنچەكلىك بىلەن سوزۇلۇپ مېڭىۋاتقان قۇياش هايال ئۆتمەي سۈررەڭ بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.

قوروۇدىن بىر توپ بالا چىقىپ كەلدى. لاۋخۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق چوڭ ئوغلى تيەنشىڭغا ئات بولۇپ ئۆمىلىگىنىچە ئەڭ ئاۋۋال چىقتى، قالغان كىچىك ئوغلى بىلەن قىزى ئارقى-دىن ئەگىشىپ كەلدى. شۇ تاپتا يۇقىرى - تۆۋەنلىك مەرتىۋىسى بۇ بالىلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. تيەنشىڭمۇ، ئۇنى بويىنىغا مىندۇرۇۋالغان لاۋخۇنىڭ بالىسىمۇ شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. لاۋخۇنىڭ بالىسى ئاتچىلاپ يۈگۈرگەچ كالۇلىسىنى ئىرغى-تىپ ناخشا ئېيتاتتى. ناخشىنىڭ تېكىستى رېئاللىققا يېقىنلاش-مايدىغان جۈملىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بەكلا قىزىقارلىق ئىدى:

يولنى تەتۈر ماڭغان بىر ئادەم،
چىشلىۋالدى يېرىم يولدا بىر ئىتنى.
ئىشكنى ئېلىپ قولنى ئاچتى،
ئىتنى ئېلىپ كېسەكنى ئۇردى.
كېسەك قولنى چىشلىدى شۇ چاغ.

تيەنشىڭ ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، كېسەكمۇ قولنى چىش-لىيەلەمدۇ؟ — دېدى. لاۋخۇنىڭ بالىسى يەنە ناخشىسىنى باش-لىدى:

تەخترىۋانغا مىنىپ ئاتنى كۆتۈردۇق،
دۇمباقنى ئۇرۇپ كانايىنى چالدۇق...

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسى قاتتىق ئۇرۇلدى، بالد-
لار .قىزغىن ئويناۋاتقاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى.
ئىشىك ئۇرۇلىۋەردى.

— كىم؟ — سورىدى تيەنشىڭ.

— مەن، تېز ئىشىكنى ئېچىڭلار! — سىرتتىن بىر ئاۋاز
ئاڭلاندى.

تيەنشىڭنى ئات قىلىپ ئويناۋاتقان بالا ناخشىسىنى توختىد-
تىپ دېدى:

— ئوھۇ، مېنىڭ دادام كەپتۇ.

دەرۋازا ئېچىلىشىغا لاۋخۇ بوراندەك كىرىپ كەلدى.

— دادا، تېخى بايىلا كېتىۋىدىڭىز، بالدۇرلا يېنىپ كەپ-
سىزغۇ؟ — يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان بالىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ
ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى.

— ماڭ، ئىشىكنى قىل! — لاۋخۇ مەڭزىدىن چىپىلداپ
تەر ئېقىۋاتقان ئوغلىغا ئالىيىپ قويۇپ، ئالدىراپ ئىچكەركى
ئۆيگە ماڭدى، — خانىم، خانىم!

تۆر ئۆيدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان خەن خانىم لاۋخۇنىڭ
ئاۋازىنىڭ ئەنسىز چىقىۋاتقانلىقىدىن قانداقتۇر بىر ئىشنى پەم-
لەپ، ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

لاۋخۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە پەلەمپەيدىن چىقىپ تۆر
ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى:

— خانىم، دۇكاندىن چاتاق چىقتى!

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — خەن خانىم قولى تىترەپ
كېتىپ پىيالىنى ئۆرۈۋەتتى.

— ھېلىقى نەرسە. . . يوقاپ كەتتى!

— قايسى نەرسىنى دەيسەن؟

— ھېلىقى. . . ئۈچ گرام كۆك ياقۇت قويۇلغان ھېلىقى

ئۈزۈك!

— ھە! — خەن خانىم قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. دۇكاندىكى ئۈزۈكلەر جىق بولسىمۇ، كۆك ياقۇتتىن كۆز قويۇلغىنى پەقەت ئاشۇ بىرلا ئىدى. خەن خانىم بۇنى ئېنىق بىلەتتى، — قاچان يوقىدى؟

— بىل. . . بىلمەيمەن، — لاۋخۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە جاۋاب بەردى، — بۈگۈن ئەتىگەن قارىسام يوق تۇرىدۇ. ئەسلىدە دۇكاننىڭ غەرب تەرىپىگە قويۇلغان جازىدا تىزىقلىق ئىدى. قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۇرىدۇ، پەقەت ئاشۇ ئۈزۈكلا يوق.

— ھېسابنى تەكشۈرۈپ باقتىڭمۇ؟

— تەكشۈردۈم، زاپاس مال دەپتىرىگە خاتىرىلىنىپتىكەن. بىراق دۇكاننىڭ ئاقما ھېساباتىدا يوق تۇرىدۇ. ساتمىغىنىمىز ئېنىق، بۇنىسى ئوچۇق ئېسىمدە. . .

— ئېسىڭدە بولغىنى بىلەن ئىش پۈتەمتى! ياقۇتنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دېمەمسەن؟

قورۇدا ئويناۋاتقان باللار تۆر ئۆيدىن كېلىۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئۈننى چىقىرالمىدى. پاختىلىق كىيىملەرنىڭ ئەستىرىنى يۇيۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان خەي ھامما بىلەن خۇ يەڭگە ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كىردى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايلىرى تۆمۈردەك قارىداپ كەتتى.

— ھەي. . . — خۇ يەڭگە ئارقا تەرەپتىن ئېرىنىڭ پېشىنى تارتىپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلماڭ، دۇكاندىكى باللاردىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

— سورىدىم، سورىدىم! — لاۋخۇ سەۋرسىزلىك بىلەن خوتۇنىنى سىلكىۋەتتى، — ھەممىسى بىلمەيمەن دەيدۇ. بولمىسا مەن دوپپامنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي خانىمدىن سورىغىلى كېلەتتىممۇ؟

— مەندىن؟ — خەن خانىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتتى، — مەن تېخى سەندىن سورىسام بولىدۇ، سەن زادى نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ شۇنچە قىممەت نەرسىنى يىتتۈرۈۋەتكىچە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ سەن گاسمۇ، قارىغۇمۇ ياكى ساراڭمۇ؟

— راست دەيسىز، راست دەيسىز، — لاۋخۇ جىلى بولۇپ بېشىغا ئۇرۇپ كەتتى، — بىخەستەلىك قىلىپتىمەن. تۈنۈگۈن ئەتىگەن قوپۇپ قارىسام، ئۇ ئۇزۇك باردەك قىلغان. چۈشتىن... ئاۋۋال سىز ئۇ يەردە ماجاڭ ئوينىغان ئەمەسمىدىڭىز...

— ماجاڭ ئوينىسام نېمە بوپتۇ؟ مەن دۇكاندا بىكار ئوينىغىنىم يوق، سودا قىلدىم. ساتقان نەرسىلەرنىڭ ھېسابى دەپتىرىڭدە باردۇ؟

— بارلىقىغۇ بار، مەن ھېساب دەپتىرىنىمۇ تەكشۈردۈم. تۈنۈگۈن بىر نەچچە ئايال دۇكىنىمىزدىن مال سېتىۋالغان، لېكىن ھېساب دۇرۇس چىقمايۋاتىدۇ...

— دۇرۇس چىقمايدىغان قانداق ھېساب ئىكەن ئۇ؟ تۈنۈگۈن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەملەر. كەلسىچۇ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ كەلدى. سېنى دەپ كېلەمتى؟ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسەڭمۇ ئۇلارنى چىللاپ كېلەلمەيسەن! يەنە تېخى خەقنى نەرسە ئوغرىلىدى دەمسەن؟ ئۇلار ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق قارا چاپلىغانلىقىڭنى بىلسە، ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىدۇ جۇمۇ!

— مەن... ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، — لاۋخۇ ئىچى تىتىلداپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئادەم جىق بولسا ئىشەك ھارام بولىدۇ ئەمەسمۇ...

— نېمە، نېمە دەۋاتىسەن؟ يەنە بىر دەپ باقە! — خەن خانىمنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، — مەن دۇكانغا بىر بېرىپ قويسام‌لا ئىشەك ھارام بوپتۇ - دە؟ نېمە دەيدىكەن دېسەم، ئەسلى مەندىن گۇمانلىنىۋېتىپتىكەنسەن ئەمەسمۇ؟

خەي هامما ئالدىراپ ئارىغا چۈشتى.

— ئاغىچا خېنىم، بۇنداق دېمەڭ، لاۋخۇ ھەرگىز...

— ئۇ ھەرگىز مۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، خانىم! —
قورققىنىدىن تىترەشكە چۈشكەن خۇ يەڭگە خەن خانىمنىڭ قولىنى
تارتىپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ...

— بۇنداق قىلماسىمىش تېخى! بۇ ئۇنىڭ «قىزىم ساڭا
ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگىنى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى كېلىپ
مەن ئوغرى بولدۇمما؟ — خەن خانىمنىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ
پۇت - قوللىرى تىترەپ كەتتى، — بىرمۇنچە كاسىلدىسا نېمە
دەيدىكىن دېسەم، ئەسلىدە مېنى ئوغرى دەپ تۇتقىلى كەلگەند-
كەنسەن - دە؟

لاۋخۇ قورقۇپ كەتتى:

— خانىم، خانىم... مېنىڭ ھەرگىز بۇنداق قىلىش
ئويۇم يوق. كۆك ياقۇتمۇ سىزنىڭ، چىچېنجەيمۇ سىزنىڭ تۇر-
سا!

— بۇنى بىلىدىكەنسەن - ھە؟ — خەن خانىم خەي هامما
بىلەن خۇ يەڭگىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ بارمىقىنى لاۋ-
خۇنىڭ يۈزىگە جۈنەپ تۇرۇپ دېدى، — ھەر ھالدا مېنىڭ بۇ
ئۆينىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىم ئېسىڭدە بار ئىكەن. ئۇقۇپ قوي،
چىچېنجەينىڭ خۇ فامىلىلىك ئىگىسى يوق. ئالدىنقى كۈنلەردە
سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ مېنى چىچېنجەينى سېتىۋې-
تىشكە كۈشكۈرتتىڭ، ئۆزۈڭچە مېنى نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلى-
قىڭنى بىلمەيدىغان ئەخمەق دەپ قاپسەن - دە؟ يەنە تېخى قاراپ
تۇرسام يېڭى ھۈنەرلىرىڭنى ئىشلىتىپ يۈزۈمگە قارا سۈرتمەكچى
بولۇۋاتىسەن. ۋىجدانىڭ بىلەن ئويلاپ باق، خەن زىچى ساڭا نېمە
يامانلىق قىلدى؟ كېتىشتىن بۇرۇن بار خۇشامەتنىڭ ھەممىسى-
نى قىلىپ «كۈچۈكىڭىز بولاي، ئىتىڭىز بولاي» دەپ كېتىۋې-
دىڭ، ئەمدى كېتىشىڭلا يۈزۈڭنى ئۆرىدىڭ. خىيالىڭدا مېنى

ياۋاش، بوزەك قىلسام بولىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ قاپسەن ـ دە؟

ــ ئاھ، خۇدا! ــ لاۋخۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، ــ خانىم، مەن سىزگە ئىماننىم بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىمەن...

ــ ئىشىڭنى قىل، سەن بىرنېمىدە «ئىمان» نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئاغزىڭدىن ھە دەپ چىرايلىق گەپ چۇشمىگىنى بىلەن ئىت ئەمگەن ۋىجدانسىز بىرنېمە ئىكەنسەن. تەييار بايلىقنى موك سوقۇپ بېيىمەن دەپ ئويلاپسەن. نېمانداق نىيىتىڭ يامان سېنىڭ!

ــ خانىم... سىز... ئۈزۈكنى... مېنى ئوغرىلىدى دەۋاتامسىز؟

ــ ئۇنى كىم بىلىدۇ؟ ئوغرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بىلمىسەم كاشكى؟

لاۋخۇ ئەمدى ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالماي قالدى:

ــ مەن ئوغرىما؟ مەن ئوغرىما؟

خۇ يەڭگە يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتتى:

ــ خەن خانىم، سىز ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز. ئۇ سىزنىڭ تېرىقچىلىك نەرسىڭىزنى جايىدىن يۆتكىگەن ئادەم ئەمەس. ئائىلىمىزدىكى يەتتە جان تۇزىڭىزنى يەپ كېلىۋاتىمىز. ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ سىزنىڭ نەرسىڭىزنى ئوغرىلىمايدۇ... بىز سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرۇۋاتقان تۇرساق، ئۇ ئۈزۈكنى نەگىمۇ تىقار...

ــ مەن نەدىن بىلەي؟ ــ خەن خانىم خۇ يەڭگىنىڭ يەنە ئېرىنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ گۇمانلاندى، ــ ئوغرىلىق قىلمىدىڭلا دېسە ئۇنى جىمىقتۇرمىاق ئوڭـاي. بىر تـال ئۈزۈك دېگەن جاھانغا پاتمىغۇدەك ئۇنچـە يوغان نەرسىمۇ ئەمەس!

— بوھتان! بوھتان! — لاۋخۇ ئەقلىدىن ئازغان ئادەم-
دەك جەنۇبىي ھۇجرىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە يەشىك، ئىشكاپ،
بوغچا، ئورۇن - كۆرپە دېگەندەك نەرسىلەرنى سىرتقا ئېتىشقا
باشلىدى، — بوھتان! بوھتان!

لاۋخۇنىڭ بايىدىن بېرى ئۇنىنى چىقىرالماي تۇرغان بەش
بالىسى ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى سېزىپ قىرقىراپ يىغ-
لاپ دادىسىنىڭ ئالدىنى توستى، — دادا، نېمە قىلىۋاتىسەن؟
بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ . . .

— بولدى، تۇرمايمەن! — لاۋخۇ بالىلىرىنى بىر چەتكە
ئىتتىرىپ ئاۋازىنى سوزۇپ ۋارقىرىدى، — مەن ئۆزۈمگە پاك.
بۇنداق يالىنى يۇزۇمگە سۇرتۇپ يۇرگۇچە چىقىپ كەتسەملا بول-
مىدىمۇ!

خەي ھامما ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ئالدىراپ قالدى:
— لاۋخۇ، بۇنداق ئالدىراپ توقامنى قارنىڭىزغا ئالماڭ.
گەپ بولسا خانىم بىلەن ئالدىرىماي دېيىشمەمسىز؟

— دېيىشمەمسىز؟ ئەمدى نېمىنى دېيىشىمىز! خەن ئە-
پەندى بىلەن ئون نەچچە يىل بىللە تۇرۇپمۇ بىرەر قېتىم ۋايساپ
باققىنىمنى، ھېسابتىن بىرەر قېتىم چاتاق چىققىنىنى بىلمەي-
مەن. ئەمدى كېلىپ مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنى كىم
ئويلىغان؟ — لاۋخۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە تاشلىغاچ،
كۆككە قاراپ ئاچچىق خورسىندى، — خەن ئەپەندى، سىزنى
ساقلىماي كېتىدىغان بولدۇم، رەنجىمەڭ!

— كۆرۈڭ مانىڭ گېپىنى! — خەن خانىم ئۆي ئىچىدىن
يۈگۈرۈپ چىقتى، — مەن تېخى سىىنى كەت دېمىدىمغۇ! لېكىن
كېتىمەن دېسەڭ ئېسىلىۋالمايمەن. شەرت شۇ، ھېسابنى ئۈزۈ-
ۋېتىپ ماڭىسەن!

— ئۈزسەم ئۈزدۈم، — لاۋخۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ
چىقتى، — ئۆزۈكنى كىمنىڭ ئوغرىلىغان بولۇشىدىن قەتئىينە-

زەر، سىزگە ئۆز باھاسىدا تۆلەپ بېرىمەن. تەڭرى مېنى مۇشۇنداق گاداي يارىتىپتىكەن، قولۇم قىسقا، ھازىرچە ھېسابقا ئېسىپ قويۇپ تۇرۇڭ، ئات - كالا ئورنىدا ئىشلەپ بولسىمۇ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە قەرزىڭىزنى تۆلەپ بېرىمەن!

خۇ يەڭگە ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە خەن خانىمنىڭ ئالدىغا يىقىلدى:

— خانىم، شەپقەت قىلىڭ، بىچارە ئانا - بالىغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! سىز بېشىمىزنى سىلىمىسىڭىز، بىز قانداق كۈن كەچۈرىمىز!

لاۋخۇ ئاچچىقى بىلەن خوتۇنىنى بىرنى تەپتى:

— قوپە، مىجىق! ماڭە، كېتىمىز!

چۆچۈرىدەك بەش بالا يەرنى تەپكىنىچە تىرەجەپ تۇرۇۋالدى:

— ياق، كەتمەيمىز!

خېلىغىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان تيەنشىڭ يىغلىغىنىچە كېلىپ ئانىسىنىڭ پېشىنى تارتتى:

— ئانا، ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەتمەڭ، ئۇلار كەتسە مەن كىم بىلەن ئوينايمەن...

خەن خانىم تيەنشىڭنى قۇچىقىغا ئېلىپ مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى، — ئوغلۇم، ئاناڭ سېنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭنى كۈتىدۇ، قېنى شۇ چاغدا بىزنى كىم بوزەك قىلالايدىكىن!

— ماڭدۇق! ماڭدۇق! — لاۋخۇ يا خوتۇن - بالىسىنى چاقىرىۋاتقىنىنى، يا جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى خەن زىچىڭگە خۇش دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر ئاھاڭدا خىرقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — ماڭدۇق...

خەي ھاما لاۋخۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— بولمايدۇ، نەدە بۇنداق ئوڭاي كېتىدىغان ئىش بار ئىكەن؟ دەيدىغاننى دەۋالسىلا ئىش پۈتەمدۇ، سىز كەتسىڭىز

دۇكاننىڭ سودىسىنى كىم قىلىدۇ؟
خەن خانىم سوغۇقلا:
— ھاما، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۇ بولمىسا بىز دۇكاننى چۆرگىلىتەلمەمدۇق؟

. . .

لاۋخۇ شۇ كەمگىچە يىغقان پۇل - ماللىرىنى، توي قىلغان ۋاقتتا خوتۇنىغا ئېلىپ بەرگەن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى قەرز-گە تۇتۇپ بېرىپ، خوتۇنى، بەش بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ «بى-لىمدان» قەسرىدىن چىقىپ كەتتى. مېڭىشتىن ئاۋۋال تېخى پۇتۇنلەي ھېساب ئۈزۈلمىگەن بىر دەپتەرنى خەن خانىمغا تاپشۇ-رۇپ بەردى. خەن خانىم ئاچچىقىنى لاۋخۇدىن چىقىرىۋالدى، لېكىن ئىچى بەكلا ئۇۋۇلۇپ كەتتى. خۇ يەڭگە يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە يېلىنىپ - يالۋۇرغاندا، لاۋخۇنىڭ تيەنشىڭگە ئات بولۇپ بەرگەن ئوغلى يىغلىغىنىچە دەرۋازىدىن چىققاندا، خەن خانىمنىڭ يۈرىكى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەمما، دەپ بولغان گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ چوقۇم مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن دۇكاندىكى باشقا ئىشلەمچىلەرگە ئىب-رەت قىلىشى، چىچېنجەيگە زادى كىمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلى-دىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

لېكىن، خەن خانىم لاۋخۇنىڭ كېتىشى بىلەن چىچېنجەيدە داۋالغۇش بولىدىغانلىقىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. لاۋخۇغا ئوخشاشلا خەن زىچىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ چىچېنجەي-دە ئىگىلىك تىكلەشكە تۆھپە قوشقان باشقا ئىشلەمچىلەر: «لاۋ-خۇغا ئوخشاش چىچېنجەيي ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزغان بۇرادىرىمىز پاتمىغان يەردە بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولماقچى-دى؟» دەپ قاتتىق غەزەپلىنىشتى ۋە لاۋخۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىپلا خەن خانىمغا ئىشلىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى بولمىسا خەن خانىمنىڭ چىچېنجەيدە قانداق

ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدى.
كۆك ياقۇت! مېھرىبانلىق، سەممىيلىك ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆك ياقۇت ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى ۋە پۈتكۈل چىچېنجەينى خاراب قىلدى!

لوندون شەھىرى يەنە بومباردىمان قىلىنىۋاتاتتى. شەھەر ئاسمىنىدىكى قويۇق قىش تۇمانلىرىمۇ، ۋېسمىنست چېركاۋىدا قىلىنغان دۇئا ـ تىلاۋەتلەرمۇ بېرلىن تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. كۈندۈزى جىمىپ قېلىپ كېچىسى پەيدا بولىدىغان بۇ ئايروپىلانلار لوندوننىڭ زېمىنىدا ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى ئىزلارنى قالدۇرۇپ باراتتى.
يېڭى بىر سەھەر باشلاندى. ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرى ۋەنمىگيۇنگە ئوخشاش خارابىلىك ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىدىغان كوچىلارنىڭ بويلىرىدا سۇ پۈركىمەكتە، خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئەترىتىدىكىلەر خىش ـ كېسەكلەر ئارىسىدىن جېنى ئامان قالغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقماقتا ئىدى. قوش قەۋەتلىك كوچا ئاپتوبۇسلىرى ھەر كۈنى «ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدىغان» يول لىنىيىلىرىدە خارابىلەر ئارىسىدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆتەتتى. مىڭلىغان تۇرۇبا ئىشچىلىرى بومباردىماندا ئېچىلىپ قالغان گاز، سۇ تۇرۇبىلىرىنى جىددىي رېمونت قىلىۋاتاتتى. تۇغۇت دوختۇرخانىسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرىدە تۇغۇت ئانىلىرى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بالىلارنى تۇغدۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كېچىلىرى شەھەر ئاھالىسىنىڭ پاناھگاھىغا ئايلانغان مېترولار بەك قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتەتتى، كىشىلەر مەھبۇسلاردەك قاتىرىغا يېتىشىپ كەتكەنىدى. تاڭ يورۇشى بىلەن ھەممەيلەن پالاس ـ كىگىزلىرىنى يىغىپ، چىش پاستىسى سېلىنغان كىچىك سومكىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە قورساق غېمى بىلەن نەلەرگە-

دۇر جۆنەيتتى. ئۆز ۋەزىپىسىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدىغان سۇت-
چى بوۋاي ئاخشامقى بومباردىماندا ئامان قالغان قېرى ئېتىنى
ھەيدەپ يولىغا راۋان بولدى، پوچتىكەشمۇ كوچىدا پەيدا بولدى.
نەچچە كۈندىن بۇيانقى بومباردىمان خەت يېزىشقا ئالاھىدە مۇھەب-
بەتتى بار ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قىزغىنلىقىنى سۇسلىتالمىغاند-
دى. يېقىن دوست - بۇرادەرلەر بومباردىماندا كۆرۈشەلمىگە-
نى، يەنە كېلىپ مىلاد بايرىمى يېقىنلاپ قالغىنى ئۈچۈن خەت -
ئالاقىلەر ئۇبدانلا كۆپىيىپ قالغانىدى. نۇرغۇن پوچتىكەشلەر
خىزمىتىگە يېتىشەلمەي خوتۇنلىرىنىمۇ ياردەمگە ئېلىپ چىققاند-
دى.

بومباردىمان بازار ئوبوروتىنى دەخلىگە ئۇچرىتالمىغانىدى.
دۇكانلارنىڭ ئالدى يەنە رەت - رەت ئۆچىرەتلەر بىلەن توشۇپ
كەتكەنىدى. دۇكان ئىگىلىرى ئىشىكى ئالدىدىكى چېقىق ئەينەك
پارچىلىرىنى، خىش - كېسەكلەرنى سۇپۇرۇۋەتكەندىن كېيىن
سەۋرچانلىق بىلەن خېرىدارلارنى رازى قىلىشقا تۇتۇناتتى. نۇر-
غۇن كىشىلەر بىرىنچى ئۆكتەبىردىن يەنى ئىستېمال بېجى يولغا
قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆزىگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىۋالالمى-
غىنى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىشاتتى، ئەمدىلىكتە خېرىدارلار سېتىۋ-
ۋالغان ھەر بىر بۇيۇمنىڭ چىقىرىش باھاسىدىن ئۈچتىن بىر
پىرسەنت بويىچە باج ئېلىنىۋاتاتتى. قايناق بازارلاردا بىراقلا
ئاۋۇپ كەتكەن يايمىلاردا كىشىلەرنىڭ سۇرگۈنلۈك ھاياتىدا ھەم-
مىدىن بەك لازىم بولىدىغان قولچىراغ، باتارېيە، زەھەردىن
مۇداپىئەلىنىش ماسكىسى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر سېتىلىۋا-
تاتتى. زەرگەرلەرگە بويۇنغا ئاسىدىغان بۇلاپكىلارنى سوقتۇرۇش
بىر مەزگىل مودا بولدى. زەرگەرلەر بۇنداق بۇلاپكىلارغا بۇي-
رۇتقۇچى خېرىدارنىڭ ئىسمىنى ئويۇپ شۇ زامات سوقۇپ بېرەت-
تى. بومباردىماندا ئۆلۈپ - تارتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇق -
تۇغقانلىرى جەسەتلىرىنى شۇ بۇلاپكىلارغا قاراپ ئوڭايلا تونۇۋالا-

لايتتى. بۇنىڭدىن باشقا دەسمايە كەتمەيدىغان تىجارەتلەرمۇ ئۆز يولىدا داۋام قىلىۋېرەتتى، ھىندىئان ئاياللىرى سۆزمەنلىكى بىلەن قايىسى كۈنى جەھەننەمگە ئۇزايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە پال ئېچىپ بېرەتتى. يەنە تىلەمچىلەر، ئەما سازەندىلەر پاگىنىنىڭ جالالات سۇپىسىدا كاللىسى كېسىلىش ئالدىدا تۇرغان قەھرىمانىنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىش روھى كۈيلەنگەن مەشھۇر مۇزىكىسى «كامانئورا»نى ئاددىي ئۇسۇل، ئەمما ساپ ھېسسىيات بىلەن ئاجايىپ تەسىرلىك قىلىپ ئورۇندايتتى. . .

خونتېر ئائىلىسىنىڭ گوت ئۇسلۇبىدا قىزىل كاھىشتىن قوپۇرۇلغان كىچىك بىناسى سەھەر تۇمانى ئىچىدە ئويغاندى. ئۇدا نەچچە ئاي داۋاملاشقان بومباردىماندا لوندوندا سانسىزلىغان ئىمارەتلەر ۋەيران بولغان، نەچچىلىگەن ئادەملەر ئۆلگەن ياكى يارىلانغانىدى. قىزىق يېرى، خونتېر ئائىلىسىنىڭ بۇ كونا بىناسىغا تېخى بىرەر بومبا چۈشۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى، پەقەتلا بىنا ئۆگزىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى ئۇچۇپ كەتكەن، نۇرغۇن قېتىملىق يامغۇر - يېشىندا بىنا گەۋدىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە دەز كەتكەنىدى. بىنا ھېلىغىچە ئەتراپتىكى مايمان - سۇيماق ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئولىۋېر بىرقانچە قېتىم ئۆيىدىكىلەرنى مېتروغا بېرىپ تۇنەشكە دەۋەت قىلىپمۇ باقتى، لېكىن سام خونتېر بارغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ چاقچاق قىلىپ: «بۇ ئۆيدە روھ - ئەرۋاھلارنىڭ ئىزى بار، ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشتىن ئامان - ئېسەن قېپقالغان، بۇ قېتىممۇ ساق قېلىشى مۇمكىن» دەپ چاقچاق قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ «قاچقاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، بەزىلەر قارىغۇلارچە قېچىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئۇنىڭدىن كۆرە تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇۋاپىق» دەپ قارايتتى. خەن زىچىمۇ مېتروغا بېرىپ تۇنەشنى خالىمايتتى، چۈنكى بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىك ساقلانمىلى-

رى بار ئىدى. جۇڭگولۇقلار قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يېنىدا ساقلاپ يۈرۈشكە رازى ئىدىكى، بانكىدا ساقلاشنى خالىمايتتى. يەنە كېلىپ هازىر هەر قانداق يەرنى بىخەتەر دېگىلى بولمايتتى. خەن زىچى ئاشۇ نەرسىلىرىنى چىڭ ساقلىشى كېرەك ئىدى. مېترودا تۇرۇش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى هەر كۈنى ئېلىپ كېتىپ يۈرمىسە بولمايتتى. هاياتىدىنمۇ قىممەتلىك بىلىدىغان بۇ نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ جېنىنى ئەپقېچىشقا ئۇنىڭ ئەسلا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئاخىر هەممەيلەن بۇ ساقلانمىلارنى كۈندىلىك بۇيۇملار بىلەن يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىۋېتىش، ئۆيىدىكىلەرمۇ كېچىدە شۇ يەردە پاناهلىنىش ئۈستىدە بىرلىككە كەلدى. دېمەسىمۇ ئەمدى ئۇلارنىڭ هاياتى تەقدىر - پېشانىسىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. ئولىۋېر سەۋر - تاقەت بىلەن يەر ئاستى ئۆيىنى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇردى، بىر نەچچە كارىۋات تەييار قىلدى. مۇشۇ كۈنلەردە بەزى كىشىلەر هاۋا هۇجۇمىدا ۋەيران بولغان ئۆيلەرنىڭ تۈمۈرلىرىدە كارىۋات ياساپ مەخسۇس هاۋا هۇجۇمىدىن مۇداپىئەلەنمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئېهتىياجىنى قاندۇرۇۋاتاتتى. ئولىۋېر كارىۋاتلارغا كۆرپىلەرنى سېلىپ، كىرلىكلەرنى يايغاندىن كېيىن هەربىر ئادەمنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ چۈشتى. ۋاقىتلىق پاناهگاه قىلىنغان بۇ كوللېكتىپ ياتاق ئادەتتە كەمدىن - كەم بىر يەرگە جەم بولىدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنى يېقىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. سام خونتېر ئادەتتە ياستۇقتا بېشىنى قويۇپلا خورەككە چۈشۈپ كېتەتتى، خەن زىچى تولا كېچىلىرى ئۇخلىيالماي لياڭ بىڭيۇ بىلەن جۇڭگو ۋە تىنچلىق ئۈستىدە پاراڭلىشىپ چىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانا يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر پاراڭ ئاۋۇغانسېرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. خونتېر خانىم بىلەن ئولىۋېر ئۇلارنىڭ پارىڭىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. ئولىۋېر بۇنداق كوللېكتىپ تۇرمۇشقا

بەكلا كۆنۆپ قالدى. ئەگەر هاۋا هۆجۆمىنىڭ تەهدىتى بولمىغان
بولسا، ئۆنىڭ كېچىلىرى لياڭ بىڭيۇ بىلەن بىر يەردە كۆڭۆل-
لۆك پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
بۇنداق پاراڭ بولغان چاغلاردا، ئولىۋيېر دەسلىپىدە بېرىلىپ
جىمىمدە ئاڭلايتتى، كېيىن ئاستا مۇلاهىزىگە ئارىلىشاتتى.
مۇهاكىمە بارغانسېرى قىزىپ كېتەتتى. ئولىۋيېر ئۇلارغا «خوز-
تېر ئۆنچە – مەرۋايىت دۇكىنى» نىڭ يۇز يىللىق تارىخىنى
سۆزلەپ بېرەتتى. لياڭ بىڭيۇ ئۆنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانچە مەست-
خۇش بولۇپ ئۇرۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بارلىق دەرد – ئەلەم-
لىرىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى ئولىۋيېر تىلغا ئالغان جايلاردا سەيلە
قىلىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇلار جىمى گەپلەرنى دېيىشىپ
ئۆزۈن كېچىنى كۆڭۆللۈك ئۆتكۈزەتتى، ئەمما بىر تېمىدا يەنى
مۇهەببەت ئۈستىدە سۆزلەشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئولىۋيېر
بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى لياڭ بىڭيۇنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرى-
غاندىن كېيىن بۇ ئىشنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى، ئۆنىڭ ئاتا –
ئانىسىمۇ بۇ ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىشنىڭ بولغان-
لىقىنى تېخى سەزمىگەنىدى. لياڭ بىڭيۇگە ئولىۋيېر ئۆز هېس-
سىياتىنى مەجبۇرىي بېسىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. ئولىۋيېر
يېنىدا بار چاغلاردا تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان مۇهەببەت ئوتىنىڭ
يىگىتنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. لې-
كىن، ئولىۋيېر كۆڭلىدىكىنى هەرگىز دېمەيتتى. هېلىهەم
گۈللەرنى سېتىپ ئەكېلىپ لياڭ بىڭيۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى
لوڭقىغا چىلاپ قوياتتى. بۇ هال ئىلگىرى ئۆيدە داۋام قىلغان
بولسا ئەمدى يەر ئاستى ئۆيدە داۋام قىلىشقا باشلىدى. لياڭ
بىڭيۇنىڭ قېشىدا هامان ئېچىلغان گۈللەر بولغان بولاتتى. لياڭ
بىڭيۇ ئولىۋيېرنىڭ يەنە هۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن ئەنسىرىگەچكە،
هەمىشە ئۇنىڭغا ئېهتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە تۇتاتتى. لې-
كىن، ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش هېچ يۇز بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ ئولىۋ-

يېرنىڭ ئەمدى ئۆزىنى راستتىنلا تىنچ قويىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن، لياڭ بىڭيۈ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلىۋېرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن يۈز كېلەلمەيدىغاندەك سېزەتتى ھەم بۇنىڭ زادى قانداق بىر خىل ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

تاڭ ئاتتى، يەر ئاستى ئۆيدىكى بەشەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، «يەنە بىر كۈن ئۆتتى» دېگەندەك بىر خىل چۈشىنىكسىز بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى، ئاندىن ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىمۇ تاشلىمىغان ياخشى ئادىتى بويىچە ئەدەپ بىلەن تىنچلىق سوراشتى:

— خەيرلىك سەھەر، لياڭ خانقىز، خەن ئەپەندى!

— خەيرلىك سەھەر، ئۇلىۋېير خانىم، خونتېر ئەپەندى!

— خەيرلىك سەھەر، ئۇلىۋېير!

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كىشى، بۇلار تېخى بايىلا باشقا - باشقا جايدىن كەلگەن ئوخشايدۇ، دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى.

ھەممەيلەن يۇقىرىغا يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ماڭدى. يەر ئاستى ئۆيىدىن يەنە شۇ زېرىكىشلىك ئۆيگە ماڭغىنى ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بىر ھېسلار ئىچىدە قالغان لياڭ بىڭيۈ پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ نېمىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. قىز قاراپلا ئۇنىڭ خونتېر ئائىدلىسىنىڭ ئاق مۇشۇكى ئىكەنلىكىنى كۆردى. قىزىق يېرى، سېرىق، ئالا مۇشۇكتىن بەش - ئالتىسى پەلەمپەيدە قىستىلىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى. مۇشۇكلەر شەپىنى ئاڭلاپلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ لياڭ بىڭيۈگە مۆڭلۈق قاراپ قالدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق جىق مۇشۇك بۇ؟ — دېدى لياڭ بىڭيۈ.

— قولۇم - قوشنىلارنىڭ مۇشۇكلىرى، — دېدى خونتېر

خانىم چۆشەندۈرۈپ، ــ ئىگىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن پاناھ-
لىنىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىۋالغان گەپ. بىچارە جانىۋارلار!
لياڭ بىگيۇ بىردىنلا ئۆزىنى ئاشۇ مۈشۈكلەردىن ھېچقانچە
پەرقلەنمەيدىغاندەك، تۇرغۇدەك ماكان تاپالماي باشقىلارنىڭ ھا-
مىيلىقىدا تۇرۇۋاتقاندەك سەزدى، مۈشۈكتىمۇ شۇنچە كۈچلۈك
ھايات قېلىش ئىستىكى بولىدىكەن ئەمەسمۇ!

ــ يۇرۇڭلار، بىچارە جانىۋارلار! ــ خونتېر خانىم ئاق
مۈشۈكنى قولىغا ئېلىۋېتىپ قالغان ھەمراھلىرىغا ئىشارەت
قىلدى، ــ ئارقامدىن يۈرۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆ-
لۈپ كېتىشىڭلارغا چىدىمايمەن!

مۈشۈكلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاشخانىغا يۈگۈرۈشتى.
خونتېر خانىمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ئائىلە خوجا-
يىنىغا خاس قىياپەت ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتكەندەك قى-
لاتتى.

ھەممەيلەن يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ناشتا
يېيىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. خونتېر خانىم سۈت-
لۈك بولكىدىن باشقا شىرەگە تۇزلۇق بىر نەرسە تىزالمىغىنى
ئۈچۈن ئۇلتۇرغانلارغا ئۆزرە ئېيتتى. تۇخۇم، كالا گۆشى دېگەن-
دەك نەرسىلەرنى ئالالمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، ئەمما
ھېچكىم بۇ ئايالدىن رەنجىمەيتتى. چۈنكى ئۇ بەش جاننىڭ
يېمەك - ئىچمىكى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەن-
دى. خونتېر خانىم مىلاد بايرىمى كۈنى چوقۇم بىر ئامال بىلەن
ئىككى توخۇ كاۋىپى سېتىپ ئەكېلىپ كۆپچىلىكنى ئوبدان بىر
غىزالاندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مىلاد بايرىمىغا بىر - ئىككى
كۈنلا ۋاقىت قالغانىدى.

ــ ئۇرۇش بولۇۋاتسا، بىزگە بايرام ئۆتكۈزۈشنى كىم
قويۇپتۇ؟ ــ دېدى سام خونتېر.

ــ دېگەن گېپىنى، بايرام قىلىساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

گىتلېر دېگەن ئالۋاستىمۇ بايرام ئۆتكۈزىدىغاندۇ؟ — دېدى خون-
تېر خانىم.

ناشتىنى ئالدىراپلا يېگەندىن كېيىن، ئولىۋېيېر سىرتقا چى-
قىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى. «خونتېر ئۈنچە - مەرۋايىت
دۇكىنى» تىجارەتتىن توختىغان، قىممەتلىك ماللارنىڭ ھەممى-
سى يەر ئاستى ئىسكىلاتىغا ئەكىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئولىۋېيېر
بىرەر جىددىي ئىش بولۇپ قالسا دۇكاندىكى بالىنى تېنەپ قالمى-
سۇن دەپ ھەر كۈنى دۇكانغا باراتتى.

لياڭ بىگيۇ مۇشۇككە بىر نەرسە يېگۈزۈۋاتاتتى. ئولىۋېيېر
ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— لياڭ خانىم، كوچىغا چىقىپ بايرام ھارپىسىدىكى
مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ كەلمەمسىز؟ — دېدى.

لياڭ بىگيۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— مېنى بارالايدۇ دەمسىز! خارابىلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان
بايرام كىشىگە پەقەت قىيامەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدۇر-
ىدىغاندۇ تايىنلىق؟

— توخۇ يۈرەك! قىيامەت كەلسە بىزگە كېلەمتى، جىمى
خەق بايرامنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، ۋېسمىست چېركاۋىدا
مۇقەددەس سۇپا ياسىلىۋاتىدۇ، تىياتىرخانىلاردا داۋاملىق ئويۇن
قويۇلۇۋاتىدۇ، مېترولاردا يەنە مۇشائىرىلەر بولۇۋاتىدۇ! —
ئولىۋېيېر پەلتونى ئۈچىسىغا ئارتىپ شىلەپىسىنى كىيگەندىن
كېيىن، لياڭ بىگيۇنى ئارتۇق زورلىماي سىرتقا قاراپ ماڭدى،
ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ يەنە ئارقىغا بۇرۇلدى، — بىز بايرامنى
ئۆيدە ئۆتكۈزەيلى. ئانا، سىرتتىن بىرەر نەرسە ئالغاچ كېلىمەن-
مۇ؟

— ھېچنېمە ئالما، ئۆزۈم ئالىمەن، — خونتېر خانىم
قاچا - قومۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ شۇنداق دېدى، — كەچتە
بالدۇرراق قايتىپ كېلەرسەن - ھە!

www.uyghurkitap.com

— ماقۇل، ئەمىسە كەچتە كۆرۈشەيلى. لياڭ خانقىز، بىرەر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ؟ مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەردىن ئالغاچ كېلەيمۇ؟

— مېۋە - چېۋە؟ ھازىر مېۋە نېمىش قىلىدۇ؟ — دېدى لياڭ بىڭيۈ ئېرەنشىمەيلا، — بېيپىڭ بولىدىغان بولسا، بۇ چاغقا كوچىلارغا شېكەرلىك كاشتان توشۇپ كەتكەن بولاتتى.

— كاشتان؟ بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ بارغۇ. لېكىن شېكەرلىك ئەمەس، بەلكىم تەمىمۇ بېيپىڭنىڭكىدەك تەملىك ئەمەستۇ، — ئۇلىۋېر سەدەبتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ شوخلۇق بىلەن كۈلدى، — ئازراق ئەكېلەي، تېتىپ بېقىڭ، يەپ باقمىغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ. كەچتە كاشتان يېگەچ ھېكايە ئېيتىشارمىز. ھە راست، سىزگە تېخى گۈل ئالغاچ كېلىشىم كېرەك!

— بۈگۈن ئالغىلى بولماس؟

— قېنى قاراپ باقمامدىم. چوقۇم ئالالايمەن. ھازىر قىشلىق ئەتىرگۈلنىڭمۇ ئېچىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

نېرىدا ئادىتى بويىچە گېزىتنى ئالا قويماي ئوقۇۋاتقان خەنزىچى ئۇلارنىڭ قولاشمايۋاتقان پارىڭىنى ئاڭلاپ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي دېدى:

— سىلەر تازىمۇ بىغەمكەنسىلەر جۇمۇ، ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىز بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟

— شۇڭا ھاياتنى تېخىمۇ قەدىرلەش كېرەك، — ئۇلىۋېر «كېچىدىكى پادىچى» ناخشىسىنى غىڭشىغاچ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇنىڭ مەزمۇت قەدەملىرى ئاستىدىكى پولنىڭ غىچىرلىشى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەن خونتېر خانىم گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئەسلى ئۇ بۈگۈن جىق يەرگە قاتراپ ئىككى توخۇ، بىر سېۋەت تۇخۇم، كالا گۆشى، ياڭيۇ، تەرخەمەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ۋە بىر

بوتۇلكا شامپان، بىر بوتۇلكا ئاق هاراق سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى.

— هەر هالدا مىلاد بايرىمىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان بولدۇق! — دېدى خونتېر خانىم ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان قەھرىماندەك تۇرگۇن قىياپەتتە.

سام خونتېر ئاق هاراقنى بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ خۇشبۇي هىدىنى پۇرىدى ۋە خەن زىچىگە قاراپ دېدى:

— كەم تېپىلىدىغان ئېسىل هاراق جۇمۇ، يەنە كېلىپ جۇڭگو هارىقى دەڭا! خەن ئەپەندى، بۈگۈن ئىچىپ تازا بىر پەيز قىلايلى!

— ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟ مەن هاراق ئىچمەيدىغان تۇرسام، — دېدى خەن زىچى خۇشال كۈلۈمسىرەپ.

— ئاپلا، كەچۈرۈڭ. ئەمدى ئۆزۈم يالغۇز پەيز قىلىدىغان بولدۇم - دە! — سام خونتېر كەينىگە بۇرۇلۇپ خوتۇنىغا دېدى، — قەدىرلىك خوتۇن، ياخشى نەرسىلىرىڭ بولسا ئېلىپ چىققىن. بۈگۈن كەچتە ياخشى بىر غىزالىنايلى!

— بۈگۈن؟ مىلاد بايرىمىغا يەنە ئۈچ كۈن بارغۇ...

— بايرامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ نېمە كەپتۇ. بايرامنى ئالدىنئالا ئۆتكۈزسەكمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ!

— هەي، بۇ ئادەمگە ئامال يوقتە! — خونتېر خانىم ئېرىنىڭ گېپىگە كۆندى، — بوپتۇ، بايرامغا ئاززاق ئېلىپ قويۇپ قالغان نەرسىنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ چىقاي. بۈگۈن هەممەيلەن تازا خۇشال - خۇرام ئولتۇرايلى، — ئايال ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى بىر قۇر هېسابلاپ چىقتى، — توخۇ گۆشىدە ئوبدان بىر قورۇما قىلسام، كالا گۆشىدە ياخشى بىر قورۇما قىلايلى.

— سىزگە جۇڭگوچە تەمگە ئىگە كالا گۆشى قورۇمىسى قىلىپ بەرسەم قانداق دەيسىز؟ — ئەزەلدىن قازان بېشىغا چىقىپ باقمىغان لياڭ بىڭيۇ خۇشال هالدا دېدى.

— سىزمۇ قورۇما قىلالامسىز؟ — دېدى خوتىبىر خانىم ئۇنىڭ گېپىگە دېگەندەك ئىشەنمەي، — مەن تېخى سىزنى كىتاب ئوقۇشنىلا بىلەمدىكىن دەپتىمەن.

— مەنمۇ ئۇنىڭ قورۇغان قورۇمىسىنى يەپ باقمىغان، — دېدى خەن زىچى، — ئۆيدىكى ۋاقتىدا ئۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلمايتتى.

لياڭ بىڭيۇ كۈلۈپ كەتتى:

— قېنى، سىناپ باقامدىم، بۇ يەردە جۇڭگوچە قورۇمىلارنى مەندىن ياخشىراق قىلىدىغان ئۇستىنى تاپالمايسىلەر جۇمۇ! — لياڭ بىڭيۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا شۇنداق دېدى ۋە روهلۇق قىياپەتتە خوتىبىر خانىمنىڭ ئارقىسىدىن ئاشخانىغا كىردى.

لياڭ بىڭيۇ كالا گۆشىنى ئەمبەلگە قويغاندىن كېيىن پىچاقنى بىلەپ گۆشنى شىلىشقا باشلىدى. دۆملەپ پىشۇرۇلغان كالا گۆشى مۇسۇلمانچە ئاشخانىلاردا زىياپەت ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ئالاھىدە تاماق ھېسابلىنىدۇ، ئىشلىتىلىدىغان خورۇچقا ناهايىتى ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇ تاپتا ئۇ مۇشۇ خىل تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. لياڭ بىڭيۇ تاللىغان گۆشنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن ئۇششاق ياپىلاپ توغرىدى:

— دورا - دەرمەك بارمۇ؟

— قانداق دورا - دەرمەكنى دەيسىز؟

— سۇڭپىياز، زەنجىۋىل، قوۋزاقدارچىن، داشياڭ، سېرىق ھاراق، ناۋات، جاڭيۇ دېگەندەك نەرسىلەرچۇ.

— قوۋزاقدارچىن، داشياڭ، ناۋات دېگەنلەر يوق.

— بوپتۇ ئەمىسە، خاپا بولماي ماڭا سۇڭپىيازنى ئوتتۇردىن توغراپ بەرسىڭىز، زەنجىۋىلنى ئۇششاق توغراپ...

خوتىبىر خانىم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. لياڭ بىڭيۇ توغرالغان گۆشنى ئىلمان مايغا چىلاپ سېرىق رەڭگە كىرگۈز-

گەندىن كېيىن قازانغا سالدى، ئاندىن سوغۇق سۇ قۇيغاندىن كېيىن گازنى ياقتى:

— دورا - دەرمەكنى ئەكېلىڭ، تېز بولۇڭ!

خونتېر خانىم گۆش توغرامچىلىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ لياڭ بىگىيوگە ئەكېلىپ بەردى. لياڭ بىگىيو سۇگىپىياز، زەنجە- ۋىل، ساخوروزا، سېرىق هاراقنى قازانغا سالغاندىن كېيىن تۇۋاقنى يېپىپ ئوتنى ئۇلغايتتى.

— ئوتنىڭىز بەك سۇسكەن جۇمۇ. يەنىلا بىزنىڭ پوم كۆمۈرىمىز ياخشى ئىكەن، — دېدى لياڭ بىگىيو.

— گاز تۇرۇبىلىرى هەر كۈنى پارتلىتىلىۋەرسە، بىزگە نېمە ئامال بار دەيسىز؟ گاز شىركىتىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ كۈندە رېمونت قىلىپ تۇرمىغان بولسا تاماق ئېتىپ يېيەلمىگەن بولاتتۇق. بىرقانچە ئايدىن بېرى ئوچاقنىڭ ئوتى سىز دېگەندەك سۇسلاپ كەتتى...

— ئەمىسە ئاستا پىشۇرايلى، ئاڭغىچە بىز كالا گۆشىدە يەنە بىر قورۇما قىلغاچ تۇرايلى! — لياڭ بىگىيو قازاننى قويۇپ ئەمبەلنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە بىر پارچە ئورۇقراق كالا گۆشىنى تاللاپ پاكىز يۇغاندىن كېيىن ئۇششاق يالپاقلىدى ۋە ئۈستىگە دورا - دەرمەك سەپكەندىن كېيىن سۆگەكلىك گۆش پارچىلىرىنى پەتنۇسقا سالدى، ئۈستىگە ئازراق ئاقمۇچ سەپتى، ئاندىن چۆمۈچنى سۇس ئوتتا قىزىتقاچ خونتېر خانىمغا دېدى:

— ماڭا سۇگىپىيازدىن ئىنچىكە توغراپ بەرگەن بولسى- ڭىز!

خونتېر خانىم ئۇنىڭ دېگىنىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن:

— لياڭ خانقىزنىڭ كارامىتى قالتىسكەن جۇمۇ! بۇنداق ياخشى هۈنەرنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيدىڭىز كىن؟ — دېدى.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — لياڭ بىگىيو چۆمۈچنى قول- غا ئېلىپ گۆش پارچىلىرىنى قىزىتقاچ ياندىكى قازاندىكى كالا

www.uyghurkitap.com

گۆشنى ئۆرۈپ قويدى، — ئەمەلىيەتتە مەن رەسمىي قازان بېشىدا تۇرۇپ ئۆگەنمىگەن، ھەممىسى كۆزۈم چۈشۈپ قالغاندا ئۆگىنىۋالغان ئىشلار. ئۆيىمىزدە تاماق ئېتىدىغان ھەدىمىز ئەسلىدە ئاشخانا ئاچىدىغان ئۇستا ئاشپەز ئىدى. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق ئېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتەتتىم. ھازىر شۇ ۋاقىتتا كۆرۈۋالغانلىرىم بويىچە قىلسام خېلى بولىدىغاندەكمۇ قىلىۋاتىدۇ. قازان بېشىنىڭ ئىشلىرى ئاز - تولا بولسىمۇ ئېسىمدە قاپتىكەن. يالغۇز كالا گۆشىدىلا نەچچە خىل تاماق تەييارلىغىلى بولىدۇ. بىز ئۆيدىكى ۋاقتىمىزدا دائىم مۇشۇنداق قىلاتتۇق.

— ئەمىسە ياخشى گەپكەن. لياڭ خانقىزنىڭ بۇنداق بىلىگىسى بارلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. بەك ياخشى بولدى. بىزنىڭ ئۆلۈۋېر كالا گۆشىگە بەك ئامراق.

— ئۆلۈۋېر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ ھۈنىرىمنى بىر كۆرۈپ باقسۇن! — دېدى لياڭ بىڭيۈ. ئۆزىنى ھېسسىيات جەھەتتە ئۆلۈۋېرغا قەرزداردەك سېزىدىغان لياڭ بىڭيۈ ئۆزىنىڭ تۇجۇپىلەپ ئېتىۋاتقان تامىقىنىڭ ئۆلۈۋېرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى خىرە - شىرە ھېس قىلاتتى. ئېھتىمال، ئېغىزىغا تېتىغۇدەك سەي قىلىپ بېرەلىسە، ئۆلۈۋېرنىڭ قىلغانلىرىنى ياندۇرغانمۇ بولۇپ قالار.

بۈگۈنكىسى لياڭ بىڭيۈنىڭ ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى خوتېر خانىم بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە تاماق ئېتىشى ئىدى. ئۇلار شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە پاراڭلاشقاچ، ھەر بىر خىل قورۇمىنى ئالاھىدە سەنئەت بۇيۇمىدەك ئىنچىكىلىك بىلەن تەييارلايتتى ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز لەززەت تاپقاندەك بولاتتى.

تاماقنىڭ تەييارلىقى ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئۇلار سائەت تۆتتە چۈشلۈك چاينى ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئىشقا يەنە داۋاملىق

تۇتۇندى، تەييارلىق گۇگۇم چۈشكۈچە داۋاملاشتى. . .
— پاھ! ئۆزۈمنى جۇڭگوغا بېرىپ قالغاندەك سېزىۋاتى-
مەن جۇمۇ! — سام خونتېر مەززىلىك ھىد چىقىپ تۇرغان
قورۇمىلارنى پۇرىغاچ ھېلىلا يېيىشنى باشلىۋېتىدىغاندەك ئاغزى-
نى چاكىلداتتى، — بۈگۈن تازا تەلىيىمىز بار ئىكەن - دە!

خونتېر خانىم ئۇنى توستى:

— ئولىۋېر تېخى قايتىپ كەلمىدى. لياڭ خانىمىز بۇ
نەرسىلەرنى ئالايىتەن ئولىۋېر ئۈچۈن تەييارلىدىم، دەيدۇ.

— راستمۇ؟ — سام خونتېر مۇرىسىنى چىقىرىپ
قويدى، — ئەمىسە بۈگۈن ئولىۋېر ئەڭ ئەزىز مېھمان ئىكەن - دە؟
بىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ بەرسەكلا مەجبۇرىيىتىمىز
تۈگىگۈدەك.

لياڭ بىڭيۈنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى:

— بۈگۈن ھەممىڭلار مېھمان، چى ئاكام ئىككىمىز سى-
لەرنى كۈتىمىز. قانداق دېدىم، چى ئاكا؟

— بۈگۈن يۈزۈمنى يورۇق قىلدىڭىز جۇمۇ، ھېلىمۇ
بۇلارنى جىق ئاۋارە قىلىۋەتكەن ئىدۇق، — خەن زىچى ئىختى-
يارسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، — مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ خونتېر ئائىلىسىگە رەھمەت ئېيتىمەن. قېنى ئەمى-
سە، تارتىنماي ئېلىڭلار، — خەن زىچى شۇنداق دەپ چوكىنى
قولىغا ئالدى.

— سۆزلەشكە ئالدىراپ كەتكىنىڭىز نېمىسى، ئاساسلىق
مېھمان تېخى كەلمىگەن تۇرسا! — دېدى لياڭ بىڭيۈ ئۇنىڭغا
ئەسكەرتىپ.

— ئولىۋېر راستتىنلا شۇنداق مۇھىممۇ؟ — سام خون-
تېر ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئالاھىدە بىر ھېسسى-
ياتنىڭ بارلىقىنى سەزگەندەك لياڭ بىڭيۈگە قاراپ كۈلۈپ
قويدى، — ساقلىمىساقمۇ بولار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لياڭ بىڭيۇ سام خونتېرنىڭ سوئال ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بىپەرۋا قىياپەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلدى. ئاڭغىچە خەن زىچى گەپ ئارىلىدى:

— ئەلۋەتتە ساقلايمىز. ھەممىمىز دەرقەمتە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى.

قۇياش قويۇق تۇمان ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئولىۋيېر كەچكىچە كەلمىدى. ساقلا - ساقلا، ئولتۇرغانلارنىڭ تاقىتى تازا تاق بولدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

— بۇ بەڭۋاش ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپلىرىغا كېتىپ قالغان بولمىغاي يەنە. ئۇ يەردە دائىم بەزمە بولۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ. ھەي، بۇ ياشلارنىزە! دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندىمۇ كۆڭۈل ئېچىشنى ئۇنتۇمايدۇ! — سام خونتېر سەۋرسىزلىنىپ قالدى، — ئۇنى تاماق يېگەچ ساقلايلى. تاماق يەپ بولۇپ يەنە «كامېر»غا سولىنىدىغان گەپ...

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا سىرتتا سىگنال ئاۋازى ياڭرىدى. ئولتۇرغانلار ئامالسىز ئۇستەلدىن ئايرىلىپ يەر ئاستى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— ئىسىت، سىلەرگە ساقلىمايلى دەپ نەچچە قېتىم دېدىم. ئەمدى ھەممىمىزنىڭ قورسىقى ئاچ قالدى! — سام خونتېر شۇنداق دەپ، ئاق ھاراقنى قولىغا ئالدى ۋە قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى.

لياڭ بىڭيۇ شىرەدىن ئىككى تەخسە قورۇمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن قالغانلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئۇنىڭ خىيالىدىن: «ئەجەبمۇ قاملاشمىغان ۋاقىتتا سىگنال چېلىندى، شۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى ئولىۋيېر يېيەلمىسە قانداق بولىدۇ» دېگەن ئويلا كېزەتتى.

ھاۋا ھۇجۇمى باشلاندى. سىرتتىن قۇلاقنى يارغۇدەك گۇم-

بۆرلەش سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. . .

يەر ئاستى ئۆيىدە ھېچكىمنىڭ ئۇخلاشقىمۇ، پاراڭلىشىشقىمۇ رايى بارمىدى. ھەممەيلەن بىر يەرگە يىغىلىپ يۈرەكئالدى بولغان ھالدا پارتلاش سادالىرىغا قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ ئەس - يادى ئولىۋيېردا ئىدى.

— ئولىۋيېرغا. . . بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟ — لىياڭ بىڭيۇ خەن زىچىننىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قايتىلاپ سورىدى.

— ياق، ھېچنېمە بولمايدۇ، — خەن زىچى ئىچىدە ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ چاندۇرماي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، — ئەر كىشى تۇرسا، بىرەر يەرگە كىرىپ پاناھلىنىۋالغاندۇ ھەقدىچان. . .

— كوچىنىڭ ھەممە يېرىدە ئاكوپ بار! — دېدى سام خونتېرمۇ.

— ئاھ پەرۋەردىگارىم، بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن! — خونتېر خانىم ھاۋاغا توختىماي كرېست سىزىشقا باشلىدى.

. . .

پارتلاش سادالىرى ئاستا - ئاستا بېسىقىپ قالدى. خونتېر خانىم سىگنال ئاۋازىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتمەيلا يەر ئاستى ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، قالغان ئۈچەيلەن تاپ باستۇرۇپلا چىقتى. بىنانىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. خىش - كېسەك پارچىلىرى، پاچاقلانغان ئۈستەل - ئورۇندۇقلار، سۇنغان تەخسە - پىيالىلەر ھويلا ئىچىنى بىر ئالغانىدى.

ئولىۋيېر زادى نەدىدۇ؟

ئۇلار تۇرالغۇسىدىن مەقسەتسىزلا چىقىپ ۋەھشىيلەرچە بومباردىمان قىلىنغان كوچىغا قاراپ ماڭدى. ئولىۋيېر بەلكىم مېترودا ئۇخلاۋاتقاندۇ؟

مېترونىڭ چىقىش ئېغىزىغا ئۇدۇل سېلىنغان بىنانىڭ پو-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لات چىۋىقلىرىلا قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى مېۋە - چېۋە سېتىلىدىغان «چوڭ لاپاس» خىش - كېسەك دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى. ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ئوتلارغا سۇ پۈركىمەكتە ئىدى. قۇتقۇزۇش خادىملىرى پولات قالپاقلارنى كىيىپ تۆمۈر ئىلمەك، تۆمۈر ئارىلارنى تۇتقىنىچە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىنالار ئارىسىدىن ياردارلارنى قۇتقۇزماقتا، بەزىلەر نوسۇلكىلارنى كۆتۈرۈپ نەلەرگىدۇ يۈگۈرمەكتە ئىدى. ياردارلار قان - زەرداب ئىچىدە ئىڭرىماقتا، جان تالاشماقتا!...

لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولىۋىيېر يوق! توغرا، ئولىۋىيېر بولسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولۇشى مۇمكىن ئەمەستە!

خونتېر خانىم نېمىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى. سوغۇق، يۇمشاق بىر نەرسە يۈزىگە تەگدى، يوپۇرماقلىقىدەك بىر خىل ھىد دىمىغىغا ئۇرۇلدى. ئەسلى ئۇ يول بويىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر دەرەخكە پۇتلىشىپ يىقىلغانىكەن. ھازىر قايسى چاغ ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ھالدا بايرام ئۆتكۈزىمەن دەپ مىلاد دەرىخى سېتىۋالغان قانداق ئەخمەق ئۇ! ھەقىچان سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بۇ يەرگە تاشلاپ قويغان گەپ. خونتېر خانىم ئىچىدە بۇ دەرەخنى مىڭنى تىللىدى، ئەمما سەپسېلىپ ئولتۇرمىدى، دەرھال بېرىپ ئوغلى ئولىۋىيېرنى ئىزدەش كېرەك!

خونتېر خانىم بىزارلىق بىلەن يۈزىگە يېپىشىۋالغان شاخ - شۇمبىلارنى ئىتتىرىۋېتىپ تىرەجەشكە باشلىدى ۋە تۇيۇقسىز ياپيېشىل يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدا تاتارغان بىر چىرايىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاھ، ئۆلۈكنىڭ چىرايى! ئۇ قورقۇپ كەتتى. ئاھ خۇدا... خونتېر خانىم لاغىلداپ تىترىگىنىچە ئاستا كەتمەكچى بولدى. بىراق... ئۇ چىراي خونتېر خانىمغا بەكلا تونۇش ئىدى.

— ئولىۋىيېر! — خونتېر خانىم ئىچىنىشلىق چىرقىرىغ-

نىچە ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى.

ئولىۋېر ئانىسىنىڭ چاقىرىشلىرىنى ئەمدى ئاڭلىيالمايتتى، ئۆزىنىڭ شۇنچە كەچتىمۇ نېمىدەپ ئۆيگە كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمەيتتى. بىچارە يىگىتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى دەقىقىلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى ھەممىگە سىر بولۇپ قالغانىدى. لېكىن قوللىرى، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىلگۈلنى چىڭگىدە قامالىلىۋالغان قوللىرى ئۇنىڭ مىلاد دەرىخى سېتىۋېلىپ يېرىم يولدا بومبىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، بىلىكى يېنىدىكى يىرتىلىپ كەتكەن قەغەز بولاقتا خېلى جىق كاشتان چېچىلىپ ياتاتتى... بەلكىم ئۇ مۇشۇ نەرسىلەرنى ئالىمەن دەپ كەچلىك تاماققا كېچىكىپ قالغاندۇ! بەلكىم قايتار يولىدا ئازاب ـ قايغۇ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، قىن ـ قىنىغا پاتماي ماڭغان بولغىيدى! سەل بالدۇرراق ماڭغان بولسا ئۆيىدىكىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا يەنە خۇشاللىق قېتىپ كېلەر بولغىيدى! لېكىن، نېمىشقا سىگنال چىققاندا بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالمىغاندۇ؟ بەلكىم «چوڭ لاپاس» تىن ئاخىرقى سوۋغىنى — كاشتاننى ئېلىۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىز مۇداپىئە سىگنالى ياڭرىغاندۇ؟ ئۆيگە قايتىش ياكى مېتروغا كىرىپ كېتىش مەسىلىسىدە بىردەم ئىككىلىنىپ قالغاندۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «ئۆيگە قايتىپ كېتەي» دەپ ئويلىغىنى ئېنىق. ياكى ئۇ بەزىلەرگە ئوخشاش مۇداپىئە سىگنالىغا پەرۋا قىلىپ كەتمىگەندۇ! «نېمىسلارنىڭ بومبىلىرى يالغۇز بىزگە كېلىپلا تېگەمتى» دەپ ئويلىغاندۇ! پۈتىنىڭ چاققانلىقىغا ئىشىنىپ، بومباردىماندىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمىنى كۆرۈۋېلىشقا ئالدىراپ ھەممىنى ئۇنتۇغاندۇ!

— ئولىۋېر! ئولىۋېر! — بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئەقلىدىن ئادىشاي دەپ قالغان سام خونتېر خىرقىراق ئاۋازدا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى، ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى.

خەن زىچى شۇ چاغدىلا سام خونتېرنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان بېشىدىن كەچۈرگەن ئىسسىق - سوغۇقلارنىڭ، كۈلپەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىز چۈشەندى. قاشتېشى كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ شامىنى ئۆچۈرۈپ قويمايدىغان بىر ئوغۇل — بىر ئىزباسارنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم ئىدى. مانا ئەمدى سام خونتېرنىڭ ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلاندى!

— ئولىۋېر! — لياڭ بىڭيۇ ئولىۋېرنىڭ ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەن بەدىنىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆزىگە نەپرەتلىنىۋاتاتتى. ئۇ نېمىدەپ مۇشۇ تەنىنىڭ ئىگىسى سۆزلىگۈدەك، كۈلگۈدەك قۇدرەتكە ئىگە ۋاقتىدا، مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى؟ ئۆزى كۆتۈرۈپ بولالمىغان ئازابلىرىنى نېمىدەپ ئۇنىڭغا تاڭدى؟ ئاللىبۇرۇن ئۆز بېشىنى يېگەن ياڭ چېن تارتىشقا تېگىشلىك روھىي ئازابقا نېمىدەپ گۇناھسىز ئولىۋېرنى تۇتۇپ بەردى؟ ئاھ. . . مۇھەببەتتىن بويۇن - قۇلاقىچە كېكىرىپ كەتكىنى ئۈچۈن شۇنداق بولدىمۇ؟ مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈش ئالدىدىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇمىغان ئاشىقىنى، بىر گۇناھسىز ئادەمنى نابۇت قىلدى. ئەمدى ئۇ بۇ روھىي قەرزنى مەڭگۈ تۆلەپ بولالمايدۇ.

مۇھەببەت ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىگە لايىق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئولىۋېر ئىنتىزارلىق، ئۈمىد ئىچىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئەپسۇسلىرىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ كەتتى. لېكىن شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن ئازراقمۇ ئازابلىنىش ئالامەتلىرى يوقتەك، ئىنتىلىش، ئۈمىد ئىچىدە كەتكەندەك قىلاتتى. قولىدىكى ياپيېشىل مىلاد دەرىخى ۋە چوغدەك قىزىل ئەتىرگۈل ئۇنىڭ ئەزرائىلنىڭ قېشىغا ئەمەس، مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ياشاش، بىراۋنى سۆيۈش ھوقۇقۇم بار! —

لياڭ بىگيۇ ئولىۋيېرنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى!
مىلاد بايرىمى ئاخىر كەلدى. قەدىمىي شەھەر لوندون بۇ بايرامنى ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئەڭ زور كۆڭۈلسىزلىك، نامراتلىق، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە كۈتۈۋالدى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار گۈللىرى بايرام سوۋغىسى ئورنىدا ئانا يەر قوينىغا سىڭىپ باراتتى. سۈكۈت ئىچىدىكى «تەڭرى» مۇ ئۇرۇش دېگەن ئىبلىسنى توسۇشقا قادىر [illegible] يەر[illegible] ىغۇبار ئاق قار بىلەن خارابە زېمىننى ۋە ئاسو رېمىندىكى قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەرنى ياپقىلى بولارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 12 ـ باب ۋىسال دەملىرىدە

هېلىقى كۈندىكى تۇرمۇش يىغىنى «تاڭ جۇنشېڭگە نۇقتىلىق ياردەم بېرىش» نامىدا ئېچىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچى شيې چيۇسىغا قارىتىلدى. جېڭ شاۋجېڭ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ زەھەرلىشىنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. پۈتۈن سىنىپتا يالغۇز شيې چيۇسىلا «بۇرژۇئازىيە» سىنىپىدىن كېلىپ چىققانىدى. دۇكاندار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان تاڭ جۇنشېڭ ئۇنىڭدىنمۇ بوشاڭ ئىكەن، گەپنىڭ بېشى چىقمايلا جېڭ شاۋجېڭنىڭ ئالدىدا يىغلاپ: «مېنىڭ ئىرادەم ئاجىز، مەيدانىم ئېنىق ئەمەس ئىكەن. بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرالمىدىم، شيې چيۇسىنىڭ بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ھەۋەس قىلدىم، ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىشكە بېرىلىپ كەتتىم! ئۇ . . . ئۇ كېيىن ماڭا تەتۈر قارىسىمۇ يەنە ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈردۈم! چۇ مۇئەللىمنى قوغلىشىپ يۈرسە، مەن . . . قىتىغۇرلۇق قىلىپ چۇ مۇئەللىمنىڭ يۈزىنى تۆكتۈم. مەن مۇئەللىمگە يۈز كېلەلمەيمەن، پارتىيىگە يۈز كېلەلمەيمەن . . . » دېدى. شيې چيۇسى: باشتا نېمىدەپ ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ قالغان بولغىيدى؟ ئازراقمۇ ئوغۇل بالىغا ئوخشىمايدىغان نېمىكەنا بۇ! قولىنىڭ ئۇزىغۇ. ۋۇ غالچا! دادامنىڭ دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان: «ئالىيجانابلارغا يېقىنلاش، چاكىنىلاردىن يىراق قاچ» دېگەن گېپى مېنىڭ ھەر ۋاقىت چاكىنا ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلىشىم ئۈچۈن ئېيتىلغانىكەن، دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. لېكىن، ئۇ بۇنى تولىمۇ كېچىكىپ

چۇشەنگەندى، تاڭ جۇنشېڭدىن قۇتۇلاي دېسىمۇ قۇتۇلالمىدى، يەنە تېخى بىرمۇنچە ئاھانەتكە ئۇچرىدى. ئاشۇ بىر نېمىنى كوزىر قىلمىغان بولسا، جېڭ شاۋجىڭ ئۇنىڭغا: «سىنىپ مۇدىرىنى چىرىتىشكە ئۇرۇنغان»، «پرولېتارىياتنىڭ ئىز باسارىنى تارتىۋالماقچى بولغان» دېگەندەك، دادىسىمۇ ئۇچرىمىغان بەتناملارنى چاپلىيالامتى؟... «مىللىي بۇرژۇئازىيە سىنىپى»نىڭ «ۋەكىل»ى بولغان دادىسىمۇ بۇنداق كۈرەشكە تارتىلمىغان؛ يەنە تېخى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە يىغىنغا بارغان چاغلىرىدا «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش» ئۇچۇن كىشىلەر ئۇنى «شىي ئەپەندى» دەپ چاقىرغان. شىي چيۇسى شۇنداق بىر نۇقتىنى پەقەت چۇشەنمەيتتى: «بۇرژۇئازىيە»نىڭ پەرزەنتلىرى ھەتتا سىنىپ مۇدىرىغا يېقىنلاشسىمۇ، ياخشى كۆڭلىنى بىلدۇرسىمۇ بولمامدۇ؟ «بۇرژۇئازىيە»نىڭ قىزلىرى پرولېتارىيات سىنىپىدىن لايىق ئىزلىمەي پەقەت «بۇرژۇئازىيە» گىلا ياتلىق بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئۇنداق بولسا، «بۇرژۇئازىيە»نىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى مەڭگۇ ئۇزۇلمىگۇدەك!

شىي چيۇسى تاڭ جۇنشېڭگە ئوخشاش ئىرادىسى ئاجىزلاردىن ئەمەس ئىدى، بەك ئالىي مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىگۇدەك دەسمايىسى بار ئىدى: چىرايلىق، باي، نەتىجىسىمۇ شۇنداق ياخشى. خەن شىنيۆنىڭ سىنىپتىكى ئورنى بوش قېلىۋېدى، ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغان ئادەم قالمىدى. ئۇ ئاشۇ قېتىمقى يىغىندىمۇ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرسىتىشنى خالىماي بىر ئېغىز گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىش بىلەنلا باش كۆتۈرەلمەي قېلىشىغا ئىشەنمەيتتى...

ئۇ يىغىننىڭ ئېچىلغىنىغىمۇ ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. جېڭ شاۋجىڭ سىنىپ يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى جۇ مۇئەللىمگە، فاكۇلتېتقا، ھەتتا مەكتەپ پارتكومىغا دوكلات قىلىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتقانىدى، بەلكىم بۇ چاغقا دوكلات قىلىپمۇ بولغاندۇ. شىي چيۈسى تېخىمۇ ئېغىر زەربىنى كۈتۈپ يۈرىدۇ، لېكىن ھازىرغىچە شەپە يوق. ئەكسىچە بۇلۇڭ - پۇچقاقتا تارقىلىپ يۈرگەن «پىتنە - پاسات» ئەمدى ئاشكارا تارقالدى، تېخىمۇ كېڭەيدى. جېڭ شاۋجېڭ بۇنداق بولارىنى پەقەت كۈتمىگەنىدى.

لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. مۇز تۇتقان نامسىز كۆلنىڭ يۈزى ۋە ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەر ئاق لېچەكتىن لىباس ئارتقانىدى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالدا بىر قىز ئاستا كېتىۋاتاتتى. قاردا ئۇزۇن تۇرغىنى ئۈچۈن ئۇچىسىدىكى مايسىرەڭ سوكنا پەلتوسى ۋە چاچلىرىنى چىڭگىدە چۈمكەپ ئورىۋالغان سېرىق شارپىسى قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى؛ كالتە قونچلۇق چىرايلىق قارا ئۆتۈكى شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا كىچىك ئىزلارنى قالدۇرۇپ باراتتى. قار گۈللىرى ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇ ئىزلارنى كۆمۈپ تاشلايتتى، ئاندىن يەنە يېڭى ئىز پەيدا بولاتتى.

شىي چيۈسى شىمالىي قىرغاقتىكى بېيجەيگە خېلىدىن بېرى قاراپ تۇراتتى. قىزنىڭ قەدىمى ئاستىدىكى تاش كۆۋرۈككىمۇ، شىمالىي قىرغاقىمۇ تۇتىشىدىغان يولدىن بېيجەينىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە بولغان ئارىلىقنى قېلىن قار قاپلىغانىدى. شىي چيۈسى بىرنەچچە مىنۇتتىلا بېيجەيگە باراليتتى، لېكىن نېمىشقىدۇ، ئۇ تەرەپكە يۈرەكلىك قەدەم تاشلىيالمايتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشىكتىن كىرىپ باقمىغىنىغا ئىككى ھەپتە بولدى. ئاشۇ ئاخشىمى «قىزىل ۋە قارا» دېگەن «چۈشىنەلمىگەن» يەرلەرنى كۆرسەتكىلى كىرگەندىن بېرى، چۇ يەنچاۋنىڭ ئىشىكىنى چېكەلمەي كېلىۋاتاتتى. جېڭ شاۋجېڭ ئۇنىڭغا: «چۇ مۇئەللىمنىڭ سىزگە پەقەت كۆڭلى يوقكەن» دەپ ئوچۇق ئېيتقان بولسىمۇ، ئىشەنمەي يۈرۈۋاتاتتى. چۇ مۇئەللىم يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۆزىنىڭ دەرسىنى ئۆتۈش بىلەن ئاۋارە، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپمۇ

ياكى ئۆزىنى ئەپقېچىپمۇ يۈرمەيدۇ، شۇنداق سالماق. شيې چيۇ-
سىنىڭ «ئالىيجاناب» لارغا يېقىنلاشمىقى تەسكە توختىغانىدى،
ئەمدى تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. شيې چيۇسى: «بۈگۈن چۈش-
تىن كېيىن چۇ مۇئەللىمنىڭ دەرسى يوق، چوقۇم ياتىقىدا باش
چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى، لېكىن كىرىپ
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمايتتى، توغرىسى، باشقا بىرە-
رىگە ئۇچراپ قېلىپ گەپكە قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. يىراقتىن
تۇرۇپ ئاشۇ تونۇش ياتاققا كۆز ئۈزمەي قارايتتى. شۇ تاپتا چۇ
مۇئەللىم بېيجەيدىن چىقىپ قېلىپ ئۇ تەرەپكە قاراپ قالسا، ئۇ
تاسادىپيي ئۇچرىشىپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ يالغۇز
جايدا ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باق-
سا. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ،
لېكىن بۇ يەردە تۇرماي دېسىمۇ بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارى ئەمەس.
ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆڭلى-
دە ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، بۇ ھېسسىيات تاڭ جۇنشېڭ بىلەن
يەپ - ئىچىپ ئويناپ يۈرگەن ۋاقىتتا بىر خىل، ئايرىم تۇرغاندا
يەنە بىر خىل بولىدىغان بۇرۇنقى ھېسسىياتىغا ئوخشىمايدۇ.
زادى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان قايناق بىر ھېسسىيات ئۇنى ھەر
ۋاقىت قىينايدۇ، يۈرىكىنى تىلغايدۇ. شيې چيۇسى ئۆزىدىن
چوڭ ھەم بىلىملىك ئاشۇ يىگىتكە ھەۋەس قىلىپلا قالماي، يەنە
چوقۇنىدۇ؛ بۇ دۇنيادا ئاشۇنداق بىر ئەر ئۆزىگە ھەمراھ بولمى-
سا، كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنى قانداق بېسىش كېرەكلىكىنى
بىلمەيدۇ.

ئەمما، قىز ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بۇ دەقىقى-
لەردە چۇ يەنچاۋ ياتىقىدا يوق ئىدى. بۈگۈن سەيشەنبە بولغاچقا،
ئالدىنقى قېتىم بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن تۆڭرېن دوختۇرخانى-
سىغا بېرىپ شىنيۆنى يوقلاپ كەلگەنىدى. بارغان چېغىدا،
شىنيۆ ئۇنىڭدىن سىنىپىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋېدى، چۇ يەنچاۋ

ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تىلغا ئالماي «ياخشى» دەپلا قويدى. ئۇ يەنيۈەنگە قايتىپ كەلگەندە گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغانىدى. ئىككى ھەپتىدىن بېرى، جېڭ شاۋجىڭنىڭ ئۇنىڭغا سۇنغان «دوكلات»ى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ گاھى ئالدىدا گاھى ئارقىدا قىلغان «مۇلاھىزە»لىرى ئۇنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. ئۇ يېقىندا تاڭ جۇنشېڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ ئارتۇق ئەندىشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا بۇنداق تام پەيدا بولۇپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە تەرجىمە ئىقتىدارىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ماختىغاندىن كېيىن، زېھنىنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى. تاڭ جۇنشېڭنىڭ «پارتىيىگە يۈز كېلەلمەيمەن» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچى قانداقمۇ پارتىيىگە ۋەكىللىك قىلالىسۇن؟ تەسىرلەنگەن تاڭ جۇنشېڭ يىغلاپ تۇرۇپ «ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تاغدەك مېھىر - شەپقىتى»نى ھەرگىز ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، شيې چيۇسىغا ئەمدى بۇرۇنقىدەك قىرىچە - يېنىچە تەگمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۇ يەنچاۋ شۇندىلا تاڭ جۇنشېڭدىن خاتىرجەم بولدى، ئەمدىكى گەپ شيې چيۇسىدا قالغانىدى. شيې چيۇسىنىڭ ئۆزىگە قانداق قارىشى، باشقىلارنىڭ قانداق گەپ تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چوقۇم بۇ ئوقۇغۇچىسى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشى كېرەك ئىدى. قىزلار ياتىقىغا كىرىۋېدى، ياتاقتا لۇ شيۇجۇدىن باشقىسى يوق ئىكەن. لۇ شيۇجۇ ئوقۇتقۇچىسىنى monitorنى ئىزدەپ كەلگەن چېغى دەپ ئويلىغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن چۇ يەنچاۋ «شيې چيۇسى قېنى» دېۋىدى، ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، بىر ئېغىز گەپ قىلالماي قالدى، ئۇزايىدىن «تارقالغان گەپلەر راست ئىكەن - دە!» دېگەندەك بىر خىل مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

چۇ يەنچاۋ شيې چيۇسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئامالسىز



www.uyghurkitap.com

بېيجەيگە قاراپ ماڭدى. كۆل بويىدا تېز - تېز چامداپ كېتىۋې-
تىپ، ئىختىيارسىز بىرى قارا دېگەندەك كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدى-
كى كىچىك ئارالغا قارىۋېدى، بىر قىزنىڭ گەۋدىسى كۆزىگە
چېلىقىپ قالدى. ۋۇي، ئۇ. . .

لېكىن، ئۇ شىنيۈ ئەمەس ئىدى، شىنيۈ دوختۇرخانىدا
داۋالىنىۋاتاتتى. ئۇ، شيې چيۇسى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.
چۇ يەنچاۋ خىيال بىلەن تۇرۇپ قالدى، شىنيۈنى كۆل بويىدا
كۆرگەن ۋاقىتتىكىدەك سالماقلىق بىلەن ئۇياققا قاراپ قەدىمى-
نىمۇ يۆتكىمىدى. يېقىندىن بېرى شيې چيۇسى بىلەن ئۇنىڭ
ئوتتۇرىسىدا غايىبانە بىر خىل تۇمان پەيدا بولۇپ قالغاندەك
قىلاتتى. بۇ قىز قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قېلىۋاتسا بۇ يەردە نېمىش
قىلىدىغاندۇ؟ يەنە تېخى بېيجەي تەرەپكە قاراپ تۇرغىنىنى!

چۇ يەنچاۋ بىر ئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئاخىر تاش
كۆۋرۈككە تۇتىشىدىغان يولغا قەدەم باستى. ئۇ بايا شيې چيۇسى-
نى ئىزدىگەن ئەمەسمىدى؟ توغرا، ئۇنىڭ قىزغا دەيدىغان گېپى
بار. ئەمدى ۋاقىت، ئورۇن سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان چاغ
ئەمەس.

بېيجەيگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان شيې چيۇسى ئوقۇتقۇ-
چىسى ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا ھەيران بولۇپ توۋلىۋەت-
تى:

— ۋۇي، چۇ مۇئەللىم ئىكەنغۇ، قاياقتىن پەيدا بولدى-
ڭىز؟ مەن تېخى سىزنى ياتىقىدىمىكىن دەپ. . .

— سىلەرنىڭ ياتاقتىن كېلىشىم. سىز بىلەن پاراڭلىشاي
دەيمەن.

— مەنمۇ سىزنى ساقلاپ تۇرغان! — شيې چيۇسىنىڭ
كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالدى، — چۇ مۇئەللىم،
مەن، مەن. . .

شيې چيۇسى ئىچىدە يىغلىسىپ قالغان قورساق كۆپۈكىنى،

www.uyghurkitap.com

دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئوقۇتقۇچىسىغا ساقلاپ يۈرەتتى، مانا، ئۇمۇ كەلدى. لېكىن، چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ قېشىغا كەلمىدى، ئىككى قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا توختاپ ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە دېدى:

— يىغلىماڭ! ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ يىغلامدۇ، كىچىك بالا ئەمەستە سىز!

ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن شيې چيۇسىنىڭ چانىقىدىكى ياش بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى. سىنىپ يىغىنى ئېچىلغاندا جېڭ شاۋجىڭنىڭ قاتتىق گەپلىرىنى ئاڭلاپمۇ يىغلىمىغانىدى. توغرا، ئۇ «كىچىك بالا» ئەمەس، بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردى. ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاج ئەمەسلىكى ئېنىق، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر، ئالىيجاناب ھېسسىياتقا موھتاج، بۇنى ساۋاقداشلىرى چۈشەنمەيدۇ. قارىغاندا، ئۇنى چۈشىنىدىغان ئادەمدىن يالغۇز ئوقۇتقۇچىسىلا قالغان ئوخشايدۇ.

— چۇ مۇئەللىم، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى بىر دېمەڭ، مەن خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك! — شيې چيۇسى ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىسىغا قارىدى، — سىزغۇ... قورقمايدىغانسىز؟

چۇ يەنچاۋنىڭ لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم ئۆچتى:

— بۇ يەردە «قورقۇش»، «قورقماسلىق» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. سىنىپتا ئۇنداق مەزمۇندا يىغىن ئېچىشقا مەن قارشى. بۇ ئەمەلىيەتتە يىغىن ئاچقۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. مەن سىزگىمۇ، باشقا ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئوخشاش، «مۇھاكىمە» قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق. قانداق دېدىم، ساۋاقداش شيې چيۇسى؟

شيې چيۇسى مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى. دېمەك، بۇ گەپچە جېڭ شاۋجىڭنىڭ: «چۇ مۇئەللىمنىڭ سىزگە ئەسلا ئۇنداق نىيەتى يوقكەن» دېگىنى راست بولۇپ چىقتىمۇ؟ ئۇ شۇنچە تەشنا بولغان، بېسىمغا قارىماي ئىنتىلگەن ئىشنىڭ نەتىجىسى مۇشۇن-

داق بولۇپ چىقسا ـ ھە؟ چۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا باشقىچە كۆزدە قارىماسلىقىمۇ، دەرسخانىدا نەچچە قېتىم ماختاپ دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى كۆپرەك ئوقۇپ بېرىشكە تەۋسىيە قىلغانلىرىمۇ قالغان ساۋاقداشلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغىنىمۇ؟ ئازراقمۇ پەرق يوق بولسا ـ ھە؟ ئۇنىڭ جاۋابى بۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتامدۇ!

شې چيۇسىنىڭ مەڭزى ئىزا ئەلەمدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. قىزلار ئۇچۇن مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراشتىن ئارتۇق ئازاب بولماس. ئۇ ياشلا تۇرۇپ بۇ ئىشتا ئىككى قېتىم يولنى خاتا باستى: بىرىنچى قېتىم سۆيۈشكە ئەرزىمەيدىغان ئادەمنى سۆيۈپ قالدى؛ ئىككىنچى قېتىم ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئادەمنى سۆيۈپ، ئاشىقسىز مەشۇق بولۇپ قالدى. ئەمدى چېكىنىش، قالغان ساۋاقداشلىرى تۇرغان يولغا چېكىنىش كېرەك. لېكىن نەتىجىچۇ؟ مۇھەببەت ئۇچۇن تۆلىگەن بەدەللىرى بىر ياقتا قېلىپ، يۈزىنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقى، باشقىلارنىڭ مازاق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى، بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. ياق، ئۇ چېكىنمەيدۇ. دادىسى دائىم: «ئادەم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تاللىغان نىشان بويىچە ھارماي تىرىشىش كېرەك» دەيدىغان. دادىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۆز كەسپىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئازادلىقتىن كېيىن «ئىلگىرىلەش» كە ئىنتىلىشى دەل مۇشۇ خىل تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ ئەمىسە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت يولىدا مۇشۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلسۇنمۇ؟ بەلكىم چۇ مۇئەللىم جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىرادىسىگە خىلاپ گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولغاندۇ، قەلب دەرۋازىسىنى ۋاقتىنچە تاقاپ تۇرغاندۇ؟ ئۇ نېمىدەپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ باقمايدۇ؟ ئۇ دەرۋازىنى ئېچىۋېتىش كېرەك!

— چۇ مۇئەللىم، مەن بىلىمەن... — شې چيۇسى

تېخىمۇ تەمكىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرى-
شىپ، ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە ئۆتتى، ئەمما كېيىنكى
گەپلىرىنى قىلىشتىن ئاۋۋال مەقسەتلىك ھالدا ئۈنىڭدىن ئازراق
ئارىلىق تاشلىدى، — سىز ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش كۆزدە قاراي-
سىز، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش «بۇرژۇئازىيە» ئائىلىسىدىن كې-
لىپ چىققانلارغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىسىز...

چۇ يەنچاۋغا بۇ گەپ باشقىچىلا تەسىر بەردى. ئۇ نەزەرىنى
شىي چيۇسىنىڭ سوئال ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن
ئەپقېچىپ شىپاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى: «‹بۇرژۇئازىيە›... ‹پرو-
لېتارىيات›... ئۆلچەملىك ‹پرولېتارىيات› زادى قانداق بولۇ-
شى كېرەك؟»

شىي چيۇسى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شۇ تاپتا قانداق ھېسسىياتتا
بولۇۋاتقىنىنى چۈشەنمىدى، پەرىزىگە ئاساسەن: «مۇئەللىم تېخى
مېنى ‹باشقا تىزىملىك› كە كىرگۈزمەپتۇ، جېڭ شاۋجىڭنىڭ
ماڭا تۇتقان تەكەببۇر مۇئامىلىسىنىڭ ‹پرولېتارىيات› نىڭ ئالا-
ھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىشىۋې-
تىپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئوقۇتقۇچى-
سىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغاچ، ئۆزۈندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن
بىر ئىشنى دادىللىق بىلەن سورىدى:

— مۇئەللىم، ئېيتىڭا، بىر ئادەم مۇھەببەتلىشىشنى ئوي-
لىسىمۇ... «بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان-
لىق بولامدۇ؟

— مۇھەببەتلىشىش؟ — چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى ئىختىيار-
سىز سوقۇپ كەتتى. نېمانداق دادىل قىز بۇ، تارتىنماستىن
ئۆزى خېلىدىن بېرىپ قېچىپ يۈرگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا تاشلا-
ۋاتقىنىنى! چۇ يەنچاۋ ئەمدى بۇ تېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى،
ئەمما قىزنىڭ سورىغان سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمىسىمۇ بول-
مايتتى، — مۇھەببەت بۇرژۇئازىيە سىنىپىغىلا تەئەللۇق نەرسە

ئەمەس، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئودالىلىق جەمئىيەتلەردىمۇ مۇ-
ھەببەت بار بولغان. پرولېتارىيات ھېسابلانسىلا مۇھەببەت بول-
ماسلىقى كېرەكمۇ؟ مەن دەرس ئۆتكەن ۋاقتىمدىمۇ: «ئىنقىلاب-
چىلاردىمۇ مۇھەببەت بولىدۇ» دەپ ئۆتكەن. نەچچە مىڭ يىلدىن
كېيىن دۇنيادا سىنىپ قالمىغان تەقدىردىمۇ مۇھەببەت ئوخشاشلا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ!

شيې چيۇسىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. مۇئەللى-
مىنىڭ بايىقى گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بەند
قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ توغرىلىقىنى
ئىسپاتلاۋاتاتتى. مۇھەببەت «سىنىپ» نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرى-
مىغانىكەن، ئۇ ئەمدى نېمىدىن قورقىدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇھەببەتلىشىش
ھوقۇقى بولىدۇ، — كىمنى سۆيگۈسى كەلسە شۇنى سۆيىدىغان گەپ.
ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ. چۇ مۇئەللىم، گېپىم توغرىمۇ؟ —
شيې چيۇسىنىڭ ياشلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى
چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن چۇ يەنچاۋغا تىكىلدى. ئۇنىڭ «گېپىم
توغرىمۇ؟» دېگىنى ئاددىيلا سورالغان سوئال بولماستىن، چۇ
يەنچاۋنىڭ دىققىتىنى يەنىمۇ تارتىش ئۈچۈن سېلىنغان قارماق،
تەشەببۇسكار بولۇشقا قىلىنغان ئىشارەت ئىدى. بىر قىزنىڭ
«سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى تېزلا ئېغىزىدىن چىقىرالىشى
مۇمكىن ئەمەستە.

ئەپسۇس، چۇ يەنچاۋ ئۇ باشلىغان يولدىن ماڭمايتتى، ئۇ-
نىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بار ئىدى.

— توغرا، مۇھەببەتلىشىش ھوقۇقى ھەممە ئادەمدە بولى-
دۇ. لېكىن، مۇھەببەت تولىمۇ مۇقەددەس نەرسە، ئۇنى خالى-
غانچە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا ئەڭ ساپ،
ئەڭ قىممەتلىك مۇھەببىتىمىزنى كۆمۈۋەتكەن بولىمىز. مۇھەب-
بەت ئادەم ئۈچۈن ھايات دېمەكتۇر. كونىلار: «مەرد ئوغلانمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆز قەدرىنى بىلگۈچى ئۇچۇن جان پىدا قىلىشنى خالايدۇ» دېگەن. ئەمما، بىر مەزگىللىك ھېسسىيات ئۇچۇن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. «ئۆز قەدىر - قىممىتىنى بىلىش» ئۇچۇن ئادەمدە ئالىيجاناب روھ بولۇشى كېرەك. بۇمۇ، مۇھەببەتمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. . .

شيې چيۇسىنىڭ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالدى. گەرچە چۇ مۇئەللىم ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىنى پەقەتلا ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، ھەر بىر گېپىدە ئوتتۇرىدا ھېلىقىدەك «مۇقەددەس» نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. قارىغاندا، شيې چيۇسىنىڭ مىجەز - خۇلقىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغان ئوخشايدۇ. ئەجەبا ئۇ بىر ھېسسىياتسىز ئادەم بولسا - ھە؟ ياق، ھەرقانچە ھېسسىياتسىز ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ مۇھەببەتكە بۇنداق مۇئامىلە تۇتقىنى نېمىسى؟ بەلكىم «ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان»، تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىگىلەپ بولغاندۇ؟ ئەمىسە ئۇ زادى كىم؟

— مۇھەببەتمۇ بىر خىل ئېتىقاد، — دېدى چۇ يەنچاۋ شىپاڭ يېنىدا يىغىلىپ قالغان قارلارنى دەسسەپ كېتىۋېتىپ ئاستاغىنە، — ئۇ ئادەمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ساپ يېرى بولغان يۈرىكىدە ساقلىنىدۇ؛ ھايات بىلەن، روھ بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. . .

قار يەنىلا يېغىۋاتاتتى. شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا ئىككى خىل ئىز توختىماي قار ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. . .

. . .

1961 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ پارتكومى چۇ يەنچاۋ قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتتە لاياقەتلىك دەپ بېكىتىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا سۇنۇلغان ماتېرىياللىنى مۇزاكىرىگە سالدى.

غەرب تىللىرى فاكۇلتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئەزاسى،

قوشۇمچە ئىنگلىز تىلى كەسپى 2 ـ يىللىق سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى جېڭ شاۋجىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

1960 ـ يىلى تارقىتىلغان مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدا مۇنداق تەلەپلەر بار ئىدى:

. . .

3. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى چوقۇم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ باش لۇشيەنىنى ھىمايە قىلىشى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى؛ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك، ئىلمىي تەتقىقات ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلىشى؛ تارىخى پاك، ئىدىيىۋى ئىستىلى دۇرۇس بولۇشى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، ئەمگەك، چېنىقىش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىشى، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشى، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ئاڭلىقلىقىنى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك.

. . .

5. مەزكۇر بەلگىلىمىنىڭ 3 ـ تارمىقىدىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن، تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئاسسىستېنتلارنى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن لېكتورلۇققا ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ:

*(1) ئاسسىستېنتلىق خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققان، نەتىجىسى ئەلا بولسا؛*

*(2) ئۆز كەسپىگە ئېھتىياجلىق بولغان نەزەرىيەۋى، ئەمەلىي بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلىگەن بولسا، مەلۇم بىر خىل دەرسنى مۇستەقىل ئۆتەلىسە ۋە بەلگىلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا؛*

*3. بىر خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئۆز كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولسا؛*

*. . .*

يىغىندا باشقا ئوقۇتقۇچىلارنى لاياقەتلىك قىلىپ باھالاش ۋە ئۆستۈرۈش ئىشىدا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى. لېكىن نۆۋەت چۇ يەنچاۋغا كەلگەندە دە تالاش بولدى.

كۆپچىلىك ئەزالار، چۇ يەنچاۋ يەن پروفېسسورنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر يىلدىن بېرى خىزمەتتە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتتى، دەپ قارىدى. دېمىسىمۇ، يەن پروفېسسورنىڭ سالامەتلىكى دەرس ئۆتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ناچار ھالغا چۈشۈپ قالغان چاغلاردا چۇ يەنچاۋ ئىنگلىز تىلى دەرسىنى مۇستەقىل ئۆتۈپ ئالاھىدە ئىستېدات، يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانىدى. ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتى، چەت ئەل ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات، بايانلىرىدا ئۆزىگە خاس مۇستەقىل كۆز قارىشى بار ئىدى، لېكتورلۇقنىڭ شەرتىنى پۈتۈنلەي ھازىرلاپ بولغانىدى.

لېكىن، بۇلار «مەزكۇر بەلگىلىمىنىڭ 3 ـ تارمىقىدىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك» دېگەن ئالدىنقى شەرتكە بويسۇنىدىغان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىللار ئىدى. ئەلۋەتتە، ھېچكىم چۇ يەنچاۋنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە، باش

لۇشيەنگە قارشى چىقتى، دەپ قارىمايتتى. لېكىن، «تارىخى
پاك بولۇش» مەسىلىسىدە جېڭ شاۋجىڭنىڭ بىلگەنلىرىنى ئايد-
ماي ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇ-
شۇپ كەتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭ «ئىدىيىۋى ئىستىلى دۇرۇس
بولۇش» دېگەن شەرتكە چۈشىدىغان - چۈشمەيدىغانلىقى ئۇستىدە
مۇزاكىرە قانات يېيىشى كېرەك ئىدى. . .

ئاز سانلىقلارنىڭ پىكرى كۆپ سانلىقلارنىڭكىنى بېسىپ
چۈشۈپ چۇ يەنچاۋ لېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلمىدى، «ئاسسىس-
تېنت» لىق سالاھىيىتى بىلەن لېكتورلۇق خىزمىتىنى ئۆتەۋې-
رىدىغان، توغرىسى، يەن پروفېسسورنىڭ ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي
ئۇستىگە ئالىدىغان بولدى.

چۇ يەنچاۋنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىششقا سالاھىيىتى توشمايد-
تى، بۇ خەۋەرنى قارار چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاڭلاپ،
ئۆزىنى ئېغىر خورلۇق ئىچىدە قالغاندەك سەزدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن
ئېيتقاندا، كىچىككىنە مائاش تەمىناتىدىن قۇرۇق قېلىش كارا-
يىتى چاغلىق ئىش ئىدى، لېكىن ئۇمۇ نۇرغۇن زىيالىيلارغا
ئوخشاش «نام» غا ئېتىبار بەرمەي تۇرالمايتتى. ئۆز كۆڭلىدە:
«لېكتورلۇق شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان بولسام، يەنە نېمىشقا
مۇستەقىل دەرس ئۆتكۈزىدۇ؟ نېمىشقا باشقا ئادەمنى ئورۇنلاش-
تۇرمايدۇ» دەپ ئويلايتتىيۇ، يەنە مېھرىبان ئۇستازى يەن پرو-
فېسسورنى خىيالىغا كەلتۇرۇشى بىلەن ئاچچىقى نەلەرگىدۇ يو-
قاپ كېتەتتى. مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئەزاسى بولغان يەن پرو-
فېسسور كېسەل سەۋەبى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشالمىد-
غان بولسىمۇ، لېكىن يىغىننىڭ قارارى ئۇنىڭغىمۇ «ۋەكىل-
لىك» قىلاتتى. يەن پروفېسسور چۇ يەنچاۋنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەي-
دىغان ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ئۇمۇ يەن پروفېسسورنىڭ ئەڭ
ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى
مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا چەت ئەل تىلى نەشرىياتىنىڭ ئادەم-

لىرى ئۇنى ئالغىلى كەلگەندە، يەن پروفېسسور قايتا ـ قايتا ئىككىلىنىپ ئۇنى يەنىلا ئانا مەكتىپىدە قېلىپ ئۆزىگە بىر نەچچە يىل ياردەملىشىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلغانىدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتلاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىختىساس ئىگىلىرى كەم بولۇپ، يەن پروفېسسور غوللۇق بىر ياردەمچىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. چۇ يەنچاۋ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە مەكتەپتە قېپقالدى. يەن پروفېسسورنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىشنى قارار قىلىپ مەكتەپ باغچىسىغا يېڭى ئۇرۇقلارنى تېرىشقا تىرىشىپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەملىشىپ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئورنىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى ھەم بۇ قىلغانلىرىنى ھەقلىق دەپ قارىدى. ئەمدى بىردەملىك ئاچچىق بىلەن ئاشۇ قىلغانلىرىنى يوققا چىقارسۇنمۇ؟

ئۇ مەكتەپنىڭ قارارىغا ئارتۇق ئىنكاس قايتۇرمىدى، بىرەر ئادەمنىڭ ئالدىغا دەرد ئېيتىپمۇ بارمىدى، دەرد ئېيتىپ بارغاننىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. بۇ ئىشنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. . .

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شەنبە.

يەنە قار يېغىۋاتاتتى. 1962 ـ يىلىنىڭ باھارى يېقىن ئارىدا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار گۈللىرى كىشىگە مارت ئايلىرىدا دېرىزە بويىدا سويلاپ تۇرىدىغان مەجنۇنتالنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئەسلىتەتتى.

شىنيۈنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىغا خېلى بولدى. بالىنىسىدىكى قالغان ئىككى ھەمراھى چىقىپ كېتىپ ئۇ يالغۇز قالدى. پۈتۈن بىر قىشنى سىرتقا چىقماي بالنىتسا ئىچىدە ئۆتكۈزگەچكە، بۇرۇنقىدەك شاماللاپ قالىدىغان ئىشمۇ بولمى-

دى، بوغۇم ياللۇغى، دەم سىقىلىش، يۆتەل دېگەندەك ئۇششاق كېسەللىرىمۇ قايتا قوزغالماس بولدى. «0»غا قارشى تەجرىبە، يۇرەك كاردىئوگراممىسى، رېنتگېن نۇرى قاتارلىق بىر قاتار تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن لۇ دوختۇرنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى. شىنيۆمۇ ئۆزىنى «خېلى ياخشىلىنىۋاتقان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى. ئۆيىدىكىلىرى نۆۋەت بىلەن ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى، شىنيۆنىڭ ئۆيىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا: «ياخشى، ھەممە ئىش ياخشى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ ھال شىنيۆنى خېلى خاتىرجەم قىلاتتى. ھەر قېتىملىق بىمار يوقلاش كۈنىدە چۇ مۇئەللىم ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى.

بۈگۈن بىمار يوقلاش كۈنى بولغاچقا، شىنيۆ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

ئۈستىۋېشى قارغا پۈركەنگەن، مەڭزى ئاناردەك قىزارغان چېن شۇيەن ھەممىدىن ئاۋۋال كەلدى.

— يەڭگە، ھاۋا شۇنداق ئوسال تۇرسىمۇ كەپسەنغۇ؟ — دېدى شىنيۆ ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ.

— كەلمىسەم قانداق خاتىرجەم بولالايمەن؟ — چېن شۇيەن تاماق قاچىسىنى قويغاندىن كېيىن ئۈچىسىدىكى قارنى قاقتى.

— يەنە... يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

— ئىسسىقىدا يېۋالغىن. خەي ھاما سەن ئۈچۈن ئالايىتەن گۆش پىشۇرۇپ ئەۋەتتى. قارىغىنا، تېخى سوۋۇماپتۇ! — چېن شۇيەن تاماق قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېدى، مەززىلىك پۇراق دىماغقا ئۇرۇلدى.

شىنيۆ چوكا بىلەن بىر تال گۆشنى قىسىپ ئاغزىغا سېلىۋېتىپ:

— ئوخشاپتۇ، يەنىلا ئۆيىمىزنىڭ تامىقى ياخشىكەن! — دېدى.

— جىقراق يېسەڭ ئۆزەڭگە ياخشى! — دېدى چېن شۈيەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — خەي هامما ئەسلى ساڭا بېلىق قورۇمىسى ئېتىپ ئەۋەتمەكچى ئىدى، لېكىن، بېلىقنى هېچ يەردىن تاپالماي. . .

— بۇنچە ئاۋارە بولۇپ نېمە كەپتۇ! — دېدى شىنيۈ چوكىنى قويۇۋېتىپ، — بۇ يەردىمۇ تاماق بار تۇرسا. تېخى بايىلا چۈشلۈك تاماقنى يەۋالغاندىم، قورسىقىم توق تۇردۇ. ئەمدى بۇنى كەچكە ئېلىپ قويىدىغان بولدۇم - دە. بۇنىڭدىن كېيىن كەلسەڭ يەيدىغان نەرسە ئەكەلمە، سېنى كۆرسەملا خۇش بولىمەن. مەنۇۋى نەرسىلەر ماددىي نەرسىلەردىنمۇ قىممەتلىك ئەمەسمۇ!

— ئەمىسە بۇنىڭدىن كېيىن سەن دېگەن نەرسىلەرنى جىقراق ئالغاچ كېلەي! — دېدى چېن شۈيەن كۈلگىنىچە شىنيۈنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — خەي هامما ساڭا مەندىن بەكرەك ئامراق ئىكەن، بۈگۈن تاماقنى ئۆزۈم ئاپىرىمەن دەپ تۇرۇۋالغان، «هاۋا سوغۇق، يول تېيىلغاق» دەپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە كەلمەسلىككە ئۇناتتىم. . .

— ئەمىسە نېمىشقا ئاكام بىلەن بىللە كەلمىدىڭ؟ — سورىدى شىنيۈ.

— ئاكاڭ بىلەن؟ — چېن شۈيەن بۇ سوئالغا دەمال جاۋاب بېرەلمەي قالدى، «ئاكاڭ يېقىندىن بېرى بەك ئالدىراش» دېگەندەك باهانىلەرنى كۆرسەتسىمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، بۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى. بىرقانچە ئايدىن بېرى چېن شۈيەن بىلەن تيەنشىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر نەرسە كەم بولۇۋاتقاندەك سېزىپ يۈرەتتى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بېرەلمەيتتى. هېلىقى كۈنى كېچىسى تيەنشىڭ قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى پۈتۈن ئەزايى چىپ - چىپ هۆل هالدا كىرىپ كەلگەندە چېن شۈيەن ئۇنىڭدىن نەگە بارغانلىقىنى سورىدى. تيەنشىڭ: «ئىسمىينا ئىشلىدىم!» دەپ

ئاددىيلا جاۋاب بەردى. بىرەر ئىش بولغان - بولمىغانلىقىنى
سورىۋېدى، ئارتۇق گەپ قىلماي، «ھېچ ئىش يوق» دەپلا قوي-
دى. چېن شۇيەن ئېرىدىن ئوبدانلا ئەنسىرىدى. لېكىن، تيەن-
شىڭدە باشقىچە ئۆزگىرىش بولمىدى، بىرلا يېرى، گېپى ئازلاپ
كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش - تالاش بولمايتتى، گاھى
چاغلاردا بىر - بىرىگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. لې-
كىن، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايىمۇ؟ چېن شۇيەن توي قىلغاندىن
بېرى ئېرى بىلەن بىرىپ كىنو كۆرۈپ باققىنىنى، كوچا ئايلان-
غىنىنى بىلمەيدۇ، دوختۇرخانىغا شىنيۆنى يوقلاشقا توغرا كەل-
گەن چاغدىمۇ ئايرىم - ئايرىم كېلىدۇ. ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇ-
شى مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ئۇ تەلپۈنگەن مۇھەببەت، نىكاھ دېگەن-
لەر مۇشۇمۇ؟ چېن شۇيەن تيەنشىڭنىڭ بىرەر قېتىم كۆڭلىنى
خۇش قىلالمىغىنىنى ئويلىغان چاغلىرىدا: «ياغاچتىن پەرقى
يوققۇ بۇنىڭ!» دەپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى، باشتا چىققارغان
قارارىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى قىياسەن ھېس قىلاتتى. پەقەت
قېيناتا، قېينانىسى ۋە پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپلا
«بەختلىك بولىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپتىكەن، لېكىن
بۇلار بىر ياخشى ئەرنىڭ ئورنىنى باسالمايدىكەن، مۇھەببەتكە
باراۋەر ئۇقۇم ئەمەسكەن!... بىردەمنىڭ ئىچىدە گادىرماچ
خىياللارغا غەرق بولغان چېن شۇيەن شىنيۆگە بىر ئېغىز گەپ
قىلالماي قالدى. شىنيۆ نېمىلا دېگەنبىلەن تيەنشىڭنىڭ سىڭلى-
سى، بۇلارنى ئاڭلىسا نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ چېن شۇيەن
كېسەل ياتقان ئادەمگە يەنە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشنى خالىماي-
دۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە گىچماچلىشىپ كەتكەن خىياللىرىنى يى-
غىپ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ. چېن
شۇيەن لايىقىدا گەپ تاپالمىغاندىن كېيىن تېمىنى باشقا ياققا
بۇراپ زورىغا كۇلۇمسىرىدى ۋە:

— ئاكاڭ مەن بىلەن كەلسە بولمايدۇ! — دېدى.

— نېمىشقا؟ — يەڭگىسىنىڭ گېپى شىنيۆگە غەلىتە ھەم بىر ئاز كۈلكىلىكتەك تۇيۇلدى، — توي قىلغىنىڭلارغا خېلى ئۇزۇن بولغان تۇرسا، ئەمدى يەنە خىجىل بولۇپ...

— خىجىل بولغان ئىش ئەمەس، — دېدى چېن شۇيەن قەستەن يېنىك ئۇھسىنىپ قويۇپ، — دوختۇرخانىدا بىمار يوقلاش كارتىسىدىن ئىككىسىلا بېرىلىدىغان تۇرسا، بىرنى چۇ مۇئەللىمگە ئۆتۈنمىسە بولامدۇ؟ خەق شۇنچە يىراقتىن كېلىپ سەن بىلەن كۆرۈشەلمەي كەتسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ھەر قېتىملىق بىمار يوقلاش كۈنىدە كېلىدۇ ئەمەسمۇ.

— ۋاي - ۋۇي، سەن ھەممىلا يەردە باشقىلارنى ئويلاپ يۈرىدىكەنسەن! — دېدى شىنيۆ خۇشال بولۇپ ۋە يەڭگىسىنىڭ بايىقى گەپىنى نەق تېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈنلا دېگەنلىكىگە دىققەت قىلماي، چېن شۇيەننىڭ قولىدىكى سائەتكە قارىدى، — چۇ مۇئەللىم تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟

شۇ تاپتا بىر مۇھىم ئىش تۈپەيلى ئەسلىدىكى ۋەدە قىلغان ۋاقىتتىن كېچىكىپ قالغان چۇ يەنچاۋ تۆگرېن دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

تۈنۈگۈن ئاخشام يەن دۇڭيۈەندىن كەلگەن تېلېفوندا ئۇنىڭغا يەن پروفېسسورنىڭ كېسىلىنىڭ خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى.

چۇ يەنچاۋ تېلېفوننى قويۇپلا دوختۇرخانىغا ئالدىراپ باردى. يەن پروفېسسورنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى، ئۆيىنىڭ ئىچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوستلىرى، ئوخشىمىغان ياشتىكى ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان دوختۇرلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. يەن پروفېسسورنىڭ ئايالى، بالىلىرى يىغلاپ تۇرۇپ دوختۇردىن ئۇنىڭ ھاياتىنى بار ئامالالار بىلەن ئۇزارتىپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. لېكىن، سەكراتقا

چۈشۈپ قالغان يەن پروفېسسور قوللىرىنى جانسىز پۇلاڭلىتىپ دوختۇرنى كېتىشكە دەۋەت قىلاتتى:

— بولدى، ھاجەتسىز... ئەمدى مېنىڭ... كېسىلىمگە داۋا يوق... پىشىپ قالدىم... داۋالاش كار قىلمايدۇ، — يەن پروفېسسور نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىشقا تىرىشىپ ئايالى ۋە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىسى چۇ يەنچاۋنىڭ ئىسمىنى يېنىك چاقىردى.

ئۇلار كارىۋات ئالدىدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە باش ئېگىپ تۇراتتى. چەت ئەل تىلى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك شۇغۇللانغان بۇ پېشقەدەم ئالىمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئۆزلىرىگە قانداق ۋەسىيەت قالدۇرىدىغانلىقى ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى.

— يىغلىماڭلار، مېنى كۈلۈپ ئۇزىتىپ قويۇڭلار... — يەن پروفېسسور ھالسىز ئاۋازدا پىچىرلىدى، ھايات يولىنى ئەسلەۋاتقاندەك ئۇزۇنغىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، — كېتىدىغان بولدۇم، قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلىرىم... ئوقۇغۇچىلىرىمغا قالىدىغان بولدى... مەن... شۇنچە جىق... ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەردىم، سىلەر مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىدىڭلار، خاتىرجەم كېتىدىغان بولدۇم... ئەنسىرەيدىغىنىم... ھەدەڭلار بىلەن ئىككىمىز... شۇنچە ئۇزۇن يولنى بىرلىكتە بېسىپ ئۆتۈپتىكەنمىز... لېكىن... ئايرىلىدىغانلىقىمىزنى... ئويلاپ باقماپتىكەنمەن...

يەن پروفېسسورنىڭ ئايالى بۇقۇلداپ يىغلايتتى. چۇ يەنچاۋنىڭ كۆز ياشلىرى ئۇستازىنىڭ قان دىدارى قالمىغان نۇرسىز بىلەكلىرىگە ئېقىپ چۈشەتتى.

— يىغلىماڭلار، مېنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزاتساڭلار بولمايدۇ... — يەن پروفېسسورنىڭ نۇرى ئۆچەي دېگەن كۆزلىرى پىل-

www.uyghurkitap.com

دىرلايتتى، ياش تامچىلىرى چانىقىدا ئېسىلىپ قالغانىدى، ــ يەن چاۋ. . . ماڭا بىر شېئىر يادلاپ بەرگىن. . . گۈزەل شېئىرىي دۇنيا ئىچىدە. . . ئۇ دۇنياغا كېتەي. . .

ــ مۇئەللىم! ــ چۇ يەنچاۋ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئېغىشتى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قولاق تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلىدى، ــ بولىدۇ. . . يادلاپ بېرەي. . . قايسى شېئىرنى ئاڭلايسىز؟

ــ بايروننىڭ مەن تەرجىمە قىلغان. . . شېئىرنى يادلاپ بەرگىن، ــ دەپ پىچىرلىدى يەن پروفېسسور، ــ ھېلىقى. . . «خەير، سەيلىمىزگە بېرەيلى بەرھەم» دېگەن شېئىرنى. ھەدەڭ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە ئاڭلايلى. . .

چۇ يەنچاۋ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەسرىتىنى مىڭ تەسلىكتە بېسىۋېلىپ، يېشى ئوخشاشلا يەتمىشتىن ھالقىغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقان بۇ بىر جۈپ ھەمراھقا قارىدى، جۇشقۇن مىسرالار يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

خەير، بىز سەيلىگە بېرەيلى بەرھەم،
بۇ پىنھان كېچىلەر ئۆتسۇن ئۆز يولى.
چىدايلى، جۈپ يۈرەك تەلپۈنسىمۇ گەر،
بولسىمۇ يا شۇنچە نۇرلۇق ئاي نۇرى.

غىلاپتىن چىقىدۇ شەمشەرمۇ ھامان،
بار روھنىڭ كۆكرەكنى قىينار ۋاقتىمۇ.
ئارامىلىق پۈرسىتى كەپتۇ يۈرەككە،
چىدايلى، سۆيگۈنىڭ تىنجار ۋاقتى بۇ.

تۇنلەرنىڭ قىسسىسى ئۇزۇلمەي تۇرۇپ،
پارلايدۇ يېڭى تاڭ تېز قۇچاق ئېچىپ.
لېكىن بىز سەيلىگە بېرەيلى بەردەم،
تال - تال ئاي نۇرىغا كۆمۈلۈپ مېڭىپ.

چۇ يەنچاۋ شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ياتاق ئىچى ئاخىرقى تامچە سۇيى ئېقىپ تۈگىگەن بۇلاقنىڭ بويىدەك جىمجىتلىققا چۆكتى. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزىگە قول تۇتۇشۇپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

يەن پروفېسسور گۈزەل، ساپ ھېسسىيات بىلەن سۇغۇ-رۇلغان شېئىرىي كەيپىيات ئىچىدە نەپەستىن توختىدى، خۇددى جىممىدە ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆزلىرى خاتىرجەملىك ئىچىدە يۇمۇلدى، چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم پەيدا بولدى...

چۇ يەنچاۋ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىدا تاڭ ئاتقۇچە تۇردى. ئەتىسى سەھەردە ئاق رەڭلىك جەسەت ماشىنىسى قارلىق يولدا يەن پروفېسسورنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ كەتتى. چۇ يەنچاۋ شۇندىلا مەكتەپكە قايتتى. سىنىپىدا ئون بەش ئوقۇغۇچىسى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈنكى دەرسنى باشقا ئوقۇتقۇچىسىغا ھاۋالە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، شۇڭا ئوقۇتقۇچىسىغا ئەمدى يەنە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمەيتتى. ئۇ ھەر بىر قەدەمنى ئالغاندا «خەير، سەيلىمىزگە بېرەيلى بەرھەم» دېگەن ئاشۇ ئايانچلىق مىسرا قەلب خانىسىدا بىر قېتىم جاراڭلايتتى.

چۇ يەنچاۋ دەرستىن چۈشۈپ يەن دۇڭيەنگە قايتتى. دوست - بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرى تەزىيە ئېلانى، تەزىيە سۆزىنى يېزىش، جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش كۈنى ۋە ماتەم كۈنىنى بېكىتىش ئۇستىدە مەسلىھەتلىشىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. يەن پروفېسسورنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ياردەمچىسى بولغان چۇ يەنچاۋمۇ بۇ ئىشتا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايتتى. لېكىن، ئۇ ئامال-

سىز خىجىللىق ئىچىدە يەن پروفېسسورنىڭ ئايالىنىڭ قولىغا شۇڭغىلىدى:

— ھەدە، مېنى كەچۈرۈڭ، كەچتە كېلىمەن. ھازىر... يەنە بىر ئوقۇغۇچىم بالنىستىتا مېنى كۈتۈۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بارىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويغان.

چۈ يەنچاۋ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى ۋە بېيجەيگە ئالدىراپ قايتىپ شىنيۈگە تەييارلاپ قويغان نەرسىلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇڭغىرغانغا قارىماي ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى...

يول بويى ئۇنىڭ خىيالىدىن ھايات، ئۆلۈم دېگەن ئىككى سۆز نېرى كەتمىدى. چەت ئەل تىلى ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان يەن پروفېسسور تېخى تۈنۈگۈنلا ھايات ئىدى، مانا بۈگۈن يوق! ئەزرائىل كۆزگە كۆرۈنگەن بىر مائارىپچىنى، چەت ئەل تىلى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان بىر ئالىمنى مانا مۇشۇنداق ئوڭايلا ئېلىپ كەتتى. شۇڭا چۈ يەنچاۋ ئازابلىنىش بىلەن تەڭ يەنە قورقۇپمۇ قالدى، توغرىراقى، شىنيۈ توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى، يەن پروفېسسورنىڭ ۋاپاتى ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ ھامان قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. بۇ بىر قانچە ئايدىن بېرى شىنيۈنىڭ مەڭزىگە قايتىدىن تەبەسسۇم يۈگۈردى، ئاجىز تېنى غۇۋا ئۈمىدنىڭ كۈچى بىلەن جانلاندى. لېكىن، لۇ دوختۇرنىڭ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق پەرەزلىرى چۈ يەنچاۋنىڭ كاللىسىدىن ھەر ۋاقىت كەتمەيتتى. ئۇ شۇنداق بىر پاكىتنى، شىنيۈنىڭ ئەمدى ساغلام بىر يۈرەكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ھازىرقى داۋالاش جەريانىنىڭ پەقەت بىمارنىڭ ھاياتىنى ئەپلەپ - سەپلەپ «ئۇزارتىش» ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى، ھامان بىر كۈنى ئاشۇ ئېچىنىشلىق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز ئىدى.

چۈ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن، شۇنچە ئۇزۇن ھايات مۇساپىسى تېخى بېسىلمىغان بىر قىزنىڭ «بىللە سەيلە قىلىش» پۈرسىتى ئەجەبا مۇشۇنىڭ بىلەنلا يوقىلىپ كېتەرمۇ؟ ياق! شائىر بايرون، سېنىڭ شېئىرىڭ بىلەن بىر بوۋاي ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىغا ئۇزىدى، ئەمدى يەنە سەبىي بىر قىزنى ئۇزىتىشقا بولمايدۇ. ھازىر ئۆلۈم، قەبرە دېگەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس!... چۈ يەنچاۋ ئەزرائىلنىڭ شىنيۆگە تاپ باستۇرۇپ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر، قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەك ئالدىراپ كەتتى.

شىۋىرغان چۈ يەنچاۋنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، قارىدىيۇ، پاختەكتەك - پاختەكتەك چۈشۈۋاتقان قاردا كۆزى چىمچىقلاپ كېتىپ قارلىق يولغا يىقىلىپ چۈشتى، چېقىپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىكى نەرسىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، قولىدىكى نەرسە ھېچنېمە بولمىدى. چۈ يەنچاۋ يۈزىدىكى قارنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن يەردىن بىر ئوچۇم قار ئالدى. شۇ ھامان بىر خىل كۈچلۈك ئېقىم بارماقلىرىدىن ئۆتۈپ پۈتۈن بەدىنىگە، يۈرىكىگە يامراپ كەتتى. دەل مۇشۇ ئېقىم ئۇنى لۇ دوختۇر قىياس قىلغان ئىلمىي پاكىتنى، ھاياتلىقنىڭ دۈشمىنى بولغان كېسەل ۋە ئەزرائىلنى پىسەنتكە ئېلىپ كەتمەسلىككە ئۈندىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى: «ياق، مەن ئاددىي قول بىلەن جەننەت يارىتىمەن، دوزدخىڭلارغا قارشى چىقىمەن!» دەپ شىۋىرلايتتى.

بەلكىم چۈ يەنچاۋ بەك ئاجىز كېلىپ قالار؟ ئۇنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقىمۇ يوق، ناھايىتى بىر ئاددىي بىر ئاسسىستېنت، ھەتتا لېكتورلۇققىمۇ سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئۇنىڭ شىنيۆگە بېرەلىگەن نەرسىلىرى بەكمۇ ئاز بولۇپ قالدى! لېكىن، ئۇ

نېمىلا دېگەنبىلەن بىجىرىم بىر ئەر، زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتتىن باش تارتسا بولمايدۇ، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھاياتى، ئۆزىنىڭ يۈرىكى يۈكلىگەن، بارغانسېرى ئېنىق ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان بىر خىل بېشارەت يۈكلىگەن! . . . مەكتەپتىكى ئىشلارنى شىنيۈگە دېمەسلىك كېرەك، ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىلھام ۋە كۈچ ئالسۇن!

چۇ يەنچاۋ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ شىۋىرغان ئىچىدە تۇمان بىلەن يۈركىنىپ تۇرغان سۇيۋېن قوۋۇقىنى، «يېڭى يىلنى تەبرىكلەيمىز» دەپ لوزۇنكا ئېسىلغان تۆتىرېن دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنى كۆردى.

ئۇنىڭ گەۋدىسى ياتاقنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولۇشى بىلەن شىنيۈ خۇشال توۋلىۋەتتى:

— پاھ، چۇ مۇئەللىم، قار ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپسىزغۇ!

— چۇ مۇئەللىم، سىز . . . — چېن شۈيەن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چۇ يەنچاۋنىڭ يەلكىسىدىكى قارلارنى قاقتى ۋە قولىدىكى نەرسىنى قولىغا ئالدى:

— قار شۇنچە قاتتىق يېغىۋاتسا، بۇنچە ئېغىر نەرسىنى ئەكېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

ئۆي ئىچى شۇنداق ئىسسىق ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ چېچى، قاشلىرىدىكى قارلار سۇغا ئايلىنىپ ئېقىشقا باشلىدى. شىنيۈنىڭ خۇشال ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەمكىنلىك ۋە قايغۇلۇق ھېسسىيات ئاستا يوقالدى. دېرىزىدە شىنيۈ ئۆيىدىكىلەرگە ئەكەلدۈرگەن برازىلىيە گۈلى كىشىگە ئىللىق باھار ھىدىنى ئەسلىتىپ ئاجايىپ چىرايلىق يوپۇرماق چىقارغانىدى. ئېھ، ھاياتلىق دەرىخى، يەن پروفېسسوردىن قالغان مۇقەددەس دەرەخ! چۇ يەنچاۋ يەن پروفېسسورنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق شىن-

يۈگە بىر نېمە دېسە بولمايتتى. ئۇ نەزەرىنى برازىلىيە ياغىچىدىن يۈتكەپ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كىچىك قەغەز يەشىكنى يەشكەچ پىچىرلىدى:

— بۇ «قار بوۋاي» نىڭ شىنيۈگە ئەكەلگەن سوۋغىسى...

— چۇ مۇئەللىم، نېمە ئۇ؟ — شىنيۈ ياستۇقتا يۆلىنىپ تۇرۇپ قىزىقىش بىلەن سورىدى.

چۇ يەنچاۋ دەرھال جاۋاب بەرمىدى، قەغەز يەشىكنى ئاستا ئېچىپ بىر كىچىك ئۈنئالغۇنى ئالدى.

— ۋاھ، پاتېفون ئىكەنغۇ! بەك ياخشى بولدى، ئاڭلاش مەشىقىدە ئىشلەتسۇن دەپسىز - دە؟ — شىنيۈ قىزىقىش بىلەن سورىدى، — سىنىپىمىزغا ئاڭلاش دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقاندۇ؟

چۇ يەنچاۋ بۇ سوئالغا يەنە جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن شىنيۈنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالماسلىقىقا تېگىشلىك ئىشلار بەك كۆپ ئىدى. قىزغا ئۆزى ئايرىلغىنىغا خېلى بولغان سىنىپىنىڭ ئىشلىرىنى ئەڭ ياخشىسى دېمەسلىك كېرەك ئىدى.

چۇ يەنچاۋ بىر پلاستىنكىنى پاتېفونغا سالدى. ھايال ئۆتمەي ئۆي ئىچىدە يېنىك مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى.

— پاھ، ئىسكىرىپكا بىلەن ئورۇندالغان «لياڭ شەنبو - جۇيىڭتەي» دېگەن مۇزىكا ئىكەنغۇ! يۇيلىنا ئورۇندىغان! — دېدى شىنيۈ پىچىرلاپ دېگۇدەك. بۇ شاڭخەيدىكى بىرنەچچە ياش مۇزىكانت 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان مۇزىكا بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان ۋە نۇرغۇن ياشنى ئۆزىگە رام قىلغانىدى. ئىلگىرى شىنيۈ بىلەن بىرگە ئوقۇغان چېن شۇيەنمۇ بۇ توغرۇلۇق ئاز - تولا بىرنېمە بىلەتتى، مۇزىكىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. چېن شۇيەن چۇ يەنچاۋنىڭ بۇنچە قەھرىتان سوغۇقتا شىنيۈگە مۇڭلۇق مۇزىكا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ تويدىن بېرى ئاستا سوۋۇشقا باشلىغان قەلبى مۇزىكىنىڭ سېھرىي

كۆچىدە ئازراق يىلىلىشقا باشلىدى.

شىنيۈ ئۇندىمىدى. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ھەرقانداق گەپ ئارتۇقچە ئىدى، ھەرقانداق تىۋىشمۇ ئاشۇ گۈزەل مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىگە بەرھەم بېرەتتى. «بۇنداق مۇزىكا دۇنيادا كەم تېپىلىدۇ جۇمۇ!» شىنيۈ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تونۇش مېلودىيە ساداسى ئىچىدە شامدەك ئېرىپ، مۇزىكىنىڭ رىتىمى بىلەن تەڭ ئاجايىپ ساپ، يارقىن بىر دۇنيادا سەيلە قىلىشقا باشلىدى. تال ـ تال ئاي نۇرلىرى سېپىلىپ تۇرغان كىچىك يول، تېگى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېرىقلاردا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇ، سەھەر تۇمانى ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاق تۇرنىلار، زۇمرەتتەك سۇغا سايە تاشلاپ چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۇپى. . . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇشۇلاردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئېھ، گۈزەل دۇنيا، جاھاندىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ مۇكەممەل روھ ئۈچۈن تەييارلانغان، سەنئەتكارلار سەمىمىي ھېسسىيات، سېھرىي كۈچكە ئىگە مۇزىكا تىلى بىلەن ئىنسان قەلبىدە تىكلىگەن مەڭگۈلۈك ئارامگاھ! مەڭگۈلۈك جەننەت! شىنيۈ كۆزلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس يۇمۇپ ئاشۇ جەننەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، خۇددى ئۆزىنى ئاشۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندەك، ئاشۇ يەردىكى سۈزۈك تاشلاردىن قوپۇرۇۋالغان ئۈستىدە ئاپئاق بولۇتلار لەيلەپ تۇرغان ئۆيلەرنى، شايىدەك گۈزەل تۇسكە كىرگەن مانانلارنى، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان نۇرلۇق چىراغلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئەنە، ئۇ يەردە ئۇنىڭ چاچلىرى ھېلىلا مۇنچىدىن چىققاندەك راھەتلەندى، تېرىلىرى بۆلەكچە يۇمرانلاشتى، سىم ـ سىم يامغۇردا چىلىنىپ تۇرغان غۇنچىگە ئوخشاش يۈرىكى ئەركىن نەپەس ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. . .

ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان كونا بىر ھېكايە نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ؟ مانا، ئاشۇ

هېكايه ئوپېرا، كىنو قىلىپ ئىشلىنىپ يېزا ـ قىشلاقلاردا قويۇلۇۋاتىدۇ، شۇ هېكايه ئاساسىدا ئىشلەنگەن مۇزىكا جۇمهۇرىيەتتىكى سانسىزلىغان يۈرەكنى سېهىرلەۋاتىدۇ. كىشىلەر تارىختا راستتىنلا لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەيدەك بىر جۈپلەرنىڭ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇرمايدۇ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان، جىمى ئادەمنىڭ هېسسىياتىغا ئورتاقلاشقان بۇ گۈزەل كۈيدىن هۇزۇرلىنىشنىلا بىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار تېخى هازىرغىچە پەقەت بىرلا سۆزدىن يەنى مۇهەببەت دېگەن بىرلا سۆزدىن پۈتكەن، دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىر كىتابنى ئوقۇشنى تالاي ئەسىرلەردىن بېرى توختاتماي كەلدى ئەمەسمۇ!

چېن شۈيەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاي دېگەنىدى. بۇ، مۇزىكىنىڭ سېهرىي كۈچىدىن كۆرە، مۇزىكا قىلىپ ئىشلەنگەن بۇ هېكايىنىڭ ئۆزىگە بەك تونۇش بولغانلىقىدىن بولۇۋاتقان روهىي هالەت ئىدى. ئۇ ئۇدارى قايتىلىنىپ تۇرىدىغان گۈزەل مېلودىيىنى ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن كىنونىڭ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتى. تېز ئۇدار، گاه كۆتۈرۈلۈپ گاه پەسىيىدىغان مۇڭلۇق كۈي ئۇنىڭ قايسى بۆلەكنىڭ لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەينىڭ ئوقۇغۇچىلىق هاياتىغا بېغىشلانغانلىقى، قايسى بۆلەكتە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، قايسى بۆلەكتە ۋىسالىغا يېتىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. ئۇ لىرىك كۈي، ساپ هېسسىيات دۇنياسىدا ئەللەيلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇ بىر جۈپنىڭ ئوتلۇق مۇهەببىتىدىن تەسىرلەندى، كۆڭلى تېخىچە سۇ ئىچمىگەن، ئارىدىكى هاڭ تېخى يوقىمىغان نىكاهلىق تۇرمۇشىنى ئويلاپ يۈرىكى قاتتىق پۇچۇلاندى. بىردە مۇزىكىنىڭ ئىچىگە غەرق بولۇپ، بىردە ئېسىگە كەلگەنسېرى خىياللىرى گىچماچلىشىپ ئاچچىق خورسىنىشقا باشلىدى، كۆزلىرىدە ئەلەملىك ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالدى. . .

www.uyghurkitap.com

شىنيۆنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا چۈ يەنچاۋ بىر قولىدا ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. بىر كېچە ـ كۈندۈر توختىماي پالاقشىغان بولغاچقا، هاردۇق يەتكەن، تۇرقىدىن ئارام ئېلىۋالغۇسى كېلىۋاتقاندەك بىر خىل روهىي هالەت چىقىپ تۇراتتى. تونۇش مۇزىكا ئۇنىڭ چىڭقالغان ئەسەبىيلىرىنى تىنجىتتى، تۈنۈگۈنكى مۇسىبەت ئىشىدىن قاتتىق يېرىم بولغان كۆڭلى بۈگۈن تەسەللىي تاپتى، شىنيۆنىڭ ئازادە كەيپىياتىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى.

سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئاپئاق قارغا سۇۋادان، سۆگەت، سىپارى دەرەخلىرى ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان لەرزان مۇزىكا ساداسىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك يېنىك ئىرغاڭشىيتتى.

نەدىندۇر بىر يەردىن چىقىۋاتقان ئىسكىرىپكا ساداسى نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان سېسترانى، بالنىست تەكشۈرۈۋاتقان لۇ دوختۇرنى هەيران قالدۇردى. كىم ئىسكىرىپكا چېلىۋاتىدىكەنە؟ بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. لۇ دوختۇر دوختۇرخانىدا بۇنداق كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئويىدا مۇزىكا ساداسى چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

لۇ دوختۇر كارىدوردا مېڭىپ كېتىۋېتىپ تولىمۇ قىزىقارلىق بىر مەنزىرىنى كۆردى: بىر ياتاقتا تېخى بايىلا ئوپېراتسىيەدىن چىققان بىر موماي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە يۆلەنگىنىچە بايىقى مۇزىكىنى جىممىدە ئاڭلاپ ياتاتتى. دېئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئۇزۇندىن بېرى ياخشىلىنالمايۋاتقان، سەپرا مىجەز بىر كىشى كارىۋاتتا جىممىدە يېتىپ ئاڭلاۋاتاتتى؛ كېسىلى ئانچە ئېغىر بولمىغان باشقا بىرقانچە بىمار ئېرى ياكى ئايالىنىڭ قولتۇقلىۋېلىشى بىلەن كارىدوردا مۇزىكا ئاڭلىغاچ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. . . لۇ دوخـ

تۇر مۇزىكا چىقىۋاتقان ياتاقنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى. شىنيۈنىڭ چىرايىدىن بىر خىل رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى، چۇ يەنچاۋ ھارغىن ھالەتتە ئۇندىمەي ئولتۇراتتى. لۇ دوختۇر ھەممىنى چۈشەندى. ئىشىك سىرتىدا خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك كەيپىياتىغا ھالاقىت بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن تۇيدۇرماي كەينىگە قايتتى. چۇ يەنچاۋ، تېبابەتنى چۈشەنمەيدىغان بۇ ياش بىر ئالىم ئۆز قەلبى بىلەن ئۇنىڭ بىمارنى داۋالىشىغا ياردەم بېرىۋاتاتتى. لۇ دوختۇر ئۆز كۆڭلىدە چۇ يەنچاۋغا تەشەككۇر ئېيتتى، پوسمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىۋالغان بىرنەچچە تال رەتسىز چېچىنى تۈزەشتۈرگەچ يەڭگىل مۇزىكا ساداسى ئىچىدە يۈرۈپ كەتتى. . .

شىنيۈ ئاخىر كۆزىنى ئاچتى، ئوت يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— چۇ مۇئەللىم، رەھمەت سىزگە! — دېدى شىنيۈ ئاستاغىنە، — ماڭا ئەڭ گۈزەل، ساپ ھېسسىياتنى ئېلىپ كەپسىز. باھارنى كۆرگەندەك بولدۇم. . . ئەپسۇس، بۇ مۇزىكىنى سىز ئورۇندىمىغان - دە!

— مەن! — چۇ يەنچاۋ كۈلۈپ كەتتى، — يۈي لىنا ئىسكىرىپكىنى مەندىن ياخشى چالىدىغان تۇرسا!

— ناتايىن، يۈي لىنا دېگەن يۈي لىنا. سىز دېگەن سىز. ھەر بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان روھىي ھېسسىياتى، قەلب دۇنياسى بولىدۇ، — پىچىرلىدى شىنيۈ، — بۈلتۈر قىشتا ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان چېغىڭىزدا ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغانىدىم. قار يېغىۋاتاتتى. . . سىز مېنى سەزمىدىڭىز. . .

— مۇنداق دەڭ، شۇ چاغدا ھېلىمۇ ياخشى سەزمەپتىمەن. بولمىغان بولسا. . . — چۇ يەنچاۋنىڭ چىرايى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى، — كېيىن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىمەن. . .

www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە شۇ ۋاقىتنى كۈتىمەن جۇمۇ! — دېدى شىنيۆ ئۈمىدلىك ئاھاڭدا، — بىراق، سىزگە ھېلىمۇ جىق رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. خىزمىتىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي شۇنچە كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ مېنى يوقلاپ كەپسىز. بۇلتۇر بۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. ھازىرغىچە ئېسىڭىزدە تۇرۇپتۇ. سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولىدىكىن؟

— شىنيۆ، بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇنداق گەپلەرنى دېيىش كەتمەيدىغۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئويلانمايلا، — مۇھەببەت ئۆزىنى بېغىشلاش، بارلىقىنى ئاتاش دېمەكتۇر!

شىنيۆ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، تۇيۇقسىز ئىككى نۇرلۇق يۇلتۇز كۆز ئالدىدا پارلاپ چىققاندەك ھېسسىياتقا كەلدى.

ياق، ئۇ يۇلتۇز ئەمەس ئىدى، چۇ يەنچاۋنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى ئىدى!

چۇ يەنچاۋ ئوتلۇق كۆزلىرىنى شىنيۆدىن ئۈزمەي تۆۋەندىكى لىرىك مىسرالارنى ئوقۇدى:

ئىشەن ماڭا، يۈرىمەن گۈلۈم
بىرلا ئىشنى كۈتۈپ، زارىقىپ.
تەقدىم ئەتتىم يۈرەكنى ساڭا،
جىمى پىنھان سىرىمنى قېتىپ.

شىنيۆ قېتىپلا قالدى، قىزىل لەۋلىرى يېنىك تىترەپ كەتتى:

— مۇئەللىم، سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز...

— كارل ماركسنىڭ ژېنىغا ئاتاپ يازغان شېئىرى! — دېدى چۇ يەنچاۋ، — ئەمدى ئۇنى سىزگە مەن تەقدىم قىلدىم. يەنە تېخى مۇھەببىتىمنى قېتىپ دەڭا!

— مۇھەببەت؟ مۇھەببەت! مۇھەببەت... — شىنيۈنىڭ ۋۇجۇدى سېزىمىنى يوقاتقاندەك بولدى. مۇھەببەت ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۆزى تەلپۈنگەن، ئىنتىلگەن، تالاي قېتىملاپ خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن، ئەمما تېخىچە ئىزدەپ كۆرمىگەن. ئۇن سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېخىچە ئېنىقراق بىرەر چۈشەنچە ھاسىل قىلمىغان تولىمۇ مۇقەددەس نەرسە ئىدى! ئۇنىڭ نەزەرىدە مۇھەببەت خىيالىي چۈش، يىراقتا پىلىلداپ تۇرغان نۇر، تېگىشتى يوق ناخشا، جاھاننىڭ ئۇ بۇرجىكىگە سوزۇلغان يول ۋە يەنە سىراقتىكى سىرلىق قەسىر ئىدى... ئەمدىلىكتە ئاجايىپ سىرلىق نەرسە دەپ خىيال قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدىمۇ؟ بەلكىم نۇرغۇن ئادەملەر شۇنچە ئىنتىلىپمۇ ئاشۇ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن بولغىيدى. لېكىن ئۇچۇ؟ مۇھەببەت قەلب دەرۋازىسىنى چەككەن ۋاقىتتا تېڭىرقاپ قېلىۋاتىدۇ.

— مۇئەللىم، مۇھەببەت... شۇنداق بولامدۇ؟ بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت بارمۇ؟

بۇ سەبىي قىزغا قاراۋېتىپ چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

— شىنيۈ، — دېدى ئۇ، — مۇھەببەت ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ھېسسىياتى. ئىككى يۈرەك ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇچراشقان چېغىدا قارشى تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر جۈپ يۈرەك شۇنداق نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. يۈرەك ھەر بىر قېتىم دۈپۈلدىشىدە قارشى تەرەپكە: «مەن مەڭگۈ سەندىن ئايرىلالمايمەن!» دېگەننى ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەببەت پۇرسىتى پىشىپ يېتىلگەندىكەن، ئىككى يۈرەكنىڭ جۈپلىشىشىنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ!

— بەلكىم شۇنداقتۇ... — پىچىرلىدى شىنيۈ. بىر شېرىن ئېقىم ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈرىكىگە، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدىغا

تاراپ كەتتى، بەدىنىنىڭ ھەر بىر كىلېتكىسىدا ھاياجان زەررىچىلىرى ئايلىنىشقا باشلىدى. مانا، ھاياتىنىڭ باھارى، ئالتۇن پەسلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلاۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ مۇشۇ باھارنى، مۇشۇ ئالتۇن پەسىلنى باشلاپ كەلگىنى ئۇ تولىمۇ چوڭ بىلىدىغان، ئىشىنىدىغان ئوقۇتقۇچىسى. شىنيۈ شۇنى ئېنىق بىلىدۇ، بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇچرىشىش داۋامىدا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئىككىسىنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئەركىن، بىمالال ئىپادىلىشىدىكى سەۋەبمۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ شىنيۈنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شىنيۈنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىدا بولسا كېرەك. لېكىن، ئەمدىلىكتە ئەركىن ئىپادىلىنىۋاتقان بۇ ئاددىي ھېسسىياتلار بىردىنلا مۇھەببەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، بالاغەتكە يەتكەن بۇ قىز خىجىللىقتا قىزىرىپ كەتتى، ئازراق ھودۇقتى، ئۆرە بولۇش ئۇچۇن تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋېتىپ چۇ يەنچاۋنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دېدى:

— بىزمۇ. . . مۇھەببەتلەشسەك. . . بولامدۇ؟ سىز ئوقۇتقۇچى، مەن ئوقۇغۇچى تۇرسام. . .

چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ يەلكىسىدىن يېنىك تۇتتى. مەزمۇت قوللىرى قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا تەگكەندە ئۇنىڭ قەلبىدە ئېيتقۇسىز بىر مۇرەككەپ ھېسسىيات ئەكس ئەتتى. توغرا، شىنيۈ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئۇ شىنيۈنىڭ «باغۋەن»ى. ئىلگىرى بۇ كۆچەتكە ئەجىر بىلەن مېھنەت قىلغاندا، سۇ قۇيغاندا ئۇنىڭ قەلبى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تولغانىدى. لېكىن، ئەقىل - ئىدراك ھەر ۋاقىت ئۇنى ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشقا، ھەرقانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇھەببىتىدىن ھالقىپ كەتمەسلىككە ئۈندەيتتى. ناۋادا

بۇ يۇمران كۆچەت ئۇ ئويلىغاندەك ساغلام يېتىلگەن، بېجىرىم بىر دەرەخكە ئايلانغان بولسا، ئېھتىمال ئۇ بۇ گەپنى دېيىشكە بۇنچە ئالدىراپ كەتمەس ئىدى. چۇ يەنچاۋ بۇرۇندىن شىنيۆنى ئۆز كەسپىدە، مۇھەببەتتە ئۇتۇق قازانسىكەن دەپ ئويلايتتى، ئەمما «ماڭىلا مەنسۇپ بولسىكەن» دەپ قارىمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات يولىنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى، ئاشۇ يولدا شىنيۆنى جاپا تارتقۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. ئەگەر شىنيۆ بەختلىك بولالىسا، ئۇ قىزدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن بولاتتى. لېكىن، كېيىن ئىشلار بىراقلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئۇ پەرۋىش قىلىۋاتقان كۆچەت بېجىرىم بىر دەرەخكە ئايلانماي تۇرۇپلا يىقىلدى. بىر «باغۋەن» گە بۇنىڭدىن ئارتۇق يۈرىكى پۇچۇلىنىدىغان، ئازابلىنىدىغان ئىش بولامدۇ؟ شىنيۆ ھازىرغىچە ئۇنى ئۆزىنىڭ مېھرىبان «باغۋەن»ى دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن يەنە ئاشۇ كۆچەتزارلىقتا قايتىپ بارالىشىنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى ئۆز كۆڭلىدە ئېنىق بىلەتتى. چۇ يەنچاۋ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى، چامىسى يېتىدىغانلىكى ئىشلارنى تولۇق قىلىپ تۈگەتتى. ئۇنىڭدا ئېشىپ قالغىنى پەقەت ئىسسىق قان ۋە بىر سەممىمي يۈرەك ئىدى. ئەمدى ئۇ بۇلارنى قىزغا تەقدىم قىلماقچى. ئون سەككىز ياشلىق قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش بەلكىم تولىمۇ بالدۇرلۇق قىلار. لېكىن، ۋاقىت، رەھىمسىز ۋاقىت شىنيۆگە تولىمۇ بېخىللىق قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتنى بەك سوزۇۋەتسە، شىنيۆ ئۇنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى كۈتمەيلا كېتىپ قالار! ئۇ ئۆز يۈرىكىنىڭ قىزنىڭ زېدىلەنگەن يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقۇشىنى، ئۆز مۇھەببىتىنىڭ قىزنىڭ ھاياتىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلالىشىنى كۈتەتتى. . . . چۇ يەنچاۋ بۇلارنى شىنيۆگە دېيەلەمدۇ؟ تەقدىر ئۇنىڭغا بەك رەھىمسىزلىك قىلدى. بولمىسا، كۆڭلىدىكى گەپ-

لىرىنى سۆزمۇ سۆز دەپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى بارمىدى؟ بولدى، ئەمدى بۇنىڭ ئۇچۇن ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. قارىغاندا، ئۇنىڭ چىن مۇھەببەت ئۇچۇن بىسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان يولىدا ئازغان، تىكەنلەر بەك جىق ئوخشايدۇ.

— ياق، شىنيۆ، — چۇ يەنچاۋنىڭ شىنيۆگە ئېيتقان گەپلىرى يەنىلا شۇنداق سەمىمىي ئىدى، — سىز «ئادەم بىلەن ئادەم باراۋەر» دېگەن گەپكە بەك قايىل ئەمەسمىدىڭىز؟ مۇھەببەت ئىلاھى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ، بىر - بىرىگە چېتىلىدىغان بىر جۈپ يۈرەكنىلا بىلىدۇ. ئېسىڭىزدىمۇ، بىز بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا سىز مېنى «ساۋاقدىشىم ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغانىدىڭىز. بىرىنچى سائەت دەرسنى ئۆتكەن ۋاقتىمدا ھەممىڭلارغا: «مەن سىلەرنىڭ دوستۇڭلار» دېگەنىدىم. سىزگە دېسەم، شىنيۆ، سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن!

— ئەمىسە تەقدىر سىزنى مېنى ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ، مېنى سىزگە ئۇچراشتۇرۇپتۇ، — شىنيۆ بۇ قېتىم بايىقىدەك خىجىل بولماي تاتلىققىنە كۈلدى. دېمىسىمۇ، قەلب خانىسىدە ئاللىبۇرۇن مۇھەببەت ئۇرۇقىنىڭ تېرىلغانلىقىنى ئۇ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ئىدى. مانا، ئۇنىڭ ھاياتىغا باھار كەلدى، باھار شامىلى يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتمەكتە، ئەگىز سۈيى قەلب خانىسىدە تولۇپ ئاقماقتا. مۇھەببەت ئۇرۇقى ئاخىر بىخ ئۇرۇپ چىقتى، بەخت تۇيغۇسى تۇنجى مۇھەببەت باسقۇچىدىكى بىر قىزنى مەست قىلدى. شىنيۆ بېشىنى كۆتۈرۈپ چۇ يەنچاۋغا قارىدى، كۆزلىرىدىن يەنىلا شۇنداق ساددىلىق، سۈزۈكلۈك بالقىپ تۇراتتى:

— ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىزنى «مۇئەللىم» دەپ چاقىراي!

بىر جۈپ قول مەھكەم سىقىلدى، بىر جۈپ يۈرەك بىر ـ بىرىگە چىڭ چېتىلدى. بۇ يەر ئاي نۇرى سېپىلىپ تۇرغان گۈلزارلىق ياكى دەريا ساھىلى ئەمەس، دوختۇرخانا، يەنە كې-لىپ بالنىتسا ئىدى. ئۇلار قىزغىن قۇچاقلىشىشقا، سۆيۈشۈش-كە ئامالسىز. . . لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

باھار كەلدى. باھار قىزى غۇر ـ غۇر شەرق شامىلىنى، سىم ـ سىم يامغۇرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ باشلاپ كەلدى، ئانا زېمىنغا مۇھەببەت، ئۈمىد ئاتا قىلدى.

شىنيۈ گۈللۈكنىڭ يېنىدىكى كىچىك يولدا ئاستا كېتىۋا-تاتتى. باھار ھىدى قاپلىغان بۇ سايىلىك يول سۈۋادان، سىپ-رىس دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن چۇشۇۋاتقان كەچكى قۇياش نۇ-رىدا تېخىمۇ كەڭرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ساپ ھاۋا، ئەتراپ-تىن كېلىپ تۇرغان خۇشبۇي ھىد ئۇنىڭ كەيپىنى ئوبدانلا كۆتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ماڭغاچ ئىنگلىزچە سۆزلەرنى بوش ئاۋازدا يادلايتتى، ناتونۇش خام سۆزلەرنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئوقۇسىلا ئېسىدە تۇتۇۋالاتتى.

بۈگۈن بىمار يوقلاش كۈنى ئەمەس ئىدى. شىنيۈ چۇ مۇ-ئەللىمنىڭمۇ، ئۆيىدىكىلەرنىڭمۇ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە قاراتقانىدى. ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز قار ياغقان كۈنى ئۇ مۇھەببەتكە تويۇقسىز ئېرىشتى ياكى ئۆز قەلبىدە خېلىدىن بېرى ساقلىنىپ يۈرگەن مۇھەببەتنى تونۇش پۇرسىتى-گە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتىدۇ. «چۈشۈمدىلا كۆرىمەن» دەپ ئويلى-غان گۈزەل دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ. . . شىنيۈ ئۆزىنى تولۇقلاش، يەنىۋەنگە قايتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى بىكار ئۆتكۈزمەي يەنە كىتاب ئوقۇشنى باشلىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىرىنچى يىللىقنىڭ دەرسلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرە-
كىنى ئوقۇپ بولدۇم، — دېگەنىدى ئۇ چۇ ئەللىمگە، — مەك-
تەپكە بارغاندىن كېيىن باشتىن باشلاپ ئۆگىنىسەممۇ بولىدۇ.
دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ قېپقالغان دەرسلەرنى تولۇق-
لىۋالايمىكىن دەيمەن. مەكتەپ ماڭا مۇشۇ بىرلا قېتىم بىرىنچى
يىللىقنىڭ دەرسلىرىدىن تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىش پۇرسىتى
يارىتىپ بەرگەن بولسا، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەممە پەندىن ئۆتۈپ
كېتەلىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئەگەر مۇشۇ ئىمتىھانغا قاتنىشا-
لىسام، يازلىق تەتىلدىن كېيىنلا 2 - يىللىققا چىقالايتتىم،
باشقا ساۋاقداشلىرىمدىن بىر يىللا كېيىن قالاتتىم!

چۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇر بىر ئىشتا
ئىككىلىنىۋاتقاندەك ئارتۇق گەپ قىلمىغانىدى.

— سىز مەكتەپنىڭ بۇ تەلىپىمگە قوشۇلماسلىقىدىن ئەن-
سىرەۋاتامسىز ياكى مەندە شۇنچىلىك ئىقتىدارنىڭ يوقلۇقىدىن-
مۇ؟ — دېگەنىدى شىنيۈ، — ساۋاقداشلىرىمدىن كېيىن قې-
لىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى سىز بىلىسىز. مەن ئۇلارغا يېتى-
شىۋېلىشىم، كېلەر يىلى سىنىپ ئاتلاپ ئەسلىدىكى ساۋاقداشلى-
رىمنىڭ ئارىسىغا قايتىپ بېرىشىم كېرەك. ماڭا ئىشىنىڭ. بۇ
ئىشتا تېخى ماڭا ياردەم بەرمىسىڭىز بولمايدۇ. مەكتەپكە ئەھۋا-
لىمنى دېيىشىپ بېرىسىز، قانداق دېدىم؟ مۇشۇ ئارزۇيۇمنى
چوقۇم قاندۇرۇڭ. ھازىر سىزنى كېيىن ماڭا يەنە سىنىپ
مەسئۇلى بولارمۇ - بولماسمۇ دەپ ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم،
چۈنكى. . . ئەمدى بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز!

— بولىدۇ، شىنيۈ، — دېگەنىدى چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ ئىرا-
دىسىدىن، قايناق ھاياجان ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تەسىرلى-
نىپ، — قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز مۇشۇ نىشانغا
قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. سىز بەك ئالدىراپ كەتمەڭ.
ئەتىڭىز، كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن سالامەتلىكىڭىزگە كۆپرەك دىق-

قەت قىلىڭ. . .

شۇنىڭدىن كېيىن شىنيۆ جىددىي ھەم كۆڭۈللۈك ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەڭ مۇھىم دەرس بولغان ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، سىياسىي ئىقتىساد، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ ياخشى ئۆگەندى، ئىلگىرى ئۆگىنىپ بولغانلىرىنى پىششىقلىدى، ئۆگەنمىگەنلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. بۇ شىنيۆ ئۈچۈن يۈك ئەمەس، چەكسىز ھۇزۇر ئىدى. . .

شىنيۆ يېنىك قەدەملەر بىلەن خام سۆز يادلاپ كېتىۋاتقاندا، ئۇدۇل تەرەپتىن لۈ دوختۇر چىقىپ كەلدى. شىنيۆ كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولغاچقا، لۈ دوختۇرنى ئالدىغا يېقىنلاپ كەلگۈچە سەزمىدى.

لۈ دوختۇر جايىدا توختاپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ خانقىز نېمىنى يادلاپ، نېمىنى ئويلاپ كېتىۋاتىدىكىن؟

— ھە، لۈ دوختۇر ئىكەنغۇ، — شىنيۆنىڭ مېھرىبان چىرايىنى كۆرۈپلا قىزغىن سالام قىلىپ كۈلۈمسىرىدى، — ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، كىتاب يادلاۋاتىمەن.

— كىتاب يادلاۋاتىمەن؟ — لۈ دوختۇر ئۇنىڭغا سىرلىق بىر نەزەردە قارىدى. لۈ دوختۇر ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ ياتىقىدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىنى ئاڭلاپلا بۇ سەبىي قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغان ۋە قىزنىڭ كېسەل ۋاقتىدا ئېرىشكەن پاك مۇھەببەتكە بەخت تىلىگەن، يەنە قىزنىڭ مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن قايتىدىن روھلىنىپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ھەيران قالغانىدى. دوختۇر مۇھەببەتنىڭ كېسەل بىلەن كۈچ سىنىشىش داۋامىدا تېخىمۇ زور كارامىتىنى كۆرسىتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەگەر چۈ يەنچاۋنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى شىنيۆنىڭ باھارى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغان بولسا، ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ پەرزلە-

www.uyghurkitap.com

رىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تارىخىدا شېئىرىي تىل بىلەن ئاجايىپ گۈزەل بىر مىسرانى قالدۇرغان بولاتتى. لۇ دوختۇر شىنيۆگە كۆيۈنۈش نەزەرى بىلەن قارىغاچ، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى پەرەز قىلىشقا باشلىدى:

— يەنە شۇ تۈگمەس سېنارىيىلەرنىڭ تېكىستىنى يادلاۋاتامسىز؟

— قاراڭ! — دېدى شىنيۆ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋالغان ئىنگلىز تىلى دەرسلىكىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋېتىپ ھاياجان بىلەن، — ئوپېراتسىيىدىن كېيىن 2 - يىللىقتا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. مېنى قاچان ئوپېراتسىيە قىلىسىز؟

لۇ دوختۇرنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۈلتۈر بەرگەن ۋەدىسى شىنيۆنىڭ ئېسىدىن تېخى كەتمەپتۇ. ئۇ زادى نېمىدەپ جاۋاب بەرسۇنكىن؟ «قىزچاق، كېسىلىڭىز ئىلگىرىكىدىن پۈتۈنلەي ياخشىلىنىپ كەتمىدى، ئوپېراتسىيىنى قىلالمايدىغان بولدۇق!» دېسۇنمۇ ياكى: «قىزچاق، سىزنىڭ مەڭگۈ ساق ئادەملەرنىڭكىدەك يۈرىكىڭىز بولمايدۇ، ئەمدى بىردىنبىر ئامال ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرقى چېكىگىچە كۈتۈپ يۈرۈش» دېسۇنمۇ ۋە ياكى: «قىزچاق، سىز ئەمدى ئۈمىدنى مۇھەببەتتىن كۈتۈڭ، كېسىلىڭىزگە ھازىرقى زامان تېبابىتىدە داۋا يوق!» دېسۇنمۇ؟ ياق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى دېگىلى بولمايتتى. لۇ دوختۇر ئامالسىز چۈ يەنچاۋغا ئوخشاشلا يالغان گەپلەر بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— شىنيۆ، سالامەتلىكىڭىز بىر ئوبدان ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئوپېراتسىيە قىلمىساقمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىكاردىن - بىكار بەدىنىڭىزگە تىغ تەگكۈزۈپ نېمە قىلىمىز؟

— ياق، ئوپېراتسىيە قىلىڭلار! — دېدى شىنيۆ تەرسالىق بىلەن، — مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، كېسىلىم يىلتىزد-

دىن ساقىيىدىغانلا ئىش بولسا مەيلى. ساغلام بىر ئادەم بولاي.
لۇ دوختۇر، مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، مەن بەرداشلىق بېرەلەي-
مەن. سىز مېنى خېلى باتۇر بولۇپ قاپسىز دېگەن ئەمەسمىدى-
ڭىز؟ خاتىرجەم ئوپېراتسىيە قىلىۋېرىڭ. سىز ماڭا ئىلگىرى
ۋەدە بەرگەن.

— توغرا، ۋەدە بەرگەن... — دېدى لۇ دوختۇر پىچىر-
لاپ دېگۇدەك. ئۇ بۇ سەۋەبى قىزنىڭ ئالدىدا دېگىنىنى ئادا
قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق... ئۇنىڭ خىيالىدىن چۇ يەنچاۋ-
نىڭ سىيماسى لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئامالسىز چۇ يەنچاۋنىڭ
ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قىزغا گۈزەل چۈشلەردىن ئېيتىپ بېرىپ
يەتكىلى بولمايدىغان بىر ئېزىتقۇ دۇنيانى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
پەيدا قىلىشنى قارار قىلدى. ئېزىتقۇ دۇنيا گەرچە خىيالىي
دۇنيا بولسىمۇ، لېكىن چەكسىز باياۋاندا مۇشەققەت ئىچىدە
ئىلگىرىلەۋاتقان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ
ئاتا قىلالايتتى. شۇنداق بولغاچقىلا ئادەم ئۇسسۇزلۇقتا، ھارغىن-
لىقتا چىداپ چەكسىز قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلەيتتى ۋە ئۆزىنى
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايتتى. بۇ سەۋەبى قىزنى يەنە مۇشۇن-
داق ئۈمىدلەندۈرۈپ ياشاتقۇزۇش كېرەك.

— شىنيۈ، — دېدى لۇ دوختۇر قىزنىڭ بىلىكىدىن ئاستا
قولتۇقلاپ مېڭىۋېتىپ، — سىز ھەقىقەتەن باتۇر قىز. بايا ئوپې-
راتسىيىنى تەلەپ قىلدىڭىز، ناھايىتى ياخشى، مەن ئوپېراتسىيىنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن، ھازىر
ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ياخشى ۋاقتى ئەمەس...

— نېمىشقا؟ — شىنيۈ ئىككىلىنىش ئىچىدە قەدىمىنى
توختاتتى، — سىز باھار كەلگەندە ئوپېراتسىيە قىلىمىز دېگەن-
دىڭىز، مانا، باھارمۇ كەلدىغۇ!

— توغرا، باھار كەلدى... — لۇ دوختۇر ئازراق ئويلى-
نىۋېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى ۋە ئامالسىز

ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمما، سىز مېنىڭ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز. ئوپېراتسىيەنى رېماتىزم سەللىمازا ساقىيىپ يېرىم يىلدىن كېيىنلا قىلىنىشقا بولىدۇ. لېكىن، ئارىلىقتا سىزدىكى رېماتىزم نەچچە قېتىم قوزغالدى. شۇڭا ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز...

— يەنە قاچانغىچە؟ — شىنيۈ گاڭگىراپلا قالدى، — مەن 9 - ئايدا مەكتەپكە قايتىپ بېرىشىم كېرەك. سىز...

— ئۇنىڭغا دەخلىسى بولمايدۇ، — دېدى لۇ دوختۇر قىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ، — بىر دوختۇر پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى پۈرسەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. لېكىن، كېسىلىڭىزنىڭ يەنە قوزغىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىزگە ماسلىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. مەن ئوپېراتسىيىنى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن مۇۋاپىق بىر پەيتكە توغرىلايمەن. كۆزدە، مەكتەپكە قايتىپ بېرىشىڭىزدىن ئاۋۋال... ئوپېراتسىيىنى قىلىشقا ئۈلگۈرۈپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. بىز يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈش ئۈچۈن تەڭ تىرىشايلى.

لۇ دوختۇر شىنيۈنى قولتۇقلىغىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئالدىدا ئېزىتقۇ دۇنيا بولسىمۇ كەينىگە چېكىنمەيتتى، كاللىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتاتتى، لېكىن شىنيۈ بۇلارنى بىلمەيتتى. ئۆزى ئۈمىدلەنگەن ۋاقىت كەينىگە سۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا قىزغىنلىق، سەۋرچانلىق بىلەن ئاشۇ ئۈمىد تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتاتتى.

— لۇ دوختۇر، — دېدى شىنيۈ، — ئەمىسە ئوپېراتسىيىگە خېلى ۋاقىت بولغاندىكىن، ئۆيگە قايتىپ كەلسەممۇ بولار؟ ھازىر ھاۋا ئىسسىپ قالدى. رېماتىزممۇ ئۇنداق تېز قوزغالمايدۇ. مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى چوقۇم ئاڭلايمەن...

— يەنە دوختۇرخانىدىن چىققۇڭىز كېلىۋېتىپتۇ - دە؟ — دېدى لۇ دوختۇر ئويلىنىش بىلەن، — مەن ئاۋۋال ئويلىشىپ باقاي.

ئۈچ كۈندىن كېيىن شىنيۈ دېگەندەكلا دوختۇرخانىدىن چىقتى. دادىسى، ئاكىسى، يەڭگىسى ئۇنى ئالغىلى كېلىپ لۇ دوختۇرنىڭ جېكىلەشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

چۇ يەنچاۋ لۇ دوختۇر بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشقانىدى. بۇ قېتىم ئۇ خەن زىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلمايلا ماشىنىغا چىقىپ شىنيۈنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئالدىدىكى قېرى تۇخۇمەك دەرىخى شىنيۈنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالغاندەك ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەنىدى، ئەتراپتىن خۇشبۇي ھىد كېلىپ تۇراتتى.

شىنيۈ ئۆيىگە كىرىپلا برازىلىيە گۈلىنى بالكونغا، كىچىك پاتېفوننى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

ئىلگىرىكى سورۇقچىلىقلار ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئىچى يەنە خۇشاللۇققا چۆمدى. خەن خانىم خۇشال ھالدا چۇ يەنچاۋغا چاي سۇندى. خەن زىچى مىننەتدارلىق، ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. چېن شۇيەن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا شىنيۈنىڭ غەربىي ھۇجرىدىكى نەرسىلىرىنى رەتلىشىگە ياردەم بەردى. ھەتتا تيەنشىڭنىڭ چىرايىدىمۇ كەم كۆرۈلىدىغان كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتكەنىدى.

— ھاما، بۈگۈن چۇ مۇئەللىم تاماق يەپ ماڭىدۇ جۇمۇ! — شىنيۈ ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ خۇشال توۋلىدى. ئۇنىڭ گېپىنى ھەممەيلەن ئاڭلىدى.

بۈگۈن ۋاقىت قىس بولغاچقا، ئالدىراپلا ئاددىي بىر ۋاخ تاماق ئېتىلدى. لېكىن، شىنيۈنىڭ نەزەرىدە بۇ نى - نى ئېسىل

تائاملاردىن قېلىشمايتتى، سەۋەبى، چۇ يەنچاۋ بۈگۈن ئۇنىڭ قېشىدا ئىدى، ئۇ ئاللىبۇرۇن بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىپ بولغانىدى.

تاماقتىن كېيىن چۇ يەنچاۋ ئالدىراپلا خوشلاشماي، غەربىي هۇجرىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇردى. ئۇ شىنيۆنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ خاتىرجەم كەتمەكچى ئىدى.

— بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن تاماق يەۋېتىپ ئازراق جىددىيلەشتىڭىز - هە؟ — سورىدى شىنيۆ تۆۋەن ئاۋازدا.

— جىددىيلەشتىممۇ؟ — چۇ يەنچاۋنىڭ ئازراق جىددىيلەشكىنى راست ئىدى. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيگە بۇرۇنقىدەك ئوقۇتقۇچىلىق سالاهىيىتى بىلەن كەلمەيتتى، ئەمدى خەن زىچى بىلەن خەن خانىم ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى «قېيناتىسى»، «قېينانىسى» بولۇپ قالغانىدى.

— قارىسام، هاۋا ئۇنچە ئىسسىق بولمىسىمۇ بىرنەچچە قېتىم تەرىڭىزنى سۈرتتىڭىز، — دېدى شىنيۆ كۈلۈپ، — سىز بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە قاچان هەقىقىي ئەهۋالنى ئېيتىسىز؟ خەقنىڭ قىزىنى ئېلىپ قېچىشتىن ئاۋۋال ئۆيدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەككۇ دەيمەن!

— ئېلىپ قېچىش؟ — دېدى چۇ يەنچاۋ قىزغا چوڭقۇر مۇهەببىتى بىلەن قاراپ، — ئاتا - ئانىڭىزمۇ سىزنى ماڭا ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن سىزنى ئېلىپ قېچىشقا هەددىممۇ؟ كېيىن... بىزمۇ ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىمىز. سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز مېنىڭ ئاتا - ئانام ئەمەسمۇ؟

— هەئە... — شىنيۆ چۇ يەنچاۋنىڭ سەمىمىي نىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئەلۋەتتە، ئۇ چۇ يەنچاۋغا بۇ ئائىلىنىڭ ئۇ ئويلىغاندەك ئىجىل، ئىناق ئەمەسلىكىنى، دادىسى

بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدا، ئانىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا نامەلۇم بىر ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى دېيەلمەيتتى، ئۆز كۆڭلىدە چۇ يەنچاۋ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئائىلىسىدە ئۆز-گىرىش بولۇشىنى، يېگىتى ئارزۇ قىلغاندەك: «ئوقۇشماسلىقلار قايتا كۆرۈلمەيدىغان» ئائىلىدە ياشاشنى ئۈمىد قىلاتتى.

— بىراق. . . — دېدى چۇ يەنچاۋ، — مېنىڭچە، چوڭلار-غا بۇ ئىشنى ئاشكارىلاشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. مەن يەنىلا. . . — چۇ يەنچاۋ خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ قويدى، — ئۇلارنىڭ ئالدىدا «كۈيئوغۇل» نىڭ رولىنى ئەمەس، «ئوقۇتقۇچى» نىڭ رولىنى ئالاي، ھازىرچە شۇنداق بولۇپ تۇرسۇن، قانداق دېدىم؟

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى شىنيۈ تاتلىققىنا كۈلۈپ، — كېيىن. . . مەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چاغدا ئېيتارمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. شىنيۈنىڭ «مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان» چاغلىرىمۇ بولار-مۇ؟

شىنيۈ بارمىقىنى پۈكۈپ ئالدىدىكى كۈنلەرنى ھېسابلاشقا باشلىدى:

— يەنە بەش يىل بار ئىكەن. مەن بۇ يىل يازدا ئون توققۇز ياشقا كىرىمەن، مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان چاغدا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگۈدەكمەن. لېكىن، سىزمۇ بەش يىل ساقلايدى-غان بولدىڭىز - دە. ئۇ چاغدا ئوتتۇز ياشتىن ئاشىسىز. بەك ئۇزۇن ساقلاپ كېتەرسىزمۇ؟

— ياق، — دېدى چۇ يەنچاۋ پىچىرلاپ، كۆزلىرىدە كۈچ-لۈك ئىشەنچ نۇرلىرى چاقنىغان ھالدا، — مەن ساقلىيالايمەن. بەش يىل ۋاقىت دېگەن نېمىتى؟ ئون يىل، يىگىرمە يىل ساقلايدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلى. . . مەن سىزگە پۈتكۈل ھايا-تىمنى تاپشۇردۇم. بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، بىرگە ياشايمىز!

شىنيۈنىڭ ئەمدى بىرەر گەپ قىلىشى ئارتۇقچە ئىدى. قىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى خىرۇستالدىن، ئالماستىن پۈتۈلگەن، خىرۇستالدەك سۈزۈك، ئالماستەك بەردەم يۈرەك ئىدى. مانا، ئاشۇ يۈرەك شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھازىر دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەختلىك!... شىنيۈ چۇ يەنچاۋ سوۋغا قىلغان كىچىك پاتېفوننى قويدى.

پلاستىنكا ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. شىنيۈ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ پلاستىنكىنى خاتا قويدىمۇ قانداق، ھايال ئۆتمەي پاتېفوندىن «لياڭ شەنبو جۇ يىڭتەي» ئەمەس، ئىنگلىز تىلى ئاڭلاش مەشقى ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەن «ئىزوپ مەسەللىرى» دىكى «ئېغىر كۈنلەردە قەدىناس دوست بىلەن ئۇچرىشىش» دېگەن مەسەل ئاڭلاندى:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئىككى دوست بولغانىكەن...

شىنيۈ پلاستىنكىنى ئالماشتۇرماي جىممىدە ئاڭلاۋەردى.

ئىنگلىزچە ئوقۇلغان دېكلاماتسىيە غەربىي ھۆجرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىدىن چىقىپ قورۇدا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دېكلاماتسىيىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغانلاردىن ئۇ ئىككىسىدىن باشقا يەنە دەردلىك ھېسسىياتى يېڭىلا خۇشاللىققا ئالماشقان خەن زىچىمۇ بار ئىدى.

يەتتىنچى ئاينىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شىنيۈ ئون توققۇز ياشقا كىردى.

چۇ يەنچاۋ مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شاڭخەيگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن كەتكەن بولغاچقا، شىنيۈنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ كېلەلمىدى. چۇ يەنچاۋ ئاسسىستېنت بولسىمۇ، مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ئۇنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دەپ قارىغانىدى. ھازىر مەۋسۇم ئاخىرى بولغـ

نى، ئوقۇغۇچىلار جىددىي ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقىنى
ئۈچۈن ئۇمۇ خاتىرجەم ھالدا بۇ خىزمەتكە چىقالىدى. بۇنداق
بولغاندا، فاكۇلتېت مەۋسۇملۇك ئىمتىھانىنىڭ سوئالىنى چىقى-
رىش ۋەزىپىسىنى باشقا ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇراتتى. ئۆزى يوق
ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش بىر
ھېسابتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىگە بولغان بىر قېتىملىق
سىناق ئىدى. شاڭخەيگە مېڭىش ئالدىدا ئۇ شىنيۆگە: «مەن
ئۇزۇنغا قالماي كېلىمەن، مېنى كۈتۈڭ. بۇ قېتىمقى ئايرىلى-
شىمىز ۋاقىتلىق. ئۆزىڭىزگە كۆپرەك دىققەت قىلىڭ. ۋاقىتىدا
دورا يەڭ، ۋاقىتىدا دەم ئېلىڭ، ئايرىلىش دېگەن ئوي كاللىڭىزغا
كەلمىسۇن. تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلىيەلمەيدىغان بولدۇم.
مېنى كەچۈرۈڭ. لېكىن، مەن شاڭخەي ئاسمىنىدىمۇ ھىلال
ئاينى[1] كۆرەلەيمەن؛ ئانام بىلەن ئاچامنى بەختىمگە تەڭ ئورتاقلا-
شتۇرىمەن. شىنيۆ، كېلەر يىلى بىز بىرلا ۋاقىتتا ئىككىمىز-
نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيلى!» دېگەنىدى.
چۇ يەنچاۋ كەتتى، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى قالدۇرۇپ، شىنيۆ-
نىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كەتتى.
قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە
شىنيۆنىڭ ئۆيىگە كەمدىن - كەم كېلىدىغان ئىككى مېھمان —
جېڭ شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ قەدەم تەشرىپ قىلدى.
— رەھمەت سىلەرگە، تۇغۇلغان كۈنۈم ئېسىڭلاردا بار
ئىكەن! — شىنيۆ ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلان-
دى.
— قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالايلى؟ — دېدى خۇشپېيلىق لۇ
شيۇجۇ. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقا، شىنيۆگە ئۇ ئىلگىرى-
كىدىن ئېگىزلەپ كەتكەندەك، چاڭجياڭ ۋادىسى تەلەپپۇزىدا

① شىنيۆنىڭ ئىسمى خەنزۇچە «ھىلال ئاي» دېگەن مەنىدە.

سۆزلەشتىن ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە ئۆتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ــ سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىشىم ئۈچۈن قىلغان ياردىمىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. ھېلىمۇ ياخشى رۇس تىلىدىن ئىنگلىز تىلىغا ۋاقتىدا ئۆتۈۋاپتىكەنمەن. ھازىر رۇس تىلىغا تىلىم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

شىنيۆ كۈلۈپ قويدى. تاماق يېيىلىپ بولۇنغاچقا، شىنيۆ ئۇلارنى چاي بىلەن كۈتۈۋالدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستلار چاي ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

لۇ شيۇجۇ دېرىزىدىكى ياپپېشىل برازىلىيە گۈلىگە قاراۋېتىپ دېدى:

ــ پاھ، چۇ مۇئەللىمنىڭ بۇ گۈلى قېشىڭىزدا تېز چوڭ بولۇۋېتىپتۇ. «تەسكەيدىكى گۈل باھارنى بالدۇر كۈتۈۋالىدۇ» دېگەن راستتە! ئەمدى مۇئەللىمىمىزنىڭ ياتىقىدا گۈلمۇ قالماپتۇ. ھېچقىسى يوق، ئۇنىڭ ياتىقى «سۇغا يېقىن راۋاق»تا بولغاچقا، «ئاي نۇرى بالدۇر سېپىلىدۇ» ئەمەسمۇ!

بۇ گەپ نامىسىز كۆل بويىدىكى بېيجەيىنى سۇرەتلەش ئۈچۈن تۇزلا ئېيتىلغان بولسىمۇ شىنيۆگە باشقىچە مەنىسى باردەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كېتىپ، بايىقى گەپنى چۈشەنمىگەن قىياپەتتە ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋالدى.

جېڭ شاۋجىڭ: «لۇشيۇجۇ ئۆزىنىڭ بىلىمىنى كۆز - كۆز قىلىشقا ئالدىراۋاتىدۇ، بۇ گەپنى نەدىن يادلىۋالغان بولغىيدىكىن؟ كەلمىگەن يەرگە زورلاپ ئىشلىتىپ نېمە قىلىدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋەردى.

لۇ شيۇجۇ يېزىق ئۈستىلىدىكى كىچىك پاتېفوننى سىلاپ قويۇپ يەنە قوشۇپ قويدى:

— ئۆگىنىش شارائىتىڭىز قالتىس ياخشىكەن جۇمۇ. بىزنىڭ پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاش دەرسىدە تەڭ ئىشلىتىدىغان بىرلا ئەبجەق پاتېفونىمىز بار، دەرستىن كېيىن ئوغۇللاردىن ئاشمايدۇ. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز بىزنىڭكىدىن ياخشىكەن.

بىر خىل بەخت، ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى شىنيۆنىڭ يۈرىكىگە تاراپ كەتتى، لېكىن بۇنىمۇ چۇ مۇئەللىمنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى ئېيتىشقا تىلى بارمىدى.

— مەنمۇ ئاڭلاش قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرمىسەم بولمايدۇ-دە! — دېدى شىنيۆ كۈلۈپ.

شۇ ئارىدا بىر موتسىكلىت غارقىرىغان پېتى كېلىپ «بىلىمدان» قەسىرىنىڭ ئالدىدا توختىدى، ھايال ئۆتمەي پوچتىكەشنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خەن شىنيۆنىڭ تېلېگراممىسى، چىقىپ ئېلىۋېلىڭلار!

خەي ھاما ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ھولۇققان ھالدا دېدى:

— شىنيۆ، قاراپ باققىنا، كىمدىن تېلېگرامما كەلدىكىن؟

بۇ گەپ بىلەن تەڭ پۈتۈن قورۇدىكىلەر پېتىراپ كەتتى. ئادەتتە ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا تېلېگرامما ئىشلىتىلەتتى. قورقۇنچتىن خەن زىچىننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى:

— تېلېگرامما؟ نەدىن كەلگەن تېلېگراممىدۇ؟

خەن زىچىننىڭ خىيالىدىن: «بىزنىڭ سىرتتا بىرەر تۇغقىنىمىزمۇ يوق ئىدى، بۇ زادى. . .» دېگەن ئوي كېزىۋاتاتتى.

تيەنشىڭمۇ ئالدىراپ يۈگۈرۈپ چىقتى:

— شىنيۆ، جىددىيلەشمە، نېمىلا ئىش بولسا مەيلى، ھەرگىز جىددىيلەشمە!

شىنيۆ ئەجەبسىنىش ئىچىدە تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىپ ئالدىراپ ئاچتى. تېلېگراما شاڭخەيدىن كەلگەن بولۇپ، ئىچىدە: «دېڭىزدا توغۇلسا تولۇن ئاي بۇ دەم، جاھاننىڭ ئۇ چېتى چۆمەر خۇشلۇققا — چۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

— چۇ مۇئەللىم مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەپ تېلېگراما ئەۋەتىپتۇ، — شىنيۆنىڭ تېلېگراما تۇتقان قوللىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر شۇندىلا يېنىك تىن ئالدى.

شىنيۆ خۇشال ھالدا ئىچكىرىگە مېڭىشىغا لۇ شيۇجۇ ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېگراممىنى تارتىۋېلىپ غەربىي ھۇجرىغا قايتۇرۇپ چىقتى ۋە چىراغ يورۇقىدا خەتكە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. چۇ يەنچاۋ تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن ئالغان بۇ ئىككى مىسرا شېئىر خۇددى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆتكەن جاڭ جيۇلىڭ بۇگۈنكى كۈن ئۇچۇنلا يازغاندەك يېڭىچە مەنىگە ئىگە بولغانىدى.

— چۇ مۇئەللىم. . . — لۇ شيۇجۇ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى، — ئۇنىڭ كۆڭلى نىمانداق ياخشى - ھە!

— چۇ مۇئەللىم؟ — بىر چەتتە ئولتۇرغان جىڭ شاۋجىڭ تېلېگراممىغا قاراۋېتىپ، ئۇ ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

ئاددىي بىر پارچە تېلېگراما شىنيۆنىڭ ئىككى ساۋاقدىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ خىيال دۇنياسىغا غەرق قىلدى.

خىجىللىقتىن يۈزلىرى ئوت بولۇپ يانغان شىنيۆ بىر چەتتە بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— دېڭىزدا تۇغۇلسا تولۇن ئاي بۇ دەم، جاھاننىڭ ئۇ چېتى چۆمەر خۇشلۇققا. . . — لۇ شيۇجۇ بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى قايتا - قايتا ئوقۇۋېتىپ غەيرىي بىر نەزەردە شىنيۆگە قاراپ قويدى، — ھە. . . مەن نېمانداق دۆت - ھە، شيې چيۇ-

سى سىزگە نېمىشقا شۇنچە كۆنداشلىق قىلىدىكىن دېسەم، ئەس-لى مۇنداق ئىشكەن - دە!

— شيې چيۇسى؟ — جېڭ شاۋجېڭ هەيران قالدى. ئاغ-زى ئىتتىك لۇ شيۇجۇنىڭ يېنىدا يوق ئادەمنىڭ ئىسمىنى تۇيۇقسىز تىلغا ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭ خىيالىدىن بۇرۇنقىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئويلار كېزىپ ئۆتتى: ئەسلى ئىش مۇنداقكەن - دە! چۇ مۇئەللىمنى تارقالغان «پىتنە - پاسات» قا نېمىشقا سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىكىن دېسەم، ئەسلى كۆڭلى شيې چيۇسىدا ئەمەس، خەن شىنيۆدە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇنى خىيالىغا كەل-تۈرمىگەندۇ؟ چۇ مۇئەللىم شىنيۆگە شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدى-كەن، شىنيۆنى ئۇقۇشتىن توختىغاندىن كېيىنمۇ ئەسلەپ تۇ-رۇپتۇ. هەي، چۇ مۇئەللىم، سىزنىزە، شۇنچە كۆيۈپ - پى-شىپ ياردەملەرنى قىلىۋاتسام، يەنە نېمىشقا. . .

لۇ شيۇجۇ جېڭ شاۋجېڭنىڭ روھىي هالىتىدىكى ئۆزگى-رىشنى سەزمىدى. دېمىسىمۇ، ئۇزۇن ۋاقىت «سىياسىي خىز-مەت» ئىشلىگەن بۇ سىنىپ باشلىقىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاش - ئويلىماسلىقى ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. شيې چيۇسىنى دې-گەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان لۇ شيۇجۇ بۇ قېتىم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ تازا خۇش بولدى:

— ئەمدى ئۇ مېنىڭ كۆڭلىگىنى بىلەلمۇ بىكار، مۇھەببەت ئىشىدا زورلاش ئاقمايدۇ. كىمگە مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك بولسا شۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇش كېرەك! هەي، نېمىشقا باشتا سەزمىگەن بولغىيدىم، خاملىت ئوپېلىيانىلا ياخشى كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ monitor، سىزمۇ خەۋەرسىز يۈرۈپتىكەنسىز - دە؟

جېڭ شاۋجېڭنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرگىنىنى ئې-تىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ ئادەتتە لۇ شيۇجۇغا ئوخشاش بىر ئىشلارغا ئوڭاي هەيران قېلىپ كەتمەيتتى، ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى بۇرۇنلا بىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش

www.uyghurkitap.com

مەقسىتىدە:

— مەن ئالللىبۇرۇن سەزگەن، رېژىسسورنىڭ كۆزىدىن كىم قېچىپ قۇتۇلالايتتى، — دەپ قويدى.

ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شىنيۈ يۈزى ئوت بولۇپ يانغان هالدا: «راست قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

جېڭ شاۋجېڭ ئۆزىنىڭ رېژىسسورلۇق ئۇچۇن سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ ئاچچىق خورسىندى:

— هەي، بىر ئوبدان ئويۇننى بىكاردىن - بىكار قويالمىدۇقتە...

— بولمىسا تەييارلىقىمىز پۈتكەنىدى، ئاخىر ئويۇنىمىز بىر باشقا چىقمىدى. هەممىگە خەن شىنيۈ سەۋەبچى.

— مەن؟ — شىنيۈ ئۆزىنى ئاقلىدى، — مەن قەستەن ئۆزۈمنى قاچۇرغىنىم يوق، يەنە شۇ... — شىنيۈ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە كېسىلىنى تىلغا ئالغۇسى يوق ئىدى.

لېكىن، شىنيۈ گەپىنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ زىل تېمىدىن يەنىلا قۇتۇلالمىدى. ئاغزى ئىتتىك لۇ شيۇجۇ ئالدىراپ سورىدى:

— شىنيۈ، هازىر كېسىلىڭىز قانداقراق؟

— يېقىندا بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرتتۇم، هەر هالدا خېلى ياخشى...

— يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە قايتالامسىز؟ — جېڭ شاۋجېڭ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئەسكە ئالغاچ كۆيۈنۈش بىلەن سورىدى، — ياتاقتىكى ئورنىڭىزنى ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. فاكۇلتېتتىن بىرىنچى يىللىقنىڭ بىر يېڭى ئوقۇغۇچىسىنى سەپلىمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ئۇنىمىدىم. سىزگە تەۋە ئورۇنغا باشقىلار كىرىۋالسا بول-

مايدۇ - دە! — ئۇ بىر ۋاقىتتا ئوقۇشقا كىرگەن ساۋاقداشلىرىغا يەنىلا شۇنداق كۆيۈنەتتى.

— ھەممىمىز سىزنى كۈتۈۋاتىمىز! — لۇ شيۇجۇ ئالدىراپ گەپ ئارىلىدى، — يازلىق تەتىلدىن كېيىن ئۈچىنچى يىللىققا چىقىمىز. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ جۇمۇ!

— مەن... — شىنيۆ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ دېدى، — دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام بولمايدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن...

— ئوپېراتسىيىنى قاچان قىلىدىكەن؟ ئەتىيازدا قىلىمىز دەپ يازغىچە سۈردى، ئەمدى يەنە قاچانغىچە سۈرىدىكەن؟ يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە كىرىمەن دېسىڭىز تەس جۇمۇ! — لۇ شيۇجۇ خۇددى ئۇنىڭ ئەتىلا ئوپېراتسىيەخانىغا كىرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى.

— مەن سىلەردىن بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن! — شىنيۆ خورسىنىپ قويۇپ دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئوپېراتسىيىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەر قېتىم تەكشۈرتۈشكە بارغاندا لۇ دوختۇر ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ «پۇرسەت» پىشىپ يېتىلگۈچە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتاتتى... بىردىنلا شىنيۆنىڭ خىيالىدىن: «لۇ دوختۇر مېنى ئالداۋاتمايدىغاندۇ - ھە؟ ئەگەر لۇ شيۇجۇ ئېيتقاندەك ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى كەينىگە مەقسەتلىك سۈرۈۋەرسە، مېنىڭ ئۈمىدىم كۆپۈككە ئايلىنىدۇ!» دېگەن ئوي كەچتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچقاچان ھازىرقىدەك يېرىم بولۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئىككى تامچە ياش كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز سىرغىپ چۈشتى. ئۇ يېلىنغاندەك جېڭ شاۋجېڭنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئاراڭلاردىن قېپقېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن...

— خەن شىنيۆ، يىغلىماڭ! — لۇ شيۇجۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق دەۋېتىپ ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى.

جېك شاۋجېك شىنيۈنى يۆلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ساۋاقداش شىنيۈ، بۇنداق قىلماڭ! دوختۇرنىڭ كېسىلىڭىزنى داۋالىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ، ئالدىراپ كەتمەڭ. باشقا چۈشكەن كېسەلگە سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك... داۋالىنىشتىن باشقا ئىشلارنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەڭ. ھازىر قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ سىرتنىڭ دەخلىسىگە ھەرگىز ئۇچرىماسلىقىڭىز كېرەك. گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

شىنيۈ ئۈندىمىدى. ئۇ بۇنچىلىك گەپنى ئەلۋەتتە چۈشىنەلەيتتى.

— ھە، — لۇ شيۇجۇ بۇ گەپنى چۈشىنەلمىگەندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، — بۇ گەپچە بىزمۇ، چۇ مۇئەللىممۇ ئۇنىڭغا دەخلى قىلىۋېتىپتىمىز - دە؟

جېك شاۋجېك بۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدى.

— ئەمدى خوشلىشايلى، — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويدى، — چۇ مۇئەللىممۇ بەك ئالدىراش، ئۇنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر...

ئۆينىڭ ئىچىنى بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلىدى، شىنيۈنىڭ كۆڭلى بىردىنلا پاراكەندە بولۇپ قالدى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، خەي ھامما دەرۋازىنى تاقاپ كىرىپ، ئۇنى بالدۇرراق ئۇخلاشقا دەۋەت قىلدى:

— قارا، بۇ قىزلارنىڭ قىلغان قىلىقىنى، يا گېپى تۈگىمەيدۇ. سېنى چارچىتىپ قويارمىكىن دەپ خويمۇ ئەنسىردىم!

— ھە... — شىنيۈ ئارتۇق گەپ قىلماي سۇس ئاي نۇرىدا ئارقىغا ياندى.

دادىسىنىڭ ياتقىنىڭ چىرىغى يېنىق تۇراتتى. شىنيۈ بىردەم پاراڭلىشىپ چىقىش ئويىدا دادىسىنىڭ ياتقى تەرەپكە ماڭ-

دى. چۇ مۇئەللىم يېنىدا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ كۆڭلىدە يىغلىۋېلىپ قالغان گەپلىرىنى پەقەت دادىسىغىلا دېيەلەيتتى.
شىنيۈ ئىشىكنى چەكتى:
— دادا!
دادىسىدىن جاۋاب كەلمەي، شەرقىي ھۇجرىدىن ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— شىنيۈمۇ سەن؟ داداڭ سۇخانىدا يۇيۇنۇۋاتىدۇ، نېمە گېپىڭ بولسا ئەته دېگىن، ئۇ بۈگۈن ھېرىپ كەتتى. سەنمۇ كىرىپ ئۇخلا. كېسەل ئادەم ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلمىدىغان، تۈنەيدىغان ئىشنى قىلما جۇمۇ. شۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ ئادەمنى جورىتىپ...
— ئانا، مانا ماڭدىم، — شىنيۈ جاۋاب بەرگەچ قايتىشقا تەمشىلىۋېتىپ دادىسى ياتقان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. دادىسى راستتىنلا ياتىقىدا يوق ئىدى. ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا، ئېچىپ قويۇلغان كىتابىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان دادىسىنىڭ قاشتېشى كۆزۈشتە ئىشلىتىدىغان لوپا ئەينەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
شىنيۈنىڭ ئىختىيارسىز دادىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى: شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ كېچىسى كىتاب كۆرۈپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ دادىسىنى يۇيۇنۇپ كىرىپلا ئۇخلىۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قولىنى ئۈستەل چىرىغىغا ئۇزاتتى، ئەمما چىراغنى دەرھال ئۆچۈرمەي، ئادىتى بويىچە ھېلىقى قېلىن كىتابنى قولىغا ئېلىپ مۇقاۋىسىغا قارىدى.
مۇقاۋىدا چوڭ يېزىلغان: «ئىچكى كېسەللەر ئومۇمىي نەزەرىيىسى» دېگەن خەتلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
شىنيۈ دادىسىنىڭ كېچە - كۈندۈز لوپا ئەينەك بىلەن مۇشەققەت ئىچىدە كىتاب كۆرۈشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ دادىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى،

www.uyghurkitap.com

دادىسى كىرسە بىرەر ئېغىز رەھمەت دەپ قويۇش ئۈيىدا ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. خىيالىغا: «دادام بۇ كىتابنى قاچان ئالغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ بۇ كىتابنى كۆرگىنىنى ياكى بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىنىنى ئەجەب ئاڭلىماپتىمىنا؟» دېگەن ئوي كەچتى.

ئادەتتە تېببىي كىتابلار بىمارلار ئۈچۈن ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، شۇ تاپتا شىنيۆگىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ: «كېسەللىك ئەھۋالىمنى چۈشىنىشىمگە پايدىسى بولۇپ قالار» دېگەن مەقسەتتە كىتابقا كۆز يۈگۈرتتى.

دادىسىنىڭ كىتابنى قاتلاپ قويغان بېتىدە چوڭ خەتلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

بۇ دەل شىنيۆ ئۆزۈندىن بېرى كۈتۈۋاتقان، بىلىشكە ئالدىراۋاتقان ئىش ئىدى. ئۇ كېيىنكى قۇرلارغا داۋاملىق كۆز يۈگۈرتتى. دادىسى «ماس كېلىدىغان كېسەللىك» دېگەن كىچىك تېما ئاستىدىكى «رېماتىزم خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى، تاق يوللۇق ئىككى كلاپان تارىيىش ياكى يېنىك دەرىجىدىكى ئىككى قاناتلىق كلاپان ئېتىلىپ قېلىش، رېماتىزم پائالىيىتىنىڭ ەختىغىنىغا ئاز دېگەندە ئالتە ئاي بولۇش» دېگەن خەتلەرنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىپ قويغان، «يېنىك دەرىجىدە» دېگەننى چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىپ قويغانىدى.

شىنيۆ ھەممىنى چۈشەندى. كىتابتا ئېيتىلغىنى لۇ دوختۇرنىڭ دېگەن گەپلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتاتتى. بۇ گەپچە ئۇنىڭ كېسىلى «ماس كېلىدىغان كېسەللىك»لەرنىڭ دائىرىسىدە ئىكەن، ئوپېراتسىيە قىلسا بولىدىكەن. ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. شىنيۆ بەتنىڭ ئاستىغا داۋاملىق كۆز يۈگۈرتتى. «ماس كەلمەيدىغان كېسەللىكلەر» دېگەن كىچىك تېما ئاستىدىكى: «يۈرەك كلاپانلىرى تارىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ئارىسىدىكى كېسەلى ئوتتۇرا باسقۇچ-

تىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە ماس كەلمەيدۇ. . . » دېگەن خەتلەرگە قىزىل سىزىق سىزىلغان، ھەتتا «ئوتتۇرا باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەن» دېگەن سۆزنىڭ يېنىغا دادىسى بىر نەچچە قېتىم بەلگە ئۇرۇپ قويغانىدى.

دادىسى بۇ خەتلەرنىڭ ئاستىغا نېمىشقا سىزىپ قويدىكىنە؟ «يېنىك» تىن، «ئوتتۇرا باسقۇچ» قىچە، «ماس كېلىدىغان كېسەللىك بىلەن «ماس كەلمەيدىغان كېسەللىك» كىچە بولغان ئارىلىقنى سىزىپ قويۇشى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئەجەبا، ئوپېراتسىيىنى قىلغىلى بولمىسا ـ ھە؟ لۇ دوختۇرنىڭ ۋاقتىنى «سوزۇشى» ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ ئىزدىمەكچى بولغان جاۋاب مۇشۇ بولسا ـ ھە؟ شىنيۆ جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى.

گۈزەل چۈش بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆپۈككە ئايلاندى. شىنيۆ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى بىلەن بىللە كۆپۈككە ئايلانغاندەك، ئۆزىنى دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەك سەزدى.

ئۈمىدسىزلىك، گاڭگىراش ئىچىدە، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ياتىقىدا ئۆتكەن بىرنەچچە مىنۇت ۋاقتى بىر ئەسىردەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئويغاندى! قىزىق، ئۇنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ھېچقاچان ھازىرقىدەك ياخشى بولۇپ باقمىغانىدى. ئارىدا بىرنەچچە تام بولسىمۇ شىنيۆ سۇخانىدىكى سۇنىڭ شارىلداشلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ياق، ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىغىنى يوق، پەقەت ئاشۇ خىل ئاۋازنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەگەر دادىسى سۇخانىدىن چىقىپ قىزىنىڭ ئۆزى بەلگە ئۇرۇپ قويغان كىتابنى قولىغا ئېلىۋالغىنىنى كۆرسە قانداق بولۇپ قالار؟ شىنيۆ دادىسىنىڭ يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى داكا بىلەن تېڭىقلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. . . ياق، دادىسىنى يەنە ئەنسى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەتمەسلىك، بۇ يەردىن دەرھال كېتىش كېرەك!

شىنيۈ ئۈستەلگە تىرەجەپ تۇرۇپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى ۋە كىتابنى، لوپا ئەينەكنى ئەسلىدىكىدەك قويۇپ قويغاندىن كېيىن تام ياقىلاپ شەپە چىقارماي ئۆيدىن چىقتى، ئاستا قەدەملەر بىلەن ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ چىراغنى ئۆچۈرۈشكە ئاران ئۈلگۈرۈپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان ھىلال ئاي سۇس نۇرلىرىنى بۇ خىلۋەت قورۇغا سەپمەكتە ئىدى.

چۇ يەنچاۋ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، يەنيۈەنگە قايتماي ئۇدۇل شىنيۈنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۇنىڭغا ئىشىكنى خەي ھامما ئېچىپ بەردى.

— ھامما، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ — چۇ يەنچاۋ ئالدىدىكى بۇ مومايىنى شىنيۈگە ئوخشاشلا چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

— چۇ مۇئەللىم، شاڭخەيدىن قايتىپ كەپسىز-دە؟ — خەي ھامما يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە قاراپ توۋلىدى، — شىنيۈ، چۇ مۇئەللىم كەپتۇ.

خۇشلۇقتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان شىنيۈ ئالدى-كەينىگە قارىماي ھۇجرىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. چۇ يەنچاۋ بېيجىڭدىن كەتكەندىن كېيىنكى ئون بەش كۈن ئۇنىڭغا بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. زارىقىپ كۈتكەن ئادەمى ئاخىر قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ يىگىتىگە دەيدىغان گەپلىرى بەك جىق! لېكىن، تەشۋىشلىك بىر خىيالنىڭ كاللىسىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈشى بىلەن شىنيۈنىڭ قەدىمى توختاپ قالدى. ياق، ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق! ئۇزۇن سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئادەمگە ئاراملىق بېرىش كېرەك. شىنيۈ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، ھاياجىنىنى، كۆڭلىدىكى ھەسرەت-

لىرىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. ئۇ شۇ تاپتا پەقەت تىنچلىق-
نى، ئۆزىنىڭ ھەم چۇ يەنچاۋنىڭ ئارامىنىڭ بۇزۇلماسلىقىنىلا
كۈتەتتى. ئايۋان ئاستىدا توختاپ قالغان شىنيۈ ئاخىر قەدىمىنى
يۆتكىدى. چۇ يەنچاۋ دەرۋازىدىن كىرىپ بولغانىدى. ئۇ قارىدى-
غان، ئوبدانلا جۇدىگەن، چىرايىدىن سەپەر ھارغىنلىقى چىقىپ
تۇراتتى، قولىدا سۇنئىي خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئاددىي بىر
سومكا بار ئىدى. شىنيۈ چۇ يەنچاۋغا قاراپ ھېچنېمە دېيەلمى-
دى. يىغلىپ قالغان بارلىق يۈرەك سۆزلىرىنى ياش يۇقى
كۆزلىرى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.
— شىنيۈ، مەن قايتىپ كەلدىم! — چۇ يەنچاۋ يېنىك،
ئەمما ھېسسىياتلىق ئاۋازدا شۇنداق دېدى ۋە پەلەمپەيدىن ئالدى-
راپ قەدىمىنى ئېلىپ شىنيۈ تەرەپكە ماڭدى، — قان. . . قانداق-
راق تۇرۇۋاتىسىز؟
— يامان ئەمەس. ھەممە ئىشلار جايىدا، — شىنيۈ ئۆزدى-
نى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردى.
— ئەمىسە ياخشىغۇ. . . — يول بويى سۆيگەن قىزىدىن
ئەنسىرەپ كەلگەن چۇ يەنچاۋ شۇندىلا خاتىرجەم بولدى ۋە شىنيۈ-
نىڭ ئارقىسىدىن غەربىي ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى، ئىشىك تۈۋىگە
كەلگەندە بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ تۆر ئۆيگە قاراپ قويۇپ
دېدى، — ئۆيدىكىلەر ئوبدان تۇرغاندۇ؟ ئانام ئۇلارغا سالام
ئېيتتى.
— رەھمەت، — دېدى شىنيۈ، — ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى
يوق. دادامۇ، ئاكاممۇ، يەڭگەممۇ خىزمەتكە كەتتى. ئانام
مەسچىتكە جۇمە نامىزىنى ئوقۇغىلى كەتتى. جۇمە كۈنى مۇسۇل-
مانلار ئۈچۈن ئۇلۇغ كۈن ھېسابلىنىدۇ. ئۆيدە خەي ھاممام
بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق.
— ھە. . . — چۇ يەنچاۋ ھۇجرىغا كىرىپلا شىنيۈگە چوڭ-
قۇر مۇھەببەت بىلەن قارىدى، — شىنيۈ، ئورۇقلاپ قاپسىز.

www.uyghurkitap.com

كەيپىياتىڭىزمۇ تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. ياخشى دەم ئالالمىدىڭىزمۇ قانداق؟ مەندىن ئەنسىرىگەن ئوخشىمامسىز؟ — ئۇ يېنىك خورسىنىپ قويدى، — مېنىڭ كەتكىنىمگىمۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىدىغۇ. كۆڭلىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ. «جۇپ ۋۇجۇدنى قىينىسا ھىجران - پىراق، ۋىسال پەيتى كېلىدۇ قالماي ئۇزاق!» دەيدۇ ئەمەسمۇ!

شىنيۈ كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن ئادىمىگە ئۈنسىز تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ زادى نېمىدەپ جاۋاب بەرسە بولا؟ «ھەئە» دېسۇنمۇ؟ «ياق»مۇ؟

— چۇ مۇئەللىم، — دېدى شىنيۈ، — قارىغاندا سىز مەندىن ئەنسىرىگەن ئوخشايسىز. ئەمەلىيەتتە مەن يېقىندىن بېرى بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. . .

شۇ ئارىدا خەي ھامما بىر پىيالە چاي ئېلىپ كىردى:

— ۋاي - ۋۇي، بۇلارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ پاراڭلىشىپ كەتكىنىنى؟ چۇ مۇئەللىم، ئولتۇرۇڭ! بۇ قىزنىزە، مۇئەللىمىنى كۆرسىلا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ!

چۇ يەنچاۋ خىجىل بولۇپ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. خەي ھامما ئۇلارغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن دەرھال چىقىپ كەتتى.

چۇ يەنچاۋ سومكىسىنى ئېچىپ چوڭ - كىچىك بولاقلارغا ئورالغان يەل - يېمىش، ياڭاق، ئاپېلسىن، شاكىلات. . . دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە تىزدى.

— چۇ مۇئەللىم، سىز. . .

— بۇ نەرسىلەرنى مەن ئالمىدىم، ئانىمىز سىزگە ئەۋەتتى. سوۋغا ئاددىي بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى. گېپىڭىزنى قىلىپ بېرىۋېدىم، ئۇ سىزنى بۆلەكچە ياخشى كۆرۈپ قالدى. . .

شىنيۈنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. چۇ يەنچاۋ بۈگۈن «ئانام» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي «ئانىمىز» دەپ، ئۆز

ئانىسىنىڭ شىنيۈنىڭمۇ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. لې-
كىن، شىنيۈنىڭ راستتىنلا شۇنداق بىر ئانىسى بولارمۇ؟ ئاند-
سى دائىم ئاكىسى تيەنشىڭغا: «ھەربىر ئادەمنىڭ قوش دادىسى،
قوش ئانىسى بولىدۇ» دەيتتى. شىنيۈنىڭچۇ؟ ئۇنىڭمۇ بولارمۇ؟
— ئانىمىز قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگەندىن كېيىن
شاڭخەيگە بىللە قايتىپ چاغان ئۆتكۈزۈشىمىزنى تاپىلىدى.
چۇ يەنچاۋ بىلەن شاڭخەيگە بېرىپ چاغان ئۆتكۈزۈش تولىمۇ
كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. لېكىن، شىنيۈ ئەمدى بۇنداق شېرىن
خىياللارنى قىلالمايتتى، بىر قارا سايە ھەمىشە يۈرىكىنى قامال-
لاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇشتىن توختىغان، مەكتەپكە
قايتىپ بېرىشىدىن ئۈمىد قالمىغان ئوقۇغۇچىغا تەتىلنى نېمە
قويۇپتۇ؟ ئۇ ئەمدى باشقىلار تەتىلدىن ئالىدىغان ھۇزۇرنى ھېس
قىلالمايدۇ.
— مېنى بارالايدۇ دەمسىز؟ — دېدى شىنيۈ كۆزلىرى
ياشقا تولغان ھالدا، — سىز مېنىڭ كېسەل. . . ئىكەنلىكىمنى
ئېيتمىدىڭىزمۇ؟
— ئېيتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ سىزمۇ ھەمىشە كېسەل
بولۇۋەرمەيسىز - دە. ئۇ چاغقىچە ساقىيىپ كېتىسىز، چوقۇم
ساقىيىپ كېتىسىز. . . — چۇ يەنچاۋ قەلبى ئېغىر بىر ھەسرەت
ئىچىدە پۇچۇلىنىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى، قول-
ياغلىقىنى چىقىرىپ شىنيۈنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن ياش-
لارنى سۈرتتى، خىيالىدىن: «شىنيۈ، مېنى كەچۈرۈڭ، ئالدى-
ڭىزدا ھەمىشە راست سۆزلەيدىغان بىر ئادەم شۇ تاپتا سىزگە
پۈتۈنلەي يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ!» دېگەن ئوي ئۆتتى.
بۇ قېتىم شاڭخەيگە قايتقان چېغىدا، ئانىسى بىلەن ئاچىسى
چۇ يەنچاۋنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان «ئۆمۈرلۈك چوڭ
ئىش» نىڭ گېپىنى يەنە تىلغا ئېلىپ «لايىق تونۇشتۇرۇش» قا
ئالدىرىغان. چۇ يەنچاۋ ئاخىر شىنيۈ بىلەن بولغان ئىشلىرىنى

ئۇلارغا ئېيتقانىدى.
ئانىسىنىڭ سولغۇن چىرايىدا شۇ زامات تەبەسسۇم جىلۋى-
لەندى. ھەمىشە قايغۇ - ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى كەتمەيدىغان
كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى:

— ئۇھ، ئاخىر بۇ كۈنگە ئۇلىشىپتىمەن. ئوغلۇم، ئەمە-
دى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىغان بوپتۇ. دادىسى ھايات بولغان
بولسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى.

ئاچىسى شىنيۈنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.
چۇ يەنچاۋ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى.

— دادىسىنى دۆلەت خىزمەتچىسى دېگىن؟ ياخشى، ياخ-
شى! كېيىن بالاڭنىڭمۇ ئىستىقبالى بولغۇدەك! — ئاچىسى
بىردىنلا خاتىرجەمسىزلىنىپ قالدى، — ئۇ قىزغا دېدىڭمۇ؟
بىزنىڭ ئائىلىمىز...

— نېمىنى دەيتتىم؟ يا ئىككى ئائىلە «مۇھەببەت-
لەشمىسە»! — دېدى چۇ يەنچاۋ.

ئانىسى ئىشەنچ بىلەن گەپ ئارىلىدى:

— ئائىلىمىز ئۇنچە يامان ئائىلە ئەمەس، داداڭلارمۇ
ئەسكى ئادەم ئەمەس. يەنە تېخى... — ئانىسى نېمىشقىدۇر،
يەنە يىغلاشقا چۈشتى.

ئاچىسى شىنيۈنىڭ ئەھۋالىنى يەنە ئىنچىكىلەپ سورىدى:

— ئۇ قىز بۇ يىل نەچچىنچى يىللىقتا؟ قايسى يىلى
ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ؟

بۇ، چۇ يەنچاۋ جاۋاب بېرىشنى خالىمايدىغان سوئال ئىدى،
شۇنداقتىمۇ ئۇ يوشۇرماي ئۇلارغا شىنيۈنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ
بەردى.

— نېمە؟ يۈرەك كېسىلى بار ئادەمنى تاپتىم دېگىن؟ —
ئاچىسى ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ قالدى، — بىلەمسەن،
يۈرەك كېسىلى بار ئادەم بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ. توي

قىلغىنىڭ بىلەن بەربىر تۇغمايدۇ!

ئانىسىمۇ ھولۇققىنىچە ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى:

— سەن چۇ ئائىلىسىنىڭ ئاران بىر تاللا يىلتىزى، ھەرگىز بىخۇدلۇق قىلما جۇمۇ!

شۇنداق ئىناق، ئىجىل بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋە-تىدە دەز پەيدا بولدى. چۇ يەنچاۋنىڭ كۆيۈمچان ئانىسى، بىر تۇغقان ئاچىسى ئۇنى چۈشەنمىدى.

— جۇڭگولۇقلارنىڭ يىلتىزى ئۈزۈلمەيدۇ. مەن چۇ يەن-چاۋ بولمىغانغا جۇڭگولۇقلارنىڭ يىلتىزى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئىش يوق. بۇ يىلتىز بەك چوڭقۇر، بەك مۇستەھكەم، ئۈچ پادىشاھلىق، بەش سۇلالە دەۋرىدىن بۇگۈنگىچە ئۈزۈلمەي كەل-گەن، يەنە تالاي يىللارغىچە ئۈزۈلمەيدۇ!

چۇ يەنچاۋنىڭ ئانىسىغا تۇنجى قېتىم گەپ ياندۇرۇشى ئى-دى. ئۇنىڭ ئەسلى ئانىسىنىڭ دىلىنى ئاغرىتىش نىيىتى يوق ئىدى. لېكىن، ئانىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا غەلىتىلا ئاڭلاندى. ئېھ، جۇڭگو ئاياللىرى، تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ھارماي ئەۋلاد قالدۇرغان، ئەمما تارىخ بېتىدە ھېچقانداق ئورۇن تۇتالمىغان ئانىلار، سىلەر بۇ «يىلتىز» نى نەقەدەر سۆيە-سىلەر - ھە!

شۇ كۈنى چۇ يەنچاۋ ئۆيىدىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ شىنيۈگە تېلېگرامما سالدى.

چۇ يەنچاۋ شاڭخەيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، يەنە شۇ تۇگىمەس «ئىدىيىۋى دوكلات» يېزىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان ئاچىسى ئۇنى بورۇنقىدەك ئۇزىتىپ چىقالمىدى. ئانىسى ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سومكىسىغا سېلىپ قويدى، لېكىن يالۋۇرۇپ دېگۈدەك گەپ تاپىلاشنى ئۇنتۇمىدى:

— بالام، بېيجىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ قىز بىلەن ئامال قىلىپ ئايرىلىپ كەت. لېكىن، ئاستا - ئاستا

يىراقلاشقىن، كۆڭلىگە ئازار بەرمە!

. . .

بۇ گەپلەرنى چۇ يەنچاۋ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، ئۇنى شىنيۆگە ھەرگىز دېگىلى بولمايتتى. بىردىنبىر ئامال، ساختا «ئانا مۇھەببىتى» بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش، سەممىمىيىتى بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىنى داۋالاشتا قالغانىدى. شۇنداق بولغاندا شىنيۆنىڭ سالامەتلىكى بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشى، ھەممە ئىشلار ئويلىغىنىدەك بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

. . .

چۇ يەنچاۋنىڭ شىنيۆگە دەيدىغان گەپلىرى بەك جىق ئىدى. لېكىن، كۆڭ ئاللىبۇرۇن غەربكە قىيسايغان، ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە ئۇزۇن تۇرغۇدەك ۋاقتى قالمىغانىدى. ئۇ ئاخىر قىيالمىغان بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ماڭاي، قايتىپ بېرىپ رەھبەرلىككە خىزمىتىمدىن دوكلات قىلمىسام بولمايدۇ...

— مېڭىڭ، — دېدى شىنيۆ يەردىن ئۇستۇن قارىماي، — خىزمىتىڭىز شۇنداق ئالدىراشكەن، مېنى كۆندە يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ...

— ياق، ئەمدى ئالدىراشچىلىقمۇ تۈگىدى. پات ئارىدا تەتىل قىلىمىز. دەرسمۇ ئۆتمەيمىز، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئەتە قىلىدىغان ئىشىم يوق، چوقۇم كېلىمەن.

— ئەتە، ئەتە... — شىنيۆ شۇ بىر ئېغىز گەپنى تەكرارلىغىنىچە ئارتۇق گەپ قىلالماي چۇ يەنچاۋنى دەرۋازىدىن ئۇزىتىپ چىقتى.

— بولدى، كىرىپ كېتىڭ، شىنيۆ! — دېدى چۇ يەنچاۋ توختاپ.

— چۇ مۇئەللىم، سىزنى ئۇزىتىپ قوياي! — شىنيۆ

ۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مېڭىۋەردى.
ئۇلار خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىدىغاندەك خېلىغىچە بىل-
ـە ماڭدى، ئىلگىرى بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى.
چۇ يەنچاۋ يەنيۈەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوقۇغۇچى
ۇبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا كىردى. ئىشتىن چۈشۈشكە يىگىرمە
ىنۇتلا ۋاقىت قالغانىدى. ئۇ خىزمەتلەرنى ئېغىزچە ئاددىيلا
وكلات قىلغاندىن كېيىن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان خىزمەت
ـۇلاسىسىنى قالدۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ
ـورسىقى بەكلا ئاچقان، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغانىدى.
ـەمدى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تاماق يەۋالسا ھاردۇقى چىقىپ قالاتتى.
ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ ئاينىڭ يورۇقىدا بېيجەيگە قاراپ
ـاڭدى.
بۈگۈن ئاي شۇنداق چىرايلىق چىققانىدى. ئاسماننىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ سۈزۈك نۇر-
ـىرىنى يەنيۈەنگە سەپمەكتە ئىدى. نامسىز كۆل بويىدىكى سۆ-
ـگەت دەرەخلىرىنىڭ تاللىرى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەند-
ـدى، قاردەك ئاپئاق نىلۇپەر گۈللىرى ئەتراپقا خۇشبۇي ھىدىنى
ـاراتماقتا ئىدى. . . ئاي قاراڭغۇسىدا تاماشا قىلىپ كېتىۋاتقان
چۇ يەنچاۋ ئاجايىپ بىر مەستخۇشلۇق ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. شا-
راب ھەققىدە نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلارنى يازغان لى بەينى خىيا-
ـىغا كەلتۈردى. بەلكىم ئۇمۇ ھازىرقىدەك تولۇن ئاي مەنزىرى-
ـىسىدىن نۇرغۇن ئىلھام ۋە خۇشلۇقلارنى ئالغان، كۆڭلىنى ئا-
ۋۇندۇرغان بولغىيدى؟ شائىر نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!
نامسىز كۆلنىڭ ئاسمىنىدا تولۇن ئاي ئاستا كەزمەكتە
ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك مەنزىرىدىن ھۇزۇرلى-
ـنىپ باقمىغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى.
چۇ يەنچاۋ بېيجەيىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئىشىك
ئالدىدىكى تال - تال ئاي نۇرلىرى ئاستىدا بىر تونۇش گەۋدە

www.uyghurkitap.com

ئۇنى كۆتۈپ تۇراتتى.

— چۇ مۇئەللىم! — جېڭ شاۋجىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدىكى بىر مۇئەللىمدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ...

— ھەئە، قايتىپ كەلدىم! — ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، — ساۋاقداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىكى نەتىجىسى يامان ئەمەستۇ؟ مەن سىلەردىن ئەنسىرەپلا يۈردۈم.

— بىزمۇ سىزدىن ئەنسىرىدۇق، — دېدى جېڭ شاۋجىڭ، — دېگىنىزدا تۇغۇلسا تولۇن ئاي بۇ دەم، جاھاننىڭ ئۇ چېتى چۆمەر خۇشلۇققا!

چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— سىز... يېقىندىن بېرى خەن شىنيۈنى كۆرگەن ئوخشىمامسىز؟

— تۇغۇلغان كۈنىدە يوقلاپ بارغاندۇق. كوللېكتىپتىن ئايرىلغان ساۋاقدىشىمىزغا كۆڭۈل بۆلمىسەك بولامدۇ؟ — جېڭ شاۋجىڭ تېزلا جاۋاب بەردى. لېكىن تەنتەك لۇ شيۇجۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بارغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى.

— رەھمەت سىزگە، ساۋاقداش جېڭ شاۋجىڭ! — چۇ يەنچاۋ ئوقۇغۇچىسىنىڭ گېپىدىن تەسىرلىنىپ قالدى. شىنيۈنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى:

— بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى، ئانا مەكتىپىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە جېڭ شاۋجىڭ گەپنىڭ ئۇرغۇسىنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ ئېيتتى، — بۇ يالغۇز بىرلا ئادەمنىڭ ئىلتىپاتى ئەمەس.

بۇ گەپنىڭ ھېچقانداق ئوشۇق كەتكەن يېرى يوق ئىدى.

لېكىن، چۇ يەنچاۋنىڭ قۇلىقىغا باشقىچىلا ئاڭلاندى.

ھەش - پەش دېگۇچە ئاسماننىڭ ئۇ چېتىدىن سۇرۇلۇپ كەلگەن سۇررەڭ بۇلۇت ئاينىڭ يۇزىنى توسۇۋالدى. كۆل بويىدا بايىقى ئايدىڭ مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

— ساۋاقداش جېڭ شاۋجىڭ، — چۇ يەنچاۋ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پىچىرلىدى، — مەن. . . بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتىمەن.

— ئەلۋەتتە، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن مۇقەددەس، — ئۆلۈك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەر ئىككىيلەن ئۇدۇلدىكى پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزدىنلا قارشى تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايتتى، — ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمىز ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنى «دادا، ئانا» دەپ چاقىراتتى. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ خاتا ئەمەس. بىز ئوقۇتقۇچىلارنى ئاتا - ئانىمىزنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيمىز، سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، چۇ مۇئەللىم. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا تېخىمۇ بەك ئوخشىشى كېرەك. ھەربىر ئوقۇغۇچىغا شەخسىيەتسىز ھالدا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ھەرگىز شەخسىي مەنپەئەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. . .

قارا بۇلۇتلارنىڭ نەگىدۇر سۇرۇلۇپ كېتىشى بىلەن ئاسماندا تولۇن ئاي قايتا پەيدا بولدى. چۇ يەنچاۋنىڭ يۇزى ئاي نۇرىدا ئوچۇق كۆرۈنۇپ تۇراتتى.

— شەخسىي مەنپەئەت دەمسىز؟ — ئۇ ۋارقىراپ دېگۇدەك دېدى، — مەندە نېمە شەخسىي مەنپەئەت بولسۇن؟

— بۇنچە ھاياجانلىنىشىڭىز ھاجەتسىز، — دېدى جېڭ شاۋجىڭ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالمايۋاتاتتى، — ئۆتكەن يىلقى بىرقانچە

قېتىملىق سۆھبىتىمىزنى ئۈنتۇپ قالمىغانسىز، سىزنىڭ ئوقۇ-غۇچىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزگە ئەسكەرتىش بېرىپ قوياي: ئوقۇتقۇچى دېگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىگە دىققەت قىلىشى، گەپ - سۆزدە، ئىش - ھەرىكەتتە ناچار تەسىر بەرمەسلىكى كېرەك. بىراق سىزچۇ، ئۆزىڭىز توغرىسىدا بولۇۋا-غان شۇنچە مۇنازىرىلەرگە قىلچە پىسەنت قىلمىدىڭىز، قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن يوشۇرۇن مۇناسىۋەتتە بولغىنىڭىزنى پۈتۈن-لەي ئىنكار قىلدىڭىز. سىزنىڭ خەن شىنيۈ بىلەن مۇھەببەت-لەشكىنىڭىز پاكىت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنىڭ بولغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغان. چۇ مۇئەللىم، سىز چوپچوڭ ئادەم. شەخسىي ئىشلىرىڭىزنى ئۇنچىۋالا كوچىلاپ سوراپ كەتمىسەممۇ بولاتتى. سىز ھەرقانداق ئادەم بىلەن مۇھەببەتلەشسىڭىز بولىۋې-رىدىغۇ؟ چوقۇم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن لايىق ئىزدىشىڭىز كې-رەكمىدى؟ سىنىپ مۇدىرى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بىلەن مۇ-ھەببەتلەشسە ھە!

چۇ يەنچاۋ نامەلۇم بىر قول كېكىردىكىنى سىقىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئالدىدا ئۆزىگە نەسىھەت ئېيتىۋاتقان بۇ قىز ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. بىراق، ئۇ شۇنچە گەپدان بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي قالدى.

— بەلكىم، — جېڭ شاۋجىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئادەتتە تولىمۇ گەپدان قىز ئىدى. ئۇزۇن نۇتۇق تېكىستى تەييارلىۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي، ھېسسىيات-لىق سۆزلىيەلەيتتى. باشقىلارغا ئەسلا گەپ قىستۇرۇش پۇرسى-تى بەرمەيتتى، — بەلكىم سىلەر ئەرلەرنىڭ نەزەرىدە خەن شىن-يۈ گۈزەل، پەزىلەتلىك، ئېغىر - بېسىق، ئىقتىدارلىق قىز-دۇ. بۇ، ئەلۋەتتە خۇش بولۇشقا تېگىشلىك ئىش. لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماڭ، ئۇ بۇ يىل ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا كىر-

دى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈرەك كېسەللى بار. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن
كۈن ھېلىمۇ ئاز ئەمەس. سىز ھەتتا بىر بىمارنىمۇ چاڭگىلى-
ڭىزدىن قويۇپ بەرمىدىڭىز. سىزدىن سوراپ باقاي، بۇ خەلق
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كەسىپ ئەخلاقىغا، كوممۇنىستىك ئەخلاقىغا
ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشمۇ؟

— سىز... بەك قىتىغۇر، بەك قورقۇنچلۇق قىز ئى-
كەنسىز! — بۇ زەھەردەك ئەيىبلەشنى ئاڭلاپ، چۇ يەنچاۋ ئاخىر
ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى، — ساۋاقداش جېڭ شاۋجېڭ،
مەن گەرچە پارتىيە ئەزاسى بولمىساممۇ، ماركسىزمنى سىزچە-
لىك چۈشەنمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. پرولېتارىيات سىنىپى
ئادەمنى ھەرقانداق سىنىپتىن بەكرەك چۈشىنىدۇ، بەكرەك
ھۆرمەتلەيدۇ. نەدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىزنى، نەدىن تېرىۋال-
غانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيدىغان ئۆلچەملىرىڭىز بىلەن مې-
نى ئۆلچىمەڭ، سىزنىڭ بۇنداق قىلىش سالاھىيىتىڭىز يوق.
سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە مەن گۇناھسىز بىر قىزنى يۇتۇۋېلىۋاتقان
بىر چىلبۆرە ئوخشايمەن. ئۇ بولسا مېنىڭ قايمۇقتۇرۇشۇمغا
ئۇچراۋېتىپتۇ، ساددىلارچە ئالدىنىۋېتىپتۇ. سىز... مېنى
چۈشىنەمسىز؟ شىنيۆنى چۈشىنەمسىز؟ ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىنى
ئوپېراتسىيە قىلىش مۇمكىنچىلىكى قالمىدى، ئۇ ئۆلۈم گىردا-
بىغا بېرىپ قالدى. ئەزرائىل بىلەن ۋاقىت تالىشىۋاتىدۇ، ئۇق-
تىڭىزمۇ! مۇشۇنداق بىچارە بىر قىزغا شەخسىي مەنپەئەت بىلەن
يېقىنلىشىشىم مۇمكىنمۇ؟

بۇ كىچىك سىياسىيون ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆتكۈر سوئاللى-
رىغا تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ماركسىزم ئەسەرلىرىدە ئوقۇتقۇچىسى
بايا ئېيتقان كۆز قاراشلارنىڭ راستتىنلا بار - يوقلۇقىنى تەك-
شۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. بىراق، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۇيۇق-
سىز قاتتىق غەزەپكە كېلىشى ئۇنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى.
خەن شىنيۆنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدىكى توپلىغان خەۋەر

ئۇنى ئوبدانلا چۆچۈتكەنىدى.

— ئۇنىڭ كېسىلى راستىنلا مۇشۇنداق خەتەرلىك باسقۇچقا يېتىپ قالدىمۇ؟ بۇنى ئۆزى بىلەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ! ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ زەربىگە بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىدى! — چۇ يەنچاۋ جېڭ شاۋجىڭغا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ قويدى، — سىنىپىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغانسىز؟ سىلەر ئاچقان ھېلىقى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇشقا بولمايدۇ.

— ياق، ئېيتمىدىم، — جېڭ شاۋجىڭ ئازراق قورقۇپ قالدى، ئاغزى ئىتتىك لۇ شيۇجۇ شيې چيۇسى ھەققىدىكى بەزى گەپلەرنى دەپ سالغان بولسىمۇ، لېكىن خەن شىنيۆ ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى، — مەن پەقەت ئۇنى سىرتنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي خاتىرجەم دەم ئېلىشقىلا دەۋەت قىلدىم. . .

— سىرتنىڭ دەخلىسى؟ نېمە دەخلىكەن ئۇ! مەن ئۇنىڭغا دەخلى قىلىۋېتىپتىمەن ـ دە!

— بۇنى. . . مەنمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، — جېڭ شاۋجىڭ ئۆزىنى قانداق ئاقلاشنى بىلەلمەي، تەشۋىش ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇ چۇ مۇئەللىم ئادەمگە پەقەت يۈز قارىمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى، — ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد قالمىغان تۇرسا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا يەنە ھېسداشلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ، چۇ مۇئەللىم؟

چۇ يەنچاۋ ئاچچىق خورسىندى:

— ھېسداشلىق قىلىش! سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە بۇ دۇنيادا كاتتىلارنىڭ قۇلنىڭ بىچارىلەرچە تىلەمچىلىكىگە قىلىدىغان خەيرىخاھلىقىدىن بۆلەك تېخىمۇ گۈزەل مۇناسىۋەت ۋە تېخىمۇ گۈزەل ھېسسىيات يوقمىدۇ؟ شىنيۆ ناھايىتى قەيسەر قىز، مېنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىمنى كۈتمەيدۇ، باشقىلارنىڭكىنىمۇ

ھەم شۇنداق. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ھەقىقىي دوستى بولغان بولسى-
ڭىز ئۇنى سەممىي، باراۋەر مۇھەببەتتىن بەھرىمەن قىلغان
بولاتتىڭىز، چۈشىنىۋاتامسىز؟

جېڭ شاۋجېڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى يا چۈشەنگىنىنى،
يا چۈشەنمىگىنىنى بىلەلمەي قالدى، شۇنچە يولنى بېسىپ،
شىنيۆنى يوقلاپ بارغىنىنىڭ ھېسداشلىق ياكى مۇھەببەت ئىكەن-
لىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ھاياتى خەۋپ
ئىچىدە قالغان خەن شىنيۆ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇھەببەت بارلى-
قىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ
مۇھەببەت سىرىنى ئۇزاق ھەپىلىشىش ئارقىلىق ئاخىر چۈشەن-
دى، لېكىن چۈشىنىپ بولۇپ يەنە ئادىشىپ قالدى. بۇنداق
مۇھەببەت زادى قايسى سىنىپقا مەنسۇپتۇ؟ ئۇ پارتىيە ياچېيكى-
سىنىڭ سېكرېتارى ھەم سىنىپ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن
بۇ ئەھۋالغا قانداق مۇئامىلە قىلسا بولار؟

— مۇئەللىم، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆل-
سەم بولغۇدەك. سىز. . . ئەمدىلا قايتىپ كەلدىڭىز، بالدۇرراق
بېرىپ دەم ئېلىڭ، — جېڭ شاۋجېڭ شۇندىلا مۇئەللىمگە بېرى-
دىغان يەنە بىر مۇھىم نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئالدى ۋە
يانچۇقىدىن بىرنەچچە پارچە كونۋېرتنى ئېلىپ چۇ مۇئەللىمگە
سۇندى، — سىزنىڭ خېتىڭىز، يېنىمدا تۇرغىنىغا خېلى بول-
دى.

چۇ يەنچاۋ جېڭ شاۋجېڭنىڭ قولىدىن كونۋېرتنى ئېرەنشى-
مەيلا ئالدى ۋە ئالدىراپ ئاچماي، نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ
بېقىش ئۈچۈن كونۋېرتقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى.

چۇ يەنچاۋ تونۇش خەتلەردىن بۇ خەتنىڭ كىمدىن كەلگەنلى-
كىنى بىلدى - دە، جېڭ شاۋجېڭ بىلەن ئۇزۇن پاراڭلىشىپ
ئولتۇرۇشقا رايى بارماي ئالدىراپ ياتىقىغا قايتتى.

چۇ يەنچاۋ ياتىقىغا كىرىپ چىراغنى ياقتى ۋە ھېچنېمىگە

قارىماي خەتنى ئاچتى. بۇ شىنيۆنىڭ خېتى ئىدى. ھەي ئۇ شىنيۆزە، مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بۇ يەرگە خەت يازدىكىنە؟ چۇ يەنچاۋ ھەيران قالدى. توغرا، شىنيۆ مېنىڭ قايسى كۈنى كېلىدىغانلىقىمنى بىلمىگەچكە، بۇ خەتنى ئاۋۋال ئەۋەتىۋەتكەن گەپ. قىزلارنىڭ ھېسسىياتى تولىمۇ نازۇك كېلىدۇ. ئېھتىمال، ئويلىغانلىرىنى تىل بىلەن ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولسا، خەت يېزىشنى مۇۋاپىق كۆرگەندۇ؟ ئىللىق بىر سېزىمنىڭ ۋۇجۇدىغا يامرىشى بىلەن چۇ يەنچاۋ بايىقى ئاچچىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ چىراغ ئاستىدا خەتنى بېرىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ شىنيۆنىڭ ئۇنىڭغا يازغان تۇنجى خېتى ئىدى.

*چۇ مۇئەللىم:*

*مەن سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، سىز يەنىلا ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شاڭخەيدە تۇرۇۋاتقان بولىسىز. ئەمدى بۇ خەتنى بېيجىڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا كۆرىدىغان بولدىڭىز. بوپتۇ، بۇ خېتىم مېنىڭ ئورنۇمدا سىزنى كۈتۈۋالسۇن!*

*سىزنىڭ ئاي تولغان كېچىسى ئەۋەتكەن ھېلىقى تېلېگراممىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ئاشۇ ئىككى جۈملە خەتنى ھازىرغىچە نەچچە مىڭ قېتىم كۆرگەندىمەن، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر قەلبىمگە ئورناپمۇ كەتتى. بۇ خېتىم ئاشۇ قىممەتلىك تېلېگراممىڭىزغا يازغان جاۋابىم بولۇپ قالسۇن. ئەمما خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان، ئائىلىدىكىلىرىڭىز بىلەن جەم بولغان چېغىڭىزدا يەنە مەندىن ئەنسىرەپ يۈرمىسۇن دەپ بۇ خەتنى شاڭخەيگە ئەۋەتمىدىم.*

«ئەسلى مۇنداقكەن ـ دە! — چۇ يەنچاۋ ئويلىنىپ قالدى، — شىنيۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا باشقىلارنىلا ئويلايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېسسىياتى شۇنچىلىك نازۇك. بۇ خەتنى شاڭخەيدە تاپشۇرۇۋالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى! سېغىنىشلىرىم ئازراق بولسىمۇ بېسىققان، كۆڭلۈم تەسەللى تاپقان بولاتتى.» شېرىن بىر سېزىم قوينىدا مەست بولغان چۇ يەنچاۋ خەتنىڭ داۋامىنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى:

*خەتنىڭ بېشىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىدىم. مېنى سىزگە ئۇچراشتۇرغىنى ئۈچۈن تەقدىردىن مىننەتدارمەن. ئالدىنقى يىلى كۈزنى، يەنيۈەنگە تۇنجى قەدەم باسقان ئاشۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمەن. ئۇ يەردە تۇنجى كۆرگەن كىشىم سىز بولدىڭىز. كەچۈرۈڭ، ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمنى «بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىش» دېيەلمەيمەن. لېكىن، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقىڭىز، كەمتەرلىكىڭىز مەندە تولىمۇ ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى. كېيىنچە بىلىمىڭىزنىڭ موللۇقىنى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىڭىزنىڭ تولىمۇ ياخشىلىقىنى بارا ـ بارا ھېس قىلدىم. مېنى كەسىپ يولىغا باشلىغان، ھايات مەنزىلىمنىڭ ئۇ چېتىدىكى نۇرلۇق پەللىنى ماڭا كۆرسەتكەن كىشى سىز بولدىڭىز. ماڭا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇتقان، ئۆزۈمنى تونۇش، ئۆزۈمگە ئىشىنىش، ئۆزۈمنى كۈچەيتىش، چامامنىڭ يېتىشىچە ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن كىشىمۇ سىز بولدىڭىز. سىز ھايات مەشئىلىمنى تۈگىمەس ئىنتىلىشلىرىم داۋامىدا يورۇتتىڭىز، نۇر، ھارارەت بىلەن ئۇنى مەڭگۈ ئۆچمەسلىك پۇرسىتىگە ئىگە قىلدىڭىز. سىز مېنىڭ ھۆرمەتلىك*

ئۇستازىم ھەم دىلكەش دوستۇم. ئەگەر تەقدىر مېنى بارلىق نەرسىنى ئۇنتۇپ پەقەت بىرلا ئادەمنى ئەستە ساقلاشقا بۇيرۇسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن پەقەت سىزنىلا تال- لايمەن!

ئاڭلىق ياشاش يولىغا سىز بىلەن تونۇشقاندىن كې- يىنلا ھەقىقىي قەدەم قويغىنىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇ- رالمايمەن. ئوقۇغۇچىڭىز، ياردەمچىڭىز، تەرجىمە ئىش- لىرىڭىز داۋامىدىكى ئېغىر يۈكنى تەڭ زىممىسىگە ئال- دىغان ھەم ئۇنىڭدىن چەكسىز ھوزۇر ئالىدىغان ھەمرا- ھىڭىز بولۇشنى تولىمۇ خالايتتىم. لېكىن، ھاياتىمدى- كى بۇ ئەڭ چوڭ، بىردىنبىر ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇر- مىقىم ئەمدى تولىمۇ تەس بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا مەن بىر ئاجىز قۇشقىلا ئوخشاپ قالدىم. بۇ قۇش ئۇچۇشنى ئەمدىلا ئۆگىنەي دەپ تۇرۇشىغا قاناتلىرى سۇنۇپ كەتتى!

چۇ يەنچاۋنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ يۈرىكىنى ئېغىر بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. خەتنى بىر چىرايلىق باشلى- غان ئادەم نېمىشقا بىردىنلا چۈشكۈن گەپلەرنى يازىدىكىنە؟ شىنيۆ، سىز...

سىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بې- شىمغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ماڭا ياردەم، تەسەللى، مەدەت بەردىڭىز، بارلىق گۈزەل، قىممەتلىك ھېسسى- ياتلىرىڭىزنى شەخسىيەتسىز ھالدا ئاتا قىلدىڭىز. بۇ- نىڭدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن، ئىپ- تىخارلىنىمەن. «ھاياتتا ئۆزىنى بىر قېتىم تونۇش پۇر- سىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى چوڭ نەتىجە» دەيدۇ ئەمەس- مۇ! ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق!

*لېكىن، ئۆزۈمنىڭ كېسىلىنى، ئوپېراتسىيە قى-
لىشىنىڭ، مەكتەپكە قايتىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى-
نى بىلگەن چېغىمدا قاتتىق ھەيران قالدىم، نادانلىقىم،
شەخسىيەتچىلىكىم ئۈچۈن ئۆكۈندۈم. سىز ماڭا شۇنچە
جىق نەرسىلەر بېرىپسىز. مەنچۇ، يەنە تېخى سىزنىڭ
مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشىش ئويىدا بوپتىمەن. سىز مۇ-
كەممەل، ساغلام، ئىستىقبالى پارلاق ئادەم. مەن بول-
سام مەكتىپىمگە ئەمدى قايتىپ بارالمايدىغانلىقىم قىس-
مەتكە پۈتۈلگەن، ئەھمىيەتلىك ھايات يولىدا سىز بىلەن
تەڭ قەدەم تاشلاپ ماڭالمايدىغان ئادەم. شۇنداق تۇرۇق-
لۇق سىزنىڭ يەلكىڭىزدىكى يۈكنى يەنىمۇ ئېغىرلىتىۋې-
تىشكە نېمە ھەددىم بار؟ سىزنى ئۆزۈم بىلەن تەڭ
ھالاكەت گىردابىغا باشلاپ كىرىشكە قانداق كۆڭلۈم چى-
دايدۇ؟*

*كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قوبۇل
قىلالمايمەن. بىز ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، دوست بو-
لۇپ ئۆتسەكلا كۇپايە. بۇ ئالىيجاناب ھېسسىياتلىرىمىز
يۈرەكلىرىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالسۇن! بەلكىم بىز-
نىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەستۇ؟ مۇھەببەت
دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا ھەر خىل ئادەم ھەر خىل جاۋاب
بېرىدۇ. ئەمما مەن ئويلايمەن، مۇھەببەت ھېسداشلىق،
ئىچ ئاغرىتىش، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا باراۋەر
ئەمەس. شۇنداقمۇ؟*

«ئىچ ئاغرىتىش؟ — چۇ يەنچاۋ ئويلىنىپ قالدى، — شىنى-
يۈ بۇ قاملاشمىغان سۆزنى قانداق بولۇپ ئىشلىتىپ قالدى! »

*ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توخ-
تاپ قالغان ئادەم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇمنىڭ*

www.uyghurkitap.com

*ئەگرى ـ توقاي بولىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان. بولدى، قالغان مۇساپىنى يالغۇز مېڭىپ تۈگىتەي، ئۆزۈمنى تەقدىرگە تاپشۇراي، ئۇنىڭ ئادالەتسىزلىكى توغرۇلۇق يەنە قاقشاپ ئولتۇرماي. گۈزەل ئۆتمۈشۈمگە تەئەللۇق تاتلىق ھېسسىياتلارنى قەدىرلەپ قالغان ئۆمرۈمنى يۈرىكىم سوقۇشتىن توختىغۇچە ئەسلىمە ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە مەن رازى. يەنە قانچىلىك ياشىيالايمەن، بۇ مۇساپە ناھايىتى ئۇزۇن بولۇشىمۇ، قىسقا بولۇشىمۇ مۇمكىن. . .*

*چۇ مۇئەللىم، مېنى دەپ ھەسرەت چەكمەڭ. سىز ماڭا «ئۆزىنى تونۇش بىر خىل بەختتۇر» دېگەنىدىڭىز. مەن ئاخىر ئۆزۈمنى تونۇدۇم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزۈمنى بەختلىك ئادەم دېسەممۇ بولىدۇ. ئىلگىرى ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ئەمدى سىزنى يەنە ئاۋارە قىلغۇم يوق. سىزنىڭ قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز بار، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى يەنە ئىگىلىۋالغۇم يوق. ئەمدى مېنى يوقلاپ كەلمەڭ، كىتابىڭىزنىڭ بالدۇرراق نەشردىن چىقىشىنى كۈتىمەن. كىتابىڭىزدىن ماڭا بىر پارچە ئەۋەتىپ بېرىڭ، مەڭگۈلۈك يادنامە سۈپىتىدە ساقلايمەن.*

*كەچۈرۈڭ، ئەمدىلا قايتىپ كېلىشىڭىزگە بۇ جۇدالىق خېتىنى سىزگە ئەۋەتتىم، يەنە كېلىپ ئۇزۇن يېزىۋېتىپ قالدىم. سىزنىڭ بۇ خەتنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى، بارلىق ئۆتۈنۈشلىرىمگە ماقۇل بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن.*

*ھۆرمەت بىلەن:*
*ئوقۇغۇچىڭىز شىنيۆ*

چۇ يەنچاۋ كاللىسىغا توقماق تەگكەندەك بولۇپ قالدى، قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى ئاشۇ تونۇش خەت-

لەرگە تىكىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولىۋاتقان ئىشلار-
نىڭ راستلىقىغا ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شىنيۆ نېمىشقا
ماڭا بۇنداق خەت يازىدۇ؟ يالقۇنجاپ تۇرغان مۇھەببىتى نېمىشقا
بىردىنلا سوۋۇپ قالىدۇ؟ بۇ يېرىم ئاي ئىچىدە زادى نېمە ئىشلار
يۈز بەردى؟ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ قويغان،
بىر قىزنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان، ئۈمىد چىرىغى ئۆچمىگەن
بىر قەلبنى گۇمران قىلغان زادى كىم؟

چۇ يەنچاۋ ئۇستەل ئالدىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، خىيا-
لىدىن: «دەرھال شىنيۆنىڭ قېشىغا بېرىش كېرەك» دېگەن ئوي
كەچتى. لېكىن، بەك كەچ بولۇپ كەتكەن بولۇپ، سائەت ئون
ئىككىدىن ئاشقانىدى. ئۇ بىردىنلا پۇشايمان قىلىپ قالدى.
جېڭ شاۋجىڭ بايا قۇرۇق گەپلەرنى تولا قىلىپ خەتنى ئۇنىڭغا
نېمىشقا بالدۇرراق بەرمەيدۇ؟ نېمىشقا چۈشتە شىنيۆ بىلەن
كۆرۈشكەن چېغىمدا خۇشلىشىشقا ئالدىراپ روھىي كەيپىياتىدا
ئۆزگىرىش بولىۋاتقىنىنى سېزەلمىدىم؟ بەك بىخەستە ئىكەن-
مەن، ئەر كىشىنىڭ ئاللىسى ھامان ئاددىي كېلىدىكەن. لې-
كىن، بۇنداق بولارىنى كىم ئويلىغان؟

چۇ يەنچاۋ پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئارىلاشقان ھېسسىياتلار
ئىچىدە ئاچچىق خورسىنىپ ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قال-
دى. تاڭنىڭ بالدۇرراق يورۇشىنى كۈتكەندەك دېرىزىنىڭ سىر-
تىدىكى خىرە ئايدىڭ كېچىگە مەيۈسلۈك بىلەن تىكىلىپ قالدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەس - يادى شىنيۆ بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشۈش-
تىلا قالغانىدى.

يەنە يېڭى بىر سەھەر قۇچاق ئاچتى. «بىلىمدان» قەسرى
ئادەتتىكىدەك جىمجىت ئىدى. شىنيۆنىڭ كەيپىياتىدا يېقىندىن
بېرى بولىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى بۇ قورۇدا ھېچكىم سېزەلمە-
دى. شىنيۆ ھېسسىياتىنى پىنھان تۇتقىنى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقى-

لار ئائىلىدە ئۆزۈن مۇددەت دەم ئالىدىغان بىر بىمارنىڭ بارلىقىغا كۆنۈپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ، بۇنى ھەتتا ئۆنىڭ دادىسىمۇ بايقىيالمىدى.

خەن زىچى ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياتاق ئۆرنىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان كۇتۇپخانىسىنى قۇلۇپلاپ ئىشقا ماڭدى. ئۇ قىزىنىڭ «ئىچكى كېسەللىكلەر ئومۇمىي نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابنى كۆرۈۋالغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ھېلىھەم ھەقىقىي ئەھۋالنى شىنيۆدىن يوشۇرۇپ لۇ دوختۇرغا ماسلىشىش، روھىي ھەم كلىنىكىلىق جەھەتتىن تەڭ داۋالاش ئېلىپ بېرىپ قىزىنىڭ كېسىلىنىڭ پاتراق ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈيىدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ خەي ھاممىغا شىنيۆنىڭ تامىقىنى تەڭشەپ تۇرۇشنى، باشقىلارغا شىنيۆنىڭ ئالدىدا مەكتەپكە قايتىپ بېرىشنىڭ گېپىنى قىلماسلىقنى تاپىلىغانىدى. ئۆنىڭ كۆڭلى خېلىدىن بېرى غەش ئىدى، لېكىن بۇنى قىزىدىن يوشۇراتتى، ھېنرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بورمان بوۋايغا ئوخشاش، قىزىنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى.

«بىلىمدان» قەسرىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان سورۇقچىلىق كۈتۈپ تۇراتتى.

ناشتا ۋاقتىدا چېن شۆيەننىڭ تۇيۇقسىز كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ياندۇرالمىدى، ئەكسىچە چىرايى كۆكىرىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

تيەنشىڭ ئۆيدە يەنە بىر كېسەلنىڭ ئاۋۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك، تەشۋىش ئىچىدە ئايالىغا قاراپ دېدى:

— سىزگە نېمە بولدى؟

خەن خانىمنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى:

— شۆيەن، قورسىقىڭىزدا قالغان ئوخشايدۇ.

لېكىن، چېن شۆيەن قېينانىسىدەك خۇشال بولۇشنىڭ

ئەكسىچە تېڭىرقاپ قالدى: مۇھەببەتسىز نىكاھمۇ يېڭى جان ئاپىرىدە قىلالىسا ـ ھە؟

زىممىسىدىكى يۈكنى بىردىنلا تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەندەك سەزگەن تىيەنشىڭنىڭ يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇ بۇ ئائىلىدە ئەرنىڭلا ئەمەس، بىر دادىنىڭمۇ رولىنى ئېلىشى، رۇڭ گۈيفاڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشى، چېن شۇيەن بىلەن كۈنلىرىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كېلەي! — دېدى ئۇ يېرىمىنى يەپ بولغان قاتلىمىنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ ئالدىراپ قويۇپ.

— سىلەر ئەر خەقلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار؟ شۇيەننى تۇغۇت بۆلۈمىگە ئەكىرىدىغان ئىش تۇرسا! — دېدى خەن خانىم كۈلۈمسىرەپ، — سەن خىزمىتىڭگە بېرىۋەر، شۇيەننى ئۆزۈم تەكشۈرتۈپ كېلىمەن. راستتىنلا قورسىقىدا قالغان بولسا، مېنىڭمۇ موما بولىدىغان ۋاقتىمغا جىق قالماپتۇ!

خەن خانىم ئۆيدە ئۇزۇنراق ئولتۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي شۇيەننى باشلاپ ھايالشىمايلا قورۇدىن چىقتى. تىيەنشىڭمۇ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە كەلدى، ئۇلارنى ماشىنىغا چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ ئىدارىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

. . .

خەي ھامما خۇشال ھالدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، بۇ خۇشاللىقىغا ئۆزى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان تىيەنشىڭنىڭ پات ئارىدا بالىلىق بولىدىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. خەن ئائىلىسىنىڭ نەۋرىلىرىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش دەپ ئويلايدىغان بۇ ئايال شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

شىنيۇ غەربىي ھۇجرىغا كىرىپ يەنە ھارغىن ھالەتتە كاردىۋىتىدا يېتىپ قالدى. ئۇ بۇ ئائىلىگە يەنە يېڭى بىر جاننىڭ

www.uyghurkitap.com

قوشۇلىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى، يەنە ئۆزىنى ئويلاش بىلەن ئىچىدە قاتتىق ئۇھسىناتتى. تۇغقانلىرى ئالدىدا ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشقىنى بىلەن قەلبى ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. تۈنۈگۈن ئۇ چۇ يەنچاۋنى ئۇزىتىپ بولۇپلا ھېلىقى خەتنى يازغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى، خىيالىدا پوچتىكەشنىڭ ئۇ خەتنى يىتتۇرۇپ قويۇشىنى ياكى بولمىسا يازغان ئادرېسنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ كەتتى. لېكىن، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ ئادرې- سى قىزغا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى. ئەمدى چۇ يەنچاۋ ئۇ خەتنى كۆرۈپ تازا ئازابلىنىدىغان بولدى. لېكىن، بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن، بۇ ئازابلىق كۈنلەردىن، جۇدالىق بوسۇغىسىدىن تېز- راق ئۆتۈپ كەتسە ھەر ئىككىسى ئارام تېپىپ قالاتتى.

شىنيۈ كارىۋىتىدا كاللىسى قوپقۇرۇق، پۇت ـ قولىدا جان يوق ھالەتتە ئىلەڭ ـ سىلەڭ ياتاتتى. ئاخىرقى شېرىن ھېسسى- ياتلىرىنى ئۆزى بوغۇپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن چۇ مۇئەل- لىممۇ بۇ ئۆيگە ئىككىنچى كەلمەيدۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا كارىۋىتىدا جىممىدە يېتىپ كۈننى كەچ قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن ئۇ ئۇ ئادەمنى قانداق ئۇنتۇيدۇ، كۆزىنى يۇمسىلا خىيالىغا كىرىۋالىدىغان تۇرسا؟ ئۇ بۈگۈن چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى ئېيت- قانىدى. شىنيۈ ئۇنىڭ راستتىنلا كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيت- تىيۇ، يەنە تۇرۇپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنىڭ يولىغا قارايتتى.

قىز پاتېفوننى قويۇپ، ئاجايىپ گۈزەل ھېسسىيات سىڭدۈ- رۈلگەن سېھىرلىك مۇزىكا قوينىغا غەرق بولدى. ئىسكىرىپكىدا ئورۇندىلىۋاتقان تونۇش مېلودىيە ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا چەكسىز جەزىرىدە مەنزىلىنى ئىزدەپ تىمىسقىلاپ كېتىۋاتقان بىچارە سەي- ياھنى، تاشقى دۇنيا تەرىپىدىن تامام ئۇنتۇلۇپ مۇزدەك ئۆيدە قاپسىلىپ ياتقان قايسىدۇر بىر دەردمەن ئىنساننى، كۆڭۈلسىز بىر مەنزىرىنى ئەسلەتتى.

چۆ يەنچاۋ ئەتىگەندىكى تۆنجى قېتىملىق ئاپتوبۇسقا چىقىپ «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سائەت سەككىزگە ئاز قالغانىدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا شىنيۆگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگىنى ئۈچۈنمۇ، بىرئاز ئىككىلىنىشتىن كېيىن دەرۋازىنى قاقتى.

دەرۋازىنى خەي هامما ئاچتى. ئۇنىڭ چىرايىدا چۆ يەنچاۋ ئويلىغاندەك ئەنسىزلىك ئالامىتى ئەمەس، كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى:

— ئوهۇي، چۆ مۇئەللىم ئىكەنغۇ...

— شىنيۆ... شىنيۆ قانداقراق؟ — دېدى ئۇ خۇددى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرگەندەك ئالدىراپلا.

— ناخشا ئاڭلىغاچ دەم ئېلىۋاتىدۇ، — دېدى موماي، — مەن ئاۋۋال كىرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاي!

چۆ يەنچاۋ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— بولدى، خەۋەر قىلماڭ، ئۆزۈم كىرەي! — دېدى.

ئۇ قورۇغا كىرىشىگە لەرزان مۇزىكا ساداسى قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇ خۇددى كۆڭۈللۈك، غەمسىز ئۆتمۈشىگە قايتىپ بارغاندەك بىر خىل تاتلىق سېزىم ئىچىدە بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، هۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئاچتى. شىنيۆ بىر قارىسا ئۇخلاۋاتقاندەك، بىر قارىسا كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك بىر تەرزدە كارىۋىتىدا ياتاتتى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن خرۇستالدەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى ئىككى مەڭزىدە كىچىك ئېرىق هاسىل قىلغانىدى.

چۆ يەنچاۋ شىنيۆ ياتقان كارىۋات تەرەپكە قاراپ قەدىمىنى يۆتكىدى. ئۆز خىيالىدا ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى تېزراق دەۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن يەنە ئۇنى چۆچۈتۈۋېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

چۆ يەنچاۋ شىنيۆنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا تۇرۇپ قىزغا خېلى-

غنچه جىممىده قاراپ تۇردى. بىر ئازدىن كېيىن شىنيۈ لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن دېدى:

— چۇ مۇئەللىم، مەن سىزنى ساقلاۋاتاتتىم. . .

— شىنيۈ! — چۇ يەنچاۋ قەددىنى ئېگىپ هاياجان بىلەن شىنيۈنىڭ قولىنى تۇتتى، — نېمىشقا ماڭا ئۇنداق خەت يازدىڭىز؟

— مەن. . . — شىنيۈ ئارتۇق گەپ قىلالماي قالدى. يازغان خېتىنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

— سىز ئېلىشىپ قاپسىز! — چۇ يەنچاۋنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئاچچىق بار ئىدى، — «ھېسداشلىق قىلىش»، «ئىچ ئاغرىتىش» دەپ يازغىنىڭىزنى قاراڭ! ئاشۇنداق ئەرزىمەس، پۇچەك ھېسسىيات بىزگە ماس كېلەمدۇ؟ نەزەرىڭىزدە مەن باشقىلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا يالغاندىن ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان، كۆڭلى سۇيۇق، ساختىپەز ئادەم ئىكەنمەن - دە؟ سىز مەنىۋى دۇنياسى گادايلاشقان، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان تىلەمچى ئىكەنسىز - دە؟ سىز بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە داغ تەگكۈزدىڭىز. تېخى: «مۇھەببەت دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپسىز. ئەمىسە ئاڭلاڭ، مۇھەببەت دېگەن ئوت. ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق چاغدا ئوخشاشلا نۇر، ھارارەت تارقىتىپ تۇرىدۇ. مۇھەببەت دېگەن يەنە شۇ مۇھەببەت، ئىنساندا تەبىئىي پەيدا بولىدىغان گۈزەل ھېسسىيات. سىزنى سۆيگىنىم ئۈچۈنلا ئۆز ھېسسىياتىمنى مۇھەببەت دەپ ئاتاۋاتىمەن. باشقا مەقسەت - مۇددىئايىممۇ يوق. «ئۆزىنى قۇربان قىلىش» دېگەندەك يوقىلاڭ گەپ بىلەن مېنى چۈشۈرسىڭىز چىدىمايمەن. بىز شۇنچە جىق بەدەللەرنى بېرىپ مۇھەببەتكە ئېرىشتۇق. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز چوڭقۇر، كۈچلۈك، مەڭگۈ-



www.uyghurkitap.com

لۇك! مانا بۇ بىزنىڭ بارلىقىمىز.

شىنيۈ چۇ يەنچاۋنىڭ كىرىشىپ كەتكەن قوللىرى ئارىسىدىن قولىنى تارتىۋالماي گېپىنى جىممىدە ئاڭلاپ تۇردى. چۇ يەنچاۋنىڭ بۇنداق ھاياجانلانغىنىنى، بۇنداق قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گەپلىرى قىزنى رەنجىتمەكتە يوق، قەلبىدىكى پۇشايمان، ئۆكۈنۈش داغلىرىنى يۇيۇۋېتىپ بارماقتا ئىدى.

— شىنيۈ، ماڭا يازغان خېتىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ! — دېدى چۇ يەنچاۋ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن!

— چۇ مۇئەللىم، مەن. . . — قىزنىڭ ياشلىرى چۇ يەنچاۋنىڭ قولىغا توختىماي ئاقاتتى، تەييارلاپ قويغان گەپلىرى دەرمەھەل ئېسىگە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ: «مەن بۇرۇنلا قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىغان، ئۇ خەتنى يازمىسام بولاتتى! » دېگۈسى، چۇ يەنچاۋنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى كەلدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئەقلى بىلەن ھېسسىياتى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تو-قۇنۇش بولۇۋاتاتتى، — مېنى كەچۈرۈڭ، ئۇ خەتنى قايتۇرۇۋالالمايمەن. بۇ سىزنى سۆيمىگەنلىكىم ئەمەس! مۇھەببىتىمىز بەك چوڭقۇر بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرىدىم. مەن ھامان بىر كۈنى سىزنى تاشلاپ كېتىمەن، ئۇ چاغدا سىز تېخىمۇ ئازابلىنىسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە. . . بالدۇرراق. . . ئايرىلىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك.

— ئايرىلىش؟ كىم بىزنى ئايرىۋېتەلەيدىكەن؟ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — چۇ يەنچاۋ كەسكىنلىك بىلەن قولىنى شىلتىدى، — كىم شۇنداق دەيدۇ؟ سىز بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— بىر يەردىن ئاڭلىغىنىم يوق، ماڭا ھېچكىم بىرنېمە دېمىدى. سىزمۇ، لۇ دوختۇرمۇ، ئۆيىمىزدىكىلەرمۇ يوشۇرۇپ كەلگەن ئەھۋالنى مەن كىتابتىن بىلىۋالدىم. كېسىلىم ئېغىر

باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولمايدىكەن، مەكتەپكە قايتىپ بارالمايدىكەنمەن، مەن تۈگىشىپتىمەن! — شىنيۈ ئازاب ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمدى، كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ قالدى.

چۇ يەنچاۋ كارىۋات ئالدىدا مەڭدىگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە چىڭگىدە كىرىشكەن قوللىرى تىترەۋاتاتتى. پاتىفوندىن كىشىنى مۇڭلاندۇرىدىغان مۇزىكا توختىماي ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— مېنىڭ ھەممە ئارزۇيۇم يوققا چىقتى، كەسىپ، مۇھەببەت دېگەنلەر مەن ئۇچۇن ناتونۇش نەرسىلەرگە ئايلاندى. مېنى ئۆز ئەركىمگە قويۇۋېتىڭ، چۇ مۇئەللىم! مەن بىر شور پېشانە قىز ئىكەنمەن. ئەمدى باشقا چۈشكەن بەختسىزلىكلىرىمنى ئۆزۈملا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي. ئۆزۈم ئاددىي بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، شۇڭا سىزدىن ئايرىلىپ ياشىشىمغا يول قويۇڭ! بىكار تەلەپلىك ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا خاتىمە بەرمەكچى ئىدىم، لېكىن يەنە ئاتا ـ ئانامنى ئوتقا تاشلاپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرىدىم. ئەمدى تەقدىرىمگە تەن بېرىپ ئۆلۈمىمنى كۈتەي. لېكىن، سىز مېنى دەپ ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ مەندىن ئايرىلىپ كېتىڭ. سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە ھېلىھەم ھەممە نەرسە بار! — شىنيۈ قولىنى ئاستا تارتىۋالدى، — مېنى قويۇۋېتىڭ. مەن بولمىسام، سىزمۇ غەمسىز يۈرەلەيسىز!

ياشلىرى كۆز چاناقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان چۇ يەنچاۋ پاتىفوننى ئۈچۈرۈۋېتىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى ۋە شىنيۈنىڭ قوللىرىنى يەنە ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى. تۇرۇپلا بايا ئۆزىنىڭ نېمىدەپ زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكىنىگە ئېچىندى. بۇ قىزنىڭ ئەمدى گەپ كۆتۈرگۈچىلىكى قالمىغان، يارىلانغان قەلبى تەسەللى، ئىللىقلىق كۈتەتتى ئەمەسمۇ!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— شىنيۆ! — چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ ئىسمىنى ئاستاغىنە چاقىردى، — نېمىدەپ «ئۆلۈم»نى ئويلاپ قالدىڭىز؟ سىزنىڭ كېسىلىڭىز ھېچقانچە كېسەل ئەمەسقۇ؟ تېبابەتكە ئائىت ھەرقان- داق داڭلىق كىتابتىمۇ بابا سىز ئېيتقاندەك قورقۇنچلۇق ھۆ- كۈملەر دېيىلمىگەن. ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولمىسا، دورا بى- لەنمۇ كېسەل داۋالىغىلى بولىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. سىز تېخى ياش! ئېغىر دەپ قارالغان ئۆپكە تۇبېركۇليوزلىرىمۇ ساقىيىۋاتسا. . .

— بولدى، ماڭا تەسەللى بەرمەڭ. مەن يۈرەك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم. ساغلام يۈرىكى بولمىغان بىر ئادەم قانچىلىك ئۇزۇن ياشىيالايدۇ دەيسىز؟ مەيلى بالدۇر ياكى كې- يىن بولسۇن، ھامان ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغان گەپ. چۇ مۇ- ئەللىم، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن. لېكىن، ئەمدى مېنى ھېچ- كىم قۇتقۇزالمايدۇ. سىز مېنى قۇتقۇزالمايسىز. مەن ئۆزۈمنى تېخىمۇ قۇتقۇزالمايمەن. . .

— بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى، شىنيۆ. سىزنى مەنلا ئەمەس، ئۆزىڭىزمۇ قۇتقۇزالايسىز. نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئۆلۈم بار ئىكەن؟ سىز شۇنچە ئاسان نابۇت بولۇپ كېتىدىغانغا يا قۇش بالىسى يا گىياھ ئەمەس، ئادەم. ئادەم دېگەن تەبىئەتنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى، يەر شارىدىكى ئەڭ قەيسەر جانلىق. ئۇنى توۋەن چاغلىماڭ. ياشلىق پۇرسىتىدىن ئۇنداق ئوڭاي ۋاز كەچسىڭىز بولمايدۇ. ئۆزىمىزگە پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان قىممەتلىك ھاياتىمىزنى قەدىرلەيلى! — چۇ يەنچاۋ كەڭرى ئالى- قانلىرى بىلەن قىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قولىنى سىلاشقا باشلىدى، — سىز بىلەمسىز، شىنيۆ؟ لېنىن كېسىلى ئېغىر- لىشىپ كەتكەن چاغلاردىمۇ جېك لوندوننىڭ بىر نادىر ئەسىرىنى كىروپاسكاياغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپتىكەن، ئۇ ئەسەردىن كېسەلنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت ئالغانىكەن. ئە-

سەرنىڭ ئىسمى «ھاياتقا مۇھەببەت» . . .

— بىلمەيدىكەنمەن. . . — پىچىرلىدى شىنيۈ، — جېك لوندون. . . مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. «قارلىقتىكى يولۋاس»، «دېڭىز بۆرىسى» دېگەندەك ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، لېكىن بۇ ئەسىرىنى ئوقۇماپتىكەنمەن بىمار توغ. رۇلۇق يېزىلغان ئەسەرمۇ؟

— ئۇنىڭدا يالغۇز بىر كېسەل ئادەملا ئەمەس، بەلكى يوكسەك بىر «ئادەم»نى، ئۇلمەس بىر جان ئىگىسىنى دەل ئاشۇ ئادەم سىزگە ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى، ئادەم كۈچىنىڭ ھەرقانداق نەرسە ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ، سىزنى ئا. دەم بولغىنىڭىز ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە ئۈندەيدۇ، — چۇ يەنچاۋ ئەدەبىيات توغرۇلۇق پاراڭ قىلغاندا، گويا مۇنبەرگە چىقىپ ئىنگ. لىز تىلىدىن دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتى، — جېك لوندون ياش ۋاقتلىرىدا ئالتۇن قازغىلى ئالياسكا تاقىم ئاراللىرىغا بېرىپ، ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ماڭا ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسى ئۆزى توغرۇلۇق يېزىلغاندەكلا بىلىنىدۇ. مەن يازغۇچىنىڭ تاۋ. لانغان تىلىدىن ئۇ ئادەمنىڭ قارامتۇل چىرايىنى، قويۇق، قاپقا. را چاچلىرىنى، ئەقىل - پاراسەت ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى، كۇلۇش ئۈچۈن ئېچىلغان كالپۇك. لىرى ئارىسىدىكى ئۆتكۈر ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرگەندەك بولى. مەن. . .

شىنيۈ يەنە بېيجەيگە قايتىپ بېرىپ قالغاندەك بىر ھېسسى. ياتتا چۇ يەنچاۋنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى جىممىدە ئاڭلاۋاتات. تى. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەت يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان خەزىنە ئىدى. . .

— شىمالىي قۇتۇپتىكى قەھرىتان سوغۇق كەتمەيدىغان ئالياسكا رايونىدا مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ دېگۈدەك ئىككى ئادەم

كېلىدۇ. ئاچلىق، ھارغىنلىق ۋە سوغۇق ئۇلارنىڭ ئادەم ئايىغى
تەگمىگەن بۇ جەزىرىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ماجالىنى قويمايدۇ.
شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ بىرى پۇتىنى قايرىۋالىدۇ، يەنە بىرى دوس-
تىنى تاشلاپ قويۇپ كېتىۋېرىدۇ، بىرەر قېتىم ئارقىسىغا قاراپ-
مۇ قويمايدۇ... — چۇ يەنچاۋ ھېكايىنى باشلىشىغا، شىنيۈ
ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
— دوستىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئادەم ئىنتايىن ئېغىر
ئەھۋالدا قالىدۇ. ئۇ ئىلگىرى كېلىپ باقمىغان بۇ يەردە نە بىرەر
تۈپ دەرەخ، نە بىرەر چاتقاللىق ياكى بىرەر تال گىياھ كۆرۈن-
مەيدۇ، نەگىلا قارىسا ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان پايانى يوق
جەزىرە. ئۇنىڭ يېنىدا يېگۈدەك بىر نېمىسى قالمايدۇ، مىلتىقى-
نىڭ ئوقى تۈگەيدۇ. ئۇ ئادەم ئېغىر قەدەملىرىنى ئاران يۆت-
كەپ، ئۆزى پەرەز قىلغان تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭىدۇ. ئۇ
ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ، خىيالىدا «دوستۇم مېنى ساقلاۋاتىدۇ»
دەپ ئويلايدۇ...
— كۈنلەر ئۆتۈۋېرىدۇ. ئۇ قار - يامغۇردا قالغاندىمۇ
مېڭىشنى توختاتمايدۇ. پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق تەرلەپ
كەتكەن، پۇتلىرى قاناپ كەتسىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بىر
نەرسە يېمىگىنىگە ئۇزۇن بولغاچقا، يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىش-
شىپ ئاغرىيدىغان ئاشقازىنىنىڭ ئاغرىقىمۇ توختاپ قالىدۇ. ئۇ
دەرمانسىز ھالدا يەرگە يىقىلىدۇ. دەسلەپتە ئۈن چىقارماي
يىغلايدۇ، كېيىن رەھىمسىز قاقاس چۆلگە قاراپ تۇرۇپ ئاۋاز-
نى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئۇنىڭ يىغىسى-
غا پىسەنت قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. پەقەت ئۇيان - بۇيانغا
پېتىراپ يۈرگەن بۇغا - ماراللار ۋە ۋەھشىي بۆرىلەرلا بار ئىدى.
ئۇ بەكلا ماجالىدىن كەتكەن، ئوزۇق تېپىپ كەلگۈچىلىكى قال-
مىغان بولغاچقا، مىڭبىر مۇشەققەتتە چىمچىلاقچىلىك چوڭلۇق-
تىكى ئىككى تال بېلىقنى بىرنېمىلەر قىلىپ تېپىپ، ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنى يېيىشكە زورلايدۇ. ئۇ هايات قېلىش ئۇچۇن ئاشۇ بىلىقلار-نى چوقۇم يېيىشى كېرەك ئىدى!

بىر قېتىم ئۇ ئەمدى هوشىغا كېلىپ يوغان بىر كۆل رەڭ ئېيىقنىڭ ۋەھىمىلىك كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئېيىق ئۇنىڭغا قاراپ خىرىس قىلىدۇ. ئۇچۇ؟ ئۇ قاچمايدۇ، ئۆزىنى ئىمكانقەدەر قورقماس كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ئېيىققا قاراپ هۆركىرەيدۇ. ئاۋازى تولىمۇ قاتتىق، قورقۇنچ-لۇق چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئۆلۇم - كۆرۈم پەيتى بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ۋەھىمە باتۇرلۇققا ئايلىنىپ، ئۇ ئېيىق ئالدىدا تۇپتۇز تۇرغان بۇ قورقماس ئاجايىپ مەخلۇقتىن قورقۇپ قاچىدۇ، ئۇ شۇندىلا لاغىلداپ تىترەپ يەرگە پالاققىدە يىقىلىدۇ.

— ئۇ يەنە ئۆزىگە كېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كېچە-سىمۇ، كۈندۈزىمۇ مېڭىۋېرىدۇ، يىقىلىپ قالسا يېتىپ دېمىنى ئالىدۇ. ئۆچەي دەپ قالغان هاياتلىق ئۇچقۇنى قايتىدىن پىلد-داپ ئاستا كۆيگەن چاغدىمۇ ئالدىغا قاراپ ئاستا سىلجىۋېرىدۇ. ئەمدىلىكتە ئۇ جان تالىشىدىغان ئادەمگە ئوخشىماي قالىدۇ، روهى، تېنى ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ، ئۆمىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ روھ، ئاشۇ تەن بىر - بىرىدىن ئاجرايلا دەپ قالغانىدى. ئۇنى مېڭىشقا ئۈندەۋاتقىنى جېنى، هاياتى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ئەمدى ئازابنى ئۇنتۇغان، كاللىسىدا ئاجايىپ - غارايىپ خىيالىي مەنزىرىلەر، شېرىن چۈش كۆرۈ-نۈشلىرى ئەكس ئېتەتتى. . .

— ئۇ ئاخىر يىقىلىپ پەقەتلا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، ئامال-سىز تولىمۇ ئاستا ئۆمىلەشكە باشلايدۇ. بەدىنى ئاستىدىن ئۈزۈن قان ئىزى قېپقالىدۇ. ئۇ ئوقى قالمىغان مىلتىقىنى، يۈك - تاقلىرى-نى، ئالتۇننى خېلى بۇرۇنلا تاشلىۋەتكەن، ئالتۇندىنمۇ قىم-مەتلىك بولغان هاياتىلا قېپقالغانىدى. كۈچلۈك ياشاش ئىستىكى ئۇنى ئۆمىلەشكە ئۈندەيدۇ. ئولجا ئىزدىگۈدەك كۈچى قالمىغان

بىر كېسەل بۆرە هاياتى قىل ئۈستىدە قالغان بۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن زادىلا نېرى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم ئاشۇ بۆرىنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن هاياتقا ئىنتىلىش تراگېدىيىسى باشلىنىدۇ. ئىككى جان قارشى تەرەپنىڭ جېنىنى ئولجا ئېلىش مەقسىتىدە ئۆمىلەشتە بەسلىشىدۇ. . .

شىنيۈ چۇ يەنچاۋنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى، نەپسى توختاپ قالغاندەك ئىدى. . .

— كېيىن ئادەمنىڭ ئۆمىلىگۈدەك مادارى قالماي، سەكراتقا چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆلۈشنى يەنىلا خالىمايدۇ، ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىۋېرىدۇ. ئۇ مىدىر قىلماي ئوڭدىسىغا ياتىدۇ، بۆرىنىڭ هاسىرىغىنىنى ئاڭلايدۇ، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ قوپال تىلىنى چىقىرىپ ئىككى مەڭزىنى يالىغىنىنى سېزىدۇ. ئۇ غەيرىتىگە كېلىپ بۆرىنى كانىيىدىن سىقىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى چىقارغاندا، قولى هاۋادا ئېسىلىپ قالىدۇ. بىر ئىشنى توغرا، چاققان قىلىش ئۈچۈن كۈچ - مادار بولۇش كېرەك، ئۇنىڭدا دەل مۇشۇ نەرسە يوق، بۆرىمۇ، ئادەممۇ سەۋرچانلىق بىلەن قارشى تەرەپنى يېيىش پۇرسىتىنى كۈتىدۇ.

ئۇ هوشىغا كېلىپ، بۆرىنىڭ قولىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە پۇرسەت كۈتۈپ جىممىدە ياتىدۇ. بۆرە ئاخىر بارلىق كۈچىنى يىغىپ ساقلىغىنىغا ئۇزۇن بولغان بەدەننى چىشلەيدۇ. . .

— هە. . . — شىنيۈ جىددىيلەشكىنىدىن تووۋلىۋەتتى ۋە سوغۇق تەر بېسىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن خۇددى ئۇ بۆرە ئۆزىگە ئاغزىنى سوزۇۋاتقاندەك چۇ يەنچاۋنىڭ بىلىكىگە چىڭگىدە ئېسىلىۋالدى.

— ئاخىرىنى ئاڭلاڭ، — دېدى چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ تەر باسقان قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، — . . . بۇ ئادەمنىڭ كۈتۈۋاتقى-

www.uyghurkitap.com

نىغىمۇ ئۇزۇن بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆلەي دەپ قالغان بۇ بۆرىگە تاشلاپ بېرىشنى خالىمايدۇ. بۆرە ئۇنىڭ قولى-نى چىشلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ قولىمۇ بۆرىنىڭ ئاغزىنى چىڭگىدە قامالىۋالىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ سەۋر - تاقىتى، ئىرادىسى قاتتىق كۈچ سىنىشىدۇ. ئەمما، ھەر ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ سۇس. ئادەم بىر قولىدا بۆرىنىڭ چىشىنى تۇتۇپ يەنە بىر قولىدا بۆرىنىڭ بويىنىنى ئاستا سىقىدۇ. پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى بۆرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەجبۇرىي دومىلايدۇ. ئەمما، بۆرىنىڭ يەنىلا جېنى چىقمايدۇ. ئۇ ئاخىر بۆرىنىڭ كېكىردىكىگە ئاغزىنى ئاپىرىپ بار كۈچى بىلەن چىش-لەيدۇ. . . ئىسسىق بىر سۇيۇقلۇق ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ كې-كىردىكىدىن ئېقىپ كىرىپ، ئاخىر مادارىدىن كېتىپ ئۇخلىسى-غا يىقىلىدۇ. . .

كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ھېكايە ئاخىرلاشتى. غەر-بىي ھۆجرىنىڭ ئىچى يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئېنىق ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى. شىنيۇ ھېلىھەم چۇ يەنچاۋنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن؟ — چۇ يەنچاۋنىڭ كۆزلىرى مەغرۇر چاقناپ كەتتى، — بۆرە ئۆلۈپ، ئادەم ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ. لەھەڭ تۇتقىلى كەلگەنلەرنىڭ كېمىسىگە چىقىپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېتىدۇ. ھەمىشە قۇياش نۇرى سېپىلىپ تۇرىدىغان جەنۇبىي كالىفورنىيىدە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، باغلىق ئۆيى بار بولۇپ، بۇ نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي ئاخىر ھايات قايتىپ كېلىدۇ ئۇ گەرچە ئالتۇنغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ ئەڭ قىممەت نەرسىگە — سۇنماس ھاياتقا ئېرىشىدۇ!

— ھايات، ھايات. . . — شىنيۇ بۇ سۆزنى توختىماي

پىچىرلىدى.

— شىنيۆ! — دېدى چۇ يەنچاۋ قىزغا ئىللىق مۇھەببەت بىلەن بېقىپ، — سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھازىر بىر «بۆرە» تۇرۇپتۇ، ئۇ «بۆرە» ئۇنچە كۇچلۇك، قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن كۇرەش قىلىۋاتقان يالغۇز سىزلا ئەمەس، مەنمۇ بار. مەن سىزنى ھەرقانداق ئەھۋالدا تاشلاپ كەتمەيمەن، ئىككى ھايات بىرىكسە قانداق زور كۇچ ھاسىل بولىدۇ - ھە؟ مەن سىزنى يۆلەپ، يۇدۇپ، سۆرەپ بولسىمۇ ئالدىمغا مېڭىۋېرىمەن، «ئالياسكا» دىن چىقىپ كېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ گۇزەل ئەتىمىز بارلىققا كېلىدۇ.

— چۇ مۇئەللىم. . . — شىنيۆ بېشىنى چۇ يەنچاۋنىڭ كۆكرىكىگە قويۇۋېتىپ ئۇنىڭ يۇرىكىنىڭ دۇپۇلدەشلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى، — بىز. . . چىقىپ كېتەلەرمىزمۇ؟ مەن ئەمدى مەكتەپكە قايتالمايمەن، تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. «ئەتە» ماڭا مەنسۇپ بولمىسا كېرەك. . .

— ياق، شىنيۆ، ئەگەر ئەتىنى كۆرەلمىسەك بۇگۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇگۇننى چىڭ تۇتسىڭىزلا ئەتە سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. سىزنى مەكتەپكە قايتىپ بارالمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ ياخشى داۋالانسىڭىز، بىر يىلدا بولمىسا ئىككى يىلدا، ئىشقىلىپ، ھامان بىر كۇنى يەنيۇەنگە ساق - سالامەت قايتىپ بارالايسىز. ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولىدىغىنى كېسەللىك ئەمەس، ئىرادە ۋە ئىشەنچتىن مەھرۇم قېلىش. ئۆزىڭىزنى تۆۋەن چاغلىماڭ. چۇشكۇنلۇك بىلەن كۇتۇۋەرسىڭىز بولمايدۇ، سىز بۇرۇنلا مېنىڭ ياردەمچىم بولغانىدىڭىزغۇ؟

— مېنى قانداقمۇ «ياردەمچى» دېگىلى بولسۇن؟ — شىنيۆ كۇلۇپ كەتتى، — مەن سىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرى-

ۋاتمەن شۇ. مەن بولمىغان بولسام، كىتابىڭىزنى بۇ چاغقا تەرجىمە قىلىپ بولاتتىڭىز...

— ياق، بۇنداق دېمەڭ. سىز «شەمشەر قۇيۇش» نىڭ تەرجىمىسى توغرۇلۇق نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەرگەن ئەمەسمىدىڭىز. بىز بۇ كىتابنى بىرلىكتە تۈگىتەيلى. ھازىر ئۇنىڭدىن ئىككى پارچىلا ھېكايىنىڭ تەرجىمىسى قېپقالدى، ئىككىمىز بۆلۈشۈپ بىر پارچىدىن قىلايلى. دەسلەپكى ئورىگىنا-لى چىققاندىن كېيىن يەنە مۇزاكىرە قىلايلى، يەنە تۈزىتەيلى، قانداق؟

— مەن... قىلالارمەنمۇ؟ — شىنيۈ دېلىغۇل بولۇپ سورىدى.

— قېنى سىناپ باقمامسىز؟ — چۇ يەنچاۋ ئىشەنچ بىلەن قىزغا تىكىلدى، — بىرىنچى قەدەمنى ئالغاندىن كېيىنلا ئىك-كىنچى قەدەمنى قانداق ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىز كەسىپ ئۇستىدە ئىزدىنىش ۋە ئىنتىلىشلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى. ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋېرەي-لى، بىر ئۆمۈر ماڭايلى!

— چۇ مۇئەللىم... مەن... سىزگە ئەگىشىپ ما-ڭاي!

شىنيۈ يەنىلا ياش، تولىمۇ ياش ئىدى، ھاياتلىق مەنزىلى-نىڭ ئاران ئون توققۇز مۇساپىسىنى بېسىپ تۈگەتكەنىدى. ئۇمىدى تېخى پۈتۈنلەي ئۈزۈلمىگەن تۇرسا، ئۇ نېمىدەپ ئۆزىنى قويۇۋەتسۇن؟ تەقدىر ھەممە نېمىسىنى تارتىۋالغان ھالەتتىمۇ چۇ يەنچاۋ يېنىدىلا بولسا، ئۇ يەنە قەيسەرلىك بىلەن ياشاشقا رازى. قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز - پەس بىر يول پەيدا بولغاندەك بولدى. يىقىلىپ چۈش-كەن بىر ئادەم تىرەجەپ يۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ھېچنېمىگە قارىماي ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ ھېلىقى ئالياسكىلىق ئادەم ئە-

مەس، شىنيۆنىڭ ئۆزى ئىدى. بېشىغا، يەلكىلىرىگە چۈشۈپ
تۇرغان شەپەق نۇرى ئالتۇندىنمۇ پارقىراق بولغان ھاياتلىق نۇرد-
نى تارتىپ تۇراتتى. ياق، كېتىۋاتقىنى يالغۇز ئۇلا ئەمەس، چۇ
مۇئەللىم ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ يانمۇ يان كېتىۋاتىدۇ،
ئىككى گەۋدە بىر جانغا ئايلانغان. . .

خەن خانىم خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىنىنىڭ
قورسىقىدا راستتىنلا قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قەۋەتلا
خۇش بولۇپ، ئەركىن بازاردىن بىر تىرىك توخۇ سېتىۋالدى،
ئاندىن مەسچىتكە ئاپىرىپ بىر قېرى كىشىگە سويدۇردى.

بۇگۈنكى «توخۇ قورۇمىسى»غا چۇ يەنچاۋمۇ داخىل بول-
دى. شىنيۆ تاماق ئۇستىدە «چۇ مۇئەللىم» دېگەن سۆزنى
ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىڭ قاچىسىغا تاماق
سېلىپ بەكمۇ خۇشال ئولتۇردى. خەن خانىم ئەلۋەتتە بۇنىڭغا
بىر نېمە دېيەلمەيتتى. دېمىسىمۇ تاماق ۋاقتى بولغاندا كەلگەن
مېھماننى ئاچ قورساق يولغا سالغىلى بولمايدۇ - دە!

چۇ يەنچاۋ كەتكەندىن كېيىن خەن خانىم خەي ھامىمغا
دېدى:

— بۇ چۇ مۇئەللىم. . . شىنيۆگە نېمانچە يېقىنچىلىق
قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى خەي ھاما
رازى بولغاندەك قىلىپ، — ئوقۇتقۇچى تۇرسا، ئوقۇغۇچىمۇ ئۇ-
لارنىڭ باللىرىغا ئوخشايدۇ.

— باللىرىغا؟ ئۇ تېخى ياشلا بالا تۇرسا! — خەن خانىم
قوشۇمىسىنى سەل تۈرۈپ قويدى، — شىنيۆمۇ چوپچوڭ بولۇپ
قالغان قىز، ئوقۇشتىن توختىغان تۇرۇقلۇق يەنە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن
باردى - كەلدى قىلىشىۋەرسە قاملاشمايدۇ. ئائىلىمىزنىڭ يۈز - ئاب-
رۇيى بار، سىرتتا سۆز - چۆچەك بولۇپ قالسا. . .

— ھە؟ — بۇ گەپنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، مومايىنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە كەلسە، — دېدى خەن خانىم ئۇنىڭغا تاپىلاپ، — شىنيۈنى ئۆيدە يوق، سىرتقا ئايلانغىلى چىقىپ كەتتى، دەڭ. . . ياكى كېسەلا، تۇغقىنىمىزنىڭكىگە دەم ئالغىلى كەتتى، دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

خەي ھامما ئارتۇق بىر نېمە دېمىدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەنىدى. لۇ شيۇجۇ، شيې چيۇسىلار. . . يۇرتىغا قايتىشنىڭ تەقەززاسىدا يۈك - تاقلىرىنى تېڭىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دېگۈدەك كېچە - كۈندۈز سېغىنغان ئاتا - ئانىلىرىغا نۇرغۇن گەپلىرى يىغىلىپ قالغانىدى. چۇ يەنچاۋ ئانىسىنى، ئاچىسىنى، ئۆز ئائىلىسىنى سېغىنغان بولسىمۇ، شاڭخەيگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلمىدى. توغرىسى، بېيجىڭدا ئۇنىڭ «ئائىلە»سى بار ئىدى. بۇ «ئائىلە» يالغۇز يەنيۈەندىكى ياتىقىلا ئەمەس، يەنە «بىلىمدان» قەسرى ئىدى، چۇ يەنچاۋ ئۇ يەرنىمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى دەپ ھېسابلايتتى.

جېڭ شاۋجېڭ بۇ تەتىلدە ئاتا - ئانىسى بىلەن بېيدەيخېغا بېرىپ بىر ھەپتە دەم ئېلىپ كەلدى. بىر ھەپتە ۋاقىت گەرچە بەك قىسقا بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت ئىدى. بۇنداق پۇرسەت سىنىپىدىكى ھەرقانداق ساۋاقدىشىغا نېسىپ بولمايتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ بۇرۇن دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ قېتىم كۆڭلى ئاجايىپ يايراپ كەتتى.

جېڭ شاۋجېڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن «بىلىمدان» قەسرىگە شىنيۈنى يوقلاش ئۈچۈن باردى. ئۇ شىنيۈنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ: «ئۇ ھەقىقەتەن بەختسىز» دەپ ئويلايتتى، شۇڭا

تەتىلگە مېڭىشتىن بۇرۇن بېرىپ يوقلاپ قويمىسا كۆڭلى ئۇنى-
مايتتى. زىممىسىدە مۇشۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى
ئۇ ئىلگىرى چۇ مۇئەللىمگىمۇ بىلدۈرگەن ۋە شىنيۈگە بۇرۇنقى-
دىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغانىدى. ئۇ گەرچە ئىلگى-
رى چۇ مۇئەللىمنى «شىنيۈگە ھېسداشلىق قىلىۋاتىسىز» دەپ
تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ھەر-
گىز «ھېسداشلىق» دەپ چۈشەنمەيتتى. چۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆزى
تەنقىد بېرىۋاتقاندا ھاياجانلىنىپ: «ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق
دېگەن سۆزلەرنى چاكىنىلار قۇيرۇق شىپپاڭشىتىدىغان قۇلدار-
لارغا، ھۆكۈمرانلارغا ئىشلىتىڭ» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەك
ئېشىپ كەتكەندەك تۇيۇلغانىدى. يېڭى جۇڭگودا نەدىمۇ «پۇلدار-
لار»، «ھۆكۈمرانلار» بولسۇن؟ بۇ چۇ مۇئەللىمنىزە، ئادەتتە
شۇنداق ئەدەپلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئەمما گەپ قىلسا ئەجەب
ھاياجانلىنىپ كېتىدىكىنا! يەنە تېخى ئۇ ئۆزى بىلەن شىنيۈ
ئوتتۇرىسىدىكى «مۇھەببەت» نى شەپەقنىڭ رەڭگىدىنمۇ نۇرلۇق،
بۇلاق سۈيىدىنمۇ سۈزۈك قىلىپ سۈرەتلىگەن، ئوقۇغۇچىسىغا
قىز ـ ئوغۇللارنىڭ خۇسۇسىي مۇھەببىتىگە چېتىلىدىغان نازۇك
تېمىدا سۆزلەشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىغان. يەنە كېلىپ، گەپلى-
رى شۇنچە قايىل قىلارلىق، مەردانە! جېنىڭ شاۋجىڭمۇ ياشلىق
بوسۇغۇسىغا ئەمدىلەتىن قەدەم باسقان قىز تۇرسا، ئوقۇتقۇچى-
سىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئازراقمۇ تەسىر قىلماسلىقى مۇم-
كىنمۇ؟ ئۇنىڭمۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئاشۇ زۆرۈر بىر
قەدەمنى بېسىشنى ئارزۇ قىلغان، مۇھەببەت تېمىسىدىكى داڭ-
لىق ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇغان چاغلىرى بولغان، تېخى
ئۆزى «خاملېت» قىمۇ «رېژىسسورلۇق» قىلىپ باققان. خام-
لېتنىڭ ئوپېلىياغا بولغان ساپ، تەلۋىلەرچە مۇھەببىتى يۈرىكى-
نى تىترەتكەن، ئاشۇ بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى
ئۈچۈن كۆز يېشىمۇ قىلغان، «خاملېت» ئۆز قولى بىلەن سەھ-

ننگە ئېلىپ چىقىلمىغاندا كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان؛ ئانى-سى: «ھېلىمۇ ياخشى ئايال باش قەھرىمانىڭلار ئاغرىپ قاپتۇ، بولمىسا 4 - مايدا ئاشۇنداق ئويۇننى قويغىنىڭلار ئۇچۇن، يۈنى-لىش خاتالىقى ئۆتكۈزدى، دېگەن گەپكە قالاتتىڭلار! » دېگەندە يەنە قورقۇپمۇ قالغان. «خاملېت» بىلەن ئۆزى ئادەتتە ئىشلەۋات-قان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ماسلاشتۇرۇش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن تەسكە توختىدى، بولۇپمۇ فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكى-سىنىڭ تەشۋىقات ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئەھ-ۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى.

لېكىن، ئۇ «خاملېت»تىن نېمىشقا مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارغان چېغىدا يەنە بىردىنلا ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سوئاللىرى ئالدىدا تىلى تۇتۇلىدۇ؟

جېڭ شاۋجېڭنىڭ كاللىسىدا چۇ مۇئەللىم، فاكۇلتېت پار-تىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ سېكرې-تارى، يەنە دادىسى ئېيتقان نۇرغۇن نەزەرىيىلەر دەممۇدەم ئال-مىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. . . ئەلۋەتتە، چۇ مۇئەللىم قالغانلاردىن پەرقلىنىدىغان پىكىر قىلاتتى ھەتتا ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپمۇ بار ئىدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى «ماركسىزم» دەپ ئاتايدۇ، ئوخشاش بىر «ماركسىزم» نېمە ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈلى-دۇ؟ نېمىشقا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن نەزەرىيىلەر ئۇنىڭغا يەنە تەسىر قىلالايدۇ؟ بەلكىم ئۆزىنىڭ كاللىسىدىمۇ بۇرژۇئازىيە ئېڭىنىڭ تەسىرى بولسا، دەرھال پەرقلەندۈرۈۋېلىش ئىقتىدارى-دىن مەھرۇم قىلىنۋاتقاندۇ؟ ئۇ مۇشۇ ئىشنى دەپ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ تۆت تومىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىق-تى. ئەپسۇس، مەخسۇس «مۇھەببەت» تېمىسىدا يېزىلغان بى-

رەر ماقالىنى تاپالماي تېخىمۇ تېڭىرقاپ قالدى.

شۇ كۈنى جېك شاۋجېك شىنيۆ بىلەن كۆرۈشكەندە نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ «بىلىمدان» قەسرى ئالدىدا خېلى ئۇزۇن ئايلاندى. سىنىپ مەسئۇلى بىلەن شىنيۆنىڭ مۇھەببەت-لەشكىنىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۈكۈت قىلسۇنمۇ ياكى شىنيۆنى «توسقۇنلۇقلاردىن قۇتۇلۇپ ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇر-مۇش قارىشى تىكلەش» كە قايىل قىلسۇنمۇ؟ ھەي، شىنيۆنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆمرى قالغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟... ئۇنىڭ كاللىسىدا مانا مۇشۇنداق ئويلار كېزەتتى.

تۇيۇقسىز، جېك شاۋجېكنىڭ كاللىسىدىن پاللىدە بىر ئۆي كېچىپ ئۆتتى. مەكتەپ: «ئۇدا ئىككى يىل ئوقۇشتىن توختى-غانلار مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلىمە تۈزگەن ئە-مەسمىدى. خەن شىنيۆنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ دەم ئېلىۋاتقى-نىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. توغرا، ئەمدى ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېر-سىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، بىزنىڭ سىنىپ بىلەن ئالاقى-سىمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمىغاندىن كېيىن ئارىلا-شىمىسىمۇ بولمىدىمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ كۈچى بەربىر پۈتۈن دۇنيا-نى قۇتقۇزۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇغۇ.

ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان قىيىن مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تېپىپ، بىرەرىنىڭ كۆرۈپ قېلى-شىدىن ئەنسىرەپ، دەرۋازىسى ھىممىدە ئېتىلگەن «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئالدىدىن ئالدىراپ كەتتى، بەختىگە ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى.

چۇ يەنچاۋ بىلەن شىنيۆ قايتا - قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، قايتا - قايتا تۈزىتىپ «يېڭى ھېكايىلەر» نىڭ تەرجىمىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. چۇ يەنچاۋنىڭ بۇ كىتابنى قولىغا ئالغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. بۇ جەرياندا ئۇ خۇشياقمىغانلىقتىن

ئەمەس، خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىدىن، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ۋاقتىدا تۈتالمىدى. شىنيۈ-نىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتى قىزنى يوقلاش، قىزنىڭ ھالىغا يېتىش بىلەن كەتتى؛ تەرجىمىسى ھە دېگەندە يېرىم يولدا توختاپ قېلىپ ئەسەر تاپشۇ-رۇش ۋاقتىنى سوزۇۋېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمدى ۋاقتىنى يەنە سوزۇشقا بولمايتتى، نەشرىيات كىتابنى بەك سۈيلەپ كەت-كىنىمۇ يوق، ئەمما ئۇ شىنيۈنى ئويلاپ قالغانىدى. چۇ يەنچاۋ بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە يېڭى كىرىشكەن چاغدىلا شىنيۈ ئۇ-نىڭغا قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلگەن، ئاغرىپ يېتىپ قالغان چېغىدىمۇ ئۇنىڭدىن تەرجىمە ئەھۋالىنى سوراپ تۇرغانىدى. تەر-جىمە كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان بۇ «تۇنجى كىتاب-خان» ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ھازىر چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بى-لىدۇ. لېكىن ئۇ قىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشى، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بېرىشى، ئۆزى قىزىققان ئىشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. تەرجىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كىتابنى ئىككىسىنىڭ نامىدا چىقارماقچى، شۇڭا ھازىر ئۇ بۇ كىتابنى بالدۇرراق باسمىغا بېرىش، بالدۇرراق نەشردىن چىقىرىش ئۈ-چۈن مىنۇت ـ سېكۇنت بىلەن ھېسابلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتى-دۇ. قاتتىق مۇقاۋىلىق يېپيېڭى كىتابنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇز-غان چاغدىكى كۆڭۈللۈك مەنزىرىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىۋا-تىدۇ. شۇ چاغدا شىنيۈ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ـ ھە؟ راستىنىلا شۇنداق پەيت كەلسە، بۇ تەقدىرنىڭ، كەسپىنىڭ شىنيۈنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىدىن، كۆڭۈللۈك تەرجىمە ھاياتىنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن باشلىنىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپە يەنە ئۇزۇن ـ دە. شۇڭا چۇ يەنچاۋ ھاياتلا بولىدىكەن شىنيۈ بىلەن ئاشۇ ئۇزۇن مۇساپىلىك يولدا

قاتارلىشىپ ماڭىدىغانلىقىغا، شىنيۈنىڭ يىقىلىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

خەن خانىم شىنيۈنىڭ چىرايىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كېسىلىنىڭمۇ قايتا قوزغالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئىش ئۆيدىكىلەرنى ئوبدانلا خاتىرجەم قىلدى. لېكىن، چۇ يەنچاۋنىڭ پات - پاتلا كېلىشى خەن خانىمنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ نەچچە قېتىم مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق خەي هاممىغا قاقشاپ بەردى.

— سىز نېمىشقا ئۇنى توسمايسىز؟

— خىجىل بولماي قانداق «كەلمەڭ» دېيەلەيمەن؟ — دېدى موماي خىجالەت بولۇپ، — ئۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن شۇنچە يىراقتىن قىزىمىزنى يوقلاپ كەلگەن تۇرسا. مەن خەقنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمايمەن.

— ئەمىسە مەن خالايدىكەنمەن - دە؟ — خەن خانىمنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، ئىچىدە ئىختىيارسىز: «كىم خەقنى رەنجىتىشنى خالايدۇ؟ لېكىن، بۇ چۇ مۇئەللىممىزە. ئۇنى بەربىر رەنجىتىدىغان ئىش، ئەمدى نېمە ئامال بار؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

شۇ كۈنى چۇ يەنچاۋ ئۇچىنچى يىللىققا دەرس بېرىپ بولۇپ، تامىقىنى ئالدىراپلا يەپ «بىلىمدان» قەسىرىگە يېتىپ كەلدى.

— چۇ مۇئەللىم، سىزكەنسىز - دە؟ — ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭغا ئىشىكنى خەي هامما ئېچىپ بەردى، — تازا بىر ئىش بولدى، شىنيۈ سىرتقا چىقىپ كەتكەن. . .

— سىرتقا چىقىپ كەتكەن؟ — چۇ يەنچاۋ تولىمۇ تاسادىپىيلىق هېس قىلدى، — نەگە كەتتى، كېسىلىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولمىغاندۇ؟

— مۇنداق ئىش، — دېدى خەن خانىم ئىچكەركى ئۆيدىن

چىقىپ، — بۈگۈن مەن يەڭگىسىنى شىنيۈنى ئاپىرىپ تەكشۈر-
تۈپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. تەكشۈرتكىنىمىزگە بىر ئاي بولۇپ
قالغان.

— تەكشۈرتۈشكە؟ دوختۇرخانىدا ئادەتتە ئەتىگەنلىرى
تەكشۈرۈش قىلىناتتىغۇ. بىز بۇ ئىش توغرۇلۇق كېلىشىپ
بولغان. مەن شىنيۈنى ئۈگۈنلۈككە ئەتىگەندە تەكشۈرتكىلى ئاپە-
رىدىغان بولغان. . . — دېدى چۇ يەنچاۋ.

— چۈشتىن كېيىن كېسەل كۆرسەتكىلى بارىدىغانلار ئاز-
راق بولىدۇ، دوختۇرمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرىدۇ، — دېدى خەن
خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ يەڭگىسى بىر ئىشلاردا بەك
ئىنچىكە، ھەم ئۆزى ئوقۇغان، ئۇ ھەمراھ بولۇپ بارسا شىنيۈ-
دىن مەنمۇ خاتىرجەم. چۇ مۇئەللىم، بۇ ئىشتا سىزنى ئاۋارە
قىلساق بولمايدۇ، ھېلىمۇ سىزنىڭ جىق ۋاقتىڭىزنى ئالدۇق.
بۇنداق كېتىۋەرسە بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلارمۇ يۈزىمىز چىمىل-
داپ خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمىز.

— خەن ھامما، بۇنداق تەكەللۇپ قىلماڭ، — دېدى شىن-
يۈدىن ئەنسىرەپ قالغان چۇ يەنچاۋ خوشلىشىش ئۈچۈن كەينىگە
بۇرۇلۇشقا تەمشىلىۋېتىپ، — ئەمىسە. . . مەن دوختۇرخانىغا
بېرىپ باقاي.

— بولدى، — دېدى خەن خانىم جاھىللىق بىلەن ئۇنى
قېپقېلىشقا دەۋەت قىلىپ، — ئۆيگە كىرىپ ئازراق چاي ئىچىپ
كېتىڭ، يەنە سىزگە دەيدىغان گەپلىرىممۇ بار.

چۇ يەنچاۋ ئامالسىز خەن خانىمنىڭ ئارقىسىدىن قورۇغا
كىردى، ئەمما نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە
ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ تۆر ئۆيگە كىرگەندە، خەن زىچى چاي
ئىچىپ ئولتۇراتتى، چۇ يەنچاۋ شۇندىلا بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك
بولدى. ئەگەر بۇ ئىككىيلەن شىنيۈنىڭ قاچان مەكتەپكە قايتىپ
بارالايدىغانلىقىنى سوراپ قالسا، نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟

— چۇ مۇئەللىم، كېلىڭ! — خەن زىچى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسەتتى. بۇ هال چۇ يەنچاۋنى «بايا پەرەز قىلغىنىم توغرا ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئەمەلىيەتتە، خەن زىچى ئالايتەن چۇ يەنچاۋنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانمۇ ئەمەس ئىدى. يېقىندىن بېرى ئالاهىدە هۈنەر - سەنئەت شىركىتىدە هەر كۈنى سىنىپىي كۈرەش يۈرگۈزۈلۈۋاتاتتى. هازىرغىچە بىرەر مەسىلىسى تارتىپ چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، خەن زىچى نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى، شۇڭا ئاشۇنداق يىغىنلارغا قاتناشسىلا يۈرىكىنى ۋەهىمە باساتتى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ يىغىندا پەقەت ئولتۇرالماي «بېقىنىم ئاغرىۋاتىدۇ، كېسەل كۆرسىتەتتىم» دەپ باهانە كۆرسىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدى. لېكىن، قىزى ئۆيدە بولمىغاچقا، هېچ ئىشقا قولى بارماي ئولتۇراتتى. چۇ يەنچاۋنىڭ كېلىشى ئۇنى خۇرسەن قىلدى. چۈنكى، ئۇ بۇ بىلىملىك يىگىت بىلەن پاراڭلىشىشنى خالايتتى.

چۇ يەنچاۋ خەن زىچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن خەن خانىم ئاغزى يېپىق پىيالىدە ئۇنىڭغا ئۆزى چاي ئەكەلدى.

— خەن تاغا، خەن هامما، — دېدى چۇ يەنچاۋ چاينى قولىغا ئېلىپ شىرەگە قويغاچ. ئۇنىڭ شىنيۆ ئۆيدە يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەزى گەپلەرنى قىزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا دەۋېلىش ئويى بار ئىدى، شۇڭا قورۇنۇپ ئولتۇرمايلا دېدى، — يېقىندىن بېرى شىنيۆنىڭ سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ. . .

— راست دەيسىز، هازىر ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇرۇنقىدىن جىق ياخشى، — خەن زىچى ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا دېدى، — بۇمۇ لۇ دوختۇرنىڭ كۆيۈنۈپ داۋالىغىنىدىن، سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزدىن، مەدەت بەرگىنىڭىزدىن بولدى. شىنيۆ تېخى بالا ئەمەسمۇ. مۇشۇنداق پەپىلەپ هالىدىن ئوبدان خەۋەر

ئالساق، كەيپىياتى ياخشىلىنىدۇ، كېسىلىمۇ يېنىكلەيدۇ. سىز بىرەر كىتاب تۈزۈۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ قارىسام بىزنىڭ قىز شۇ ئىشقا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك. . .

ئەسلى چۇ يەنچاۋنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىش ئويى يوق ئىدى، خەن زىچى تۇيۇقسىز گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قالغان بولغاچقا، ئامالسىز ئېغىز ئاچتى، — ھەئە، شىنيۈ بىلەن بىر- لىكتە لۇشۇننىڭ «يېڭى ھېكايىلەر» دېگەن كىتابىنى تەرجىمە قىلىۋاتاتتۇق. . .

— قىزىمىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ قارى- سام، سىز ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە ئەتەي ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى تاپشۇرۇپسىز، ياخشى نىيىتىڭىزنى سېزىۋالدىم. سىزگە كۆپ- تىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. شىنيۈ كىچىك، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن تەڭ تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنالىشى مۇمكىنمۇ؟ — خەن زىچى قىزىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈ- رۈپ ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ قىزىنىڭ قابىلىيىتىنى تۆۋەن كۆرۈشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى، قىزىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ھەي. . . ئەگەر مۇشۇنداق ياخشى ئوقۇتقۇچىغا ئۇچراپ قالمىغان بولسا، قىزىمىزغا تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشى نەدە تۇرۇپتۇ؟

— ياق، خەن تاغا، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — شىنيۈنىڭ تىل قابىلىيىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئەدەبىياتقا تولىمۇ ھەۋەس قىلىدۇ. لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق مۇستەقىل، ئۆزگە- چە پىكىر قىلالايدۇ. تەرجىمە جەريانىدا ماڭا نۇرغۇن ياردەملەر- نى بەردى. ھازىر بىز ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ ئىشلەۋاتىد- مىز. . .

— شۇنداقمۇ؟ — خەن زىچى سۆيۈنۈش ئىچىدە كۈلۈمسى- رىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش گەرچە بىر ئاز ھەسرەتلىك چىققان بولسىمۇ، لېكىن چۇ يەنچاۋنىڭ قىزىنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ

ئىچىدە ئىختىيارسىز خۇش بولدى، — مەن ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان نەرسىلىرىنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان. سىز تەرجىمە قىلغان «شەمشەر سوقۇش»نى كۆردۈم. تىلى بەك ياخشى چىقىپتۇ. لۇشۇن توغرۇلۇق جىق بىر نېمىلەرنى بىلمىسەممۇ، گەن جياڭ، مۇشىيېنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن خېلى تونۇش. تەرجىمىنى ناھايىتى ياخشى قىپسىز، بىر ئولتۇرۇشۇمدا ئوقۇپ تۈگىتىۋەتتىم.

— بەك ماختىۋەتتىڭىز، ئەسلى ئەسەر ياخشى بولمىغان بولسا، ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ بىكار ئىدى، — چۇ يەنچاۋ راستچىللىق بىلەن گەپ قىلدى، — تەرجىمە جەريانىدا مەنەنى كەتكۈزۈپ قويۇشتىن جىق ئەنسىرىدىم. ئالايلۇق، ھېلىقى بىرنەچچە كۇپلېتلىق غەلىتە ناخشىنى تەرجىمە قىلغاندا، دەسلەپتە ئۇدۇل تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ جىق قىينالغانىدىم، كېيىن شىنيۆنىڭ تەكلىپى بويىچە مەنەدىن تەرجىمىگە كۆچتۈم. دېگەندەك، ئۇ ناخشىنى خېلى ئەركىن تەرجىمە قىلالىدىم.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى خەن زىچى خۇشاللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ. ئۇ ھېلىقى كۈنى «شەمشەر قۇيۇش»نىڭ تەرجىمىسىنى كۆرگەن چېغىدا، «ناخشىنىڭ تەرجىمىسىگە يەنىمۇ ئىشلىسە بولغۇدەك» دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەن، لېكىن خىجىل بولۇپ دېيەلمىگەنىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆز كۆڭلىدە قىزىدىن ئىختىيارسىز پەخىرلەندى.

خەن خانىم بىر چەتتە سەۋر قاچىسى توشۇپ ئولتۇراتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى ھەم پەقەتلا قىزىقمايتتى. ئۇ ئاخىر ئەدەپ بىلەن گەپ ئارىلىدى:

— ئەگەر شىنيۆدە ئاز ـ تولا قابىلىيەت بار دېسەك، ئۇمۇ چۇ مۇئەللىمنىڭ ياخشى تەربىيىسىنىڭ شاراپىتى. چۇ مۇئەللىم قىزىمىزغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، نۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا دەرس ئۆگەتتى، دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇردى.

سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتساق بولىدىكىن؟
چۇ يەنچاۋ ئالدىراپلا جاۋاب بەردى:
— خەن هامما، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. مەن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، يا مەن يات ئادەم بولمىسام...
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن بىزنىڭ يۈزىمىز چىمىلداپ دىكەن، — دېدى خەن خانىم كۈلۈپ، — شىنيۈ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسا، چۇ مۇئەللىمنى ئاۋارە قىلساقمۇ ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. لېكىن هازىر، ھەي-ي! بۇ بالىنىڭ رىزقى شۇنداق ئوخشايدۇ، قاراپ تۇرۇپ بۇ نىجىس كېسەل چاپلىشىۋالدى. قارىسام، بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ھېچ ياخشىلىنىپ قالىدىغاندەك ئەمەس. يەنە كېلىپ ئوقۇشىمۇ توختاپ قالدى. ئەمدى ئۆيدە كاللىسىنى ئاۋارە قىلىپ مىلى ئۆگەنگىنى بىلەن ھېچنېمىگە ئەسقاتامدىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مۇئەللىمنىڭ ۋاقتىنى ئالىدىكەن. مېنىڭ پىكرىم، ئەمدى ئۇ ئۆزى ئۆگىنىشنى قويۇپ ئوبدان ئارام ئالسۇن. سىز شۇنداق ئالدىراش ئىكەنسىز، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى مۇھىم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئۇنى كۆرگىلى كەلمەڭ!
خەن زىچىنىڭ قوشۇمىلىرى ئىختىيارسىز تۈرۈلدى، بايەقى خۇشال كەيپىياتى توزغاقتەك غايىب بولدى، ئايالىنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، يۈرىكىگە جاققىدە تەگدى:
— كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىش بولمىسا، شىنيۈ خاتىرجەم دەم ئالالامتى؟
— راست، — دېدى چۇ يەنچاۋ غەمكىنلىك بىلەن خەن خانىمغا قاراپ، — سىز بىلىسىز، بۇ كىتاب ئۇنىڭغا كېسەلنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگۈدەك جاسارەت ئاتا قىلدى. بىز كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى تۈگىتەيلا دەپ قالدۇق. مېنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم...
— توغرا، سىز ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دەيسىز! — خەن

خانىم ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى ۋە خىيالىدىن ئىختىيارسىز: «نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم بۇ، گەپنى ئوچۇقلا دېسەم بولغۇدەك. مېنى يۈز - خاتىرە قىلمىدى دېسىمۇ مەيلى!» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى ۋە چىرايىدىكى كۈلكىنى يوقاتماي گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ سىزگە نېمە ياردەم بېرەلەيتتى، يەنە ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ئاقسايدۇ شۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنيۈ قىز بالا، بىزگە كىچىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئاللىبۇرۇن يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالدى، چوپچوڭ قىز بولۇپ قالدى. سىزمۇ ياش ئىكەنسىز، ئوقۇشتىن توختىغان بىر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن شۇنچە يېقىن بولۇپ كەتسىڭىز، مەكتەپتىكىلەردە سۆز - چۆچەك بولىدۇ. سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىزگە تەسىر يەتسە بىزنىڭ يۈزىمىزگىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟

چۇ يەنچاۋ جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەسلىدە خەن خانىمنىڭ ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغانلىرى مۇشۇ ئىكەندە!

خەن زىچى خوتۇنىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ بايا خوتۇنىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى تاقىتى تاق بولۇپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم كۆز ئىشارىتى قىلدى، لېكىن خەن خانىم كۆرمىگەنگە سېلىپ گېپىنى دەۋەردى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ئىش كېلىپ قالسا، ئاغزىنى ئوڭاي توسقىلى بولمايتتى. خەن زىچى ئاخىر ئاچچىق ئارىلاش ئاھاڭدا خوتۇنىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— سەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟ ئەدەپسىزلىكىنى قارا بۇنىڭ! . . . — ئۇ خوتۇنىنىڭ گەپلىرىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئوڭايسىزلىق ئىچىدە چۇ يەنچاۋغا قاراپ دېدى، — چۇ مۇئەللىم، بىزنىڭ بۇ ئايال تۈزۈك ئوقۇمىغان، شىنيۈنىڭ كېسىلىدىن تولا ئەنسىرەپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى. قىزىغا كۆيۈنگىنى ئۈچۈن بايا ئالدىراپ گەپ قىلىپ سالدى، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ!

— سىلەر كۆپ ئوقۇغان، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى مەن قارا تۇركتىن ئوبدانراق چۈشىنىسىلەر ئەمەسمۇ! — دېدى خەن خانىم كۇلۇمسىرەپ، — چۇ مۇئەللىمنىڭ بۇنداق غەرىزى يوق ئىكەنلىكى ماڭىمۇ ئايان، بالدۇرراق ئەسكەرتىپ قويدۇم شۇ. شۇنداق قىلساڭلار ھەر ئىككىڭلارغا ياخشى. راستىنىلا بىرەر گەپ تارىلىپ قالسا، چاتاقنىڭ چوڭى چىققىنى شۇ!

بايىدىن بېرى جىممىدە ئاڭلاپ ئولتۇرغان چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. شىنيۆنىڭ ئانىسى بەك سەزگۈر ئىكەن ئەمەسمۇ، ھەممىنى سېزىۋاپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزىنىمۇ، ئۇلارنىمۇ ئالداپ بولارنى ئىنكار قىلسۇنمۇ ياكى ھەقىقىي ئەھۋالنى دېسۇنمۇ؟ ئۇ شىنيۆنى ئويلاپ قالدى. ھېچگەپتىن ھېچگەپ يوق ئاردىكى مۇھەببەتنى يوشۇرسا، بۇ شىنيۆ ئۈچۈن خورلۇق ئىدى. چۇ يەنچاۋ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى دېيىش قارارىغا كەلدى:

— خەن ھامما، ياخشى نىيىتىڭىزنى چۈشەندىم. توغرا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئابرۇيىنىمۇ، شىنيۆنىڭ ئابرۇيىنىمۇ قەدىرلەيمەن. مەن ئۇنىڭ ھەم ئوقۇتقۇچىسى ھەم دوستى. شىنيۆگە زىيىنى تېگىدىغان ئىشلارنى مەن ھەرگىز قىلمايمەن، سىز بۇنىڭدىن تولۇق خاتىرجەم بولۇڭ! بىراق، بۇگۇن ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: سىلەر شىنيۆنىڭ ئاتا - ئانىسى. ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى، بىرەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىنى خالىمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. لېكىن، بىلەمسىلەركىن، مەنمۇ ئۇنى سۆيىمەن، سىلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن!

ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئېيتىلغان بۇ گەپ خەن زىچېنىمۇ، خەن خانىمنىمۇ قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

خەن زىچېنىڭ بۇگۇنكى پاراڭ توغرۇلۇق ئىدىيە تەييارلىقى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كۈت-

مىگەن يېرىدىن چىقتى. بابا خوتۇنىنىڭ گېپى ئورۇنسىزدەك بىلىنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە چۇ يەنچاۋنىڭ جاۋابى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇھەببەت پەيدا بولسا ـ ھە! خەن زىچى ئۆزىنى توساتتىن تولىمۇ قېرىپ كەتكەندەك، قۇلاقتىن، كۆزدىن قېلىۋاتقاندەك، كاللىسىنى دات بېسىپ قالغاندەك سەزدى. قىزىق، يېنىدىلا يۈز بەرگەن ئىشنى سېزەلمىسە ـ ھە؟ توغرا، قىزى چوڭ بولۇپ ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. بۇ ياشلارنىڭ ئىدىيىسى تازا جانلىنىدىغان، ھېسسىياتى ئۇچقۇرلىشىدىغان ۋاقتى، يات جىنسلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ. مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالسا ئۆزىنى تارتىپ ئالالمايدۇ. ياخشى جۈپتىن بىرنى تېپىپ بەختىنى تېپىشمۇ، نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ پاجىئەلىك ئەھۋالغا قېلىشمۇ مۇمكىن. يەنە كېلىپ مۇھەببەت تراگېدىيىسى بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا نۇرغۇن تالاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ، ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغان بۇ ئىككىسى بىخۇدلۇق قىپتۇ. بۇ ئىشتا قىزى توغرۇلۇق بۇرۇنراق ئويلىنىشى، ئۇنىڭغا ھايات يولىدا نۇرغۇن خەۋپلىك، تار يوللارنىڭ بارلىقىنى، ئېھتىيات بىلەن مېڭىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. . . لېكىن، ئۇلار بۇلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئەمدى چۇ يەنچاۋ نەق گەپنى دېدى. . . خەن زىچى ھەقىقىي ئەھۋالنى بالدۇرراق بىلگەن بولسا، قىزىنى توسقان بولاتتى. ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ!

— ھە، ئەمىسە بابا دېگەن گەپلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەسكەندە! — خەن خانىم شۇنداقراق بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ چۇ يەنچاۋنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران قالدى، ئۆزىنىڭ بۇ گەپلەرنى نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق دېمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆكۈندى، يەنە

تۇرۇپ بۇگۈن بولسىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللانغانلىقىدىن، كاللىسىنىڭ ئېرىنىڭكىدىن سەگەك ئىكەنلىكىدىن ئىچىدە خۇش بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى، ئىچىدە: «بۇ بىلىملىك، سۆزمەن ئوقۇتقۇچىغا ئەمدى قانداق ئامال قىلغۇلۇق؟» دەپ ئويلىدى. يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ بىر نېمە دېسە قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويىدۇ، بۇنىڭغا ھەم ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. شىنيۆگە شۇنچە ياخشىلىق قىلىشقان ئادەمگە ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟ يەنىلا ياخشى گەپ قىلىپ ئۇنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويسا، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەسلىككە كۆندۈرسە ئىش پۈتەمدۇ؟ خەن خانىم شۇلارنى ئويلاپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەچ مۇنداق دېدى:

— چۇ مۇئەللىم، مەنمۇ، شىنيۆنىڭ دادىسىمۇ ئەزەلدىن سىزنى چوڭ كۆرۈپ كەلدۇق. سىز شىنيۆنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، «بىر كۈنلۈك ئۇستاز ـ شاگىرت ئۆمۈرلۈك ئاتا ـ بالىغا ئوخشايدۇ» دېگەن گەپ بار. شىنيۆگە قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمىز. لېكىن، بالىمىز كىچىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەل تۇرسا توي ئىشىنى تىلغا ئېلىشقا بولامدۇ دەيسىز؟ يەنە كېلىپ، چۇ مۇئەللىمنىڭ يېشىمۇ كىچىك ئەمەس. بۇ يىل يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەنسىز؟ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىڭىزنى شىنيۆ ئاقسىتىپ قويمىسۇن يەنە. شارائىتىڭىز شۇنداق ياخشى، نەدىن لايىق ئىزدىيەمەن دېسىڭىز تېپىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بىر كېسەل قىزغا ئۆمىد باغلاپ يۈرسىڭىز ئەرزىمدۇ؟...

— خەن ھامما! — قاتتىق ھاياجانلانغان چۇ يەنچاۋ خەن خانىمنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — مېنىڭ نەزەرىمدە شىنيۆ بىچارە كېسەل قىز ئەمەس، جاھاندىكى ئەڭ ياخشى قىز، مۇكەممەل قىز. مەن ئۇنى بۇرۇنلا سۆيەتتىم، ئۇمۇ مېنى سۆيەتتى. ئەگەر ئۇ ئاغرىپ قالمىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ھېسسىياتىمنى بۇنچە

تېز ئېپادىلىمىگەن بولاتتىم. لېكىن، كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگە-
رىش بولدى. ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. بىلەمسىز؟
مەكتەپتىن، كوللېكتىپتىن، ئۆگىنىش قىلىش، كەسىپ بىلەن
شۇغۇللىنىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم نېمىگە موھ-
تاج بولىدۇ؟ ھېسسىياتقا، مۇھەببەتكە موھتاج بولىدۇ! مەن
مۇھەببىتىم بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتىشىم، ئۇنىڭغا كېسەل
ئازابىنى، قايغۇ - ئازابنى ئۇنتۇلدۇرۇشۇم، ساغلام ئادەملەرگە
ئوخشاش گۈزەل ياشلىقى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەك! —
چۇ يەنچاۋنىڭ شىرەگە تىرەلگەن قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس
تىترەپ كەتتى، يۈزى زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن قىزار-
دى، كۆزلىرى سەمىمىي بىر نەزەردە خەن خانىمغا، ئاندىن خەن
زىچىغا قادالدى، — ئىككىڭلارنىڭ پىكرىنى بالدۇرراق ئالمىغى-
نىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىڭلار! سىلەرنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلىسا
كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. سىلەر شىنيۆنىڭ ئاتا - ئانىسى،
مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام. ئاتا - ئانامدىن گەپ يوشۇرسام بولمايدۇ:
مەن شىنيۆنى سۆيىمەن، شىنيۆمۇ مېنى سۆيىدۇ. مەن مەڭگۇ
ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىمەن، مەڭگۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن!

كۆز ئالدىدىكى بۇ ھېسسىياتچان يىگىتكە قاراپ قالغان خەن
زىچى قاتتىق تەسىرلەندى، بۇرۇنقى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك
ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بۇ ياش ئوقۇت-
قۇچى ئىلگىرى ئۇنىڭ نەزەرىدە تولىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم
ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن، تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈ-
نۈپ كەتتى. چۇ يەنچاۋ شىنيۆ ئۈچۈن قانچىلىك مۇھەببەت،
قانچىلىك كۈچ ئاتا قىلدى، «بىلىمدان» قەسرى ئۈچۈن قانچى-
لىك خاپىلىق ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى؟ ھاياتلىق يولىدا
مۇھەببەت ئىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇنداق ئەھۋالدا قى-
زى مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالسا خۇش بولۇش
كېرەكمۇ ياكى توسقۇنلۇق قىلىش كېرەكمۇ؟ ياق، شىنيۆ مۇس-

www.uyghurkitap.com

تەقىل پىكىر قىلالمايدىغان ساددا باللاردىن ئەمەس. ئۇ مۇ-شۇنداق ياخشى ئادەمنى تېپىپتۇ. خەن زىچىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىرلا قىزى بار، ئون توققۇز يىلدىن بېرى قىزى قەلب رىشتە-سىنى، ئۈمىدىنى دادىسىغا باغلاپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. خەن زىچى هازىرغىچە شىنيۆگە قانداقراق بىر كۈيئوغۇل تاللاش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ باقمايتىكەن، ئەمدى چۇ يەنچاۋ ئۆيگە ئۆزى كىردى. مانا بۇ ئەڭ ياخشى نامزات ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئەتراپتىن دېگىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەش هاجەتسىز. ئۆزى قېرىدى، قىزىغا بىر ئۆمۈر باقىۋەندە بولالمايدۇ، هامان بىر كۈنى ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ كېسەلچان قىزنى كىمگە تاپشۇرىدۇ. چۇ يەنچاۋ قىزىنى خاتىرجەم تاپشۇرسا بول-دىغان بىردىنبىر ئادەم. قىزىنىڭ بەختىنى، هاياتىنى، كېيىن-كى تەقدىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش، ئۆزلىرى ئادا قىلالمىغان بۇرچنى قىزى ئۇچۇن ئادا قىلىشنى ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈش كېرەك!

خەن زىچى قىزىنى تالالىق قىلىدىغان ۋاقىت راستتىنلا يېتىپ كەلگەندەك بىر خىل قىيالماسلىق ئىچىدە قالدى. لېكىن ئۇ شىنيۆنىڭ چۇ يەنچاۋنى تاللىغانلىقىدىن رازى ئىدى. ئەمدى دېيىش كېرەك، كۆڭلىدىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش كېرەك. . .

بىراق، قورسىقىدا ئاللىبۇرۇن چوت سوقۇپ بولغان خەن خانىم ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئالامەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ بو-لۇپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىش پۇرسىتى بەرمەي ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— چۇ مۇئەللىم، شىنيۆنى سىزچىلىك چوڭ بىلىدىغان، ئەخلاق - پەزىلەتلىك يىگىت كەم تېپىلىدۇ. بىزمۇ سىزنى شۇنداق هۆرمەتلەيمىز، — خەن خانىم ئاساسىي مەقسەتنى كې-يىنرەك دېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلدى.

ئۇ ئەسلىدە بۇنچە جىق گەپ قىلىشنىڭ هاجىتى يوق دەپ قارىغا-نىدى. چۇ يەنچاۋمۇ ئىككىسىنىڭ رازىلىقى يوقلۇقىنى بىلگەندىن

كېيىن، چىرايلىقچە بولدى قىلسا بولاتتى. ئويلىمىغان يەردىن سۆزلىگەنسېرى ئەزۋەيلەپ، نىيىتىدىن ياناي ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىكى ئۇنىڭ يۈزىنى قىزارتىۋەتتى. قارىغاندا، بۇ يىگىتكە چىرايلىق گەپ ئاقمايدىغان ئوخشايدۇ. خەن خانىم شۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە بىرئازدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقى ئېنىق. سىز ئارمىنىزنى باشقا - باشقا ئىككى دىنىنىڭ ئايرىپ تۇرغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

خەن زىچىنىڭ شېرىن خىيالىنى خوتۇنىنىڭ گەپلىرى بۇ-زۇۋەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز سەگەكلەشتى: ئۇ بايا بىخۇدلۇق قىلغان، تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلىگە سەل قارىغانىدى، چۇ يەنچاۋ مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى.

— دىن؟ — چۇ يەنچاۋ دەماللىققا گاڭگىراپ قالدى، — شىنيۈ... مۇ دىنغا ئېتىقاد قىلامدۇ؟

— بۇنى سوراش كېتەمدۇ؟ — دېدى خەن خانىم قىلچە يوشۇرماي، — خۇيزۇلارنىڭ دىنغا ئىشەنمەيدىغىنىنى نەدە كۆر-گەنتىڭىز؟ بىز ئاللاغا ئىشىنىمىز، سىلەر خەنزۇلار بۇدساتۋاغا ئىشىنىسىلەر...

— مەن بۇدساتۋاغا ئىشەنمەيمەن، ھەرقانداق دىنغا ئىشەن-مەيمەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — لېكىن، مەن سىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىڭلارنى ھۆرمەتلەيمەن. ئىسلام دىنى تىنچلىقنى، مېھرى-بانلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنسانلارنىڭ ئورتاق، گۈزەل ئارزۇسى. ئېتىقاد ئادەمنى ئالىيجاناب قىلىدۇ، قەلبىنى ساپلاشتۇرىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم سادىق مۇرىت، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر. مەن سىلەرنىڭ تۇر-مۇش ئادىتىڭلارغا ھۆرمەت قىلىمەن. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئارد-مىزدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق...

چۇ يەنچاۋ ئىسلام دىنى ھەققىدە تولىمۇ يۈزەكى قاراشتا

www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، بايىقى گەپنى ساددىلارچە دەپ سالدى. بۇ دىندا پەقەت «ھۆرمەتلەش» بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ ھۆرمەتلەش ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىر ئۇقۇم ئەمەستە! ئۇنىڭ «ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيمەن» دېگەن بايىقى بىر ئېغىز گېپىلا خەن خانىمنى بىزار قىلىپ قويدى.

— بولمايدۇ، — دېدى خەن خانىم ئۆڭۈپلا، — بىز مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن تۇغقان بولالمايمىز.

چۇ يەنچاۋ تۇرۇپلا قالدى، خەن خانىمنىڭ گېپىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ ئۆزىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى چۈشەندى. بۇنداق بولارىنى ئۇ چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

چۇ يەنچاۋ بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ خەن خانىم تىلغا ئالغان «كاپىر» دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم»دە ئۇچرايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەلىملىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەن، مۇسۇلماندارچىلىق يولىنى تۇتمىغان ئادەم ئەسكى ئادەم، قىيامەتتە ئۇلارنى دوزاخ كۈتۈپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەيدىغان جۇڭگولۇقلارنى بىراقلا كاپىرلارنىڭ قاتارىغا قېتىۋەتمەسلىك كېرەك. غەربىي دىياردىكى ئىسلام ئەللىرى قەدىمىي دەۋرلەردە جۇڭگودىكى خەنزۇلارنى «خىتاي» دەپ ئاتايتتى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى دىنسىز دېگەنلىك بولۇپ، ئەرەبچىدىكى كاپىر دېگەن سۆزدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. لېكىن، بۇلارنى خەن خانىمغا كىم بېرىپ چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇ جاھىللىق بىلەن چۇ يەنچاۋنى «كاپىر» دەپ ئاتاۋاتسا. ئېھتىمال، چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىدىغان - كىرمەيدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايات چېغىدا شىنيۈ بىلەن مۇھەببەتلىشىشنى ئويلايدىغىنى ئېنىق. ئەمدى مۇشۇمۇ مۇمكىن بولمىسا - ھە!

چۇ يەنچاۋ تېڭىرقاپ قالدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ شىنيۈ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تونۇشۇشتىن مۇھەببەتلىشىشكە تەرەققىي قىلدى، قەلب رىشتىلىرى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاندى. ئۇمۇ شىنيۈگە ئوخشاش ئادەم، دۆلىتى ئوخشاش، رەڭگى ئوخشاش، تىلى ئوخشاش ئادەم، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا بۇنداق مۇستەھكەم پاسىل بولىدۇ؟ ئۇ دىنغا ئىشەنمەيدىغان تۇرۇپ، شىنيۈنى دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ ئۆتتىغۇ! ئەجەبا بۇمۇ بولمىسا - ھە؟

خەن زىچىمۇ ئوخشاشلا تېڭىرقاپ قېلىپ، ئازاب ئىچىدە گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، خوتۇنىغا دېدى:

— ئەگەر. . . چۇ مۇئەللىم ئىسلام دىنىغا كىرسىچۇ؟ تورورىدىن بابانىڭ دېيىشىچە، پەقەت. . .

راست، ھايات ۋاقتىدا جاي - جايغا بېرىپ دىن تارقاتقان تورورىدىن ئۇنىڭغا: «ئاللانىڭ رەھمى قالتىس كەڭدۇر، ئىسلام دىنى دېڭىزغا ئوخشاش ھەرقانداق ئادەمنى ئۆز قوينىغا ئالالايدۇ. ھەرقانداق ئادەم سەمىمىيلىك بىلەن ئاللانىڭ يولىنى تۇتسا، مەسچىتكە كىرىپ: ‹لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدەن روسۇلىللا›، دەپ ئىمان ئېيتسا مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ» دېگەن ئەمەسمىدى. . .

لېكىن، خەن خانىم چۇ يەنچاۋنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا كەسكىن جاۋابنى بەردى:

— ئۇنىڭدىمۇ بولمايدۇ. بىز دېگەن خۇيزۇ تۇرساق. ئوغۇل ئۆيلىسەك، قىز چىقارساق تارىختىن بېرى خۇيزۇلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىپ كېلىۋاتىمىز. خەنزۇلار بىلەن تويلاشساق بولمايدۇ. پەقەت بولمىغاندا، ئۇلاردىن قىز ئەكىرىشكە بولىدۇ! لېكىن، بىز قىزىمىزنى ئۇلارغا كېلىن قىلىپ بەرسەك بولماي-

www.uyghurkitap.com

دۇ. شىنىيۆغۇ كىچىك، بۇلارنى چۈشەنمەيدۇ، ئەمدى سىزمۇ
چۈشەنمەمسىز؟

خەن زىچىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. توغرا، يېشى ئاتمىشقا
يېقىنلاپ قالغان بىر خۇيزۇ بۇنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدىغۇ!
خۇيزۇلار جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئالاھىدە بىر مىللەت،
ئۇلار مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان يەتتە يۈز يىل داۋامىدا ئېتىقادىنى
ساقلاپلا كەلمەستىن، يەنە قېنىنىڭ ساپلىقىنىمۇ كۆز قارىچۇقد-
ىنى ئاسرىغاندەك قوغداپ كەلدى. ئۇلارنىڭ سانى بەك ئاز، شۇڭا
ئۇلار ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ خۇيزۇ بولۇشىنى، ئاتا - بوۋىلىرىنى
ئۇنتۇماي ئۆز قوۋمىنىڭ ئارىسىغا باشقا مىللەتنىڭ نەسلىنى
سۆرەپ كىرمەسلىكنى، يىلتىزىنى ئۈزۈپ قويماسلىقنى ئارزۇ
قىلىدۇ. شۇ تۈپەيلى يات مىللەت بىلەن تويلىشىشتىن ئىمكانقە-
دەر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن مۇتلەق ئۆزىنى
قاچۇرۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ، يەن، مىڭ سۇلالىرى دەۋرىدىن
تارتىپ ھازىرغىچە خۇيزۇ يىگىتلىرى خەنزۇلاردىن قىز ئالىدى-
غان، خۇيزۇ قىزلىرى خەنزۇلارغا ياتلىق بولىدىغان ئىش بولۇپ
تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىگە ئايلانمىغان بولغاچقا،
خەن زىچىنىڭ ئايالىنى قايىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خەن زىچى قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان بىر كۈچنىڭ تۇرتكى-
سىدە چۇ يەنچاۋغا ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قال-
دى، مۇشۇنداق ياخشى «كۈيئوغۇل»نى قولدىن بېرىپ قويغىنى ئۈ-
چۈن ئەپسۇسلاندى. لېكىن. . . بۇتتەك قېتىۋېلىپمۇ تۇرمىدى.

— چۇ مۇئەللىم، سىز قەيەردىن. . . ؟ — خەن زىچى
تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— شاڭخەيدىن، — چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بول-
غانلىقىنى ئاڭقىرالماي جاۋاب بەردى. ئېسىدە قېلىشىچە، خەن
زىچى بۇ سوئالنى ئىلگىرى بىر قېتىم سورىغان، ئۇمۇ ئېنىق
جاۋاب بەرگەنىدى.

— ئاتا - بوۋىڭىزمۇ شائىخەيلىكمىدى؟...

— ياق، نەنجىڭلىق ئىدى.

— ھە؟ — خەن زىچى ئازراق ئۈمىدلىنىپ سورىدى، — نەنجىڭدا خۇيزۇلار جىق، ئاتا - بوۋىلىرىڭىزدىن...

— ياق، مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى خەنزۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ خۇيزۇ بولۇپ قېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن يالغان ئېيتالمايتتى، — ئائىلىمىزدە «چۇ جەمەتى تەزكىرىسى» بار ئىكەن، ئوقۇسام...

— ئەمىسە تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا خۇيزۇلار بارمۇ؟ مەسىلەن، ئانا جەمەت ئارىسىدا، مومىڭىزنىڭ تۇغقانلىرى ئارىسىدا... — خەن زىچى توختىماي سوراۋەردى. ئۇ چۇ يەنچاۋنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر بولسىمۇ خۇيزۇلار بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، ۋۇجۇدىدا ئازراق بولسىمۇ خۇيزۇنىڭ قېنى بولسا ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولاتتى.

— يوق... — چۇ يەنچاۋ ھەسرەت ئىچىدە جاۋاب بەردى.

خەن زىچى ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىختىيارسىز ئۇھسىنىپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ يوققا چىققانىدى.

— ئەمىسە ئامال يوق، — دېدى خەن خانىم قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىز ئىككى ئائىلىنىڭ بۇ ئىشقا رىزقى چۈشمىگەن ئوخشايدۇ. بىزنى شەپقەتسىزكەن دەپ ئاغرىنماڭ، بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ خۇيزۇ بولمىغانلىقىڭىزدىن كۆرۈڭ. مەن ئەمدى نېمىمۇ دېيەلەيتتىم.

چۇ يەنچاۋ جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى، ھەتتا روھى تىترەۋاتاتتى. بۇ، خەن خانىمنىڭ قىزىغا ۋاكالىتەن مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى جاكارلىغىنىمۇ؟ ئۇنىڭغا چىقىرىلغان ھۆكۈممۇ؟ نېمىشقا بۇ كۈن بۇنچە تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدۇ، قىلچە تەييارلىقى بولمىغان بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ؟ ئۇ شىنيۆدىن قانداق ئايرىلالايدۇ؟

شىنيۆ ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلالايدۇ؟ بىر ـ بىرىگە چىڭڭىدە چېتىلغان بىر جۈپ يۈرەك ئايرىلغاندىن كېيىن ياشىيالامدۇ؟

— خەن تاغا، خەن ھاما. . . — چۇ يەنچاۋ ئاستا پىچىرلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنى ئاددىي گەپ ئەمەس، يۈرىكىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قان ئىدى، — مەن. . . شىنيۆنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، مەندىن ئايرىلسا ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ! . . .

— ئاھ خۇدا! — خەن خانىم قورقۇنچ ئىچىدە ئاللاغا نىدا قىلدى. چۇ يەنچاۋنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ ئەنسىز گەپ ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىۋەتكەنىدى، — چۇ مۇئەللىم، بىر قىزىمىز كېسەل ياتسا، يەنە بېشىمىزغا كەلگەن شۇملۇقلارنى ئاز دېگەندەك بۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— خەن ھاما، مەن ئۇنىڭ. . . ئۆلۈپ كېتىشىنى خالامدىمەن؟ ياق، ئەكسىچە شۇنداق بولۇشىدىن قورقىمەن! — چۇ يەنچاۋ ھەسرەت ئىچىدە خەن خانىمغا قارىدى، — ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ ئوپېراتسىيە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دورا بىلەن ھاياتىنى ئۇزارتىشتىن باشقا ئامال يوق. شىنيۆنىڭ يۈرىكى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى. روھىي زەربىگە ئۇچراپ كېسىلى قوزغىلىپ قالسا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن راستىنلا ئاشۇنداق كۈننىڭ كېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. . . لېكىن كېسەل رەھىمسىز، شىنيۆنى ھەرقانداق ۋاقىتتا يېنىمىزدىن ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن!

خەن زىچى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، قولى بىلەن شىرەنى تىرىۋېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بىلىمەن، بۇنى بىلىمەن! — خەن زىچى مۇشۇ كۈنلەردە كۈندۈزى خاتىرجەم خىزمەت قىلالمايدىغان، كېچىسى يامان چۈشلەرنى كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان، قىزىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. خەن زىچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالاقزاد-

لىك ئىچىدە چۇ يەنچاۋغا قارىدى، — لېكىن، مەندە قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغۇدەك كۈچ - قۇدرەت يوق، لۇ دوختۇرمۇ ئىلاجى-سىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مەن شىنيۆنى تاپشۇرىدىغان كى-شى. . . ياق، ئۇنى تاپشۇرىدىغان ئادەم يوق، مېنىڭ قىزىمنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. . .

چۇ يەنچاۋ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى، خەن زىچىنىڭ قوراي-دەك ئورۇق قولىنى مېھرى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— خەن تاغا. . .

— چۇ مۇئەللىم! — خەن زىچىنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ ئىخ-تىيارسىز مەڭزىگە تاراملاپ قۇيۇلدى، — سىز بىزنى ئاتا - ئانىڭىز قاتارىدا كۆردىڭىز، مەنمۇ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر-سىز بولغاچقا سىزنى ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەك كۆرۈپ كەلدىم. بىراق، ئاتا - ئانىڭىز سىزنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتى. سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز بار، شىنيۆنىڭ سىزگە يۈك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن، شۇنداق بولغاندىكىن ئۆزى-ڭىزنى قىينىمىسىڭىز بولامدۇ؟ شىنيۆنى ئاتا - ئانىسىغا تاپ-شۇرۇپ بېرىپ كېتىڭ. قېرىپ قالغان بولساممۇ، ئۇنىڭغا چامامنىڭ يېتىشىچە ئوبدان كۆڭۈل بۆلىمەن، جاپاغا قالدۇرماي-مەن. ئەمدى يەنە قانچىلىك ئۆمرۈم قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي-دۇ. سىزنىڭ ئايرىم تۇتقان يولىڭىز بار. ئەمدى شىنيۆدىن غەم يېمەڭ، بالىمىز ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالسۇن. . .

— ياق، خەن تاغا! — چۇ يەنچاۋ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن خەن زىچىگە قارىدى، — ئەگەر ئەرىشتە راستتىنلا ئىلاھ بولسا، بوپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن شىنيۆنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب، كۈل-پەتلەرنى ماڭا بېرىشنى تىلەي. مېنى كەتكۈزۈۋەتمەڭ. مەن سىزنىڭ غېمىڭىزنى تەڭ تارتىشىپ بېرىمەن، سىزگە ياردەم بېرەلەيمەن! مېنىڭ يۈرىكىم شىنيۆگىلا تەئەللۇق. مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق، بىرلا ئۈمىد قىلىدىغىنىم. . . شىنيۆ مېنى تاش-

لاپ كەتمىسۇن. خەن تاغا، سىز ئىشىنىڭ، ئۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن تىرىك ياشىيالايدۇ!

چۇ يەنچاۋنىڭ ھېسسىياتلىق گەپلىرى خەن زىچىنى ئېرىتى-ۋەتتى:

— يەنچاۋ!

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — خەن خانىم ئاچچىقى بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈۋالدى. ئۇ بۇ ئىككىسىنىڭ قىلىۋاتقان گەپلىر-دىن زېرىككەنىدى. يىغلىساڭ نېمە پايدىسى؟ كۆز يېشى دېگەن ئادەم ئالدايدىغان نەرسە، ئۇ مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسى-دىكى پاسىلنى يوقىتالامتى؟ خەن خانىمنى ئېرىتەلەمتى؟ «مۇ-ھەببەتنىڭ كۈچى» دېگەن گەپ ئۇنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنىنى ئۆرلە-تىۋەتتى. ئىچىگە يىغىلىپ قالغان ئاچچىقلىرىنى چۇ يەنچاۋغا بىراقلا تۆكتى، — چۇ مۇئەللىم، ياخشى نىيىتىڭىزنى بىز قو-بۇل قىلدۇق، بالىمىزغا ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. لېكىن، ھەربىر ئادەمنىڭ رىزقى ئايرىم، ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ. شىنيۈنىڭ بېشىغا بۇ كېسەل ھامىنى كەلدى. ئەمدى قاچانغىچە ياشىيالىسا شۇ چاغقىچە ياشا. بىز خۇيزۇلار-نىڭ يوسۇنىنى بۇزالمايمىز، بۇ نىكاھ ئىشىدا سىزنىڭ تەلىپى-ڭىزگە ھەرگىز قوشۇلالمايمىز!

— نىكاھ ئىشى؟ — چۇ يەنچاۋ كەينىگە بۇرۇلۇپ ياشلىق كۆزلىرىنى خەن خانىمغا تىكتى، — سىز شىنيۈ بىلەن ئىككى-مىز ئارىسىدا. . . نىكاھ ئىشى مەۋجۇت دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ مەن سىزدىن ئۇنى ئەمرىمگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتامدىم؟ بۇ چاغقىچە تەقدىر ئۇنىڭغا بۇنچىلىك كەڭ قوللۇق قىلمىدى. ھايات-لىقتىكى نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر ئەمدى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بول-ماس بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كېسەل ئادەم، ئالدىدا خېيىمخەتەر يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئۇ ھازىر مۇھەببەتكە، كۈچ - قۇدرەتكە، ئۈمىدكە موھتاج. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نېمەمنى تەقدىم

قىلىشنى خالا[illegible]ن! پەقەت ئۇ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقات-
مىسىلا، ھايات ياشىيالىسىلا! خەن ھامما، ئۇنىڭ ئازغىنە ئۇ-
مىدىنى نابۇت قىلمىساڭلار؟ سىزدىن ئۆتۈنەي!

خەن زىچى كۆڭلى بۇزۇلۇپ خوتۇنىغا قارىدى:

— بالىمىزنىڭ جېنى ئەمدى بىزنىڭ قولىمىزدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ھاياتلىق يولى بېرەيلى، ئۇمىدىنى نابۇت قىلمايلى. . .

تۆر ئۆيدىكى مەخپىي سۆھبەتكە خەي ھامما قاتناشمىغان بولسىمۇ، قايسى تېمىدا سۆھبەت بولۇۋاتقانلىقىنى، نەتىجىسى-نىڭ قانداق بولغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىۋالدى. ئۇنىڭ «بى-لىمدان» قەسرىدە ياشاۋاتقىنىغا يىگىرمە يەتتە يىل بولغانىدى، بۇ ئائىلىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇ تاپتا ئۇ قورۇنىڭ ئۇ چېتىدىكى جەنۇبىي ھۇجرىدا ئۇنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ شىنيۆگە قاتتىق ئىچى ئاغرىيتتى. بۇ بالا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيدى، نېمىدەپ ئىشلىرى ھە دېسە يۇرۇشمەي-دۇ؟ ئۇ شىنيۆ قايتىپ كېلىپ بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ قالسا قانداق بولار، دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى، خەن خانىمنىڭ چۇ يەنچاۋنى كەتكۈزۈۋېتىشىدىن تېخىمۇ ئەندىشە قىلاتتى. بۇ بالا بۇنىڭغا چىدىيالامدۇ؟ خەي ھاممىمۇ دۆت ئەمەس، شىنيۆنىڭ ھېسسىيا-تىنى پەملىيەلەيدۇ. لېكىن مۇئەللىم. . . كاپىركەن ئەمەسمۇ. بىر دىندىكى ئادەم بولمىسا، بوسۇغىدىن ئاتلاتسا بولمايدۇ. ئەسلى خەي ھامما بۇ ئىش توغرۇلۇق شىنيۆگە بالدۇرراق ئەس-كەرتىش بەرمەكچى ئىدى، لېكىن كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلدى، شىنيۆنىڭ كۆڭلىنى زېدە قىلىشنى خالىمىدى. لېكىن، «كې-سەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەندەك، ئاخىر بۇ گەپ-مۇ تېشىلدى. . .

ئۇ ئاشۇنداق گادىرماچ خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغاندا، دەر-ۋازىنىڭ ھالقىسى شاراقشىپ كەتتى، شىنيۆ بىلەن چېن شۈيەن قايتىپ كەلگەنىدى.

يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالغان خەي ھامما ئالدىراپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە شىنيۆگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— شۇنچە تېز قايتىپ كەپسىلەرغۇ؟ تەكشۈرۈش نەتىجىسى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى ياخشى، — شىنيۆنىڭ كەيپىياتى ياخشىدەك قىلاتتى، يۈزلىرى كەلگىچە تېز ماڭغانلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ھامما، چۇ مۇئەللىم كەلدىمۇ؟

ھەي، بۇ شىنيۆنىزە، يەنە شۇ چۇ مۇئەللىمنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىشىكتىن قانداق چىقىشىنى بىلمەي ئولتۇرغىنىنى ئۇقسالىڭ كاشكى؟

— ھەئە، كەلدى، دادىڭ ـ ئاپاڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ پەرىشان ھالدا ۋە قورۇغا ئاۋۋال ئۆزى كىرىپ قەستەن يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — شىنيۆ تېزلا قايتىپ كەپتۇ، بىردەمدىلا تەكشۈرۈش تۈگەپتۇ. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە ئەھۋالى ناھايىتى ياخشىكەن!

ئەمەلىيەتتە بۇ، تۆر ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىشىغا بېرىلگەن سىگنال ئىدى.

چۇ يەنچاۋ چۆچۈپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— چۇ مۇئەللىم! — دېدى خەن خانىم ئۇنىڭغا سوغۇق تىكىلىپ، — گەپنى مۇشۇ يەرگىچە دېيىشەيلى. . .

— خەن ھامما، بولدى گەپ قىلماڭ، مەن دېگىنىڭىزگە كۆندۈم! — چۇ يەنچاۋ ئالدىراپ يېشىنى سۈرتتى، — لېكىن. . . بۇنى ھەرگىز شىنيۆگە ئېيتماڭ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزدىن ئۆتۈنەي. . .

— چۇ مۇئەللىم. . . — خەن زىچى چۇ يەنچاۋنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كېلىۋېرىڭ، بۇ بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، بولمىسا ئۇ. . .

چۇ يەنچاۋ بىر نېمە دېيىشكە ئۈلگۈرمىدى، شىنيۆ بىلەن

چىن شۈيەن دەرۋازىدىن كىرىپ بولغانىدى.

— چۇ مۇئەللىم! — شىنيۈ يىراقتىنلا تۇۋلىدى، — خېلى بۇرۇنلا كەپتىكەنسىز - دە؟

— چۇ مۇئەللىم! — دېدى چىن شۈيەنمۇ ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ، — ئانام سىزنى ئاۋارە قىلىۋەرمەيلى دەپ مېنى شىنيۈگە ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا بۇيرۇغان. . .

— رەھمەت سىزگە، شۈيەن! — چۇ يەنچاۋ ئازابلىرىنى يۇتۇۋېتىشكە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ تۆر ئۆيدىن چىقتى، — شىنيۈ، سىز ئاۋۋال دېمىگەنزنى ئېلىۋېلىڭ. مەن. . . بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئورىگىنالنى ئالغاچ كەلدىم. . .

خەن خانىم چۇ يەنچاۋغا سۆزلىشىپلا چىقتى ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ خەي ھاممىغا:

— ئاچا، چۇ مۇئەللىمنىڭ چېيىنى ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى.

كۆكلىگە پۈككىنىگە ئۆزۈن بولغان بىر ئىشنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا ھەل قىلالىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى جايىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

خەن زىچى قىزىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سەبىي چىرايىغا قاراشقا كۆڭلى چىدىماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ھېلىمۇ ياخشى شىنيۈ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. خەن زىچى ئورنىدىن تۇرۇپ جىممىدە كۈتۈپخانىسىغا كىردى ۋە ئىشىكنى يېپىپلا ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى.

خەن زىچى ئۆزىنى بىردەم قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قويۇش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمدى. لېكىن، يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. كۆز ئالدىدا غەلىتە بىر ئۈچقۇن يالىلداۋاتاتتى، قۇلاق تۈۋىدە قانداقتۇر بىر پارتلاش ساداسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. . . ئۇنىڭ زەئىپ جىسمىنى، ئاجىز نېرۋىسىنى قىيناۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇقتا نەدىندۇر بىر يەردىن خىتاب كەلدى: «مېنىڭ ياشاش، بىراۋنى

www.uyghurkitap.com

سۆيۈش ھوقۇقۇم بار! » خەن زىچى ئازاب ئىچىدە ئېگىز ئۆتتى. مۇھەببەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك! رېئاللىق، تارىخ، تارىخ، يەنە رېئاللىق. . . ئادەمنىڭ ھېسسىياتى نېمىشقا شۇنچە مۇرەككەپ بولىدىغاندۇ؟ تەقدىر نېمە ئۈچۈن ھە دېسە ئادەم بىلەن قېرىشىدىغاندۇ؟

بىر قەدىمىي ھېكايە خەن زىچىنىڭ قەلب ئېكرانىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ھېكايىنى تورۇردىن بابا ئېيتىپ بەرگەنىدى. . .

ئاللا زېمىندىكى تاغ ـ دەريالارنى، كۈننى، ئاينى، يۇلتۇزلارنى ياراتتى، ئاندىن ئەرشتىكى پەرىشتىلەرنى ياراتتى، شەيتان ئىبلىسنى ياراتتى.

ئارقىدىن ئاللا يەنە ئىنساننى ياراتتى.

پەرىشتىلەر ئاللاغا مۇنداق دېدى:

ــ بىز ساڭا ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز، سېنى مەدھىيىلەيمىز. شۇنداق تۇرۇپ، سەن يەنە نېمىشقا زېمىندا باشقا بىر قوۋمنى يارىتىسەن؟ ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى يول تۇتۇشىدۇ، بىر ـ بىرىدىن ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىدۇ، بىر ـ بىرىنى قىرىشىدۇ، ھەممە يەرگە قان تۆكىدۇ. . .

بىراق، ئاللا يەنىلا لايدىن ئادەم ئاتىنى ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىنى ياساپ چىقتى.

ئاللادىن پەرىشتىلەرگە ئادەم ئاتىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈشكە ۋەھىي كەلدى. پەرىشتىلەر بۇنىڭغا كۆندى، پەقەت ئىبلىسلا كۆنمىدى. ئاللا ئۇنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقاردى. ئىبلىس ئادەم ئاتىغا ئىچىدە غوم ساقلاپ يۈردى.

ئاللا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى جەننەتكە باشلاپ كىردى. جەننەتنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە بار ئىدى. مەنزىرىسى شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىدىكى، ئادەمنىڭ دىللىرى يايراپ كېتەتتى. ئۇلار ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا سەيلە قىلىغاچ، گۈللەرنى ئۈزۈپ، ئېسىل مېۋىلەرنى يەپ، شېرىن ـ شېكەر سۇلار-

نى ئىچىپ، جەننەتنىڭ ھۇزۇرىدىن يەتكۈچە بەھرىمەن بولدى. ئاللا ئۇلارنىڭ ئاشۇ دەرەخلەر ئىچىدىكى بىر دەرەخقە يېقىنلىشىشىنى، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى چەكلىدى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار گۇناھقا پاتاتتى.

ئىبلىس، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىغا: «ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى بەك تاتلىق، ئاللا سىلەرنىڭ پەرىشتىگە ئايلىنىپ، جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىگەچكە، سىلەرنى ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېگىلى قويمايۋاتىدۇ» دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلدى.

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھېلىقى چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى، گۇناھ ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، زېمىنگە چۈشۈرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى بولۇپ قالدى.

ئىنسان يېڭى ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپلا گۇناھقا پاتقاندى. ئەگەر چەكلەنگەن مېۋە بولمىغان بولسا، ئىنسانلار بولغان بولارمىدى؟ ئىنسان نېمىشقا يەنە چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىشكە ئامراق؟

چەكلەنگەن مېۋە، چەكلەنگەن مېۋە، چەكلەنگەن مېۋە ئاچچىق بولىدۇ!

. . .

قورۇنىڭ غەربىدىكى ھۇجرىدا شىنيۈ ئادەتتىكىدەكلا يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرغان چۇ مۇئەللىم بىلەن «يېڭى ھېكايىلەر» دىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرىلىشىۋاتاتتى.

قىز ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن بايىقى سۆھبەتتىن خەۋەرسىز ئىدى. ئىلاھىم، ئۇ بۇنىڭدىن مەڭگۈ خەۋەرسىز قالغاي.

www.uyghurkitap.com

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى. مۇشۇ كۈنلەردە چۇ يەنچاۋ هەر بىر كۈننى چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ هەر كۈنى شىنيۈ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلايتتىيۇ، ئەمما «بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا يەنە ئېغىر بىر ۋەھىمە ئىچىدە قالاتتى. ئۇ خەن خانىمغا «نىكاھ ئىشى» توغرۇلۇق قايتا ئېغىز ئاچماسلىققا ۋەدە بەرگەنىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ شىنيۈگە بولغان مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. ئۇ يەنىلا ھېچقانچە ئۈمىد قالمىغان مۇشۇ مۇھەببەت ئىشى ئارقىلىق شىنيۈنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى ئىدى. ئەتە نېمە ئىش بولىدۇ، كەلگۈسىدە نېمە ئىش بولىدۇ، ئۇ بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. پەقەت ئۆزى هاياتلا بولسا ئەزرائىلنىڭ شىنيۈنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ. شىنيۈنىڭ يۈرىكى سوقۇپلا تۇرسا، چىرايىدىكى تە-بەسسۇم ئۆچمىسىلا، چۇ يەنچاۋغا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئۇ هازىرمۇ هەر هەپتىسى «بىلىمدان» قەسرىگە ئىككى قېتىم بېرى-ۋاتىدۇ، ئەمما هازىرقى بېرىشى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. شىنيۈ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر دەريا پەيدا بولغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ، شۇڭا چۇ يەنچاۋنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇشى، ھېچنېمىنى چاندۇرماسلىقى تو-لىمۇ تەسكە چۈشتى. لېكىن شىنيۈ خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا ئۇ بۇ ئازابلارغا چىداشقا رازى.

كەچ كۈز كېتىپ، قىش كەلدى. شىۋىرغان قارلارنى ئۇ-چۇرتۇپ ئەكېلىپ «بىلىمدان» قەسرىنىڭ تېمىغا ئۇراتتى. پې-شايۋان ئالدىدىكى تاشئالما دەرىخى بىلەن ئانارنىڭ ياپراقلىرى پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى.

ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 - ئاي مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان رامىزان ئېيى. بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە روزا تۇتۇپ، هەر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر بىرنەرسە يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ،

ھەر خىل ھەۋەستىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ. «رامىزان» دېگەننىڭ مەنىسى «چېنىقىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش، ئۇلارنى شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي قىلىش، ئاچلىقتا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاش مەقسىتىدە بۇ ئاينى رامىزان ئېيى قىلغان.

خەن خانىم بىلەن خەي ھاما قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان 12 - ئاينى روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئېسىل تائاملارغا، نازۇ - نېمەتلەرگە كۈن بويى كۆز قىرىنى سالمىدى. ئۇلار ئاللانىڭ مۇقەددەس پەرھىزىنى بەجا كەلتۈرۈۋاتاتتى.

چۇ يەنچاۋ ئاچچىق سوغۇق يۈزنى نەشتەردەك چاقىدىغان شىۋىرغانلىق كۈنلەردىمۇ «بىلىمدان» قەسرىگە بېرىشنى توختاتمىدى. بۈگۈنمۇ ئۇ شىنيۈ بىلەن كېلىشىپ قويغان ۋاقىتتا «بىلىمدان» قەسرىگە قاراپ ماڭدى. ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدەك ھودۇقمايدىغان، ئىمكانقەدەر خۇشال كېلىپ، خۇشال كېتىشكە تىرىشىدىغان بولغانىدى، شىنيۈ بولسا بارلىق دەرد - ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن دىققىتىنى تەرجىمىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىدى. چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ قېشىغا كىرگەندە چاچ - ساقاللىرىنى، قاشلىرىنى قىرو باغلىغان، قول - پۇتلىرى ئۈيۈشۈپ كەتكەنىدى.

— چۇ مۇئەللىم، قىزىق چاي ئىچىڭ، مەن سىزنىڭ قولىڭىزنى ئىسسىتىپ قوياي.

شىنيۈ چۇ يەنچاۋنىڭ دائىم كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق جاپا تارتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ يەنە چىدىمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ چۇ يەنچاۋنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، تۇرۇپ ئىچى ئاغرىدى، تۇرۇپ ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئۈچۈن خىجىلمۇ بولدى ۋە قولىنى چىقىرىپ ئاشۇ سوغۇق قوللارنى ئىسسىتىشقا باشلىدى.

چۇ يەنچاۋ قولىنى تارتىۋېلىشنى ئويلىدىيۇ، ئەمما ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ قوللىرىدا سېزىم پەيدا بولۇپ، سوغۇق قەلبى ئىللىغاندەك بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىللىقلىق شىنيۆنىڭ مۇھەببىتى تۇرسا چۇ يەنچاۋ ئۇنى قانداقمۇ رەت قىلالىسۇن؟

— بولدى، ئىسسىدىم. شىنيۆ، سىزنىڭ قولىڭىز بەك ئىسسىقكەن. . .

— ئۆزىڭىز بۇرۇن مۇھەببەت دېگەن ئوت دېگەنىدىڭىزغۇ؟

خەن خانىم دېرىزە يېنىدىن جىممىدە كېتىپ قالدى. ئاچچىق بىر ئەلەم ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالدى، خىيال ئېكرانىدىن: «مۇشۇنداق كېتىۋەرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟» دېگەن ئويلار ئۆتتى.

چۇ يەنچاۋ كىتابىنىڭ تەرجىمىسىنى خۇشاللىق ۋە ئازاب گىرەلەشكەن ھېسسىياتلار ئىچىدە ئاخىر تۈگەتتى. ئۇنىڭغا چۇ يەنچاۋ بىلەن شىنيۆنىڭ ئىككى يىللىق ھاياتى ۋە قان - تەرى سىڭگەنىدى، ئاشۇ جانسىز خەتلەر ئارىسىدا رىشتىسى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلانغان بىر جۈپ يۈرەكنىڭ ئىزناسى بار ئىدى.

كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرى يېزىلىپ بولغاندا، شىنيۆنىڭ ھۇجرىسىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. قەلەم بىلەن ھەپىلىشىدىغان، يېزىقچىلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئادەملارلا جاپالىق كۈنلەردىن كېيىنكى بۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيدۇ. شۇ تاپتا كىتابنىڭ ئورىگىنالى يېزىق ئۈستىلىگە رەتلىك قويۇلغانىدى. ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ چوڭقۇر بىر مۇھەببەت ئەكس ئېتەتتى.

چۇ يەنچاۋ بىر ۋاراق قەغەزگە كىتابنىڭ ۋە ئاپتورنىڭ ئىسمىنى يازدى، ئاندىن تەرجىماننىڭ ئىسمى يېزىلىدىغان يەرگە «چۇ يەنچاۋ، خەن شىنيۆ» دەپ يازدى.

— مەن. . . — شىنيۆ خىجالەت بولۇپ چۇ يەنچاۋغا قا-
رىدى، — مېنىڭ ئىسمىم سىزنىڭ ئىسمىڭىز بىلەن بىر يەرگە
يېزىلسا قانداق بولىدۇ؟
— مېنىڭ ئىسمىم مەڭگۈ سىزنىڭ ئىسمىڭىز بىلەن بىر
يەردە تۇرىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى چۇ يەنچاۋ، — ئۇ كىتاب بو-
لۇپ بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىدۇ، ئۇنى
ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان مېنى تونۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا
سىزنىمۇ تونۇيدۇ. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن بەك خۇشال بولۇپ كېتىد-
ۋاتىمەن، شىنيۆ! — چۇ يەنچاۋنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى
لىغىرلاپ قالدى، — كىتابنىڭ ھاياتى ئادەمنىڭكىدىن نەچچە
ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ. نەچچە ئون يىل، نەچچە يۈز يىلدىن
كېيىن بىز بۇ دۇنيادا بولمىساقمۇ، لېكىن بۇ كىتاب يەنە
دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. كېيىنكى ئادەملەر بىر - بىرىگە
ياندىش يېزىلغان بۇ ئىككى ئىسىمنى تەڭ ئەسلەپ تۇرىدۇ. . .
چۇ يەنچاۋ بىردىنلا شىنيۆنىڭ ئالدىدا «ئۆلۈم» دېگەن سۆز-
نى تىلغا ئالماسلىقى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، گەپتىن توخ-
تىۋالدى.
بىراق، شىنيۆ يەنىلا خاتىرجەم كەيپىياتتا ئولتۇراتتى،
كۆزلىرى ئاشۇ ئىككى ئىسىمغا مېھىر بىلەن تىكىلگەنىدى،
يۈزىدە مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى كۈتۈۋاتقاندەك بىر خىل بەخت
ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى.
«بىلىمدان» قەسرىگە گۈگۈم پەردىسى يېيىلدى. چۇ يەنچاۋ
قولىيازمىلارنى ئېلىپ، خوشلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.
شىنيۆنىڭ كەچلىك تاماقنى يەپ مېڭىڭ دېگەن تەكلىپىنى كۈ-
لۈپ تۇرۇپ رەت قىلدى. شىنيۆ ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇۋىدى،
چۇ يەنچاۋ بۇنىڭغىمۇ قوشۇلمىدى، شىنيۆگە سالامەتلىكىگە دىق-
قەت قىلىشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئالدىراپ دەرۋازىدىن چىق-
تى. شىنيۆ چۇ يەنچاۋنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ پېشايۋان ئاستىدا

تۇرۇپ قالدى. ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. ئۇ چۇ يەنچاۋنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتا يەنيۇەنگە قايتىپ بارالايدىغانلىقىنى خىيال قىلغاچ قورۇدا شۇ تۇرغانچە خېلىغىچە تۇردى.

— شىنيۇ، ئۇنىڭ كەتكىنىگە نەۋاخ، يەنە نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ تېز كىرىپ كەت، هاۋا سوغۇق تۇرسا، — خەن خانىم تۆر ئۆيدىن چىقىۋېتىپ ئۇنىڭغا دېدى.

— ماقۇل، — شىنيۇ ئاستا ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چۇ يەنچاۋدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى.

— هەي! — خەن خانىم ئاچچىق خورسىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي دېدى، — قارا سېنى، قاچانلا قارىسا هاڭۋېقىپلا تۇرغان...

— ئانا، — شىنيۇ تاتلىققىنە كۈلدى، — مەن نەدە هاڭۋېقىپتىمەن، سەن بىلمەيسەن، بىز هازىر چۇ مۇئەللىم بىلەن ناهايىتى ئەهمىيەتلىك بىر ئىشنى قىلىۋاتىمىز...

خەن خانىم ئۇندىمەي، خىيالىدىن: «ئەهمىيەتلىكمىش، نېمىسى ئەهمىيەتلىك بولماقچىدى؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۇ، ئىشتىن چاتاق چىقماي قالمايدۇ!» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزگەچ، تۆر ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— بىزنىڭ كىتابىمىز كېلەر يىلى نەشردىن چىقىدىغان بولدى! — شىنيۇ ئانىسىنىڭ بۇنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ خۇشلۇقىنى باسالماي شۇنداق دېدى. لېكىن ئانىسى بۇنىڭغا قىزىقمايتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن يىراقلاپ كەتكەن هەم شىنيۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانىدى.

...

چۇ يەنچاۋ ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئورگىناللارنى ئوراپ قويۇش ئۈچۈن قەغەز ئىزدەپ كىتاب جاهازىسىغا قول ئۇزاتقاندا، ئىشككە يېقىن قويۇلغان كىتاب جاهازىسىنىڭ ئاستىدا بىر



www.uyghurkitap.com

رچە خەتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇنى كىمدۇر بىرى ئۆزى
وق چاغدا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. كونۋېرتنىڭ
وڭ تەرىپىدە چەت ئەل تىلى نەشرىياتى دېگەن خەتلەر تۇراتتى. ئورد-
گىنالنى سۈيلەپ ئەۋەتىپتۇ - دە، — دەپ ئويلىدى چۇ يەنچاۋ، —
سۈيلىمىسىمۇ ئەتە ئاپىرىپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ! — ئۇ مەمنۇند-
يەت بىلەن شۇنداق ئويلىغاچ كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ ئالدىراپ
ئاچتى. بۇ مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ يازغان خېتى ئەمەس، ھۆكۈ-
مەت تامغىسى بېسىلغان ئالاقە ئىدى. چۇ يەنچاۋ خەتنى ئوقۇدى.
ئۇنىڭدا «ھازىر قەغەز قىس بولغانلىقى ئۈچۈن نەشر قىلىش
پىلانىنى قىسقارتىشنى زۆرۈر تاپتۇق. ‹يېڭى ھېكايىلەر› ۋاق-
ىنچە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن قېپقالدى. تەرجىمە خىزمىتى مۇنا-
سىپ تۇردە كېچىكتۈرۈلسە بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

چۇ يەنچاۋ جايىدا تۇرۇپلا قالدى. نەشرىيات نېمىشقا بۇنداق
گېپىدە تۇرمايدۇ، قەغەز ھەرقانچە قىس بولسىمۇ يەتتە يۈز
مىليون نوپۇسى بار جۇڭگو لۇشۈننىڭ كىتابىنى نەشردىن چىقىد-
رالمىغۇدەك قىيىن ئەھۋالدا قالدىمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

چۇ يەنچاۋ ياتىقىدىن ئالدىراپ چىقىپ، زادى نېمە ئىش
ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە باش مۇھەررىرنىڭ ئۆيىگە
تېلېفون بەردى. باش مۇھەررىر بىردەم ئۈنى - بۇنى دېگەندىن
كېيىن ئاچچىق خورسىنىپ قويۇپ:

— قەغەزنىڭ قىسلىقىمۇ ئانچە مۇھىم مەسىلە ئەمەس،
يەنە بىر ئىش بار، بىز مەكتىپىڭلار تەشكىللىنىڭ پىكرىنى
ھۆرمەت قىلماسلىق بولمايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ خاتىرجەم ئوقۇتۇش
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكىمىزنى
سورىدى.

چۇ يەنچاۋ شۇندىلا چۈشەندى. ئۇ ئىشتىن سىرت قىلىۋاتقان
بۇ تەرجىمە ئىشىغا ئەسلىدە «تەشكىل» مۇ كۆڭۈل بۆلۈۋېتىپتىد-
كەن ئەمەسمۇ. چۇ يەنچاۋ ئويلىنىپ قالدى. بەلكىم بۇ «پىكىر»

نىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ئۆنىڭ ئۆتكەندە لاياقەتلىك بولۇپ
سايلىنالماسلىقى بىلەن بىردۇ؟ مەن زادى نېمە گۇناھ ئۆتكۈز-
دۈم؟ ھەرقانچە گۇناھ ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ ئۇلۇغ لۇشۇننىڭ
كىتابى بۇنىڭ شامىلىغا كەتمەسلىكى كېرەك ئىدىغۇ.

لېكىن، چۇ يەنچاۋ شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشەنمەيتتى: بۇ
كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆنىڭغا نەشرىيات بىۋاستە ئورۇنلاش-
تۇرغانىدى، تەشكىل ئارىلاشمىغانىدى. ئۇ ھېچقاچان بۇ ئىش
توغرۇلۇق بىرەر رەھبەرگە دوكلات سۇنۇپمۇ باققان ئەمەس.
ئۇنداق بولسا بۇ ئىشقا شۇنچىلىك «كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان» زادى
كىم؟ ئۆنىڭ ئەتراپىدا بۇ ئىش توغرۇلۇق بىلىدىغان كىشى
يالغۇز شىنيۈ، ئۇ تەرجىمىگە بىۋاستە قاتناشتى. بۇ ئىشتا
ئۆنىڭمۇ ئەمگىكى بار ھەتتا بۇنى ئۆنىڭ روھى تۈۋرۈكى دېيىش-
كىمۇ بولىدۇ. ئۆنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. . .
ئەمىسە يەنە كىم؟

توغرا، ئۆنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر ئادەم بار، — چۇ يەنچاۋ-
نىڭ كاللىسىغا لەپپىدە بىر خىيال كەلدى، — ئۆنىڭ بىر ئوقۇ-
غۇچىسى بۇرۇن قولىيازمىنى بىر قېتىم كۆرگەن. ئەجەبا شۇ
بولسا - ھە؟ شىي چيۈسىمۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ مەن
ئۆنىڭغا يامانلىق قىلدىممۇ؟ ياكى شىنيۈ ئۆنىڭغا توسقۇنلۇق
قىلدىمۇ؟ ئۇ «ئۆچ» ئالماقچىمىكىنە؟ ئاللىبۇرۇن ئەزرائىلنىڭ
«قارا تىزىملىكى»گە كىرىپ بولغان بىر بەختسىز ئادەمگە ئۇ
يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق قەست قىلىدۇ؟

چۇ يەنچاۋ تېلېفوننى قويۇپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ياتىقىغا
قاراپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپتا كېيىنكى قېتىم شىنيۈ بىلەن كۆ-
رۈشكەندە ئۆنىڭغا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ
ئۆنىڭ ئۆيىگە قانداقمۇ بارا!

چۇ يەنچاۋ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، چىراغنى ئۆچۈردى،
ئۆي قاراڭغۇلۇق ئىچىگە تىنىقلدى.

1926 ـ يىلى لۇشۇن «شىيامېندىكى ئالدى دېڭىز تەرەپكە قارايدىغان تاش ئۆيدە قەدىمىي كىتابلارنى ۋاراقلىغاچ ‹يېڭى ھېكايىلەر›نى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىم يوق، قەلبى قۇپقۇرۇق ئىدى.»

1962 ـ يىلى، چۇ يەنچاۋ قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزى تېخى بايىلا تەرجىمىسىنى پۈتكۈزگەن، ئەمما ئەجرى بىكارغا كەتكەن «يېڭى ھېكايىلەر»نى قۇچاقلىغىنىچە جىمىدە ئولتۇراتتى. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا دۇنياغا تونۇشتۇرۇشىمىزغا ئەرزىگۇدەك لۇشۇنىنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئەسەرلەر بارمۇ؟ ئېشىپ قالغان قەغەزلەر زادى قانداق نەرسىنى بېسىشقا ئىشلىتىلىدۇ؟ لۇشۇن ئەپەندى، ئەگەر روھىڭىز ھايات بولسا، بۇ ئىشقا ھەرگىز ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن. مەن بىلىمەن، سىز بۇرۇقتۇرمىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تولىمۇ كۆتۈرۈشلۈك ئادەم!

«بىلىمدان» قەسرىدە كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن خەن خانىم شىنيۆنىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى.

شىنيۆ كارىۋىتىغا چىقىۋالغان بولۇپ، چىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

خەن خانىم مەشتىكى ئوتنى چوقچىلاپ قويغاندىن كېيىن قاپقىقىنى يېپىۋېتىپ قىزىنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى:

— شىنيۆ، قىش كەلسىلا كېسىلىڭنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. يېقىندىن بېرى قارىسام چىرايىڭ خېلى يامان ئەمەستەك!

— ئانا، — شىنيۆ قولىدىكى كىتابنى قويۇۋېتىپ ئانىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن باقتى، — چۇ مۇئەللىممۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ دېيىشىچە مەن مۆجىزە يارىتىپتىمىشمەن. ئۇ تېخى

www.uyghurkitap.com

يەنە . . .

— راست، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنىڭ هالىدىن خە-
ۋەر ئېلىشىمۇ تەس، قارىمامسەن، ئۇنىڭ سوغۇقنى سوغۇق
دېمەي كېلىۋاتقىنىنى! — خەن خانىم شىنيۈنىڭ گېپىنى بۆلۈ-
ۋەتتى. قىزىنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي چۇ مۇئەللىمنىڭ
ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ كېتىشى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەندى. لې-
كىن ئۇ مۇنۇ گەپلىرىنى چۇ يەنچاۋ توغرۇلۇق دېيىشكە مەجبۇر
بولدى، — شىنيۈ، ئوقۇتقۇچىلىك ئوقۇغۇچىلىرىنى بەك ياخشى
كۆرىدىكەن، بىز ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتايلى. كې-
سىلىڭ ياخشىلانغاندا ئۇنىڭغا ئازراق كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈپ
قويايلى ياكى ئۆيگە چاقىرىپ قويايلى، ھېيت - بايراملاردا
بېرىپ يوقلاپ تۇرايلى.

خەن خانىم چۇ مۇئەللىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نور-
مال قېلىپقا چۈشۈرۈۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە شىنيۈنىڭ ئالدىدا
يالغان گەپلىرى بىلەن كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك چىرايلىق بىر
مەنزىرىنى سىزىپ بەردى. خەن خانىم شىنيۈنى گېپىمنىڭ
تېگىگە يەتسىلا قالغان ئىشلارنى ئۆزى چۈشىنىۋالىدۇ، دەپ
ئويلاپ بايىقى گەپنى لىپپىلاپ ئېيتقانىدى.

ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كەت-
كەن شىنيۈ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى:

— ئانا، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ساڭا ئەمەلىي گەپنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى خەن خا-
نىم سەۋرچانلىق بىلەن، — قانداقلا بولسۇن، ئوقۇتقۇچى يەنىلا
ئوقۇتقۇچىدەك، ئوقۇغۇچى ئوقۇغۇچىدەك بولغىنى تۈزۈك.
شىنيۈ، سەن هازىر مەكتەپكىمۇ بارمايۋاتىسەن. چۇ مۇئەللىم
خىزمىتى شۇنداق ئالدىراش تۇرۇپ سېنى يوقلىغىلى شۇنچە
يىراقتىن كېلىدىكەن. ئەمدى ئۇنى ئاۋارە قىلىشۋەرمەيلى.

— چۇ مۇئەللىمنىڭ بۇنچىلا جاپا چېكىشىنى مەنمۇ خالى-

مايمەن، ـــ دېدى شىنيۈ، ـــ لېكىن، مېنىڭ ئۇنى ئىزدەپ
بارغۇدەك مادارىم بولمىسا. بىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىشىمىز
بار ئەمەسمۇ!

خەن خانىم: «مەن دەل سىلەرنىڭ مۇشۇ مۇھىم ئىشىڭلار-
دىن ئەنسىرەيمەن» دەپ ئويلىدى. ئەمما بۇ ئوينى قىزىغا دېگى-
لى بولمايتتى. ئۇ باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن شىنيۈگە چۈشەن-
دۈرمەكچى بولدى:

ـــ مەن بىلىمەن، سىلەر تۇزۇۋاتقان ھېلىقى كىتابىڭ
ئىشىمۇ تۈگىدى. سەن باش قاتۇرغۇدەك ئىشمۇ قالمىدى. خۇد-
دى ئۆزۈڭنىڭ كېسەل ياتقىنىنى بىلمەيۋاتقاندەكلا ئىش قىلىۋاتى-
سەن. چوپچوڭ قىز بولدۇڭ، ئىش ئۇقىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى.
ئالدىنقى قېتىم مەن چۇ مۇئەللىم بىلەن پاراڭلاشتىم. . .

شىنيۈنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

ـــ سەن ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىڭ؟ ـــ سورىدى ئۇ ئالدى-
راپ.

ـــ باشقا گەپ قىلمىدىم، ـــ خەن خانىم ئۆزىنى ئىمكانقە-
دەر سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ گەپنى سىلىق قىلدى، ـــ سېنى
دەپ جاپا چەككىنى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتىم. يەنە، ھازىر بالى-
مىزنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېدىم. . .

ـــ ئانا، نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ ـــ شىنيۈنىڭ چىرايى
تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بول-
غانىدى، ـــ ئۇنى كەلمە دېدىڭما؟ . . .

ـــ كەلمە دېسەم نېمە بوپتۇ؟ ـــ خەن خانىمنىڭ چىرايى
ئۆزگۈرۈپ كەتتى. ئۇ بايا ئۆزىگە: «شىنيۈنىڭ ئالدىدا ئاچچىقلانماي-
مەن، ئۆزۈمگە ھاي بېرىمەن» دېگەنىدى. لېكىن ئەمدى ئاچچى-
قىنى زادىلا باسالماي قالدى، ـــ سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ ياشى-
يالمامتىڭ؟ سەن دادىسى، ئانىسى بار ئادەم، ئۇ قانچىلىك بىر

www.uyghurkitap.com

نېمىتى، بۇنچىلىك قىلىپ كەتكۈدەك؟

— ئانا! — شىنيۈ ئانىسىغا قاراپلا قالدى. ئانىسىنىڭ سوغۇق پوزىتسىيىسى ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان، ھەتتا ئازراق غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆزى چوقۇنىدىغان ئادەمنى چۆكۈرۈشىنى خالىمايتتى، ئۇنى ھەر ۋاقىت قوغداشقا تەييار تۇراتتى، — سەن بۇرۇن چۇ مۇئەللىمنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتىڭغۇ؟ ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەمغۇ؟ . . .

— مەنمۇ ئۇنى ئەسكى ئادەم دېمىدىم! جاھاندىچۇ، ياخشى ئادەم دېگەن تولا، — خەن خانىم ئاچچىقىنى يۇتۇپ ئاچچىق خورسىندى، — سېنىڭ تېخى كېسىلىڭ ساقايمىدى، دوختۇر كېسىلىڭنى داۋالاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپكىمۇ بارالمىدىڭ. ھالىڭدىن ئاتا - ئاناڭ خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، سېنىڭ كېسىلىڭ بىردەمدە ياخشى بولۇپ كېتىدىغان ئادەتتىكى كېسەللەردىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەر دېگەن ئۇزۇن، شۇ چاغدا ساڭا كىم ئەسقاتىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاتا - ئاناڭ ئەسقاتىدۇ. شىنيۈ، مەن سېنى يېمەي - ئىچمەي چوڭ قىلدىم. سېنى ماڭا بىرەر ئىش قىلىپ بېرەرمىكىن دېمەيمەن، ماڭا ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمىسەڭلا بولدى، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن خۇش! مەن قېرىدىم، ئەمدى دەرد كۆتۈرگۈچىلىكىم قالمىدى.

— سىرتتىكىلەر، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ياخشى، تۇرمۇشىڭىز شۇنداق ئوبدان كېتىۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن مېنىڭ ئىچىمنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ! — خەن خانىمنىڭ خىيالىغا نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئىشلار كېلىۋالدى. لېكىن ئۇ بۇلارنى قىزىغا دېيەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشنى خالىمايتتى، ھەرقانداق چاغدا ئابرۇي - ئىناۋەتنى مۇھىم دەپ قارايتتى. ئۇ بايا گەپتە ئازراق كەتكۈزۈپ قويۇپ، يەنە دەررۇلا ئېسىگە كېلىۋالدى، — مەن تۇزۇك ئوقۇمىغان، قانداق قىلغاندا ياخشى ئوقۇغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇ-

لۇق ساڭا تۇزۇك بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن شۇنداق
بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىق، سەن ئاناڭنىڭ يۈرەك پارىسى.
مۇنداق بىر نەرسىنى ئېسىڭدىن چىقارماسلىقىڭ كېرەك: ھەر
بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى ماڭغىنى ياخشى. ھەممە ئادەم-
نىڭ كاللىسى ئۆزىنىڭ بويىنىدا، ئۇنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەر-
گىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتىنىمۇ باشقىلارغا
تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىشەنچسىز ئادەملەردىن ئۈمىد
كۈتۈپ كەتمە!

شىنيۈ ئانىسىنىڭ گېپىنى جىممىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى.
دەرۋەقە، ئانىسىنىڭ گېپى راست ئىدى، بۇلارنى ئۇ ئۆزىنىڭ
ياشاش مىزانى قىلغانىدى. بىراق، شىنيۈ ئانىسىنىڭ يەنە باشقى-
چىرەك بىر مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالدى.

— ئانا، — دېدى ئۇ ئاستاغىنە، — چۇ مۇئەللىم سەن
دېگەندەك ئىشەنچسىز ئادەم ئەمەسقۇ. . .

خەن خانىمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. قارا، ماۋۇ
بالىنى، بىر ئاش پىشىم ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ سۆزلىسەم ھېچ
تەسىر قىلغاندەك ئەمەسقۇ.

— كەچكىچە چۇ مۇئەللىم، چۇ ئەللىم دەۋېرىدىكەنسەن.
ياخشىسى، ئۇنى بالدۇرراق ئۇنتۇپ كەت! مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى
دېدىم. . .

شىنيۈ چۆچۈپ كەتتى:

— نېمىنى دېدىڭ؟

— ئەلۋەتتە، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇ نىكاھ ئىشىنىڭ
ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى ـ دە! — خەن خانىم ئۆزىنى تۇتۇۋا-
لالماي ئاخىر راست گەپنى دەۋەتتى.

— ھە؟! — شىنيۈ كاللىسى ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك
ئانىسىنىڭ بىلىكىنى چىڭگىدە تۇتۇپ چايقاشقا باشلىدى، — ئانا! نې-
مىشقا بۇنداق قىلىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

خەن خانىمنىڭ قوللىرىمۇ، لەۋلىرىمۇ تىترەۋاتاتتى:
— ئەمىسە قانداق قىلسام بولاتتى؟ سەن دېگىنە، مەن خاتا قىلىپتىمەنما؟

— ئانا! — شىنيۈنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

ئاچچىق رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندەك ئىدى. ئەمدى ئانىسى ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىشىغا ئارىلىشىۋېتىپتۇ، چۇ يەنچاۋ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى بوپتۇ.

— ئانا، سەن. . تېخى بايىلا «ئۆزۈڭنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ ماڭ» دېمىگەنمىدىڭ. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سەندىن ئۆتۈنەي، بۇنىڭغا ئارىلاشما! . . .

— نېمە؟ — خەن خانىمنىڭ ئاۋازى بىردىنلا يۇقىرىلاپ كەتتى، — مەن ئارىلاشمامدىم؟ ئەگەر ئىشلىرىڭغا ئارىلاشمايدىغان بولسام سەن مۇشۇنچىلىك ئادەم بولالامتىڭ؟ بۇ گەپنى ئەجەب ئەمدى دەپ قالدىڭا، بۇرۇن نېمە ئىش قىلغانتىڭ؟ ساڭا دەپ قوياي، سەن مېنىڭ قىزىم، ئەلۋەتتە باشقۇرىمەن! ئەگەر كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن يېتىم ئوغلاق بولساڭ ئىدىڭ، مەن سېنى باشقۇرۇپ نېمە قىلاتتىم.

— ئانا، مېنى باشقۇرساڭ ئەلۋەتتە بولىدۇ، لېكىن مەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىدىمغۇ! — شىنيۈ ئازاب ئىچىدە ئانىسىنىڭ يەلكىسىنى ئىرغىتتى، — چۇ مۇئەللىمنىڭ نەرى ئەسكى، سەن ئۇنىڭغا نېمىشقا ئۆچلۈك قىلىسەن؟

— مەن خەققە ئۆچلۈك قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۆز قىزىمنىڭ دۆتلۈكىگە، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىمىگىنىمگە ئېچىنىۋاتىمەن! — خەن خانىم شىنيۈنىڭ قولىنى يەلكىسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى، — ئەسلى بۇ گەپلەرنى ساڭا بالدۇرراق دېيىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن سېنى كىچىك، خىيالىدا تېخى مۇنداق

ئىشلار يوقتۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەل ياتقاندىكىن بۇ گەپلەرنى دېيەلمىگەنىدىم. بىراق كىم بىلسۇن، سەن ئاللىبۇرۇن بۇ ئىشقا باشچىلاپ كىرىپ كېتىپسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ خۇيىزۇ ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ بىر كاپىرغا تەگسەڭ قانداق بولىدۇ؟

خەن خانىمنىڭ ئاۋازى تۆۋەن، ئەمما قاتتىق چىقتى. شىنىيۆ خۇددى بىرى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك جايىدا تۈرۈپلا قالدى. ئەجەبا، ئۇ مۇھەببەتكە مەست بولۇپ كېتىپ، چۇ يەنچاۋنىڭ باشقا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان پاسىلنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىنە؟ ئۆزىنىڭ خۇيىزۇ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىنە؟ ياق، ئۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئون توققۇز ياشقا كىرگۈچە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەكتەپكە ئۆتكۈزدى، باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاشلا تەربىيە كۆردى. مەكتەپتە ھېچقانداق بىر كىشى ماركسىزم توغرۇلۇق سۆزلىگەندىن باشقا، دىنىي ئېتىقاد توغرۇلۇق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، گەرچە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەش قانۇنغا خىلاپ بولمىسىمۇ. شىنيۆ ھازىرغىچە يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن قايسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالماي كېلىۋاتاتتى. بەزىلەر مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۇنى «ئاز سانلىق مىللەت» دەپ ئاتىغان چاغدىلا، ئۆزىنى يېتىمدەك ھېس قىلاتتى، خالاس. لېكىن، «بىلىمدان» قەسرىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. چۇ مۇئەللىم خەنزۇ بولغىنىغا قارىماي بۇ ئائىلىدە «ئاز سانلىق مىللەت» نىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەجەبا ئۇ شىنيۆ بىلەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ شىنيۆ بىلەن باراۋەر ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇنى چوقۇم كەتكۈزۈۋېتىش كېرەكمۇ؟

—— ياق ئانا، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلالمايمەن، —— شىنيۆ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئېتىپ، كىشىنىڭ ئىچىنى

www.uyghurkitap.com

سېرىتۇەتكۇدەك ئاچچىق يىغلاشقا باشلىدى، — مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. . .

— ۋۇ ئۇياتنى بىلمەيدىغان! — خەن خانىم قىزىنى ئاچچىقى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، — كېسەل يېتىپ تۇرۇۋېمۇ مۇھەببەتلىشىشكە رايىڭ بارىدىكىنە! ئەرگە تەگكۈڭ كەپ قاپتۇ - دە! ئەمىسە ياخشى، ئۇلۇغ خۇدا، جېنىمنى ئامان قويىدىغانلا بولسا، مەن خۇيزۇدىن بىرنى تېپىپ سېنى دەررۇ چىقىرىۋېتەمەن، شۇ چاغدا بولسىغۇ بېشىم تىنجىيدىغان ئوخشايدۇ.

شىنيۈ ئانىسىغا قاراپ قېتىپ قالدى. ئانىسى ئۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ ئۇ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئانىسىغا قانداق چۈشەندۈرسە بولىدىكىن؟

— ئانا! مېنىڭ قەلبىمدە پەقەت شۇ بىر ئادەملا بار، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. ئانا، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئويلاپ باققىن، سېنىڭمۇ ياشلىق چاغلىرىڭ بولغانغۇ. . .

— جۆيلۈمە! قىز چېغىمدا سېنىڭدەك ئىش قىلىدىغان بولسام، دادام پاچىقىمنى چېقىۋەتكەن بولاتتى.

— مېنى ئەمدى ئۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، مەن بەربىر قاچالمايمەن، ئۇچۇپمۇ كېتەلمەيمەن. كېسەل بولۇپ قېلىپ ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالدىم، پەقەت چۇ مۇئەللىملا مېنىڭ ھاياتىمنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ بولغاچقىلا مەن ھايات ياشاۋاتىمەن. ئانا، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشتا مېنىڭ رايىمغا باققىن!

— ئۆلۈپ بېرىمەن دېسەڭمۇ، ئالدىمدا بۇنداق شەرمەندەچىلىكنىڭ بولۇشىنى خالىمايمەن! — خەن خانىم زەردە بىلەن دېدى، — بۇ ئۆيدە مېنىڭ گېپىم ئۆتمەمدۇ زادى؟

شىنيۈ قورقۇنچ ئىچىدە ئانىسىغا قارىدى. ئانىسىنىڭ چىرايى سوغۇق تۇس ئالغان، كۆزلىرىدىن ئۆتكۈر بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق مۇشۇنداق يىراقلاپ كەتسە - ھە! ئەمدى چىرايلىق ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلەشكۇدەكمۇ

ئۈمىد قالمىدىمۇ، شىنىۋ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى.

شۇ كېچىسى «بىلىمدان» قەسرىدە ھېچكىم خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى، ئاتا - بالىنىڭ سۆھبىتى ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. دەسلەپتە بىر چىرايلىق باشلانغان بۇ پاراڭ دە تالاشقا، يىغىغا ئۆزگەرگەندە، ئۇلار چۆچۈپ كەتتى.

غەربىي ھوجرىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، چىرايىدىن ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان خەن زىچى، خەي ھاما، تيەنشىڭ ۋە قورسىقى تومپىيىپ چىققان چېن شۆيەن بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

خەن خانىم ئەسلى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتمىگەن ئىدى:

— نېمە ھەممىڭلار يۈگۈرۈپ چىقتىڭلار؟ — خەن خانىم ئۇلارغا ئالايدى، — كىرىپ ئۇخلاڭلار، بۇ يەردە ھېچ ئىش بولغىنى يوق، ئانا - بالا ئىككىمىز پاراڭلىشىۋاتىمىز!

لېكىن، خەن خانىم پەقەت ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنىلا يوشۇرۇپ قالالىدى، بىر چەتتە يىغلاۋاتقان شىنىۋ نېمە ئىش بولغانلىقىدىن ئوچۇق گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

خەن زىچى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ قىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئەمما نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى ۋە ئايالىغا ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ دېدى:

— قارا سېنى! بالا كېسەل ۋاقتىدا ئارتۇق گەپ قىلىشمايلى دېمىگەنمىدۇق؟ شىنىۋ بۇلارنى كۆتۈرەلەمدۇ. . .

— ئەمىسە مەن كۆتۈرەلەمدىم؟ مەن شۇنچە كۆتۈرۈشلىكما؟ — خەن خانىمنىڭ جۇدۇنى تۇتتى. خىيالىدىن: «قارا بۇنى، قىزىنىلا ئويلايدۇ، ئايالى بولغان مەن بىر قېتىممۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمايمەن!» دېگەن ئويلار ئۆتتى، — سىزنىڭ دەردىڭىزنى بىر ئۆمۈر تارتتىم، ئەمدى قىزىڭىزنىڭ دەردىنىمۇ

www.uyghurkitap.com

تارتايمۇ؟ نېمە كۈن بۇ ماڭا، بۇ باش ئاغرىقى زادى قاچان تۈگەيدۇ؟ كېسەل دېدۈق، ھەممەيلەن ئوبدان كۆتتۈق. مەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىدىم جۇمۇ. بۇ پېشكەل قىزىڭىزنىڭ دەردى تۈگەمدۇ زادى؟...

— بولدى، سۆزلىمە! — خەن زىچىنىڭ ئاپئاق چاچلىرى تىترەپ كەتتى. چوڭقۇر ئازاب ئالامىتى قېتىپ قالغان ئولتۇرۇ. شاڭغۇ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقنىدى، — مەن سېنى ئاغزىڭنى يۇم دەۋاتىمەن، مېنى مەجبۇرلىما جۇمۇ!

— مەن سىزنى مەجبۇرلاۋاتامدىم، سىز مېنى مەجبۇرلا- ۋاتامسىز؟ — خەن خانىم ئاچچىقىنى پەقەت باسالماي، قولىنى ئېرىنىڭ يۈزىگە تەڭلىدى، — خەن زىچى، بۈگۈن تيەنشىڭ بى- لەن شۇيەننىڭ ئالدىدا دەپ قوياي، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزنىڭ يۈز - خاتىرىڭىزنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئاغزىمنى تولا ئاچماڭ!

— بولدى قىلىڭلار! — تيەنشىڭ قاتتىق ۋارقىرىدى ۋە ئانىسىنىڭ راستتىنلا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز گەپنى چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئالايدى، — بۇ ئائىلىدە ھازىر بۇنچىۋالا دەپ كەتكۈدەك ئىشمۇ يوققۇ، ئۆزۈڭلا- رنى ئايىساڭلار بولمامدۇ!

خەن خانىم دېگەندەكلا جىمىپ قالدى. ئەمما، سوغۇق كۆزلىرىنى خەن زىچىگە مىختەك تىكىپ ئولتۇرىۋەردى. خەن زىچىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ئاخىر باشقا ياققا بۇرالدى.

چېن شۇيەن بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بېرى قېينانىسىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلانغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋا- تاتتى. بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغاندىكىن، ئۇمۇ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرسا بولمايتتى، ئارىغا چۈشۈپ چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇنداق قىلاي دېسە، بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى دېگەندەك چۈشەنمەيتتى. بىر ئازدىن

كېيىن چېن شۆيەن قېينانىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەۋېتىپ ئېھ-
تىيات بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— ئانا، سىز دادامغا ئاچچىقلانماڭ، ئۆز قىزىغا دادىمۇ،
ئانىمۇ ئوخشاشلا كۆيىدۇ. مەنمۇ شىنيۆگە ئوخشاشلا سىزنىڭ
قىزىڭىز. ماڭا دېمىگىنىڭىز بىلەن دەردىڭىزنى چۈشىنىمەن،
يەنىلا شۇ شىنيۆدىن غەم يەيسىز. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئىش
توغرۇلۇق بۇرۇنلا ئويلىنىپ قويغان. چۇ مۇئەللىممۇ ئوبدان
ئادەم ئىدى، شىنيۆگە بەك ماسلىشاتتى.

چېن شۆيەننىڭ بۇ گېپى ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك
ئىش بولدى. بايىدىن بېرى ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئولتۇرغان خەن
خانىم ئۆزى چېكىپ - تاللاپ كېلىن قىلغان چېن شۆيەننىڭ بۇنداق
دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ كېلىنىگە زەردە بىلەن ئالايدى:

— ئىشىڭىزنى قىلىڭە، سىز بۇ ئىشقا نېمىدەپ ئارىلىشى-
سىز؟ تېخى ماسلىشارمىش، ئۇنداق بولسا سىز نېمىدەپ كاپىر-
غا تەگمىدىڭىز؟

چېن شۆيەن يۈزى ئوتتەك يېنىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى:

— مەن... مەن... مەن چۇ مۇئەللىمنىڭ خۇيزۇ
بولۇپ قالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.

خەن خانىم دىمىغىنى قاقتى:

— ھىم، ئەپسۇسلىنىشلىرىڭىزدىن ئۆرگىلىپ كېتەي!

چېن شۆيەن گەپ قىلالماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. خورسى-
نىش ئىچىدە: «ئادەمنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە ئېرىشمىكى نېمىدې-
گەن تەس - ھە!» دەپ ئويلىدى.

شىنيۆ ياستۇققا بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى.

كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان خەي ھاما شىنيۆنىڭ كۆز
ياشلىرىنى توختىماي سۈرتەتتى. بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ سەۋەبى
ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ توغرۇلۇق چىش
يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى، پەقەتلا شىنيۆنىڭ پېشانىسىنىڭ

تەتۇرلۇقىدىن، تەلەيسىزلىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى.
سىڭلىسىنىڭ ئاچچىق يىغىسى بىر چەتتە تۇرغان تيەنشىڭنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەمنى ئۇنتۇماق بەك تەس ئىدى. تيەنشىڭنىڭ ئانىسىغا ئۆزۈندىن بېرى يىغلىپ قالغان دەردلىرىنى دەۋالغۇسى، «زادى سەن كىمنى سىغدۇرىسەن؟ رۇڭ گۈيفاڭمۇ خۇيزۇ ئەمەسمىدى، بىكاردىن - بىكار ئىككىمىزنى ئايرىۋەتتىڭغۇ؟» دېگۈسى كەلدى. لېكىن، ئۇ ئايالىغا قاراپ قويۇپ يەنە جىم بولدى. ئايالى ھازىر ئېغىر ئاياغ تۇرسا، بۇ گەپلەرنى دېسە قانداق بولىدۇ؟ دېگەن بىلەنمۇ بەربىر پايدىسى يوق، ھەممە ئىش تۈگىگەنىدى. ئۇنىڭ بەختى ئۆلۈپ، ئەمدى نۆۋەت سىڭلىسىغا كەلگەن ئوخشايدۇ. غەزەپتىن تيەنشىڭنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى كۆۋەجەپ ئېقىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى كىمگە دېيەلەيدۇ؟ تيەنشىڭ بىردىنلا يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى قامالىغىنىچە: «تۈگەشتى، ھەممە نەرسە تۈگەشتى!» دەپ، ئاچچىق نىدا قىلدى.

. . .

تۈن نىسپى، بوران يەنىلا ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغاندەك قاتتىق چىقىۋاتاتتى. «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئىچى تىنجىپ قالدى. قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشتى، خەي ھاما شىنيۆگە ھەمراھ بولۇپ يېتىپ قالدى.
ھۇجرىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ ئاچچىق خورسىنىشلار، ئاچچىق - ئاچچىق تىنىشلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
بۇ جېدەل راستىنلا بېسىقتىمۇ؟
شىنيۆنىڭ كۆڭلى ھېچ ئىزىغا چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى، لېكىن كۆزلىرىدىن مۇھەببەت ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان چۇ يەنچاۋ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

«شىنيۆ! مۇھەببەت ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ھېسسىياتى. بىر جۈپ يۈرەك ئۆزۈن مۇددەتلىك جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ بىرىككەندىن كېيىن، ئەينەككە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر قېتىم دۇپۇلدىگەندە قارشى تەرەپكە: ‹مەن سەندىن مەڭگۈ ئايرىلالمايمەن›، دېگەننى ئۇقتۇ-رۇپ تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ مۇھەببەت ئاستا ـ ئاستا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، ھېچكىممۇ بۇ بىر جۈپ يۈرەكنى ئاي-رىۋېتەلمەيدۇ!»

«شىنيۆ، مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنى ۋە بارلىق ھېسسىياتلىرىمنى، پۈتۈن ھاياتىمنى تەقدىم قىلدىم.»

ئاھ، شىنيۆنىڭ مۇشۇنداق ئوتلۇق مۇھەببەتنى ئۇنتۇپ كېتەلىشى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىيەلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئادەم ئاجايىپ مەخلۇق، ئەڭ مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان چاغلاردا ئۇنى ھايات قېلىش پۈرسىتىگە ئېرىشتۈرىدىغىنى يې-مەكلىك ئەمەس، سۇ ئەمەس، دورىمۇ ئەمەس، بەلكى يۈرىكى-نىڭ بىردەم ئارام تېپىشى، بىردەملىك ئۈمىد. مانا مۇشۇ نەرسىلەر بەربات بولغاندا، ئادەم ياشاش كۈچىدىن ۋە جاسارىتى-دىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۈمىدسىز ھايات، مۇھەببەتسىز ھاياتتىن ئۆلۈم ياخشى. بەلكىم ئۆلۈممۇ ئۈنچىلىك قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەستۇ. شىنيۆ شۇلارنى ئويلاپ قالدى. ئادەمنىڭ ئۆلۈشى توغۇلغان ۋاقتىدىلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. بىردىنبىر ئوخشىمايدىغان يېرى، خىلمۇخىل ئادەم ئۆلۈشتىن ئىلگىرى خىلمۇخىل نەرسىلەرگە ئىنتىلىپ باقىدۇ. ئىنتىلگەن نەرسىلە-رىگە ئېرىشەلىگەنلەر كۈلۈپ تۇرۇپ كېتىدۇ، ئېرىشەلمىگەنلەر ئارمان، ئۆكۈنۈش بىلەن كېتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇچۇ؟ ئۇمۇ ئىلگى-رى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىنتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېرىش-كەنلىرىمۇ بولدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتى ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزگەندى. ئۇ ئىلگىرى مۇھەببەت-

www.uyghurkitap.com

كە ئىنتىلگەن، شۇنچە جىق ئادەملەر ئارىسىدىن قەلبى ئۆزىنىڭ-كىگە ئوخشايدىغان ياخشى بىر ھەمراھ تاپقانىدى. بىراق، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كەتتى. ئالدىراپ كېلىپ، ئالدىراپلا كېتىپ قالدى. خۇددى چۈشكە ئوخشاش، شامالغا ئوخشاش. ئۇ تېخى ئۇ نەرسىلەرنى قولىدا چىڭ تۇتىمەن دەپ ئويلاپتىكەن، ئەمدى قارىسا قوللىرى قۇپقۇرۇق، ھېچنېمە يوق. ئۇ ئىلگە-رى: «ئەمدى تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكى توغرۇلۇق قاقشىماي-مەن» دېگەنىدى. بەلكىم بۇنداق بولۇشى پېشانىسىگە بالدۇرلا پۈتۈلۈپ كەتكەن بولغىيدى. تەقدىر ئىلگىرى بەرگەن نەرسىلە-رنى ئەمدى قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلى-ماقچىمۇ؟ ئۇنى تىرىك تۇرۇپ ئازاب ئىچىدە ئۆلسۇن دەۋاتامدۇ؟

ئادەم ئۆلۈشنى خالىمايدۇ. شىنيۆنىڭ شىكەستلەنگەن يۈ-رىكى تېخى جايىغا چۈشمىگەن بولۇپ، بىردە ئاستا، بىردە تېز سوقاتتى...

«كۆيسە بىر نازۇك يۈرەك دەرد يۈتۈپ، ھەسرەت يۈتۈپ، نە ئۈچۈن يوق بىر ئارامگاھ شۇنچە كەڭ ئالەم تۇرۇپ!» شىنيۆ قولىنى سوزۇپ، ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇردى.

— شىنيۆ، — خەي ھاما ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، — سۇ ئىچەمسەن ياكى دورىمۇ؟ بولدى، سەن قوپما مەن ئەكېلىپ بېرەي...

— ياق... — شىنيۆ پەرىشانلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى يو-غان ئاچتى، — ھاما، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن، ئۆي ئىچى بەك قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى...

— قارا، بۇلارنىڭ كىچىك بالىنى قورقىتىۋەتكىنىنى! — خەي ھاما شىنيۆنى مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلىدى، يۈزىدىكى سوغۇق تەرلەرنى سۈرتتى، — شىنيۆ، يېنىڭدا مەن بار، قورق-ما! ئادەمچۇ، خېلى - خېلى نەرسىلەرگە چىدايدۇ. كۆڭلۈڭنى ئازادىرەك تۇتقىن! ئاناڭمۇ ئۇ گەپلەرنى سېنى ياخشى بولسۇن

دەپ دېدى. . . — خەي ھامما تەسەللى ئورنىدا شۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندا يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، كۆز يېشى ئىختىيارسىز سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ نېمىمۇ دېيەلەيتتى.

— مېنىڭ ئانام. . . — شىنيۈ پىچىرلىدى. ئانىسىنى ئويلاش بىلەن تەڭ يۈرىكى مۇزلاپ، تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

ئۈستەل چىرىغىنىڭ ئاستىدىكى گۈل چېكىلگەن ئاشۇ ئەينەك رامكىنىڭ ئىچىدىكى ئانىسى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. . .

شىنيۈنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. رامكىنى قولىغا ئېلىپ، ئاستى سارغايغان سۈرەتلەرگە قارىدى. ئون يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ دەقىقە كۆز ئالدىدا قايتىلانغاندەك، ئۇ ئۆزى ئۆلۈم پەيتىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ۋاقىتتا ئانىسى ياش، مۇلايىم، كۆيۈمچان ئىدى، ھەمىشە ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، مەڭزىگە سۆيەتتى، مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. . .

بىردىنلا شەپقەتسىزلىك يېغىپ تۇرغان بىر سوغۇق يۈز ئاشۇ رەسىمنى توسۇۋالدى، ئۇنىڭغا قەھر بىلەن تىكىلدى. بۇمۇ ئانىسىنىڭ چىرايى ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۆز يېنىدا ياشاۋاتقان ئانىسىنىڭ چىرايى ئىدى. ئانىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى سۈرەتتىكىگە نېمىشقا ئوخشىمايدۇ — ھە! زادى نېمە ئۈچۈن؟

شىنيۈنىڭ كۆزلىرى توختىماي چىقىۋاتقان ياشتىن خىرەلەشتى. ئانا، ساڭا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قىزىڭنى نېمىشقا تۇغقان ئىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ھازىر كۆزۈڭگە شۇنچىۋالا سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان قىزىڭغا ئەينى ۋاقىتتا چوڭقۇر مۇھەببەت بەرگەنىدىڭ؟ ئېھتىمال، سۈرەتتىكى مۇلايىم قىياپىتىڭنى يالغاندىن ياساپ چىققانسەن. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ مەن بۇرۇنلا بىلەتتىم، ئارىمىزدا ئانا — بالىلىق مۇھەببەت ناھايىتى كەمچىل ئىدى. سەن مېنى ئۆزۈڭگە

يۈك، پۈتلىكاشالىڭ دەپ ئويلايتتىڭ. مەنمۇ ئىلگىرى سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئازاد قىلىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن تەقدىر مېنى بۇ ئۆيدىن ئايرىمىدى. مەن ئۇچالمىدىم، ھاۋادا بىر ئاز ئۇچۇپلا يەنە ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. يىقىلدىم، يىقىلغاندىمۇ سېنىڭ يېنىڭغا يىقىلدىم. مەن سېنىڭ ھېسسىداشلىقىڭغا موھتاج ئەمەس ئىدىم، زورمۇزور بېرىلگەن ئانىلىق مۇھەببىتىڭگە موھتاج ئەمەس ئىدىم. بىراق، سەن نېمىشقا مەن ئىنتىلگەن، ماڭا مەنسۇپ بولغان مۇھەببەتمنى تارتىۋالماقچى بولىسەن؟ راستىنى ئېيتسام، مەن مۇھەببەت ئىشىدا سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئېلىشنى ئەسلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. پەقەتلا مۇھەببەت تەبىئىي پەيدا بولىدىغان، ھېچقانداق شەرتكە بويسۇنمايدىغان مۇقەددەس ھېسسىيات دەپ ئويلاپتىكەنمەن. سېنىڭ ئۇنى ئۆز قىزىڭنىڭ ھاياتى بەدىلىگە رەھىمسىزلىك بىلەن بوغۇپ تاشلايدىغانلىقىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. سەن بۇ ئىشنىڭ قىزىڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى باغلاپ تۇرغان ئۈمىد چىرىغى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭغۇ؟ سەن قوغداپ تۇرغان ئاشۇ نەرسىلەر قىزىڭنىڭ ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىكمۇ. . .

شىنيۆنىڭ كۆز ياشلىرى رەسىم جازىسىنىڭ ئۈستىگە توختىماي ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئون توققۇز يىلدىن بېرى ئانىسىغا يېقىنلىشالماي، ئانىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بۇ تۇگۈننىڭ جاۋابى يېشىلەي دەپ قېلىۋاتاتتى.

خەي ھاما تەشۋىش ئىچىدە شىنيۆگە قاراپ دېدى:

— شىنيۆ، يېرىم كېچىدە بۇ رەسىمگە قاراپ نېمىگە ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ . . .

— ھاما، — شىنيۆ رەسىم جازىسىنىڭ ئەينىكىنى يېنىك سىلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتتى ۋە تۇيۇقسىز سوراپ قالدى، — ئۇ. . . مېنىڭ ئۆز ئاناممۇ؟

— نېمە؟ — خەي ھامما چۆچۈپ كەتتى، — نېمە بۇ گەپ خىيالىڭغا كىرىپ قالدى؟ سەن بىر يەردىن تېپىۋالغان بالا بولمىساڭ، يەنە نەچچە ئاناڭ بولماقچىدى؟ ئۇ ئەلۋەتتە سېنىڭ ئۆز ئاناڭ، قاراپ باققىنە، ئىككىڭلارنىڭ قاش - كۆزلىرى، چىرايى بىر - بىرىڭلەرگە نېمىدېگەن ئوخشىغان. . .

— ياق، بىز ئوخشىمايمىز. مەن بۇرۇنلا ئۇنى ئۆز ئانام ئەمەستەك سېزىپ كېلىۋاتاتتىم. . . — شىنيۆ بوش پىچىرلىدى. دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىلگىرى قانچە قېتىملاپ ئۇرۇشقانلىقى كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئاشۇ دە تالاش، ئاشۇ ماجىرالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بولغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئانىسىنىڭ بۈگۈن ئاخشام دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ قالدى: «ئەگەر كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن يېتىم ئوغلاق بولساڭ، مەن سېنى باشقۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟»

«سېنىڭ دەردىڭنى بىر ئۆمۈر تارتتىم. ئەمدى يەنە قىزىڭنىڭ دەردىنى تارتايمۇ؟»

«. . . بۇ پېشكەل قىزىڭنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىمەن؟»

«خەن زىچى. . . ئاغزىمنى ئاچما جۇمۇ! ھېلى بىكار ھەممىنى دەۋېتىمەن.»

ئەجەبا، بۇمۇ بىر ئانىنىڭ دەيدىغان گەپلىرىمۇ؟ ئۇنىڭ تېخى دېمىگەن گەپلىرى زادى نېمىدۇ؟ شىنيۆنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بەلكىم ئۆزى راستتىنلا كوچىدىن تېرىۋېلىنغان يېتىم بالا بولغىيدى؟ ئون توققۇز يىلدىن بېرى باشقىلارنىڭ پاناھلىقىدا ياشاپ كەلگەندۇ؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، بۇمۇ ياخشى، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانمايدۇ، بۇ يەردىن كېتىدۇ، ئۆز ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ.

— شىنيۆ، قالايمىقان خىياللاردا بولما. . . — خەي ھامما ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋاتقان چاغدا ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. كالپۆكلىرى تىترەپ، گەپلىرى پەقەتلا

www.uyghurkitap.com

قولاشمىدى.

شىنيۇ خەي هاممىنىڭ هېلىدىن ـ هېلىغا كۆزىنى ئۈزمىدىن ئېلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز پەرەزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللارنى كۆپ قېتىم قىلغان، لېكىن قىلىپ بولۇپلا دەرهال ئۇ خىيالىدىن يېنىۋالغان، توغرىراقى، خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن قورققانىدى... شىنيۆنىڭ كۆزىگە ئەمدى هېچنېمە كۆرۈنمىدى.

— هاما، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ...

خەي هاما كۆزلىرىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋالدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئون نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئاشۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ شىنيۆنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قاتتىق يىغلىغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى... ئۇ ئاخىر ئۇ ئىشلارنى دېمەسلىك قارارىغا كەلدى.

— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ! — شىنيۆ تۇيۇقسىز خەي هاممىنىڭ بىلىكىگە چىڭگىدە ئېسىلدى، ياشلىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى، — هاما، سىز مېنى چوڭ قىلغان، مەن سىزنى ئانامدىنمۇ يېقىن كۆرىمەن. لېكىن، مېنىڭ ئۆز ئانام زادى... زادى كىم؟ مېنى كىم تۇغقان؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، بۇ ئۆمرۈمدە مەن سىزدىن مۇشۇ بىرلا ئىشنى ئۆتۈنىمەن.

موماي كۈچلۈك بىر هاياجاندىن دەم ئالالماي قالدى، قوللىرى سېزىمىنى يوقاتتى، قانلىرى تومۇرىدا توسۇلۇپ قالغاندەك بولدى. خۇددى كىمدۇ بىرى ئىچ ـ قارنىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالدى، هېچنېمىنى دېيەلمەي، كۆزلىرى ئالايغان پېتى شىنيۆنىڭ ئالدىغا پالاققىدە يىقىلدى.

— هاما! هاما، — شىنيۆنىڭ ئاچچىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئۆلۈك جىمجىتلىق ئىچىدىكى بۇ «بىلىمدان» قەسرىنى

زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

خەي ھاممىنىڭ ھاياتىنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىكى دوختۇرلارمۇ ساقلاپ قالالمىدى. دوختۇر ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە جىد-دىي خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىدىن بولغان دەپ دىئاگنوز قويدى ۋە: «ئۇنىڭ يۈرەك قان تومۇر كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن، سىلەر بۇنى بىلمەمتىڭلار؟ ئىلگىرى يۈرىكى سانجىپ ئاغرىپ باقمىغانمىدى» دېدى. توغرا، ئۇلار بىلمەيتتى. شىنيۈمۇ ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئايال بىر ئۆمۈر دوختۇرغا كۆرۈنمەي، دورا يېمەي ئۆتكەن ئايال ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، خەي ھاما ئۆلۈپ كەتتى. كۆلپەت، رىيازەت ئىچىدە پايتەخت بېيجىڭغا ماكانلىشىپ قالغان بۇ ئايال «بىلىمدان» قەسرىدە ھەم خوجايىن، ھەم ئايال خىزمەتكار بو-لۇپ، تىنچسىز، ئەمما ئاددىي يىگىرمە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇ پۇتۇنلەي باشقىلار ئۈچۈن ياشىدى، ئۆزى ئۈچۈن بىرەر قې-تىممۇ باش قاتۇرۇپ باقمىدى. «بىلىمدان» قەسرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، يۈرىكى ئاشۇ يەردە ئېزىلىپ، ئاخىرى يىقىلدى. يىقىلدىيۇ، ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۆزى كېچە - كۈندۈز يىغلىغان ئېرىنىڭ، بالىسىنىڭ ھېچقانداق خەۋەر - ئۇچۇرىنى ئالالمىدى. شىنيۈنى قاتارغا قېتىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، شىنيۈنىڭ ئاشۇ قىيىن سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئالالادىن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تى-لەشكە، توۋا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. شۇنچە بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ دۇنيادا پەقەت ئۇنىڭ تالاي رىيازەتلەرگە چىدىغان ئېغىر جىسمىلا قېپقالدى.

«بىلىمدان» قەسرى ئۆزىنىڭ سادىق بىر خىزمەتكارىدىن ئايرىلىپ قالدى. خەن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى غەر-بىي تاغ باغرىدىكى خۇيزۇلار قەبرىستانلىقىغا قويماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

چىچىنجەيدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى ئىشلىتىپ كېتىلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جەسەت سۆڭىكى ئامما- ۋى قەبرىستانلىققا كۆچۈرۈپ كېتىلگەنىدى، ئۇ يەردە هايات ۋاقتىدا تونۇشمىغان نۇرغۇن مۇسۇلمان ياتاتتى.

خەي هاممىنىڭ جەسىتى ئۇستىگە پاكىز، ئاق رەخت يېپى- لىپ ۋاقتىنچە مېھمانخانىغا قويۇپ تورۇلغانىدى، مېيىت ئەتە دەپنە قىلىناتتى. پۈتۈن هاياتىنى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ بىچارە ئايال كۆز يۇمغاندىن كېيىنلا باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بارەۋەر مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتاتتى. ئۇ «بىلىمدان»لار قورۇسىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزى- نىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىغا كېتەتتى.

شىنيۆ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ خەي هاممىنىڭ جەسى- تىنى بىر كېچە ساقلاش توغرىسىدىكى تەلىپىنى دادىسى رەت قىلدى. ئاخشامقى مەڭگۈلۈك ئايرىلىشنىڭ ئۆزىلا شىنيۆگە قات- تىق زەربە بولغانىدى، خەن زىچى بۇنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى ئەمدى يەنە هاياجانلاندۇرۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ دەپ ئويلايتتى.

كېچە يېرىملاشتى. خەن خانىم بىلەن تيەنشىنىڭ تۆر ئۆيدە خەي هاممىنىڭ جەسىتىنى ساقلاۋاتاتتى. خەن زىچى غەربىي هۇجرىدا پەرىشانلىق ئىچىدە قىزىغا هەمراھ بولۇپ ياتاتتى.

شىنيۆ ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن يىقىلىپ قالغان، خەي هاممىنىڭ جەسىتىنى ساقلىغۇدەك ياكى قەبرىستانلىققا ئۇزىتىپ چىققۇدەك ماجالى قالمىغانىدى، كارىۋى- تىدا شۇنچىلىك هالسىز ياتقىنىچە توختىماي ئىسەدەيتتى.

— شىنيۆ، بولدى، يىغلىمىغىن، — خەن زىچى ئۆزىنىمۇ يىغىدىن توختىتالماي قىزىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، — خەي هاممىنىڭ پېشانىسى ھەقىقەتەن تەتۈر بولدى، پۈتۈن ئۆمرىنى بالىسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ تيەنشىنىڭ ئىككىڭلارنى ئۆز بالىسىدەك

كۆرەتتى، سىلەرمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتىڭلار. بولدى، ئەمدى يىغلىمىغىن. ئۇنىڭ روھى خاتىرجەم كەتسۇن! سەن... سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ...

— دادا، — شىنيۈ ياشلىق كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قولىدىن تارتتى، — دادا، خەي ھاممىنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى! مەن ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلدىم...

خەن زىچى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى:

— شىنيۈ! سەن... نېمە دەۋاتىسەن؟

— ئۇنىڭ ھاياتىنى مەن نابۇت قىلدىم. تۈنۈگۈن ئاخشام مەن ئۇنىڭدىن بىر گەپ سورىغانىدىم.

— نېمە گەپ سورىغانتىڭ؟

— ئۇنىڭدىن، مېنىڭ ئانام كىم دەپ سورىغان. ئۇ...

— ھە؟! — تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپتىن خەن زىچىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، — ئۇ... ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟

— ھېچنېمە دېمىدى... — شىنيۈ ئازاب بىلەن بېشىنى چايقىدى، — ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر مەخپىي گېپىنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالدىم. ئۇ بۇ گەپنى نېمىشقا ماڭا دېمەيدۇ؟ دادا، سىلەر نېمىشقا ئۇ گەپنى ماڭا دېمەيسىلەر؟

— شىنيۈ! — ئون يىل ئاۋۋالقى ئىشلار خەن زىچىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ياق، بۇ ئىشلار ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى، ئۇنىڭ روھىنى ئازابلايتتى، ۋۇجۇدىنى تىلغايتتى، ئۇنى تولىمۇ تەسلىكتە ئالدىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەدىسىگە ئاساسەن بۇ ئىشنى ئىزچىل تۇردە قىزىغا ئېيتماي كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدا: «بىچارە قىزىمنىڭ بېشىغا ھېلىمۇ ئاز كۈنلەر كەلمىدى، ئەمدى ئۆزى ئۇقمايدىغان تېخىمۇ جىق بەختسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ

قالسا بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. خەن زىچى كۆزىنى قىزىدىن ئەپقېچىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە تىترەڭگۈ ئاۋازدا دېدى، — شىنيۆ، ئۇنداق ئىش يوق، سەن مېنىڭ ئۆز قىزىم، ئاناڭنىڭمۇ...

— ئەمدى مەندىن يوشۇرماڭ، دادا! — شىنيۆ مەڭزىنى دادىسىنىڭ ئاپئاق چاچلىرىغا ياقتى، كۆز ياشلىرى دادىسىنىڭ چاچلىرىغا تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى، — ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى سىزنىڭ ئازاب ئىچىدە سوكۇت قىلىپ ياشاۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. بەلكىم مېنىڭ سەۋەبىمدىندۇ؟ دادا، ئەمدى مېنى دەپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىماڭ. قىزىڭىزنىڭ... سىزنى ئازابتىن خالاس قىلىشىغا ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى. ئۇ سىزنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مېنى زادى كىم تۇغقان؟ ئىككىڭلار مېنىڭ ئۆز دادام، ئۆز ئانام بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ. ئىلگىرى قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېيتىپ بېرىڭ!... مەن ئۆز ئانامنى تونۇيالمايلا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالماي. مەن ئۇنى سېغىندىم. ئۇ زادى كىم؟

— شىنيۆ! — خەن زىچى ئازاب بىلەن قىزىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى، — بولدى... سورىمىغىن...

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق كۆز ياشلىرى قىزىنىڭ يۈزىگە، قوللىرىغا قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا ئەلەڭلەپ قارىدى. قىزىنىڭ خىرۇستالدەك كۆزلىرى ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى. شىنيۆ، داداڭ سېنى قەستەن ئالداۋاتقىنى يوق. سەن تېخى قاتارغا قېتىلمىدىڭ، مۇستەقىل ياشاش يولىغا قەدەم باسمىدىڭ! بەلكىم... ئۇ كۈن ساڭا ئەمدى مەڭگۈ نېسىپ بولماس. خەن زىچى ئېغىر قورقۇنچ ئىچىدە قالدى، بىر



www.uyghurkitap.com

تېرە بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ قىزىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدى، خۇددى ھېلىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك چىڭگىدە قۇچاقلىدى.

— دادا، ماڭا دەپ بېرىڭ! — شىنيۈ بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا مىختەك تىكىلدى.

قىزىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى. خەن زىچى ئەمدى ئۇ مەخپىيەتلىكنى يوشۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بىر ھېسابتا، ئەمدى يوشۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، بەرىبىر دەيدىغان گەپ، دېيىش كېرەك، ھەممىنى دېيىش كېرەك. ئۇنىڭ كېسىلى مۇشۇنداق ئېغىر تۇرسا. ھازىر ئېيتمىسا بەلكىم. . . بەلكىم كېيىن پۇرسەتمۇ بولماس، قىزىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مەڭگۈلۈك ھەسرەت ئىچىدە قالدۇرار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 13 ـ باب قايتىش

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا قانچىلىك قورال ـ ياراغ ئىشلىتىلىپ قانچىلىغان جاننىڭ نابۇت قىلىنغانلىقى، قانچىلىك گۈللەنگەن شەھەرنىڭ دەپسەندە قىلىنىپ، قانچىلىغان گۈزەل چۆللەرنىڭ بەربات بولغانلىقى، قانچىلىك ئادەمنىڭ ھايات يولىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا تىركىشىۋاتاتتى؛ گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئالۋاستىلىرى پۈتكۈل يەر شارىنى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدۇرغانىدى. ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئورتاق بالايىئاپەت ۋە ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگودىكى فاشىستلارنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغان خەلقلەر قول تۇتۇشۇپ كۈرەشكە ئاتلانغانىدى، غەربىي يېرىم شار ۋە شەرقىي يېرىم شاردا قىساس يالقۇنى لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى. 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىتالىيە تەسلىم بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى ۋە 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى فاشىزمغا قارشى سەپكە ئۆتۈپ گېرمانىيە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گېرمانىيە تەسلىمنامىگە شەرتسىز قول قويدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ياپونىيە پادىشاھى يۇرېن «ئۇرۇش توختىتىش پەرمانى» نى ئېلان قىلىپ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇرۇش كۈلپەتلىرىنى يەتكۈچە تارتقان دۇنيا خەلقى ئاخىر سەلتەنەتلىك غەلىبە كۈنىنى كۈتۈۋالدى.

خەن خانىم بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنىڭ مەزمۇ-

نى بىرى ئۇخلاپ قوپۇپلا يازغاندەك غەيرىي ھەم ئاددىي ئىدى:
«بىز تېخى ھايات، سىلەر ھاياتمۇ؟»

خەن خانىم ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. خەن زىچى خېتىگە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئادرېسى ئىنگلىزچە يېزىلغان بىر پارچە كونۋېرتنى قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. خەن خانىم شۇ كونۋېرتنى ئىشلىتىپ ئەنگلىيىگە تېزلا جاۋاب خەت سالدى. يەنە كېلىپ خەتنى ئۇلارنىڭ سەبىي ئوغلى تيەنشىڭ: «دادا، كىچىك ئاپا، تېز قايتىپ كېلىڭلار. ئانام سىلەرنى سېغىندى» دەپ يازغانىدى. تېلېگراممىغا ئوخشاش قىسقا يېزىلغان، باش ـ ئاخىرى يوق بۇ خەت ئەڭ مۇھىم ئۇچۇرنى، ئەڭ چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىنى يەتكۈزۈپ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە ۋەتىنىگە قايتالماي تۇرۇپ قالغان خەن زىچى بىلەن لياڭ بىڭيۈنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى.

جۇڭگودا: «2 ـ فېۋرال ئەجدىھا بېشىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن ئوبرازلىق گەپ بار. دېگەندەك، زېمىننىڭ توڭلىرى ئېرىشكە باشلىدى، ئۇچەككە كىرىپ كەتكەن قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە ھاشاراتلار قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى، غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن ئەجدىھامۇ ئويغىنىپ ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن بوينىنى ئاستا كۆتۈردى. بۈگۈن، 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «جۇڭخې بايرىمى» ئىدى، بۇ كۈنى ھەممىلا يەردە بايرام كەيپىياتى ئەۋج ئالاتتى. . . لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى سەككىز يىللىق ئاسارەتلىك تۇرمۇش خەلققە بۇ بايرامنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. 1946 ـ يىلى بېيپىڭ باش باھارىنىڭ تۇنجى ئېيى بولغان فېۋرالنى كۈتۈۋالغان چاغدا، جىڭخۇا ئارىلىدىكى كۆل يۈزىنى يەنىلا نېلۇپەر گۈللىرىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن ئارىلاش قاتقان نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۈتۈپ تۇراتتى. كۈنگە قاراپ تۇرغان مېنجيەن راۋىقىنىڭ ئەينەكلىرىنى قېلىن بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان باسقانىدى. ئىككى تەرىپىگە ۋادەك ئورنى-

تىلغان چوڭ كوچىنىڭ بويلىرىدىكى دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسكا ئور-
نىدا ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان لاتىلىرى شامالدا تىترەيت-
تى، ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كىشىلەر سوغۇقتا شۈمشە-
رەپ كېتىۋاتاتتى. قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە يۈرىكى سۇ بولۇپ
كەتكەن پۇقرالار دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئۆيدىن چىقماي
ئولتۇرۇشاتتى. بۈگۈنكى «جۇڭخې بايرىمى»غا خەنزۇلارمۇ ئې-
تىبارسىز قارىغان يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام ئۆتكۈزۈشى
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قوڭغۇرەڭ چامادان كۆتۈرۈۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم
«بىلىمدان» قەسرى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ گۇگۇم قاراڭغۇسى
ئىچىدە تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن بۇ تونۇش خالتا كوچىغا
كىرگەندە، جىگەررەڭ شىبلىتىنىڭ ئاستىدىن خۇددى نېمىدۇر
بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ئەنسىز تاراقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى،
ئۆزى ھېلىدىن ـ ھېلىغا پۇتلىرى ئالمىشىپ مۇدۇرۇپ كېتەت-
تى.

ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەمما تاش پەلەمپەيدىن
دەرھال قەدەم ئالماي جايىدا تۇرۇپ قالدى، پەلتوسىنىڭ تۈگمى-
لىرىنى يەشتى. ئۇنىڭ قوڭغۇرەڭ سوكنا پەلتوسىنىڭ مۈرىلى-
رى چاڭ ـ توزانغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى، گالستۇك چىگىلگەن
كۆڭلىكىنىڭ ياقىلىرىدىن تەر ھىدى كېلەتتى. بىلىنەر ـ بىلىن-
مەس ھاسىرىشى بىلەن تەڭ قارامتۇل، ئورۇق يۈزىنىڭ مۇس-
كۇللىرى تىترەپ كېتەتتى. ئۇ بېشىنى ئاستاغىنە كۆتۈرگەن
چاغدا، قارا شىلەپىسى يېرىمىنى توسۇۋالغان كەڭ پېشانىسىدە
يول ـ يول قورۇقلار پەيدا بولدى، سەل ـ پەل ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەن نۇرلۇق كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى ئەگىپ قالدى. ئاھ،
ئون يىل ۋاقىت! ئۇ ئاخىر قايتىپ كەلدى.

دەرۋازىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى، قورۇ يەنە
شۇ پېتى ئىدى. قورۇ ئالدىدىكى تۇخۇمەك دەرىخى سۇنۇپ

قاقشال بولۇپ قالغان دەرۋازىنىڭ قىزىل سىرلىرى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى.

مانا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپ ئۇمۇ قايتىپ كەلدى، ئەتىگىنى چىقىپ كېتىپ كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كەلدى، يەنە كېلىپ يات زېمىندا ئۆتكەن سانسىز كەچلەردىكىگە ئوخشاشلا ھېرىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ بەش باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن قەدەم ئېلىۋېتىپ ئوڭ قولى بىلەن دەرۋازىنىڭ دات بېسىپ كەتكەن ھالقىلىرىنى شاراقشىتتى.

— كىم؟ — ئىچكىرىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى كەلدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى:

— مەن...

— مەن دېگەن كىم؟ نوپۇس تەكشۈرگىلى كەلدىڭىزمۇ ياكى باشقا ئىشقىمۇ؟ ئانام ئەرلەرگە دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمە دېگەن!

— ۋاي - ۋۇي، نېمىلەرنى دەپ كەتتى بۇ بالا؟ — ئاۋۋال بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى، ئاندىن دەرۋازىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، — كىم؟

— مەن... قايتىپ كەلدىم، — شۇ گەپنى دەپ بولغۇچە ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. خەي ھاما بۇ ناتونۇش كىشىگە قاراپلا ئۆڭگۈسۈلى يوق، دەرۋازىنى يېپىشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇ بوسۇغىدىن تېزلا قەدەمنى ئېلىۋېلىپ قىزغىنلىق بىلەن چاقىردى:

— ئاچا!

— ھە؟ — خەي ھاما بۇ كىشىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

بويى خەي ھامىنىڭكىگە يېتىشۋالايلا دەپ قالغان، ئۇچە-

سىغا قوش تۈگمىلىك قىشلىق چاپان كىيگەن، يۈزى يۇمىلاق، تېرىسى قارامتۇل كەلگەن بىر بالا ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. ئۇ بايا ئىچكىرىدە تۇرۇپ قوپال توۋلىغان بالا شۇ ئىدى، خۇددى بىرەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا ياكى ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغاندەك قېلىن كالپۇكلىرىنى چىڭڭىدە ھىمىرىۋالغانىدى.

— بۇ تېيەنشىڭمۇ؟ — ناتونۇش ئادەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا شۇنداق دەپ، ئېڭىشىپ بالىنىڭ قولىنى تۇتتى، — خەتنى سەن يازغانمۇ؟

— ۋاي خۇدايىم! — خەي ھاما ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى، — تېيەنشىڭ، تېيەنشىڭ، بۇ سېنىڭ داداڭ!

— ھە؟ مېنىڭ دادام! — تېيەنشىڭنىڭ قارامتۇل كۆزلىرىدە دەسلەپ تېڭىرقاش ئالامىتى، ئاندىن بىردىنلا ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى؛ ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى، — دادا. . . ئەمدى مېنىڭمۇ دادام بار بولدى.

خەن زىچېننىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ قالدى. ئۇ چامادىنى قويۇپ ئوغلىنى قۇچاقلاپ كۆتۈردى، يۈزىنى بالىنىڭ قارامتۇل، بۇدۇرۇق مەڭزىگە ياقتى، — ئوغلۇم، ئوغلۇم! ئون يىل بولدى، كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭ!

تېيەنشىڭ دادىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ قورۇنىڭ ئىچىگە پىلتىڭلاپ يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى ۋە ئىككى قولىنى كېرىپ ئاۋازىنى سوزۇپ ۋارقىرىدى:

— ئانا! ئانا! تېز چىقە! دادام قايتىپ كەپتۇ!

خۇشاللىق خەۋىرى بەك تۇيۇقسىز ئېيتىلغاچقا خەن خانىم دەسلەپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن يۈرىكى ئەنسىز سوققىنىچە تۆر ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئايۋاننىڭ ئالدىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق كىشىنى كۆرۈش بىلەن كۆزلىرى نەمدەلدى،

ئالدىدا پەلەمپەي بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرىدى، ئەمما ئىزىدا رۇس تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى.

— چى ئاكا... — خەن خانىم خەن زىچىنى باللىق چاغلىرىدا، يېڭى توي قىلغان ۋاقتىدا ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بويىچە چاقىرغاچ تۇرۇپ يىغلايتتى، تۇرۇپ كۈلەتتى. ئۇ ئون يىلدىن بېرى ئېرى بىلەن ئۇچرىشىپ چۈش كۆرگەن چېغىدىمۇ ئۇنى مۇشۇنداق ئاتاپ كەلگەنىدى.

خەن زىچى ئالدىغا چامداپ خەن خانىمنى يۆلىدى.

— بىئېر، بىئېر... — ئۇ ئايالىنى تۆۋەن ئاۋازدا شۇنداق دەپ چاقىردى. خەن زىچى يىگىرمە يىل بۇرۇن، ھەممە ئىشتا ھەمدەم بولۇپ ئۆتكەن، ئاكا - سىڭىلدەك بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى... ئون يىلدىن بېرى شۇنداق دەپ چاقىرىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ئىسىم خۇددى ئۇنىڭغا ياتتەك بولۇپ قالغانىدى.

— بولدى، ئەمدى ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى خەي ھامما يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — قاراڭلار، ئاران بىر كۆرۈشكەندە نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتكىنىمىزنى!

خەن زىچى ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن تۆر ئۆيگە كىردى. ئېسەنگىرەش ئىچىدە ئۆي ئىچىگە قاراپ چىقتى. ھەممە نەرسە ئۆز پېتى، بۇرۇنقىدەكلا تىزىپ قويۇلغانىدى. بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ نەرسىلەر كونىراپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئولتۇرايلى، تېز ئولتۇرايلى، — خەي ھامما خەن زىچىنىڭ ئالدىغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئەكەلدى، — شۇنچە يىراقتىن كەلدىڭىز، ئولتۇرۇپ دېمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ!

خەن زىچى پەلتوسىنى خەي ھاممىغا بەرگەندىن كېيىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر چەتتە ئۆرە تۇرغان تيەنشىڭنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇ يىغلىپ قالغان گەپلىرىنى نەدىن باشلاشنى

بىلمەيتتى.

— تيەنشىنىڭ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى چىرايى ئېسىمدە...

— راست، ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ. ئۇ بۇ يىل ئون ئىككى ياشقا كىردى. بىزنىڭ جۆرى بىلەن... — خەي ھاما گەپ باشلاپ بولۇپ بىردىنلا سۆزدىن توختىۋالدى.

خەن زىچى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدى، بۇ بىچارە ئايال يەنە ئوغلىنى ئەسلەپ قېلىۋاتاتتى.

— ھەي، ئۇرۇش! مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كېلەلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم...

— يۇئېر سىز بىلەن بىللە كەلمىدىمۇ؟ — ئېرىنىڭ تۇ-يۇقسىز قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەن خەن خانىم سىڭلىسىنىڭ ئۆيدە يوق تۇرغانلىقىنى شۇندىلا ئەسكە ئالدى.

— دادا، كىچىك ئاپام نېمىشقا قايتىپ كەلمىدى؟ — سورىدى تيەنشىڭمۇ، — ئانام، سېنىڭ بىر ياخشى كىچىك ئاپاڭ بار، دېگەن، مەن تېخى ئۇنى ساقلاۋاتاتتىم.

— ئۇ... — خەن زىچى تاتىرىپ كەتتى، ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، يەنە يۇئېرنىڭ ئىشىنى قانداق دېيىشنى بىلەلمىدى.

— ئۇ چەت ئەلدە قالدىمۇ؟ — خەن خانىم ئالدىراپ سورىدى.

ئىشنى يامان تەرەپكە بۇراپ پەرەز قىلغان خەي ھاممۇ ئالدىراپ سورىدى:

— يۇئېر قىزچاققا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياق، ئۇمۇ قايتىپ كەلدى.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۆيگە كەلمىدى؟

— ئۇ نەدە؟ — خەن خانىم يەنە سورىدى.



www.uyghurkitap.com

— شاڭخەيدىن ئۆتىدىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئازراق قىلى-
دىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ شۇ يەردە قېپقالدى، — خەن زىچى
ئۆزىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئىمكانقەدەر تەمكىن كۆرسىتىشكە
تىرىشىپ شۇنداق دېدى. ھازىرچە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دېمەي
ئامال يوق ئىدى، — مەن ئاۋۋال قايتىپ كەلدىم، ئىككى كۈن-
دىن كېيىن ئۇمۇ كېلىدۇ.

— ھە! — خەن خانىمنىڭ تەشۋىشلىك كۆڭلى شۇندىلا
جايىغا چۈشتى، لېكىن يەنە شۇئان ئاچچىقى كېلىپ قالدى، — بۇ
ساراڭ قىزنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇۋېپ تېخى ئوسمىسى قانمىدىمىكى-
نە؟ بوسۇغىغا كەلگەن ئادەم ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كەلمەي شاڭ-
خەيدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قارا، ئۇنىڭ قىلغان قىلىقىنى!

خەي ھاما يەنە ئاچچىق خورسىندى:

— قاراڭلار، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە كەتكەن ئادەمنىڭمۇ
دېرىكى كەلدى، نېمىدەپ بىزنىڭ ئادەم بىلەن ئوغلۇمنىڭ تېخى-
چە سايىسى كۆرۈنمەيدىكىنە؟

— ئاچا، سىز ئالدىراپ كەتمەڭ، — خەن خانىم ئۇنىڭ
ئەمدى ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇنده-
رەپ قالغاندەك سۆزلەپ قويۇشىدىن قورقاتتى، ھەممەيلەن دەر-
قەمتە ئولتۇرغان چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى تېخىمۇ
خالىمايتتى. ئۇ ئاخىر يەنە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، —
كۈتۈپ باقمامدۇق. كەتكەن ئادەم ھامان قايتىپ كېلىدۇ. قا-
راڭ، تيەنشىڭنىڭ دادىسىمۇ قايتىپ كەلدىغۇ. بېرىپ ئۇنىڭغا
بىر پىيالە چاي ئەكېلىپ بېرەمسىز؟

— ھە راست، — خەي ھاما شۇنداق دېگىنىچە ئۆيدىن
چىقىپ كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — ئالدىراڭغۇلۇق
قىلىپ چاي دەملەشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن!

— بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ھېچ ئويلاپ يەتكىلى بولماي-
دىكەن! — خەن زىچى ئېگىكىنى تىرەپ ئولتۇرۇپ ئېغىر ئۇھ

تارتتى، ــ بۇ ئاچىمىزنىمۇ باغلاپ تۇرغان نەرسىمۇ ئاشۇ كىد-
چىككىنە ئۇمىد. بوپتۇ، ساقلىسا ساقلىسۇن. ئۇ ئون يىلدىن
بېرى سىزگە ھەمراھ بولدى، بالىنى باقتى، ئۆيگە قارىدى،
دۇكان ئاچتى. بۇمۇ ئاسان ئەمەس!
ــ بىزنىڭ دۇكىنىمىز. . . ــ خەن خانىمنىڭ چىرايى
ئۆزگىرىپ يۈرىكى لەپپەڭلەپ كەتتى، بايىلا چانىقىدا توختاپ
قالغان كۆز يېشى يەنە سىرغىپ چۈشتى، ــ دادىسى، ھازىر
بىزنىڭ دۇكىنىمىز يوق!
ــ دۇكىنىمىز يوق؟ ــ خەن زىچى تۇرۇپلا قالدى. بۇن-
داق خەۋەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجەللىك زەربە ئىدى، شۇنداقتىمۇ
ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىپادىسىز بىر نەزەردە
خوتۇنىغا قارىدى، ــ بۇنداق بولۇشىنى. . . مەنمۇ ئويلىغان!
ــ سىز قانداق ئويلىغانتىڭىز؟ ــ خەي ھامما ئاغزى يېپىق
پىيالىدە ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئەكېلىپ گەپ قىستۇردى، ــ بۇ ھەقد-
قەتەن چوڭ سورۇقچىلىق بولدى! چىچېنجەي ئىچىنىشلىق ۋەي-
ران بولدى! . . .
خەن خانىم خەي ھامىمغا زەردە بىلەن ئالايدى:
ــ ئەمدى كېلىشىگە بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئارامىنى بۇزمى-
سىڭىزچۇ!
ــ سىلەر دېمىسەڭلارمۇ مەن بۇنى پەملىگەن. بۇ يىللاردا
ھەممە يەر شۇنداق سورۇقچىلىق ئىچىدە قالغان تۇرسا! ــ خەن
زىچى چايىنى قولىغا ئالدى، ئەمما ئىچمىدى، ــ لوندون ئېچىد-
نىشلىق بومباردىمان قىلىندى، خونتېرنىڭ دۇكىنى تاقالدى،
ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئوغلى ئۆلدى. مەن ئۆزۈمنى ھايات
قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئەتىگەندىن كەچكىچە سىلەرنى
خىيال قىلىپ يەر ئاستى ئۆيىدە تۇرۇپ كەتتۇق. گاھىدا چۈ-
شۈمدە ئۆزۈمنى ئۆيگە قايتىپ كۆرەتتىم، ھەمىشە ئادەم ئۆلۈپ
تۇرغان، سىلەر پارتلاش ئىچىدە قالغاندەك. . . غەلىتە چۈشلەر-

نى كۆرەتتىم. مانا سىلەر هايات ئىكەنسىلەر. بۇ ئۆي تېخى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بۇنداق بولارنىي مەن چۈشۈمدىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. مال - مۈلۈك، نەرسە - كېرەك زىيانغا ئۇچرىسا نېمە بوپتۇ، ئادەم ساق قالغاندىكىن بولمىدىمۇ!

— بۇغۇ توغرا، — دېدى خەي هامما، — چەت ئەللەردە بىزنىڭ بۇ يەردىكىدىنمۇ قاتتىقراق ئۇرۇش بولغاندۇ - هە؟ هېلىمۇ ياخشى خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپسىز!

— بۇنداق بولارنىي بالدۇرراق بىلگەن بولسىڭىز ئۇ يەر-لەرگە بېرىپ نېمە قىلاتتىڭىز! — دېدى خەن خانىم ئۆكۈنگەن-دەك، — ئۆزىڭىز بىلەن ئەپكەتكەن نەرسىلەرمۇ تۇگەشمەكەندۇ هەقىچان. سىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەردىمۇ؟

— هەئە، شۇنداق بولدى، — خەن زىچى چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ دېدى، — ئاشۇ نەرسىلەرنى ساقلايمەن دەپ جې-نىمنى سېلىپ بەرگىلى تاس قالدىم. لېكىن ئۇ نەرسىلەر هېلى-هەم بار. نۇرغۇن ئادەملەر تالاشقان، ساتمىدىم. كېيىن جاهان قالايمىقانلىشىپ كەتتى، شۇ چاغدىمۇ تاشلىۋەتمىدىم. مانا ئاخىر ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كەلدىم.

— هە، قايتۇرۇپ كەلدىم دەمسىز؟ — خەن خانىمنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، — ئۇ نەرسىلەرنى نەگە قويدى-ڭىز؟

— تېخى. . . ئەكەلمىدىم، — دېدى خەن زىچى، — يۇ-ئېر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرمۇ كېلىدۇ.

خەن خانىمنىڭ كەيپىياتى بۆلەكچە جانلاندى. ئۇ ئېرىنىڭ ساپلا پۇلغا يارايدىغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلى-كىنى بىلەتتى، بۇ بايلىقلار بولسا كېيىنكى كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشتىن غەم قىلمايتتى.

— هېلىمۇ ياخشى بۇ نەرسىلەرنى ساق - سالامەت قايتۇ-

رۇپ كەپسىز، ئۆزىڭىزنىڭ جېنىمۇ ئامان قاپتۇ. بىز يەنە نېمىدىن قورقاتتۇق، ھەرھالدا يەيدىغان رىسقىمىز بار ئىكەن. بىر مەزگىل دېمىمىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن چىچېنجەينىڭ نامىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۇرۇۋالارمىز.

خەن زىچىنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچتى. ئۇ ئورۇندۇق-نىڭ يۆلەنچۇكىگە ھالسىز يۆلىنىپ ئۇلۇغ كىچىك تىنندى. نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يولنى پاراخوتتا باسقىنى يەتمىگەندەك ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپمۇ يەنە پويىزدا ئولتۇرۇش، تۈگىمەس دەرد ـ ئازاب ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بېسىشقا تېگىشلىك ھايات مۇساپىسى تېخى ئۇزۇن ئىدى. ئالدىدا تولىمۇ قىيىن، ئاچال بىر يول ئۇنى كۇتۇپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ يوللاردا داۋاملىق ماڭغۇدەك ئىقتىدارى، جاسارى-تى بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتى.

— ئاچا، چىقىپ سۇ ئىسسىتىڭ، ئۇ بوگۇن ئوبدان بىر يۇيۇنۇۋالسۇن. ئاندىن بىرلىكتە تاماقنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى. بالدۇرراق يېتىپ دەم ئالايلى. قارىڭە، ئۇ بەك ھېرىپ كېتىپتۇ. تۇمۇردەك ئادەم بولسىمۇ يول ئازابىغا چىدىيالمايدۇ ـ دە! — دېدى خەن خانىم خەي ھامىمغا تاپىلاپ. ئۇ ئاشۇ ئالدىراشلىق ۋە ئاشۇ كۆڭۈل بۆلۈشلىرىدىن ئۆزىگە ئاجايىپ بىر خۇشاللىق تاپاتتى.

— ئەمىسە لەڭمەن يەيلى! — خەي ھاما شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

پۈت ـ قولىدا مادارى قالمىغان خەن زىچىنىڭ بېشى ئورۇن-دۇقنىڭ يۆلەنچۇكىدە قىيسىيىپ قالدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى.

— دادا، دادا، ئۇخلىماڭچۇ! تېخى بالدۇرغۇ! ھەي، سىزنى، — دېدى تيەنشىڭ خەن زىچىنىڭ يەلكىسىنى ئىرغىتىپ تۇرۇپ، — ماڭا چەت ئەلنىڭ گەپلىرىنى دەپ بېرىڭ. كىچىك ئاپام قاچان ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ؟

ئەقلىنى بىلگۈدەك بولغان ۋاقتىتىن تارتىپ ئاتا مۇھەببە-

تىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بۇ سەبىي بالىغا دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى ئاجايىپ بىر يېڭىلىق ئىدى. تېخى بايىلا ئۇيقۇغا كەتكەن خەن زىچى ئوغلىنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى.

خەن زىچى يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن جۇڭگوچە كىيىم ئالماشتۇرۇپ، تاماققا ئولتۇردى. ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلغانىدى.

ھەممەيلەن شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار خەن زىچىدىن توختىماي ئۇنى - بۇنى سورايتتى. لامپا ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. خەن زىچى شۇندىلا ئۆزىنىڭ خونتېرنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىمۇ ئاشۇنداق غۇۋا شام يورۇقىدا ئولتۇرغانلىقىنى، تۈگىمەس پاراڭلىرىنى ئەسلەپ قالدى. لېكىن ھازىر ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئوخشىمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ چۈشىمىكىن؟

— تيەنشىڭ، داداڭغا بۇنداق ئېسىلىۋالما، ئۇ ئەمدى كەتمەيدۇ. كېيىن تېخى پاراڭلىشىدىغان كۈنلەر جىق. بېرىپ چوڭ ئاناڭ بىلەن ئۇخلىغىن. ئەتە ئەتىگەندە قوپۇپ مەكتەپكە بارمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى خەن خانىم ئوغلىنى گوللاپ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خەي ھاممىغىمۇ دېيىلگەن گەپ ئىدى. ئەلۋەتتە ھەممە ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ - دە! — ئۇنىڭ پاراڭلاشقۇدەك ھەپسىلىسى قالماپتۇ. بېرىپ بالدۇرراق ئۇخلىسۇن.

خەي ھاما خەن خانىمنىڭ پىكرىگە دەرھاللا قوشۇلدى.

— تېز بولايلى، تيەنشىڭ، داداڭنىڭ ئۇيقۇسى كەپتۇ.

تيەنشىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇشياقماي شەرقىي ھۇجرىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە خەن زىچىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىگەنىدى، ئۇنى تولىمۇ ئۇزۇن بىر كېچە كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ كېچىنى ئۇ قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

خەن زىچى ھويلىغا چىقتى، سىرت قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئاس-
ماندا ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە دېرى-
زىدىن ئۆي ئىچىدە يېنىپ تۇرغان ماي پەنەرنىڭ غۇۋا يورۇقىلا
كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. پېشايۋان، پېشايۋان ئاستىدىكى تاش
پەلەمپەي، ئاندىن تاش پەلەمپەيدىن دەرۋازىغىچە تۇتۇشۇپ كېتى-
دىغان يول، ياغاچتا قوپۇرۇلغان تام، ئەگىم ئىشىك... بۇ
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خەن زىچىگە شۇنچىلىك تونۇش، ھەرقاى-
چە قاراڭغۇ بولسىمۇ ئۇ بۇ نەرسىلەرنى بەش قولدەك تونۇيالايدۇ.
خەن زىچى ئايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. مانا، ئۇ
مەھرۇم قالمەنغۇ دەپ ئويلىغان نەرسىلىرى ساق ـ سالامەت
تۇرۇپتۇ، پەقەتلا ئۇنىڭ ئورنىدا نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.
ۋاقىتنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدىكەن، ئۇ ئادەمدە يۈرەك يارىسى
قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. خەن زىچى ئۈچۈن يىللار لوندوندا،
بېيپىڭدا نۇرغۇن قەلب جاراھەتلىرىنى قالدۇردى. بېيپىڭ لون-
دونغا ئوخشاش بومباردىمانغا ئۇچرىمىغاچقا، «بىلىمدان» قەس-
رى ھازىرغىچە ساق قالغانىدى. خەن زىچى بۇ ھالنى كۆرۈپ
ھەر ھالدا خۇش بولدى. لېكىن ئۇنىڭ يوقاتقان نەرسىلىرى بار
ئىدى. زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

خەن زىچى تۆر ئۆيگە قايتىپ كەلدى. خەن خانىم شەرقىي
ھۇجرىدا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. خەن زىچى ئۇنىڭغا
دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن غەربىي ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.
ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى، ئۆي ئىچىدىن بىر خىل زەي ھىدى
كېلەتتى. خەن زىچى مېھمانخانىدىن لامپىنى ئاچىقىپ، ئايرىل-
غىنىغا ئون يىل بولغان كۇتۇپخانىسىغا كىردى.

كىتاب ئۈستىلىمۇ، جوزا ـ ئورۇندۇقلارمۇ، كىتاب جاۋى-
نىمۇ... ھەممىسى ئۆز پېتى ئىدى. بىرلا يېرى، كىتابلىرىنى
قېلىن توپا باسقانىدى. خەن زىچى لامپىنى ئۈستەلگە قويۇپ،
خۇددى قوپالمايدىغاندەك ياغاچ ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ

قالدى، پۈتى نېمىدۇر بىر نەرسىگە ئۆرۈلدى. ئۇ ئېگىشىپ يەرگە قارىدى، ئاۋۋال كۆزىگە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى قارا بىر تاختاي كۆرۈندى. بۇ نېمىدۇ؟ ئۇ لامپىنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. قارىدىيۇ، قولىدىكى لامپىنى تاشلىۋەتكىلى تاس قال-دى. ئۇ قارا سىردا سىرلانغان ۋىۋىسكا بولۇپ، چىراغ يورۇقىدا «چىچېنجەي» دېگەن خەتلەر سۇس پارقىراپ تۇراتتى. خەن زىچى لامپىنى قويۇپ يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئاشۇ قېلىن ياغاچلارنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئۈستىدىكى توپىلارنى سۈرتتى، قوللىرى تىترەپ كەتتى، كۆز ياشلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەتلەرنىڭ ئۈستىگە تامچىلاشقا باشلىدى. ئېھتىمال، چىچېنجەيدىن ھېچقانداق نام - نىشان قالمىغان بولسا ئۇنىڭغا بۇنداق قاتتىق تەسىر قىلمىغان بولاتتى. ئۆزى مىڭ بىر مۇشەق-قەتتە تىكلىگەن ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يالدامىسى بولغان بۇ ياغاچ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى: تۇغمىدى، يېرىم ئۆمۈر سىڭدۈرگەن قان - تەرى بىكارغا كەتتى. لېكىن، زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

خەن خانىم نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ خۇداغا سېغىنىشلىرى-نى، دۇئالىرىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن بىردىنلا يەڭگىللەپ قال-غاندەك بولۇپ قالدى، ئېرى بىلەن قايتا ئۇچراشقانلىقتىن پەيدا بولغان سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىق ئىچىدە غەربىي ھۇجرىغا كىردى:

— دادىسى، نېمە بالدۇر ياتماي بىر نەرسىلەرنى ئاختۇ-رۇشقا چۈشتىڭىز؟ ئۆي دېگەن سىزنىڭغۇ. كۆتۈپخانىڭىزنى قانداق سەرەمجانلاشتۇرىمىز، ئۆزىڭىز دەڭ، ئەتە ئاچام سىزگە. . .

خەن خانىمنىڭ خۇشال كەيپىياتى بىردىنلا توزغاقتەك غا-يىب بولۇپ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، قوللىرى ئىشىكنى تۇتۇ-ۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. خەن زىچى يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋې-لىپ چىچېنجەينىڭ ۋىۋىسكىسىنى جىمىدە سىلاپ ئولتۇراتتى.

— دادىسى، مەن تېخى سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپتىمەن،

www.uyghurkitap.com

كىم بىلسۇن سىز. . .

— دېگىنە، دۇكان زادى قاندان ۋەيران بولدى؟ — خەن زىچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا قارىدى. شىرە ئۈستىدىكى لامپىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى بەكلا قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى.

— دادىسى، گېپىمنى ئاڭلاڭ، — خەن خانىم تۇرۇپلا قالدى، بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئېرىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا بېسىلىپ ياتقان ھەسرەتلىرىنى قوزغاپ قويغانىدى، ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايتتى.

— مەن گۇناھكار! سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن! چى ئاكا، مەن ئېزىپتىمەن! . . .

خەن خانىم ئېرىنىڭ يەلكىسىگە ھالسىزغىنە يۆلەندى. ئاشۇ كۆڭۈلسىز چاغلار خىيال ئېكرانىدا ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى:

. . .

خەن خانىم يېشىل ياقۇت قويۇلغان ھېلىقى ئۈچ ئۈزۈك يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىقىغا پايلىماي لاۋخۇنى ھەيدىۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلارمۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي پەش قېقىپ كېتىپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن چىچېنجەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

خەن خانىمنىڭ شۇ ئاچچىقىدا تاماققىمۇ كۆڭلى تارتمىدى، خەي ھامما جىلىچىلىكتە بوغۇلۇپ قالايلا دېدى.

— بۇ ئىش تازىمۇ قاملاشمىدى! — دېدى خەي ھامما، — بىرمۇ ئادەم قالمىدى، دۇكاننى قانداق چۆرگىلىتەرمىز؟

— نېمە بولاتتى! مەن ئۇلارنىڭ ئاستىغا مىس قازاندا ئوت ياققىنىم يوق، ئۆزى خالاپ كەتتى. مەن پېشىغا ئېسىلىۋالامتىم؟ — دېدى خەن خانىم ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈش-

مەي. بىر ھېسابتا خەن خانىم ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەيدىغان بۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ مۇشۇ باھانىدا قۇيرۇقنى خادا قىلغىنىغا، ئۇلارغا بەرمىسە بولمايدىغان چىقىمنىڭ تېجىلىپ قالغىنىغا خۇش ئىدى، ــ پۇل بولسىلا مەدىكار دېگەن ساماندەك. ئۇ بىر نېمىلەردىن ياخشىراق ھېسابچى، ئىشلەمچىلەرنى تاپالماي قالاتتۇقمۇ؟ ئادەم ئىشلىتىمىز دەپ ھايتلا دەپ قويىدىغان بولسام، ئىشلەيمىز دەپ كۇدە ـ كۆرپىسىنى يۇدۇپلا كېلىۋالمىسا مانا مەن. بۇنداق ئوبدان يەرگە كىم كېلىشنى خالىمايتتى؟

خەن خانىم بەك چوڭ گەپ قىلىپ قويغانىدى. نىھايەت، ئۇ ئۆينى خەي ھامىغا تاپشۇرۇپ كۇندە دۇكاندىن چىقماي ئولتۇرغان، «ئادەم ئىشلىتىمىز» دەپ ئىشىك ئالدىغا ئېلان چاپلىغان بولسىمۇ، ئالدىغا بىرمۇ ئادەم كەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئىلاجسىز ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئالدىغا باردى. خەن زىچىنى كۆرسە گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ قىلمىغانلىرى قالمايدىغان خېلى جىق كىشىلەر ئۆزىنى كۆرسىتىۋالدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەلەم قىلدى:

ــ خەن خانىم، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلمىغانلىقىمىز ئەمەس، بۇ ئىشقا مەن راستىنلا جۇرئەت قىلالمايمەن. ھازىر قاشتېشى تىجارىتى سۇسلاپ كەتتى. قارىماسىز، پۇ خوجايىنىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئانچە ـ مۇنچە سودىسى بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چۆلدەرەپ قالدى. مال ئالىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماتېرىيال مەنبەسى كەمچىل. خېلى جىق دۇكانلار قاق سەنەم بولۇپ قالدى. بېيىپكەدىكى نەچچە مىڭ قاشتېشى ئۇستىلىرىدىن ھازىر قالغىنى يۈزگە ئاران يېتىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، مەن سىز بۇيرۇغان ئىشنى قانداق قىلالايمەن؟ بۇ گەپلەرنى ياخشى كۆڭلۈم بىلەن دەۋاتىمەن، سىزنىڭ سودىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ قويماي دەي-

مەن. خەن ئەپەندى كەلسە ئالدىغا يۈزۈم يورۇق چىقمىسام بولماس.

بۇ تېخى ئانچە ئېغىر گەپ ئەمەس ئىدى:

— خەن خانىم، ئەمدى ماڭا كۆزىڭىز چۈشۈپتۇ ـ دە؟ بۇ ئۆمرۈمدە مەن ھەر قانچە قىلساممۇ لاۋخۇ بىلەن تەڭلىشەلمەيمەن. دۇكىنىڭلاردا لاۋخۇمۇ سىغمىغان يەردە مەن ئەلۋەتتە سىغمايمەن ـ دە! باشقا يەردىن ئادەم تاپارسىز!

تېخى بۇنىڭدىنمۇ سېسىق گەپ بار ئىدى:

خەن خانىم! ئاچچىقلانسىڭىزمۇ مەيلى، لاۋخۇ سىزگە شۇنچە ئوبدان ئىشلەپ بەرسە، «ئوغرى» دەپ قارا چاپلاپ يۈزسىزلىك قىلدىڭىز، ھەيدىۋەتتىڭىز. مەن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلالمايمەن.

ئىشلەيدىغانغا بىرمۇ ئادەم چىقمىغاندىن كېيىن خەن خانىم ئامالسىز خەي ھامما بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ئۆتتى:

— بولمىسا ھازىرچە ئىككىمىز بولساقمۇبىر ئىش قىلىپ تۇرمامدۇق؟

— ھەي، مەن بۇنداق ئىشقا خام، يا بۇ ئاشخانا ئاچقاندەك ئوڭاي ئىش بولمىسا! — دېدى خەي ھامما، — سىزمۇ مۇشۇنداق كەسىپي ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسىڭىزمۇ، قاشتېشىنىڭ تەننەرخى، باھاسى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز. يەنە كېلىپ ھەر ئىككىمىز ساۋاتسىز، ھېساب ئىشىنى ھەرگىز قىلالمايمىز. ئايال كىشى بولغان ئادەم دۇكان بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرسىمۇ قاملاشمايدۇ. ياپونلار كوچىغا چىقىپ قالغان ئاياللارنى كۆرسىلا «سەتــەڭ قىز» دەپ كەينىگە كىرىۋالارمىش! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق...

— ئەمىسە... ئاۋۋال دۇكاننى تاقاپ تۇرايلى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئامالى تېپىلىپ قالار. دەسمايە بولغاندىكىن قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. قاشتاش ساھەسىدە: «ئۈچ يىل

ئىرىم قىلمىساڭمۇ ھېچ گەپ يوق، بىر قېتىم ئىرىم قىلساڭ ئۈچ يىل ئۆلتۈرۈپ يېيىشىڭگە يېتىدۇ!» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— بولمايدۇ. بۇ تازا ياخشى ئامال ئەمەس. دۇكان يول بويىدا، يەنە كېلىپ ئۆيىمىزدىنمۇ خېلى يىراق. شۇنچە قىممەت نەرسىلەر تۇرسا خەقنىڭ كۆزى چۈشمەي قالامدۇ؟ بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ھەممە يەرنى ئەسكەرلەر بىلەن ئوغرى - قاراقچىلار قاپلاپ كەتتى، ئۇنداق قىلساق ئوغرىغا ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بېرىمىز!

— ئوغۇ راست، لېكىن قانداقمۇ قىلارمىز؟ ئۆيدە تۇرۇپ بېرىدىغان بىرەر ئەر كىشى بولمىسا.

ھەرقانداق ئىشنىڭ تەسلىكىنى باشقا كەلگەندىلا بىلگىلى بولىدۇ. خەن خانىم يېنىدا ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خەن زىچى بولمىغاندىن كېيىنلا تىجارەت قىلىشنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ ئون يىللىق ئىگىلىك تىكلەش يولىدا قانچىلىك جىق مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۆينىڭ «خىراجىتىنى قامداش»قا تۇشلۇقمۇ بىڭسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ مەدىكار بولۇپ ئىشلىگىلى ئەمەس، چىچېنجەينى سېتىۋالغىلى كەلگەنىدى. ھەرقانچە ئەھۋال بولغان تەقدىردىمۇ چىچېنجەينى سېتىۋېتىشكە بولمايتتى. چىچېنجەي لياڭ جەمەتىنىڭ ئاتا كەسىپ دۇكىنى، خەن ئائىلىسىنىڭ ھاياتى ئىدى. دۇكاننىڭ سېتىلىشى «لياڭ ئائىلىسىنىڭ قاشتېشى»، «خەن ئائىلىسىنىڭ قاشتېشى» دېگەن ناملارنىڭ يوقالغىنىدىن دېرەك بېرەتتى، باشقىلار ئۇلارنى «تۈگەشتى، ۋەيران بولدى» دەپ چۈشىنەتتى.

— خەن خانىم، بۇنداق دېسىڭىز قاملاشمايدۇ. تۇرمۇش دېگەندە ئادەم قانچە ماڭغانسېرى شۇنچە كەڭ يول ئېچىلىدۇ.

ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھا-
يات مۇساپىسىنى بىر قەدەم بىر قەدەمدىن بېسىپ تۈگىتىدىغان
گەپ. ھازىر جاھان قالايمىقان، خەن ئەپەندىمۇ ئۆيدە يوق.
قولدىكى نەرسىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالغاندىن كۆرە چىقىرىۋەتكەن
مۇۋاپىق. نەرسىلىرىڭىزگە كۆز قىزارتىۋاتقىنىم يوق. شۇ تاپتا
ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرىنىمۇ قولدىن چىقىرىدىغان يەر تاپالمايۋاتى-
مەن. قارىسام، دۇكىنىڭىز بازارنىڭ كۆزىكەن. قولۇمغا ئالسام
بېسىلىپ قالغان نەرسىلىرىمنى ئوڭايراق قولدىن چىقىرالايمەن-
مىكىن دەۋاتىمەن. خەقلەر: «بىر كەسىپتىكىلەر بىر - بىرىگە
كۈشەندە» دېيىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، مەن سىزنىڭ قىيىنچى-
لىقتا قالغانلىقىڭىزنى كۆرگەچكىلا ياردەم بېرىش ئويىغا كەل-
دىم. سىزنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمەن. قانداق باھا چىقار-
سىڭىز مەن رازى. بولمىسا، خەن ئەپەندى كەلگەندە نامەرد
دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ قالىمەن. ئەينى چاغلاردا سودام قىيىن
ئەھۋالدا قالغان بولسا، مەنمۇ خەن ئەپەندىدىن ياردەم سورىغان
بولاتتىم. خەن خانىم، بۇ تەكلىپىمنى ئويلىشىپ بېقىڭ، مۇۋا-
پىق كۆرسىڭىز شۇ پېتى قىلارمىز، مۇۋاپىق كۆرمىسىڭىز بۇ
ئىش مۇشۇ يەردە قالار! . . .

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئادەم ئۇلارنىڭكىگە خېلى جىق
قاترىدى، يەنە چاي، قەنت - گېزەك دېگەندەك نەرسىلەرنى،
تيەنشىڭغا يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كەلدى. خەن خانىم ئۇ ئادەمگە
بىرىنچى قېتىم پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى، ئىككىنچى قېتىم
تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى، ئۈچىنچى قېتىم گەپ قىل-
ماي تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ، ئەمدى چىچېنجەينى ساتماقتىن
باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئۇ ئاخىر يۈز - خاتىرە تۈپەيلى ئە-
مەس، قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ جىق
ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ چىچېنجەينى سې-
تىۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئەگەر بىرەرى كىرىپ دۇكىنىنى

بولسا ئۇ كىمگە ئەرز قىلىدۇ؟ ياپونلارنى ئىزدىسۇنمۇ؟ ئۇنداق قىلسا ئۆزىگە ئۆزى بالا تېپىۋالامدۇ؟

ئىلاجسىزلىقتا قالغان خەن خانىم ئەڭ ئاخىرى ئۆزى خىيا-لىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان يولغا ماڭدى يەنى چىچېنجەيىنى ئىچىد-ىكى مال، پۇكەي، جوزا - ئورۇندۇق، جاۋەن، يەر خېتى بىلەن قوشۇپ بىراقلا سېتىۋەتتى، ئۆزى پەقەت بىر قىسىم قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنىلا ئېلىپ قالدى. ئىمزايىنى قويۇپ بارمىقىنى باسقاندىن كېيىن پۇلنى ئالدى. ئەمما، چىچېنجەي-نىڭ ۋىۋىسكىسىنى قولىغا ئالغان چاغدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى.

تېخى بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، تېخىمۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان ئىش ئارقىدا يۈز بەردى. ئۇ چىچېنجەيىنى سېتىۋېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن دۇكاننىڭ ۋىۋىسكىسىدا پۇشۇچاڭنىڭ ئىگى-لىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «خۇييۈەنجەي» دېگەن خەت پەيدا بولدى. ئەسلىدە ئارىغا چۈشكەن ھېلىقى خېرىدار ئاددىي بىر ۋاستىچىلا بولۇپ، قارا تۇرك خەن خانىم چىچېنجەيىنى ئۆز قولى بىلەن، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن «زەھەرلىك يىلان»، ئېرى خەن زىچى رەسۋايىنى چىقارغان پۇشۇچاڭغا سېتىۋەتكەنىدى. پۇشۇچاڭمۇ خەن زىچىنىڭ ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىش، ئابروي - ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرۇش مەقسىتىدە چىچېنجەيىنى خەن خانىم-نىڭ ئاغزىدىن چىققان باھاغا سېتىۋالغانىدى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن «قاشتېشى پادىشاھى» لىق ئورۇن يالغۇز ئۇنىڭغىلا مەن-سۇپ بولاتتى. ئۇ غەلىبە قىلغانىدى.

. . .

خەن زىچى بۇ ئەجەللىك زەربىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىد-لى تاس قالدى. ئون يىلدىن بېرى چۈشىدىن چىقمىغان، ئۇنى ئوتتەك تەلپۈندۈرگەن چىچېنجەي مۇشۇنداق خارابلاشسا - ھە؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بومباردىماندا ئۆرۈلۈپلا چۈشكەن بولسا ياخشى

ئەمەسمىدى؟ شۇنداق بولسا، ئۇ يىغلاپ ـ قاقشاپ توختاپ قال-
غان بولاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ مەڭگۈ يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولمايدى-
غان ئار ـ نومۇس ئىچىدە قالدى. ۋەيران بولۇشىنىڭ ئۆزى ئانچە
قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، ئۇ رىيازەت، غۇربەتچىلىكنىڭ دەر-
دىنى يەتكۈچە تارتقان، ئائىلە ئىگىلىكىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە
قۇرۇپ چىققان، ھەممە نىمىسىدىن قۇرۇق قالغان چاغدىمۇ
مەيۇسلىنىپ كەتمىگەن، ئۆزى ھايات بولسىلا ھامان ياخشى
كۈنگە ئۇلىشالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلگەنىدى. ئۇرۇش ئوت-
لىرى ئۆچكەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن چاغدىمۇ ئەڭ
زور كۆڭۈلسىز ئىشقىمۇ كاللىسىدا تەييارلىق قىلىپ قويغان-
دى. لېكىن، بۇنداق بولارىنى پەقەت كۈتمىگەنىدى. ئەمدى
قارىسا، چىجېنجەي تولىمۇ ئېچىنىشلىق ۋەيران بوپتۇ، ئۇ ناھا-
يىتى جىق نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپتۇ، مال ـ مۈلۈك-
تىنىمۇ قىممەتلىك بولغان ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنى، ئورنىنى بى-
راقلا يوقىتىپتۇ. بېيپىڭدا ئوننىڭ بىرى سانىلىدىغان چىجېن-
جەي بىراقلا تۈگىشىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبىنىڭ قولىغا
ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يەنە كېلىپ، ئىشلەمچىلەر كوللېكتىپ ئىس-
تېپا بېرىپتۇ. بۇ سودا ساھەسىدە تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان،
چىجېنجەينىڭ يۈزىگە قارا سۈركەيدىغان ئىش ئەمەسمۇ. ئەمدى
خورلۇق ياشلىرى تامچىلىغان بۇ ۋۇۋىسكىنى ئېسىش ئاسمانغا
چىقىشتىنمۇ تەس!

— سەن مېنى... مۇشۇ ۋەيرانچىلىققا چاقىرتقانمىدىڭ؟ —
دېدى خەن زىچى پىچىرلاپ. ئۇنىڭ بۇ گېپى زارلىنىشقىمۇ،
ئۆچمەنلىككىمۇ، قايغۇغىمۇ ئوخشىمايتتى، — ئەمدى مەن خەق-
نىڭ يۈزىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ كەسىپداشلىرىم-
نىڭ، دوستلىرىمنىڭ، خېرىدارلارنىڭ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ
يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ بولدى، ھەممىسىدىن يىراق تۇراي،
ئەمدى بېيپىڭدا خەن زىچى ئىسىملىك ئادەم يوق. ئۇنىڭدىن

كۆرە خەقنىڭ يۇرتىدا ئۆلۈپلا تۈگەشسەمچۇ! ھەي-ي! بۇنداق
بولارنى بىلگەن بولسام كېلىپ نېمە قىلاتتىم؟
— دادىسى. . . بىلىمەن، كۆڭلىڭىز بۇزۇلۇۋاتىدۇ. مې-
نى ئۇرۇڭ، تىللاڭ. لېكىن بۇنداق قېيداپ تۇرۇۋالماڭ! —
خەن خانىم ئېرىنىڭ ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك تۇرۇپلا قالغىنى-
نى كۆرۈپ ئىچى ئۇۋۇلۇپ كەتتى. بۇ ھال ئۇنى تاياق يېگەندىن-
مۇ بەك ئازابلىدى، — ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى.
مەن ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلدىم، ئىشلەتكەن ئادەملىرىڭىزنى
كەتكۈزۈۋەتتىم. سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، مەرھۇم ئاتا - بوۋ-
لىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمەن. تۈنۈگۈن تاڭ سەھەرگە يېقىن بىر
چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە دادام قايتىپ كەپتۇدەك، ماڭا: «بىد-
ئېر، بىئېر، سەن ئۇنى كۈتۈۋاتىسەن. زىچى ئوبدان بالا،
ئۆيىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام مەن خاتىرجەم بولىمەن!» دېگۈدەك.
مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ: «دادا، ئەمدى بىزنىڭ
دۈكىنىمىز قالمىدى، مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالمايمەن!»
دەپ يىغلاپتىمەن. دادام كاچىتىمغا بىرنى ساپتۇ. . . شۇنىڭ
بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. يىغلا - يىغلا، بارغانسېرى ئىچىمگە
تەشۋىش كىرىۋالدى. سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن
كۈتتۈمىيۇ، يەنە «ئالدىغا قانداق چىقارمەن» دەپ ئەنسىرىدىم.
سىزگە قارىغۇدەك يۈزۈم يوق، چى ئاكا!

خەن زىچىنىڭ پۈچۈلانغان يۈرىكى يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان
كۆز ياشلىرى بىلەن تەڭ ئۆرتىنىپ كەتتى، ئۇنى ئازاب ئىچىدە
ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ چىچېنجەينىڭ بىرىنچى قېتىم ۋەيران
بولغان ۋاقتىنى، ئۇستازى لياڭ يىچىڭنى ئەسكە ئالدى. ئۇ
بۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايتتى. لياڭ يىچىڭ خەن زىچى بۇ
ئۆيگە رەسمىي كۈيئوغۇل بولۇپ كىرمىگەن، ئۇنى «ئۇستام»
دەپ يۈرگەن چاغدا ئۇ ئالەمگە كەتكەنىدى. ئەمدى ئايالىنىڭ
«دادىمىز» دېيىشى خەن زىچىنى ئەسلىمە ئىچىگە غەرق قىلدى.

ئۆز دادىسى هايات بولسىمۇ خەن زىچىگە شۇنچىلىك قىلار ئىدى. ئۇستازى بېشىغا چۈشكەن تۇيۇقسىز ئۆلۈم تۈپەيلى قىزلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئارىدىكى يېقىن مۇناسىۋەت خەن زىچى بىلەن بىئېرنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىغانىدى. «چى ئاكا، مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ!» ئايالىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېيتقان ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ چىچېنجەي-نى قايتا گۈللەندۈرۈشكە ئاساس بولغانىدى. چىچېنجەي لياڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرسا ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئەيىبلەشكە نېمە ھەددى بار؟ بىئېردەك قەيسەر ئايالغا ئۆيلەنمىگەن بولسا كېيىنكى كۈن-لىرى بولامتى؟

— سەندىن ئاغرىنمايمەن، بىئېر، — دېدى خەن زىچى ئايالىنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھەممىنى ئۆزۈمنىڭ ناباپلىقىمدىن كۆرىمەن. ئېغىر يۈكنى يەلكەمدە تۇتۇپ تۇرالمىدىم، ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە سىزنى يالغۇز قويۇپ قېچىپ كەتتىم...

— ياق، چى ئاكا، — ئېرىنىڭ ئەپۇ قىلىشى ئۇنىڭغا چوڭ تەسەللى بولدى. ئېرى بىلەن ئائىلىسىدىن باشقا غېمى بولمىغان، مۇستەقىل كەسپى يوق، ئوقۇمىغان ئايالغا شۇنچىلىك گەپنىڭ ئۆزىمۇ خېلى يېتەرلىك ئىدى، — ئاران تەسلىكتە كەلگىنىڭىزدە بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىڭىز قانداق بولىدۇ. بۇنداق دېسىڭىز مەن خىجىل بولۇپ قالىمەن. «ئەر كىشىنىڭ يۈركى تاشتىن قاتتىق بولىدۇ» دېيىشىدىكەن. لېكىن، سىز ھېلىھەم بۇرۇنقىدەكلا كۆڭلى يۇمشاق ئادەم. چى ئاكا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بولغۇلۇق بولغانىدىكىن مىڭ باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرايلى. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەيدۇ ئەمەسمۇ. ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش. يەنە كېلىپ ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىڭىزنىمۇ ئامان ـ ئېسەن

قايتۇرۇپ كەپسىز. مېنىڭ يېنىمدىمۇ ئازراق بىر نەرسە بار. بىز تېخى ئاچ قالغۇدەك ئەھۋالغا قالمىدۇققۇ.

ئاياللارنىڭ چىرايى ئىيۇلنىڭ ئاسمىنىغا ئوخشايدۇ. ھېلى قاپقارا بۇلۇتلار پەيدا بولسا، ھېلى شارىلداپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدۇ، شامال چىققان ھامان ئېچىلىپ كېتىدۇ. تىل - ھاقارەت ئاڭلاشقا ئىدىيىسىدە تەييارلىق قىلىپ قويغان خەن خانىم ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئېرىدىن تەسەللىگە ئېرىشتى، يەنە تېخى ئېرى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەندەك، خەن زىچىنىڭ بۇ ئىللىق گەپلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەم بۇلۇتلىرىنى نەگىدۇر سۈرۈۋەتتى. مۇشۇنداق ئەرنى قەدىرلىسە، ئەزىزلىسە، ئەلۋەتتە، ئەرزىيدۇ. ئەمدى ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئېرىمۇ قايتىپ كەلدى، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايدۇ، كۈنلىرىنى ئوبدان ئۆتكۈزىدۇ.

— بولدى، بۇنداق غەمگە پېتىپ كەتمەڭ. ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ! — ئۇ چىرايىغا ئىللىق تەبەسسۇم يۈگۈرۈتۈپ، ئېرىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى ۋە كىتاب جازىسىنىڭ قېشىدىكى لامپىنى قولىغا ئالدى، — چىقىپ ئۇخلايلى، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپتۇ. كېلە - كەلمەيلا تۈنەيدىغان ئىشنى قىلمايلى، يەنە بۈگۈن كېچە ئوبدانراق ئۇخلاپ ئەتە ۋاقچىرەك تۇرۇڭ، مەن ئاچامغا ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ كالا گۆشى سېتىۋېلىشنى بۇيرۇدۇم، جۇۋاۋا پىشقاندىن كېيىن سىزنى چاقىرىمىز!

خەن زىچى ئايالى تۇتۇپ ماڭغان لامپىنىڭ يورۇقىدا مەڭدەپ قالغان ئادەمدەك ھۇجرىسىغا قاراپ جىممىدە ماڭدى.

ھۇجرىنىڭ ئىچى يەنە ئون يىل ئاۋۋالقىدەكلا ئىدى، كىيىم ئىشكاپى، تىكلىمە ئەينەك، كارىۋات، پول ئىشكاپى، چاي ئۈستىلى ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار ئۆز پېتى تۇراتتى، خەن زىچىنىڭ بۇ تونۇش نەرسىلەردىن ئايرىلغىنىغا ئون يىل بولغاندى.

www.uyghurkitap.com

خەن خانىم لامپىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا قويۇپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، كارىۋاتنىڭ كىرلىكىنى پاكىز سۇپۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تېخى بايىلا كىرلىكىنى پاكىز تازىلىغان ۋە ئىككى يوتقان، بىر جۈپ ماموق ياستۇقنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا رەتلىك تىزىپ قويغانىدى.

— تېز ياتايلى، يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىگە يەتمەيدۇ. سىرتتا كىم سىزگە ئورۇن سېلىپ بېرەتتى؟ — خەن خانىم سۇپۇرگىنى تاشلىۋېتىپلا ئايىغىنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقتى ۋە ئورۇن - كۆرپىنى رەتلىك سالدى. ئاندىن خەن زىچىگە بۇرۇلۇپ دېدى، — يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ ئۇيقۇڭىز كەلمىدىمۇ؟

— ئۇيقۇم كەلمىدى، سەن ئۇخلاۋەرگىن، — دېدى خەن زىچى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئىلەڭ - سىلەڭ بىر ھالەتتە تۇراتتى. لامپىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا يورۇپ تۇرغان ھۇجرا ئىچىدىن يېڭى توي قىلغان ئەر خوتۇنلارنىڭ ھۇجرىسىدەك ئىللىق بىر ھىد كېلەتتى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە: «ئەر - خوتۇنلار ئۇچۇن قىسقا مۇددەتلىك ئايرىلىشتىن كېيىنكى ئۇچرىشىش يېڭى توي قىلغان بىلەن باراۋەر» دېيىلىدۇ. ئون يىل ئايرىلغانلارغا ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە! جاھان كېزىپ كەلگەن ئادەمگە يەنىلا ئۆزىنىڭ ماكانى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان گەپ. لېكىن، خەن زىچىگە ئۇنداق بولمىدى. ئۇ مېھرىبان ئايالىنىڭ ئالدىدا خۇددى ئالدىنى قانداقتۇر بىر شەكىلسىز تام توساپ تۇرغاندەك ئەندىشە ئىچىدە قالدى، — سەن ئۇخلاۋەرگىن مەن. . . بىردەم ئولتۇراي.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — ئېرىنىڭ گېپى خەن خانىمغا قىزىق تۇيۇلدى، — سىرتتا گەمىلەردە تولا يېتىپ، بۇ يەر كۆزىڭىزگە يات كۆرۈنىۋاتامدۇ يا؟

— ياق، مەن. . . ئىشقىلىپ بۈگۈن ئۇخلىيالمايمەن، — خەن زىچى ئورۇندۇقتا ھالسىزغىنە ئولتۇرۇپ قالدى، — . . . ئۇخلىيالمايمەن، يەنىلا مۇشۇ يەردە ئولتۇرغىنىم تۈزۈك. . .

— سىز. . . سىزگە نېمە بولدى؟ — خەن خانىمنىڭ چىرايىدىن كۆلكە ئۆچتى، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسى-ياتنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىپ بارغان شەكىلسىز بىر توساقنىڭ بارلىقىنى خىيالەن ھىس قىلدى. ئادەتتە ئاياللار ئېرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، خەن زىچىنىڭ چىرايىدى-كى بۇ غەلىتە ئىپادە ۋە قىلىۋاتقان تاقىتا - تۇقىتا سۆزلىرى خەن خانىمنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتتى. قانداقتۇر بىر خىل سو-غۇق، ئۆۋالچىلىقتا ئۇچرىغاندەك ھېسسىيات ئىختىيارسىز ئۇ-نىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى، — نېمە بولدى؟ ۋاي غوجام دەپ ئالدىڭىزغا كۈلۈپ چىقسام، مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسىز؟ ئون يىلدىن بېرى سىزنى قانداق كۈتكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىش قىپتىمەنمۇ يا؟ سىرتتا بىرەرى گەپ تارقاتتىمۇ؟ قوشنىلاردىن سوراپ بېقىڭ، خەن زىچىنىڭ ئايالى قانداقراق ئايال، بۇنى ھەممە بىلىدۇ. خەقنىڭ كۆزى بار، خۇدانىڭمۇ كۆزى بار!

خەن خانىمنىڭ ياشلىرى مەڭزىگە يامغۇردەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. قوش ئۆزىنىڭ پېيىنى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدايدۇ. پەزىلەتلىك ئاياللار ئۇچۇن ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ھاياتتىنمۇ ئەۋزەل. ئېرىنىڭ قايتىپ كېلە - كەلمەيلا ئۆز ئايالى بىلەن بىللە يېتىشنى رەت قىلىشى خەن خانىمنى ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغاندەك ئېغىر ئازابقا دۇچار قىلدى. لې-كىن، ئۇ پاك تۇرسا، نېمىدەپ يوقىلاڭ بەتنامنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك:

— زادى دەڭچۇ، مەن بىرەر ئىش قىپتىمەنمۇ؟

— مەن. . . تېخى ھېچنېمە دېمىدىمغۇ، — خەن زىچى ئايالىنىڭ نەزەرىدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ كەينىگە بۇرۇلدى - ۋالدى، — بىلمەن، سەن ئۆزۈڭگە چىڭ. . .

— ئەمىسە نېمىشقا قاپىقىڭىزنى ساڭگىلىتىپ شەھەر ئا-

www.uyghurkitap.com

لالمىغان ئادەمدەك ئولتۇرىسىز؟ ماڭا ھەيۋە قىلغىنىڭىزمۇ بۇ؟
بۇگۈنكى كۈندە بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىش ساراڭنىڭ ئىشىغۇ؟ ــ
خۇيى تۇتۇپ قالغان خەن خانىم ھاسىراپ ـ ھۆمىدىگىنىچە
كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بارمىقىنى ئېرى-
نىڭ چېكىسىگە جۆنەپ تۇرۇپ دېدى، ــ گەپ قىلىڭە!

خەن زىچى ئۈندىمەي ئولتۇردى. بۇ ئۇنىڭ دېگۈدەك گەپ تاپالمىغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى، دەي دېسە كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپ بار ئىدى، لېكىن، ئۇ بۇ گەپلىرىنى دېيەلمەيتتى، ئۆيگە قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى ئۇ بۇ گەپلەرنى قانچە قېتىملاپ دەڭسەپ كۆرگەن، ماقالە يازغاندەك تالاي قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن، ئەمما قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى زادىلا بىلەلمى- گەنىدى، دېمەي دېسە تېخى بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ھامان مۇشۇ ئۆيدە ياشايدۇ ـ دە! دەي دېسە يۈزى ئۇيۇلاتتى. ئۆيگە كىرگەن- دىن بېرى بىرقانچە قېتىم شۇ گەپنى دېيىشكە ئېغىز ئۆمەللىدى- يۇ، گەپنى يەنە ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چىچىلى- جەينىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەت- مەسلىكى، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرىدىغان ئاشۇ ۋۇيۇسكىنى كۆرگەندە ئانچە ـ مۇنچە يىغلاپ قويۇپلا بولدى قىلىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بىر غەم بېسىپ ياتاتتى، ئۇنى ئايالىغا دېيىشمۇ، دېمەي يوشۇرۇپ يۈرۈشمۇ ئوخشاشلا قىيىنغا توختايتتى. خەن زىچى دۇنياغا كې- لىپ بۇنچىلىك ئېغىر ئەھۋالدا قېلىپ باقمىغان، بىرەر گەپنى دېيىش ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئۇزاق ئىككىلەنمىگەنىدى ھەتتا ئۆيگە كەلگەندىن، كېيىن نېمىدەپ لوندوندىكى بومباردىمانچىلىقتا «ئۆلۈپلا تۈگەشمىگەندىمەن» دەپمۇ ئويلاپ قالدى. شۇنداق بول- غان بولسا ئۇ باشقىلارغا مۇھەببەت، نەپرەت يەنە سېغىنىش، ئۇنتۇلۇشنى قالدۇرۇپلا كېتەتتى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى- نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالاتتى، بۇ پاراكەندىچى-

لىكىنمۇ كۆزى كۆرمەيتتى.
خەن خانىممۇ گاڭگىراپ قالدى، خېلىغىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. خەن زىچى ئەزەلدىن بۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى. بۇ زادى نېمە بولغىنى؟ بۇ ئون يىل ئىچىدە ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، كۆڭلىدە باشقا پىلان بار ئىكەن. ھەممە ئىشتا شۇنچىلىك كەسكىن، سۆزمەن خەن زىچى قېنى؟ مۇشۇنداق ئېزىلەڭگۇ، تايىنى يوق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟
— مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ پاڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ يا؟ — خەن خانىمنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى پەقەتلا تۇتالمايتتى.
— مەن... كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس... — خەن زىچى ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا قارىدى، ئەمما گېپىنىڭ يېرىمىنى دەپلا توختاپ قالدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى ئۆلۈك ئادەمنىڭكىدەك خۇنۇك ئىدى.
— كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس؟ نېمىشقا ئارامىدا ئەمەس؟ گەپ بولسا ماڭا دېمەمسىز، سىرتتا بىرەر چاتاققا يولۇقتىڭىزمۇ يا؟ — خەن خانىمنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر ئەندىشە تۇيغۇسىز سوقۇپ، كاللىسىدا خىلمۇ خىل يامان پەرەزلەر پەيدا بولدى. ئۇ يەنە ئاسماقچىلاپ سوراشقا باشلىدى، — ھېلىقى خونتېر دېگەن ئەجنەبىي سىزنى ھۆل خىشقا دەسسەتتىمۇ يا؟ نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ئېلىۋالدىمۇ؟ ماڭا دېيىشكە پېتىنالمايۋاتامسىز؟
— ياق...
— يولدا بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ قالدىڭىزمۇ؟
— ياق...
— سىرتتا بىرەرگە قەرز بولۇپ قالدىڭىزمۇ يا؟

www.uyghurkitap.com

— ياق. . . ئۇنداق ئىش بولغان بولسىغۇ قالتىس ياخشى بولاتتى، — خەن زىچى نۇرسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كاللىسى قاپاقتەك ئېغىر ئىدى، مۇرىسى ۋە چېكىسىدىن پۇرۇلداپ تەر قۇيۇلاتتى، — ساڭا نېمە دېسەم بولا؟ مەن. . .

خەن زىچىنىڭ تېپىشماقتەك، بىر گەپنى باشلاپ قويۇپ يەنە توختىۋېلىشى خەن خانىمنى ئالاقزادىلىك ئىچىگە تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاياللار ئويلاشنى قەتئىي خالىمايدىغان بىر قورقۇنچلۇق ئوي كېچىپ ئۆتتى، دەپ بولغۇچە ئۆزىنىڭ يۈرىكىمۇ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، — سىز. . . سىرتتا بىرە- رىنى تېپىۋالمىغانسىز؟

خەن زىچىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭ ئۆزىلا خەن خانىمنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئاچچىق بىر تۇتۇن خەن خانىمنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇن يىلدىن بېرى چۈشىدىمۇ زارىقىپ كۈتكەن، تەلپۈنگەن، شېرىن ئارزۇسى بەربات بولدى، ئىشەنگەن، شۇنچە چوڭ بىلگەن ئېرى ئۈمىدىنى يەردە قويدى، روھى تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. خەن خانىمنىڭ قانلىرى مۇزلاپ، پۇت- قوللىرىدا سېزىمدىن ئەسەر قالمىدى، كالپۇكلىرى بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى.

— كۆرۈڭ ماۋۇ ۋىجدانسىزنى! بىز ئۆيدە جاپانى يەتكۈچە تارتىپ غەم بىلەن ئولتۇرايلى، سەن قويۇپ سىرتتا ئاشنا ئوينا! ئېيتە، بېشىڭنى ئايلاندۇرۇۋالغان زادى قانداق مېكىجىن ئۇ؟

خەن زىچىنىڭ بېشى تېخىمۇ بەكرەك ساڭگىلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئېيتە، ئېيتە!

خەن زىچى يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇۋالدى، ئايالى تەلەپ قىلىۋاتقان گەپنى دېيىش ئۇنىڭغا ئاسانغا چۈشمەيتتى.

— دەمسەن، دېمەمسەن؟ دېمىسەڭ، مەن ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن!

خەن زىچى لېۋىنى چىڭگىدە چىشلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق، كىرەي دېسە يەر قاتتىق بولۇۋاتاتتى.

چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن خەن خانىم نەدىندۇر بىر قايچىنى تېپىپ قولىغا ئېلىپ كۆكرىكىگە توغرىلىدى. ئېرىگە ئازراقمۇ مېھرى قالمىغان ھازىرقى پەيتتە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلۈممۇ ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى ئۇ ئالدىدىكى مۇشۇ ئادەم ئۇچۇن ياشىغان ئەمەسمىدى، ئەمدى ئۇ-نىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق! — ئېيتە، ئۇ ئايال زادى كىم؟

خەن زىچىنىڭ ۋۇجۇدىنى سوغۇق بىر ئېقىم چىرمىۋالدى، لەۋلىرى ئارىسىدىن تولىمۇ تەسلىكتە مۇنۇ ئىسىم چىقتى:

— يۇئېر...

خەن خانىمنىڭ قولىدىكى قايچا تاراققىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ئۆي ئىچىنى ئۇزۇنغىچە گۆرىستان جىمجىتلىق قاپلىدى.

خەن خانىم كۆز ئالدىدا ئېرى ئەمەس، باشقا بىر ۋىجدانسىز ئادەم تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ - ئارمانلىرى بەربات بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيت-قاندا ئالماس، ئۈزۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ، چىچې-جەينىڭ ۋەيرانچىلىقىدىنمۇ ئېغىر ئەلەم ئىدى، ھاياتى مۇشۇنىڭ-لىق بىلەن ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. يەنە كېلىپ، ئېرىنى ئۆزىدىن تارتىۋالغىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بۇزغىنى بىر قور-ساقتىن چىققان سىڭلىسى ئىكەن. يۇئېر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغا-ۋېتىپتۇ. پۈتۈن بەدىنى لاسىدە بوشىشىپ كەتكەن خەن خانىم ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمى-لەپ قوپقۇچىلىكمۇ مادارى قالمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا خەن خانىم تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— مەن بەك ئەخمەقكەنمەن، بەك ئەخمەقكەنمەن! نېمىدەپ بۇنى بالدۇرراق ئويلىمىدىم ھە؟ ئەسلى ئىككىڭ بۇرۇنلا تىلىڭنى بىر قىلىۋېلىشقانىكەنسەن. بىرىڭ ئاۋۋال، بىرىڭ كېيىن چىقساڭ مەن تېخى شۇنچىلىك ئىشنىڭ تېگىگىمۇ يېتەلمەي، چۆچەكتىكى چۆپنى يەپ ئولتۇرۇپتىمەن. تيەنشىڭنىڭ كىيىمىگە سېلىپ قويغان باغاقچىغا ئالدىنىپتىمەن. ماڭا بۇ نېمە كۈن. مەن ئىككىڭدىن ھېساب ئالىمەن. بىرىڭ مېنىڭ بالامنىڭ دادىسى، بىرىڭ مېنىڭ ئۆز سىڭلىم. مەن بۇنداق بولۇشىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغان. خەن زىچى، ھۇ ۋىجدانسىز خۇنپەر. دادام، ئانام ساڭا قانچىلىك ياخشىلىق قىلغان؟ قانچىلىك قىلغان، ئېيتە؟ يۈئېر... ئۇ سېنىڭ ئۆز سىڭلىڭغا ئوخشاش ئەمەسمىدى؟

— بۇنى بىلىمەن... — دېدى خەن زىچى بېشىنى ساڭگىلىتىپ دۇدۇقلاپ.

— بىلىمەن؟ ئەمىسە بىلسەڭ نېمىشقا بۇنداق ئىشنى قىلدىڭ؟ — خەن خانىمنىڭ سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

— ياق... مەن ماڭىدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئارقامدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. سەن... ئۇنىڭ نېمىدەپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلمەيسەن. بىز... — خەن زىچى گەپنى ئىمكانقەدەر رەتلىك، ئېنىق قىلماقچى بولدى، ئەمما گەپلىرى پەقەتلا قولاشمىدى، — مەن ھەرگىز... ئۇ مېنىڭ سىڭلىمغا ئوخشاش تۇرسا، ئۇ تېخى يەنىلا بالا. مەن ئەنگلىيىدە ئۇنى... ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتتۇم. مەن ھەرگىز... كېيىن...

— كېيىن ئۆزۈمنىڭ سىڭلىسىغا ئوخشىمىدى دېگىنە؟ كۆڭلۈمگە جىن كىردى دېگىنە؟ ئىنسان قېلىپىدىن چىقتىم دېگىنە؟ — خەن خانىمنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. شۇ

تاپتا ئۇ بۇ ۋىجدانسىز ئېرىنى قانداق قىلسىمۇ پىغانى چىقمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن ئاخىر يېشىلدى، يۇئېر ئاق كۆڭۈل، ساددا قىز ئىدى، خەن زىچىنى ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك كۆرەتتى، ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ نېمە دېسە، ئۇ ھە دەيدۇ ـ دە! ئېرى دېگەن خۇنپەر ئاشۇ نارەسىدە سىڭلىسىنى نابۇت قىلغان گەپ!

— ياق، گېپىمنى ئاڭلا، مەن... ساڭا زادى نېمە دېسەم بولار؟ — خەن زىچى مەڭدىگىنىچە بېشىنى كۆتۈردى. چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇ يەنە دوزاختىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى لوندونغا كېلىپ قالغاندەك بولدى، — ئۇرۇش ھەممە نەرسىنى تۈگەشتۈردى، ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ كاساپىتى.

. . .

ئۇ، ئەسلىسىمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى جىغىلدايدىغان، پاراكەندىچىلىككە تولغان، مەدەنىيەتنى، نۇرغۇن جاننى خاراب قىلغان تارىخ ئىدى...

ئۇرۇش خارابىسى ئاستىدىكى يەر ئاستى ئۆيىدە جېنى ئامان قالغان تۆت ئادەم سولىنىپ ئولتۇراتتى. ئېھتىمال، ئەتىكى بومباردىماندىن كېيىن، بۇ يەر ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىغا ئايلىنىپ قالار. خونتېر خانىمغا ئوغلى ئولىۋېرنىڭ ئۆلۈمى كۆتۈرگۈسىز زەربە بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ نەزەرىدە مال ـ مۈلۈك، ھايات، كەسپكە بولغان ئىنتىلىش دېگەنلەر كېرەكسىز توپىغا، ئەرزىمەس ماغزاپقا ئايلانغان، ھەممە نەرسە ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. سۆزمەن، خۇش چاقچاق بۇ ئايال ئەمدى جىق سۆزلەشتىن قالغان، كۈن بويى كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى مۇداپىئە سىگنالى چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قارا كۆڭلىكىنى كىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىنا ئۆيىنىڭ خىش ـ كېسەك دۆۋىسى

ئاربسىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، پەقەت گەۋدىسىلا قېپقالغان پەلەم-
پەيدە چىقىپ ـ چۈشۈپ خېلىغىچە ماڭاتتى، ئاندىن پەلەمپەينىڭ
سۇنۇق ۋادەكلىرىگە يۆلەنگىنىچە ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋات-
قاندەك بىر تەرزدە يىراقلارغا خېلىغىچە قاراپ كېتەتتى.
— كىرىپ كېتەيلى، قەدىرلىكىم، ئولىۋېر بىزدىن ئاي-
رىلدى، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ! — خونتېر ئەپەندى ئۇ-
نىڭغا شۇنداق دەيتتى.
— ياق، ئۇ بىزنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭ كەچلىك
تاماققا كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. شۇنداق ئوبدان بالىمىز نېمىشقا
يوقاپ كەتكۈدەك؟ مەن ئۇنى كۈتىمەن، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. . . —
دەيتتى ئۇ.
خېلى بىر چاغ بولغاندا سام خونتېر ئەپەندى ئۇنى يەر ئاستى
ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، غۇۋا شام يورۇقىدا ئازراق بىر نېمە
يېگۈزەتتى. ئەمدى خونتېر خانىمنىڭ ئوبدانلا ئۇيقۇسى كېلىدى-
غان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چۈشتىن كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى،
ئۆزى يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىلىرىنى ئىزلەيتتى، «ئولىۋېر. . .»
دەپ توختىماي جۆيلۈيتتى.
لوندون شەھىرى يەنە بومباردىمان قىلىنىۋاتاتتى. گىتلېر-
نىڭ «دېڭىز قاپلىنى پىلانى» ئەنگلىيىنىڭ بارلىق پورت، ئاي-
رودروم، سانائەت شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىش، ئەنگلىيە هاۋا
ئارمىيىسىنىڭ غوللۇق قىسمىنى تارمار قىلىش، ئەنگلىيىنىڭ
ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى ۋە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش سىستېمى-
سىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئەنگلىيە خەلقىنى بويسۇندۇرۇش
مەقسىتىدە تۈزۈلگەنىدى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى قايتۇرما زەربىگە
ئۆتۈپ جان تىكىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئۆلارنىڭ تىرىشچان-
لىقى ئاخىر ئېغىر بەدەل تۆلەش بىلەن نەتىجىلەندى: توققۇز
يۈزدىن ئارتۇق ئايروپىلان پاچاقلاپ تاشلاندى، بىر مىليوندىن
ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، سەكسەن ئالتە مىڭ پۇقرا بوم-

باردىماندا ئۆلدى. ئادەم ئۆلۈمدىن هامان قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
لېكىن، بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە لوندون ئاهالىسى ئۈچۈن هايات
قېلىش ئىستىكى چۈشكە ئوخشاش رېئاللىققا ئايلىنالمايدىغان
مۇمكىنسىز بىر ئىشقا ئايلانغانىدى.

لياڭ بىڭيۇ يەر ئاستى ئۆيىدىكى تۆمۈر كارىۋاتتىن كېچە -
كۈندۈز چۈشۈپ باقمايتتى. تولىمۇ ئېغىر بىر ھەسرەت يۈرىكى-
نى تىنىمسىز تىلغاش بىلەنلا قالماي پۈتكۈل تېنىنى يەپ كېتى-
ۋاتاتتى. شۇ ھالىتىدە ئۇ سەكراتتىكى ئېغىر كېسەلگىلا ئوخشاپ
قالغانىدى، ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن
تۇرغۇدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى. بارغانسېرى گېپى ئازلاپ كېتى-
ۋاتقان خوتىنى خانىمنىڭ ئەكسىچە خەن زىچىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ
ئېغىر ئازابلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ئادەم — ياڭ
چېن بىلەن ئولىۋېر توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەپ بېرەتتى.
دۆلىتى، ئىرقى، روھى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككىسى مۇھەب-
بەت دەرياسىدىن ئىككى قېتىم كېچىپ ئۆتۈپ چۆكۈپ كەتكىلى
تاس قالغان بۇ ناتىۋان قىزنى ئىككى خىل نۇقتىدا ئېغىر زەربىگە
ئۇچراتقان، يۈرىكىنى قاتتىق شىكەستلىگەنىدى. ھايات ئەسلى-
دىنلا تولىمۇ قىسقا بولىدۇ، لېكىن ئۇ يىگىرمە بەش يىل ياشاپلا
يەتكۈچە ئازاب تارتتى. ئەگەر ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىنى ھازىرلا
ئالغان بولسا، ئۇ بۇ دۇنيادىن ئازاب، ئارمانلىرى بىلەن كېتىپ
قالغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ دۇنيا راستتىنلا بولىدىغان بولسا،
ئۇ ئاشۇ دۇنيادىكى دوزاختا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشنى خالايت-
تىيۇ، ھەرگىزمۇ قايتىدىن ياشاش يولىنى تاللىمايتتى. كىشى-
لىك ھايات ھەقىقەتەن رەھىمسىز ئىكەن! ئەگەر خۇدا ئۇنى
ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىشنى خالىماي پانىي ئالەمدە يەنە
دەرد - ھەسرەت ئىچىدە ياشاشقا بۇيرۇسا، ئۇ چاچلىرى ئاقى-
رىپ، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ موماي بولۇپ كەتسىمۇ توي
قىلماي مەڭگۈ قېرى قىز بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۆمۈر بويى تۇرمۇش-

نىڭ رىيازىتىنى چەكسىمۇ مەيلى. بىر كۈننى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈپ پەرىشتىلەرنىڭ سوئال ـ سوراقلىرى ئالدىغا بارغان چېغىدا، خۇداغا تېۋىنىپ تۇرۇپ: «ئېھ، خۇدا، مەن تېگىشلىك جازايىمنى تارتتىم!» دەيدۇ.

خەن زىچى ئاش ـ تاماقنى يېگۈزۈپ كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك لياڭ بىڭيۈنىڭ كارىۋىتى يېنىدىن ئايرىلمايتتى، ئۇنى ھاياتىنى قەدىرلەشكە دەۋەت قىلاتتى:

ــ يۈئېر، بىر نەرسە يېمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز كېسەل تۇرسىڭىز، بىر ئامال قىلىپ...

ــ چى ئاكا، مېنىڭ كېسىلىم يوق. مېنىڭ يۈرىكىم... ئۆلگەن!

يۈرىكىم ئۆلگەن؟ بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق سۆز ـ ھە! كونىلار: «روھنىڭ ئازابى تەننىڭ ئۆلۈمىدىن ئېغىر» دېگەن. ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يۈئېر مۇشۇنداق ھاياتىنى خاراب قىلسا ـ ھە؟ خەن زىچىنىڭ قەلبىنى ئېغىر غەم تېشى بېسىۋالدى. ئۇ بۇ سىڭلىسىنى ئۆلۈم ئاغزىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى، ئازاب دېڭىزىدىن تارتىۋېلىپ كىشىلىك دۇنياسىغا قانداق قايتۇرۇپ كېلىشنى بىلمەيتتى. كىشىلىك دۇنياسىمۇ ئوخشاشلا ئازابلىق تۇرسا!

يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى بومباردىماندا تۆيۇقسىز تىترەپ بۇ كىچىككىنە ھاياتلىق ماكانىدا ياتقان تۆت ئاجىز ۋۇجۇدقا ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ھېس قىلدۇرۇپ ئۆتتى. خەن زىچى بىردىنلا سىڭلىسى بىلەن ئۇ دۇنياغا بىللە كېتىشنىمۇ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ تارتىشقۇدەك يېرى قالمىغاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۆلۈپلا تۈگەشكەنمۇ ياخشىكەن، بېيپىڭغا قايتىپ نېمە كەپتۇ!

ــ خەن ئەپەندى، يۈرۈڭ، ــ سام خونتېر بېشىنى كۆتۈرۈپ تېخى تىترەشتىن توختىمىغان تورۇسقا قارىدى، ــ ھەممىمىز مېتروغا كۆچۈپ كېتەيلى، ئۇنىڭدىنمۇ مۇستەھكەمرەك

بىرەر ئاكوبقا كەتسەكمۇ بولىدۇ. ئەمدى بۇ «ئۆي» دىمۇ تۇرال-
مىغۇدەكمىز!

— خونتېر ئەپەندى، بىگىيۇنىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا مەن
قانداق كېتەلەيمەن؟ — دېدى خەن زىچى ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە
خورسىنىپ، — بىز كەتمەيلى. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن.
ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى، خانىم بىلەن ئىككىڭلار كېتىۋېرىڭلار!

— ئۆلسەم مەيلى دەمسىز؟ . . . ئولىۋېرنى كۆرگۈڭلار
كېلىۋاتامدۇ؟ بوپتۇ، ئۆلۈڭلار! ھەممىڭلار ئۆلۈڭلار! — سام
خونتېر ئاچچىق كۈلۈپ كۆزىگە ياش ئالغىنىچە بىر بۇلۇڭغا
بېرىپ ھېلىقى ئاق ھاراقنى قولىغا ئالدى ۋە غۇرتۇلدىتىپ
بىردەمدىلا ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن بوتۇلكىنى يەرگە ئۇرۇپ
چاقتى، ئاندىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە كارى-
ۋاتىنىڭ يېنىغا يىقىلدى. بوغۇزىدىن خىرقىراق ئاۋازدا بىر ناخشا
ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. لوندون كوچىلىرىدا مەستلەر ئېيى-
تىدىغان، بىر ئاڭلىسا ناخشىغا، بىر ئاڭلىغا يىغىغا ئوخشاپ
كېتىدىغان مۇڭلۇق ھەسرەتلىك تۆت مىسرا شۇ تاپتا خونتېر ئەپەن-
دىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى:

ئەي قەدىناس بۇرادەر،
ئوماق يۈزلۈك بۇرادەر.
خۇشلۇق بولسۇن، دەرد بولسۇن،
تەڭ ياشايلى بىز ھامان!

خونتېر مەست بولۇپ قالدى، ھايال ئۆتمەيلا ئۇيقۇغا كەت-
تى. يەر ئاستى ئۆيى ئېغىر سۈكۈنات ئىچىگە چۆكتى. بۈگۈن
بىر يەردە ياشاۋاتقانلار ئەتە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

لياڭ بىگىيۇ ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىل-
لىق بىر دۇنيانى، سۈزۈك قۇياش نۇرىنى، باھار شامىلىنى،

ياپيېشىل ئورمانلىقلارنى، پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنى كۆردى، قۇشلارنىڭ تىنىمسىز چۇرۇقلاشلىرىنى ئاڭلىدى. ئەسلىدە دۇنيا دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى، ھايات دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەككۇ! ھايات دېگەندە ساھىل، زۇمرەتتەك دېڭىز، ئاپئاق يەلكەن، خىلۋەت ئارال دېگەندەك نەرسىلەر بولۇشى كېرەككۇ! بۇ نەرسىلەرنى كىم تارتىپ كەتتى؟ ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئىڭەلەپ تۇغۇلغاندا، ئادەم بولۇپ بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىنى رەسمىي جاكارلىغاندا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئادەمنى ياراتتى، «ئىنجىل» بىلەن «قۇرئان كەرىم»دە مۇشۇ نۇقتا ئوخشاشلا دەلىللەنگەن. ئەمىسە ئادەم ھاياتقا شۇنچىلا دىشۋارچىلىقلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنمۇ؟ ھەممىگە قادىر خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە ئاسايىشلىق، بەخت ئاتا قىلماقچى ئەمەسمىدى؟ دۇنيانى مۇھەببەتكە پۈركىمەكچى ئەمەسمىدى؟ مۇھەببەت. . . بۇ ئادەمنى نەقەدەر ئازابلايدىغان ھەم نەقەدەر ئېزىقتۇرىدىغان ئىش ـ ھە! لياڭ بىڭيۈنىڭ مۇھەببەت بەدىلىگە ئېرىشكىنى ئالدىنىش بولدى، ئولىۋېيرنىڭ مۇھەببەت بەدىلىگە ئېرىشكىنى رەت قىلىنىش بولدى. مۇھەببەت دېگىنى رىيازەت، جىنايەت دېگەنلەر بىلەن بىر ئۇقۇممۇ؟ . . . ئارالمۇ، بىرەر يەلكەنمۇ يوق بىر دېڭىزدا بىر چىرايلىق قىز چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ، دەھشەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە جان تالىشىۋاتىدۇ، ۋارقىراۋاتىدۇ. . .

— چى ئاكا! — لياڭ بىڭيۈ ئايانچلىق ئاۋازدا ئىڭرىدى.

— يۈئېر، مەن قېشىڭىزدا، — دېدى خەن زىچى ئۇنى سىلاپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ ئۆلگۈم يوق. . .

— سىز تېخى ئۆلمەيسىز، سىز ياش. . .

— راستمۇ؟

— راست. سىز ياخشى قىز، ھاياتنى ئەمدىلەتىن باشلاۋا-

تىسىز. خۇدا سىزگە بەخت ئاتا قىلىدۇ. يۈئېر، غەيرەتلىكرەك بولۇڭ، ئالدىڭىزغا قاراڭ. . . — خەن زىچى شۇنداق دېگىنى بىلەن ئۆزلىرىنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلمەيتتى.

— ياق، مەندە غەيرەت قالمىدى، مەن قورقۇۋاتىمەن. مەن هاياتنى سۆيەي دەيمەن، لېكىن مۇھەببەت جىنايەت ئىكەن ئەمەسمۇ. . . — دېدى لياڭ بىڭيۇ غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

— مۇھەببەتنى جىنايەت دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ يۈئېر، بۇرۇنقى ئىشلارنى تولا ئويلاپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىماڭ، پات ئارىدا گۈزەل هاياتقا ئېرىشىسىز. . .

— راستمۇ؟ — لياڭ بىڭيۇ خەن زىچىنىڭ قولىغا تەشۋىش ئىچىدە ئېسىلدى، — مېنىڭ يەنە سۆيۈش هوقۇقۇم بارمۇ؟ يەنە بارمۇ؟ يوق، ئەمدى يوق! مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن. مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، چى ئاكا، مېنى قۇچاقلىۋېلىڭ.

خەن زىچى لياڭ بىڭيۇنى قۇچاقلىدى، بېشىنى كۆكرىكىگە قويغۇزدى. ئۇنىڭدا: «يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدەشلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى چۈشەنسۇن، ئۆلۈم توغرىسىدىكى ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلسۇن» دېگەندەك بىر ئوي بار ئىدى.

— مەن تېخى هايات. . . — لياڭ بىڭيۇنىڭ ئاۋازى زەئىپ، تىترەڭگۈ ئىدى، — مەن. . . بىر هايات ئادەم. مېنىڭ. . . ياشاش، سۆيۈش هوقۇقۇم بار!

— بار، ئەلۋەتتە بار. سىزنىڭ نۇرغۇن هوقۇقىڭىز بار. . . — خەن زىچى بۇ گېپى بىلەن لياڭ بىڭيۇگىمۇ، ئۆزىگىمۇ تەسەللى بېرىۋاتاتتى.

— چى ئاكا، مېنى چىڭ قۇچاقلاڭ. . .

خەن زىچى لياڭ بىڭيۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى.

— چى ئاكا، مېنى سۆيۈڭ. . .

خەن زىچى جايىدا تۈرۈپلا قالدى. بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇنى ئاكا ـ سىڭىللىق مۇھەببىتى دېيىش كېرەكمۇ ياكى رەسمىي مۇھەببەتمۇ؟

— ياق، يۈئېر، بىز بۇنداق قىلساق بولمايدۇ؟

— نېمىشقا؟

خەن زىچى جىمىپ قالدى. يېرىم ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمىغان، بېيجىڭدا داڭقى يىراق ـ يېقىنلارغا تارالغان، لوندوندىمۇ شۆھرەت قازانغان ئوتتۇز سەككىز ياشلىق بۇ ئادەم تۇنجى قېتىم «مۇھەببەت» ئالدىدا قاتتىق دېلىغۇل بولۇۋاتاتتى. بۇ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھېسسىيات ئىدى. ئىلگىرى ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلغان ياخشىلىقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن باردى ـ كەلدىنى ئۇزۇلدۇرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۆزىگە مەنسۇپ «مۇھەببەت» نىڭ بارلىقىنى سەزمىگەندى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىدى. ئەمدى ئۇنىڭ نېمىسى قالدى؟ ئۇ يۈئېرنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە بىر خىل جىنايەتكارانە تۇيغۇ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى، ئۇنى ھېچقانداق غەيرىي مەقسەتتە بولماسلىققا ئۈندەۋاتاتتى. ئالدىدا تۇرغان بۇ قىز كىم؟ سىڭلىسىمۇ ياكى كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ھەمراھىمۇ؟ ياكى ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغان دوستىمۇ؟ ئەمىسە ئولىۋېر ئۇنى «تارتىۋالماقچى» بولغاندا نېمىشقا ئەنسىرىگەن؟ نېمىشقا لياڭ بىڭيۇ ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا سەكراتتا چۈشكەن چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈپ كېتىشنى خالىدى؟ نېمىشقا قىز دادىللىق بىلەن ئۆزى زارىقىپ كۈتكەن مۇھەببەتنى ئىزھار قىلغاندا يەنە ھازىرقىدەك تېڭىرقاپ قالدى؟ خەن زىچى بۇلارغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى...

— بىلدىم، سىزمۇ... ماڭا ئوخشاش زەئىپ ئادەم ئى-

ـەنسىز. بۇ دۇنيادا بىر ئادەمنىڭ نابۇت بولۇشىغا ئۆزىلا ئە-
ـەس، باشقا ئادەممۇ سەۋەبچى بولىدىكەن. چى ئاكا، بىز ئادەم.
ـايات ياشىغاندىكىن... ئادەمدەك ياشىشىمىز، سۆيۈش ھوقۇ-
ـمىزدىن بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەك!

— مېنىڭ... شۇنداق ھوقۇقۇم بارمۇ؟ — بۇ سوئالنى
ـۇ ئۆزىدىن ھەم لياڭ بىڭيۇدىن سورىدى، — مېنىڭ سۆيۈش
ـوقۇقۇم بارمۇ؟

ئىدراك بىلەن تەن تىركىشىۋاتاتتى. خەن زىچى ئۆز قەلبىد-
ـگە قاتمۇ قات تورلارنى توقۇۋەتكەن ھەم ئۆزىنى ئاشۇنىڭ ئىچىگە
ـاپساپ قويغانىدى. بۇ تور شۇنچىلىك ئاجىز ئىدىكى، ئۇ ئازراق-
ـلا كۈچىسە ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقالايتتى. ئۇ قۇچاقلاپ تۇرغان
ـۇ دەردمەن قىز زادى كىم؟ مۇلايىملىقىنىڭ، ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ
ـەكسىچە كىشىلىك دۇنياسىدىن شەپقەتسىزلەرچە مۇئامىلىگە ئې-
ـرىشكەن بۇ قىز زادى كىم؟ ياق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قان
ـوخشاشمايدۇ، ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان توساق يوق! ئۇلار
ـەقدىرداش ئاكا - سىڭىل ھەم ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئادەم:
ـىرى ئەر! بىرى ئايال!

يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن، سۈكۈنات ئارىسىدىن، قان
بىلەن گۆشتىن پۈتكەن تەندىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان بىر كۈچلۈك
چاقىرىق تەقىبلەنگەن مۇزدەك يۈرەكنى، ئۇزۇندىن بېرى ساقلى-
ـنىپ ياتقان نازۇك بىر ھېسسىياتنى ئويغاتتى. دۇنيا ئۈنتۈلدى،
ئاسمان ئۆرۈلدى، تاغدىن كەلكۈن يامرىدى، دېڭىز سۈيى قۇ-
ـرۇقلۇقنى يۇتۇپ كەتتى، ئەتراپتا چاقماق چاقتى، تەنھا ئارالدى-
ـكى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشقا ئادەم زاتى قالمىدى.
دۇنيا قايتىدىن باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

دۇنيا قايتىدىن باشلاندى، يەنە كېلىپ بۇ دۇنيا ئىككىلا
ئادەمنىڭ دۇنياسى ئىدى. بۇ جىنايەتلىك، كۆلپەتلىك دۇنيامۇ
ياكى بەخت، ئۈمىد ئاتا قىلىدىغان دۇنيامۇ؟ ئىككى روھنىڭ

ئۆلۈم ئالدىدىكى سەكراتى، ئىككى روھنىڭ بىر - بىرىگە ئەۋەتـ
كەن چاقىرىقى، ئىككى روھنىڭ تۈيۈقسىز سوقۇلۇشى، ئىككى
روھنىڭ ئازابلىق ئىڭرىشى... ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى بىلمەيتتى.
ئاجىز بىر ۋۇجۇد نابۇت قىلىندىمۇ ياكى قۇتقۇزۇۋېلىندىمۇ؟

ھاياتتا جىمى ئارمانغا يەتكىلى بولامدۇ؟ غەم - قايغۇدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟

بىر جۈپ تەن چۈش قوينىدا مېھمان بولۇپ ئۇزۇۋۋاتىدۇ، بىردەملىك لەززەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ!

ھايات چۈشمۇ؟ ياق، چۈشنى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدۇ، لېكىن ھاياتنى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولامدۇ؟

ھايات بىر پارچە كىتابمۇ؟ ياق، پۈتكەن كىتابقا يەنە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ھاياتقا تۈزىتىش كىرگۈزگىلى بولامدۇ؟

ھاياتنىڭ ئەزەلدىن ئۆز مۇساپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سخېمىسى بولغان ئەمەس، بىز پەقەت ياشاش پۇرسىتىمىزنى تۈگەتكىنىمىزدىن كېيىنلا ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ بولغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز!

تارىخ ئەزەلدىن ھەش - پەش دېگۈچە پۈتىدىغان ئەسەر. ئۇ رەسمىي تارىخقا ئايلانغاندا، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇنىڭغا خىلمۇ - خىل باھالارنى بېرىدۇ. لېكىن، مەيلى قانداق باھا بەرسۇن، ئىلگىرى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ، پەقەتلا تاسادىپىيلىق ئىچىدىن مۇقەررەرلىكنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنى قامۇس قىلىپ پۈتىدۇ.

تارىخ ئىنسانلارنىڭ باسقان ئىزى، ئەمما ئىز قالدۇرغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ھاياتىدا ئۆز تارىخىغا توغرا قارىيالىغان ئەمەس.

تارىخنى قايتا يازغىلى بولمايدۇ. مەيلى ئۇ نەچچە مىليون ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىۋەتكەن غايەت زور ئۆز-

گىرىش بولسۇن ياكى قەغەزگە پۈتۈشكە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي ئادەملەرنىڭ پەۋقۇلئاددە سەرگۈزەشتىسى بولسۇن، ئۇ ھامان قايتا يېزىلمايدۇ.

نۇرغۇن نەرسە ئۆتۈپ كەتتى، يەنە نۇرغۇن نەرسە قېپقالدى.

. . .

ئارىنى يەنە ئۇزۇن سۈكۈت، چىدىغۇسىز سۈكۈت باستى.

بۇ دۇنيادا ئايال كىشىگە ئېرىنىڭ سىرتتا باشقا ئاياللار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈرگىنىنى سېزىپ قېلىشتىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس، ئەر كىشى ئۈچۈن ئايالىنىڭ ئالدىدا ئاشنا ئويناش جەريانىنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇشتىن ئارتۇق نومۇسلۇق ئىش بولماس. ھالبۇكى، بۇ «خوشلۇق»، بۇ «ئاشنا» ئىشىغا خەن خانىمنىڭ بىر ئۆيدە چوڭ بولغان، بىر قورساقتا ياتقان سىڭلىسى سەۋەبچى ئىكەن. ئاھ، تەقدىر، سەن نېمانچە رەھىمسىز؟

چىجېنجەينىڭ مۇكەممەل ئوبرازىغا داغ تەگدى. ئېھتىمال، دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم يوقتۇ، ئۇ مۇھەببەت پەيدا قىلىدىغان خاتا تۇيغۇدۇ، ئېھتىمال، چىجېنجەينىڭ ئىگىسى بولغان خەن زىچى ئانا دىيارىغا قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن قەدەم ئالىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ قىرىق يىلدىن بۇيانقى ئوبرازىنىڭ يەنىلا نۇقسانسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ كەتكەن بولغىدى. ئەمما، ھازىر بۇ ئوبراز يوق، ئۇنىڭغا داغ تەگكەنىدى. «بىلىمدان» قەسرىنىڭ يۈز نەچچە يىلدىن بېرى چىرىمىگەن بوسۇغىسى شۇ تاپتا بەھەيۋەت بىر پاسىل تاشقا ئوخشاش ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىككىگە ئايرىپ قويدى. ئۇ چەت ئەلدە ئۆزىنى ئاقلاش، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنىلا خىيال قىلغان بولسا، ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلگەندە بۇ ئويلىرى بىقاۋۇللۇق، مەنىسىزلىك ئارىلاشقان ئوي - پىكىرلەرگە ئايلاندى. ئايالىنىڭ ئالدىدا قايتا

پەيدا بولغان چېغىدىلا بۇ بىچارە ئايالنىڭ ئۆزىنى ئاجايىپ چوڭ-
قۇر بىر مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئىلگىرى
بۇ نۇقتىغا سەل قاراپ نىكاھ سىرتىدىكى مۇھەببەتكە ئىش كۆر-
مىگەن سەببي بالىدەكلا مۇئامىلە قىپتۇ ئەمەسمۇ. يۇئېر. . .
يۇئېر زادى ئۇنىڭ نېمىسى؟ ئۇلار «ئەر ـ خوتۇن» لۇق سالاھى-
يىتى بىلەن چەت ئەلدە بىرنەچچە يىل ياشىدى ھەم مۇشۇ سالا-
ھىيەت بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. ئەمىسە بىئېرنىڭ ئورنى-
چۇ؟ خەن زىچى، سەن زادى نېمە ئىش قىلىپ قويدۇڭ؟ ئۇستا-
زىڭ تاپشۇرۇپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ يېتىم قىز ئالدىدا گۇناھىڭ
بارلىقىنى بىلەمسەن!

خەن خانىمنىڭ يۈرىكىگە دەرد ـ ئەلەم سىغماي قېلىۋاتات-
تى، ئالدىدىكى بۇ ۋىجدانسىز ئەرنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى،
خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالغىنىغا تويدۇرۇپ كوچا ـ كويلاردا،
قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئالدىدا رەسۋايىنى چىقارغۇسى، ئادەتتە
كىيىمنى قىرلاپ، ئايىغىنى مايلاپ يۈرىدىغان سالاپەتلىك خەن
خوجايىنىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى خەلقئالەمگە تونۇتۇپ نام ـ
ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرغۇسى، ئىككىنچىلەپ خەققە قارىغۇسىز
قىلىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق، يەنە بۇنداق قىلىشقا چىدىمايتتى؟
ئالدىدا تۇرغان بۇ ئەر كىم؟ ئۇ تاغدەك ئىشەنگەن، پۈتۈن
مېھرىنى بەرگەن چى ئاكىسى، تويلۇق ئالماي، زىياپەت ئۆتكۈز-
مەي، مېھمان چاقىرماي ئۆزىنى قىز چېغىدا ئەمرىگە ئالغان
ئېرى؛ چىچېنجەينىڭ ئۆزى خارابلاشقان، قۇرغۇچىسى ئۆلۈپ
تۈگىگەندىن كېيىن قايتا ئىگىلىكىنى تىكلەپ بەرگەن، ئانىسى
ھەم ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى سىلىغان شاپائەتچىسى؛ بەخت ئىچىدە
تۇغۇلۇپ دىشۋارچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغان ئوغلى تيەنشىڭنىڭ
ئون بىر ياش چېغىدا يۈزىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن
دادىسى. ئۇرۇش بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلدى، ئېرى بالا ـ قازا
ئىچىدىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېرىگە ئۆچ، ئەمما ئۇنىڭ

ئۆلۈمنى خالىمايدۇ. ئېرىنىڭ بېشىنى قايدۇرغان ئاشۇ مېكىد-
جىنىنىڭ يۈزىگە شاپىلاق سالىدۇ، ئۈستىگە يۈندى چاچىدۇ.
خەلقئالەمنىڭ ئالدىغا تارتىپ چىقىپ رەسۋا قىلىدۇ. لېكىن،
بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدامدۇ؟ يۈئېر ئۆزىگە ئوخشاشلا
بەش يېشىدا دادىسىدىن، ئون ئىككى يېشىدا ئانىسىدىن يېتىم
قالغان، جاپا - مۇشەققەتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، ئۆزى
ھەم ئاچا ھەم ئانا بولۇپ چوڭ قىلغان قىز. ئۇ ئەمدى بويىغا
يەتتى، دۇنيادا ياتلىق بولمايدىغان قىز بارمۇ؟ ئاچا بولغان ئادەم
نېمىدەپ بۇ ئىشقا سەل قارىدى. ئۇنىڭ يەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا
ئۇنچىلىك خورلۇققا ئۇچرايدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ چەت
ئەلگە بىر چىقىپ ئون يىل تۇرۇپ قالىدىغىنىنى كىم ئويلىغان؟
دۇنيادا ئېچىلمايدىغان گۈل بولامدۇ؟ ئون يىل داۋامىدا ئۇ
سىڭلىسىغا ئىگە بولالامتى؟ سېرىق چاچ، يوغان بۇرۇن ئەجنە-
بىيدىن بىرىگە تەگكەن بولسا قانداق قىلالايتتى؟ يۈئېر تېخى
كىچىك، ساددا، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشقا كۆنۈپ قالغان.
ئەمدىلىكتە قەدەمنى بىر قېتىم خاتا باسقان سىڭلىسىنى بىراقلا
خاراب قىلىسۇنمۇ؟ ئۆچ بولغىنى بىلەن نېمە ئىش قىلالايدۇ؟
ھەي، ئۇنىڭ ئەقىلسىز سىڭلىسىنىزە!

ياستۇقنى بېشىغا پۈركەپ ياتقان خەن خانىمنىڭ يىغلىغۇ-
چىلىكمۇ ماجالى قالمىغانىدى.

— سىز... سىڭلىمنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپسىز!

...

— ئەمدى ئۆزۈڭىزنىڭ بەختىگىمۇ ئولتۇردىڭىز!

— ...

— ئانا - بالا ئىككىمىزنى بۇرۇنلا ئۇنتۇپتىكەنسىز - دە!

— ئۇنتۇپتىكەنسىز؟ — خەن زىچى ئېسەنگىرەش ئىچىدە
بېشىنى كۆتۈردى، — مەن... سىلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالا-
ي؟ ئۇنتۇغان بولسام قايتىپ كېلەمتىم؟

— قايتىم كېلەمتىم؟ كىم سىزنى قايتىپ كەل دەپتۇ؟ —
خەن خانىم شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلدى، — ئۇنداق ئىشنى قى-
لىشقان ئادەم نېمىدەپ قايتىپ كېلىشتىڭ؟ سىرتتا كۆزۈمدىن
نېرى تۇرۇشساڭ بولمامتى؟ ئۆلۈپلا تۈگەشكەن بولساڭ، كۆ-
زۈمگە كۆرۈنمىسە بولمامتى؟ ئەمدى بۇ ماڭا نېمە كۈن؟ نېمىدەپ
قايتىپ كېلىشتىڭ؟ مېنى كۆرسۇن، ئىچى ئېچىشسۇن دەپمۇ؟
خەن زىچى، سەن نېمىدېگەن رەزىل - ھە!

— بىئېر، بەك يىراقنى ئويلاپ كەتتىڭ! — خەن زىچى
ئازاب ئىچىدە چاپىنىنىڭ پېشىنى قاماللىدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ
سوقۇپ كېتىۋاتاتتى، — سىرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئا-
دەمنىڭ ئۆيىنى قانچىلىك سېغىنىدىغانلىقىنى سەن بىلمەيسەن!
نەگىلا باراي، جۇڭگولۇقنى كۆرسەملا خۇشلۇقۇمدىن قىلىدىغان
قىلىقلىرىم قالمىدى. كۈندە ئۆيىنىڭ خېتىنى كۈتتۈم، جۇڭگوغا
مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى سۈرۈشتۈردۈم. ھەممىلا يەردە «پۇس-
تانى يەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، پۇستانى يەردە مانچە مىڭ ئادەم
ئۆلدى» دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەر. . . ئۆيىمىزنىڭ ئامان قال-
غانلىقىغا كۆزۈم يەتمىدى. ياپون ئالۋاستىلىرى تەسلىم بولغاز-
دىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ۋەدىسى يىغلاپ كەتتۇق. ئىشەنچ قىلمايلا يازغان
خېتىمىزگە جاۋاب خەت كەلدى. بۇنداق بولۇشى خىيالىمىزغىمۇ
كىرمەپتىكەن. خېتىڭنى ئالغۇچە قوللىرىم تىترەپ كەتتى،
كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاخىر يۈئېر ماڭا ئوقۇپ بەردى.
خەت بىر جۈملىلا يېزىلغان بولسىمۇ يۈرىكىمگە قاتتىق تەسىر
قىلدى. خەتنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم. . . بۇ تيەنشىڭنىڭ
خېتى ئىكەن. ئوغلۇم خەت يازغۇدەك بوپتۇ، بالا - چاقام تېخى
ھايات ئىكەن. قايتىشنى ئويلىدىم، سىرتتا بىر كۈنمۇ تۇرغۇم
كەلمىدى. ئۇ چاغدا ئەنگلىيىدە ئۇرۇش توختىغانىدى. بىز خوۋ-
تېرلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ باشقا بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدۇق.
ئۇ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرەلمىگەندىن كېيىن جۇڭ-

گولۇق ئاچقان بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتى. مەكتەپ ئۇنىڭ ئۇزۇنراق ئىشلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ قېلىشىمىزنى ئۆتۈندى. لېكىن، بىزنىڭ تۇرۇپ قالالىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ تيەنشىڭنىڭ خېتى قولىمىزغا تەگكەن ئەھۋالدا بىزنى كىم تۇتۇپ قالالايتتى؟ بىز. . . يەنىلا قايتىپ كەلدۇق. پاراخوت بەك ئاستا ماڭىدىكەن، ئىككى ئايدا كەلدۇق. «قاچان ئۆيگە بارارمىز!» دەپ كۆزىمىز تۆت بولدى!

— كەچكىچە «بىز، بىز» دەۋەرمەڭ! — ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خەن خانىمنىڭ ئىچى تېخىمۇ ئاچچىق بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پىكىر - خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى، — سىزنىڭ ئۆينى سېغىنغىنىڭىز راستمۇ، ئۇچۇ؟ ئۇمۇ كېلىشنى ئويلىدىمۇ؟ كېلىشكە جۈرئەت قىلالىدىمۇ؟

— ياق. . . — خەن زىچى قوللىرى بىلەن يۈزىنى قاماللىۋالدى، — ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ئەنسىرەپ قالدى. سېنىڭ يۈزىڭگە قانداق قاراشنى بىلمىدى. پاراخوت شاڭخەيگە كەلگەندە يىغلاپ كەتتى. «ھامىنى جۇڭگو زېمىنىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ يەرمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالايلى!» دېدى. مەن قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدىم. ئەتىسى ئۇ قارارىنى ئۆزگەرتىپ مەن بىللە پاراخوتقا چىقتى. ئۇ قايتىپ كەلمىسە بولمايتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆيى تۇرسا. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۇپرىقى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مۇشۇ يەردە تۇرسا. ئۇ سىلەرنى سېغىنغانىدى.

خەن خانىم ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— سىز ئۇنى شاڭخەيدە قالدى دېمىگەنمىدىڭىز؟

— ياق، — دېدى خەن زىچى بېشىنى ساڭگىلىتىپ، — خەي ئاچامنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېمىسەم بولمايتتى. ئۇ مەن بىلەن تەڭ قايتىپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

— ھازىر نەدە؟

— مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. مەن ئۇنى بىرەر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن سەن بىلەن پاراڭلىشاي دەپ...

— نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشماقچىدىڭىز؟ ئۇنى مېھمانخانىدا بىر ئۆمۈر ئاشنا قىلىپ باقاي دېگەنمىدىڭىز؟ ئۇ بۇ ئۆيگە ئەمدى قەدەم باسامتى؟ خەقنىڭ كۆزىنى، قۇلىقىنى توسۇۋالامتى؟

— خەن خانىمنىڭ كۆڭلى بەكلا بۇزۇلدى، بايا خېلى بېسىقىپ قالغان غەزىپى بىردىنلا ئوت بولۇپ ياندى.

— ئەمىسە... سەن دېگىنە، قانداق قىلايلى؟ — پۈتۈنلەي ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان خەن زىچى ئەمدى ئايالى نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دېيىشكە ئۆتتى.

— ھەي-ي! — خەن خانىم ھالسىز بىر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۇھ تارتىشىدا ھەم غەزەپنىڭ، ھەم ھېسداشلىقنىڭ، ھەم چەكسىز بىر ھەسرەتنىڭ پۇرىقى بار ئىدى، — ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەيلى. ئۆزىمىزنىڭ چاۋىسىنى ئۆزىمىز چىتقا يايمايلى، بۇرۇنقى ئىشلار ئىچىمىزدە سىسىپ كەتسۇن! ئۇنىڭ خەقنىڭ يۇرتىدىن ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلەلىشىمۇ خۇدانىڭ شاراپىتى. بوپتۇ، مەن ئۇن چىقارماي، تىللىماي. بۇ ئىشنى خەي ھامىغا دېمەيلى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىرەر ئادەم تېپىپ ئۇنى ياتلىق قىلىۋېتەرمىز. مېنىڭ ئاچچىق مەجبۇرىيىتىم شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولار. بۇنىڭدىن كېيىن ئالاقە قىلمايلى، سىزمۇ ھەرگىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەڭ!

— بۇ... بۇنداق قىلىش تەسمىكىن... — دېدى خەن زىچى قورقۇمسىراش ئىچىدە ئايالىغا تىكىلىپ.

— نېمە؟ — خەن خانىمنىڭ خۇيى تېخىمۇ بەكرەك تۇتتى. ئەمدى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى توشقانىدى، — مەن تېخى دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ھەرقايسىڭغا يۈز-خاتىرە قىلىۋاتا-

سام، سەنلەر مەن بىلەن سودىلاشماقچىمۇ؟ بۇ سودا ئىشى ئەمەس تالىشىدىغان. تېخى نېمىگە نوچىلىق قىلىشىسەن، دېگەنە!

— بىز... بىزنىڭ بالىمىز بار! — دېدى خەن زىچى بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— ھە؟ — خەن خانىم جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

شەرقىي ھۇجرىدا تيەنشىڭ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئۇ چۈشىدە پات - پات: «دادا...» دەپ چاقىراتتى.

خەي ھامما ئۆز ئورنىدا ئۆرۈلۈپ قويدى، قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. تۆر ئۆي تەرەپتىن گۈدۈڭشىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئەمما، ھېچقانداق گەپنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي: «ئوتتۇز - قىرىق ياشقا كىرىپ قالغاندىمۇ ياش ئەر - خوتۇنلاردەك يېقىن بولۇپ كەتكىنىنى بۇلارنىڭ. ئاران بىر كۆرۈشكەندە گېپى تۈگىمەي قاپتۇ - دە!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ يورۇدى.

خەي ھامما ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ خەن زىچى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى بازاردىن ئەكەلدى. تۆر ئۆيدىن يەنىلا شەپە يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن خەي ھامما: «ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە قارىماي تيەنشىڭنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ مەكتەپكە ماڭدۇرۇۋېرەي، ئۇلار تۈنۈگۈن بىر كېچە پاراڭلاشتى، بۈگۈن ئۇزۇنراق ئۇخلىۋالسۇن!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ساقلا - ساقلا، تاماقمۇ سوۋۇپ قالدى. ئاخىر پەقەتلا تاقەت قىلالماي، پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يېنىك يۆتەلدى، ئاندىن:

— تيەنشىڭنىڭ دادىسى، ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. جاۋاب ئورنىدا كىمدۇ بىرىنىڭ ئاچچىق خورسىنغىنى ئاڭلاندى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ كېلە - كەلمەي يەنە نېمىگە خورسىنىشىدىكىنە؟

تۆر ئۆينىڭ ئىشىكى ئىچىدىن تاقالمىغانىدى، ئۇ ئىشىكنى بوشلا ئىتتىرىپ ئىچىگە كىردى. كىردىيۇ، ئىچىدىكى مەنزىردىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. خەن خانىم يوتقانغا پۇركىنىپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى، خەن زىچى ئورۇندۇقتا قاتتىق خورسىنىپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدى سىلەرگە؟ — خەي هاما كۇلۇپ تۇرۇپ سورىدى. ئۇ: «بۇ ئىككىيلەن ئون يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى دېيىشىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغانىدى. شۇڭا ئارىدىكى قاتمال كەيپىياتنى يوقاتماقچى بولۇپ دېدى، — خەن ئەپەندى قايتىپ كەلسە، بۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىشقۇ! يۇرۇڭلار، يۇزۇڭلارنى يۇيۇڭلار، ناشتا قىلىمىز!

ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى جاۋاب بەرمىدى.

— نېمە زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرىسىلەر؟ سوقۇشۇپ قالغان چۆجە - خورازلاردەك ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭلارنى قاراڭلا! زادى نېمە دېيىشكەنتىڭلار؟ نېمە بولدى سىلەرگە؟ تيەنشىڭنىڭ ئانىسى، نېمە گەپ بولسا ئەتە دېيىشسەڭلا بولمامدۇ؟ بۇنداق خۇشاللىق كۇنلەردە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟

— ئاچا، — دېدى خەن خانىم ياشلىرىنى سۇرتكەچ كەينىگە بۇرۇلۇپ، — تيەنشىڭ بىرنەرسە يېدىمۇ؟

— بۇرۇنلا يېگەن، مەكتەپكە يولغا سېلىۋەتتىم! نېمە پەرىشان ئولتۇرىسىلەر؟

— سىز تامىقىڭىزنى يەۋېرىڭ، بىز بىلەن چاتىقىڭىز بولمىسۇن. ئەنسىرىمەڭ، ئۇرۇشۇپ قالغىنىمىز يوق. بۇ يەردە بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىمىز. تامىقىڭىزنى يەپ بولۇپ ئارمىڭىزنى ئالارسىز. بىز بىلەن چاتىقىڭىز بولمىسۇن، بىزنىڭ

يەنە دېيىشىدىغان گەپلىرىمىز بار!

خەي ھامما لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ مەشكە كۆمۈر سېلىپ ئۈستىگە چەينەكنى قويغاندىن كېيىن: «ھەي، بۇلار مەندىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتىدىغۇ دەيمەن، مېنىڭ قىلىشىمۇ ئۆز ئاچىسى بولمىغاندىن كېيىن بەرىبىر يات كۆرىدۇ ـ دە!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىردى، ئەمما تاماققا پەقەتلا زوقى تارتمىدى.

شۇ ئارىدا كىمدۇ بىرى دەرۋازىنى قاقتى.

خەي ھامما يەۋاتقان تامىقىنى ئالدىراپ قويۇپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا چەت ئەلچە كىيىنگەن، ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى كۆتۈرۈۋالغان ياش بىر ئايال تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە چىرايلىق بىر پىكاپ كەينىگە بۇرۇلۇۋاتاتتى، كوچىدا يەنە بىرقانچە خورۇم چامادان قاچىلانغان بىر رىكشىمۇ بار بولۇپ، رىكشىچى ئارغامچىنى يېشىۋاتاتتى. خەي ھامما ھەيران قالدى.

— ھامما، مەن قايتىپ كەلدىم! — ھېلىقى ئايال خەي ھاممىغا ئۆزىنى ئېتىپ بار ئاۋازى بىلەن يىغلاشقا باشلىدى.

خەي ھامما شۇندىلا ئېسىگە كەلدى.

— ۋۇي، بۇ يۇئېر خانقىز ئەمەسمۇ؟ تېخى تۈنۈگۈنلا سىزنى شاڭخەيدە دەۋاتامتى؟ يەنە ئىككى كۈندە يېتىپ كەلگۈدەك دەپ ئويلاۋاتسام بىردەمدىلا كېلىپ بوپسىز. ۋۇي، بۇ كىمنىڭ قىزى؟ سىرتتا تالالىق بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرۈپسىز ـ دە. بالىڭىزمۇ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. قارىمامسىز، تيەنشىڭنىڭ دادىسىنىڭ بۇنى بىزگە دەپمۇ قويمىغىنىنى. تونۇيالمىغىلى تاس قاپتىمەن.

لياڭ بىڭيۇ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ پۇتى بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغانىدى. خەي ھامما لياڭ بىڭيۇنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— قاراڭ، بالىڭىز سىزگە نېمانداق ئوخشىغان، بولماقتەك! كېلىڭ، قىزىم. مەن سىزنى بىر كۆتۈرۈۋالاي.

— قىزىم. . . بۇ ئاپاشنى هاما دەپ چاقىرىڭ. . . — دېدى لياڭ بىڭيۇ.

— هەئە، شۇنداق چاقىرسۇن، تىيەنشىڭمۇ شۇنداق دەيدۇ. تولۇق ئىسمىمنى چاقىرمىسىمۇ بولىدۇ، — خەي هاما شۇنداق دېگەچ كۈلۈپ تۇرۇپ كىچىك قىزنىڭ يۈزىگە سۆيدى.

— هاما، ياخشىمۇ سىز! — قىز ئويماقتەك ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنى تاتلىققىنا چاقىردى.

— ياخشى، ياخشى! — خەي هاما قىزنىڭ تاتلىق گېپىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، — گېپىدە يەنە چەت ئەلچە پۇراق بار ئىكەن - هە! قىزىم، دادىڭىز نېمىشقا كەلمىدى؟

— دادام تۈنۈگۈن بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەن. ئانام، بېرىپ دادىڭىزنى ئىزدەيلى، دېگەندى. . .

— ئەمىسە ئۇنى تېز چاقىرىپ كېلەيلى. يېڭى كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشى تازىمۇ خۇشاللىق ئىشتە!

ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان رىكشىچى ئاخىر ۋارقىردى:

— خانىم، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى نەگە چۈشۈرىمەن؟

— ئاپلا، ماۋۇ ساراڭلىقىمنى! خۇشلۇقتا سىرتتا بىر نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى خەي هاما ئالدىراپ، — ئەمىسە ئېغىر كۆرمەي نەرسە - كېرەكلەرنى ئاۋۋال جەنۇبتىكى ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىڭ، كېيىن ئۆزىمىز ئاستا - ئاستا جىمىقتۇرۇۋالارمىز. هەي، دىققەت قىلىڭ جۇمۇ، ئىچىدىكى نەرسىلەر چېقىلىپ كەتمىسۇن. . .

رىكشىچى خەي هامىنىڭ كۆرسەتكەن يېرىگە نەرسە - كېرەكلەرنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، لياڭ بىڭيۇدىن پۇلىنى

ئېلىپ كېتىپ قالدى. خەي هامما دەرۋازىنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن خۇشال هالدا ئۇلارنى باشلاپ ئىچكەركى ئۆيگە ماڭدى، — يۇئېر ئون يىلدا ئوبدانلا قېرىلىق يېتىپتۇ جۇمۇ، سىرتتا كۆنە-ڭىز خاتىرجەم ئۆتمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

لياڭ بىڭيۇ ئۇنىڭ گېپىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تونۇش قورۇغا قارىغىنىچە ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. . . چۈشى-دىمۇ نەچچە رەت خىيال قىلغان نەرسىلەر ئەمدى ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى.

— بۇ يەر بەك چىرايلىقكەن! — قىز ئانىسىنىڭ قۇچىقى-دىن پىلتىڭلاپ چۈشۈپ ۋادەككە ئېسىلغىنىچە يۇگۈردى، غەر-بىي هۇجرا ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى، — ئانا، جۇڭگولۇقلارنىڭ باغچىسى مۇشۇنداق بولامدۇ؟ بىزنىڭ ئۆيىمىز قەيەردە؟ مۇشۇنىڭدەك ياخشىمۇ؟

— مۇشۇ. . . بىزنىڭ ئۆيىمىز. . . — لياڭ بىڭيۇ ياش-لىق كۆزلىرى بىلەن قىزىغا تىكىلىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرى-نى كۆرگەندەك بولدى. ئۇھ، ئارزۇ قىلغان ئۆيگە ئۇ يەنە قايتىپ كەلدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە؟ قىزىمىز سىرتقا ياتلىق بولغىنى بىلەن ئۆيى يەنە مۇشۇ يەردە، — دېدى خەي هامما خورسىنىپ، — ئەمدى بۇرۇنقىدەكلا غەربىي هۇجرىدا تۇرۇڭ، ئۇ ئۆيدە بۇرۇن ئۆزىڭىز تۇرغان ئەمەسمۇ. ئالدىنقى قېتىم يازغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىلا تيەنشىڭنىڭ ئانىسى ماڭا سىزنى كەلگۈچە تۇرىدىغان يېرىنى تەق قىلىپ قويايلى، دەپ غەربىي هۇجرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان. . .

— هەدەم قېنى؟ . . . — لياڭ بىڭيۇ ئىككىلىنىش ئىچىدە جايىدا توختاپ قالدى.

خەي هامما تۇمشۇقى بىلەن شىمالدىكى هۇجرىنى ئىما قىلدى:

— ئىككىسى بىر - بىرىگە ماي تارتىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەي غىجىلىشىپ ئولتۇرغىنىنى بولارنىڭ. بىر كىچە ئۇخلىمىدى.

لياڭ بىڭيۇ شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇۋالدى، يۈرىكى ئىختىيارسىز لەپپەڭلەپ كەتتى.

خەن خانىم قورۇدىن كېلىۋاتقان ناتونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال كارىۋاتتىدىن چۈشتى ـ دە، تۆر ئۆيدىن چىقىپ پېشايۋان ئاستىغا كەلگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، يۈئېر ھويلىدا ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى.

— يۈئېر! — بۇ ئاۋاز خەن خانىمنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ناھايىتى ھەسرەتلىك چىقتى. ئۇ تاش پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سىڭلىسىنى چىڭڭىدە قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۆرۈپ دېدى، — يۈئېر، يۈئېر، شور پېشانە سىڭلىم! كەتمىسەڭ بوپتىكەن! باشتىلا كەتمىسەڭ بوپتىكەن!

— ھەدە! — يۈئېر ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە خەن خانىمنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى، — مانا قايتىپ كەلدىمغۇ، ئەمدى كەتمەيمەن، ھەرگىز كەتمەيمەن!

چوڭقۇر قېرىنداشلىق مۇھەببىتى بۇ دەقىقىلەردە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە بولغان سېغىنىشلىرىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيتتى، باشقا ئىشلارنى تامامەن ئېسىدىن چىقارغانىدى. ئاچا ـ سىڭىل دېگەن بەربىر ئاچا ـ سىڭىلدە!

خەي ھامىمۇ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرى سۈرتتى. ئۇنىڭ ئەتىگەنكى غېرىبلىق تۇيغۇسى نەگىدۇ يوقىلىپ، يۈرىكى كۆز ئالدىدىكى تەسىرلىك مەنزىرىدىن لەرزىگە كېلىۋاتاتتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەن يىغىسىنى باسالماي تۆر ئۆيگە قاراپ ماڭدى. لياڭ بىڭيۇنىڭ يېنىدا ماڭغان ھېلىقى كىچىك

قىز تۆۋەن ئاۋازدا سورىدى:

— ئانا، ئۇ كىم؟ ئۇمۇ ماڭا هامما بولامدۇ؟

خەن خانىم شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ قىزغا قارىدى.

— ياق، بۇ سېنىڭ... چوڭ ئاپاڭ بولىدۇ... — دېدى لياڭ بىڭيۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك.

— چوڭ ئاپا، ياخشىمۇ سىز! — كىچىك قىزچاق هەممە ئادەمگە شۇنداق قىزغىن گەپ قىلاتتى.

قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان بىر خىل ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى خەن خانىمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى. قارا بۇ شۇمتەكنى! ئارىغا ئۇنىڭەن شۇمبۇيىغۇ بۇ! ئەمما، ئۇ بۇ ئۆچمەنلىكنى چىرا-يىدا ئىپادىلەپ قويسا بولمايتتى. خەن خانىم چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتتى:

— بەك ئوماقكەنسىز. مەن سىزگە ئامراق بولۇپ قالدىم. چوڭ ئاپىڭىزنىڭ ئۆيى ياخشىمىكەن؟

هەدىسىنىڭ ئۇرغۇلۇق قىلىپ: «چوڭ ئاپىڭىزنىڭ ئۆيى» دېيىشىنى ئاڭلاپ لياڭ بىڭيۇ غىققىدە بولۇپ قالدى. ئەمما، ئىككى ياشلىق قىز بۇ گەپنىڭ تېگىدىكى مەنىنى سېزەلمىدى.

— هەئە، چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيى بەك ياخشىكەن! — قىز شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پەلەمپەيدىن چىقىپ تۆر ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە هەممە نەرسىگە قىزىقىپ قاراشقا باشلى-دى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ياندا بىر ئىشىكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ تونۇش بىر چىراينى كۆردى، كۆردىيۇ خۇشاللىقىدا توۋلىۋەتتى:

— دادام بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ، دادا!

جايىدا ئۆلۈكتەك قىمىر قىلماي ياتقان خەن زىچى هودۇ-قۇش ئىچىدە بېشىنى كۆتۈردى.

«دادا!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىسسىق سۇ تەييارلاۋاتقان خەي هاممىنىڭ قولىدىن داس تاراڭڭىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى:

«ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە ئىش ئەمدى!»

خەن خانىمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

— ئاچا! — دېدى ئۇ خەي ھاممىغا قاراپ، — ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرگەنسىز، ئىش بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ئەمدى سىزدىن يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار سىرتتا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ئۆيگە بالا كۆتۈرۈپ كەلگۇدەك بوپتۇ. بۇ ماڭا ئەمدى نېمە كۈن؟

— بۇ... — خەي ھامما گەپكە ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، چىرايى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

خەن زىچى بىلەن سىرتتا تۇرغان لياڭ بىڭيۇنىڭ ئارىسىنى بىر تام ئايرىپ تۇراتتى، ئۇلار بىر - بىرىگە ئۈنسىز قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشقانىدى.

كىچىك قىزچاق ئۇياق - بۇياققا قارىۋېتىپ:

— دادا، ئانا، چوڭ ئاپام بىزنى قارشى ئالامدىكەن؟ ئۇ تېخى بايا مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىغۇ!

— ئاچا، ئاڭلىدىڭىزمۇ! — خەن خانىمنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — مۇشۇنداق «دادا»، «دادا» دەپ چاقىرىۋەرسە مەن قانداق چىدايمەن؟

قىز قورقۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئانا، قورقۇۋاتىمەن... — دېدى قىز لياڭ بىڭيۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ.

لياڭ بىڭيۇ قىزنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن خەن خانىمغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— ھەدە، گەپ بولسا ماڭا دە، كىچىك بالىنى قورقۇتما، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق...

— ماقۇل، — دېدى خەن خانىم سوغۇقلا، — سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار يوق، مېنىڭ گۇناھىم بار. ئاجىزكەن، يېتىم ئىدىكەن دەپ بېقىپ قويغان گۇناھىم بار. ئەمدى بۇ نېمە سەتچى-

لىك. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنى بىر تىيىن
قىلدىم، تۇپراقنىڭ ئاستىدا ياتقان قېرىنداشلىرىمنىمۇ گۆرىدە
جىم ياتقۇزمىدىم، ھەممىسى مېنىڭ گۇناھىم!

— ھەدە، ھەدە. . . — لياڭ بىڭيۇنىڭ كۆز ياشلىرى
تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى، — مەن شۇنچە يىراق يەردىن سېنىڭ
سېسىق گەپلىرىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلمىدىم. . .

— مەن سېسىق گەپ قىپتىمەنما؟ ئۇيات دېگەننى بىلەم-
سەن سەن؟ قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ بۇ ئۆيگە؟ — خەن
خانىم سىڭلىسىغا گەپ بەرمەي تېخىمۇ كۈچەشكە باشلىدى، —
نېمىدەپ قايتىپ كەلدىڭ؟ ماڭا ئۆزۈڭنى كۆز ـ كۆز قىلغىلى-
مۇ؟ ئۆيىمىزنى ۋەيران قىلغىلىمۇ؟ خەن زىچىنى مېنى تالاق
قىلىۋېتىشكە كۈشكۈرتۈپ كۈنىمىزنى ئوبدان ئالىمىز دېيىشكەن-
مىدىڭ؟ مېنىڭ تۆپەمگە توقال بولاي دېگەنمىدىڭ؟

خەن زىچى ئەمدى جايىدا ئولتۇرالماي قالدى، غەزەپ بىلەن
ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— بىئېر، نېمە دەۋاتىسەن؟

— ھەدە. . . — لياڭ بىڭيۇمۇ ئاچىسىنىڭ گەپلىرىگە
چىدىيالماي قالدى، — ھەدە، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت
قىل. . .

— غۇرۇر؟ غۇرۇر دېگەن نېمە؟ يوغان گەپ قىلىشنىلا
بىلىپ ئادەمدەك ئىش قىلمىسا غۇرۇر ھېسابلىنامدۇ؟ — خەن
خانىم كەينىگە بۇرۇلۇپ خەن زىچىگە ئالايدى، — تېخى گەپ
قىلمىسام سىز نېمە دەپ ۋالاقشىيسىز؟

— ئاھ خۇدا! — خەي ھاما نېمە قىلارىنى بىلمەي قال-
دى، — جاڭجىلىڭلار تۈگىمىسە مەن زادى قايسىڭلارغا نەسى-
ھەت قىلاي؟ بىرەر ئېغىز گەپتىن قالساڭلار بولمامدۇ؟ بولغۇ-
لۇق بوپتۇ، ئەمدى جېدەل قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ گەپ بولسا
چىرايلىق دېيىشىڭلار، ياندا قولۇم ـ قوشنىلار بار. . .

— ئاچا، مەنمۇ جېدەل سېغىنىپ قالغىنىم يوق! مەن خەقنىڭ يۈزىنى بەك ئايايمەن. لېكىن، بىرەر ئىش بولمىسا مەندەك ياخشى ئادەم يوق، كىمكى مېنىڭ بېشىمغا دەسسىمەكچى بولىدىكەن، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايمەن، — ئاچچىقتىن خەن خانىمنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتتى، كۆزلىرىدىن غەزەپ چاچرىتاتتى.

خەي ھامما قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى:

— تيەنشىڭنىڭ ئانىسى، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن، يۇئېر ئۆزىمىزنىڭ قىزىغۇ...

— ئاچا، بۇ گەپچە مەن بۇلارنىڭ تۇتۇۋالغان ئۆيىگىمۇ كۆڭۈل بۆلسەم بولىدىكەن - دە؟ — خەن خانىمنىڭ كۆز چانىقىدا ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالدى. ئەمما بۇلارنىڭ ئالدىدا يىغلاپ بەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ چىشىنى چىڭ چىشلىدى ۋە زەردە بىلەن دېدى، — بۇ ئىشنى سىرتتا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ مەن بۇ شەرمەندىچىلىكنى ئۇنتۇپ كېتەي، سىزمۇ ھېچكىمگە تىنماڭ. ھەتتا تيەنشىڭمۇ بىلىپ قالمىسۇن. بالامنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ ۋىجدانسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ئەگەر بىر ئېغىز تىنىدىغان بولسىڭىز ئاچا - سىڭىللىقتىن كېچىشىپ كېتىمەن جۇمۇ!

— مەن ئۇ گەپلەرنى نەدە تۇرۇپ دەيتتىم؟ بولدى، بۇ گەپلەرنى گۆرۈمگە بىللە ئېلىپ كېتەي، — خەي ھامما چىرايىنى تۇرۇپ قەسەم قىلغاچ دېدى، — لېكىن ئۇنى قاچانغىچە يوشۇرالارمىز؟ ئۇ چوپچوڭ ئادەم تۇرسا، نەگە جىمىقتۇرىمىز؟

لياڭ بىڭيۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز تىترەك قاپلاپ كەتتى. مېنىڭ نەرسە - كېرەكچىلىك يۈزۈم قالمىدىمۇ ئەمدى؟ قايتىشقا نېمانچە ئالدىراپ كەتكەن بولغىيدىم، ئۆيدە پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك يېرىم قالمىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن؟

— يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى خەن خانىم ئە-
شەنچ بىلەن، — قىزنىڭ ئانىسىنى يوقلاپ كېلىشى يوللۇق
ئىش. باشقىلارغا ئۇنى، ياتلىق بولۇپ بوپتۇ، ئېرى سىرتتى-
كەن، بۇ يەرگە ئاچىسىنى يوقلاپ كەپتۇ، دەيلى.

— ھامان «كېسىلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دې-
گەندەك ئىش بولىدۇ. قاچانغىچە يوشۇرالارمىز؟ — خەي ھامما
خەن خانىم ئوتتۇرىغا قويغان پىلاننى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوي-
لىنىشقا باشلىدى، — ياق، بۇ پىلان بولمايدىكەن. ئۆيدە چوڭ-
چوڭ بولۇپ قالغان قىزى تۇرسا، ئۇ ھە دېسە «دادا، دادا»
دەپ چاقىرىۋەرسە. . .

— گېپىنى ئۆزگەرتسەك بولمىدىمۇ؟ تاغا دەپ چاقىرسىمۇ
بولىدۇ، ئىشقىلىپ «دادا» دېمىسىلا بولغىنى! — خەن خانىم
خېلىلا ئەتراپلىق چوت سوقۇپ قويغانىدى.

— نېمىشقا مېنى «دادا» دەپ چاقىرغىلى قويمايدى-
كەن؟ — دېدى قىزچاق يىغلاپ، — دادامنى ھەرگىز تاغا دېمەي-
مەن. . .

بالىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغان لياڭ بىڭيۇ ياشلىق كۆزلىرى
بىلەن بىر خەن خانىمغا، بىر خەي ھاممىغا قارىدى:

— ئىسىت، ۋاي ئىسىت! مەن، ئۇرۇش رەھىمسىز
بولىدۇ، ئۇرۇش داۋامىدا ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتى بىر - بىرىگە
تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، ئۇرۇشتىنمۇ رەھىم-
سىز بولىدىغان نەرسىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن.
مېھىر - مۇھەببەت، ئادەمگەرچىلىك دېگەنلەر نەدە قالدى؟ سى-
لەر ئىككى ياشلىق بىر بالىنىمۇ پاتۇرمامسىلەر؟ ئۇنىڭ شۇنچى-
لىك ياشاش ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋالامسىلەر؟ يا ئۇ مەن بىر يەردىن
ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسە - كېرەك بولمىسا، ئادەم تۇرسا. ئۇ
خەن زېچىنىڭ قىزى، ئەلۋەتتە ئۇنى «دادا» دېيىش ھوقۇقى
بار.

www.uyghurkitap.com

— دادا. . . — شۇ گەپ بىلەن تەڭ قىز يىغلاپ بارغىنىچە دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. خەن زىچى قىزىنى قۇچىقى-غا ئېلىپ ئۇنىڭ يۇمشاق، رەتسىز چاچلىرىغا يۈزىنى ياقتى.

— قاراڭلار، دادىسىغا بەك ئامراقكەن ئەمەسمۇ! — قىل-غان پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلغان خەي ھامما ئىختىيار-سىز يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ھە، تېخى سېنىڭ خېلى گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ — خەن خانىمنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى يەنىلا لياڭ بىڭيۇ ئىدى، — چەت ئەلدە زادى قانداق كىتاب ئوقۇغانىدىڭ، مۇشۇنداق يۈزى قېلىن بولۇپ كەتكۈدەك؟ يوشۇرۇن بالا تۇغۇپ يۈزۈڭ يورۇق بولۇپ كەتتىمۇ؟ دېگەن گەپلىرىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي. ئۇ تېخى خەن زىچىنىڭ قىزىمىش. ئەمىسە سەن خەن زىچىنىڭ خوتۇنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە! — لياڭ بىڭيۇ ئويلىمىغان يەردىن تولىمۇ ئىشەنچلىك ئاھاڭدا دېدى.

— نېمە؟ مۇشۇ گەپنى سەن دەۋاتامسەن؟ — خەن خانىم-نىڭ غەزىپى قايتىدىن قايناپ تاشتى، — سەن. . . ئەمىسە مەن ئۇنىڭ نېمىسى؟

— بىلمەيمەن، — دېدى لياڭ بىڭيۇ، — مەن ئۇنى سۆيە-مەن. ئۇمۇ مېنى سۆيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىلىق بولدۇق. ئىشنىڭ جەريانى مانا مۇشۇنداق ئاددىي! ساڭا كەلسەك، مەن سېنىڭ پەقەت ھەددەم ئىكەنلىكىڭنىلا، خەن زىچىنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنى ئىكەنلىكىڭنىلا بىلىمەن. لېكىن ئۇ دېگەن ئۆتمۇش!

— ۋاي ئۆلەي، ماۋۇ يۈز قېلىنىنىڭ ھە دېسە «سۆيۈش» دەپ كەتكىنىنى! ھەي، ئۇيالساڭچۇ! — ئەمدى پەقەتلا چىدىيال-ماي قالغان خەن خانىم لياڭ بىڭيۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى، — مېنى نەگە قويدۇڭ. توغرا، ئۇ سېنى سۆيىدۇ، بەك سۆيىدۇ. خەن زىچى، كېلە، ئۇنى ئوبدان سۆيۈۋال!

قىزنىڭ بېشىغا بېشىنى قويۇۋالغان خەن زىچى تىترەپ

تۇرۇپ ئۇنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى.

خەي هامما خەن خانىمنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى:

— بۇنداق قىلماڭ، قول سالسىڭىز بولمايدۇ. يۇئېرمۇ چوپچوڭ بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا پەقەتلا چىدىمايتتىڭىزغۇ...

— تولا ماڭا تارىخ سۆزلەپ بەرمەڭ، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس! — خەن خانىمنىڭ قەلبىدە نەپرەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيەتتى، ئەمما سىڭلىسىنى ئۇرۇپ بولۇپ يۇرىكى ئىختىيارسىز ۋىژژىدە ئېچىشىپ، ئۇرۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

لياڭ بىڭيۇنىڭ ئاپئاق يۇزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قېپقالدى. ئۇ ئوتتەك قىزىپ كەتكەن مەڭزىنى تۇتۇپ خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئازاب ئىچىدە ئېغىز ئاچتى:

— هەدە، ئەگەر ماڭا بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولساڭ، مەيلى ئۇر. ئەگەر ئۇرۇش بىلەن ئۆچىڭنى چىقىرالىساڭ يېنىكلەپ قالىسەن، مەنمۇ سېنىڭ كۆڭلۇڭنى رەنجىتىپ قويغىنىم ئۇچۇن ئازابلىنىپ يۇرمەيمەن. هەدە، مېنى كەچۇرگىن، مەن قەستەن ئېرىڭنى تارتىۋالمىدىم. ئۇرۇش هەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن ـ ئۇستۇن قىلىۋەتتى. ئۇرۇش تارىخنى ئۇزۇپ قويدى. بىز مۇشۇ كۇنگە ئۇلىشالايدىغانلىقىمىزنى، بۇ ئۆينىڭ ساق ئىكەنلىكىنى، سەن بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغا كەلتۇرمىگەن. ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. بىزنىڭ يېڭىدىن قۇرغان ئائىلىمىز هەر هالدا ساق قالدى، بالىمىز ئۆلۇپ كەتمىدى. بۇ بەلكىم ئالالانىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتىدۇ، بەلكىم بىز ئىبلىسنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەندىمىز. بولمىسا بېيپىڭدا يەنە بىر ئائىلىمىز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولاتتۇق. خەقنىڭ يۇرتىدا قېقىلىپ سوقۇلۇپ يۇرۇۋېرىپ، خەقنىڭ هامىيلىقىدا ياشاۋېرىپ بۇ ئائىلىمىزنى بەك سېغىندۇق، سېغىنىپ ساراڭ بولاي دەپ قال-

www.uyghurkitap.com

دۇق. مېنىڭچە، بۇ ھېسسىياتىمىزنى سەنمۇ چۈشىنىسەن. لون-
دون بومباردىمانىدا پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمىدى، تېزلا ئەسلىگە
كەلدى، بىزگىمۇ پۇت دەسسەيدىغان يەر چىقتى. لېكىن، ئۇ
يەردە تۇتقان ئۆي ھامان ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمايدىكەن!
تيەنشىڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەردە بىر
كۈنمۇ تۇرغۇمىز كەلمىدى. ئۆيىنى قايتۇرۇۋەتتۇق، مەن خىز-
مىتىمدىن ئىستېپا بەردىم. مىڭ تەسلىكتە ساقلاپ يۈرگەن نەر-
سىلىرىمىزنىمۇ قايتۇرۇپ ئەكەلدۇق. ھېچقانداق چېكىنىش يو-
لى قالدۇرمىدۇق. چۈنكى بىز ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق دەپ
ئويلاپتىكەنمىز! . . .

يۈئېرنىڭ گەپلىرى ئورۇندۇقتا ئاچچىق ھاسىراپ ئولتۇر-
غان خەن خانىمنى تېخىمۇ بەكرەك بىزار قىلىۋەتتى. توغرىرا-
قى، ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى ھەم دېگەندەك چۈشى-
نىپ كەتمەيتتى. ئۇ: «بىر ھېسابتا يۈئېرنىڭمۇ دېگىنى توغرا»
دەپ ئويلىدىيۇ، يەنە ھېسداشلىق قىلىش ئويىدىن دەرھاللا ۋاز
كەچتى. ئوقۇغان ئادەم بولغاندىكىن گەپكە ئۇستا كېلىدۇ،
تاشنىمۇ ئېرىتەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭكىنى خاتا دېمەيدۇ ـ دە!
ئەمدى مەن ساڭا ئىچ ئاغرىتسام بولامتى؟ يىغلىساملا ئاچامنى
ئېرىتىمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ھىم، ئوخلاپ چۈشۈڭ!

— تولا ماڭا ۋەزخانلىق قىلما! قايتىپ كەلگىنىڭگە پۇشاي-
مان قىلىۋاتامسەن؟ ئۇنداق ئادەم باشتا نېمە ئىش قىلغان؟ نېمە
دەپ قايتىپ كەلگەن؟

— راست، نېمىشقا قايتىپ كەلگەن بولغىيدىم؟ — دېدى
لياڭ بىڭيۇ ئۆزىگە سوئال قويغاندەك. راستىنى دېگەندە، نې-
مىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بۇ يەردە
تۇرالارمۇ؟ ئارقىغا قارىسا ھاڭ، ئالدىغا قارىسا مەزمۇت بىر تام
تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇلارنى زادى ئويلىمىدىمۇ؟ ياق، ئويلىدى، شۇن-
داق بولغىنى ئۈچۈنلا يۇرتىغا يېقىنلاپ كەلگەنسېرى قورقۇنچ،

تەشۋىشتىن قۇتۇلالمىدى، ھەر بىر قەدەمنى باسقان چېغىدا، ئۇنىڭ ۋەزنىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «بىلىمدان» قەسرى يالغۇز خەن زىچى بىلەن ئۇنىڭلا ئۆيى ئەمەس، يەنە لياڭ جۇنبىنىڭمۇ ئۆيى. لياڭ جۇنبى يالغۇز ئۇنىڭ ئاچىسىلا ئەمەس، يەنە خەن زىچىنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولارمۇ؟ ئۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى كەلگەن چېغىدا ئىككىلىنىش ئىچىدە بوسۇغىدىن قەدەم باسالمىغان ئەمەسمىدى؟ «بۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆيى تۇرسا، خەن ئاكام بىلەن ھەدەم مېنى كۈتۈۋاتقان تۇرسا» دېگەن چوڭ ئۈمىد بىلەن ئىككىلىنىشلەردىن قۇتۇلۇپ غەيرەت بىلەن كىرگەن ئەمەسمىدى؟ بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ ئۇنى ئاچىسى نەپرەت، يىرگىنىش بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە تۇتسا بولىدىكىن؟

— ئىسىت، كەلمىسەم بوپتىكەن، — دېدى لياڭ بىڭيۈ تىترەپ تۇرۇپ.

مېھمانخانىدىكى مەشكە سېلىنغان يوم كۆمۈر ئۆي ئىچىنى ئوبدانلا ئىسسىتقانىدى. مەشنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان چوڭ مىس چەينەكتىكى سۇ قايناۋاتاتتى، چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن ئاپئاق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— بولدى، سۆزلىمەڭ. ئادەمنى شۇنداقمۇ تەتۈر قىيىندىغان بارمۇ. قايتىپ كېلىشنى مەن دېگەن... — خەن زىچى نۇرسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە تۇرۇپ قالغان لياڭ بىڭيۈگە قاراۋاتقان چاغدا، كۆڭلى بەكلا بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇ كەلگەن پېتى چەينەكتىن بىر پىيالە چاي ئالدى ۋە ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم چامداپ لياڭ بىڭيۈگە قارىدى.

— قالتىس ماسلىشىدىكەنسىلەر - ھە، — دېدى خەن خانىم خەن زىچىگە يالتىيىدە قاراپ قويۇپ، — نېمىشقا بۇنداق ئەقىلنى كۆرسەتتىڭىز؟ قايتىپ كېلىشمىسەڭ بولماتتى؟

— تېيەنشىڭنىڭ ئانىسى، ئىككى ئېغىز گەپتىن قالسىڭىز بولمامدۇ! — خەي ھامما كىمگە يان بېسىشنى، كىمگە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەي ئوتتۇرىدا خىجالەت ئىچىدە پېتىراپ كېتىۋاتاتتى. خەن خانىم سەل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خەي ھاممىنىڭ تۇرۇپلا لياڭ بىڭيۇگە ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىدىن يۆلىگىنىچە شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغۇزدى، — يۈئېر سىڭلىم، چاي ئىچىڭ. قاراڭ، ئاغزىڭىزمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ. خەقنىڭ يۇرتىدا تۇرغان ئادەم ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىماي تۇرالامدۇ؟ سىرتتا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمدى ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىۋالدى. شۇنىڭغا شۈكۈر دېسەك بولىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، يۈئېر خانقىزنىڭ قايتىپ كەلگىنى توغرا بوپتۇ.

قەلبى ھەسرەت ئىچىدە قاتتىق ئۆرتىنىۋاتقان، ئاغزى قۇرۇپ كەتكەن لياڭ بىڭيۇ چاينى قولىغا ئېلىپ ئاستا سۇمۇرۇشكە باشلىدى. چاي ئېغىزى كۆيمىگۈدەك دەرىجىدە سوۋۇغاندىن كېيىن، قورققىنىدىن گەپمۇ قىلالماي قالغان قىزىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغىمۇ ئىچۈرۈشكە تۇتتۇندى. بۇ ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ سۇيىنى تۇنجى قېتىم ئىچىشى ئىدى. «ھەي-ي، بۇ كىچىككىنە بالىمۇ ئانىسى بىلەن تەڭ گەپ ئاڭلىدى - دە!» خەي ھامما خورسىنىش ئىچىدە شۇنداق دەپ ئويلىنىپ قالدى. بىر ئايلىق بولماي تۇرۇپلا دادىسى بىلەن قېچىپ كېتىپ ھازىرغىچە دېرىكى بولمىغان ئوغلىنى ئەسكە ئالدى، «سىرتتا جېنىنى قانداق جان ئېتىۋاتقاندۇ» دەپ ئويلىدى. . .

— ئادەم خىيالىدىكى ئادەمنى ئويلىغانسېرى سېغىنىشى تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن! — دېدى ئۇ باش - ئاخىرى يوقلا، — بىزنىڭ جۇخۇي دادىسى بىلەن قايتىپ كېلەلەيدىغانلا ئىش بولسا، خوتۇن - بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلسىمۇ خۇش بولغان بولاتتىم. . .

— لېكىن، مەن سىزدەك ئۆنچىلىك كۆڭلى يوق ئادەم ئەمەس — دېدى خەن خانىم پەرۋاسىز بويىنىنى تولغاپ.

خەي هاممىا ئەمدى بىر تەرەپكە ياخشىچاق بولۇشنى ئويلاپ بىر نېمە دېمەكچى بولاتتىيۇ، يەنە باشقا بىر تەرەپنىڭ چىرايىغا قاراپ گەپ قىلاتتى:

— تيەنشىڭنىڭ ئانىسى، مەنمۇ سىزگە ياخشى گەپ قىلى-ۋاتىمەن. ئەھۋال بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندىن كېيىن ئىشنى ياخشى تەرەپتىن ئويلاڭ. ھەي-ي، مۇشۇ زاماننىڭ ئەرلىرى ئارىسىدا ئىككى - ئۈچتىن خوتۇن ئالغانلار كۆرمىڭ! نېمىلا دېگەنبىلەن، خەن ئەپەندى ئاۋۋال سىز بىلەن توي قىلغان، شۇڭا يۈئېر خانقىز سىزدىن كېيىن تۇرىدۇ...

ئەسلىدە خەي هاممىا بۇ گەپنى لياڭ بىگىيۇ ئۈچۈن ئەپۇ سورىدۇم، بۇنىڭغا خەن خانىم چوقۇم باش لىڭشىتىدۇ، مۇشۇ گېپىم بىلەن بۇ ئائىلىنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قالىمەن، دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن قىلغانىدى.

— ئاچا، سىز بەك بىچارىكەنسىز... — دېدى لياڭ بىگىيۇ ئويلىمىغان يەردىن خەي هاممىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ. ئۇ بۇ بىچارە، شور پېشانە ئايالنىڭ گېپىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى: جۇڭگودا ئايال بولۇپ ياشاش ئۈچۈن مۇشۇنداق نادان، ھېسسىياتسىز، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان، ئۆيىنىڭ خىزمىتىنىلا قىلىدىغان، تۇغسا، ئەرلەر-نىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقسا شۇنىڭغا رازى بولىدىغان بولۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ يەردە خەق مۇھەببەتنى ئەمەس، نىكاھنى، شەكلەن نىكاھنىلا تونۇيدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەرلەر ئاياللارغا شۇنداق قارايدۇ، ئاياللارمۇ ئاياللارغا شۇنداق قارايدۇ، — سىز... مې-نى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز؟ خەن زىچىنىڭ كىچىك خوتۇنى دەپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھە؟ سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ — خەي ھامما ئۇنىڭ سوئا-لىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە كىچىك خوتۇن بولغان تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەن بەرمەيدىغان بۇ خېنىمنىڭ گېپىنى زادىلا چۈشى-نەلمىدى، — ماڭا نېمىدەپ ئىچىڭىز ئاغرىغۇدەك؟ مەن سىزگە ئىچ ئاغرىتسام بولىدۇ تېخى.

— ھىم! — دېدى خەن خانىم ئاچچىقى بىلەن، — خەن زىچگە كىچىك خوتۇن بولۇشنى ئۇنىڭغا كىم قويۇپتۇ؟ ھۇ، نومۇسنى بىلمەيدىغان رەسۋا! جاھاندا ئاچا - سىڭىل بىر ئەرگە تېگىدىغان ئىش نەدە بار؟

— بولدى، بولدى! — خەن زىچى ئەمدى پەقەتلا تاقەت قىلالمىدى، باشلىرى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغ-رىيتتى. ئۇ گۈل چېكىلگەن قوش قاناتلىق ئىشىككە گۇمممىدە بىرنى ئۇرۇپ دېدى، — مېنى ئۆلسۇن دەمسىلەر؟

— سەن نېمىشقا ئۆلەتتىڭ؟ — دېدى خەن خانىم سوغۇق كۈلۈپ، — ئۆلگەندىن ياشىغان مىڭ ئەۋزەل. نوچى بولساڭ يەنە ئۈچ - تۆت خوتۇن ئېلىپ باقە! قانچىلىك يۈرىكىڭ باركىن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

بالىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان لياڭ بىگېۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئېنىق بولدى، ئەمدى ھەممىسى ئېنىق بولدى. بۇ ئىككى ساۋاتسىز ئايالغا رەھمەت، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بۇ ئۆيدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن رەھ-مەت. مۇھەببەت، ھاياتنىڭ قىممىتى، ياشاش ھوقۇقى، يۇرت مېھرى دېگەنلەرنى بۇلار چۈشىنەمتى؟

— يۈئېر! سىز كەتمەڭ. . . — ئىشىككە يۆلىنىپ قال-غان خەن زىچى تۇيۇقسىز ھودۇقۇش ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا توۋلىدى.

خەن خانىم شىرەگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— خەن زىچى!

لياڭ بىڭيۇ جايىدا توختاپ جىممىدە كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى قىزى دادىسىغا قاراپ ھە دەپ يۇلقۇناتتى:

— دادا!

— ئاھ خۇدا! — بىتاقەت بولغىنىدىن پۇت - قوللىرى بىر - بىرىگە تەگمەي قالغان خەي ھامما دەلدۈگۈنگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشتى، — بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق قىلارمىز؟...

«ئاھ خۇدا!» بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇدادىن بەخت، ياردەم تىلىگەندە قىلىدىغان ئىلتىجاسى ئىدى. مۇسۇلمانلار مۇرەككەپ ھېسسىياتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ ئۆزىنى تارتىۋالغىلى بولمايدىغان ھاڭغا ياكى پاتقاققا كىرىپ قالسا، ئۇلارغا تەقدىرىنى خۇداغا تاپشۇرماقتىن باشقا ئامال يوق، ھەممىگە خۇدا ئۆزى بىر نېمە دېسۇن!

باش باھارنىڭ قۇياشى سۇس بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ، خېلىلا تەپ پەيدا بولغان نۇرىنى قورۇغا سېپەتتى. مەيلى قىش قانچىلىك سوغۇق بولسۇن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باھار ھامان كېلىدۇ. قار - مۇزلار ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغان جانلىقلار قايتىدىن قەيسەرلىك بىلەن ئۆسۈشكە، بىخ تارتىشقا، چېچەكلەشكە باشلايدۇ.

تيەنشىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۆيدىكى جېدەلمۇ بېسىقتى. خەن خانىم غەزىپىنى بېسىۋالدى، لياڭ بىڭيۇ ئازابلىرىنى يوشۇرۇۋالدى. بۇ دەل لياڭ بىڭيۇنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان، ئۇلارغا «دادا، كىچىك ئاپا، تېز قايتىپ كېلىڭلار!» دەپ خەت يازغان تيەنشىڭ ئىدى. لياڭ بىڭيۇنىڭ تيەنشىڭگە بولغان مۇھەببىتى ئۆز قىزىغا بولغان مۇھەببىتىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ دەل تيەنشىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراش كەلگەن ئەمەسمىدى؟

ھەممەيلەننىڭ قورسىقى تازا ئېچىپ تۇرغاندا، تيەنشىڭنىڭ

غەلۋىسى بىلەن تاماق ئېتىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە يىرىم كۈن دەرس ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، تيەنشىڭ تاماقتىن كېيىن دەرس-كىمۇ بارمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا سىڭلىسى بىلەن ئوبدان ئوينىۋې-لىش پۇرسىتى چىققانىدى. كىچىك ئاپىسىنىڭ قىزى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىڭلىسى بولاتتى. ئۇ خۇدا ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەندەكلا ياخشى بىر سىڭىلغا ئېرىشكىنىدىن قالتىس خۇش ئىدى.

ئىككى سەبىي بالا بىردىن قاتلىمىنى چىشلىگىنىچە نەقىش-لەنگەن ئىككىنچى دەرۋازىغا يۆلىنىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. تيەنشىڭ بۇ سىڭلىسىنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى شۇنچىلىك سۈزۈك، ئاق، ئاغزى كىچىك ھەم كىلاستەك قىزىل، كۆزلىرى چوڭ، ئاپقارا ئىدى. . . تيەنشىڭ دەماللىققا سىڭلىسىنىڭ كۆزىنى نېمىگە ئوخشىتىشنى بىلەلمى-دى، ئاق پوپايكىسىغا، قىزىل كۆڭلىكىگە زوقلىنىپ قارىغاچ: «ھاۋا سوغۇق تۇرسىمۇ كۆڭلەك كىيىدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى. قىز قېلىن پايپاق تارتىۋالغان پۇتلىرىغا چىرايلىق ئاياغ كىيگە-نىدى، بېشىغا چىرايلىق كېپىنەك تۇگۈن چىگىۋالغانىدى. تيەن-شىڭ: «بۇ سىڭلىم بەك چىرايلىق سۆزلەيدىكەن، جۇڭگوچە گەپنىمۇ، چەت ئەلچىنىمۇ بىلىدىكەن» دەپ ئويلىدى.

— سىڭلىم، قولىڭىزدىكى قاتلىما تەملىكمىكەن؟

— تەملىككەن. بۇ مەن يېگەن ئەڭ ياخشى نەرسە!

— بۇ گەپنى چەت ئەلچە نېمە دەيدۇ؟

— This is the food l took best.

— ئەجەب قىزىق دەيدىكىنا. چەت ئەلدە قاتلىما بارمۇ؟

— يوق.

— چەت ئەلدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆيلەر بارمۇ؟ — تيەنشىڭ ئىچكەركى ھويلىنى كۆرسىتىپ دېدى.

— يوق.

— چەت ئەلدە بۇنىڭغا ئوخشاش گۈللەر بارمۇ؟ — تيەن-

شىڭ ئايۋاننىڭ لەمپىسى ئاستىدىكى چىرايلىق سىرلانغان گۈل-لۈك رەسىمنى كۆرسەتتى.

— يوق.

— چەت ئەلدە بۇنىڭدەك سۈرەتلىك تام بارمۇ؟ — تيەنشىڭ سىرىق تېرەك ياغىچىغا ئويۇلغان سۈرەتلىك تامنى كۆرسەتتى.

— يوق...

— چەت ئەل ياخشى ئەمەسكەن، ئۇ يەردە ھېچنېمە يوق-كەن، — تيەنشىڭ مەغرۇر كۈلدى، — قاراڭ، بۇ تامدىكى كۆل، سۇ، ئۆي، بۇلۇتلارنى ئاجايىپ ئۇستا ئادەملەر ئويۇپ چىقارغان! ئاۋۇ ئۇستى تەرەپتىكى تۆت ئاينى كۆردىڭىزمۇ؟ تۆت ئاي بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ...

— ھە؟ ئاي؟ مەنمۇ ئايغۇ!

— ھە؟ سىز... ئايمۇ؟ ھە راست، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟

— شىنيۈ. يېڭى كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاي دېگەن مەنىدە... — شىنيۈ سۈرەتلىك تامدىكى قاپارتما نەقىشنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدە ئېسىلىپ تۇرغان ھىلال ئاينىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى، — مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

— ھە، بۇ سىزمۇ؟ سىزنىڭ ئىسمىڭىز شىنيۈ، مېنىڭ ئىسمىم تيەنشىڭ، ئاسماندىكى يۇلتۇز. بىز ئاسماندىكى قوشماق ئاداش ئىكەنمىز!

— نېمانداق ياخشى، — دېدى شىنيۈ قولىدىكى يېرىمى قالغان قاتلىمىنى چىشلەۋېتىپ، — ئاكامنىڭ ئىسمى بەك چى-رايلىقكەن!

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ چىرايلىقكەن، شىنيۈ...

— ئانامنىڭ دېيىشىچە، مەن تۇغۇلغان چاغدا، ئاسماندا ھىلال ئاي كۆتۈرۈلگەنىكەن...

سەبىي شىنيۇ ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا قانداق ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى، ئاشۇ بىر مەزگىللىك تارىخنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقايمايدىغان جاراھەت قالدۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى.

لياڭ بىڭيۇ غەربىي ھۇجرىدىكى كارىۋىتىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىز چېغىدىكى گۈزەل چۈشلىرىنى، توغرىراقى بۇزۇلغان چۈشلىرىنى ئەسلىتىدىغان چوڭ مىس كارىۋات، گىرىم ئۈستىلى، تىكلىمە ئەينەك، يېزىق ئۈستىلى... ھەممە نەرسە ئۆز پېتى ئىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى، تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلىشىنى كۈتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ قايتىپ كەلدى. لېكىن، قىز ھالىتىدە كېتىپ چوكان بولۇپ كەلدى، قىزلىق دەۋرى ئون يىل ۋاقىت بىلەن تەڭ ئۆتۈپ كەتتى، مەڭگۈگە يوقالدى. ھەممە نەرسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ھۇجرىمۇ ئۆز پېتى. لېكىن ئۇ ئۆزگەردى، تۇرمۇشنىڭ رىيازەتلىرىنى يەتكۈچە تارتقان ئوتتۇز ياشلىق چوكانغا ئايلاندى. باشقىلار ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان خوتۇن ۋە ئانا بولۇپ قالدى؛ بۇ ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىگە چۈشكەن مىتىگە، ئاچىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلاندى. ئۇنى مۇشۇنداق پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغىنى باشقا كىشى ئەمەس، دەل ئۆزى. ئۆزى ئەقلىنى ئىشلەتمىدى، ئازدى، تەگسىز ھاڭغا ئۆزى خالاپ كىردى، سىرلىق تورغا كىرىپ قالغىنىنى تۇيمىدى. كۆمۈتا ئۆمۈچۈك تورىغا كىرىپ قېلىپ جان تالاشقان چېغىدىلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك دۆتلۈك قىلغانلىقىنى سېزىدۇ، پەرۋانە ئوتتا كۆيۈۋاتقان چېغىدىلا ئۆزىنىڭ تەنتەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ، لياڭ بىڭيۇمۇ ئەمدى ھەممىنى چۈشەندى، لېكىن كېچىكىپ، تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەندى.

خەن زىچى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا، لياڭ بىڭيۇنىڭ

ئۆدۆلىدا ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسى گەپ قىلمايتتى. ئارىنى
ئېغىر جىمجىتلىق باسقانىدى.
— چى ئاكا، — خېلىدىن كېيىن لياڭ بىڭيۇ ئارىدىكى
جىمجىتلىقنى بۇزدى، — بىز چۈشىمىزدىمۇ خىيال قىلغان ئۆ-
يىمىز مۇشۇمۇ!
خەن زىچى ئارتۇق گەپ قىلماي ئۆھسىنىپ قويدى، خۇددى
ئازابلىرىنى يېنىكلەتكىلى بولىدىغاندەك تورۇق بېسىپ كەتكەن
يۈزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.
— مەن بەك دۆتكەنمەن، بۇ يەرنى تېخى مېنىڭ ئۆيۈم،
ئۇنى ھەدەم دەپ يۈرۈپتىمەن. ئۆزگىرىپتۇ، ھەممە نەرسە ئۆز-
گىرىپتۇ! بەك كۆلگۈم كېلىۋاتىدۇ، پاك ھېسسىياتىم ئۈچۈن
تۆلىگەن بەدەللىرىم يوققا چىقىپتۇ! ئون يىل... بەلكىم بۇ
جەرياندا بىزمۇ ئۆزگەرگەندىمىز؛ بېيىپكنى، بۇ ئائىلىنى تونۇ-
ماس بولۇپ قالغاندىمىز؛ ئۇلارمۇ بىزنى تونۇماس بولۇپ قالغان-
دۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مەن تولىمۇ بۇزۇق، شاللاق ئايال. مەن
سىزنى يامان يولغا باشلىغاننى ئاز دەپ يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ
قايتىپ كەپتىمەن...
— ئەمدى بۇ گەپلەرنى سىزمۇ دېگىلى تۇردىڭىزغۇ! —
خەن زىچى سەۋرسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — سىز
گۇناھسىز! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۈچۈن قىلدىڭىز. سىز...
— سىز ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىمغا ھەرگىز ئەپسۇسلان-
مايمەن. چۈنكى، سىز بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بۇ
دۇنيادا ھەقىقي سۆيىدىغان، مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغان كىشىنىڭ
پەقەت سىزلا ئىكەنلىكىڭىزنى سەزدىم، — لياڭ بىڭيۇ خەن زى-
چىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن باقتى، — سىزچۇ؟ سىز باشقى-
لارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىگەن مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن پۇ-
شايمان قىلامسىز؟
— ياق، — خەن زىچىنىڭ يەلكىلىرى تىترەپ كەتتى، —

پۇشايمان قىلمايمەن!

— مەنمۇ پۇشايمان قىلمايمەن! — لياڭ بىڭيۇ ھەر بىر سۆزىنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ، يېنىك، ئەمما ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى، — مۇھەببەت بەردىم ھەم ئوخشاشلا مۇھەببەتكىمۇ ئېرىشتىم، بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولدۇم. ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايمەن! باشقىلار ماڭا قانداق سوغۇق مۇئامىلە قىلسۇن، قانچىلىك ئېغىر گۇناھلارنى ئارتسۇن، مەيلى مېنى قارغىسۇن، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن! چۈنكى جاھاندا مېنى چۈشىنىدىغان، سۆيىدىغان ئادەم بار. مەن شۇنىڭدىن رازى...

ئىللىق بىر ھارارەت لياڭ بىڭيۇنىڭ، خەن زىچىنىڭ ۋۇجۇدىنى تەڭلا لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر خەن زىچىنىڭ قەلب ئېكرانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:

— مەن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىدىم، سىز ماڭا بىلدۈردىڭىز، ماڭا بىلدۈردىڭىز، ماڭا مۇھەببەت بەردىڭىز. بەلكىم تولىمۇ كېچىكىپ ئېرىشكىنىمىز ئۈچۈن مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ قىممەتلىك بىلىنىۋاتقاندۇ.

— راست دەيسىز، زىچى. ئۇنىڭغا بەك كېچىكىپ ئېرىشكىنىمىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. سىز ئولىۋېيېرنىڭ تەلىپىنى نېمىدەپ رەت قىلغانلىقىمىنى بىلىسىز. بەلكىم سىزگە تارتىشىپ رەت قىلغانمۇ بولغىيدىم. بۇ نۇقتىنى بىز بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھەقىقىي چۈشەندىم. ھازىر نېمىدەپ بالدۇرراق مۇھەببەتلەشمىگىنىمىز ئۈچۈن ئۆكۈنىمەن. تېخىمۇ بالدۇرراق... — لياڭ بىڭيۇ كەلمەسكە كەتكەن قىزلىق دەۋرىنى ئەسلەۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى.

— ئۇنداق بولۇشى... مۇمكىنمۇ دەيسىز! — خەن زىچى يېنىك خورسىندى، — ئۇ چاغدا ئۇمۇ... بار تۇرسا!

— ئۇ! — بىردەملىك شېرىن ھېسلار قاينىمىدا ئەللەيلە-
نىپ ئولتۇرۇپ قالغان لياڭ بىڭيۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال
ئېسىگە كەلدى، — سىز بىلەن. . . ئۇنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق
چىن مۇھەببەت بارمىدى؟

— ھە؟ سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ — خەن زىچى بۇ زىل،
ئەمما تولىمۇ قىيىن تېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولالمىدى، —
بىزنىڭ نىكاھىمىز ئوخشاش تەقدىر ئىچىدە ياشىغانلىقىمىز ئۈ-
چۈن بولغان. بىئېر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ
چوڭقۇر بىر ھېسسىيات بار. بۇنى ئېتىراپ قىلمىسام سىزنى
ئالدىغان بولىمەن. لېكىن، بۇ خىل ھېسسىيات ئۇستازىمغا
بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىمنىڭ داۋامى ۋە چوڭقۇرلىشىشى.
مەن بىئېرنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆردۈم، سىزنىمۇ ھەم شۇنداق.
مەن لياڭ ئائىلىسىنىڭ ماڭا باشپاناھ بولغانلىقىدىن، ماڭا ھۆ-
نەر ئۆگەتكەنلىكىدىن مىننەتدارمەن. بۇ مىننەتدارلىقىمنى بىر
ئۆمۈر يەتكۈزەلمەيمەن. مۇشۇنداق ئويلىغىنىم ئۈچۈن بىئېر
ماڭا ياتلىق بولىدىغان چاغدا. . . ھاياجانلانغىنىمدىن يىغلاپ
كەتكەنىدىم. لېكىن ئۇ مۇھەببەتمۇ؟ ياق، مۇھەببەت ئەمەس.
ئۇ چاغدا مەن مۇھەببەتنى پەقەت چۈشەنمەيتتىم. ئۇ ئاكا -
سىڭىللىق مۇھەببىتى ئىدى. مەن ئۇستازىمنىڭ قىلغان ياخشى-
لىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئۇنى ئالغاندىن
كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئۇستامنىڭ ئوغلىغا ئايلانغانلىقىمنى، لياڭ
ئائىلىسىنىڭ بارلىق يۈكىنى كۆتۈرۈشۈم كېرەكلىكىنى ھېس
قىلدىم. كېيىن ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا، نۇرغۇن
ئەر - خوتۇنلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن قېرىغىچە ئوبدان تۇر-
مۇش كەچۈرگەن بولاتتىم، باشقا ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلى-
شىممۇ مۇمكىن بولمايتتى. تويدىن كېيىنكى ئون يىل ئاشۇنداق
ھېسسىيات ئىچىدە ئۆتتى. لېكىن، بۇ ئاجايىپ ئون يىل ئىدى.
بۇ جەرياندا بىز كىچە - كۈندۈز چىچېنجەي ئۈچۈن غەم يېدۇق،

ئولتۇرساق ـ قوپساق تىجارەت يوللىرى، قاشتېشى، ئائىلىمىز توغرۇلۇق باش قاتۇردۇق. ئەمما، مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ باقمىغاندۇق. مۇھەببەت دېگەن نېمە، ئەر ـ خوتۇنلۇق دېگەن نېمە، ئائىلە دېگەن نېمە، بىز بۇلارنى بىلمەيتتۇق. بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىماي ئالدىمىزغا مېڭىۋەرگەنىدۇق. خۇددى بىز چىچېنجەينىڭ شېرىك پايچىكلىرىدەك، مەنپەئەتىمىز بىر ـ بىرىمىزگە مەھكەم باغلانغاندەك، بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايدىغاندەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەشنىلا بىلىپتىمىز. كېيىن، چىچېنجەي گۈللەندى، تىجارىتى روناق تاپتى، ئادىمى كۆپەيدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى باشقۇرالمىغاندىن كېيىن ئۆينىڭ كىرىم ـ چىقىمىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ باشقا ئىشلارنى سورىماس بولدى، پارىڭىمىز بارغانچە ئازلاپ كەتتى. ئۇ ھەتتا مېنىڭ بىر نەرسە ساقلاشقا نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئارىمىزدا ئون يىل جەريانىدا ھېچقانداق ئۇرۇش ـ تالاش بولمىدى؛ لېكىن ھېسسىياتلىرىمىز يىراقلاشتى. بارا ـ بارا بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدۇق، سېزىملىرىمىز قاتتى. چەت ئەلگە چىقىشتىن ئاۋۋالقى جېدەللىمىز بىزنىڭ تۇنجى ھەم ئەڭ ئاخىرقى تاكاللاشقان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. كۆڭۈلسىز ئايرىلدۇق، مەن بۇ ئائىلىدىن چىقىپ كەتتىم. ئۇرۇش بولمىغان بولسا، چىقىپ كەتمىگەنمۇ بولاتتىم، ھەممە نەرسە ئۆز پېتى كېتىۋېرەتتى، ئۆلگۈچە ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالمايتتىم. لېكىن، بىزنىڭ ئارىمىزدا تىلغا ئالغۇدەك مۇھەببەتمۇ يوق ئوخشايدۇ، بولمىسا مەن كېيىن. . .

خەن زىچى گېپىنىڭ ئاخىرىنى توختىتىۋالدى. دېمىسىمۇ كېيىنكى ئىشلارنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ لياڭ بىڭيۈگە جىممىدە قارىدى، قەلبىدىكى چىگىشلىشىپ كەتكەن ئوي ـ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى تېپىلغاندەك بولدى.

لياڭ بىڭيۈ ئۈنسىز ئۇھ تارتتى. بۇ ئۇھ تارتىشقا ئۆزىگە

بولغان تەسەللى، شۇنداقلا روھىي يۆكتىن قۇتۇلغاندەك بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى سىڭگەندى.

— رەھمەت سىزگە، زىچى. يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقىنى سىز ساقايتتىڭىز، — دېدى لياڭ بىڭيۇ، — بۇنىڭدىن بۇرۇن سىزدىن بۇنداق سوئالنى سوراپ باقمىغانىدىم. توغرىراقى، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. سىزنى ئۆتتەك ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بىئېر نەچچە قېتىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭىز، مېنىڭ ھەدەم ئىدى. مەن بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە داغ قالدۇرۇپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەيتتىم. لېكىن، مۇھەببىتىم ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى، ھېسسىياتىم ئەقلىمنى بېسىۋالدى، كېيىنكى ئاقىۋەت توغرۇلۇق ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمىدىم. شۇنداق قىلىپ، بىز مۇھەببەتلەشتۇق. لېكىن، قەلبىمدە بىر خىل چۈشىنىكسىز، تۇرۇپ - تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان روھىي ئازاب، ئاچامغا يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسى بار ئىدى. مەن مۇشۇ خىل ھېسسىيات ئىچىدە دۆلەتكە قايتتىم. لېكىن ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى بۇ خىل تۇيغۇ تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىلى، تىل - ئاھانەتلىرىنى ئاڭلىغىلى ئەمەس، پسىخىك جەھەتتىكى يۆكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئەمدى سىز مېنى بۇ يۆكتىن قۇتۇلدۇردىڭىز، ۋىجدان ئازابىمنى يېنىكلەتتىڭىز!

— لېكىن بۇلارنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۇرگۇلۇك؟ — خەن زىچى خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى، — ئۇنىڭغا، مەن سېنى سۆيمەيمەن، بۇرۇندىن سۆيمەيتتىم، دەيمۇ؟ ئۇنداق دېسەم قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ ياق، ئۇ بىزنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. مېنى: «يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىنى تاشلىدى، ۋاپا قىلغان ئايالنى تاشلىۋەتتى» دەپ چۈشىنىشى تۇرغان گەپ!

— قانداق چۈشەنسە چۈشىنىۋەرمەمدۇ، سىز ئۇنىڭغا سېتىلغان قۇلمىدىڭىز. سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ يولىنى ئۆزىڭىز ما-

www.uyghurkitap.com

ڭىدىغان ئادەم. بىز ئۇنىڭ يېنىدىن كېتەيلى. ئۆينى، مال-مۈلۈكنى، بۇ يەردىكى جىمى نەرسىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كېتەيلى. ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىنى قۇرۇق قول بولسىمۇ ئەركىن قۇرۇپ چىقايلى! — لياڭ بىڭيۇ ئۆز كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇن قارار چىقىرىپ بولغانىدى، — زىچى، چى ئاكا، بىز كېتەيلى!

— كېتەيلى؟ نەگە كېتىمىز؟ بېيپىڭنىڭ ھەممە يېرىدە تونۇشلىرىم تۇرسا، باش تىققۇدەك جاي تاپقىلى بولامدۇ؟ خەقنىڭ تىلى بەك يامان! — خەن زىچى تەڭقىسلىقتا قالدى، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ھەسرەت ۋە قورقۇنچ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، — يەنە كېلىپ. . . بۇ ئىشقا ئۇمۇ قوشۇلمايدۇ.

— ئەمىسە بېيپىڭدىن، جۇڭگودىن ئايرىلىپ لوندونغا قايتىپ كېتەيلى! — لياڭ بىڭيۇ قايتىدىن لوندونغا كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى، — ئۇنىڭدىن يىراق تۇرايلى، بېرىش - كېلىش قىلمايلى. شۇنداق بولغاندا ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ماكانىنى، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش يولىنى، ئۆز ئىشلىرىمىزنى ئۆزىمىز تاپايلى. كېتەيلى!

خەن زىچى جاۋاب بەرمىدى، بېشىنى ئاستا ساڭگىلىتىپ، پېشانىسىنى تىرىگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمە؟ سىزنىڭ كەتكۈڭىز يوقمۇ؟

— مەن. . .

— كېتەلمەسمەنمىكىن دەۋاتامسىز؟ — لياڭ بىڭيۇ ئاغزىنى سەل ئېچىپ، سوغۇق ھاۋادىن سۈمۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت سۇسلاۋاتقاندەك، سوۋۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— كېتىمىز دەمسىز؟ — خەن زىچى بۇ گەپ بىلەن سانسىز كۆزلەرنى كۆرگەندەك، لياڭ جۈنبىنىڭ، تيەنشىڭنىڭ، خەي ھامىمىنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك، بېيپىڭدىكى پۈتۈن خەلق ئۆزىگە قاراپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭدىن: «كېتىد-

سەن؟ نەگە كېتىسەن؟ كېتەلەمسەن؟» دەپ سوراۋاتقاندەك تۇ-
يۇلدى. خەن زىچى ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى، پۈتۈن ۋۇجۇ-
دىنى تىترەك بېسىپ كەتتى.

— سىز... قورقۇۋاتامسىز؟ — لياڭ بىڭيۈننىڭ بايىقى
قىزغىن كەيپىياتى بارغانسېرى سۇسلاپ قالدى. يات ئەلدە ئۇن
يىل بىللە ياشىغان خەن زىچى شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ناتونۇش
ئادەمدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. لوندوندىكى قاشتېشى كۆرگەزمىسىدە،
نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئازراقمۇ ئىككىلەنمەي ياكى تەمتى-
رىمەي نۇتۇق سۆزلىگەن خەن زىچى مۇشۇمىدۇ؟ پۇلنىڭ ئېزىق-
تۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي ساقلانمىلىرىنى سېتىشنى كەسكىن
رەت قىلغان، مىليونېر بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەن خەن
زىچى مۇشۇمىدۇ؟ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئۇنى ئوكسفورد
ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقان، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قاندۇ-
رۇشنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق دەپ بىلگەن خەن زىچى
مۇشۇمىدۇ؟ ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرى جەريانىدا ئوتلۇق مۇھەب-
بىتى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن، ھاياتىنى قۇتۇلدۇ-
رۇۋالغان خەن زىچى مۇشۇمىدۇ؟ تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا
كېچىلەپ تۇرۇپ، شىنيۆننىڭ ئىڭەلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان چې-
غىدا خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياي دېگەن خەن زىچى
مۇشۇمىدۇ؟... ئەلۋەتتە شۇ. ئۇ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ گا-
دىرماچ خىياللىرى ئۇنىڭ كۆزىگە خەن زىچىنى باشقا ئادەمدەك
كۆرسىتىۋاتاتتى. بەلكىم ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرگەنلىرى خەن
زىچىنىڭ ساختا قىياپىتىدۇ. بەلكىم خەن زىچى بىر كېچىدىلا
ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟ بەلكىم خەن زىچى ئەسلىدىنلا شۇنداق
ئىككى ياقىلىمىلىق خاراكتېرگە ئىگە تۇتامسىز ئادەم بولغىيدى؟
ئۇ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— ئەمىسە... سىز قانداق قىلماقچى؟ — بۇ سوئالنى
سوراۋاتقان چېغىدا لياڭ بىڭيۈننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى، — ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئىككىلىمىزنى خوتۇن قىلىمەن دېمەيدىغانسىز؟

— مەن... نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم! — خەن زىچى ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت ئىچىدە قالغانىدى، بېشىنى مۈشتلىرى بىلەن ھەدەپ ئۇراتتى، — كەلمىسەك بوپتىكەن! كەلمىسەك بوپتىكەن!

— بۇنچىلا ھاياجانلانماڭ، بۇنداق قىلىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، — لياڭ بىڭيۈ خەن زىچىنىڭ چىڭگىدە كىرىشكەن مۈشتلىرىنى ئاچتۇرۇۋەتتى، — بىز كىچىك بالا ئەمەس. ئاچچىق بىلەن قىلىنغان ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. مەن سىز بىلەن سەمىمىي مەسلىھەتلىشىۋاتىمەن، بۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئىش!

— مەن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى زادى بىلەلمىدىم. سىز بىر نېمە دەڭ، نېمە دېسىڭىز شۇ...

— سىزگە گېپىمنى يېگۈزەلەمتىم؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش يولىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن دەيدىغىنىمنى دەپ بولدۇم. لېكىن سىز تېخى قوشۇلمىدىڭىز.

— مەن... ھەي-ي! — خەن زىچى تورۇسقا قاراپ ئاچچىق خورسىندى، — مەن نېمىشقا قايتىپ كەلگەن بولغىيدىم!

خەن زىچى گەپنى ئەپقېچىپ، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تاللاش يولىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. لياڭ بىڭيۈ قالتىس چوڭ بىلىدىغان جىگەرلىك، بىلىملىك خەن زىچىنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ قالغاندەك ئىدى. ئادەتتە ئۇمىدۋار ئادەملەر ئوڭاي ھاياجانلىنىدۇ، ئەمما چۈشكۈنلەشكەن چېغىدا ئۆزىنى بېسىۋالىدۇ.

— راست، سىز زادى نېمىشقا قايتىپ كەلگەن؟

خەن زىچى جاۋاب بەرمەي تورۇسقا قاراپ ئولتۇرىۋەردى.

— مۇشۇ ئۆيلىرىڭىزنى، چىچېنجەينى كۆرۈش ئۈچۈن،

ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈنمۇ؟

— مەن بۇلاردىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. قاشتېشى مېنىڭ هاياتىم. . .

— ئەمىسە «قاشتېشى پادىشاهى» دېگەن قالتىس نامىڭىزنى بېيىپىڭغا بىللە ئېلىپ كېلىپ ئىشلىرىڭىزنى قايتا باشلاش ئۈچۈنمۇ؟

— ماڭا ئۆزۈمنىڭ كەسپى بولمىسا بولمايدۇ، مېنىڭ كەسپىم جۇڭگودا. . .

— ئۆيۈمنى ساقلاپ قالىمەن، تيەنشىڭنى دادىسىز يېتىمغا ئايلاندۇرۇپ قويمايمەن دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

— بەل. . . بەلكىم شۇنداقتۇ. هەي تيەنشىڭ، بىچارە تيەنشىڭ!

— ئايالىڭىزنى تۇل ئولتۇرۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

خەن زىچى گەپ قىلالماي قالدى.

— يوشۇرغىچە «هەئە» دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ! هەممە ئىش ئېنىق تۇرسا! — لياڭ بىڭيۇ بىرەر جاۋابقا ئېرىشىش ئويىدا خەن زىچىگە تىكىلدى، — ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىز هەم ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— يۇئېر، — دېدى خەن زىچى پەرىشان هالدا، — بىز ئۆيىمىزنى. . . سېغىنىپ كەلگەن ئەمەسمىدۇق. . .

— ئۆيىمىز؟ ئۆي دېگەن سىزنىڭ، هەممە نەرسە سىزنىڭ! ئەنگلىيىگە كېتىپ ئايرىلىپ قالغان نەرسىلىرىڭىزگە بۇدا قايتا ئېرىشتىڭىز. سىز هېچنېمىدىن مەهرۇم قالمىدىڭىز!

— چىچېنجەي تاقىلىپتۇ ئەمەسمۇ! — دېدى خەن زىچى ئېچىنىش بىلەن.

— سىز زىيان تارتتىم دەۋاتامسىز؟ — لياڭ بىڭيۇ ئاچچىق ئۇھسىندى. ئۇنىڭ بۇ ئۇھسىنىشى بىر قارىسا يىغىغا،

بىر قارىسا كۆلكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، — كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىز ھېلىھەم بار؟ «بىلىمدان» قەسرى ھېلىھەم بار، خوتۇنىڭىزمۇ بار! ئائىلىڭىزگە ھېچقانداق ئىش بولمىغان تۇرسا، قايتىپ كېلىشىڭىز ئەلۋەتتە توغرا ـ دە! لېكىن، بۇ يەردە مېنىڭ نېمەم بار؟ مەن زادى نېمىشقا ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ كەلدىم! — لياڭ بىگيۇ بۇ سوئالنى خۇددى تورۇستىن، تۆت تامدىن، دېرىزىلەردىن سوراۋاتقاندەك ئالدىغا تىكىلىپ، قوللىرىنى چۈشىنىكسىز بىر تەرزدە ئېچىپ قويدى، — بۇياقتا كېلىشكە نېمانچە ئالدىراپ كەتكەن بولغىيدىم؟

— يۈئېر، سىز... — خەن زىچى گاڭگىراش ئىچىدە يۈزىنى بۇرىدى، — سىزگە نېمە بولدى؟ بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىغۇ...

— مېنىڭ ئۆيۈم؟ مېنىڭ ئۆيۈم يوق! — لياڭ بىگيۇ بىزارلىق ئىچىدە قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويدى، — مېنىڭ ئۆيۈم يوق! چىچېنجەينىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئاشۇ پاكار ئۆي مېنىڭ ئۆيۈم ئىدى، ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كۈن نۇرى ياخشى چۈشەتتى، ئۆي ئىچىدە خىلمۇ خىل گۈللەر بار ئىدى. ئانام ئاشۇ ئىسسىق ئۆيۈمدە مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئېتىپ بېرەتتى، مېنى ئەللەي ناخشىسى بىلەن ئۇخلىتاتتى؛ دادام يېرىم تۈن بولغاندىمۇ قاشتېشى يۇناشنى توختاتمايتتى. لېكىن، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭدىن گۈزەل ئەسلىمىلەرلا قالدى. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىز كىچىك، ھال ـ كۈنىمىز تەس بولسىمۇ، لېكىن مەن ئاشۇ چاغلارنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن! تۈگىدى، ھازىر ھەممىسى تۈگىدى...

لياڭ بىگيۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى توختىماي خورسىناتتى، ھەسرەت كۆلەڭگىسى ئالاڭلاپ قالغان كۆزلىرىدىن ياشلىرى

جىممىدە قۇيۇلاتتى. مەڭزى شۇنچە ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ
سۈرتۈش ئۈچۈن بىرەر قېتىم قولىنى ئاپارمايتتى. مۇزدەك
سوغۇق ياش تامچىلىرى مەڭزىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ يەنە يۈرىكى-
دىكى ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد ئۇچقۇنىغا سېپىلمەكتە ئىدى.

خەن زىچى ئورنىدىن تۇرۇپ لياڭ بىڭيۈنىڭ يەلكىلىرىنى
سىلىدى، قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— يۈئېر، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي... بۇنداق ئازابلاش-
ماڭ، بۇ يەر مەڭگۈ سىزنىڭ ئۆيىڭىز!

لياڭ بىڭيۈ يېنىدا ئۆزىگە مەدەت بېرىدىغان بىر كۈچنىڭ
بارلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلمەكچى بولغاندەك خەن زىچىنىڭ
قولىنى تۇتۇۋالدى.

— راستمۇ؟ — لياڭ بىڭيۈ ئاشۇ قوللارغا سۆيۈشكە باش-
لىدى، كۆز ياشلىرى ئاشۇ قوللارغا توختىماي سېپىلەتتى، —
ياق، چى ئاكا، بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز ئەمەس. بىز كېتەيلى.
ئۆزىڭىز ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن، شىنيۆ ئۈچۈن!

لياڭ بىڭيۈ خەن زىچىنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى
سەزدى.

— سىز... زادى كېتىشتىن باشقا ئامال يوقمۇ؟ —
دېدى خەن زىچى تولىمۇ ھالسىز ئاۋازدا، — بەرداشلىق بېرىپ
تۇرسىڭىز بولمامدۇ؟

— بەرداشلىق؟ ئەمىسە سىز دەڭە، مەن قانداق بەرداشلىق
بېرەي؟ خەقنىڭ كۆزىگە قاراپمۇ؟ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن
كېلىنىدەك يەتتە تەزىم قىلىپمۇ؟ شىنيۆنىڭ سىزنى «تاغا» دېيد-
شىگە چىداپمۇ؟ «خان ئانام»نىڭ مېنى قاچان ياتلىق قىلىشىنى
كۈتۈپمۇ؟ سىزچە مۇشۇنداق بەرداشلىق بېرەيمۇ؟

خەن زىچى گەپ قىلماي تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن لياڭ
بىڭيۈنىڭ چاچلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

لياڭ بىڭيۈ ئۇنىڭ قولىنى شارتتىدە چۈشۈرۈۋېتىپ مەيدى-

سىدىن ئىتتىردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خەن زىچى، ھەي خەن زىچى، سىزمۇ ئەرمۇ؟ — دېدى.

خەن زىچى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى:

— يۇئېر...

— بۇ يەردە يۇئېر دەپ بىرى يوق، ئالدىڭىزدا تۇرۇۋاتقىنى لياڭ بىڭيۇ!

— بىڭيۇ، گېپىمنى ئاڭلاڭ...

— بولدى سۆزلىمەڭ، بۇرۇنقى ئىشلار ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مەن ئادەم، مۇستەقىل ئادەم، سىزنىڭ ياكى لياڭ جۇنبىننىڭ ئويۇنچۇقى ئەمەس! ئايال كىشىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىززەت - ھۆرمىتى، قەدىر - قىممىتى بولىدۇ. ئايال كىشى سىلەر ئەرلەرنىڭ يانچۇقىدىكى خالىغاندا سېلىپ، خالىغاندا خەجلەيدىغان پۇل ئەمەس، كىيگۈڭلار كەلگەندە كىيىپ خالىمىغاندا تاشلىۋېتىدىغان كىيىم ئەمەس! قەدىر - قىممەت، ئىززەت - ھۆرمەت دېگەنلەر سىزنىڭ مال - مۈلكىڭىزدىن، قىممەتلىك بايلىقلىرىڭىزدىن، ئابرۇيىڭىزدىن، مەرتىۋىڭىزدىن قىممەتلىك. سىزنى بۇ ئۆيدە تۇرغۇزۇش بەدىلىگە ئۆزۈم «ئادەم» قاتارىدا سانالمىسام، مەن چىدامدىم؟ سىز قۇرۇق شاكالنى ساقلاپ قالىمەن دەپ پوستىنى تاشلىۋەتتىڭىز! ئون يىلدىن بېرى نېمىدەپ سىزنى چۈشەنمىگەندىمەن. بىر ئادەمنى سۆيمەك، چۈشەنمەك مۇشۇنداق تەس ئىشمۇ؟ سىز مەن بىلەن ئەر - خوتۇن بولغىنىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىڭىزنى دېگەن. بۇ گېپىڭىز راستمۇ، يالغانمۇ، مەن ھازىر بۇنى بىلەلمەي قالدىم. لېكىن، مەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، خاتا قىپتىمەن، باشتىن ئاخىر ئۆزۈم كەتكۈزۈپ قويۇپتىمەن! مۇھەببەتكە ئېرىشتىم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، سىزنى مۇھەببەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ دەپتىكەنمەن،

لېكىن سىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەنسىز. مەن خاتالىشىپتىمەن، پۈتۈنلەي خاتالىشىپتىمەن! . . .

لياڭ بىڭيۇ ئەمدى يىغلىمىدى، كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئازابلىنىپمۇ كەتمىدى، ئازابلىنىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئون يىلدا بىر ئادەمنى چۈشىنىش، ئوتتۇز يىلدا ھاياتنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش پۇرسىتىگىلا ئېرىشەلەپتۇ. لېكىن، بۇمۇ ئاشۇ يىللارنىڭ ھاسىلاتى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا ھازىر بۇرۇنقىدىن ئەقىل، دىت كىردى، ئەمدى ئۇ خاتالاشمايدۇ.

— ياق، بىڭيۇ، خاتالىق مەندە! — يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئاران دەسسەپ تۇرغان خەن زىچى ئازاب، پۇشايمان، ھەسرەت گىرەلىشىپ كەتكەن ھېسسىياتلار ئىچىدە كۆكرىكىگە مۇشتلاپ كەتتى، — ھەممە گۇناھ مەندە. سىزنى مەن مۇشۇنداق كۈنگە قويدۇم!

— بۇ گەپنى دېيىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ بەلكىم گۇناھ سىزدە ئەمەس، مەندىدۇ؟ سىزنىڭ بىر ئوبدان ئۆيىڭىز، ئائىلىڭىز، بالىڭىز، يەنە تۇگىمەس بايلىقلىرىڭىز تۇرسا، مەن سىزنى مۇشۇلاردىن ۋاز كەچتۇرەلەمتىم؟ — لياڭ بىڭيۇ ئەمدى پۈتۈنلەي تەمكىن ھالىتىگە قايتقانىدى، — مېنى دەپ تۇگىمەس باش ئاغرىقىغا قالدىڭىز، ئالدىڭىزدا خىجىلمەن. مەن بولمىغان بولسام، ھەممە ئىش ياخشىلىنىپ كېتەتتى. مەن كېتەي. سىزگە يەنە ئېسىلمۇۋالسام بولماس!

— راستىنلا كەتمەكچىمۇ سىز؟ — بۇ كۈتۈلمىگەن زەربە خەن زىچىنىڭ يۈرىكىگە جاققىدە تەگدى، بىرى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك، تەگسىز ھاڭغا، چوڭقۇر دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. لياڭ بىڭيۇدىن ئايرىلىپ قالسا كۈنلىرىنى قانداقمۇ ئۆتكۈزە؟ ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى

چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزى، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايدۇ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئادەم چاقىرىدۇ. لېكىن ئامال يوق. . . خەن زىچى بارغان پېتى لياڭ بىڭيۈنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى، ــ بىڭيۈ، سىز كەتمەڭ، ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

ــ توغرا، سىزگە بۇ ئائىلە بولمىسىمۇ بولمايدۇ! ــ لياڭ بىڭيۈ توڭلۇق بىلەن قولىنى تارتىۋالدى، ــ بۇنداق قىلمايلى. تۇرمۇش سەھنىدىكى ئويۇنغا ئوخشمايدۇ. مېنىڭ سىز بىلەن چىرايلىق خوشلاشقۇم بار. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلىرىمىزغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ خوش دەيلى.

خەن زىچى تۇرغان ـ پۈتكىنىنى بىلمەي جايىدا تۇرۇپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئىلاجسىزلىق ئىچىدە بېشىنى ئەگدى. كەڭ يەلكىلىرى، ئېگىز قەددى سېزىمىنى يوقاتقاندەك بوشىشىپ كەتتى، ــ نە. . . نەگە بارماقچىسىز؟ لوندوندىكى جۇڭگولۇقلار مەكتىپىگە بارامسىز ياكى خونتېر ئەپەندىنى ئىزدەپ. . .

ــ بۇلارغا سىز باش قاتۇرماڭ. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، مەن سىغقۇدەك جاي چىقار. ئايالالار ئەرلەرنىڭ ياردىمىسىزمۇ ياشىيالايدۇ. بىز ھېسسىياتقا ئالدىنىپ خاتا تۇرمۇش قۇردۇق، توغرىسى تورغا، قەپەسنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدۇق. ئەمدى مۇشۇ توردىن، مۇشۇ قەپەستىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزى ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىك بولىدۇ. مەن بۇ ساۋاققا ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىم ئارقىلىق ئېرىشتىم، ئەمدى ئۇنى قەدىرلەيمەن. كېيىنكى ھاياتىمنىڭ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىدۇ. شىنيۆ يېنىمدا بولسىلا. . . مەن ئۆزۈمنى جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم سېزىمەن!

ــ نېمە؟ سىز شىنيۆنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟ ــ خەن زىچىنىڭ بايىلا بوشىشىپ كەتكەن بەدىنى ئەمدى جاقىلداپ تىت-

رەپ كەتتى، — ئۇنى ئېلىپ كەتمەڭ، شىنيۇدىنمۇ ئايرىلىپ قالماي. ئۇ مېنىڭ قىزىم، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ جەۋھە-رى...

— مۇھەببەت دەمسىز؟ مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ بۇ جاھاندا ھەقىقىي مۇھەببەت بارمۇ؟ بەلكىم مەن سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان يالغۇز شىنيۈلىدۇ! ئۆزۈمنىڭ قىزىنى ئېلىپ كېتىش ھوقۇقۇم بار. باشقىلارنىڭ قولىدا يېتىم بالىلاردەك سارغىيىپ چوڭ بولۇشىنى خالىمايمەن، بۇنىڭدا سىزمۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇل-سىز!

— ياق! مەن شىنيۈدىن كېچەلمەيمەن، ئۇنى ماڭا قالدۇ-رۇپ كېتىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي! — بايىدىن بېرى تىترەشتىن توختىمىغان خەن زىچى يەردە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاشۇ دەقىقىدە ھويلىنىڭ ئىچى تازا قىزىپ كەتكەنىدى. ئون بىر ياشلىق تيەنشىڭ سىڭلىسى شىنيۈنى ئۈستىگە مىندۈ-رۈپ ئارقا ھويلىدىن ئالدى ھويلىغا ئات بولۇپ چېپىۋاتاتتى. ئالدى ھويلىدا خەن خانىم بىلەن خەي ھاما شەپە چىقارماي ئىچكەركى ئۆيدىكى چوڭ ساندۇقنى تۆر ئۆيگە توشۇۋاتاتتى. خەن خانىمنىڭ نەزەرىدە بۇ ساندۇق ھەممىدىن — ئىگىلىكىدىن، ھاياتىدىن قىممەتلىك ئىدى. مۇشۇ ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى قولۇپلاپ يېنىدىن ئاجراتماي تۇرۇۋالسا خەن زىچى ھېچيەرگە كېتەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قەستەن خەن زىچى بىلەن لياڭ بىڭيۇگە خالىي سۆزلىشىش پۇرسىتى قالدۇرغانىدى. سۆزلەشكىنى بىلەن نېمىنى ھەل قىلالايتتى؟ بەرىبىر مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى شۇ ئىدى.

«بىلىمدان» قەسرى قۇياش نۇرىغا كۆمۈلۈپ، ئىككى كى-چىك بالىنىڭ ئويۇنى بىلەن بۆلەكچە ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. غەربىي ھۇجرىدىكى ھاياجانلىق سۆھبەت بۇ قورۇدا ھېچقانچە

www.uyghurkitap.com

تەسىر قوزغىيالمىدى.
بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت شىنيۈ ئۈچۈن تۇغۇلغان-
دىن بۇيانقى ئەڭ كۆڭۈللۈك مىنۇتلار بولدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ
بويىنىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى، تيەنشىڭ ھەر قېتىم
سەكرەتكەندە بۆلەكچە خۇش بولۇپ كېتەتتى. تيەنشىڭ بىردە
ئۆمىلەپ، بىردە سەكرەپ ماڭغاچ ھاسىرىغىنىچە قوشاق ئېيتات-
تى.

. . .

كېچە. غەربىي ھۇجرىدا شىنيۈ ئانىسىنىڭ پەپىلىشى بىلەن
تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ تولىمۇ ئۇزۇن، قىزىق بىر چۈش
كۆردى. چۈشىدە لوندوندىكى ئاسما كۆۋرۈك، بېيپىڭدىكى
چيەنمېن دەرۋازىسى، شاڭخەيدىكى چوڭ پاراخوت، گۈل چېكىل-
گەن سۈرەتلىك تامغا چۈشۈرۈلگەن ئاي، تەملىك قاتلىما تەڭلا
ئايان بولدى، ئۆزى بۇ ئۆيگە قەدەم باسقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن
جاڭجاللا پەقەت كىرمىدى. ئۇ چۈشىدە ياخشى، گۈزەل نەرسى-
لەرنى كۆرگەچكە پات ـ پات ۋىلىقلاپ كۈلەتتى.
لياڭ بىڭيۇ قىزىنى ئۇخلاتقاندىن كېيىن لامپا يورۇقىدا
ئۆزىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تەقلەشكە كىرىشتى. ئەمەلىيەتتە،
ئۇنىڭ ئالغۇدەك جىق نەرسىسىمۇ يوق ئىدى، قانداق كەلگەن
بولسا شۇنداق كەتسە بولىۋېرەتتى. ئۇ خەن زىچى يېلىنىۋەرگەن-
دىن كېيىن، ئاخىر شىنيۈنى قويۇپ كېتىشكە قوشۇلدى. ئۇ
ئاتا ـ بالا ھېسسىياتىغا ساختىلىق ئارىلاشماس، دەپ ئويلايتتى،
شىنيۈنى ئەكېتىپ قالسا خەن زىچىنىڭ ئۇزۇن ياشىيالماي قې-
لىشىدىن ئەنسىرىدى.
لياڭ بىڭيۇ شىنيۈنىڭ كىيىملىرىنى، پايپىقىنى، قولياغ-
لىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن رەتلىدى، ئاندىن كىچىك چامادانىنى
ئاچتى. شۇ ئارىدا، چامادانىنىڭ يانچۇقىدىكى رەسىم جاھازىسى
ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ رەسىمنى قولىغا ئالدى. بۇ ئۇنىڭ

قىزى شىنيۈ بىلەن چۈشكەن رەسىمى ئىدى. لياڭ بىڭيۇ لوڭ-
دوڭدىن ئايرىلىدىغان چاغدا جۈڭگوچە كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ
بۇ رەسىمگە چۈشكەنىدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ بۇنىڭدىن
باشقا چۈشكەن رەسىمى يوق ئىدى. نېمىشقا جىقراق رەسىمگە
چۈشۈپ قويمىغان بولغىيدى؟ ھەي، ھەمىشە ئوقۇش بىلەن
ئالدىراش بولۇپ يۈرۈپتۇ، كېيىن پۇرسەت چىقىدۇ دەپ ئويلاپ-
تۇ. كۈتۈلمىگەندە ئەمدى پۇرسەتمۇ قالمىدى. بۇ رەسىم ئۇلار-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى يادنامىسى ئىدى. ئېلىپ كېتەي، سېغىنغان
چېغىمدا رەسىمگە قاراپ ئولتۇرارمەن... ياق، يەنىلا قويۇپ
قوياي، شىنيۈ ھەمىشە ئانىسىنى كۆرۈپ تۇرسۇن، ئانىسىنى
ھەمىشە يېنىدا تۇرغاندەك سەزسۇن!
لياڭ بىڭيۇ رەسىمنى يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويدى.
شىنيۈ ئەتە ئەتىگەن كۆزىنى ئېچىپلا ئانىسىنى كۆرىدۇ، كېيىن-
كى كۈنلەردە بۇ رەسىم شىنيۈگە مەدەت، يۆلەك بولىدۇ.
شىنيۈ ئانىسى يېنىدا بولغىنى ئۈچۈنمۇ، تولىمۇ تاتلىق
ئۇخلاۋاتاتتى. «قىزىم، ئەتە مەن قېشىڭدا يوق» لياڭ بىڭيۇ
شۇنداق ئويلاپ شىنيۈنىڭ يېنىدا ياتتى ۋە يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ
تۇرۇپ چىڭڭىدە قۇچاقلىدى. قىزىم، سەن ئاناڭنىڭ شۇ تاپتىكى
قەلبىنى چۈشەنمەيسەن، مەڭگۈ چۈشەنمەيسەن، ئىلاھىم مەڭگۈ
چۈشەنمىگىن!
لياڭ بىڭيۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چامادانىدىن بىر نەچچە ۋاراق
قەغەزنى ئالدى، ئاندىن چىراغنى يېقىپ مۇرەككەپ ھېسسىياتد-
نى قەغەز يۈزىگە پۈتۈشكە باشلىدى. خەتنىڭ ھەربىر سۆزى كۆز
يېشى بىلەن نەملەندى. ئۇ بۇ خەتنى خەن زىچىگە بېرىپ ئۇنىڭ-
دىن ئەڭ ئاخىرقى ھەم بىردىنبىر ئۆتۈنۈشكە قۇلاق سېلىشنى،
ئۆزى توغرۇلۇق شىنيۈگە ھېچنېمە دېمەسلىكنى، قىزىنى «ئا-
نىسىز يېتىم ئىكەنمەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقنى
تەلەپ قىلىدۇ. قىزى چوڭ بولۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن-

ىدىن كېيىن بۇ خەت قولىغا تەگسە مەيلى!
ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە خەن خانىم تۆر ئۆيدە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ بامدات ئوقۇدى.
يۈزى ياش يۇقى خەي هاما ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا كەلدى.
— مېنىڭچە. . . — خەي هاما شۇنچە مۇھىم گېپى بار-دەك خەن خانىمنى ناماز ۋاقتىدا ئىزدەپ كەلگەنىدى، — ئىككە-مىز بىر باش قوشۇۋالايلى. يۇئېرنى كەتكۈزۈۋەتمىسەك زادى بولماسمۇ؟
— ياق، ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دېدى خەن خانىم ئۇھسىنىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ قىلغان گۇناھلىق ئىشلىرى شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ!
دەرۋەقە، لياڭ بىڭيۇمۇ، خەن زىچىمۇ گۇناھكار ئىدى. ئۇلار توي خېتى ئالماي، دىنىي يوسۇنلارنى بەجا كەلتۈرمەي بىر ئۆيگە كىرگەن، قانۇن جەھەتتىنمۇ خاتا ئىش قىلغانىدى. بۇنى ئاللامۇ، مۇسۇلمانلار كەچۈرمەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئىچىدە نىكاھ-لىنىپ بولغانلار ئاشنا ئوينىسا، ئادەم ئۆلتۈرسە، دىنغا قارشى چىقسا، كەچۈرگۈسىز ئۈچ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنى-دۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: «زىناخور ئاياللار بىلەن زىناخور ئەر-لەرنىڭ ھەربىرىگە يۈز قامچا ئۇرۇلۇشى كېرەك. ئەگەر سىلەر خۇدانىڭ بارلىقىغا، قىيامەتنىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىغا ئىشەن-سەڭلار، ھېسداشلىق قىلىپ ئۇلاردىن خۇدانىڭ جازاسىنى كە-چۈرۈم قىلماڭلار» دېيىلگەن. يەنە كېلىپ، لياڭ بىڭيۇ خەن زىچىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنىنىڭ ئۆز سىڭلىسى. «قۇرئان كەرىم» دە يەنە: «ئاللا. . . سىلەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر جۈپ ئاچا - سىڭىلنى تەڭ ئەمرىڭلاردا تۇتۇشۇڭلارنى چەكلىدى» دېيىلگەن.
— ئۇ كەتسۇن! قانچە يىراققا كەتسە شۇنچە ياخشى، مەڭگۈ كۆزۈمگە كۆرۈنمىسۇن! — كۆز ياشلىرى خەن خانىمنىڭ يۈزىدە كىچىك ئىككى ئېرىق ھاسىل قىلىپ توختىماي ئېقىشقا

باشلىدى. بىر قورساقتىن چۈشكەن سىڭلىسىنى يېنىدىن ھەيدەش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەندى، لېكىن ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، لياڭ بىڭيۇ ئاچىسى قېپقال دېگەن ھالەتتىمۇ قېپقالمايتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن تەييارلىقنى قىلىپ بولغانىدى، تاڭ يورۇشتىن، قىزى ئويغىنىپ «ئانا» دەپ چاقىرىشتىن بۇرۇن كېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى، بولمىسا يۈرىكى پۈچۈلىنىپ كېتەتتى.

لياڭ بىڭيۇ قىزىنىڭ يۈزىگە ئاخىرقى قېتىم بىرنى سۆيدى.

. . . كېتىش كېرەك، ئەمدى بۇ ئۆيدە قالغۇدەك يېرى قالمىدى. لياڭ بىڭيۇ «بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي يۈرۈپ كەتتى. ئاچچىق سوغۇق يۈزىگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. خىيالىدىن بۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار تامام كۆتۈرۈلگەندى، ئەمما قۇلاق تۈۋىدىن «ئانا» دېگەن شۇ بىر سادا كەتمەيتتى.

شىنيۇ تېخىچە چۈش قوينىدا ئىدى.

ئۇنىڭ ئانىسى قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان، ئاسماندا ئايمۇ كۆتۈرۈلمىگەن قاراڭغۇ بىر كېچىدە ماڭدى. بۇ دېھقانلار كالېندارى بويىچە 3 - فېۋرالغا توغرا كېلەتتى. ئاسماندا تېخى ھىلال ئاي كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 14 ـ باب   ئەجەل

گۆللۆك رەسىم جاھازىسى ئىچىدىكى ئانىسى شىنيۆگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى؛ شۇنچىلىك مۇلايىم، شۇنچىلىك مېھرىبان ئىدى، يۈزىنى يۈزىگە ياققان، قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

شىنيۆ جاھازىنى قوش قوللاپ ئېلىپ مەڭزىگە ياقتى. چاڭقىغىنىغا تولىمۇ ئۇزۇن بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ رەسىمىنى سۆيۈشكە، جانسىز جاھازىدىن ئانىلىق مۇھەببىتىنى تەشنالىق بىلەن ئىزدەشكە باشلىدى: «ئانا! مېنىڭ ئانام. . .»

جىنايەتكار بىر روھ قىزنىڭ كۆز ئالدىدا تىترەۋاتاتتى. خەن زىچى قىزىغا قاراپلا قالدى، ئانىسىغا شۇنداقمۇ ئوخشامدۇ ــ ھە! ئۇ بۈگۈن قاتتىق پېچەتلەنگەن خەتنى شىنيۆگە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇ بۇ خەتنى ئون يەتتە يىلدىن بۇيان ئېسىل قاشتاشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ خەت ئەمدى قىزىنىڭ قولىدا تۇراتتى.

*شىنيۆ، قەدىرلىك قىزىم:*

*سەن تېخىچە چۈش كۆرۈۋاتامسەن. مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئويغىنىپ مېنى قانداق چاقىرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن.*

*ئاناڭنى مەڭگۈ كەچۈرمىگىن. ئۇ سېنى ئۈچ ياشقا كىرمىگەن چېغىڭدىلا تاشلاپ كەتتى. ئاناڭنىڭ باغرى بەك قاتتىق ئىكەن! لېكىن، بۇ ئائىلە ئۇنى سىغدۇرمىدى، ئۇمۇ بۇ يەردە بىركۈن ئارتۇق تۇرۇشنى خالى-*

مىدى. ئۇ بۇ ئۆيدىن كەتمىسە بولمايتتى.

ئاناڭنى مەڭگۈ كەچۈرمىگىن. ئۇ ئانا مۇھەببىتىگە تازا موھتاج ۋاقتىڭدا سېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمىدى. ئاناڭ بەك رەھىمسىز! لېكىن، سېنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغان، سەن بولمىساڭ چىدىيالمايدىغان داداڭمۇ بار ئىدى. سەن ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى، هاياتى ئىدىڭ. داداڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت تۈگىگەن، ھەر ئىككىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ يولىغا مېڭىشتىن باشقا يول قالمىغان بولسىمۇ، مەن قىزىمنىڭ يۈرىكىنىمۇ ئىككىگە ئايرىشنى، توغرىسى، سېنى ئۇنىڭ قېشىدىن ئېلىپ كېتىشنى خالىمىدىم. مەن سېنى داداڭغا تاپشۇردۇم. يەنە ھەدەمگە، سېنىڭ چوڭ ئاپاڭغا مەن ئۈچۈن ساڭا ئانا بولۇپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ ئاشۇلار بولىدۇ. ئۇلارنى چىن قەلبىڭدىن سۆيۈشۈڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. مېنىڭچە، سەن بۇنى قىلالايسەن. سەۋەبى، مېنىڭ ساددا قەلبىڭدە قالدۇرغان خاتىرەم ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مېنى ئۇنتۇپ كېتەلەيسەن!

مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قەدىرلىك قىزىم، مېنى ئۇنتۇپ كەتكىن، مۇھەببىتىڭنى ئۇلارغا بەرگىن. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا خەن، لياڭ ئائىلىلىرىنىڭ قېنى ئوخشاش ئاقىدۇ، ئۇلار سېنى ئارزۇلاپ بېقىپ قاتارغا قوشىدۇ. ئۇلاردىن چوڭ بولغۇچە ساڭا بۇ دۇنيادا يەنە بىر ئاناڭنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدىم. سېغىنىش پىراقىنىڭ دەردلىرىنى ئۆزۈملا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي. گەرچە تەقدىر ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، مەن قەلبىمدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاينى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئاسماندا ئاي نۇرلىنىپ، تومۇرلىرىمدا قېنىم ئېقىپ تۇرسىلا سەن هامان مېنىڭ قەلبىمدە ياشايسەن.

بەلكىم، سۈكۈت ئىچىدىكى خۇدا مېنىڭمۇ ئۆزىنىڭ سادىق مۇرتى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلمايدىغاندۇ. لېكىن مەن خۇدادىن سېنى ئۆز پاناهىدا ساقلاشنى، ساڭا بەخت، مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى، سېنى بۇ سوغۇق دۇنيادا ئىللىقلىققا ئىگە قىلىشىنى، بىغۇبار قەلبىڭنى ئۈمىدكە تولدۇرۇشنى، گۈزەل ياشلىق گۈلۈڭنى ئېچىلدۇرۇپ تۇرۇشنى سورايمەن. ئۆزۈمنىڭ سەرسان روھى ئۈچۈن ئەمەس، سەن ئۈچۈن، قىزىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىلا ئاناڭ رازى بولىدۇ...

ئاناڭ كېتىدىغان، يات ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا غېرىبلىق سەپىرىنى يەنە باشلايدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ تىرىكچىلىك يولى ياكى مۇھەببەت ئىزدەپ ئەمەس، ئۆزىنى ئىزدەش ئۈچۈن ماڭدى. ئادەم ۋاقتى كەلگەندە ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچەلەيدۇ، لېكىن ئۆزىدىن ۋاز كەچسە بولمايدۇ. ئاناڭ ئىلگىرىكى ئوتتۇز يىلنى باشقىلارنىڭ باشپاناهلىقىدا ئۆتكۈزدى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مۇستەقىل، ئەركىن ياشاش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

خوش، قىزىم! ئاناڭ بۇ خەتتىن باشقا ساڭا ھېچنېمە قالدۇرالمىدى. بۇ خەت ئۇزۇن كۈتۈشتىن كېيىن ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا چۈشكەندە، چوڭ بولۇپ ئۇنى كۆرگەن چېغىڭدا، سەن يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن چوپچوڭ قىز بولۇپ قالىسەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىسەن!...

شىنيۆنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆز ياشلىرى خەت يۈزىگە توختىماي قۇيۇلدى. ئاھ ئانا، قىزىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش

پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمى-
دى. بىر يىل ئوقۇمايلا ئوقۇشتىن توختاپ قالدى! . . . شىنيۆ-
نىڭ قوللىرى تىترەپ خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا غەيرىتى قالمى-
دى. ياق، بۇ خەت ئانىسىنىڭ ئاۋازى، ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ
قىلىۋاتىدۇ، خەتنىڭ ھەربىر سۆزى شۇنچىلىك قىممەتلىك!
شىنيۆ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئون يەتتە يىل ئاۋۋالقى ياش
داغلىرى قېپقالغان خەتلەرنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

*. . . ئۆزۈڭگە مەنسۇپ ھايات يولىغا مۇستەقىل
قەدەم تاشلىغان چېغىڭدا ئاناڭغا موھتاج بولماسلىقىڭمۇ
مۇمكىن. لېكىن، ئاناڭنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرى
بەدىلىگە ئېرىشكەن ساۋاقلىرىنى ئاڭلاپ قويغىن، بەل-
كىم ساڭا پايدىسى بولۇپ قالار!*

*شىنيۆ، ياشلىق يولىغا قەدەم باسقان چېغىڭدا مۇ-
قەررەر ھالدا مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇ-
رالمايسەن. سەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلارسەنكىن؟
ئاناڭ سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان، ساڭا سادىق
بىرىنى تېپىشىڭنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاناڭنىڭ بېشىغا
كەلگەن كۈلپەت ـ رىيازەتلەر سېنىڭ بېشىڭغا كەلمى-
سۇن. لېكىن، مۇھەببەت قىزلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك
ئۇنچىلىك گۈزەل نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ كەينىدە كۆپ
ھاللاردا چوڭقۇر ئورا، چوڭقۇر ھاڭلار يوشۇرۇنۇپ يات-
قان بولىدۇ.*

*مۇھەببەت كۆرمەيدۇ نۇقسان، خاتانى،*
*ئىستەيدۇ بەخت ھەم شادلىقنى ھامان.*
*پاچاقلاپ تاشلايدۇ روھىي كىشەننى،*
*ئۇچقاندا ئەركىن پەر قېقىپ كۆك تامان.*

*ھەر كىمنىڭ نەيرىگى ئايدىڭ ئۆزىگە،*
*ئەدەپلىك، سىپايە تۇرسىمۇ گەرچە.*
*ئۆزىچۇن ياشار ئۇ كۆرمەس باشقىنى،*
*يۈرەككە تاقاق سىپ تاكى ئۆلگۈچە.*

*بۇ، ئەنگلىيە شائىرى برانكىننىڭ شېئىرى. بۇ شې-ئىرنى ئىبرەت ئېلىشىڭ ئۈچۈن خەتكە قوشۇپ قويدۇم. سەگەك كاللا، ئۆتكۈر كۆز، قەيسەر يۈرەك بىلەن تۇمان-لىق ھايات يولىدا ئۆز تەقدىرىڭنى مەھكەم قولۇڭدا تۇ-تۇپ تۇرالىشىڭنى، قاتمۇ قات ئۆتكەللەردىن بەردەم بۆ-سۈپ ئۆتۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*بىلەمسەن، ئاناڭ بىر كۈنلەردە سېنى غالىبلار قاتا-رىدا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.*
*سېنى سۆيىمەن، قىزىم!*

*ئاناڭ بىگىيۇ*

*1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، سەھەر*

شىنيۆ ئون يەتتە يىللىق تارىخ مۇجەسسەملەنگەن بۇ قىسقى-غىنا خەتتىن ئانىسى بىلەن ئۆزىنى تولىمۇ يېقىن يەردە تۇرۇۋاتـ-قاندەك سەزدى. ئون يەتتە يىل بۇرۇن ئانىسى ئۇنىڭ مۇھەببە-تىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرايدىغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمى-غان بولغىيدى. ئون يەتتە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە شىنيۆ-نىڭ ئانىسىغا بەختسىز مۇھەببىتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئانا، سىز قەيەردە؟ نېمىدەپ قىزىڭىزنى قۇ-تۇلدۇرغىلى كەلمەيسىز؟

كۈچلۈك تەشنالىق ۋە ئۈمىدسىزلىك شىنيۆنىڭ قەلبىنى قاتتىق چىرمىۋالدى. ئاجىز يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ تومۇرلىرىدا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنى مېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان

تار بىر بوشلۇق ئىچىدە قاپسىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، قان دىدارى قالمىغان بەدەنلىرىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇپ، مەڭزى، لەۋلىرى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتتى. ئۇ ئاغزىنى مىڭ مۇشەققەتتە ئېچىپ تەسلىكتە نەپەس ئالاتتى، ئۆزىنى ھېلىھەم كۆكرىكىنى تۇگمەن تېشىدەك ئېغىر بىر نەرسە توسۇۋالغاندەك سېزەتتى.

— شىنيۆ! شىنيۆ... — خەن زىچى توۋلىغان پېتى ئېتىلىپ بېرىپ قىزىنى قۇچاقلىۋالدى.

— ئانا... — شىنيۆ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى ۋە شۇ زامات ھوشىدىن كەتتى.

تۇڭرېن دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. كۆپلەپ ئوكسىگېن سۈمۈرتۈش، ئاسما ئېسىش، تومۇرغا ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق يۈرەكنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش... قاتارلىق جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى قوللىنىلدى.

شىنيۆ تېخىچە بىھوش ھالەتتە ئىدى، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزغان، چىرايى كۆكەرگەن، لەۋلىرى كىرىشكەن، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ تۇرغان ھالەتتە كارىۋاتتا ئېگىز ياتاتتى. خۇددى جېنى چىقىپ بولغاندەك مىدىر - سىدىر قىلمايتتى. لېكىن ئاجىز يۈرىكى يەنىلا سوقۇشتىن توختىمىغانىدى، ئۆپكىگە سۇ چۈشكەن بولغاچقا، نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتاتتى...

دوختۇر - سېسترالار شىنيۆنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، ئەزرائىل بىلەن مىنۇتسېرى كۈچ سىنىشىۋاتاتتى. لۇ دوختۇر بىر مىنۇتمۇ نېرى بولماي، كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى...

خەن زىچى ئۇشتۇمتۇت بېشىغا چۈشكەن بۇ پېشكەلچىلىكتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەنىدى. كارىۋات ئالدىدا قىزىنىڭ تاتىراڭغۇ، جانسىز قوللىرىنى تۇتقىنىچە يېرىم يۈكۈنۈپ

ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان تيەنشىڭنىڭ قارامتۇل يۈزىدە سوغۇق تەر ۋە ياش تامچىلىرى قوشۇلۇپ ئاقاتتى.

— بىمارنىڭ ئۆرۈق - تۇغقانلىرى چىقىپ كېتىڭلار! — دېدى لۇ دوختۇر كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ.

— دوختۇر! دوختۇر! . . . — خەن زىچى ھازىرلا ئايىغىغا باش قويىدىغاندەك، لۇ دوختۇرغا تەلمۈرۈپ قارىدى، — سىزدىن ئۆتۈنەي، قىزىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ! مەن ھەرقانداق بەدەل تۆلىسەممۇ. . .

— جاننى بەدەل تۆلەش بىلەن قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولامدۇ؟ — دېدى لۇ دوختۇر سوغۇقلا، — ئۇ بۇ قېتىم ساق چىقالماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە. . .

— ھە؟! — خەن زىچىنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچلۇق تىترەك باستى.

— دادا. . . — تيەنشىڭ دادىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى، — چۇ مۇئەللىمگە خەۋەر قىلايلى. . . شىنيۈنى كۆرۈۋالسۇن.

— بارغىن. . . — خەن زىچى تارتىشىپ قالغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى، — . . . ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگىن!

تيەنشىڭ دادىسىنى كارىدوردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. خەن زىچى تورۇستىكى غۇۋا يورۇپ تۇرغان چىراغقا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سەكپارە بولغان يۈرىكىدە جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقان قىزىدىن ئەنسىرەش، تېخىچە دېرىكى بولمىغان لياڭ بىڭيۈنىڭ كېلىپ قېلىشىغا بولغان ئۈمىد، يەنە ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان چۇ يەنچاۋنى كۈتۈش ھېسسىياتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەندى. . . ياق، قىزى ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇ ئايرىلسا، تاشلاپ كەتسە بولمايدىغان ئادىمى بار.

شىنيۇ ناتونۇش بىر دۇنيادا سەيلە قىلىۋاتاتتى. ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ قاراڭغۇ، توغرىسى، ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ مەۋجۇت ئەمەس، قۇياش، كۈن، يۇلتۇز، تاغ – دەريا، دەل – دەرەخ، جان – جانىۋارلارمۇ ھەتتا بىرەر تىۋىشمۇ يوق. بۇ شۇنداق بىر تۇتۇق، مەۋھۇم دۇنيا، ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، مەۋجۇت بولغان بولسا ئۇ كۆرەلىگەن، ئاڭلىيالىغان بولاتتى. پەقەت ئۆزىنى تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، كېتىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىدۇ، ئەمما نەدىن شۇڭغۇپ نەگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، خۇددى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان بىر لىفت بىلەن تېگى يوق بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى پۈتۈن تېنى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ، بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان يۈرىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك. . .

ئۇ ئاخىر بىر يەرگە چۈشتى، بۇ زادى قانداق يەر؟ ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. شىنيۇ بۇنىڭ قەيەرلىكىنى بىلەلمىدى. ئۆزىنىڭ نېمىدۇر بىرنەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلغىنىنى، تولىمۇ قاتتىق بىر نەرسىنىڭ تېنىگە چىڭ سانجىلغانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا چىدىغۇسىز ئاغرىق تاراپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ شاردەك بىر نەچچە قېتىم قاڭقىپ كەتتى. ھەر قېتىم پەسلىگىنىدە ھېلىقى قاتتىق نەرسە ئوخشىمىغان پەللىلەرگە سانجىلاتتى، تېنى ھېلىلا ئۇگە – ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. ئۇ ئاخىر قاڭقىشتىن توختىدى، چۈشكەن يېرىدە چىڭ ئورناپ قالغاندەك قىمىرمۇ قىلالمىدى. ئاسماندىن ئاستا تۆۋەنلەپ چۈشكەن قۇش بالىسى جىممىدە ئۆلگەن چېغىدا قاناتلىرىنى قاققۇدەكمۇ مادارى قالمايتتى، شىنيۇ ھازىر دەل شۇنداق ئەھۋالدا ئىدى.

لېكىن ئۇ يەنىلا جان تالىشىپ بېقىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، بۇ قاراڭغۇ دۇنيادىن

تىرىك پېتى ئايرىلىش ئويىغا كەلدى. قىمىرلىماقچى بولۇۋىدى، يارا بېسىپ كەتكەن بەدىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، لېكىن بۇ ئاغرىقلارغا چىداپ يەنە جان تالاشتى. يىقىلىپ كەتسە ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۆلگۈسى يوق ئىدى. قولىنى چىقىرىپ ئەتراپنى سىيپاشتۇردى. قولى تەگكەن-لىكى يەر قاتتىق، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. قولى سۆيۈق، يېپىشقاق بىر نەرسىگە تەگدى، بۇ سۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدىن قاننىڭ ھىدى كېلەتتى. ھاياتلىق بولمىغان يەردە سۇنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قولى دەرەخ شېخىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىگە تەگدى. بۇ بۇغا مۈڭگۈزى ياكى قەھرىۋادەك چوڭ ئاراچلىرى بار تىكەنلىك نەرسە ئىدى. شىنيۈ ئۇنى دەرەخ دەپ ئويلىمىدى. ھاياتلىق بولمىغان يەردە دەل - دەرەخلەرنىڭ بولۇ-شى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىز ئەتراپنىڭ قان ۋە ئۇستىخانلارغا تولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كەت-تى. بۇ ۋولقانلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بامبېي قەدىمىي شەھىرىدىن ھەم چۇ مۇئەللىمنىڭ ھېكايىسىدىكى مۇز بىلەن ئورالغان ئالياسكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق يەر ئىدى. بۇ، ئالۋاستى غارى، دوزاخ، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ماكانى ئىدى. ئۇ ئەسلى بۇ يەرگە كەلمىسىمۇ بولاتتى. بۇ يەردىن تېز كېتىش كېرەك. ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە ئالدىغا قاراپ ئۆمىلىدى. يەردىن بېشى چىقىپ تۇرغان ئىسكىلىتلارنىڭ چىشىنى تۇتۇپ، دۆۋە - دۆۋە جەسەت-لەرنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ، مۇزدەك قانغا يۇزىنى يېقىپ ئۆمىلە-دى. ھەر قېتىم ئالدىغا سىلجىغاندا ئۆتكۈر بىر نەرسە بەدىنىنى تىلىپ ئۆتەتتى. ئۇ ئېقىۋاتقان قېنىنىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھاياتلىقنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇ ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىشى كېرەك ئىدى.

قاراڭغۇلۇقنىڭ باش - ئاخىرى چىقىدىغاندەك قىلمايتتى.

شىنيۆ بۇ تەشىنىڭ زادى قەيەرگىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى بىل-
مەيتتى، ئالدىغا قاراپ ئۆملىگىنى ئۆملىگەن ئىدى. ئۇ ئۆمۇ-
چۈك تورىنىڭ يۇزىگە يېپىشىپ قالغانلىقىنى سەزدى، شەپەرەڭ-
لەرنىڭ باش ئۇستىدە قانات قېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئا-
خىر جېنى بار نەرسىلەرنى كۆرگىنىدىن خۇشال بولدى، ئۆمۇ-
چۈكتىن، شەپەرەڭدىن: «بۇ يەر ئادەملەر دۇنياسىدىن قانچىلىك
يىراقتا؟» دەپ سورىماقچى بولدى. هايال ئۆتمەي ئۇ يەنە ئۇمىد-
سىزلەندى، چۈنكى ئۇ يۇزىگە يېپىشىپ قالغان نەرسىنىڭ ئۆمۇ-
چۈك تورى ئەمەس ئۆزىنىڭ چېچى ئىكەنلىكىنى، بايا ئاڭلىغان
ئاۋازنىڭ شەپەرەڭنىڭ قانات قېقىشى ئەمەس، ئۆزىنىڭ هاسىرد-
شى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغانىدى. بۇ ئالۋاستى غارىدا ئۇنىڭ-
دىن باشقا هاياتلىق يوق ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ قانلىرىنىڭ تېخى
ئېقىپ تۈگىمىگەنلىكىنى، ئۇستىخانلىرىنىڭ تېخى ساق ئىكەن-
لىكىنى پەملەپ، كۈچ يىغىش ئۇچۇن جايىدا هاسىرىغىنىچە
توختاپ قالدى. ئۇ يەنە توختىماي ئۆملىشى كېرەك ئىدى...
ئۇ مۇشەققەت ئىچىدە داۋاملىق ئىلگىرىلەيتتى، ئىككى
سانتىمېتىرغا يەتمىگەن ئارىلىق ئىچىدە بىر قېتىم ئارام ئېلىۋا-
لاتتى. ئۆملەشنى توختىتىپ قويسا بولمايتتى، هەرگىز بول-
مايتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇققا قاراپ توختىماي ئۆملىدى. ئالدى
تەرەپتە، قاراڭغۇلۇقتا بىرى ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى. شىنيۆ ئۇلارغا
قاراپ توۋلىدى:
— دادا!...
— ئانا!...
— ئاكا!...
— چۇ مۇئەللىم!...
هېچقانداق جاۋاب كەلمىدى، شىنيۆمۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىيالمىدى. بۇ غەلىتە يەردە ئاۋازىمۇ چىقارغىلى بولمايدد-
كەن ئەمەسمۇ!

www.uyghurkitap.com

ئەمما، ئۇ ئىسمىنى چاقىرغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ سوقۇشنىڭ سۈرئىتى تولىمۇ ئاستا ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم تولىمۇ ھالسىز سىلجىغاندا، توملۇقى چاچنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغان سىزغۇچ بىلەن ئۆلۈم يولىنى ئۆلچەپ كۆرەتتى.

ئاخىر ئالدى تەرەپتە ئاجىز بىر ئۇچقۇن پىلىلدىدى. ئۇ شۇ تەرەپكە، دوزاخنىڭ چىقىش ئېغىزىغا ئاستا سىلجىشقا باشلىدى. ئۇچقۇن بارا ـ بارا يوغىناپ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنغا ئايلاندى. . .

شىنيۈ كۆزىنى ئاستا ئېچىپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان تونۇش بىر چىرايىنى كۆردى، بۇ، لۇ دوختۇر ئىدى. ئۇ قىمىرلىماقچى بولدى، ئەمما مادارى يەتمىدى، قىمىرلىيالماس بولۇپ قالغانىدى. بۇرنىغا ئوكسىگېن نەيچىسى تىقىلغان، قولىغا ئاسما ئوكۇل ئۇرۇلغان، پۇتى داكا بىلەن تېڭىلغانىدى. . . تۇرقىدىن قاتتىق «ئېغىر جازا»غا ئۇچرىغان جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەمما، كۆزلىرىدە يەنىلا ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي سەزگەنىدى.

— ھوشىغا كەلدى!

شىنيۈنىڭ قۇلىقىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئىشىك تۈۋىدە چۇ مۇئەللىم، دادىسى، ئاكىسى تۇراتتى. ئۇلار ئالدىراپ كارىۋاتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— شىنيۈ! شىنيۈ. . .

شىنيۈنىڭ كۆز چانىقىدا لەيلەپ قالغان ياش تامچىلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلۈپ كەتتى. مەن بايا سىلەرنى چاقىرغان، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ لەۋلىرى قىمىرلايتتى، ئەمما گېپى

سىرتقا چىقمايتتى، سۆزلىگۈدەك مادارى بولمىغاچقا شۇنداق بولۇۋاتاتتى، ئۇلارغا جىممىدە قاراپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

— شىنيۆ، — چۇ يەنچاۋنىڭ ياشلىرى شىنيۆنىڭ يۈزىگە، بوينىغا تامچىيتتى. ئۇ قەددىنى ئېگىپ قىزنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى، — ياخشى بولۇپ قالدىڭىز، ياخشى بولۇپ قالدىڭىز...

— ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭ، ھاياجانلانسا بولمايدۇ! — دېدى لۇ دوختۇر كەسكىنلىك بىلەن.

— مەن مۇشۇ يەردە ئۇنىڭغا قارىغان بولسام، — چۇ يەنچاۋ لۇ دوختۇرغا يېلىندى، — ئەمدى گەپ قىلمايمەن...

شىنيۆنىڭ كۆزىمۇ ئوخشاشلا لۇ دوختۇرغا ئىلتىجا بىلەن تىكىلگەنىدى.

لۇ دوختۇرنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلدى، بۇنداق ئۆتۈنۈشنى رەت قىلىش تەس ئىدى. ئۇ ئاخىر چۇ يەنچاۋغا جاۋاب بەرمەي شىنيۆگە قاراپ دېدى:

— قىزىم، بۇلتۇر يازدا قىلغان سۆھبىتىمىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ سىز ئوپېلىيا ئەمەس، ئەكسىچە قەيسەر، باتۇر بىر قىز! روھلۇق، غەيرەتلىك بولۇپ يېقىندىن ماسلىشىڭ، كېسەل ئۈستىدىن بىرلىكتە غالىب كېلەيلى.

شىنيۆنىڭ لەۋلىرى ئۆمەللەندى. ئۇ: «بىلدىم، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن» دېمەكچى ئىدى، لېكىن دېيىشكە مادارى يەتمىدى...

— سىزگە ئىشىنىمەن، بالام! — لۇ دوختۇر ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئاستا سۈرتتى، — سىزمۇ ماڭا، ئۆزىڭىزنىڭ... ئوقۇتقۇچىسىغا ئىشىنىڭ. سىزگە تەڭ ياردەم بېرىمىز، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسىز!

شىنيۆنىڭ كۆزلىرىدە ھاياتلىق نۇرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئالۋاستى غارىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋالغاندىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېيىن ئەمدى ھايات قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

چۇ يەنچاۋ ھايات قېلىشقا بولغان تەشنالىق ئۇچقۇنداپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزگە قارىيالماي ئۆرۈلۈۋالدى، توغرىسى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا پاتقىدە يىغلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلدى.

ئۇنىڭ كەينىدە يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشۋاتقان خەن زىچى بىلەن تيەنشىڭ ئېسەدەپ تۇراتتى.

— خەن تاغا، — دېدى چۇ يەنچاۋ تۆۋەن ئاۋازدا، — ھازىر خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا مەن قاراي، سىز قايتىپ ئارام ئېلىڭ، ئۆيدە تېخى. . .

خەن زىچىنىڭ تېنى ئىختىيارسىز تىكەنلەشتى. ئۆيدە يەنە بىر مېيىت ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، بۈگۈن مېيىتنى دەپنە قىلىدىغان كۈن ئىدى. ئۆيدە ئايالى بىلەن ئېغىر ئاياغ كېلىنىلا قالغانىدى. شۇ تاپتا قىزىنىڭ يېنىدىن كېتىشكە ئۇنىڭ كۆڭلى قانداق ئۇنايدۇ؟ لېكىن، ئۆيدىكى مېيىتنى ئۇزاتمىسىمۇ بولمايدۇ - دە! خەي ھامما ئۆز ئاچىسى بولمىغىنى بىلەن بۇ ئۆيگە قالتىس كۆيۈنگەنىدى. ئەگەر خەن زىچى بىلەن خەي ھامما ئېمىتىپ چوڭ قىلغان تيەنشىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە بولمىسا، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە ھەتتا ۋىجدان ئازابىغا قالاتتى.

— چۇ مۇئەللىم، ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭ، ئوبدان قاراڭ. . . — تيەنشىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ چۇ يەنچاۋغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە چۇ مۇئەللىمگە دەيدىغان نۇرغۇن گېپى بار ئىدى، لېكىن دېيەلمەيتتى. ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقى، سىڭلىسىنىڭ ئەزرائىلنىڭ قولىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يەنە دۇنيانىڭ دىشۋارچىلىقلىرىنى تارتىدىغانلىقى، سىڭلىسى بىلەن چۇ مۇئەللىم ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۈزگىلى

بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالغان بۇ ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا ئۇ ئۇلارغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيتتى، ئۇ ئۆزى بىر بىچارە تۇرسا باشقىلارغا قانداق ياردەم قىلالايدۇ؟ ئەگەر ئاشۇ گۇناھسىز ئايالىغا، شور پېشانە سىڭلىسىغا، چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلىغان بۇ ئائىلىنى دېمىگەن بولسا ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگەشكەن بولاتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىدە تۇرسا.

— چۈ مۇئەللىم. . . — خەن زىچى چۈ يەنچاۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئېسەدەپ يىغلايتتى. بۇ يىگىتكە ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ شىنيۆنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىسۇنمۇ؟ لېكىن، ئايالىنىڭ ئۇنى ئۆيدىن قوغلىغان چاغدىكى زەھەرلىك گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدىن تېخى كەتمىگەن، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك سېزىدىغان تۇرسا، بۇ گەپنى دېيەلەمدۇ؟ ئەمىسە شىنيۆنى دەپ ئۆز بەختىگە ئولتۇرماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلسۇنمۇ؟ بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ! ئۇ چۈ يەنچاۋنى بۇ مەقسەتتە چاقىرتقان ئەمەس. ھازىرغىچە بۇ ئازابلىق دۇنيادا ئاتمىش يىل ياشىغان، نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، ئىنگلىز تىلىنى، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن بىر ئادەمنىڭ چۈ يەنچاۋغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئاچچىق ياشلىرىنى تۆكۈپ ئولتۇرۇشى قىزىق ئىشتە!

— خەن تاغا، بولدى، ھېچنېمە دېمەڭ، — دېدى چۈ يەنچاۋ ئۇنىڭغا سەمىمىيەت بىلەن تىكىلىپ، — بىزنىڭ ئويلايدىغانلىرىمىز ئوخشاش!

خەن زىچى ھارغىن گەۋدىسىنى تەستە يۆتكەپ ئوغلى بىلەن چىقىپ كەتتى. دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئارقىغا بۇرۇلۇپ بىردەم توختاپ قالدى، ئاندىن چىشىنى چىشلەپ يۇ-

روپ كەتتى. ئۆيدىمۇ، دوختۇرخانىدىمۇ ئۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئادەم بار ئىدى. ئۆلگەنلەرمۇ، تىرىكلەرمۇ ئۇنىڭغا موهتاج ئىدى، شۇڭا تىنىقى ئۈزۈلمىسىلا ئالدىغا قاراپ توختىماي مېڭىشى كېرەك ئىدى.

ئوكۇل سۈيۈقلۇقى تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. . .

تېببىي خادىملار شىنيۆنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى.

چۇ يەنچاۋ شىنيۆنىڭ يېنىدا جىممىدە ئولتۇراتتى.

بىر سېستىرا بىر ئىستاكان سۈت كۆتۈرۈپ كەلدى. چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭ قولىدىن سۈتنى ئېلىپ شىنيۆگە ئاستاغىنە:

— ئازراق ئىچىڭ، بولامدۇ؟ — دېدى.

شىنيۆنىڭ پەقەتلا بىرنەرسە يېگۈسى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ چۇ يەنچاۋغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، شۇ ئارىدا ئوقۇتقۇچىسى سۆزلەپ بەرگەن هېلىقى ئالتۇن قازغۇچىنىڭ هېكايىسى ئېسىگە كېلىپ قالدى: ئۇنىڭ ئاشقازىنى «ئۇخلاپ» قالغان بولۇپ، هايات قېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر نەرسە يېيىشى كېرەك ئىدى.

چۇ يەنچاۋ قوشۇق بىلەن سۈتنى ئېلىپ شىنيۆنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى. شىنيۆ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاستا ئاچتى، ئاپئاق، ئىسسىق بىر سۈيۈقلۇق بوغۇزىدىن كىرىپ تېنىنى ئاستا - ئاستا ئىللىتىشقا باشلىدى.

چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قارايتتى، سۈتنى قىزنىڭ ئاغزىغا بىر قوشۇق - بىر قوشۇقتىن قۇياتتى. . .

شىنيۆ ئەڭ ئاخىرقى بىر قوشۇق سۈتنى ئىچىپ بولۇپ لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. لەۋلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى مىدىرلىتىپ ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— چۇ مۇئەللىم. . . — شىنيۈ مۇشۇ بىر سۆزنى بولسى-
مۇ قىلغۇدەك مادارغا كەلگىنى ئۈچۈن قالتىس خۇش بولدى.

— شىنيۈ! — چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ ئىسمىنى ھاياجان بىلەن چاقىردى. بۇ شىنيۈنىڭ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قىلغان تۇنجى سۆزى ئىدى.

شىنيۈنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا دەيدىغان گەپلىرى نېمانداق جىق-ھە! ئۇ بۇلارنى چۇ مۇئەللىمگە دېيىشى كېرەك: ئىككى ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئانىسىز يۇرۇپتىكەن، ئەمدى ئانىسى بار بولدى. چۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ رەسىمدىكى ئىللىق چىرايىنى كۆرگەن. شىنيۈ گەرچە ئانىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ ئۇنى ھامان ئىزدەپ تاپالايدىغانلىقىغا، ئانىسى بىلەن ھامان بىر كۈنى يۈز كۆرۈشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ چۇ مۇئەللىمنى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، ئىپتىخار بىلەن: «مۇئەللىم، بۇ مېنىڭ ئۆز ئانام ھەم سىزنىڭمۇ ئانىڭىز!» دەيدۇ. ياق، شۇ چاغ كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ھازىرلا دېيىش كېرەك. ئانىسى خېتىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۆزىگە سادىق بولىدىغان بىرىنى تېپىشنى ئارزۇ قىلغانىكەن. بۇ كىشى دەل چۇ مۇئەللىم ئەمەسمۇ! ياق، ئانىسىنىڭ ئۈگۈنكى ئىشلارنى ئون يەتتە يىل بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى! تەقدىرنى ئادالەتسىز دەپ يەنە كىم ئېيتالايدۇ؟ . . . ئەلۋەتتە، ئانىسى «ئورا»، «ھاڭ» دېگەنگە ئوخشاش بەزى قورقۇنچلۇق گەپلەرنىمۇ قىپتۇ. ئىلگىرى بەختسىزلىككە ئۇچرىغىنى ئۈچۈن شۇنداق دەپتۇ. لېكىن، ئۇ بەختسىزلىكلەر ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى. قىزى ئەمدى ئۇنى قايتىلىمايدۇ. چۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇنى «ئالداش»ى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ شىنيۈگە «ئورا»، «ھاڭ» كولىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ ئوقۇتقۇچىسى ئۆز قولى بىلەن كولىغان ئاشۇ «ئورا»غا، ئاشۇ «ھاڭ»غا سەكرەشكە

رازى!

— چۇ مۇئەللىم! . . . — شىنيۈ گەپنى دېيىشكە شۇنچە ئالدىراپ كەتتى، ئەمما ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن تىنىقى ئىتى-تىكلەپ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى، — ئانام. . . سىزنى ياقتۇرۇپ قالدۇ. مېنىڭ دەۋاتقىنىم. . . مېنىڭ ئانامنى. . . سىز بىل-مەيسىز. . .

— بىلىمەن، شىنيۈ، — چۇ يەنچاۋ بۇنداق كۆچىنىپ سۆزلىمەڭ، دېگەن مەنىدە قوللىرىنى يېنىك پۇلاڭلاتتى. ئۇ قىزنىڭ ھاياجانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ؟ . . . — شىنيۈنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا سوئال مەنى-سىدە تىكىلىپ قالدى. ئوقۇتقۇچىسى ئانىسىنىڭ ئىشىنى قانداق بىلىدىكىنە؟ دادىسى ئۇنىڭغا دېگەنمىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، چۇ يەنچاۋ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئالدىنقى قېتىم «بىلىمدان» قەسرىدىن كەتكەندىن كېيىن ئارانلا ئۈچ كۈن ئۆتكەندى. ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە، خەن ئائىلىسىدە بولۇپ ئۆتكەن پاراكەندىچىلىكلەرنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ شىنيۈنىڭ ئىك-كى ئانىسى بارلىقىنى قانداق خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ چۇ يەنچاۋ پەقەت ئۆزىنىڭ شىنيۈنى سۆيۈش، شىنيۈنىڭ ئۆزىنى سۆيۈش ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان خەن خانىمنىلا تونۇيتتى. ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىنمۇ ئۇ ئادەتتىكىدەكلا شىنيۈنى يوقلاپ تۇردى، لېكىن قەلبىدىكى ئازابلىق ھېسلىرىنى بىلدۈر-مىدى. قارىغاندا خەن خانىم ۋەدىسىدە تۇرۇپ شىنيۈگە ھېچقان-داق گەپنى دېمىگەندەك قىلاتتى. شىنيۈنىڭ بايا: «ئانام سىزنى ياقتۇرۇپ قالدۇ. . .» دېگىنىلا مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىما-دۇ؟ شىنيۈ تېخىچە ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت ئىشىدا ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشنى ئويلاۋېتىپتۇ. . . بىراق، بۇ شىنيۈ ئۇ-چۇن ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بوشلۇقى قالدۇردى. گەرچە بۇ بوشلۇق شۇنچىلىك تار، شۇنچىلىك كىچىك بولسىمۇ شىنيۈنى

داۋاملىق ياشاشقا ئىلھاملاندۇرالايدۇ. شىنيۈنىڭ ھاياتىنى ئۇ-
زارتقىلى بولىدىغانلىكى ئىش بولسا، چۇ يەنچاۋ خورلۇققا چىداپ
تۇرۇپ «بىلىمدان» قەسرىگە قەدەم بېسىشقا، شىنيۈ بىلەن
كاللىسىدىكى خىيالىي دۇنيانى تەڭ يارىتىشقا رازى.

— بىلىمەن، خەن ھامىمام ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە
قىلىدۇ، خەن تاغاممۇ ھەم شۇنداق. مەن ئۇلارنى ئۆز ئاتا -
ئانامدەك كۆرۈپ قالدىم، ئۇلار بىلەن چوقۇم ياخشى ئۆتۈپ
كېتەلەيمەن. . . — چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش
ئۈچۈن ئۇنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئالدايدىغان گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر
بولدى. ئۇنىڭ ھازىرقى گېپىدە كېلەچىكىنىڭمۇ ئۆتمۈشىگە
ئوخشاشلا گۈزەل بولىدىغانلىقىغا بولغان بىر خىل ساختا ئۈمىد-
ۋارلىق بار ئىدى.

شىنيۈ شېرىن چۈش قوينىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. چۇ مۇ-
ئەللىم دەۋاتقان «خەن ھامما» ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئانىسى ئەمەس
ئىدى، چۇ مۇئەللىم ئۇنىڭ يەنە بىر ئانىسى بارلىقىنى بىلمىگە-
نى ئۈچۈن ئۇنى دەۋاتاتتى. شىنيۈ شۇنداق بىر نۇقتىنى ئەمدى
تولىمۇ ئېنىق چۈشەندى: ئۇنىڭ خىيالىدىكى «ئانا» دېگەن مەۋ-
ھۇم ئۇقۇم ئەمدى ھەقىقىي بىر گەۋدىگە ئايلانغانىدى. ئۇ ئۆز
قەلبىدە ئانىسى مەۋجۇت بولسىمۇ ئۇنى نەدىن ئىزدىشنى بىل-
مەيتتى؛ ئۆيدىكى ئانىسى قەلبىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ يەنە ئۇ-
نىڭدىن قۇتۇلالمايتتى. خىياللىرى شۇنچىلىك گادىرماچ، كۆڭ-
لىدىكى گەپلىرىنى دېگۈدەك مادارى يوق ئىدى. دېگەن بىلەنمۇ
نېمە پايدىسى؟ چۇ مۇئەللىم ئىككىسىنىڭ تەقدىرىنى قولىدا
تۇتۇپ تۇرغان ئۆيدىكى «ئانا» سىنىلا تونۇيدۇ!

شىنيۈ ئازاب ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى. بولدى، ئەمدى دې-
مەسلىك كېرەك. بىھوش ھالەتتە تولىمۇ تەشنالىق بىلەن كۈت-
كەن دۇنيانىڭ ئويغانغاندىن كېيىن شۇنچە ئازابلىق دۇنياغا
ئايلىنىپ قالغىنى نېمىسى؟ ئالدامچىلىق. . . ھەممە يەر ئالدام-

www.uyghurkitap.com

چىلىققا توشۇپ كېتىپتۇ. ھەتتا چۇ مۇئەللىممۇ ئۇنى ئالداۋې-
تىپتۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۇ مۇئەللىم، مەن «ئانا»
مىنىڭ سىزگە ھېلىقى گەپنى بالدۇرلا دېگىنىنى بىلىمەن. نې-
مىشقا ھازىرغىچە مەندىن بۇنى يوشۇرىسىز؟ ھىم، چۈشەندىم،
سىز مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى
خىيالىي دۇنيا ئىچىدە ئۈزارتماقچىسىز. لېكىن، سىزگىمۇ،
ماڭىمۇ ئايان، بۇنداق قىلىش تەس، بەك تەس! ئەگەر مەن
ساغلام بىر يۈرەكنىڭ ئىگىسى بولغان بولسام، يەنىلا يەنيۈەندە
تۇرغان بولسام، بۇ چاغقا ئۈچىنچى يىللىققا چىققان بولاتتىم.
قەلب سىرىمىز يەنە ئىككى يىل مەخپىي تۇتۇلغان بولسا، مەن
ئوقۇش پۈتتۈرەتتىم، شۇ چاغدا ئانامنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك
ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالايدىغان مۇستەقىل ئادەمگە ئايلانغان بولات-
تىم، ھېچكىممۇ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى توسىيالمايتتى، مەن-
دىمۇ سىز بىلەن بىللە بۇ مېھرىم قالمىغان ئۆيدىن چىقىپ
كەتكۈدەك، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىچە بېرىپ ئۆزىمىزگە تەۋە تۇپ-
راقنى تاپقۇدەك كۈچ پەيدا بولاتتى. لېكىن، ئەمدى بۇنى ئىشقا
ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. يۈرىكىم ئېزىلدى، پۈتۈن ۋۇجۇ-
دۇمدا ئازراقمۇ مادار يوق، تەقدىرىم بەلگىلەپ بەرگەن ئاخىرقى
پەللىگە بىر قەدەم بىر قەدەمدىن كېتىۋاتىمەن. لېكىن بۇ ماڭ-
غان يول ھالاكەتكە باشلاپ بارىدىغان، جىمى نەرسە گۇمران
بولىدىغان يول!

شىنيۆنىڭ تال - تال كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلگەن
خرۇستالدەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى مەڭزىدىن سىرغىپ ئۆ-
تۈپ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى، ئۇ لەۋلىرىنى بوشقىنا قىمىرلىتىپ
كۆز ياشلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— شىنيۆ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. . . — چۇ يەنچاۋ
قولىنى چىقىرىپ قىزنىڭ مەڭزىدىكى ياشنى سۈرتتى، — ياخ-
شىلىنىپ كېتىسىز. دوختۇر شۇنداق دېدى، چوقۇم ياخشىلى-

نىپ كېتىسىز. باھار كەلگەندە. . .

— باھار. . . — قىز ئاستا پىچىرلىدى، — باھار كەلگەندە بىزنىڭ كىتابىمىزمۇ نەشىردىن چىقىدۇ!

چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. شىنيۆ تېخىچە شۇ كىتابنى كۈتۈۋېتىپتۇ - دە! ئەمدى بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسە بولىدىكىن؟

— ھەئە، — دېدى چۇ يەنچاۋ ئاخىر ئامالسىز، — باھاردا كىتابىمىز نەشىردىن چىقىدۇ. . .

بۇ يالغان گەپمۇ؟ ياق، يالغان گەپ ئەمەس. بۇ چۇ يەنچاۋ بىلەن شىنيۆنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئادەم ئۆز ئارزۇسىغا يېتەي دېسىمۇ مۇمكىن بولمىسا - ھە!

شىنيۆ ئاغزىنى ئۆمەللىدى. ئەسلى ئۇ: «كىتابنى كۆرەلەرمەنمۇ» دېگەكچى ئىدى، لېكىن «مەن ساقلايمەن. . .» دەپ قالدى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرىدى. ئۇ چۇ مۇئەللىمنى ئازابلاشنى خالىمايتتى، ئوقۇتقۇچىسىمۇ تەسەللىگە موھتاج ئىدى. ئىلگىرى چۇ يەنچاۋ ئۇنىڭغا: «مۇھەببەت ئۆزىنى تەقدىم قىلىش، بېرىش دېمەكتۇر» دېگەنىدى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ شىنيۆگە تەقدىم قىلغانلىرى، بەرگەنلىرى تولىمۇ جىق بوپتۇ. لېكىن شىنيۆ ئۇنىڭغا نېمە بېرەلىدى. ھېچنېمىسى بولمىغاچقا، ئازراق تەسەللىمدىن باشقا بىر نېمە بېرەلمىدى. چۇ يەنچاۋغا ئۇنىڭ ئۆزى دېگەن ھەرقانداق گەپكە شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇنىڭ ئۇچۇن بولسىمۇ ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گەرچە ھەر بىر كۈننى جىسمانىي ۋە روھىي ئازابىنىڭ ئىسكەنجىسىدە تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ!

چۇ يەنچاۋ شىنيۆنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرۈپ يېنىك بىر تىندى ۋە دېيەلمەيۋاتقان ئازابلىق ھېسسىياتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، ئاندىن شىنيۆنىڭ قوللىرىنى ئاستا سىلىدى. بۇ شۇنچە تاتىراڭغۇ، ھالسىز قوللار بولسىمۇ، تومۇرى يەنىلا سوقۇپ

www.uyghurkitap.com

تۆراتتى.

لۇ دوختۇر ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ شىنيۆنى تەپسىلىي
تەكشۈرگەندىن كېيىن سېستراغا ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇرۇشنى تاپـ
لىدى. چۇ يەنچاۋ شىنيۆنىڭ قولىنى تۇتۇپ بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ
تومۇرىغا مېڭىۋاتقان سۇيۇقلۇقنىڭ ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىشىنى
كۈتكەندەك ئوكۇل يىڭنىسىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قالدى.
ئەمەلىيەتتە، بۇ ئادەتتىكى ئاغرىق پەسەيتىدىغان ئوكۇل ئىدى.
ئۇ يۈرەك تومۇرلىرىنى كېڭەيتىش، يۈرەككە قايتىپ بارىدىغان
قان مىقدارىنى ئازايتىش، نەپەس ئېلىشنى ياخشىلاش رولىغا
ئىگە ئىدى، شۇنداقلا بىمارنى خاتىرجەم، تىنچ ئۇخلاش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلاتتى. شۇ تاپتا شىنيۆ بەك ھاياجانلىنىپ كەتسە
داۋالاش زور توسالغۇغا ئۇچرايتتى، شۇڭا لۇ دوختۇر ئوكۇل
ئۇرۇش باھانىسى بىلەن بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ
سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

ئوكۇل ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، شىنيۆ ئاستا
ئۇيقۇغا كەتتى، چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— لۇ دوختۇر، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق؟ —
چۇ يەنچاۋ كارىۋاتتىن ئۆرە بولۇپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا لۇ دوخ-
تۇرغا تىكىلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئەينەن جاۋابقا ئېرىشىشكە ئالدىراپ
كېتىۋاتاتتى، — ماڭا ئەينەن دەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلى-
مەن. ئالدىمدا قانداق خېيىمخەتەر تۇرغان بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر، مەن چوقۇم بىلىشىم كېرەك.

لۇ دوختۇر ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى. بىر يىل ئىل-
گىرى چۇ يەنچاۋ قارامىلىق بىلەن ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرگەن-
دە، لۇ دوختۇر ئۇنىڭغا شىنيۆنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرماي ئېيى-
تىپ بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا لۇ دوختۇر چۇ يەنچاۋنى شىنيۆنىڭ
ئوقۇتقۇچىسى دەپلا بىلەتتى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇتقۇ-
چىغا بىلدۈرۈش زۆرۈر دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى

نەچچە قېتىملىق ئۇچرىشىش داۋامىدا لۇ دوختۇر بۇ ئوقۇتقۇچى-
نىڭ شىنيۈ ئۇچۇن ئاتا - ئانىسىدىنمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغان-
لىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ماسلىشىشى كېرەكلىكىنى تېخىمۇ
ئېنىق ھېس قىلدى. ئۇنىڭ گەپلىرى، روھىي ھېسسىياتى شىن-
يۈ ئۇچۇن ئاجايىپ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. لۇ دوختۇر
ئۇنىڭغا قاتتىق ئىشەندى. بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۇچۇن
بۇ ئىككىيلەن تەبىئىي رەۋىشتە قول تۇتۇشقان، سەمىمىي دوست-
لاردىن بولۇپ قالغانىدى. لۇ دوختۇرچە بولغاندا، دوستقا سەمى-
مىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن لۇ دوختۇر دوستى
بولغىنى ئۇچۇنلا چۇ يەنچاۋنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ ئازاب
چېكىشىدىن ئەنسىرەيتتى. يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بۇ دوختۇر-
نىڭمۇ مۇشۇنداق ياش چاغلىرى بولغان، تۇنجى ھەم ئوتلۇق
مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى سۈرگەن چاغلىرى بولغان. شۇنىسى لۇ
دوختۇرغا ئېنىق، چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ ھاياتلىقىنىڭ سىمۋولى-
غا، پايانسىز دېڭىزدا پاراخوتنى توختىماي مېڭىشقا ئىلھاملاندۇ-
رىدىغان ماياكقا ئايلىنىپ قالغان. ئەگەر بۇ ماياك ئۆچۈپ قالسا،
پاراخوت دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدۇ، لۇ دوختۇر شىنيۈ ئۇچۇن
بۇ ماياكنى قوغدىشى كېرەك.

— ھازىرقى ئەھۋالى خېلى ياخشى، — دېدى لۇ
دوختۇر، — چۇ مۇئەللىم، سىز كەيپىياتىڭىزنى مۇقىم تۇتۇڭ،
زىيادە جىددىيلىشىپ كەتمەڭ!

لۇ دوختۇر بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىن-
يۈنىڭ ئەھۋالى ئۇستىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانىدى.
يۈرەك كلاپانلىرىنىڭ تارىيىش ئەھۋالى بارغانچە ئېغىرلاشقان،
يۈرەك ئوڭ دالانچىسىنىڭ بېسىمى بارغانسېرى كۆچەيگەن ۋە
كومپېنساتسىيە چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ ئىقتىدارى ئاجىزلاش-
قان. بۇ ئۆپكە ۋېنا بېسىمى ۋە ئۆپكە قىل تومۇرلىرىنىڭ قان
بېسىمىنى ئۆرلىتىپ ئۆپكە قىل تومۇرلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى،

قاننىڭ يىغىلىپ قېلىشىنى، قان پلازمىسى ۋە قىزىل ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆپكە پۈۋەكچىسى بوشلۇقىغا قاپسىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كلاپانلار ئېتىلىپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىشى بىلەن قىسقىراش دەۋرىدىكى يۈرەك سول دالانچىسىنىڭ بېسىمى ئارتىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆپكىگە قان يىغىلىپ قېلىش، نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىققان. ئۆپكە تومۇرلىرىدىكى يۇقىرى قان بېسىمى يۈرەك سول دالانچىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن. يۈرەك دالانچىسىنىڭ تىترىشى قان نۆكچىسىنىڭ ئۆيۈپ قېلىشىنى تېزلەتكەن. قان نۆكچىلىرى ئاجرىغاندىن كېيىن، بەدەندە دەۋرىيلىك ئايلىنىپ قاننى توسۇۋېلىشى، تىلدىن قېلىش، كۆرەلمەسلىك، پالەچ، ھەتتا ئۆلۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. . . بۇلارنى ئۇ چۇ يەنچاۋغا دېسۇنمۇ؟ مېھرىبانلىق تۇيغۇسى دوختۇرغا ئۇ گەپلەرنى دېمەسلىككە ئۈندىدى. ئۇ چۇ يەنچاۋنىڭمۇ شىنيۆگە ئوخشاشلا ئالدىدا نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىنى، دوختۇرنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

خەي ھاممىنىڭ مېيىتىنى يەرلىكىگە قويۇپ كەلگەندىن كېيىن، «بىلىمدان» قەسرىدىكىلەرگە ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەندى. لېكىن، خەن زىچى قىزىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، تيەنشىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— دادىسى! — دېدى خەن خانىم ئۇنى توسۇپ، — سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ھەممىدىن مۇھىم، ھېلىمۇ ھېرىپ ھالدىڭىزدىن كەتتىڭىز، بارمىسىڭىز بولامدىكىن.

خەن زىچى ئۈندىمەي سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— دادا، بارماڭ، مەن ئۆزۈم باراي، — دېدى تيەنشىڭ.

خەن زىچى يەنىلا پەرۋا قىلماي مېڭىۋەردى.

— دادا! — دېدى چېن شۇيەن قېيناتىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ، — مەنمۇ تيەنشىڭ بىلەن بارايمۇ؟

خەن زىچى جايىدا توختاپ غەمكىنلىك بىلەن كېلىنىگە يالتىيىدە قارىدى.

— سىز بۇ ھالىڭىز بىلەن قانداق بارالايسىز؟ — دېدى خەن خانىم كېلىنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — بويىڭىزدا تۇرسا، ئالىمادىن بېرەر پېشكەللىك بولۇپ قالسا...

چېن شۇيەن جايىدا تۇرۇپ قالدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىگە تاراملاپ قۇيۇلدى. ئۇ شۇ تاپتا خەن ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە تۇزۇك ياردەم بېرەلمىگىنىگە ئۆكۈنۈۋاتاتتى. ئۇ ھازىر ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ مۇھىم ئىدى، قورسىقىدىكى بالىنى ئاسرىمىسا بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ چېن شۇيەن قانداقلا بولسۇن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

تيەنشىڭ ئايالىغا: «سىز كىرىپ كېتىڭ!» دەپ، تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ھېسسىيات ئىچىدە چوڭ - چوڭ چامداپ كېتىپ قالدى. ئۇ بۇ ئائىلىدىن تېخى ئەمدىلا مېيىتى چىققان خەي ھامىنىنىمۇ، ئېغىر كېسەل بىلەن ياتقان سىڭلىسى شىنيۆنىمۇ، تۇغۇلمىغان بالىسىنىمۇ ئوخشاش سۆيۈشى، مۇھەببەت يوقالغان قەلبىدىن ھەممىگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىشى كېرەك ئىدى.

تيەنشىڭ دادىسىنى قولتۇقلىۋالدى. ئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن كېتىۋاتقان خەن زىچى ھېلىدىن - ھېلىغا دەلدۈگۈنۈپ تولىمۇ مۇشەققەت ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. نەچچە ئون يىل ماڭغان بۇ يول شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىردىنلا ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

قار يېغىۋاتاتتى. ئاتا - بالىنىڭ ئۇستۈېشى ۋە يول ئاپئاق قارغا پۈركەندى.

چېن شۇيەن ئاشخانىدا كۆزلىرى ياش، كەچلىك تاماقنى

تەييارلىدى. خەي هامما هايات ۋاقتىدا قىلىپ تۈگىتەلمىگەن بۇ ۋەزىپە ئەمدى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. خەي هامما هاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە روزا تۇتقىنىغا قارىماي ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئاش - تامىقىنى ۋاقتى - قەرەلىدە ئېتىپ بەرگەنىدى. خۇدا ئۇنى ئۇلۇغ روزا - رامىزان ئايلىرىدا ئېلىپ كەتتى، ئەمدى ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم بارالايدىغان بولدى.

ئائىلىنىڭ بېشىغا ئېغىر سورۇقچىلىق چۈشكەن بولسىمۇ، خەن خانىم خەي هاممىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئالدىراش يۈرۈۋېتىپمۇ روزىنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئاچلىقتا، ئۇسسۇزلۇقتا چىدىدى. روزا تۇتقاندا ناشايان ئىشلارنى كۆرۈشكە، يامان نەرسىلەرنى ئېغىزىغا ئېلىشقا، غەيۋەت - شىكايەتكە قۇلاق سېلىشقا، هەرەڭ - سەرەڭ خىياللارنى قىلىشقا بولمايتتى. پۈتۈن ئىقبالى بىلەن ئاللاغا تېۋىنىپ سەمىمىيلىك بىلەن روزا تۇتۇش كېرەك ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. قار يېغىۋاتقاچقا، قۇياشنىڭ ئولتۇرغىنىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدە ئېگىز ئېسىلغان بىر قىزىل چىراغ بار ئىدى، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارغا ئىپتار ۋاقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەتتى. قىزىل چىراغ يانغاندىن كېيىن خەن خانىم كېلىنى بىلەن تاماق يېيىشكە تۇتۇندى.

قائىدە بويىچە هامىلىدارلار، بىمارلار، قېرى - چۆرىلەر، سىرتقا سەپەرگە ماڭغانلار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار روزا تۇتمايتتى. لېكىن، خەن ئائىلىسىدىكىلەر بېشىغا تۇشمۇ تۇشتىن دىشۋارچىلىقلار كېلىپ تۇرسىمۇ روزا تۇتۇشنى تاشلىمىدى.

— ئانا، — دېدى چېن شۈيەن چوكىنى قويۇپ، — مەن يەنىلا دوختۇرخانىغا بارسام توغرا بولغۇدەك. دادام بىلەن تيەنشىڭنىڭ قورسىقى ئاچ، شىنيۆگىمۇ ئازراق يەيدىغان نەرسە

ئاپىرىپ بەرمىسەك بولمايدۇ. . .

ــ ھەي-ي! ــ خەن خانىم ئاچچىق خورسىندى:

ــ ئەمىسە. . . مەن باراي، سىز ئۆيگە قاراپ تۇرۇڭ!

ــ سىز بارسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئانا؟ يېشىڭىز چوڭ-يىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قار يېغىۋاتىدۇ. مەن خاتىرجەم بولالمايمەن، يەنىلا مېنىڭ بارغىنىم تۈزۈك.

خەن خانىم بۇ قېتىم كېلىنىنىڭ گېپىنى يىرالمىدى. تاماق قاچىسى بىلەن باشقا ئالىدىغان نەرسىلەرنى قولىغا تۇتقۇز-غاندىن كېيىن يەنە گەپ تاپىلاشنى ئۇنتۇمىدى:

ــ يولدا ئاۋايلاپ مېڭىڭ، يىقىلىپ چۈشسىڭىز بولمايدۇ. . .

ــ بىلىمەن. . .

چېن شۇيەن قارنى دەسسەپ «بىلىمدان» قەسرىدىن چىقـ-تى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىنيۈنىڭ قېشىغا تېزراق بېرىش تەقەززا-سىدا گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئالتە يىللىق ساۋاق-داش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، چېن شۇيەن بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئىككىسى ئاچا - سىڭىلدەك يېقىن ئۆتكەنىدى، شۇڭا شىنيۈنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولامدۇ!

كەچ كىرىپ قالغان بولغاچقا، ئاپتوبۇسلار ئاساسەن دېگۈ-دەك يوق ئىدى، بىلەت ساتقۇچىلار ئۆز ئورۇنلىرىدا شۈمشەرەپ ئولتۇرۇشاتتى. چېن شۇيەن تاماق قاچىسى بىلەن ئاپپېلسىن سۈيۈقلۇقى قاچىلانغان بوتۇلكىنى كۆتۈرگەن پېتى ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ تەسلىكتە چىقىۋالدى. ئىشىكنىڭ گۈپ قىلىپ يېپىلىشى بىلەن ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتتى. . .

شىنيۈ كارىۋىتىدا ئۇخلاۋاتاتتى، مەيدىسى بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسىيىپ تۇراتتى، خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك چىرايى سەل - پەل قىزارغان، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم قېتىپ قالغانىدى.

ئۇ بۇگۈن چۈشىدە ھېلىقى ئالۋاستى غارىنى ئەمەس، ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان گۈزەل يەرلەرنى، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسماننى، تەۋرىنىپ تۇرغان بۇلۇتلارنى كۆردى. قەدىمى ئاستىدا چەكسىز پاياندازغا ئوخشاش يۇمشاق چىملىق ياتاتتى، يىراقتا قاتمۇقات تاغلار قوڭۇر، كۆكۈچ رەڭدە كۆزگە تاشلىناتتى، تاغ چوققىلىرىدا شەپەق نۇرى ئەكس ئېتەتتى، تاغ تۆپىسىدىن بىر شارقىراتما ئېقىپ چۈشەتتى. قىيا تاشلارغا چاچراپ ئېقىۋاتقان شوخ سۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا مارجاندەك ئۈنچىلەرنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ سۇ تاغ غارلىرىدىن، ئورمانلىقلاردىن، ئوتلاقلاردىن ئۆتۈپ كەڭ كۆل سۈيىگە قۇيۇلۇپ كەتتى. خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن بىرىكىپ كەتكەندەكلا كۆل سۈيىمۇ قىزىلگۈل رەڭگىدە ئىدى. ئالتۇن رەڭ بۇلۇتلار كۆكتىمۇ، سۇدىمۇ ئۈزۈۋاتاتتى. پەيلىرى قاردەك ئاپئاق، ئاغزى قىپقىزىل بىر توپ ئاق قۇ كۆل تەرەپتىن ئۇزۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كۆل سۈيىدىكى سايىسى ئۆپمۇئوخشاش ئىدى. بىر ـ بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايتتى، بىر ئاق قۇ قاقىلداپ قىرغاقتىكىسىمۇ، سۇدىكىسىمۇ تەڭلا قاقىلدايتتى. بۇ ئاۋاز تولىمۇ يىراققا تاراپ جىلغىلار بىلەن ئورمانلىق ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى، بۇ سادا بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىغا، شىنيۈننىڭ قەدەم تىۋىشىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

شىنيۈ چاڭ ـ توزان، پاسكىنىچىلىقتىن خالىي، رەزىللىك، ئالدامچىلىق، قىرغىنچىلىق، ئازاب بولمىغان بىر دۇنياغا قەدەم باستى. ئۇ ئۈزۈن چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلغان، ئاپئاق كۆڭلىكى شامالدا يەلپۈنگەن ھالەتتە يالاڭ ئاياغ ماڭاتتى، قەدەم تىۋىشى كۆل يۈزىنى يېنىككىنە تىترىتىپ ئۆتەتتى.

چۇ يەنچاۋ، خەن زىچى، تيەنشىڭ شىنيۈننىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا ئۈنسىز ئولتۇرۇشاتتى. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىل ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشقا موھتاج بولى-

دۇ، ئەمما بىر ـ بىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار گەپ قىلمىغىنى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ.

— سىز نېمىگە كەلدىڭىز؟ — تيەنشىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىۋاتقان چېن شۈيەنگە قارىدى.

— ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىڭلار. . . — چېن شۈيەن ھاسىراپ تۇرۇپ تاماق قاچىسىنى تيەنشىڭگە سۇندى، — چۇ مۇئەللىم، سىزنىڭ قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ.

چۇ يەنچاۋ قولىنى بوش شىلتىپ قويۇپ ئارتۇق ئىنكاس قايتۇرمىدى، تاماققا ئۈچەيلەننىڭلا زوقى تارتمايتتى.

— شىنيۆ قانداقراق؟ — چېن شۈيەن قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن پەلتويىنى سېلىپ تيەنشىڭنىڭ تىزىغا قويدى ۋە ئالدىراپ شىنيۆ ياتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

شىنيۆ بىر خىل رىتىمدا يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بېرىلىۋاتقان ئوكسىگېن ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى نورمال قىلىپ ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغانىدى. تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش دورىسى ئارقىلىق بەدىنىدىكى زىيادە سۇيۇقلۇقلار چىقىرىۋېتىلگەن، ئۆپكە ئىششىقى يانغان، يۈرەك ئالدى دالانچىسىنىڭ يۈكى يېنىكلىگەنىدى. . .

— ھازىر خېلى ياخشىدەك قىلىدۇ، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — ھوشىغا كەلگەن چېغىدا تېخى مەن بىلەن پاراڭلاشتى، كېيىن ئۇخلاپ قالدى. . .

— شۈيەن، ئۇنى ئويغاتماڭ، — دېدى خەن زىچى، — بۇگۈن ئوبدان بىر ئۇخلىۋالسۇن، ئەتە ئەھۋالىغا قاراپ كۆرۈشكۈدەك بولسا كۆرۈشەرسىز.

چېن شۈيەن كارىۋاتنىڭ يېنىدىن ئاستا كەتتى ۋە قېيناتىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى:

— دادا، سىز ئۆيگە قايتىپ كېتىڭ، چىرايىڭىز پەقەت

ياخشى ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا بۇ يەردە تۇنەيمەن دېسىڭىز بولمايدۇ. مەن مۇشۇ يەردە قېلىپ...

— سىز... — خەن زىچى خاتىرجەم بولالمىغاندەك كېلىنىگە قاراپ قويدى.

— مەندىن ئەنسىرىمەڭ، تيەنشىڭمۇ مۇشۇ يەردە تۇرسا. خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ.

— خەن تاغا، سىز قايتىپ كېتىڭ، — دېدى چۇ يەنچاۋمۇ، — بۇ يەردە بىز ئۈچەيلەن بار!

— چۇ مۇئەللىم، سىزمۇ قايتىپ دەم ئېلىڭ! — دېدى چېن شۈيەن چۇ يەنچاۋنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىش ھەم خىجىللىق ئىچىدە. ئۇ: «مەن شىنيۆنىڭ يەڭگىسى بولغاندىكىن، چۇ يەنچاۋنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشىم كېرەك. شىنيۆ ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئەمدى چۇ مۇئەللىمگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىم بار؟ شىنيۆنىڭ ئورنىدا بۇ بەختسىز يىگىتكە كۆڭۈل بۆلۈپ قوياي» دەپ ئويلايتتى.

— ياق، مەن كەتمەيمەن، — دېدى چۇ يەنچاۋ، — كەتسەم بولمايدۇ...

— سىزگە تېلېفون بەرمىسەم بوپتىكەن! — دېدى تيەنشىڭ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، — سىزنى شۇنچە ئاۋارە قىلىۋەتتۇق. بىز...

— چۇ مۇئەللىم! — خەن زىچى ياشلىق كۆزلىرى بىلەن چۇ يەنچاۋغا قارىدى، — بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجىل. مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭ: قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىڭ. شىنيۆنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن سىزمۇ سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

بۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ سالمىقى خېلى بار ئىدى، چۇ يەنچاۋ بۇنى ھېس قىلىپ، ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى:

— مەن خەن تاغامنى ئاپىرىپ قوياي. بۈگۈن ئاخشام... —

ئۇ يەنە ئىككىلىنىش ئىچىدە شىنيۆگە قارىدى.

— بايا دوختۇردىن سورىدىم، خەتەر يوقكەن، — دېدى تيەنشىڭ، — خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ. ئۇنىڭ يېنىدا مەن بار. ئەتە سىزگە تېلېفون بېرىمەن. ئەھۋالى نورمال بولسا، كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ...

— ياق، ئەتە ئەتىگەندە كېلىمەن، شىنيۆ ئويغانسا ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ.

چۇ يەنچاۋ بۇرۇلۇپ شىنيۆگە يەنە بىر قېتىم قارىغاندىن كېيىن: «مېنى كۈتۈڭ، ئەتە كۆرۈشەيلى!» دەپ ئويلاپ، خەن زىچىنى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە پەرىشان ھالدا چىقىپ كەتتى.

كوچىدا قار خېلىلا يېغىۋاتاتتى. ئىككىيلەن غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يورۇپ تۇرغان قارلىق يولدا ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار بىر - بىرىنى قولتۇقلاپ شۇنچىلىك يېقىن ماڭاتتى، ھەر ئىككىسى بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. شۇ تاپتا ھەرقانداق گەپ ئارتۇقچە ئىدى.

ئىككىيلەن «بىلىمدان» قەسرى ئالدىدا ئايرىلىشتى. خەن زىچى چۇ يەنچاۋنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمىدى، چۇ يەنچاۋنىڭمۇ بۇنداق ئويى يوق ئىدى. شىنيۆ بولمىسا، بۇ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئۇنىڭ كۆزىگە سوغۇق كۆرۈنەتتى. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتچە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۈنسىز تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، خەن زىچى دەرۋازىنى ئۇردى. چۇ يەنچاۋ شۇندىلا كەينىگە بۇرۇلدى.

ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپتا مەكتەپكە بېرىپ فاكۇلتېتتىن رۇخسەت سورىمىسا بولمايتتى. شىنيۆ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ خاتىرجەم دەرس ئۆتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۇ يەنچاۋ ئەزەلدىن شەخسىي ئىشىنى دەپ فاكۇلتېتتىن رۇخسەت سوراپ باقمىغاندى، بۇ قېتىم شىنيۆ ئۈچۈن بۇ ئادىتىنى بۇزىدىغان بولدى.

ئۇ فاكۇلتېتنىڭ، سىنىپىدىكى ئون بەش ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى

توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، ھازىر شىنيۈنىڭ ئۈنىڭغا تازا موھتاج ۋاقتى ئىدى، ھېچقانداق ئادەم ئۈنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. شىنيۈ زادى ئۈنىڭ نېمىسى؟ ئوقۇغۇچىسىمۇ؟ مەشۇقىمۇ؟ باشقىلار نېمىدەپ ئويلىشىدىن قەتئىينەزەر ئەمدى ئۈنىڭ كارى يوق!

پۈتكۈل يەنيۈەن ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن، نامسىز كۆلنىڭ يۈزى قاتقانىدى.

چۈ يەنچاۋ كۆلنىڭ بويىدىكى قارلىق يولدا بېيجەيگە قاراپ ماڭدى. يول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۈنىڭغا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان سايىسىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

چۈ يەنچاۋ قەدىمىنى توختىتىپ كۆل بويىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى، سائىتىگە قارىدى، يېرىم كېچە بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ كىمدىن رۇخسەت سورايدۇ، فاكۇلتېت ئىشخانىسىدا ئادەم قالمىغان تۇرسا. فاكۇلتېت رەھبەرلىرى ۋە ئۆيى بار خىزمەتداشلىرى ئۈنىڭغا ئوخشاش بويتاقلار ياتىقىدا تۇرمايدۇ. ئەتە ئەتىگەندە يەنە دوختۇرخانىغا بېرىشى كېرەك. ئىشقا چۈشكەندە رۇخسەت سوراپ مېڭىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ! ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك.

ئۇ شۇ تەرىقىدە بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۈشتۈمتۇت جېڭ شاۋجىڭنى ئەسكە ئالدى. توغرا، ھازىر قىزلار ياتىقىغا بېرىپ ئۈنىڭدىن رۇخسەت سوراش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.

شىنيۈ ئويغاندى...

— ئاكا، يەڭگە، — شىنيۈ كۆزىنى ئېچىپ ئۆيىدىكىلەرنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە كۈلۈمسىرەپ ئۇلارغا قاراپ تۇردى.

— شىنيۈ، خېلى ياخشى تۇرامسەن؟ — چېن شۈيەن ئۇ-

نىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاستاغىنە سورىدى.
— ياخشى. . . — شىنيۈ تەستە جاۋاب بەردى. ئۇ قېرىندا-
داشلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت «ياخشى» دې-
يىشنى ئويلايتتى.
— ئازراق بىر نەرسە يەمسەن؟ شۇيەن ساڭا تاماق قىلىپ
كەپتۇ، — تيەنشىڭ قويىنىدىن تاماق قاچىسىنى كۆرسەتتى، —
تېخى ئىسسىق تۇرۇپتۇ.
— بولدى، يېمەي. . . — دېدى شىنيۈ، — سىلەرگە قا-
راپ. . . تۇرسام. . . خۇش بولىمەن. . .
— دوختۇر، ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزسەك بولامدۇ؟ — چېن
شۇيەن بىر چەتتە تۇرغان سېستىرادىن سورىدى.
— ھاجىتى يوق. . . — سېسترا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا قا-
راپ قويۇپ دېدى، — سىلەر ياخشىسى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاش-
ماڭلار. لۇ دوختۇر شۇنداق دەپ تاپىلىغان.
— بىز. . . بىردەم پاراڭلىشايلى، — شىنيۈ ئۆتۈنۈش
نەزەرى بىلەن سېستىراغا قارىدى، — بەلكىم. . . كېيىن بىز-
گە. . . پاراڭلىشىش پۇرسىتى چىقماس. . .
سېسترا كۆز چانىقىدىكى ياشنى شىنيۈگە ۋە ئۇنىڭ تۇغقاندا-
لىرىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلۇپ كۆزىنى ئېتىۋا-
ۋالدى.
— شىنيۈ، نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىسەن؟ — چېن
شۇيەننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، كۆزلىرىگە يىغا يا-
ماشتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — شىنيۈ، سەن ھازىر
شۇنداق ياخشى، پات ئارىدا دوختۇرخانىدىن چىقىسەن. ئۆيگە
قايتقاندىن كېيىن دائىم ساڭا ھەمراھ بولىمەن. . .
— دېگىنىڭ كەلسۇن، — دېدى شىنيۈ پىچىرلاپ، —
بىز. . . ئايرىلماي ياشايلى، — ئۇ سۆزدىن توختاپ يەنە سورد -
دى، — دادام قېنى؟

— ئۆيگە كەتتى. . .

— ھە. . .

— چۇ مۇئەللىمچۇ؟ مەن ئېمىشقا ئۇنى كۆرمەيمەن. ئۇ تېخى بايىلا بار ئىدىغۇ. . .

— چۇ مۇئەللىممۇ كەتتى، مەن كەتكۈزۈۋەتتىم. قارىسام بەك ھېرىپ كېتىپتۇ، بېرىپ دەم ئالسۇن دېدىم، — چېن شۇ-يەن چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتتى، — سەنمۇ شۇنداق ئويلايسەنغۇ دەيمەن؟

— ھەئە. . . — شىنيۈ ھاسىراپ كەتتى، — ئۇنىڭغا. . . كۆڭۈل بۆلگىنىڭگە رەھمەت. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقاندۇ؟ يول بەك تېيىلغاق. . .

— ھازىر يامغۇر ياغىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. قار يېغىۋاتىدۇ، — دېدى چېن شۇيەن، — تاڭ ئاتسا سېنى قار مەن-زىرىسىنى كۆرسەتكىلى ئاچىقىمەن. قار مەنزىرىسىگە بەك ئام-راق ئىدىڭغۇ؟

— قار، قار. . . — شىنيۈ ئىنتىلىش ئىچىدە مۇشۇ گەپ-نى تەكرارلىدى، كۆز ئالدىدا ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن يەنيۈەن، نامسىز كۆل، يەنە ئاپئاق بىر دۇنيا پەيدا بولدى. ئۇ كۆلدىكى كىچىك ئارالغا بارىدىغان قارلىق يولدا شىپاڭغا يېقىن تۇراتتى، يىراقتىن كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئىسكىرىپكا سادا-سى كېلەتتى. . . ئۇ شۇ جايغا، ئاشۇ ۋاقىتقا قايتىپ بارالىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ ۋاقىتتا شىنيۈ بەك ساددا ئىدى، قەلب ئىشكىنىڭ چېكىلگەنلىكىنى سەزمىگەنىدى. بۇنى بىلگەن چېغىدا قارىسا يەنيۈەندىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپتۇ. ھازىر ئۇ ئاشۇ كىچىك ئارالدا تۇرۇپ نامسىز كۆلگە، بارلىق ئادەملەر-گە قاراپ: «مەن ئۇنى سۆيىمەن! ئۇنى سۆيىمەن!» دېيىشنى شۇنچىلىك ئويلايتتى. شۇنداق دېسە ساۋاقداشلىرى ھەيران قا-لارمۇ؟ ئۇمۇ مەيلى ئىدى. شىي چيۇسى ھەسەت قىلارمىدى؟

ئۇنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق. باشقىلارنىڭ ھەسەتلىرىگە ئۇچراشمۇ بىر خىل بەخت ئەمەسمۇ!

ئالدى تەرەپتىكى قار - مۇزلار ئېرىدى، شىنيۈنىڭ چىرا-يىدىنمۇ تەبەسسۇم ئۆچتى. بىمەنە خىياللارنى قىلىپ كەتكىنىنى قارا ئۇنىڭ. ئەمدى ئۇ يەنيۇەنگە قايتىپ بارالامتى؟ چۇ مۇئەل-لىممۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس. ئانىسى ئۇنىڭغا، ئۆلسەممۇ سېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمايمەن دەپ ئېنىق دېگەن تۇرسا. . .

— ئانا. . . — شىنيۈ تەگسىز خىياللار قاينىمىدىن قۇتۇ-لۇپ كۆزىنى يۇمغىنىچە ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئازاب بىلەن چا-قىردى.

چېن شۇيەن ئۇنىڭغا قانداق تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمىدى.

— شىنيۈ، ئانامنى سېغىنغان ئوخشىمامسەن؟ ئۇ بايا سېنى كۆرگىلى بارىمەن دېگەن، ئەتە كەلسۇنمۇ؟

— ياق! — شىنيۈنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەت-تى، — ئەتە. . . ئانامنىڭ سۇرىتىنى. . . ئالغاچ كەلسەڭلا بولىدۇ. . .

تيەنشىڭنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— سۇرەت؟ شىنيۈ، سەن. . .

— ئاكا. . . — شىنيۈ ياشلىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئاكىسىغا قارىدى ۋە ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى ئازابلاشنى خالىماي مەقسەتلىك ھالدا «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى باشقا ياققا بۇرۇۋەتتى، — سەن. . . دادام بىلەن. . . ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالمىساڭ بولمايدۇ. . .

تيەنشىڭنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان يوغان ئالىقىنىنى ئېچىپ سىڭلىسىنىڭ قولى-نى تۇتتى. ئوبدان سىڭلىم، ئاجىز سىڭلىم، بىچارە سىڭلىم، سەن ئەسلى ھەممىنى بىلىدىكەنسەن ئەمەسمۇ!

شۇ تاپتا خەن زىچى غەربىي ھۇجرىدا ئازاب بىلەن ئىڭراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىردەمگىچە ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئى-دى. بايا ھۇجرا ئورنىدا پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان كۇتۇپخانىسىغا كىرىشى بىلەن تەڭلا غېرىبلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قالدى، دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئۈكۈندى. قىزىنىڭ ئۆيى-گە كىرىپ قىزى ياتقان كارىۋاتنى، ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى تاڭ ئاتقۇچە سىلاپ چىقتى. بۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلەيدى-غان بىردىنبىر ئىش ئىدى. بۇ چوڭ مىس كارىۋات، بۇ يېزىق ئۈستەلى قىزىنىڭ ھەم لياڭ بىڭيۈنىڭ ئىدى. ئۈستەل ئۈستىدە لياڭ بىڭيۈنىڭ سۈرىتى تۇراتتى. ئۇنىڭ شىنيۆگە يازغان خېتى ياستۇقنىڭ ئاستىدا ئىدى. شىنيۆ تۇنۇگۈن ئاخشام بۇ خەتنى كۆرۈپلا. . . خەن زىچى خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمى-دى، قوللىرى تىترەپ كەتتى، خەتنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ تارتى-مىسىغا سالدى. تارتمىدا تيەنشىڭ شىنيۆگە بەرگەن ھېلىقى قاشتېشى تۇراتتى. ئەسلى بۇ قاشتېشىنى لياڭ بىڭيۈ تيەنشىڭگە بەرگەندى، تيەنشىڭ ئۇنى شىنيۆگە قايتۇرۇپ بېرىۋەتتى. ئۇ دادا تۇرۇقلۇق، تولىمۇ ئىچىل، ئىناق ئۆتىدىغان بۇ بىر جۈپ پەرزەنتىنىڭ قەلبىدە جاراھەت قالدۇرۇپ، ئوغلىنى بىر مەز-گىل دادىسىز قالدۇردى، قىزىنى ئانىسىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئېغىر گۇناھىنى كىممۇ كەچۈرەر!

خەن زىچى خەتكە، ھېلىقى قاشتاشقا يەنە قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن تارتمىنى ئالدىراپ يېپىۋەتتى. لېكىن رەسىمدىكى لياڭ بىڭيۈ يەنىلا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بىڭيۈ، سىز قەيەردە؟ قىزىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر بەختسىزلىك چۈشكىنىنى بىلەمسىز؟ مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئەمدى قىزىمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. ئەگەر. . . تەقدىر راستتىنلا ماڭا مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىدىغان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قانداق قارىيالايمەن؟

خەن زىچى قورقۇنچ ئىچىدە رەسىمگە، ئۆزىنى ئازاب ئىچىدە قورشاپ تۇرغان ئۆي ئىچىگە قارىدى.

تاڭ يوراي دەپ قالغانىدى. خەن خانىم تەرەت ئالغاندىن كېيىن، شەرقىي ھۇجرىغا كىرىپ بامداتنى ئوقۇدى. ئىككى رەكەت سۈننەت بىلەن ئىككى رەكەت پەرزنى تۈگەتكەندىن كېيىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خۇدادىن ئائىلىسىگە بەخت ئاتا قىلىشنى، قىزىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرىشنى تىلىدى. بىچارە قىزى كىچىكىدىن ئۆز ئانىسىنىڭ باغرىغا قانمىغىنىنى ئاز دەپ ئەمدى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. كېسىلى بىردەم ساقىيىپ، بىردەم قوزغىلىپ ئىككى يىلغا سوزۇلۇپ كەتتى. بۇنداق كېتىۋەرسە، قىزىمۇ، باشقىلارمۇ چىدىيالمايتتى.

خەن زىچى غەربىي ھۇجرىدا ھېلىقى رەسىمنى تۇتقىنىچە يېزىق ئۈستىلىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. رەسىمدىكى لياڭ بىڭيۈ بىلەن شىنيۈ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى...

ئاق كۆڭلەك كىيگەن، چېچىنى رەتلىك تاراپ قىسقا قىلىپ ئۆرۈۋالغان قىزى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئازراقمۇ كېسەل ئالامىتى قالمىغان ئاپئاق، سۈزۈك يۈزىدە خۇشال تەبەسسۇم، يوغان شەھلا كۆزلىرىدە ياشلىق ئۇچقۇنى جىلۋە قىلاتتى. قىزى باھار شامىلىنى باشلاپ غەربىي ھۇجرىغا كىرىپ ئۇدۇل دادىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى:

— دادا! مەن قايتىپ كەلدىم، مەن ساقايدىم!

— ھە، ساقايدىڭمۇ قىزىم؟ بەك ياخشى بوپتۇ! — چەكسىز بەخت تۇيغۇسى دادىسىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قىزىنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالدى...

ھاياجان ياشلىرى خەن زىچىنى كۆزىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى، ئالدىدا قىزى يوق تۇراتتى، ئۇنىڭ قۇچاقلاپ تۇرغىنى قىزى ئەمەس، جانسىز سۈرەت ئىدى.

ــ شىنيۆ! شىنيۆ! . . . ــ خەن زىچى قىزىنىڭ ئىسمىنى ئەسەبىيلەرچە توۋلاپ غەربىي ھوجرىدىن چىققان پېتى دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قىزىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغىنىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى.

ئوكۇل نەيچىسىدىكى سۇيۇقلۇق بىر تېمىم، بىر تېمىمدىن تامچىلاپ ئاقماقتا ئىدى.

ــ يەڭگە. . . سائەت قانچە بولدى؟

ــ بەش بولدى، تاڭ يوراي دېدى.

ــ ھە. . .

ــ شىنيۆ، بىردەم ئۇخلىۋالامسەن؟

ــ ئۇيقۇم كەلمىدى. . . سىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ. . . ياتاي.

ــ كېيىن پاراڭلىشايلى، ــ دېدى چېن شۈيەن ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ، ــ سەن ياخشى بولۇۋالغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پاراڭلىشارمىز. كۆپ دېگەن ئۇزۇنغۇ!

ــ ھە. . .

ــ سەن دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن مەن بۇرۇنقىدەكلا ساڭا ھەمراھ بولۇپ ياتىمەن، بىللە ئوينايمىز، سىرتلارنى بىللە ئايلىنىمىز. شياڭشەنگە، يېخېيۇەنگە، بادالىڭغا، شىسەنلىڭغا چىقىمىز. بىز تېخى ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ئويناپ باقمىدۇق.

ــ شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى! . . . ــ شىنيۆنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە ھاياجان پەيدا بولدى. ئاشۇ ۋاقىتتىكى كۆڭۈللۈك مەنزىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋېتىپ ھاياجاندا كىچىك بالىدەك كۈلدى، ئەمما بۇ كۈلكىسى ئاخىر يۆتەلگە ئايلىنىپ كەتتى.

چېن شۈيەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— شىنيۆ، بىردەم ئارام ئالغىن!

لېكىن شىنيۆنىڭ ھاياجانلىق قەلبى ئارام ئېلىشنى خالىمايتتى. شىنيۆ يۆتىلى بېسىققاندىن كېيىن ھاسىرغىنىچە يەڭگىسىنىڭ ئىسمىنى ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە چاقىردى:

— شۇيەن...

— ھە؟

— مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمىز... ئېسىڭدىمۇ؟ ئەجەب... كۆڭۈللۈك ئوينايتتۇق - ھە؟

— راست دەيسەن، — بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشى شۇيەننىڭ قەلبىدە شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئويغاتتى. ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى چوكان بولدى، پات ئارىدا ئانا بولىدۇ. ئۇنىڭ قىزلىق دەۋرىنى ئەسلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى... چېن شۇيەن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى شىنيۆنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن زورىغا كۈلۈمسىرىدى ۋە شىنيۆنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىغا بېقىپ سۆز باشلىدى، — ئۇ چاغلاردا دائىم بىرگە ئوينايتتۇق. قىزلار مېنى «شىنيۆنىڭ دېدىكى» دېسە، ئوغۇللار «شىنيۆنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايتتىم. قارىغىنا، ئەمدى بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالدۇق، مەڭگۈ بىرگە ئوينايدىغان بولدۇق!

— مەڭگۈ... — شىنيۆ چەكسىز مۇھەببەت بىلەن يەڭگىسىگە قارىدى، — شۇيەن... قولىڭنى بەرگىنە...

چېن شۇيەن ئاي - كۈنى يېقىنلاشقانسېرى ئېششىپ كېتىۋاتقان قولىنى چىقىرىپ شىنيۆنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتتى، قەلبى تۈگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك ئېغىر ئىدى.

— شۇيەن، ئەگەر مەن... راستتىنلا ياخشى بولالىسام... — ئىككى تامچە ياش شىنيۆنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئاستا سىرغىپ چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

— شىنيۆ، سەن ياخشى بولۇپ كېتىسەن. چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن! — چېن شۈيەننىڭ يۈرىكى ئازابتىن پۈچۈلىنىپ كەتتى. شىنيۆنىڭ كۆڭلى نېمىشقا تۇيۇقسىز يېرىم بولىدىغاندۇ؟

شىنيۆنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى بىردىنلا خىرەلەشتى، ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ چىقتى:

— ئەگەر... ياخشى بولالمىسامچۇ؟

تيەنشىڭ كاللىسىغا توقماق تەگكەندەك بولۇپ، كارىۋاتنىڭ لېۋىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سىڭلىسىغا قارىدى:

— شىنيۆ، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟

— ئاكا، — شىنيۆ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى. ئۆزگە يېقىن تۇرغان ئاكىسىنىڭ ئىسسىق تىنىقى يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، — ئاكا... ئويلىماي دېسەممۇ خىيالىمغا كىرىۋېلىپ بارىدۇ... ئەگەر ياخشى بولالماي قالسام...

— بولدى، سۆزلىمە! ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى سۆزلىمە! — تيەنشىڭ سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى، ئاكا - سىڭلىنىڭ ياشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

شىنيۆ لەۋلىرىنى قىمىرلىتىشىغا ئاكىسىنىڭ ئىسسىق ياشلىرى ئاغزىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاخىر بىردەم ھاسىراپ ياتقاندىن كېيىن دېمەكچى بولغان گېپىنى تەستە دەۋالدى:

— ... ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا... مەن دادام بىلەن يەڭگەمنى ساڭا تاپشۇردۇم...

— بولدى... بۇ گەپنى دېمە! سەن ياخشى بولۇپ كېتىسەن! — تيەنشىڭ سىڭلىسىنى چىڭ-چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى، — سەن ياخشى بولغاندىن كېيىن ئۆيگە بىللە قايتىپ كېتىمىز!

چېن شۈيەننىڭ كۆز ياشلىرى شىنيۆنىڭ قولىغا توختىماي

ئاقاتتى، يۈرىكى ئەنسىز سوقاتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا قورقۇنچلۇق
بىر خىيال كىرىۋالدى. ئۇ بۇ خىيالنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشقا
پېتىنالمايتتى ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سېستىرا تېز - تېز مېڭىپ ياندىكى
ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

لۇ دوختۇر سېستىرانىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ سىڭلىسىنىڭ
مەيدىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان تيەنشىڭنىڭ بېشىنى ئاستا كۆ-
تۇردى ۋە شىنيۆنىڭ يۈرەك، ئۆپكە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنى
بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تىڭشىغۇچنى مەيدىسىگە قويدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرى شىنيۆگە ئانىلارچە مۇھەببەت بىلەن تىكىلگەنىدى.

شىنيۆ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تەستە نەپەس ئېلىپ ياتات-
تى.

تيەنشىڭ بىلەن چېن شۇيەن لۇ دوختۇرغا قاراپ تۇراتتى،
ئەمما بىرەر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىشىدىن ئەنسىرەپ بىرەر ئېغىزمۇ
سوئال سورىيالمايتتى.

لۇ دوختۇر ھېچنېمە دېمەي، ئوكسىگېن نەيچىسىنىڭ تېز-
لىكىنى كۈچەيتىپ قويدى.

— مەن. . . — شىنيۆ ئاغزىنى ئېچىپ قۇرۇپ كەتكەن تىلى
بىلەن لەۋلىرىنى يالىدى، — ئازراق سۇ ئىچكۈم بار. . .

چېن شۇيەن سوئال نەزەرىدە لۇ دوختۇرغا قارىدى، لۇ
دوختۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

چېن شۇيەن ئۆزى ئەكەلگەن ئاپېلسىن سۈيىنى ئىستاكانغا
قۇيۇپ شىنيۆگە قوشۇق بىلەن ئىچكۈزۈشكە باشلىدى، شىنيۆ
سۇنى تەشنالىق بىلەن ئىچەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇسسىمىغان-
دى، كالLىسىدا: «ھايات قېلىش ئۈچۈن سۇ ئىچىش كېرەك»
دېگەن ئوي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتات-
تى.

شىنيۆ سۇدىن تۆت قوشۇق ئىچىپ توختاپ قالدى.

— سائەت قانچە بولدى؟ — سورىدى ئۇ.
— بەش بولدى، — چېن شۈيەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى.
شىنيۈ يەنە تەستە كۆزىنى ئاچتى:
— نېمىشقا... تېخىچە تاڭ ئاتمايدۇ؟...
— ئاز قالدى. چۇ مۇئەللىمنى كۈتۈۋاتامسەن؟ ئۇ تاڭ يورۇسىلا كېلىدۇ، بىردەم چىداپ تۇرغىن...
— ھە... — شىنيۈ ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كۆزلىرىنى تېخىمۇ چوڭراق ئېچىشقا تىرىشىپ دېدى، — شەرق قايسى تەرەپتە؟... ماڭا كۆرسىتىڭلار...
— ماۋۇ تەرەپتە، دېرىزە تەرەپتە، — چېن شۈيەن قولىدىكى ئىستاكاننى قويۇپ شىنيۈنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزە تەرەپكە قاراتتى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.
دېرىزە سىرتى قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئاندا - ساندا قار گۇللىرىنىڭ دېرىزىگە چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرگىلى بولاتتى.
شىنيۈ دېرىزە سىرتىدىن كۆز ئۈزمەي يېتىپ بىردىنلا ھاسىراپ كەتتى ۋە تەشۋىش ئىچىدە:
— نېمىشقا... تېخىچە تاڭ ئاتمايدۇ؟ نېمىشقا قۇياش... چىقمايدۇ؟
— ھە، — چېن شۈيەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، — قار ياغقاندا كۈن چىقمايدۇ. ئالدىرىما، تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى.
شىنيۈ بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ كۆزىنى يۇمدى. قۇياش بولمىسىمۇ تاڭ ھامان ئاتىدۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەمما تېزراق تاڭ ئاتقان بولسا، ئۇ چۇ مۇئەللىمنى كۆرەلەيتتى. ئۇقۇتقۇچىسىنى بالدۇرراق كۆرۈشكە نەقەدەر تەشنا - ھە!
شىنيۈ چۇ يەنچاۋنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى.
ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى لىپىلداپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— شىنيۆ، — دېدى چېن شۇيەن شىنيۆنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىردەم تىنچ يات، گەپ قىلما.

شىنيۆنىڭ لەۋلىرى يەنىلا تىترەۋاتاتتى.

چېن شۇيەن قۇلىقىنى شىنيۆنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئاپاردى.

— مېنىڭ. . . كۆڭلىكىمنىڭ. . . يانچۇقىدا. . .

— ھە. . . — چېن شۇيەن ئالدىراپ شىنيۆنىڭ مەيدە يانچۇقىنى سىلاشتۇردى، قولىغا چىرايلىق ھەل بېرىلگەن، «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن خەت يېزىلغان مەكتەپ ئىزنىكى چىقتى.

چېن شۇيەن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىزناكنى شىنيۆنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويدى. ئىزناك شىنيۆنىڭ ھەربىر قېتىم تىنىشى بىلەن يېنىك كۆتۈرۈلەتتى. شىنيۆ كۆزىنى يۇمۇپ چۇ يەنچاۋنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. . . ھايال ئۆتمەي، نەپەس ئېلىشىمۇ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ ئاستىلاپ كەتتى، چۇ يەنچاۋ تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى.

جىددىيچىلىكتە نەپەس ئالغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغان چېن شۇيەن ئالدىراپ سائىتىگە قارىدى، سائەت ئالتىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەنىدى. يول بەك يىراق بولغاچقا، چۇ يەنچاۋ تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. تاڭنىڭ سۈس يورۇقى ئاستا - ئاستا دېرىزىدىن كىرىشكە باشلىدى.

شىنيۆنىڭ لەۋلىرى يەنە تىترەپ ئاۋازى پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى:

— تاڭ. . . يورۇدىمۇ؟

— ئاز قالدى، — چېن شۇيەن دېرىزە سىرتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — قارىغىنا، تاڭ يورايلا دەپ قالدى.

— ھە. . . — شىنيۆ سۆيۈنۈش ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ شەرق تەرەپكە قارىدى، — مەن. . . ھېچ. . . كۆرەلمەيمەنغۇ؟

ــ شىنيۆ! كۆ. . . كۆرەلمەيۋاتامسەن؟ ــ تيەنشىڭ ئالا-قزادە بولۇپ كەتتى.

ــ كۆرەلمەيۋاتىمەن. . . ــ شىنيۆ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، كۆز ئالدى قاپقاراڭغۇ ئىدى، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتـ-تى، ــ ئاكا. . . سەن قەيەردە؟

ــ شىنيۆ، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا، ــ تيەنشىڭ ھودۇقۇش ئىچىدە شىنيۆنىڭ قولىنى تۇتتى، ــ ماڭا قارىغىنە!

ــ كۆرەلمەيۋاتىمەن. . . ــ شىنيۆنىڭ كۆز ياشلىرى ئۈ-مىدسىزلىك ئىچىدە تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىدەپ ئاكىسىنى، يەڭگىسىنى كۆرەلمەيدۇ؟ ئەمدى دادىسىنى، ئاكىسىنى، چۇ مۇئەللىمنى كۆرەلمەسمۇ؟

ــ چۇ. . . ــ شىنيۆ چۇ يەنچاۋنىڭ ئىسمىنى بار كۈچى بىلەن چاقىرىۋېدى، ئەمما بۇ ئىسىمنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئارانلا چىقتى.

ــ شىنيۆ! شىنيۆ. . . ــ تيەنشىڭ بىلەن چېن شۈيەن دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.

دوختۇر - سېسترالار شىنيۆنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىر-ىشتى. . .

چۇ يەنچاۋ يولدا ئىدى. يول مۇز تۇتۇپ كەتكەچكە، ئاپتو-بۇس تولىمۇ ئاستا ماڭدى. قىممەتلىك ۋاقتى زايە بولغانسېرى چۇ يەنچاۋنىڭ ئىچى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تيەنشىڭگە شىنيۆ ئويغانغان زامات ئۆزىنىڭ تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ يېتىپ بارىدى-غانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى. بۇ چاغدا شىنيۆ ئويغانغانمىدۇ؟ شىنيۆنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەرمەي يېنىغا تېز-راق بېرىش كېرەك.

كۆزەينىكى ياشلىرىدا نەمدەلگەن لۇ دوختۇر ئېغىر ئۇھ

تارتىپ تىڭشىغۇچنى قۇلىقىدىن ئالدى ۋە قۇتقۇزۇش ئاپپاراتىنى شىلەنكىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ شىنيۆنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىنى ۋە يېرىم يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرىنى يۇمدۇردى.

شىنيۆ ئۆزى كۈتكەن ئادەمنى ساقلىيالماي، ئاخىر كېتىپ قالدى. بۇ دۇنياغا ئۇنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىمۇ، نەپرىتىمۇ بار ئىدى، ئەمدى ئۇ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈگە ئايرىلدى.

سېستىرا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاپئاق كىرلىكنى شىنيۆنىڭ بەدىنىگە باشتىن بويى ياپتى.

— شىنيۆ! شىنيۆ! — چېن شۇيەن كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ سىڭلىسىنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالدى، لېكىن شىنيۆ ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتى.

· سېستىرا چېن شۇيەننى قولىدىن تارتىپ ئۆرە قىلغاندىن كېيىن، شىنيۆ ياتقان تۆت چاقلىق كارىۋاتنى ئىتتىرىپ جەسەتخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

— ياق! ئۇ ئۆلمىدى! ئۇ نېمىشقا ئۆلگۈدەك! — تيەنشىڭ شىردەك ئېتىلىپ بارغان پېتى سېستىرانى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ سىڭلىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە تولىمۇ پەريادلىق ئاۋازدا توۋلاپ كەتتى، — شىنيۆ! شىنيۆ!

شىنيۆدىن ھېچقانداق سادا كەلمەيتتى. تيەنشىڭنىڭ قۇلىقىغا جاۋاب ئورنىدا ئاچچىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شىنيۆ! شىنيۆ! — تيەنشىڭنىڭ قان تومۇرلىرى ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، — ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، سەن تېخى ھايات!

شىنيۆ ئەمدى ئۇنىڭ سوئالىغا مەڭگۈ جاۋاب بېرەلمەيتتى.

تيەنشىڭنىڭ بازغاندەك مۇشتلىرى قارسىلداپ كەتتى، قان تولغان كۆزلىرى ئەتراپقا دەرغەزەپ بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ كىمدۇ بىرىدىن ئۆچ ئالغۇسى باردەكلا قىلاتتى، لېكىن رەقىبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى تاپالمايتتى.

دوختۇرمۇ، سېسترامۇ تيەنشىڭنى توسمىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش ئەگىپ تۇراتتى.

تيەنشىڭ ئاخىر بېشىنى ھالسىزغىنا ساڭگىلاتتى، كۆز ياشلىرى سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە تاراملاپ قۇيۇلۇپ كەتتى.

— شىنيۈ! شىنيۈ... — تيەنشىڭ شۇ بىر سۆزنى ئاستا تەكرارلاپ سىڭلىسىنى كارىۋاتتىن ئېھتىيات بىلەن ئالدى - دە، قوش قوللاپ كۆتۈرگىنىچە ئالدىغا قاراپ ماڭدى، — شىنيۈ، ئۆيگە قايتايلى، ئاكاڭ بىلەن ئۆيگە قايتقىن!

تاڭ ئاخىر يورۇدى. تولىمۇ سەت تۈتۈلۈپ كەتكەن قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسماندىن قار گۈللىرى توختىماي چۈشەتتى...

چۇ يەنچاۋ شىۋىرغان ئىچىدە دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە شىنيۈ ياتقان كۆزىتىش ئۆيىگە — تاختىسى كۆزگە چېلىقىش بىلەن ئادەمنىڭ يۈرىكى تىترەپ كېتىدىغان جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىردى...

شىنيۈنىڭ كارىۋىتى قۇرۇق ئىدى.

چۇ يەنچاۋ تېڭىرقاپ قالدى.

— شىنيۈ! شىنيۈ قەيەردە؟

ئۇ شىنيۈنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.

چۇ يەنچاۋ كۆزىتىش ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشىغا، بىرەيلەن كېلىپ جىمىدە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

بۇ لۇ دوختۇر ئىدى.

— لۇ دوختۇر، شىنيۈ قېنى؟ — چۇ يەنچاۋ دوختۇرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

لۇ دوختۇرنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى ياشقا تولغان كۆزلىرى چۇ يەنچاۋغا جىمىدە تىكىلدى:

— مەن. . . شىنيوٚنى سىز كەلگۈچە ساقلاپ بېرەلمىدىم!

— ئاھ! — چۈ يەنچاۋ خۈددى يۈرىكىنى بىرى قوچۇۋاتقاندەك ئېچىنىشلىق توۋلىدى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بەربات بولغانىدى.

. . .

چۈ يەنچاۋ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان كوچىدا ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈرۈيتتى، يولدا كېتىۋاتقانلار ئۇنىڭغا يول بوشىتاتتى، ماشىنىلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تورمۇز بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىل چىراغمۇ كۆرۈنمەيتتى، بۇ دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇرۇقدىلىنىپ قالغاندەك، شىنيوٚنىڭ خىيالىي سىماسىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆزىگە چېلىقمايتتى. ئىچىدە: «شىنيوٚ! مېنى ساقلاڭ!» دېگىنىچە توختىماي يۈگۈرۈيتتى.

«بىلىمدان» قەسرى ئاپئاق قارغا پۈركەنگەنىدى.

شىنيوٚنىڭ مېيىتى تۆر ئۆيگە قويۇلغانىدى، تېنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «يۇيۇلۇش»ىنى كۈتۈپ كارىۋاتتا جىممىدە ياتاتتى، ئۈستىگە ئاپئاق كىرلىك يېپىلغانىدى، تارتىپ قويۇلغان ئاق پەردىگە ئەرەبچە مۇنۇ خەتلەر يېزىلغانىدى:

*ھەرقانداق بەندە ئاللانىڭ ئىرادىسىسىز ئۆلمەيدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى قىسمەتكە پۈتۈلگەن بولىدۇ. بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ بەندىلىرى. بارىدىغان يېرىمىزمۇ ئاللانىڭ دەرگاھىدۇر.*

چىرايى تامدەك تاتارغان خەن زىچى، يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولغان تيەنشىڭ بىلەن چېن شۇيەن شىنيوٚنىڭ مېيىتىنى ساقلاۋاتاتتى.

چىرايى ئۆلۈكنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان، كۆزى نامەلۇم بىر نۇقتىدا قېتىپ قالغان چۈ يەنچاۋ تۇيۇقسىز ئۆلارنىڭ ئالدىدا

پەيدا بولدى ۋە خىرقىراق ئاۋازدا شىنيوڭنىڭ ئىسمىنى چاقىردى:

— شىنيوڭ! شىنيوڭ...

خەن خانىم چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ... ئۇ نېمىشقا كەلدى؟

— چو مۇئەللىم! — چېن شۇيەن ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

تيەنشىڭ بارغان پېتى چو يەنچاۋنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ ھۆڭ-رەپ يىغلاپ كەتتى:

— كېچىكىپ قالدىڭىز! كېچىكىپ كەلدىڭىز!

— شىنيوڭ قېنى؟ شىنيوڭ!... — چو يەنچاۋنىڭ ھەممە يەردىن شىنيوڭنى ئىزدەۋاتقان ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئاپئاق پەر-دىگە تىكىلدى.

خەن خانىم ئالدىراپ قالدى، قوللىرىمۇ، ئاۋازىمۇ ئىختى-يارسىز تىترەپ كەتتى.

— بولمايدۇ... ياق...

خەن خانىم چو يەنچاۋغا شىنيوڭنى يەنە كۆرسىتىشنى خالى-مايتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىتى ئاللانىڭ قېشىغا مۇقەددەس ئېتىقادى بىلەن كېتىشى كېرەك، بىر دىنسىزغا قىزىنى كۆر-سەتسە قانداق بولىدۇ؟

— ئانا! — چېن شۇيەن قېينانىسىغا ئىچىنىشلىق يې-لىندى، — ئۇنى كۆرگىلى قويايلى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈزى-نى كۆرۈۋالسۇن...

كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان تيەنشىڭ ئانىسىغا غەزەپ بىلەن ئالايدى:

— كۆزى يۇمۇلغان ئادەمنى يەنە قانداق قىلماقچى ئىدىڭ!...

— ئاھ خۇدا! — خەن خانىم جايىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. قارىغاندا، ئالدىدىكى بۇ ئادەمنى كەتكۈزۈۋېتىشى

مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.
چۇ يەنچاۋ ئاق پەردىنى شارتتىدە قايرىۋەتتى. شىنيۆنىڭ
چىرايى ئېنىق كۆرۈندى.
شىنيۆ! بۇ شىنيۆمۇ؟ ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى يۈك -
تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىنگلىزچە پاراڭلاشقاچ ياتاققا ئەكىرىپ
قويغان شىنيۆ شۇمۇ؟ بېيجەيدە ئۇنىڭ بىلەن كەسىپ ۋە غايە
توغرۇلۇق ھاياجان بىلەن پاراڭلاشقان شىنيۆ شۇمۇ؟ نامسىز
كۆل بويىدا، ئايدىڭدا بايروننىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قى-
لىپ بەرگەندە جىمىدە ئاڭلىغان شىنيۆ مۇشۇمۇ؟ غەربىي ھۇج-
رىدا ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ تەرجىمە توغرۇلۇق تەڭ
مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن شىنيۆ مۇشۇمۇ؟ ئىككى يىلدىن بېرى
ئاجايىپ زور جاسارەت بىلەن كېسەلگە جەڭ ئېلان قىلىپ،
ھاياتنىڭ قىممىتى ئۈستىدە توختىماي ئىزدەنگەن شىنيۆ مۇشۇ-
مۇ؟ يۈرەك رىشتىلىرى مەھكەم چېگىلگەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش-
نى خالىمىغان شىنيۆ مۇشۇمۇ؟ تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا ئايرى-
لىش ئالدىدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان شىنيۆ مۇشۇمۇ؟
شىنيۆ، ئاق رەخت ئىچىدىكى بۇ سىزمۇ؟ شىنيۆ!
چۇ يەنچاۋ رەختنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاچقانىدى، كۆز ئالدى-
دا شىنيۆنىڭ جانسىز چىرايى ئېنىق پەيدا بولدى.
شىنيۆ كۆزلىرىنى، ئاغزىنى مەھكەم يۇمۇپ، ئاپئاق مەڭ-
زىدە سەل - پەل قىزىللىق ئەكس ئەتكەن ھالدا جىمىدە ياتات-
تى. سالېرگان ئوكۇلى ئۇرۇلغان بولغاچقا، تېخى ھاياتتەك،
چىرايىنى ساقلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاخشام ئايرىلىدىغان
چاغدا ئۇ مۇشۇ ھالەتتە ئۇخلاپ قالغانىدى، ئەمدى زادى ئويغان-
ماسمۇ؟
چۇ يەنچاۋنىڭ كۆز ياشلىرى شىنيۆنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ
چۈشتى، لېكىن شىنيۆدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى.
چۇ يەنچاۋ شىنيۆنىڭ ئىسمىنى مۇھەببەت بىلەن نەچچە

www.uyghurkitap.com

قېتىم چاقىردى، لېكىن شىنيۈدىن يەنىلا سادا كەلمىدى.

— شىنيۈ! شىنيۈ! . . . — چۇ يەنچاۋ قىزنىڭ يەلكىلىرىدىن تۇتۇپ ئىرغىتتى. لېكىن، شىنيۈدىن يەنىلا سادا كەلمىدى.

شىنيۈ ئۇنى تاشلاپ كەتكەنىدى، ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيتتى.

چۇ يەنچاۋنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى، يولدا كېلىۋاتقان چاغدىكى شېرىن خىياللىرى توزغاقتەك غايىب بولدى، نېرۋىلىرى ئەسەبىيلەشتى، قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە شىنيۈنىڭ يۈزىگە، كۆزلىرىگە، لەۋلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. كۆز يېشى ئارىلاشقان بۇ سۆيۈش ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشۈشى، تۇنجى مۇھەببەت باسقۇچىدىكى ھەم مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش ئالدىدىكى سۆيۈشۈش ئىدى.

خەن خانىم جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق زەربىگە ئۇچراپ باقمىغانىدى. بىر مۇسۇلمان كاپىر بىلەن سۆيۈشسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ! ئۇ ھەم بۇنداق مۇھەببەتنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. مۇشۇنداقمۇ تەلۋە، مۇشۇنداقمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بولامدۇ؟

خەن خانىمنىڭ قانلىرى تومۇرىدا قېتىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئاھ خۇدا، ئېيتقىنا، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟ زادى قانداق قىلاي؟ . . .

«بىلىمدان» قەسرى شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى.

. . .

تىترەپ كېتىۋاتقان خەن خانىم بىردىنلا ئېسىگە كەلدى ۋە تۈيۈقسىز، ئېچىنىشلىق پەرياد چېكىۋاتقان چۇ يەنچاۋنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى:

— بالام، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، كېتىڭ، كېتىڭ،

بوران ئېچىنىشلىق ھۇشقۇيتاتتى، قار توختىماي لەپىلدەپ ياغاتتى. . .

تىيەنشىنىڭ بىلەن چېن شۇيەن سىڭلىسىنىڭ مېيىتىنى كېچە ـ كۈندۈز ساقلىدى. شىنيۆ ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى ئاي ئىدى، بۇ ئاي بولمىسا، ئۇلار ئۇزۇن كېچىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلـمەيتتى.

خەن زىچىمۇ قىزىنىڭ مېيىتى يېنىدىن ئايرىلمىدى. شىنـيۆ ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى گۆھەر ئىدى، بۇ گۆھەر بولمىسا، ئۇنىڭغا ئاشۇ مۇشەققەتلىك ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا ھەمراھ بولىدىغان نەرسىسىمۇ بولمايتتى.

خەن خانىم قىزى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلدى. قىزى گۆدەك، كىچىك بولغاچقا، كىچىكىدىن ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ ناماز ئوقۇپ باقمىغانىدى، دىن توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلـمەيتتى، لېكىن ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەۋلادى، خۇدانىڭ بەنـدىسى ئىدى. ھەممىگە قادىر شەپقەتلىك خۇدا ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغاي، ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلـغاي، ئۇنى دوزاخ ئازابىغا سالمىغاي!

بۈگۈن دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىدى. بۈگۈن كېچە قەدىر كېچىسى ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ھېسابلىنىدىغان بۇ كېچىدە خۇدا «قۇرئان كەرىم»نى ئەرشتىن كۆكنىڭ زېمىنغا ئەڭ يېقىن قەۋىتىگە تاشـلىغان، ئاندىن جەبرائىلنى بىرقانچە قېتىم مۇھەممەت پەيغەمـبەرگە بۇنىڭدىن بېشارەت بېرىشكە ئەۋەتكەن. «قۇرئان كەرىم» دە: «قەدىر كېچىسى مىڭ كېچىدىنمۇ قىممەتلىك كېچىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. خەن خانىم قەدىر كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە

جايناماز ئالدىدىن نېرى كەتمەي خۇداغا سېغىنىدى، قىزىنىڭ ئون توققۇز يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان روزىلىرى، نامازلىرى ۋە بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلدى!

تۇن تەڭ بولدى. خەن خانىمنىڭ قۇلىقىغا ئاچچىق شىۋىر-غاننىڭ ھۇشقۇيتىشى، نېرىقى ئۆيدە مېيىت ساقلاۋاتقانلارنىڭ يىغىسى كىرمەيتتى. قەلبىدە دۇنيانىڭ دەخلىلىرىدىن خالىي بولغان، خۇدا بىلەن دەرقەمتە بولىدىغان سۈزۈك، پاكىز بىر بوشلۇق پەيدا بولدى. ئۇ خۇدانىڭ: «سېنىڭ قىزىڭ گۇناھسىز، بىغۇبار» دېگەن ھۆكمىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، خۇدادىن قىزى-نىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەۋېتىپ ئىختىيار-سىز ياشلىرى تاراملاپ قۇيۇلدى...

خەن خانىم ئاللانىڭ ھۆكمىگە ئەلھۆكمىلىللا دېگەندىن كې-يىن، قىزى ئۈچۈن كۆپرەك سەدىقە بېرىپ، كۆپرەك ئۆشرە ـ زاكات قىلىپ، يېتىم ـ يېسىر، غېرىپ ـ غۇرۇۋالارنىڭ بېشىنى سىلاشنى، كاتتا نەزىر بېرىپ قىزىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن مولla، قارىيلارنى توخۇ ـ قوي سويۇپ ئوبدان ئۇزىتىشنى كۆڭ-لىگە پۈكتى... شىنيۈ، ئاناڭ سەن ئۈچۈن ھەممىنى تەق قىلىپ قويىدى. خاتىرجەم كەتكىن...

شىنيۈ چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا ياتاتتى. خەن زىچى ئىپا-دىسىز بىر ھالەتتە قىزىنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇپ جايىدا قېتىپ ئولتۇراتتى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ياش كېلىدىغاندەك قىلمايتتى، ياشلىرى قۇرۇپ تۈگىگەنىدى. ئۇ ئىسلام يوسۇنىدا مېيىتنى ئۇزۇن ساقلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇ كۈنى دەپنە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا پەقەتلا قىيمايۋاتاتتى. ئۇ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئايالىنى مېيىتنى يەنە بىر كۈن ساقلاشقا ئۇناتتى. قىزى كەتسە، ئۇنىڭ يۈزىنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيتتى.

شىنيۈ ئۆيدە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. ئەمدى مېيىتنى

ئۆزىتىش كېرەك ئىدى، ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە ھەرگىز بولمايتتى.

قار توختىدى، ھاۋا ئېچىلدى، قار قاپلىغان «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئاسمىنى شىشىدەك سۈزۈلۈپ يۇلتۇزلار چاراقلاشقا باشلىدى.

ئاسماننىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە ھىلال ئاي كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئاي شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك نۇرلۇق، شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى.

مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدىكى قىزىل چىراغ ياندى.

مۇشۇ دەقىقىدە قانچىلىغان مۇسۇلمان ئاسماندىكى ئاشۇ ئايغا قاراۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى رامىزان ئېيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئىسلام كالېندارى بويىچە 10 - ئاينىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەتە، ئىسلام كالېندارى بويىچە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى روزا ھېيت ئىدى. پۈتكۈل دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئوخشاش بىر كۈندە ئۆزىنىڭ كاتتا بايرىمىنى ئۆتكۈزەتتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ بىر نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولغۇدەك بولغان چاغدا مۇسۇلمانلار تەرەت ئېلىشىپ، ھېيت نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە قاراپ ماڭدى.

1963 - يىلىنىڭ باھارى...

«بىلىمدان» قەسرى سۈرلۈك تۈس ئالغان، دەرۋازا يوغان ئېچىۋېتىلگەنىدى. پەتچىلەر توختىماي كىرگىلى تۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەن ئائىلىسىنىڭ باردى - كەلدى قىلمىغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئادەتتە ئانچە كىرىپ - چىقىش قىلمايدىغان قولۇم - قوشنىلار، چېچېنجەيدە خەن زىچى بىلەن بىللە ئىشلىگەن كەسىپداشلار، شىنيۈنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى، مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا ئول-

تۇرىدىغان قېرى - ياش، ئەر - ئايال... ئىشقىلىپ جىق ئادەم بار ئىدى... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شىنيۇ ھايات ۋاقتىدا تونۇپ كەتمەيتتى، ئالدىغا دۇقۇرۇشۇپ قالسىمۇ ئىسمىنى نېمە دەپ چاقىرىشنى بىلمەيتتى. ئەمما، ئۇلار خەن زىچېننىڭ شىنيۇ ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىزىنىڭ بارلىقىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى، يېقىن ئەتراپتىكى ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭلا ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ خويزۇلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغانلىقىنى، لېكىن ئوقۇشنى ئاخىرىغا چىقىرالمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇلار خەن زىچېننىڭ قىزىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۆزلۈكىدىن كەلگەنىدى. يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار قىزىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن قاتتىق ھازا ئاچتى. قىزغا بولغان مۇسىبەتنى بىلدۈرۈپ تاۋاق ئېلىپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. پەتىگە كەلگۈچىلەر: «بۇ قىز ئاللانىڭ شاپائىتى بىلەن ئۇلۇغ ھېيت - ئايەمدە قازا قىپتۇ، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولىدۇ» دېيىشتى.

قارىي - موللاملار ئىمامنىڭ كەينىدىن «بىلمىدان» قەسرىگە ئاستا كىرىپ كەلدى. شىنيۇنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرىدىغانلار شۇلار ئىدى.

تيەنشىڭ دادىسىغا ۋاكالىتەن ئالدىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتكەن، ئېغىر مۇسىبەت ئازابىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەنىدى. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ سىڭلىسىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىدۋالغۇچە چىداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى، دادىسى سىڭلىسىنىڭ دەردىدە ماڭالماس بولۇپ قالغان، ئۆيدە دەپنە ئىشلىرىدا ئۆرە تۇرۇپ بەرگۈدەك ئەر كىشى قالمىغانىدى. دادىسى قەبرىستانلىققا بارسا بولمايتتى. يىقىلىپ قېلىپ كېلەلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

شىنيۆنىڭ مېيىتى يۇيۇلۇۋاتاتتى.

دىنىي ئەھكاملار بويىچە مېيىت يۇيۇشقا قازا قىلغۇچىنىڭ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى روزا، نامازنى تەرك ئەتمىگەن،
ئىمانى دۇرۇس مۇسۇلمان كىرەتتى. ئۇلار مېيىت يۇيۇشقا كىر-
سە ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى يېنىكلەيدۇ، دەپ قارىلاتتى. ئاياللار-
نىڭ مېيىتىنى ئاياللار يۇيۇشى كېرەك ئىدى. خەن خانىم بۇ
ئىشقا تازا باب كېلەتتى. ئۇ غۇسۇل - تاھارەت ئالغاندىن كېيىن
مەسچىتتىكى مەخسۇس مېيىت يۇيۇشقا كىرىدىغان ئاياللار بىلەن
قىزىنىڭ مېيىتىنى يۇدى. روسۇلىللا: «مېيىت يۇغان كىشى
چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. خۇدا ئۇنىڭ قىرىق گۇناھىنى مەغپى-
رەت قىلىدۇ» دېگەنىكەن، خەن خانىم قىزىنىڭ مېيىتىنى يۇ-
يۇشقا كىرگىنى ئۈچۈن چوڭ ساۋابقا ئېرىشەتتى. ئادەملەرنىڭ
بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزىدىغان گۇناھلىرى ھەقىقەتەن جىق بولىدۇ،
شۇڭا توختىماي تۆۋا - ئىستىغپار قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ. . .

قورۇدا مۇڭلۇق قىرائەت ئاڭلاندى:

*تىل، ھەرىكەت ۋە ئىستىبدات بىلەن بەجا كەلتۈرۈل-*
*گەن بارلىق دۇئا - تىلاۋەت ۋە نامازلارنىڭ ھەممىسى*
*ئاللاغا خاستۇر. ئى پەيغەمبەر، ساڭا ئاللادىن مېھىر -*
*شەپقەت، ئەمىنلىك تىلەيمىز. بىزگە ۋە ئاللانىڭ بارلىق*
*مۆمىنلىرىگە ئاسايىشلىق ئاتا قىلغىن. . .*

ئۆي ئىچىدە ئىسرىقدان شىنيۆنىڭ مېيىتى ئۈستىدىن ئۈچ
قېتىم ئۆرۈلدى. خەن خانىم مېيىتنى يۇيۇشقا كىرىشتى. ئاۋ-
ۋال يۈزىنى، ئاندىن بىلەككىلىرىنى، ئىككى پۇتىنى يۇدى. خەن
خانىم شىنيۆنى تا شۇ كەمگىچە بىرەر قېتىم يۇيۇپ باقمىغانىدى.
شىنيۆ، قىزىم، بوينۇمدا جىق ئىشلار قەرز قالدى. ئەمدى
تولۇقلاپ بەرسەم رازىمۇسەن؟ شىنيۆ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى،

www.uyghurkitap.com

ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كېچىكىپ بەرگەن ئانىلىق مۇھەببىتىنى جىم-
مىدە قوبۇل قىلىپ ياتاتتى. قىزىق سۇ خەن خانىمنىڭ كۆز-
ياشلىرىغا قوشۇلۇپ شىنيۆنىڭ يۈزىگە، پۇت - قوللىرىغا تۆكۈ-
لەتتى. . .

چوڭ يۇيۇش باشلاندى. ئاۋۋال مېيىتنىڭ بېشىدىن ئايىغى-
غىچە بىر قېتىم يۇيۇلدى، ئاندىن چېچى، پۈتۈن بەدىنى ئەتىر
سوپۇن بىلەن يۇيۇلدى. بىر مۇسۇلمان مۇرىتى هاياتلىقىدا قاد-
چىلىك گۇناھ ئۆتكۈزسۇن، تېنى قانچىلىك كىر - قاسماققا
پۇتۇپ كەتسۇن، مۇشۇ قېتىملىق مۇقەددەس يۇيۇشتا ھەممە
مەينەتچىلىكلىرى پاكىز يۇيۇپ تازىلىناتتى.

خەن خانىم پاكىز لاتا بىلەن قىزىنىڭ بەدىنىنى سۈرتكەندىن
كېيىن ئۇچەيلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ كىرلىك يېيىتىلغان كارىۋاتقا
ياتقۇزدى، ئاندىن ئۇنىڭ چېچىغا ئىپار چاچتى، پېشانىسىگە،
بۇرنىنىڭ ئۇچىغا، ئىككى قولىغا ۋە تىزىغا مۇز پارچىسى سۈرت-
تى، بۇ، بىر مۇسۇلماننىڭ خۇداغا ئىبادەت قىلغان چاغدا يەرگە
تېگىدىغان يەرلىرى ئىدى.

خەن خانىم قىزىدىن ئايرىلىشقا قىيماي، شىنيۆدىن كۆز
ئۈزمەي قارايتتى، ئۇنىڭ تېنىنى ھە دەپ سىيلايتتى. لېكىن،
ئەمدى قىزىنى ئېلىپ قالغىلى بولمايتتى. قىزىنىڭ تېنىنى
كېپەنگە ئوراپ ئۈزىتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاندى. روسۇلىللا:
«كىم ئۆلگۈچىگە ئاخىرەتلىك كىيىمى كىيدۈرسە، ئۇ ئالەمدە
ئاللا ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرنىڭ كىيىمىنى ئىنئام قىلىدۇ» دېگەند-
دى. خەن خانىم قىزىنىڭ تېنىنى ئۆز قولى بىلەن كېپەنلىدى.
ئۇ قىزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق
قىلغان بولغاچقا ئانچە تېنەپ كەتمىدى. . .

شىنيۆنىڭ مېيىتى جىنازىغا سېلىنىپ بېشى غەربكە —
مەككىگە قارىتىلغان ھالەتتە قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەشەم ـ دەرەم قىلىنماي ئاددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئەمما تولىمۇ سۈرلۈك بولىدۇ. ئۆلگۈچى ئۇچۇن بەجا كەلتۈرۈلىدىغان بۇ ئوپچە تىلاۋەت مۇسۇلمانلار ئۇ-چۇن پەرىزدۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ ئۆلگۈچىلەرنى دەپنە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. دەپنە مۇراسىمىدا ئادەتتىكى نامازلارغا ئوخشاش رۇكۇغا، سەجدىگە بارىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئۆرە تۇرۇپلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈلىدۇ، مۇزىكا قويۇلمايدۇ. مۇراسىمغا قاتناشقۇچى سۈكۈتتە تۇرۇپ ئۆلگۈچى ئۇچۇن دۇئا قىلغاندا، ئاللانىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇ-نىڭ ئۇلۇغلۇقى، شاپائىتى توغرۇلۇق ئويلىنىدۇ. دەپنە مۇرا-سىمىدا سادىق روھ ئاللاغا چەكسىز چوقۇنىدۇ، ھەربىر ئادەم ئۆز ھېسسىياتىنى دۇئا ئارقىلىق ئاللاغا ئىزھار قىلىدۇ. بارلىق مۇسۇلمان بەندىلىرى ۋە ئۆلگۈچىلەر ئۇچۇن ئارزۇ ـ تىلەكلىرى-نى بىلدۈرىدۇ. مۇراسىمغا چوقۇم ئەرلەر تاھارەت ئېلىپ قاتنى-شىشى كېرەك.

ئاياللار ئۆزلۈكىدىن مېيىت ئۇزاتقۇچىلارغا يول بېرىشتى. ھويلىنىڭ ئىچى ئادەمگە توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئېغىر ئۇھ تارتىپ، شىنيۈ ئۇچۇن جىمىدە قايغۇسىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى.

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا جېك شاۋجىڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار دەپنە مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۇچۇن كەلگەنىدى. ئۇلار چۇ مۇئەللىمنىڭ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك تۇرقىنى كۆرۈپ، شىنيۈنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. بىر ئوبدان ياشاۋاتقان بىر قىز مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسە ـ ھە؟ تېخى يېقىندىلا ئۇلار بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئەمەسمى-دى! خەن شىنيۈ، كېسىلىڭىز راستىنلا ساقايتقىلى بولمايدى-غان ئېغىر كېسەل بولغىيمىدى؟ ئۇنداقلىقىنى بىلگەن بولساق،

دائىم كېلىپ سىزنى يوقلاپ تۇرماتۇق، سىزگە ھەمراھ بول-
ماسمىدۇق. بۇنى جېڭ شاۋجېڭ بىلەتتى، لېكىن ئۇ بىر كەت-
كەنچە ئىككىنچى كەلمىدى. ئۇ ھەرقانچە تەڭقىسلىقتا قالىدىغان
ئىش بولسىمۇ شىنيۆنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى
نەزەرگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. شىنيۆ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلى-
شىشتىن ئىلگىرى سىنىپىڭىزنى، ساۋاقداشلىرىڭىزنى سېغىن-
دىڭىزمۇ؟ مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ سىزگە قايسى ئىشتا يۈز كې-
لەلمەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ چۈ مۇئەللىم سىزگە بىرەر گەپ-
نى دېگەنمىدى؟ مېنىڭچە چوقۇم دېگەن... لېكىن سىز چان-
دۇرمىدىڭىز، ماڭا يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە
قىلدىڭىز. ئىچىڭىز تازا سىقىلغان بولغىيتتى؟ مەندىن نەپرەت-
لەنگەن بولغىيدىڭىز؟ ياق، شىنيۆ، مەندىن نەپرەتلەنمەڭ، مې-
نىڭ كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىش نىيىتىم يوق، سىزگە ياخشى
بولسۇن دەپ... ئەمدى سىز كەتتىڭىز، دۇنيانىڭ دەرد -
ئازابلىرىدىن قۇتۇلدىڭىز. لېكىن مەنچۇ، ئەسلىدىكى تۈگىمەس
يولۇمدا يەنىلا مېڭىپ كېتىۋاتىمەن. قەلبىمدە ئۈمىد - ئارزۇلى-
رىممۇ، قايغۇ - ئەلەملىرىممۇ تولا...

بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى:

— نېمە قىلماقچىسىلەر؟ سىلەر نەدىن كەلگەن؟

— بىز... خەن شىنيۆنىڭ ساۋاقداشلىرى. شىنيۆ-
نىڭ... — دېدى كۆزلىرى ياش لۇ شيۇجۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— سىلەر خۇيزۇمۇ؟

— ياق... — جېڭ شاۋجېڭ تېڭىرقاپ قالدى، — بىز
ئۇنىڭ سىنىپدىكى...

جېڭ شاۋجېڭنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ھېلىقى ئايال ۋابادىن
قاچقاندەك ئۇلارنى سىرتقا ئىتتىرىشكە باشلىدى:

— ياق، بولمايدۇ! بىزمۇ نامىزىغا كىرمىگەن يەردە سى-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

لەرگە نېمە قويۇپتۇ؟ كېتىڭلار، تېز كېتىڭلار!...

جېلە شاۋجىڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرى ئېتىلىپ چىقتى.

— ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالايلى، ئاخىرقى قېتىم!

— نېمە؟ مېيىت ئۆزىنىڭ ئىمانى بىلەن كېتىشى كې-رەك. ئۇنى ئەمدى ھېچكىم كۆرۈشكە بولمايدۇ، خەنزۇلارغا تېخىمۇ بولمايدۇ.

— بىزنى كىرگىلى قويسىڭىز! — دېدى لۇ شيۇجۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچە، — سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالايلى...

— نېمە كوتۇلدايسىز؟ مېيىت جىنازىغا سېلىنىپ بولغان تۇرسا! ئاھ خۇدا!

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ دەرۋازىسى جالاقىدە يېپىلدى.

شىنيۆنىڭ مېيىتى يېنىدا ئىمام بىلەن باشقا موللىلار غەربكە قاراپ ئۆرە تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىرمۇنچە ئادەم بار ئىدى. يۈز ئادەم نامىزىنى چۈشۈرسە، ئۇ ئادەم ئۇدۇل جەننەتكە كىرەرمىش، شىنيۆنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا يۈزدىن ئار-تۇق ئادەم قاتناشقانىدى.

ئىسرىقدان موللىنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ شىنيۆنىڭ مېيىتى ئۈستىدە ئايلىنىۋاتاتتى، مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ھويلا ئىچىنى بىر ئالغانىدى.

ئىمام ئىككى قولىنى چۈشۈرۈپ، كۆزىنى ئۇدۇلغا تىكىپ جىنازىنىڭ ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئىچىدە ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى قۇلىقىغا يېقىپ تەكبىر ئېيتتى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر!

مۇسۇلمانلار ئىمامغا ئەگىشىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش-تى. ئاندىن ئىككى قولىنى مەيدىسىدە تۇتۇپ ئىمامغا ئەگىشىپ سۈرە ئوقۇشقا باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئى ئاللا! ساڭا ھەمدۇسانا ئوقۇيمىز. جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر. سېنىڭ نامىڭ مۇقەددەستۇر، ھۆرمىتىڭ يۈكسەكتۇر. بىر ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىن باشقا ئاللا يوق!

ئىككىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىلدى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر!

مۇسۇلمانلار يەنە تەڭ سۈرە ئوقۇدى:

ئى ئاللا! ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە بەخت ئاتا قىلغىنىڭغا ئوخشاش مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگىمۇ بەخت - تەلەي ئاتا قىلغىن. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە ساڭا مەنسۇپتۇر!

ئۈچىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىلدى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر!

ئاندىن يەنە سۈرە ئوقۇلدى:

ئى ئاللا! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزنى، ئۆلگەنلىرىمىزنى، مېيىت نامىزىغا ھازىر بولغانلىرىمىزنى، ھازىر بولمىغانلىرىمىزنى، كىچىكلىرىمىزنى، چوڭلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.

ئى ئاللا! تىرىك قالغانلارنى ئىسلام ئاساسىدا تىرىكچىلىك قىلدۇرغىن، سەن قەبزە روھ قىلغانلارنى ئىمان بىلەن قەبزە روھ قىلغىن.

ئى ئاللا! ئەگەر بۇ مېيىت ياخشى بەندە بولسا، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىل، ئەگەر گۇناھكار بەندە بولسا، ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن.

قورۇنىڭ ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى، ئاللاغا بول-
غان ھەمدۇ سانادىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. سۈرە مۇسۇلمانلارنىڭ
يۈرىكىدىن چىقىدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلايدى-
غانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلىدا بىرلا ئاللا بار.

ئاسمان سۈپسۈزۈك ئىدى، سۈرلۈك جىمجىتلىق ئىچىدە
قورۇدا بىر بوم ئاۋازلا ئاڭلىناتتى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر!

ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىلگەندىن كېيىن
نامازغا تۇرغانلار ئوڭ - سول تەرىپىگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم
ۋەرەھمەتۇللا» دەپ سالام بېرىشتى. ھەربىر مۇسۇلمان بەندىسى-
نىڭ مۈرىسىدە ئىككى پەرىشتە بولىدۇ، سول مۈرىسىدىكى پە-
رىشتە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى، ئوڭ مۈرىسىدىكى پەرىشتە ساۋابلىق
ئىشلىرىنى يېزىپ ماڭىدۇ.

ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۆلگۈچىنىڭ روھى مۇ-
شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتى-
دىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

شىنيۆنىڭ جىنازىسى كۆتۈرۈلدى، ئۇنى ئۇزاق سەپەرگە
ئۇزىتىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى. «بىلىمدان» قەسرى ئۆزىنىڭ
بىر ئەزاسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

— شىنيۆ! شىنيۆ!... — چېن شۈيەن يىغلىغىنىچە
ئېتىلىپ بېرىپ جىنازىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— شىنيۆ! شىنيۆ! — خەن زىچى قىزىنىڭ ئىسمىنى
خىرقىراق ئاۋازدا چاقىرىپ جىنازىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ھەممەيلەن ئۆزىنى يىغىدىن تۇتالمىدى. لېكىن، شىنيۆنى ھېچ-
كىم تۇتۇپ قالالمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ماكانىغا مېڭىشى كېرەك ئىدى.

خەن خانىم يىغلاپ تۇرۇپ ئېرى بىلەن كېلىنىنىڭ قولىنى
تۇتۇۋالدى:

— ئۇنى كەتكىلى قويۇڭلار، خاتىرجەم كەتسۇن! شىنيۈ، ماڭغىن بالام، ئۈيگە تارتىشمىغىن، يەتتە كۈندىن كېيىن سېنى يوقلاپ بارىمەن!

جىنازا ئالدىغا ئاستا سىلجىشقا باشلىدى. خەن زىچى جىنازىنىڭ بىر بۇرجىكىنى تۇتۇپ ئاران ماڭاتتى...

جىنازا قورۇدىن چىققاندىن كېيىن دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان قارا ماشىنىغا سېلىندى.

خالتا كوچىنىڭ ئىچى شىنيۈنى ئۇزاتقىلى كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

مېيىتنى ئۇزاتقىلى بارىدىغانلار ماشىنىغا چىقىشتى، ماشىنا قوزغالدى...

چېن شۈيەن ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا ئېسىلىپ يىغلايتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ مېيىت ئۇزىتىشقا بارسا نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شىنيۈنى ئۇزاتمىسا قانداق بولىدۇ؟

تيەنشىنىڭ تۇيۇقسىز قولىنى سوزۇپ چېن شۈيەننى ماشىنىغا چىقىرىۋالدى، كىشىلەر ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە ئامالسىز قالدى، ئەلمىساقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بۇزۇلدى.

— شىنيۈ! شىنيۈ!... — خەن زىچى ھالسىز ئاۋازدا نالە - پەرياد چېكىپ قارلىق يەرگە يىقىلىپ قالدى.

— شىنيۈ! شىنيۈ!... — خالتا كوچىدا تۇرغان جېڭ شاۋجېڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ ساۋاقدىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ماشىنا بارغانسېرى ئۇزاپ كەتتى، ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ يېتىشەلمىدى.

ماشىنا چوڭ كوچىدا بۇرۇلدى. روزا ھېيت كۈنى بولغاچقا، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يول ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، قاتناش توسۇلۇپ قالغانىدى. كىشىلەر شىنيۈگە يول بېرىپ

سەممىي تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ قالدى. . .

قارىي ـ موللاملار يول بويى دۇرۇت ئوقۇپ ماڭدى.

تيەنشىنىڭ بىلەن چېن شۈيەن يول بويى جىنازىدىن قولىنى ئالمىدى.

ماشىنا شىنيۆ مەكتەپكە ماڭىدىغان يول بىلەن غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇ يولدا ئۆيىگە ھەرگىز قايتىپ كېلەلمەيتتى!

ماشىنا شىنيۆ ئون يەتتە يىل ياشىغان قەدىمىي پايتەخت بېيجىڭنىڭ شەھەر رايونىدىن ئايرىلدى. شىنيۆ ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدىغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، ئاندىن يېخېيۈەننى ئايلىنىپ يەنشەن تېغى ئېتىكىدىكى يول بىلەن غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شىشەن تېغى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەنىدى. تاغ باغرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قارلىق يەردە شىنيۆ ئۈچۈن يېڭىدىن يەرلىك كولانغانىدى.

يىراقتا، بىر توپ دەرەخ ئاستىدا بىر ئادەم يېڭىدىن كولانغان يەرلىكنىڭ توپىسىغا جىممىدە قاراپ تۇراتتى.

مېيىت ئۇزاتقۇچىلار كەلدى. ئۇلار شىنيۆنىڭ جىنازىسىنى دەس كۆتۈرۈپ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن يېڭىدىن كولانغان يەرلىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە چۇقان ـ سۈرەنلەر، «بىلىمدان» قەسىرىدىكىدەك ھۆكىرەپ يىغلاشلار ئاڭلانمىدى، جىممىدە ئېسەدەش ۋە قارنى دەسسەپ ماڭغان چاغدىكى غاچىلدىغان ئاۋازنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ تىمتاس ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۆلگۈچىنى سۈكۈت ئىچىدە يەرلىككە قويۇشنى بىر خىل پەزىلەت دەپ قارايدۇ.

دەرەخ ئاستىدا تۇرغان ھېلىقى تەنھا ئادەم تىترەپ كەتتى، جامائەت تەرەپكە قاراپ جىممىدە ماڭدى، چەمى ئاستىدىن غاچىل-

داپ ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

مېيىت ئۇزاتقۇچىلار يېڭى كولانغان يەرلىكنىڭ يېنىدا توختىدى. ھەممە ئادەم كېيىن ماكان تاپىدىغان، ئۆزلىرىنى ئۆستۈرگەن ئانا زېمىنغا تۇتاشقان گۆرگە تىكىلگىنىچە سۈكۈتتە تۇردى.

ھېلىقى تەنھا ئادەم يەرلىككە ئۈن - تىنسىز يېقىنلىشىپ جايىدا توختىدى.

— سىز. . . — شىنيۆنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشىقى چۇ يەنچاۋنى كۆرۈپلا چېھى شۇيەن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ئاغزىغا ھېچقانداق گەپ كەلمىدى.

تيەنشىنىڭ ھەسرەت ئىچىدە چۇ يەنچاۋنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ قولىنى چىڭ سىقتى:

— شىنيۆنى ئۇزاتقىلى كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

چۇ يەنچاۋ ئۈندىمىدى، چىرايى ئىپادىسىز، مۇزغا ئوخشاش سوغۇق ئىدى، يەرلىككە جىممىدە تىكىلىپ تۇراتتى. بىر تىرىك جان مۇشۇنداقلا كېتىپ قالسا - ھە؟ رىشتىسى مەھكەم چېتىلغان، مەڭگۈلۈك ئەقىدە باغلاشقان بىر جۈپ يۈرەكنى رەھىمسىز يەر مۇشۇنداقلا ئايرىۋېتەرمۇ؟

— مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چۈشۈپ يەرلىكنى كۆرۈپ باقسۇن! — تولىمۇ قايغۇلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋازدىن چۇ يەنچاۋمۇ، تيەنشىڭمۇ چۆچۈپ ئېسىگە كېلىشتى.

مۇسۇلمانلار ئۆلگۈچىنىڭ يەرلىكىگە چۈشۈپ يېتىپ بېقىپ، يەرلىكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى، ئاستىنىڭ تۈز بولغان - بولمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ خاتىرجەم يېتىشى ئۈچۈن يەرلىككە چۈشۈپ قاراپ باقىدىغانلار ئۇلارنىڭ ئوغلى، ئاكا - ئىنىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولاتتى. شىنيۆنىڭ يەرلىكىگە چۈشۈپ قاراپ باقىد-

دىغان ئادەمدىن بۇ يەردە يالغۇز تيەنشىڭلا بار ئىدى.

تيەنشىڭ يەرلىككە سەكرەپ چۈشتى، ئارقىدىن چۇ يەنچاۋ-مۇ چۈشتى، تيەنشىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالدى، ئەمما ئۇنى توسمىدى، چۈنكى چۇ يەنچاۋمۇ شىنيۆنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. ئادەتتە بۇ قەبرىستانلىقتا خەنزۇلارنىڭ كېلىشىگە بولمايتتى، لېكىن چۇ يەنچاۋنى چېن شۈيەن بىلەن تيەنشىڭدىن باشقا ھېچكىم تونۇمايتتى، مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى، باشقىلار چۇ يەنچاۋنى شىنيۆنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى دەپ چۈشىنىپ قالغانىدى.

چۇ يەنچاۋ غەرب تەرەپكە ئويۇلغان ئىچ گۆرگە قارىدى. ئۇ ئېللىپس شەكىللىك يوغان كامار بولۇپ، ئاستى تۈز، ئۈستى يۇمىلاق ھالەتتە ئىدى، ئىچى سوغۇق، خىرە يورۇق ئىدى. بۇ، شىنيۆنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانى ئىدى، ئۇنىڭ بەختسىز مەشۇقى مۇشۇ يەردە ياتاتتى.

چۇ يەنچاۋ زوڭزىيىپ تۇرۇپ ئىچ گۆرگە كىردى. ئىلگىرى بۇنداق يەرگە كىرىپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ گۆر چۇ يەنچاۋغا شۇنچە تونۇشتەك بىلىندى. بۇنداق ئىشنى قاچان، قەيەردە كۆر-گەن بولغىيدى؟ ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن گۆرنىڭ ئۈستىنى، ئۈچ تېمىنى، مۇزدەك يەرنى سىلىدى. ئەمدى شىنيۆ مۇشۇ مۇزدەك يەردە ياتاتتى. ئۇ يەنە بىر قولىدا بېقىنىغا پاتقان يەرلەرنى تۈزەشتۈردى، داڭگال، كېسەك پارچىلىرىنى ئېلىۋەت-تى، شىنيۆنىڭ خاتىرجەم يېتىشىغا ھېچقانداق نەرسە دەخلى قىلسا بولمايتتى.

چۇ يەنچاۋ ھەرقانچە قىلىپمۇ يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالمىدى، شىنيۆ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدىغان توپىدا ياتقىنىچە ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى يوق ئىدى. تيەنشىڭنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى. چۇ يەنچاۋنى زورمۇ زور تارتىپ تۇرغۇ-زۇۋېتىپ، دېدى:

www.uyghurkitap.com

— بولدى. . . شىنيۈنى ئەكىرەيلى!

يەرلىكنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار شىنيۈنىڭ مېيىتىنى ئاستا تۆۋەنگە سۇنۇپ بەردى. چۇ يەنچاۋ بىلەن تيەنشىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ شىنيۈنى تۇتۇۋالدى ۋە باش تەرەپنى ئاستا ئىچ گۆرنىڭ ئاغزىغا توغرىلىدى. چۇ يەنچاۋنىڭ قوللىرى توختىماي تىترەيت- تى، ھېلىلا مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدىغان شىنيۈگە قارىغانسېرى كۆز ياشلىرى توختىماي كېپەننىڭ ئۈستىگە، تۇپىغا ئاقاتتى. بۇ ئاخىرقى دەقىقىلەر ئىدى، چۇ يەنچاۋنىڭ شىنيۈنى قويۇۋەتكۈ- سى يوق ئىدى.

— ئۇنى قويۇۋېتىڭ، چۇ مۇئەللىم! — تيەنشىڭ ئىلاج- سىز ئۇنىڭغا يالۋۇردى. ئىككى جۈپ قول شىنيۈنى ئاستا گۆر- گە ئېلىپ كىردى.

— شىنيۈ، شىنيۈ. . . — چېن شۇيەن ئۇنىڭ ئىسمىنى يېنىك ئاۋازدا چاقىرىپ ئېسەدىگىنىچە يەرلىكنىڭ يېنىدىكى تو- پىغا يىقىلدى، — بۇ دۇنيادا مەنلىك ياشىدىڭىز!. . .

مۇسۇلمانلار گۆرنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ شىنيۈ ئۈچۈن جىممىدە دۇئاغا قول كۆتۈردى.

كۆجە كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، قەبرىستانلىقتا مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ياڭرىدى:

*بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاغا، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئى- گىسى، مېھىر - شەپقەتلىك ئاللاغا، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ئاللاغا خاستۇر. بىز ساڭىلا تېۋىنىمىز، سەن- دىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. سەن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغانلارنىڭ يولى قەھر - غەزە- پىڭگە ئۇچرايدىغانلارنىڭ يولى ئەمەس، ئازغانلارنىڭ يولىمۇ ئەمەس. . .*

تيەنشىڭ كېپەننى يېشىپ سىڭلىسىنىڭ يۈزىنى ئاچتى.
شىنيۆ ئۆزۈن كىرپىكلىرى تۆۋەنگە قايرىلغان كۆزلىرىنى مەھ-
كەم يۇمۇپ، بېشى شىمالغا، يۈزى غەربكە قارىتىلغان ھالەتتە
ياتاتتى، ئاپئاق يۈزىدە ئازراق قىزىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. . .

چۇ يەنچاۋ شىنيۆگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. . .

ئۇ شىنيۆنى ئاق كۆڭلەك، ھاۋا رەڭ ئىشتان كىيگەن،
ئېغىر چامادانى ۋە يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە يەنيۈەندە
كۆرگەندى. . .

ئۇ نامسىز كۆل بويىدا يولدىن ئېزىپ قالغان شىنيۆنىڭ
خۇشاللىق ھەم چۆچۈش ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن-
لىكىنى كۆرگەندى. . .

ئۇ شىنيۆنىڭ كۆلدىكى ئېرەن دەرەخلىرى سايە تاشلاپ
تۇرغان كىچىك ئارالدا ئۆزىگە قايرىلىپ قارىغانلىقىنى كۆرگەن-
دى. . .

ئۇ شىنيۆنى بەند قىلىۋالغان كېسەل كارىۋىتى ئالدىدا ئۇ-
نىڭ بىلەن قىلغان پاراڭلىرىنى ئەسكە ئالدى.

«مۇئەللىم. . . بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت بارمۇ؟»

«سىزگە ئېيتاي، شىنيۆ، سىزنى تۇنجى كۆرگەن چېغىم-
دىن باشلاپلا يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدىم.»

«تەقدىر، سىزنى مېنى كۈتۈشكە بۇيرۇغانىكەن.»

«بىز مۇھەببەت ئۈچۈن بەدەل تۆلىدۇق ھەم مۇھەببەتكىمۇ
ئېرىشتۇق. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز شۇنچىلىك چوڭقۇر، كۈچ-
لۈك، مەڭگۈلۈك. . .»

«مۇھەببىتىمىز چوڭقۇر بولغىنى ئۈچۈنلا ئۈزۈنغا بارال-
ماس. مەن ھامان بىر كۈنى سىزنى تاشلاپ كېتەرمەن. . .»

«سىزنى ھەرقانداق ۋاقىتتا تاشلاپ كەتمەيمەن. ئىككى جان
بىر يەرگە كەلسە قانچىلىك زور كۈچ ھاسىل بولىدۇ؟ مەن
سىزنى يۆلەپ، يۈدۈپ، سۆرەپ بولسىمۇ ئېلىپ ماڭىمەن،

www.uyghurkitap.com

«ئالياسكا» دىن ئېلىپ چىقىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ گۈزەل ئەتىمىز بارلىققا كېلىدۇ.»

«ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئۆزىنى تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى چوڭ نەتىجە، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق!»

«چۇ مۇئەللىم، مەن ئۇچۇن ئازابلانماڭ. سىز ماڭا، ئۆزىنى تونۇش بىر خىل بەخت، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تونۇدۇم. بەختلىك بىر ئادەمگە ئايلاندىم. ئىلگىرى ماڭا قىلغان غەمخورلۇقلىرىڭىزغا رەھمەت. بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ئاۋارە قىلمىسام دەيمەن!»

چۇ مۇئەللىم شىنيۈنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا لەۋلىرىنى تەستە قىمىرلىتىپ تۇرۇپ ئازابلىق ئاۋازدا: «چۇ...» دېگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

— شىنيۈ، مەن بۇ يەردە، سىزنىڭ قېشىڭىزدا! — دېدى چۇ يەنچاۋ شىنيۈنىڭ مېيىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

شىنيۈدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىدا جىممىدە ياتاتتى، كۆزلىرىدە چوڭقۇر بىر ئوي قېتىپ قالغاندەك، چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرى نۇرغۇن گەپنى دېمەكچىدەك قىلاتتى. نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يۈزى غەرب تەرەپكە قارىتىلغانىدى، ئاتا - بوۋىلىرى ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى، پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ بارىدىغان يېرىگە تېزراق بېرىشقا ئۈندەۋاتاتتى...

ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، ئىچ گۆرنى ئېتىۋېتىدىغان ۋاقىت بولغانىدى.

— چۇ مۇئەللىم، ئەمدى ئۇنىڭغا... خوش دەيلى! — تيەنشىڭ يىغلاپ تۇرۇپ چۇ يەنچاۋنىڭ بىلىكىدىن تارتتى.

چۇ يەنچاۋ شىنيۈگە خوش دېمىدى. گۆرنىڭ ئاغزىنى ئېتىد-

دىغان كېسەكلەرنى ئېلىپ جىممىدە دەستلەشكە باشلىدى. ئۇ گۆشتىن، كۆز يېشىدىن قوپۇرۇلۇۋاتقان تام ئىدى.

گۆرنىڭ ئىچى بارغانسېرى خىرەلىشىپ شىنيۆنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. چۇ يەنچاۋ سۇس بىر ئاق نۇرنى ئاران كۆرەلىدى. . . ئۇ چۇيەنچاۋنىڭ ئاسمىنىدىكى ئاي ئىدى، ئەمدى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاينى كۆرەلمەسمۇ؟

چۇ يەنچاۋ ئىشتىن توختاپ ئاشۇ ئاق نۇرغا جىممىدە قاراپ قالدى.

— بولدى. . . ئەمدى قارىماڭ، — دېدى تيەنشىڭ تىترەڭگۇ قوللىرى بىلەن ئاخىرقى بىر تال كېسەكنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ، — بۇنداق قىلسىڭىز ئۇ قانداق كېتەلەيدۇ؟ بىز قانداق. . . ياشايمىز؟

چۇ يەنچاۋ تيەنشىڭ سۇنغان كېسەكنى ئالمىدى. . . ئۇ شىنيۆ بىلەن ئۆزىنى ئۆز قولى بىلەن ئايرىۋېتىشنى، مەڭگۇ ئايرىۋېتىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

چۇ يەنچاۋنىڭ كۆز ياشلىرى ئاخىرقى كېسەككە توختىماي قۇيۇلاتتى. يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن تيەنشىڭ ئاخىر چىدىيالماي، سۇس بىر نۇر پىلىلداپ تۇرغان ئۇ كىچىككىنە كامارنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىۋەتتى.

چۇ يەنچاۋ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۆزىنى شىنيۆ بىلەن چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى، كۆزىنى ئاچقاندا ئالدىدا شىنيۆ يوق ئىدى.

مۇسۇلمانلار قوللىرىغا ئىخلاس توپىسى ئېلىپ يەرلىككە تاشلاۋاتاتتى.

چۇ يەنچاۋ ئۆزىنىڭ ھاياتىمۇ ئاخىرلاشقاندەك، روھى بىلەن تېنى شىنيۆنىڭ يېنىدا قالغاندەك بىر ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. ئەي ئادەملەر، مېنىڭ ئۈستۈمگىمۇ توپا تاشلاڭلار. بىزنى بىرلىكتە كۆمۈۋېتىڭلار! . . .

www.uyghurkitap.com

شىنيۈ ئالەمدىن ئۆتۈپ يەتتە كۈندىن كېيىن «بىلىمدان» قەسىرىدىكىلەر شىشەنگە شىنيۈنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئادەتتە مۇسۇلمانلار ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يەتتە كۈندىن كېيىن يوقلاپ باراتتى. كېيىن ئون تۆت كۈن، يۈز كۈن، بىر يىل ئۆتكەندە ياكى مەرھۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە يەنە بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. شىنيۈ ئۆيدىن ئۇزاپ چىقىدىغان چاغدا ئاتا - ئانىسى قەبرىستانلىققا بىللە كېلەلمىگەنىدى، ئانىسى يەتتە كۈندىن كېيىن بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مانا بۈگۈن خەن خانىم ئېرىنى، تيەنشىڭنى، چېن شۈيەننى باشلاپ كەلدى. ئۇلار شىنيۈنى بەك سېغىنغانىدى، شىنيۈ ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان بولغىيمىدى؟

مۇسۇلمانلار قەبرە بېشىغا يېمەكلىك، گۈلچەمبىرەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلمەيتتى، بىرەر تال كۆجە يېقىپ ياكى قىرائەت قىلىپ ماتەمنى بىلدۈرەتتى. «بىلىمدان» قەسرىدىكىلەر شىنيۈ ئۈچۈن قەبرە تېشى ياسىتىشنى، تاشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئويدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۆلگۈچىنىڭ قەبرە تېشىنى چوقۇم بالىلىرى قويۇشى كېرەك ئىدى، شىنيۈ تېخى قىز بولغىنى ئۈچۈن قەبرە تېشىنى ئاكىسى ياكى يەڭگىسى قويسىمۇ بولىۋېرەتتى. تيەنشىڭ بۇيرۇتۇپ قويغان قەبرە تېشى يەتتىنچى كۈنى پۈتۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن تېخىچە پۈتمىگەنىدى. ئاخىر ئۇ قىرقى توشقاندا ئېلىپ كېلەرمەن، دەپ ئويلىدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ قەبرىستانلىققا قاراپ، ئېغىر قايغۇ ئىچىدە ئاستا ماڭدى.

شىشەن تېغىنىڭ چوققىلىرى كۈمۈش لىباسلىرىنى تېخى تاشلىمىغان، تاغ باغرىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ تۈگىگەنىدى. ئورمانلىقنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان قەبرىستانلىقنىڭ بوزرەڭ تۈپ-

ـرىقىدا ئەگىز سۇلىرى ئېقىشقا باشلىغانىدى. قۇياشنىڭ ئىللىق
نۇرى ئاستىدا باھارنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. باھار كەلگەند-
ـدى، لېكىن شىنيۆ بۇ قېتىملىق باھارنى كۆرەلمەيتتى.

زومچەك - زومچەك قەبرىلەر تولىمۇ جىق بولغاچقا، نەم
يەردىكى كونا قەبرىلەر بىلەن يېڭى قەبرىلەرنى ئايرىماق ناھايىتى
تەس ئىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك مېيىت قويۇلۇپ تۇرغاچقا قاي-
ـسىسىنىڭ شىنيۆنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ئايرىش تەس ئىدى.

شىنيۆنىڭ قەبرىسى تيەنشىڭ بىلەن چېن شۇيەننىڭ ئېسىدە
ئىدى. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنى باشلاپ قەبرە ئالدىغا بارغاندا
ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى: قەبرە ئالدىدا ئاپئاق بىر قەبرە
تېشى تىكلەگلىك تۇراتتى.

قەبرە تېشى ئاددىي، ئەمما پاكىز، ئاق ئىدى. بەك جىق
نەقىشمۇ بېرىلمەي تاشنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ھىلال ئاينىڭ رەسد-
ـمى ئويۇلغان، ئوتتۇرىسىغا يېشىل رەڭدە خەت ئويۇلغانىدى:

خەن شىنيۆنىڭ قەبرىسى

1963 —— 1943

قەبرە تېشى ئېگىز ئەمەس، شىنيۆدەك نازۇك ئىنچىكە
ئىدى.

ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەمەل نامىمۇ، ھېچقانداق ئىشلارمۇ
خاتىرىلەنمىگەنىدى، چۈنكى شىنيۆنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە
قالغۇدەك تۆھپىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا ئۇلگۈرەلمىگەنىدى،
ئاددىيلا ئادەم ئىدى، ئۇنى پەقەت قېرىنداشلىرىلا بىلەتتى.

قەبرە تېشىدا تاشنى قويغان ئادەمنىڭ ئىسمى يوق ئىدى،
ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغاند-
ـدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# 15 ـ باب ئەلۋىدا

قايسى چاغ چىققاي دەپ تولۇن ئاينى مەن،
سورىدۇم ئاسماندىن، قولۇمدا شاراب.
بىلمىدىم تىلسىمۇ ئۇندىكى قەسر،
بولدىكىن قايسى يىل، قاي ۋاقىت بۇ تاپ.
شامالغا مىنگىشىپ كەتكۈم بولسىمۇ،
ئەنسىرەپ قالىمەن توڭلاپ كېتىشتىن،
سىرلىق ئاي قەسرىدە تىترەپ، لاغىلداپ.
ئايدىڭدا مەي ئىچىپ ئويناش بەك ھۇزۇر،
نە يەتكەي زېمىندا قالغانغا ياشاپ.

ئاسماندىن نۇر چېچىپ غېرىب كۇلبىگە،
ئاي بەرمەس زادىلا ئۇيقۇ كىشىگە.
يا ئۆچى بارمىكىن زېمىنغا ئۇنىڭ،
تولىدۇ نېچۈن بىر ھىجران پەيتىدە.
خۇشلۇققا جور ئىكەن قايغۇ ھەر ۋاقىت،
يۇرگەندەك ئاي يېرىم، گاھىدا پۈتۈن،
تەس ئىكەن ئايدىڭنى كۆرۈش ھەمىشە.
ئەمىنلىك يار بولسۇن نەدىلا بولساق،
سېغىنساق قارايلى ئايغا ھەر كېچە.

يەنيۈەن ئاي نۇرىغا پۈركەنگەن، نامسىز كۆلنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى.
كۆل بويىدىكى ئاينىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ تۇرغان كىچىك

يولىدا چۈ يەنچاۋ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي كېلەتتى.

«بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئاسمىنىدىكى ھىلال ئاي سۇزۇك ھەم سوغۇق، نامسىز كۆلنىڭ ئاسمىنىدىكى تولۇن ئاي يۇمىلاق ھەم نۇرلۇق، سۇيۇن قوۋۇقنىڭ ئاسمىنىدىكى ئاي خىرە ۋە نۇرسىز ئىدى...

ئاي پاتتى، لېكىن يەنيۇەندە ئەمەس، ھاياتلىق بارلىققا كېلىپ يەنە مەڭگۈ ئەمىن تاپىدىغان سېرىق تۇپراقتا پاتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئاسماندا تولۇن ئاي كۆرۈنمەس بولدى. تولۇن ئاي پەقەت چۈ يەنچاۋنىڭ قەلبىدىلا بار ئىدى، ئۇنىڭ تارغىنا ياتىقىدا ئۆلمەس بىر مۇھەببەتنىڭ ئىزناسى — كىتاب جاھازىسىدا ئىسكىرىپكا بىلەن ئورۇندالغان «لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي» نىڭ پلاستىنكىسى، «يېڭى ھېكايىلەر» نىڭ تەرجى-مىسىنىڭ ئورىگىنالى بار ئىدى. شىنيۆ ھايات ۋاقتىدا بۇ كىتاب-نىڭ تېزراق نەشردىن چىقىشىنى كۈتكەنىدى، ئېھتىمال، ھا-زىرمۇ كۈتۈۋاتقاندۇ...

«بىلىمدان» قەسرىنى ئاي يورۇتۇپ تۇراتتى. غەربىي ھۇجرىنىڭ ئالدىدىكى تاشئالما دەرىخى ئاپئاق چېچەكلىگەندى. مەخسۇس قاشتېشى ساقلايدىغان ئۆيدە خەن زىچى ئۆزىنى ھەرقان-چە قىلىپمۇ يىغىدىن توختىيالماۋاتاتتى.

ئاي نۇرى دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ قاشتاش تىزىدىغان جاھازىلارغا، خەن زىچىنىڭ سولغۇن چىرايىغا سېپىلەتتى. خەن زىچى بىر تال گۆھەرنى تارىشاڭ قوللىرى بىلەن كۆندە سىيلايت-تى. قىزىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ تۇرۇپ تېنى بار، روھى يوق ئادەمدەك تۇرغان جايىدا بىر ئاش پىشىم جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتەتتى، تۇرۇپ ھاسىسىغا تايىنىپ قورۇدا ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى، يەنە تۇرۇپ غەربىي ھۇجرىغا، سۇرەتلىك تامغا، تاشئالما دەرىخىگە قارىغىنىچە بېشىنى ئىرغى-

www.uyghurkitap.com

تىپ ئۇھسىنىپ قويۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ «كۇلبە» سىگە سولىنى-
ۋېلىپ بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇرۇپ كېتەتتى. يېشى
ئاتمىشتىن ئاشقىنى ئۇچۇن ئالاھىدە ھۇنەر - سەنئەت شىركىتى
ئۇنى پېنسىيىگە چىقىشقا دەۋەت قىلغانىدى. دېمىسىمۇ ھايات
چىرىغى ئۆچەيلا دەپ قالغان، كۇن بويى مەست ئادەمدەك ئاران
ماڭىدىغان بۇ ئادەمنىڭ شىركەت ئۇچۇن يەنە ئىشلىگۇدەك ھالى
قالمىغانىدى. ئەمدى ئۇ تۇزۇۋاتقان «قاشتېشى خاتىرىلىرى»
دېگەن كىتاب باشقىلارنىڭ قولىغا قالىدىغان بولدى. بوپتۇ، بۇ
يالغۇز ئۇنىڭلا ئىشى ئەمەس، قاشتېشى كەسپى ئايىغى ئۇزۇلۇپ
قالمايدىغان ياخشى كەسىپ، قالغان ئىشلارنى كېيىنكىلەر داۋام-
لاشتۇرسۇن.

بۇ ئۆيدە خەن زىچېنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى يەڭگىللىتى-
دىغان بىرەر جاي بولمىغىنى، سىرتقا چىققۇدەك مادارى قالمى-
غىنى ئۇچۇن، ئۇ كۇن بويى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. جىق
رىيازەتلەرنى تارتىپ بىر ئۆمۇر يېنىدا ئوبدان ساقلىغان، جاھا-
نىڭ ئۇ چېتىدىمۇ يىتتۇرۇۋەتمەي كەلگەن، كېسىپ ئىشلىتىش-
كە كۆزى قىيماي كەلگەن قاشتاشلىرىلا ئۇنىڭ ھاياتىنى باغلاپ
تۇراتتى. ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئۇ-
نىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرالايدىغان نەرسىدىن ئاشۇ قاشتاشلىرىلا
قالغانىدى. قاشتاش ئۇچۇنلا ياشايدىغان بىر ئادەمگە ئەمدى ئۇ-
نىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېغىر كېلەتتى. قاشتاش ئۇنىڭ ھايا-
تىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۇۋرۇكى بولۇپ قالغانىدى.

1963 - يىلى 5 - ئايدا چېن شۇيەن كۆزلىرى قاپقارا،
تيەنشىڭگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوغۇلدىن بىرنى تۇغ-
دى. ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا جىق قېقىندى - سوقۇندى
بولغان بۇ بالا ۋىجىك، ئەمما تولىمۇ زېرەك ئىدى. ئىككى
يىلدىن كېيىن چېن شۇيەن بىر قىز تۇغدى. بۇ قىزنىڭ ئاپئاق
تېرىسى، چاقناپ تۇرغان يوغان شەھلا كۆزلىرى كىشىگە شىنيۇ-

نىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىتەتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، «قىز بالا ھاممىسىنى تارتىدۇ» دېگەن گەپمۇ بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ. نەۋرىلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلۇشى قىزىنىڭ دەردىدە جىق ئازاب تارتقان خەن خانىمنىڭ كۆڭلىنى يەڭگىللەتكەن، خەن زىچىڭگە ئازراق تەسەللى بەرگەن بولدى. خەن زىچى ئوغۇل نەۋرىسىگە «چىڭ پىڭ»، قىز نەۋرىسىگە «جيې لۇ» دەپ ئىسىم قويدى. خەن خانىم بىلەن تيەنشىڭگە بۇ ئىسىم بەك چىرايلىق ئاڭلىنىپ يېقىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار خەن زىچىڭنىڭ نەۋرىلىرىدىگە قەدىمىي دەۋردىكى ئىككى داڭلىق شەمشەرنىڭ ئىسمىنى قويغانلىقىنى بىلمەيتتى، نېمىدەپ نەۋرىلىرىنى شەمشەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىماقچى بولغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم بۇنى خەن زىچىڭنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەس!

1963 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، تېخىچە قايغۇ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چۇ يەنچاۋ لېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. بۇ يەن پروفېسسور ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا چۇ يەنچاۋدىن باشقا تۇزۇكرەك ئىز باسار چىقمىغىنى، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھېچقانداق قۇسۇر تېپىلمىغىنى ئۈچۈن بولغان ئىش ئىدى. يەنە كېلىپ جېڭ شاۋجېڭ ئېيتقاندەك، «كاشىلا»مۇ قالمىغان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ سۆز ـ چۆچەكلەرمۇ بېسىلىپ قالغان، ئۇنىڭ قاچانلا قارىسا سۆرىلىپلا يۈرىدىغان ئائىلە تارىخىمۇ ئەمدى باشقىلارنىڭ ئاغزىغا چىقماس بولغانىدى.

1965 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، چۇ يەنچاۋنىڭ ئون بەش ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى.

ئوقۇتقۇچىسى بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا جېڭ شاۋجېڭنىڭ كۆڭلى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە يېرىم بولدى. ماۋجۇشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە بەرگەن يوليورۇقىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ ئون بەش يىلدىن بېرى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئاساسەن دېگۇدەك ئىجرا قىلىنمىغانلىقىنى، «بولۇپمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدا شيۇجېڭجۇيىچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقى»نى تەنقىد قىلغاندىن بۇيان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى داڭلىق ئەربابلار تېڭىرقاپ قالدى. جېڭ شاۋجېڭنىڭ ئانىسى «ئەجنەبىيلەر»، «ئۆلگەنلەر» قاتارلىق كىنو ـ تىياتىرلارغا رېژىسسورلۇق قىلغىنىنى، «پېتوفى كۇلۇبى»غا ئويۇن ئېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن كۇرەشكە تارتىلغانىدى. بۇ ئىش قاچانلا قاردىسا روھلۇق يۈرىدىغان جېڭ شاۋجېڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى.

جېڭ شاۋجېڭ بىلەن لۇ شيۇجۇ مەكتەپتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن دوستى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن شىنيۆنىڭ قەبرىسىگە كەلدى.

ئۇلار شىنيۆنىڭ قەبرىسىگە جىممىدە قاراپ تۇرۇشتى.

— شىنيۆ، بىز كېتىدىغان بولۇپ قالدۇق. كېيىن پۇرسەت بولسا بېيجىڭغا كېلىپ سىزنى يەنە يوقلايمىز. . . — دېدى لۇ شيۇجۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ، ئاندىن جېڭ شاۋجېڭنىڭ يېڭىنى تارتتى، — سەنمۇ گەپ قىلمامسەن؟

جېڭ شاۋجېڭ ئۇزۇن سۇكۇتتىن كېيىن پىچىرلىدى:

— كىم تامچى، كېمچى، ياغاچچى ياسىغان نەرسىلەردىنمۇ چىدامىلىق نەرسىنى ياسىيالايدۇ؟ گۆركار! چۈنكى ئۇ ياسىغان قەبرە قىيامەت كۈنىگىچە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمايدۇ.

— بۇ . . . نېمە دېگىنىڭ؟ — سورىدى لۇ شيۇجۇ ھەيران بولۇپ.

جېڭ شاۋجېڭ سۇسلا جاۋاب بەردى:

— بۇ گەپنىڭ باشقا ئالاھىدە مەنىسىمۇ يوق. ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن، بۇ دېگەن «خاملېت»تىكى سەھنە سۆزى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن يىغلاپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆز ياشلى-

رى تۆكۈلگەن سېرىق توپىدىن ئېلىپ قەبرىنىڭ ئۈستىگە چې- چىپ قويدى. ئاندىن شىنيۆنىڭ ياتاقتا ساقلىنىپ قالغان نەرسى- لىرىنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن «بىلىمدان» قەسرىگە كەلدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەتسە، ئۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ قويىدى- غان ئادەم قالمايتتى.

خەن زىچى قىزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ ئىككى قىزنى، شىنيۆنىڭ ئوقۇشقا كىرگەندە ئېلىپ كەتكەن يۈك - تاقلىرىنى كۆرۈپ هوشىدىن كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. . .

1966 - يىلى 8 - ئايدا، «بىلىمدان» قەسرىنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايىئاپەت كەلدى. بۇنىڭدىن ئەسلا ساقلانغىلى بولمايتى- تى، بۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يىگىرمە نەچچە يىل ئاۋۋالقى بىر ئىش سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى. . .

شۇ يىلى ئۈچ كاراتلىق بىر كۆك ياقۇت ئۈزۈكنىڭ يوقىلى- شى چىجېنجەينىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتكەنىدى.

خەن خانىم هېساباتچى لاۋخۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەندىن كېيىن خەن ئائىلىسىنىڭ دۈشمىنى پۇ شۇچاڭ ئۇنى نۇرغۇن پۇل ۋەدە قىلىپ دۇكىنىغا ئەپكېلىۋالدى. چىجېنجەي سېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن لاۋخۇ بىرى غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇ- شىنى قامداش، يەنە بىرى چەت ئەلدىكى خەن زىچىغا بولغان ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خۇيىيۇەنجەيدە هېساباتچى بولدى.

بىر كۈنى، ساقچى ئىدارىسىدىكى خۇيىيۇەنجەيگە دائىم كې- لىپ تۇرىدىغان بىر ساقچى يەنە قۇرۇق پاراڭ سالغىلى كەلدى. لاۋخۇ ئۇنىڭ قولىدا خەن ئائىلىسىدىن يوقالغان هېلىقى كۆك ياقۇت ئۈزۈكنىڭ تۇرغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدى.

لاۋخۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

— بۇ ئۈزۈكنى. . . نەدىن ئالغانتىلە؟ — سورىدى ئۇ

بىلمىگەنگە سېلىپ ھېلىقى ساقچىدىن.
— قارا بۇنىڭ ئېسىللىقىغا، — دېدى ئۇ ساقچى ئۈزۈكنى بارمىقىدىن چىقىرىپ كۆرەتكىلىك بىلەن ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — بۇنى مەن ئالمىغان. ئاشنام سوۋغا قىلغان. . . — ساقچى ئۆزىنىڭ سىردىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ قايسىبىر خوجايىنىنىڭ ئۇچىنچى خوتۇنى بىلەن ئاشنا ئويناپدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا ئاللىبۇرۇن چىقىپ بولغانىدى.
لاۋخۇ ئۈزۈككە نازا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ خېلىغىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. بۇ خەن ئائىلىسىدىن ئىز ـ تىزسىز غايىب بولغان ھېلىقى كۆك ياقۇت ئۈزۈك ئىدى، بۇ ئۈزۈك ئۇنىڭغا بەك تونۇش ئىدى، ئۇنىڭ خاتالىششى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئۈزۈك قانداق بولۇپ بۇ ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇ؟ لاۋخۇ ئۇزۇن ئويلاندى. . . ھە، توغرا، ئۈزۈك يوقىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن خەن خانىمنىڭ دۇكىنىغا ماجاڭ ئوينىغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئاشۇ ئايالمۇ بار ئىدى.
لاۋخۇ ھەممىنى چۈشەندى. قاتتىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تەستە ئىزىغا چۈشۈرۈپ ھېلىقى ساقچىغا: «بۇ ئۈزۈكنى ئەپقېلىپ ئوبدانراق قاراپ باقسام» دەپ يالۋۇردى. ساقچى ماقۇل بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۈزۈكنى ئېلىپلا «بىلىمدان» قەسىرىگە قاراپ يۈگۈردى.
— ئاھ خۇدا! مەن ئاقلاندىم! مەن ئاقلاندىم. . . —
لاۋخۇ خۇشاللىقىدا قاتتىق ۋارقىراپ كەلگەن پېتى خەن خانىمنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان كەتتى.
خەن خانىم ئۈزۈكنى ئۇ ساقچىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن تەڭ تۇرالامتى؟ خەن خانىم لاۋخۇغا ئۈزۈك ئۈچۈن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن

كېيىن قار ـ يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلدى. لېكىن، ئەمدى ئۇ لاۋخۇنى يەنە ئەكېلىۋالاي دېسە ئامال يوق ئىدى، چىجېنجەي سېتىلىپ بولغانىدى. لاۋخۇ ئاقلانغىنىغا بەك خۇش بولدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇششاق بالىلىرى-نى يېتىم قالدۇرۇپ بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. . .

يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۆتكەن ئىشلار-نىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋەرمەيدۇ. لاۋخۇنىڭ بالىلىرى چوڭ بولدى. بەش قىزى سېپى ئۆزىدىن ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە ئىدى. ئۇلار ئائىلىسىنىڭ جاپالىق ئۆتمۈشىنى، دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئۇنتۇمىغانىدى. «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلار تازىلىنىۋاتقان» ئاشۇ يىللاردا ئۇلار ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قالدى. ئۇلار دادىمىزنى كاپىتالىست ئادەم قاتارىدا كۆرمەي سىل قىلىپ ئۆلتۈردى، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە خەن ئائىلىسى كاپىتالىست ئائىلىسى ئىدى. پۇ شۇچاڭ كاپىتالىست دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى. خەن زىچى توردىن چۈشۈپ قالغاننى ئاز دەپ يەنە دۆلەت كادىرى بولۇپ يۈرىۋېرەمدۇ؟ ئائىلىسىنىڭ ئازابلىق ئۆتمۈشىنى ئويلىغانسېرى بۇ ئىش ئۇلار-نىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى، ئاخىر ئۇلار جانغا جان ئالماقچى بولدى.

بىر كۈنى سېرىق چاپان كىيگەن، بېلىگە يەڭ بەلگىسى تاقىغان بىر ناتونۇش يىگىت «بىلىمدان» قەسرىگە بوراندەك بېسىپ كىرىپ سۈرەتلىك تامنى چاقتى، ئايۋانغا سىزىلغان رەڭ-لىك رەسىملەرنى قارىدا بوياۋەتتى، خەن زىچىنىڭ كىتابخانىسى-نىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇپ بارلىق ساقلانمىلىرىنى ئېلىپ چىق-تى. توردىن چۈشۈپ قالغان بۇ «كاپىتالىست»نىڭ شۇنچە جىق پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى ساقلاپ يۈرگەنلىكى ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئۇ «قىزىل قوغدىغۇچى» خەن زىچى جېنى، ھاياتى دەپ بىلىدىغان بۇ نەرسىلەرنى پۇل بېرىپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تىرىك تارىخىنىڭ شاھىتى ئىكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ تېپىلماس بايلىقى ئىكەنلىكىنى، گۇگۇڭ ساردىيىدا ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك بۇيۇملاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— قاشتاشلىرىمنى نەگە ئاپىرىشىسەن! . . . — جېنى ئاران قالغان خەن زىچى كارىۋىتىدىن سەنتۈرەكلەپ چۈشۈپ پەريادلىق تۇۋلىغىنىچە ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا تىزى بىلەن سۈرۈلۈپ كەلدى. خەن خانىم بىلەن چېن شۈيەن يېلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى تەسلىكتە قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ كەتتى، بولمىسا ئۇلارنىڭ خەن زىچىنى كەمەر بىلەن ساۋاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

«قىزىل قوغدىغۇچىلار» خەن زىچىنىڭ قاشتاشلىرىنى قارا ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كەتتى ھەتتا ئۆيدە چىچېنجەينىڭ ۋىۋىسكىسىمۇ قالمىدى.

خەن خانىم ئېرىنى يۆلەپ ساپاغا ياتقۇزدى، يىغلاپ تۇرۇپ بەدىنىدىكى قان داغلىرىنى تازىلىدى، كۆز ياشلىرى توختىماي قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

خەن زىچى كېلىنى قايىنتىپ كەلگەن يېشىل پۇرچاق شورپىسىنى ئىچمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ دۇنيادىن بەكلا سوۋۇپ كەتكەنىدى، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ كەتكەنىدى. خەن زىچى ئۇ نەرسىلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇ قاشتاشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىغا تۆت - بەش مىڭ يىل، كەينىگە تۆت - بەش يۈز يىل بولغان قىممەتلىك، ئاز ئۇچرايدىغان ماللار ئىدى. ئەمدى ئۇ بۇ نەرسىلەرنى نەدىن ئىزدەيدۇ؟ قاشتېشى بولمىسا، ئۇنىڭغا بۇ كۈننىڭ نېمە كېرىكى؟

— دادىسى، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئۇ نەرسىلەرنى دەپ

ۆزىڭىزنى ئۆنچە قىينىماڭ! — خەن زىچىننىڭ يېنىدا ئولتۇر-
ان خەن خانىم ئېرىنىڭ قورايدەك قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ
ۆنىڭغا ئىمكانقەدەر تەسەللى بېرىشكە تىرىشاتتى. ئەمەلىيەتتە
ۆنىڭ ئۆزىمۇ ئۇ نەرسىلەرگە چىدىيالماي قېلىۋاتاتتى. «ئالتۇن-
ىڭ باھاسى بار، قاشتېشنىڭ باھاسى يوق» دېگەن گەپ بىكار
ېيتىلمىغان. ئاشۇ نەرسىلەر چىچېنجەينىڭ يادنامىسى، «بىل-
ىمدان» قەسرىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئېرى جاھاننىڭ باشقا يەر-
ىرىدە چۆرگىلەپ ئون يىلدىن كېيىنمۇ ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز پېتى
ايتۇرۇپ كەلگەندە، خەن خانىم «ئەمدى كۆڭلىرىمىزدىن غەم
ىلمايدىغان بولدۇق، نەۋرە - چەۋرىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىمۇ
اپالەتكە ئىگە بولىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغانىدى. پۇل ئادەم-
ىنىڭ تومۇرىغا ئوخشايدۇ، پۇل بولسىلا ئادەم قەددىنى تىك تۇتۇپ
ۇرەلەيدۇ، بولمىسا غەيرىتى سۇنىدۇ، بېشى چۈشۈپ كېتىدۇ.
ەلمىساقتىن تارتىپ ئادەملەر پۇلدىن ئايرىلالىغان، كۆڭلىرىنى
اۋا يەپ ئۆتكۈزەلىگەن ئەمەس. ئەسلىدە «بىلىمدان» قەسرىدە
شۇنچە زور بايلىق بارلىقىنى ئەر - خوتۇن ئىككىسىدىن ئاللىبۇ-
ۇن قارا تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ بولغان خەي ھامىدىن
اشقا ئادەم بىلمەيتتى. ھۆكۈمەتمۇ. ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت
ىركىتىدىكىلەرمۇ، قاشتېشى ساھەسىدىكىلەرمۇ، قولۇم -
وشنىلارمۇ خەن زىچىنى چەت ئەلدىن قۇرۇق قول قايتىپ
كەلدى، چىچېنجەي ۋەيران بولدى، «بىلىمدان» قەسرىنىڭ
قۇرۇق نامىلا قېپقالدى، دەپ ئويلايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن
ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن باياشات ياشىغىنىنى خەن زىچىننىڭ مائاش-
لىق كادىر ئىكەنلىكىگە باغلاپ چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ تۈگىمەس
بايلىقى بارلىقىنى، سۈپىتى ئەڭ تۆۋەن بىر قاشتېشىنى ئىشلە-
تىپ ئوغلىنىڭ مەرىكىسىنى كەڭ - كۇشادە ئۆتكۈزۈۋالغان-
لىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ھەتتا تيەنشىڭ بىلەن چېن شۇيەنمۇ
دادىسىنىڭ ئۆيىدە قۇلۇپلاپ ساقلاۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ نېمىلى-

كىنى بىلمەي يۈرەتتى. بۈگۈن بۇ ئىشلارنى ھەممە ئادەم بىلىدى. قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئاز دېگەندەك، خەن زىچى «كاپىتالىست» دېگەن قالپاقنى كىيدى، تاياق - توقماقنى بولۇشىغا يېدى، تىل - ھاقارەتنى يەتكۈچە ئاڭلىدى ھەتتا بۇ كۈنلەردە قۇدىسى — چېن شۈيەننىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭدىن ئوبدانراق ئەھۋالدا ئىدى. بۇلارنى ئويلىغاندا، قويۇق قورۇق باسقان تاتىراڭغۇ يۈزىدە كۈلكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان خەن خانىم قاتتىق ئۆرتىنىپ كېتەتتى، لېكىن ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئىش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئېرىگە دەردىنى تۆكەلمەيتتى. خەن زىچىنىڭ جېنى ئارانلا قالغانىدى. ئەمدى كۆپرەك ھالىغا يەتمىسە، كۆيۈنمىسە، ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى غۇلاپ چۈشەتتى، ئائىلە ۋەيران بولاتتى. شۇڭا خەن خانىم خۇددى پۇل - مالنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغاندەك تەلەپپۇزدا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەش ئىستىكىنى زورمۇزور بېسىپ، ئېرىگە يەنە تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر ئىدى:

— دادىسى، پۇل - مال دېگەن قانچىلىك نېمىتى؟ «بىر ئۆمۈر تاپقان پۇلدىن بىر ئۆمۈر قىلغان تىلاۋەت ياخشى» دەپتىكەن. پۇل - مال دېگەن ئاشۇنداق غايىب نەرسە. ئۇنى تۇغۇلغانلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بىللە ئېلىپ چۈشەلمەيدۇ، ئۆلگەنلەر گۆرىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ دۇنيادا بايلىق تاپقانلار ئۇ دۇنيادا گۇناھقا پاتىدۇ، بۇ دۇنيادا جاپا تارتقانلار ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرىدۇ. ئادەم تەقدىرگە تەن بېرىشى كېرەك. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاتاڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەپتىكەن، ھېچنېمىمىز قالمىغان تەقدىردىمۇ، سىز دادامغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن ۋاقىتتىكىدەك نامرات بولساقمۇ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزىۋېرىمىز. دادىسى، كۆڭلىڭىزنى توقراق تۇتۇڭ. . .

ئۇلار ئۇچۇن ياش بۇ يەرگە كەلگەندە بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىشلىرىنى ئويلاش ھەم كۆڭۈللۈك ھەم ئازابلىق ئىدى، خەن

خانىم سۆزلەۋېتىپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى. خەن زىچى-
نىڭ كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قال-
دى. ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگىچە نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن
كەچۈرۈپتۇ، سەرگەرداندىن بايغا ئايلىنىپتۇ، ئاندىن يەنە ئۆزى-
نىڭ قاق سەنەم ھالىتىگە قايتىپتۇ، ئېرىشكەنلىرىدىن يەنە مەھ-
رۇم قاپتۇ. پەلەكنىڭ گەردىشى ئېغىر چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭغا
مايمۇن ئويۇنى ئوينىتىپتۇ، ئاخىر ۋەيران قىلىپتۇ. خەن زىچى
بۇنى قېرىغاندا كېچىكىپ بىلدى، بالدۇرراق بىلگەن بولسا،
بۇنچە جاپا بىلەن ياشاپ نېمە قىلاتتى. تورورىدىن بابا ئۇنىڭغا:
«ئادەم دېگەن بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمگە ئۆتكۈنچى مېھمان، تەن
روھنىڭ ۋاقىتلىق پاناھگاھى. ھايات دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچ-
قۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆلۈملا ئادەمنى مەڭگۈلۈك ئارامچىلىققا
يەتكۈزىدۇ» دېگەنىدى. ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئارامچىلىققا سېلىشتۇر-
غاندا، ئاشۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىت
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن. شان - شۆھرەت، مەرتىۋە دېگەنلەر
كۆزنى بوياپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىس - تۈتەككە، پۇل - مال
دېگەنلەر كېرەكسىز پاتقاققا ئوخشايدىكەن. ئادەم ھامىلە بولۇپ
تۆرەلگەن چاغدىلا ئاللا ئۇنىڭ رىزقىنى پېشانىسىگە پۈتۈۋېتىدى-
كەن، ئۆمۈر چېكى، كىرىمى، كەسپى، راھەت كۆرىدىغان -
كۆرمەيدىغانلىقى بەلگىلىنىپ بولىدىكەن. تەقدىرگە پۈتۈلگەن
نەرسىلەر ئىزدىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن كېلىدىكەن، تەقدىرگە پۈ-
تۈلمىگەن نەرسىلەر ھەرقانچە قوغلاشقان بىلەنمۇ ئادەمگە تۇتۇق
بەرمەيدىكەن. «قۇرئان كەرىم»دە: «پانىي ئالەمدىكى راھەت -
پاراغەت... ئادەم ئالدايدىغان ۋاقىتلىق ھۇزۇردۇر»، «مەن
زېمىندىكى بارلىق بالايىئاپەتنى، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن
سورۇقچىلىقلارنى يارىتىشتىن ئاۋۋاللا پېشانەڭلەرگە پۈتۈۋەت-
كەن... سىلەرنى يوقاتقان نەرسىلىرىڭلارنى دەپ تۈگىشىپ
كەتمىسۇن، مەن ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن خۇش بولۇپ كەتمى-

سۇن دەپ شۇنداق قىلغان.» دېيىلگەن. مانا بۇ ئاللانىڭ سۆزى. شۇڭا خەن زىچىمۇ ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ، تارتقان خورلۇقلىرىغا ھەيران قالماي، ئېرىشكىنىگە خوش بولۇپ كەتمەي، يوقاتقىنىغا ئۆكۈنمەي يۈرگەن بولسا توغرا بولاتتىكەن.

ئادەم ئىلگىرى بىلەلمىگەنلىرىنى بىلىپ بولغاندا ھاياتىمۇ بىر يەرگە بارىدۇ. يەنە ئالدىغا ماڭسا يەنە نەگە بارىدۇ؟ ئۆلۈمگىمۇ؟

ئەتىسى شىركەتتىن ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا «ۋەزىيەت»نى بىر ھازا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، «گۇناھلىق تارىخى»نى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كىشىنىڭ چىراي ئىپادىسىمۇ، تەلەپپۇزىمۇ ناھايىتى جىددىي ئىدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۆي باشقۇرۇش ئورنىدىنمۇ ئادەملەر كېلىشتى: «ئەمچەكتىكى بالىنى قوشقاندا ئالتە جان ئىكەنسىلەر، بۇ ئۆي سىلەرگە ئارتۇق، تېز كۆچۈڭلار! قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر سىلەرنىڭ كۆچۈشۈڭلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئۇلارنى ئىچكەركى ھويلىدىن كۆچۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلكىدە ئاران بەش ئېغىزلا ئۆي قالدى.

كېسەل ياتقان دادىسىغا قاراپ ئىچى سىرىلغان تيەنشىڭ ئۆي باشقۇرۇش ئورنىدىكىلەرگە تۆر ئۆينى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەمدى يەنە تۆر ئۆيدىن كۆچۈرۈلسە، خەن زىچى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

— ياق، بولمايدۇ!

— سىلەردىن ئۆتۈنۈپ... قالاي، مېنى ئۇ ئۆيدە تۇرغىلى قويساڭلار. مەن ئۇ ئۆيدىن... كېچەلمەيمەن... — نەپەسى قىسىلىپ كېتىۋاتقان خەن زىچى ئىنچىكە بوينىنى كارىۋاتتىن سوزۇپ ئۇلارغا يېلىنىپ باقتى. ئۇنىڭ تارتىنىشۋاتقىنى يالغۇز بۇ ئۆينىڭ ئورنى ئەمەس ئىدى، بۇ لياڭ بىڭيۇ بىلەن

شىنيۆ تۇرغان ئۆي ئىدى. شۇ ئۆي قالدىغانلا ئىش بولسا ئۇ تۆر ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىشكىمۇ رازى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى، ئاڭلىغىنى: «ئىنقىلاب مېھمان كۈتۈشكە ئوخشىمايدۇ. دۈشمەن قوغدىغانغا بىز قارشى تۇرىمىز. بۇ ئەبلەخ غەربىي ئۆيدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋېتىپتۇ، تېخىمۇ تېز كۆچۈرۈۋېتەيلى. قىيىنچىلىقى بارلار دەرھال سەپەرۋەرلىككە كېلىپ بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئاچىقسۇن» دېگەن قوپال بۇيرۇق بولدى.

چوڭ مىس كارىۋات، يېزىق ئۈستىلى، ھېلىقى رەسىم، برازىلىيە گۈلى، كىچىك پاتېفون، كىتاب. . . جىمى نەرسە ھويلىغا ئاچىقىپ تاشلاندى. خەن زىچى ئۆزىنىڭ ھاياتى بولغان ئاشۇ يادنامىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن كارىۋاتتىن تەستە چۈشۈپ ئۇ نەرسىلەرنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ باردى.

ئىچكەركى ھويلا ئوپچى قورۇغا ئايلاندى. ھەممە ئۆيگە ئۆي باشقۇرۇش ئورنىدىكىلەر كۆچۈپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، «قاشتاش پادىشاھى»نىڭ ئائىلىسىدىكى ئالتە جان ئادەم ئالدى ھويلىدىكى بەش ئۆيگە سىغدالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ئاز ئۆي بولسىمۇ سىغىپ كېتەتتى. بىر شىرە ئاران بىرقانچە يۈەنگە يارايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار چىڭچىڭ بىلەن جىيلۇگە سۈت بۇيرۇتۇش ئۈچۈن ئۆيگە سىغدۇرالمىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىنى سېتىۋەتتى.

ئۆيدە ھەرگىز سېتىشقا بولمايدىغان نەرسىلەر شىنيۆنىڭلا نەرسىلىرى ئىدى. خەن زىچى ھازىر قىزى ئىشلەتكەن كارىۋاتنى، شىرەنى ئىشلىتىۋاتاتتى. قىزىنىڭ نەرسىلىرىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى، لياڭ بىڭيۇ بىلەن قىزىنىڭ رەسىمىگە كۈندە قاراپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى پات ئارىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا، قىزىنىڭ قېشىغا كېتىدىغاندەكلا سېزەتتى. پانىي ئالەم باقىي ئالەمنىڭ تەييارلىقى، باقىي ئالەم پانىي ئالەمنىڭ بارىدىغان ماكانى. ئۆ-

www.uyghurkitap.com

لۇم پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئۇنداق بولسا، ئۇ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسىلا قىزىنى كۆرەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى يەنە نېمىگە تارتىنىشىدۇ؟

لېكىن خەن زىچىنىڭ يەنىلا تارتىنىشىدىغان نەرسىسى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى يوقالماي كەلگەن مۇھەببەت، ئۆچمىگەن ئوت، بوينىدىكى قايتۇرالماي كېلىۋاتقان قەرز ۋە گۇناھ ئىدى. ئۇ ئىزچىل تۇردە بىر ئادەمنى خۇپىيانە، ناھايىتى قىيىن ھالەتتە سېغىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھېسسىياتىنى ئايالىنىڭ، ئوغلىنىڭ، كېلىنىنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. پەقەت قىزىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، لېكىن تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەندى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۆكۈپ بەرگۈدەك ئادىمى قالمىدى. لېكىن، ئۇ ئاشۇ مۇھەببەتنى، ئاشۇ ئوتنى، ئاشۇ قەرزنى، ئاشۇ گۇناھلىرىنى گۆرىگە بىللە ئېلىپ كەتسە بولمايتتى. ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال ئۆزىگە ئۆزى ھېساب بېرىشى، پەقەت ئۇنتۇيالماي كېلىۋاتقان ئاشۇ ئايالنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، خەن زىچى ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمەيتتى. جاھان شۇنچە كەڭ، ئارىلىق شۇنچە يىراق تۇرسا، ئەمدى ئۇنى نەدىن ئىزدەيدۇ. بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا يەنە جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارغۇدەك قۇدرەت ئۇنىڭدا بارمۇ؟

ئۇ ئوغلىغا قەلەم، قەغەز ئەكەلدۈرۈپ، ئاجىز گەۋدىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ قىزى ئىشلەتكەن يېزىق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ خەت يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر بىر قۇر خەتنى يازغۇچە خېلىلا كۈچەپ ھاسىراپ كېتەتتى، ھېلىقى رەسىمگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئازراق كۈچىگە كېلىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇراتتى. قېتىپ قالغان قوللىرى قەلەمنى ئاران تۇتاتتى، تورلاشقان كۆزلىرى قەغەزنىڭ كاتەكچىلىرىنى ناھايىتى تەستە پەرق ئېتەتتى. خەتلىرى يوغان، مايماق چىقاتتى، بەزى خەتلەر

ئالدىدا يېزىپ بولغان خەتكە مىنگىشىپ قالاتتى. خەتنى تاپشۇ-
رۇۋالغان ئادەمنىڭمۇ ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن خېلى كۈچەپ باقىدى-
غانلىقى چوقۇم ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ خەتنى نەچچە كۈندە
ئاران پۈتتۈردى، يازغاندىمۇ تازا جىق يازدى. ئاندىن سام خوز-
تېرنىڭ ئادرېسى ئىنگلىزچە يېزىلغان كونۋېرتقا قېلىن قەغەزنى
پۈرلەپ تىقتى. ئۇ خېتىنىڭ باش قىسمىدا سام خونتېردىن
هاياتلا بولسا بۇ خەتنى بىر ئامال قىلىپ لياڭ بىگيۇگە يەتكۈزۈپ
بېرىشنى ئۆتۈندى.

بىرەر كىشىگە خەت يېزىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن بولغاچقا، تولىمۇ مۇشەققەت ئىچىدە يېزىلغان بۇ خەت ئۇنىڭغا هۇزۇر تۇيۇلدى. خەت يېزىشنى ئويلاپ تاپقانلار هەقىقەتەن قالتىس ئادەملەر - دە. خەت ئادەملەرنى ئۇچراشتۇرماي تۇرۇپ پاراڭلاشتۇرىدۇ، خەتتە ئېغىزدا دېيەلمىگەن گەپلەرنى، كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى دېگىلى بولىدۇ، شۇڭا خەت تىلدىنمۇ مۇهىم. خەن زىچى بىردىنلا خەتنىڭ شۇنچىلىك قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ قالدى. ئەگەر ئادەم گەپمۇ قىلالمىسا، خەتمۇ يازالمىسا، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ جۇمۇ. ئۇ نېمىدەپ بۇ خەتنى بالدۇرراق يازمىغان بولغىيدى؟ بالدۇر يېزىش كېرەك ئىكەندۇق. بۇ خەتنى بەش يىل بۇرۇن يازغان بولسا، لياڭ بىگيۇ قىزىنىڭ خوش خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا خەن زىچى ئاشۇنداق خەتنى يازغۇدەك جۈرئەت تاپالمىدى، ئۆزىنى لياڭ بىگيۇگە خەت يېزىشقا ئەرزىمەيدىغاندەك سەزدى. ئەمدى نېمىلا بولسۇن، يازدى. بۇ خەتنى يازمىغان بولسا ئۇ باقىي ئالەمگە كۆزى ئوچۇق كېتىشى، مەڭگۈ لياڭ بىگيۇنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. خەن زىچى بۇ دۇنيانىڭ قەرزلىرىنى كۆز يۇمغىچە تۆگىتىۋېتىشنى، ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتمەسلىكنى ئويلايتتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ خەت بەك مۇهىم ئىدى.

خەن زىچى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ خەتنىڭ ئاغزىنى ئەتتى ۋە قىممەت بولسىمۇ زاكاز قىلىپ سېلىشنى تاپىلاپ تيەنشىڭگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ ئوغلىغا خەت يېزىشتىكى مەقسىتىنى ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتمىدى. ئوغلى ئىنگلىزچە خەتنى تونۇمايتتى. ئىلگىرى ئۇ تيەنشىڭگە ئىنگلىزچە ئۆگەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلاتتى، ھازىر بۇ ئىشقا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلمىدى.

تيەنشىڭ بۇنى دادىسىنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن شىركەتكە يازغان «جىنايەت تارىخى» ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان، خەت ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ تومپىيىپ تۇرغان كونۋېرتتىكى ئىنگلىزچە خەتكە قاراپ قېتىپ قالدى. بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە چەت ئەللىككە خەت يازسا قانداق بولىدۇ؟ دادام ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا تېپىۋاتامدۇ نېمە؟

— تېز... تېز بارغىن! — خەن زىچى كارىۋىتىدا يېتىپ ئوغلىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ شۇنداق دېدى.

— ماقۇل، — تيەنشىڭ دادىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئىشىكنى ياپتى، ئەمما دەرۋازا تەرەپكە ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. چېن شۈيەن تېخى ئىشتىن چۈشمىگەنىدى، چىڭپىڭ بىلەن جيېلۇ كارىۋىتىدا ئويناۋاتاتتى. تيەنشىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دادىسىنىڭ يازغان نەرسىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى.

تيەنشىڭ كونۋېرتنى ئالدىراپ ئاچتى. ئۇ باشقىلارنىڭ خېتىنى كۆرۈشنىڭ قانۇنسىزلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر باشقا ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ئېچىدىكى خەت خەنزۇچە يېزىلغانىدى. تيەنشىڭ خەتنى ناھايىتى تەستە، بەزى يەرلىرىنى پەرىزىگە تايىنىپ ئوقۇدى. بىرىنچى قۇرغا ھاممىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، خەتنىڭ مەزمۇنىنى خىيالەن قىياس قىلدى.

ھاممىسى تىيەنشىڭنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇ يىگىرمە يىل ئىلگىرى بىر كېچە قونۇپلا ئەتىسى شىنيۆنى تاشلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئون بىر ياشتا بولغاچقا، بۇ ئىش ھازىرغىچە ئېسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاشۇ ئىشنىڭ بۇ ئائىلىدە ئېغىر جاراھەت قالدۇرغانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق چۈشەنمەكتە ئىدى. ئانىسىنىڭ ھاممىسىغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى، دادىسىنى ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تىيەنشىڭنىڭ ئانىسى خالىغاندا قولغا ئېلىپ بولمىسا تاشلىۋېتىدىغان كىيىم ئەمەستە؟ تىيەنشىڭنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ھاممىسىغىلا ئەمەس، كۆڭلى قارا دادىسىغىمۇ نەپرەتلىنەتتى، بۇ ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەتتىن كېلىپ چىققان نەپرەت ئىدى. ھاممىسى دادىسىنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولغانىدى. ئانىسى بولسا ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن، تىيەنشىڭنىڭ دادىسىز قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھاممىسىنى كەتكۈزۈۋەتكەنىدى.

لېكىن، ھاممىسى كېتىپ شىنيۆ دادىسىز قالدى، چوڭلار ھېسابىنى تۈگىتەلمىگەن ئىشنىڭ دەردىنى سىڭلىسى تارتتى. تىيەنشىڭ شۇ تۇپەيلى سىڭلىسىغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئۇنىڭغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە كۆيۈنگەن، ھالىغا يەتكەنىدى. سىڭلىسى كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىدىن ئىنگلىزچە ئۆگەنگەن چاغدىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىمۇ ھەسەت قىلمىغانىدى، بۇنداق بولۇشىنى ئۆزى ياشىغان دەۋردىن كۆرگەنىدى. بالىلىق چاغلىرىدا دادىسى ئۇنىڭ يېنىدا يوق ئىدى، چېچېنجەي ۋەيران بولغاندىن كېيىن دادىسى قايتىپ كەلدى. لېكىن دادىسى خىزمەتكە چۈشكۈچە بولغان ۋاقىت جاھاننىڭ تازا قالايمىقان ۋاقتىغا، قىيىنچىلىق ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ شۇنچە جىق پۇلغا يارايدىغان قاشتاشلىرىنى ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيتتى ۋە بىلمىگىنى ئۈچۈن، پۇل

www.uyghurkitap.com

تېپىپ ئائىلىسىنى بېقىش مەقسىتىدە تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپلا
زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ يىلى ئاران
ئون بەش ياشتا ئىدى. ماشىنىنى باشقۇرىدىغان چاغدا بويى پاكار
بولغىنى ئۈچۈن تاپىنىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. كېيىن
ئۇ ھېچقانداق ئىشقا پۇشايمان قىلمايدىغان، ۋايسىمايدىغان بول-
دى. جاپانى يەتكۈچە تارتىسمۇ سىڭلىسىنى راھەتكە ئېرىشتۈ-
رۈشنى ئويلايتتى. سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىنمۇ
تەتۈر بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن! . . .

تيەنشىڭ خەتنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇدى. دادىسى شىنيۆنىڭ
ئۆلۈم خەۋىرىنى ھاممىسىغا دېمەسلىكى كېرەك ئىدى. بىر ئانا
مۇشۇنداق خەتنى كۆرسە قانداق چىدىيالايدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ
ھاممىسىنى كېلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان قۇرلىرىنى كۆرۈپ
تىترەپ كەتتى. دادىسىنىڭ ھاممىسىنى ئۇنتۇيالماي كېلىۋاتقاذ-
لىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئۇ بىلەتتى،
بۇنداق سېغىنىشنى، بۇنداق ئازابنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان
بولغاچقا، دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. لېكىن، ھاممىسى
قايتىپ كەلسە قانداق بولىدۇ؟ ھاممىسىنى كۆرسە ئانىسىنىڭ
ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. شۇنچە ياشقا كىرگەن
ئادەمنى نېمىدەپ يەنە زەربىگە ئۇچرىتىمىز؟ ئۆيدە ئۇنىڭ ئوغ-
لى، كېلىنىدىن باشقا يەنە نەۋرىلىرىمۇ بار تۇرسا. بۇ ئىشلارنى
چېن شۈيەن بىلمەيتتى. ئەمدى نەۋرىلىك بولۇپ قالغاندا كونا
خامانني سورۇپ نېمە قىلىدۇ؟ دادام يۈز - ئابرۇيىمىزنى بىراق
تۆكۈپ ئائىلىمىزنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلماقچىمىكىنە؟ ھېلى-
مۇ بۇ ئۆي نېمىگە ئوخشاپ قالدى؟

تيەنشىڭ خەتنى ئوقۇپ بولدى، غەزەپتىن كۆزلىرىگە قى-
زىللىق تىقىلدى. دادىسى ئەقلىدىن ئېزىپ قاپتۇ.

تيەنشىڭ خەتنى ئۇششاق يىرتىپ مەشكە سېلىۋەتتى، مەش-
كە ئېسىلغان چوڭ قازاندا دادىسىنىڭ دورىسى قايناۋاتاتتى.

خەن زىچى كارىۋىتىدا كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ ئىچىدە ئاي - كۈننى ھېسابلاۋاتاتتى. ھازىر خەلقئارالىق يوللانمىلارغا پاراخوت ئىشلىتىلمەيدۇ، ئايروپىلان يوللانمىلىرى بىر ھەپتىدىلا يېتىپ بارىدۇ. بىڭيۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يولغا چىقىدۇ. ئۇ چاغدا بىر ھەپتىدىن كېيىن يۈز كۆرۈشىدىغان گەپ. شۇنىڭغىچە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك. بىڭيۇنى كۆرمىسە ئۇنىڭ جېنى چىقمايدۇ. كۆرۈشكەندىن كېيىن يىغلايدىغىنى ئېنىق. مەيلى، ئايرىلىش يېشى ئاچچىق، ئۇچرىشىش يېشى تاتلىق بولىدۇ. شۇلارنى ئويلاپ خەن زىچى خېلى روھلىنىپ قالدى.

تيەنشىڭ دورا قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

— دادا، دورىڭىزنى ئىچىۋالغىن!

خەن زىچى ئالدىراپ كۆزىنى ئېچىپ ئۆرە بولدى.

— خەتنى. . . سېلىۋەتتىڭمۇ؟

تيەنشىڭ قولىدىكى قاچىنى كارىۋاتنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ياق.

— نېمىشقا؟ — خەن زىچىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئورۇندىيالمىسا قانداق بولىدۇ؟ — تېز بار! بىر كۈن. . . بالدۇر سالساڭ، بىر كۈن بالدۇر تېگىدۇ!

دادىسىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا تۇرغان تيەنشىڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئاچچىق خورسىندى. كۆڭلىدىكى گەپنى دەپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇغىنىنى چاندۇرۇپ قويسا، دادىسىغا قاتتىق ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا ئۇ باھانە كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى:

— ھازىر چەت ئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلغىلى قويمايدىكەن. يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ بىلىۋالسا بوش قويماسمىش.

— ھە. . . — خەن زىچى ھودۇقۇش ئىچىدە خۇنسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، — خەتنى سالالمىدىڭمۇ؟

— ھەئە، — تيەنشىڭ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە دورا قاچى-

www.uyghurkitap.com

سىنى ئېلىپ دادىسىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلدى.

— ئەمىسە. . . خەتچۇ؟ — خەن زىچى لياڭ بىڭيۈگە يازغان خېتىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ ئوغلىنىڭ بىلىكىنى كاپپىدە تۇتتى.

— كۆيدۈرۈۋەتتىم، — دېدى تيەنشىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ. ئۇ تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىپ دادىسىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى. ئۇنىڭغا خەتنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— كۆيدۈرۈۋەتتىم؟ — خەن زىچىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى، — كۆيدۈرۈۋەتتىم. . . كۆيدۈرۈۋەتتىم. . .

خەن زىچى بىر ئازدىن كېيىن لاسىدە بولۇپ قېلىپ ئوغلىنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋەتتى، ئۆزى كارىۋاتقا ھالسىز يېقىلدى.

دورا قاچىسى پىششىق قىش ياتقۇزۇلغان يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى، ئىچىدىن قان رەڭگىگە ئوخشاش قاپقارا سۇيۇقلۇق تۆكۈلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ قىرتاق دورىنى ئىچىشكە رايى يوق ئىدى، ئىچكەن بىلەنمۇ بەربىر كېسىلىگە شىپا بولمايتتى. تاماق يېيىشكىمۇ رايى يوق ئىدى، جانسىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر نېمە يېيىشنىڭ ئەمدى ھاجىتىمۇ قالمىغانىدى.

يېرىم كېچە بولغانىدى، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇۋاتاتتى. يامغۇر خۇددى «بارلىق پاسكىنىچىلىقلارنى پاك - پاكىز يۇيۇپ تاشلايدىغان» دەك قاتتىق يېغىپ كېتىۋاتاتتى.

بورانلىق يامغۇردا ئۆگزىدىكى يېرىمى چېقىلىپ كەتكەن پار - پۇر بېزەك ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئىچكەركى ھويلىدىكى تاشئالما بىلەن ئانار دەرەخلىرى يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كەتتى، ئايۋاندىكى رەڭلىك رەسىمنىڭ بوياقلىرى ئېقىپ، يەردە ياتقان تاش-

ئالما بىلەن ئانار دەرەخلىرىنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالدى.
جەنۇبىي ھۆجرىدا ياتقان خەن زىچى سەكراتقا چۈشۈپ قالغا-نىدى.
ئۇنىڭ بىھوش ھالەتتە ئاغزىغا بىر نەرسە سالماي ياتقىنىغا خېلى بولغانىدى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھالەتتە قانچىلىك ياتقىنىنى، چېسلاغا قانچە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، بۇلارنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيىتى قالمىغانىدى، پەقەت جېنىنىڭ پاتراق چىقى-شىنى، ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتاتتى.
ئۆلمەن دەپلا ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنىمۇ ئازاب بىلەن كۈتۈش كېرەك. . .
خەن زىچى ئاشۇ ئازابلىق كۈتۈشلەر داۋامىدا باقىي ئالەم-نىڭ ئادىمىگە ئايلانغان قىزىنىڭ ئۆزىنى «دادا. . .» دەپ چا-قىرغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ قىزىنىڭ قېشىغا بېرىش ئالدىدا تۇراتتى.
ئۇستازى لياڭ يېچىڭنىڭ ئۆزىنى «زىچى. . .» دەپ چا-قىرغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ قېشىغا بېرىش ئالدىدا تۇراتتى.
ئۇ بوۋىسى تورورىدىنىڭ ئۆزىنى «ئىبراھىم. . .» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ قېشىغا بې-رىش ئالدىدا تۇراتتى. بەلكىم بوۋىسى ئۇنى ئۇ ئالەمدە بۇرۇنلا كۈتۈۋاتقاندۇ.
بوۋىسى تورورىدىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئىسمىنى بىلمەيلا كې-تىپ قالدى. بوۋىسى تورورىدىن ئۇنى بېقىۋالغان چاغدا ئۇنىڭغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى. خەن زىچى ھازىر ئۆزىنى ئاشۇ ئىسمىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئاللانىڭ سادىق مۇرىتى ۋە ئەل-چىسى. ئۇ قەدىمىي بابىلون پادىشاھلىقىدىكى كىشىلەرنى ئاللا-

نىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ خۇدالىق دىن-نىڭ مەبۇدىنى چېقىۋەتكەن. شۇ ئەلدىكى كىشىلەر ئۇنى باغلاپ ئوتقا تاشلىغان. ئاللا ئوتنىڭ تەپتىنى ياندۇرۇۋەتكەن، نەتىجىدە، ئارغامچىلا كۆيۈپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ساق قالغان.

ئىبراھىم چۈشىدە ئاللانى كۆردى، ئاللادىن ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسمائىلنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىش توغرىسىدا ۋەھىي كەلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ئوڭغا تارتاتتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغىنى ئۈچۈن، ئاللانىڭ ھۆكمىگە چىداپ ئوغلى ئىسمائىلغا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، ئاللا سېنى ئۆلتۈرۈشۈمنى بۇيرۇدى. سەن ئۆلۈشنى خالامسەن؟

ئىسمائىل مۇنداق دېدى:

— دادا، ئاللانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈڭ، ئاللانىڭ ھۆكمى شۇنداق بولغاندىكىن مەن چىدايمەن. گېلىمغا پىچاق سۇرتۇلگەندە تىپىرلاپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن بەدىنىمنى ئارغامچىدا چىڭراق باغلاڭ. كىيىمىمنى سالدۇرۇۋېتىڭ، ئانام قان يۇقى كىيىمىمنى كۆرسە چىدىيالمايدۇ. جېنىم ئىتتىك چىقماي قالمىسۇن، پىچاقنى ئىتتىكرەك بىلەڭ!

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ توختىماي سۆيۈپ كەتتى، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلدى. ئۇ ئوغلىنى ئىككى مۇرىسىدىن باغلاپ يەرگە يىقىتتى ۋە پىچاقنى ھەلقۇمىغا شىلتىدى، ئەمما ھەرقانچە قىلسىمۇ پىچاق ئۆتمىدى. . .

ئىسمائىل شۇنداق دېدى:

— دادا، يۈزۈمنى يەرگە قارىتىپ قويۇڭ، بولمىسا قىينالغىنىمنى كۆرۈپ ئىچىڭىز ئاغرىپ قالىدۇ، ئاللانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىسىز.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقنى قايتىدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ ئوغلىنىڭ بوينىغا سۇرتتى. . .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاغا مانا مۇشۇنداق ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلدى، ئاللا ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتىن ئايانمىدى. لېكىن، ئاللا ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمىدى. پەيغەمبەر ئوغلىنىڭ گېلىغا پىچاق سۇرتۇۋاتقان چاغدا، ئىككى پەرىشتە ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قۇربانلىق ئورنىدا بىر قوچقارنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مۇسۇلمانلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان مىنا جىلغىسىغا كېلىپ پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا سېغىنىدىغان، پۈتكۈل دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئاشۇ كۈنى قۇربان ھېيت ئۆتكۈزىدىغان بولدى. . .

پەيغەمبەرنىڭ تۇتقان يولىنى ئەسلەش بىلەن تەڭ خەن زىچىنىڭ ئىچى ئازابتىن ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىگە داغ تەگكۈزدى، تورورىدىنىنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويدى. مەككىگە ھەجگە بېرىش يولىدا ئۇ بوۋىسى تورورىدىندىن ئايرىلىپ قالدى، ساختا دۇنيانىڭ نىقابلىرى ئۇنىڭ كۆزىنى توسۇۋالدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى قاشتاشقا بېرىلىپ مەجنۇنلارچە ئۆتكۈزدى. قاشتاش ئۇچۇن ھەجگە بېرىشتىن ۋاز كەچتى؛ ئايالىنى تاشلاپ كەتتى؛ قىزىنى ئانىسىدىن مەڭگۈگە ئايرىۋەتتى. . . ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە قاشتاشقا تەلپۈنۈپ ئۆتتى. قاشتاش ئۇچۇن جېنىنى بەرمىگەن بولسا، ئېھتىمال ئۇ شۇنچە جاپالارنى تارتىپ بۇنداق ئەگرى ـ توقاي يوللاردا ماڭماس بولغىيدى. ئەمدى ھايات يولىدا قايتىدىن مېڭىپ باققىلى بولمايدۇ. جېنى دەپ بىلگەن قاشتاشلىرىمۇ ئاخىر يوقالدى. ئۇ ئەجەبمۇ ئېزىپتۇ! ئەسلىدە ھېلىقى قاشتاشلار «قاشتاش پادىشاھى» دەپ نام ئالغان خەن زىچىڭگە، ئەينى يىللاردىكى «قاشتاش پىرى» دەپ نام ئالغان لياڭ بوۋايغا، ھېچقانداق ئادەمگە مەنسۇپ ئەمەس ئىكەن. ئۇلار قاشتاش ئۇچۇن قۇل بولۇپ ياشىغىنىغا تۇشلۇق ئۇ نەرسىلەرنى

قولىدا ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرالماپتۇ. ئۇ قاشتاشلار ئۇنىڭ قولىدىن ئۇزۇلمەس ئېقىنغا چۈشۈپ ئېقىپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇ قارا تۇپراقنىڭ قوينىغا ھارغىن گەۋدىسىنى، جانسىز روھىنى، قانچە قېتىملاپ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىنى، مەڭگۈ مەغپىرەت قىلىنمايدىغان ئېغىر گۇناھلىرىنى ئېلىپ قۇرۇق قول كىرىپ كېتىدىغان بولدى . . .

خەن زىچى ئەنە شۇنداق تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ قىيامەتنىڭ ئىشىكىنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى.

«قۇرئان كەرىم» دە پۈتكۈل ئىنسانىيەت قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان قىيامەت كۈنى توغرۇلۇق ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن.

قىيامەت كۈنى ئاسمان يېرىلىپ قۇياش تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇزلار ساقىشقا باشلايدۇ، قاتتىق يەر تەۋرەپ تاغلار گۇمۇرۇلىدۇ، دېڭىز - ئوكيانلاردا دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ، ئىنسانلار ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىۋاتقان پەرۋانىلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۆلۈكلەر تىرىلىپ ھەر بىر جەسەتنىڭ روھى سوئال - سوراقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. پەرىشتىلەر ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدە قىلغان ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭغان ساۋاب - گۇناھ خاتىرىسىنى ئېچىپ تەييار قىلىدۇ. ئۇ كۈنى ھايات چاغدىكى بايلىق، ئورۇن - مەرتىۋە، نوپۇز دېگەنلەر ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ، ھەر قانداق توۋا ۋە يېلىنىشلار كار قىلمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئاللا ھەربىر ئادەمنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن ئەسكىلىكلىرىگە قاراپ بارار جايىنى بەلگىلەيدۇ. ياخشىلار جەننەتتىن ئورۇن ئالىدۇ، ئەسكىلەر دوزاخقا كىرىدۇ.

دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ ئۈستۈېشى توم ئارغامچىلار بىلەن باغلىنىدۇ، تومۇرى كېسىپ تاشلىنىدۇ، تېنى ئوت ئىچىدە كۆيىدۇ. ئۇيقۇ، ئاش - تائام دېگەنلەر ئۇلارغا يوق بولىدۇ. قان - زەردابنى، مېتال ئېرىگەندە چىققان سېسىق سۇنى ئىچى-

دۇ. قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن يەتكۈچە جاپا تارتىدۇ. ئۇلارغا مىڭ كۈچىسىمۇ بىرەر قېتىم ئۆرۈلۈۋېلىش پۇرسىتى بېرىلمەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە قىيامەتنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بېشارەت بېرىلمىگەن، ئەمما ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى ئېيتىلغان...

خەن زىچىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاب - گۇناھ خاتىرىسىگە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى، بارار جايىنىڭ قەيەر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

خەن زىچى جەننەتتە ئۆزىگە ئورۇن يوقلۇقىنى قىياسەن پەملىدى، چۈنكى ئۇنىڭ گۇناھى بەك ئېغىر ئىدى، ئۇدۇل دوزاخقا كىرىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۆلۈم ئازاب - رىيازەتلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئەمەس، تېخىمۇ زور كۈلپەتلەرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سىرتتا يامغۇر شارىلداپ يېغىۋاتاتتى. جەنۇبىي ھۇجرىنىڭ ئۆگزىسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، تامدا يامغۇر سۈيى تارام - تارام ئىز قالدۇردى...

خەن زىچى تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

ئۇ چىڭچىپېك بىلەن جىيېلۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى غىرە - شىرە كۆردى. نەۋرىلىرى ئۇنىڭ ئويغانغىنىنى كۆرۈپ تاتلىق ئاۋازدا ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى:

— بوۋا...

خەن زىچى چېن شۇيەن بىلەن تيەنشىڭنىمۇ كۆردى. ئۇلار ئۇنى ئۈمىدلىك ئاۋازدا چاقىردى:

— دادا...

خەن زىچى ئوبدانلا قېرىلىق يەتكەن ئايالى لياڭ جۈنبىنىڭ ئۆزىگە قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قەلبىنى بىردىنلا چوڭقۇر خىجالەت تۇيغۇسى چىرمىۋالدى.

— بىئېر. . . — خەن زىچى قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران ئېچىپ ئايالىنىڭ كىچىك ئىسمىنى چاقىردى، — سىلەرنى تاش. . . تاشلاپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. . .

— چى ئاكا! — يېشى ئاتمىشقا يېقىنلاشقان خەن خانىممۇ ئېرىنىڭ ئىسمىنى بالىلىق ۋاقتىدىكى ئادىتى بويىچە چاقىردى. كۆز ياشلىرى سولغۇنلۇق قاپلىغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاقتى.

— ياق، سىز كەتمەيسىز. ياخشى بولۇپ كېتىسىز. بالىلارنى ئېلىپ. . .

خەن زىچى ئايالىغا جىممىدە قاراپ قالدى. قەلبىنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىنى ئالدىراتقىنىنى كۆرگەن، كىشەن - كويزىلارنىڭ شاراقشىغىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. خەن زىچىنىڭ مۇزلاش ئالدىدا تۇرغان قەلبىنى ئېغىر بىر ۋەھىمە ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

— بىئېر. . . — خەن زىچى تۇيۇقسىز تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن خوتۇنىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى، — مەن. . . قور. . . قورقۇۋاتىمەن. . .

خەن خانىمنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى، ئۇ ئېرىنىڭ راستتىنلا بولالماي قالغىنىنى سېزىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

— قورقماڭ، — خەن خانىم ئېرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئازابلىرىنى تەستە باسقاچ دېدى، — ھەممە نېمىڭىزنى ئاللاغا تاپشۇرسىڭىز، ئاللانى باشپاناھ دەپ بىلسىڭىز، ھېچنېمىدىن قورقمايسىز! — بۇ خەن خانىمنىڭ ئېرىنى ئىمانى بىلەن كېتىشكە قىلغان دالالىتى ئىدى. بۇ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىدى. . .

— بىراق، مەن. . . — خەن زىچى ئايالىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي چىڭڭىدە تۇتۇۋالدى، چىرايىدىكى قورۇقلار لىپىلداپ كەتتى، — مەن. . .

خەن خانىم ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان ھەسرىتىگە چىدى-

يالماي يۈزىنى ئىرىنىڭ قولىغا ياقتى، كۆز ياشلىرى چىچىنجەي ئۈچۈن، ئانا ـ بالا ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىنىم تاپماي ئىشلىگەن ئاشۇ قوللارغا قۇيۇلدى. لېكىن، ئىرىنى ئېلىپ قېلىشقا خەن خانىمنىڭ قۇربى يەتمەيتتى.

— ئاللا راستتىنلا ئېلىپ كېتىشنى بۇيرۇغان بولسا، ئۆيدىن غەم يېمەڭ. تا. . . تاپىلايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن. . . مەن گۇناھ قىلدىم، — خەن زىچى قورقۇنچ ئىچىدە تىترەپ يوغان، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاچتى، — مەنمۇ. . . مۇسۇلمانمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — خەن خانىمنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. بىر مۇسۇلمان خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ئۆزىدىن گۇمانلانسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ بىردىنلا ئىرىنىڭ تىنىقى ئۈزۈلۈش ئالدىدا قالايمىقان گەپلەرنى قىلىپ گۇناھىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

لېكىن، خەن زىچى ئۆزىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ناماز ئوقۇمىغان، روزا تۇتمىغان، قۇرئان ئوقۇمىغانىدى ھەتتا سۈۋەيش قانىلىدىن ئۆتىدىغان چاغدىمۇ مەككىدىكى ئۇلۇغ تاۋاپگاھقا بېرىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. مۇشۇنداق ئادەمنى مۇسۇلمان دېگىلى بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزۈندىن بېرى بىر ئىشنى ئىچىدە يوشۇرۇن تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ گۇناھلىرى بىلەنمۇ ئۇنىڭ دوزاخقا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. . .

— مەن. . . خۇيزۇ ئەمەس! — ئۇ ئاخىر تىترەڭگۈ، خىرقىراق ئاۋازدا نۇرغۇن يىللاردىن بېرى يۈرىكىنى قاماللاپ كەلگەن سىرىنى دەۋەتتى.

خەن خانىم چۆچۈپ كەتتى:

— جۆيلۈگىلى تۇردىڭىزغۇ ئەمدى؟

— ياق. . . — خەن زىچى سوراق سۇپىسىغا يالاپ چىقىدىغان گۇناھكاردەك تەشۋىش ئىچىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى-

نى دېيىشكە باشلىدى، ــ مەن. . . خەنزۇ بالىسى، بوۋام تۇرۇ-
رىدىن مېنى بېقىۋالغان. مەن ئۇنىمۇ، ئۇستامىنىمۇ. . . سېنىمۇ
ئالدىدىم. بۇ گەپنى ئۇزۇندىن بېرى دېيەلمەي كەلگەن. . . مەن
قورقۇۋاتىمەن. . .

خەن خانىم، تيەنشىڭ، چېن شۈيەن ئورنىدا داڭقېتىپ
تۇرۇپ قالدى. خەن ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تېنىدە خۇيزۇ
بىلەن خەنزۇنىڭ قېنى تەڭ ئاقسا ـ هە؟

خەن زىچى چەكسىز قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ يوغان،
گۆشسىز كۆزلىرىدە پىلىلداپ تۇرغان نۇر ئۆچەيلا دەپ قالغاند-
ى، بۇرنىغا ئەجەلنىڭ هىدى پۇراپ تۇراتتى. ئۇ خۇيزۇلارنىڭ
ئارىسىدا بىر ئۆمۈر خۇيزۇ دېگەن نام بىلەن ياشىغان خەنزۇنىڭ
ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ــ دادىسى، نەدىكى يوق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ! ــ
خەن خانىم ئوغلىغا، كېلىنىگە، ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ شۇنداق
دېدى. ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ كاپىر بولۇپ چىقىشىغا هەرگىز ئىشەن-
مەيتتى، شۇنداق بولۇشىنىمۇ خالىمايتتى. ياق، بۇنداق بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس، خەن زىچى قالايمىقان سۆزلەۋاتىدۇ. ئەينى
چاغدا ئۇ چۈەنجۈدىن كەلگەن. چۈەنجۇ خۇيزۇلار ئەڭ بۇرۇن
ئولتۇراقلىشىپ قالغان جاي. ئۇ تورورىدىن بابا بىلەن يول بويى
خەتمىقۇرئان قىلىپ ئىمان بىلەن كەلگەن. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ
بوۋىسى تورورىدىن ساهابە ھىسامىدىنىنىڭ يېقىن جەمەت ئەۋلا-
دى. خەن خانىم ياشلىقىدا خەن زىچى بىلەن مەسچىتتە مەرىكى-
سىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇشقان. خەن
زىچى خۇيزۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بىر ئۆمۈر ئەمەل
قىلدى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ خۇيزۇلارنىڭ يۈزىنى
يورۇق قىلدى، بىر ئۆمۈر ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش كۆردى.
ئۇنىڭ يۈئېر بىلەن بولغان سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولى-
دۇ. ئۇ هەقىقىي خۇيزۇ، هەقىقىي مۇسۇلمان! تىنىقى ئۈزۈلەي

دېگەندە يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن بىر ئۆمۈر قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى يۇيۇۋېتىشگە قاراپ تۇرسا بولمايدۇ! خەن خانىم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئېرىنىڭ قولىدىن تۇتتى ۋە چىرايىغا بىر خىل سەمىمىيەت ئىچىدە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سىز ھەقىقىي مۇسۇلمان، بۇنىڭغا شەك كەلتۈرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ تېز ئاللادىن گۇناھىڭىزنى تىلەڭ، ئايەت ئوقۇپ ئىمانىڭىز بىلەن كېتىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ھەرقانچە ئېغىر گۇناھ قىلغان بولسىڭىزمۇ ئاللا سىزنى كەچۈرۈۋېتىدۇ! — دېدى.

— ماقۇل. . . — خەن زىچى ئۆزىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىنىڭ دېگىنىدىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىلاجىسىزلىق ئىچىدە شۇنداق جاۋاب بەردى ۋە ئاجىز، ئۈزۈك ئاۋازدا ئىمان ئېيتتى:

— لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدەن روسۇلىللا.

خەن زىچى ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما نېمىلا بولسۇن ئالدىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك ئىدى.

خەن زىچى سېرىق توپا ئىچىدىكى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى گۆرنى، قاپقارا كېپەننى كۆرگەندەك بولدى. ئالدى تەرەپتە ئۇنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق، تۈگىمەس كېچە كۈتۈپ تۇراتتى.

— ماڭا. . . شام. . . ئەكېلىپ بېرىڭلار. . . — قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇپ كەتكەن خەن زىچى ئىختىيارسىز يورۇقلۇقنى سېغىنىپ قالدى. ئازراق بولسىمۇ يورۇقلۇق چۈشۈرەلەيدىغان بىرەر تال شام بولسا، ئۇ ئالدىغا قاراپ خاتىرجەم ماڭالايتتى.

— شام؟ شامنى نېمە قىلىسىز؟ — خەن خانىمنىڭ كۆز ياشلىرى ئېرىنىڭ قورايدەك قولىغا تامچىلىدى، دىرىلدەپ تىت-

رەۋاتقان ئاشۇ قوللار ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم ئازراق يورۇقلۇق بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

خەن خانىم ئېرىنىڭ بۇ كىچىككىنە ئارزۇسىنى قاندۇرمىسا بولمايتتى.

خەن خانىم ئىككى تال شامنى ئېرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئىككى تال ئاجىز، سارغۇچ نۇر جۇدۇنلۇق كېچىدە تەۋرىنىشكە باشلىدى.

شامنىڭ يورۇقى خەن زىچېنىڭ كۆزىگە چۈشتى، ئورىدەك ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئۇ كۆزلەرنىڭ قارىچۇقى تارتىلىپ كەتكەندى.

خەن زىچې كىرىشىپ قالغان قوللىرىدا ئىككى شامنى چىڭڭىدە تۇتۇپ، ئۆكۈنۈش، ئەپسۇسلۇق، قورقۇنچ ھەم ئۈمىد ئىچىدە لاغىلداپ تىترىگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى...

# خاتىمە ئەرۋاھ

1979 ـ يىلى ياز.

سەھەر تۇمانى قەدىمىي «بىلىمدان» قەسرىنىڭ ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرەتتى، قۇياش ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇرلىرىنى قىزغۇچ دەرۋازىغا سېپەتتى.

دەرۋازىغا ئالا ـ بۇلىماچ رەڭدە يېزىلغان: «ئۇنچە بىلەن زۇمرەت، تولۇن ئاي بىلەن مەيىن شامال» دېگەن خەتلەر تېخى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى.

لياڭ بىڭيۈ دەرۋازىغا قارىغىنىچە مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغىنىغا ئوتتۇز ئۈچ يىل بوپتۇ. چاچلىرى قۇندۇزدەك قاپقارا قىز ۋاقتىدا كېتىپ ئاقۋاش موماي ھالىتىدە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئوتتۇز ئۈچ يىلدا جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ ھەممە يەرنى كۆردى، لېكىن قاتمۇ قات تاغ ـ دەريالار توسۇپ تۇرغان بۇ ئائىلىسىنى ئۇنتۇيالماي كەلدى. چۈنكى بۇ يەردە ئۇنىڭ قىزى بار ئىدى. ئۇ كۈندە دېگۈدەك يۈرتى تەرەپكە سېغىنىش ئىچىدە قاراپ كېتەتتى، كېچىلىرى چۈشىدە «شىنىيۈ» دەپ چاقىراتتى. بۇ چاغقىچە قىزىمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بولۇپ بولغاندۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئارمىنى ئىشقا ئاشىدىغان بولدى. دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر ئاتمىش ياشلىق مومايغا ئايلاندى. ئەمدى كەلمىسە قىزىنى كۆرەلمەيمۇ قالار؟

لياڭ بىڭيۈنىڭ قەدىمى تاش پەلەمپەيدە توختاپ قالدى. ھاياجانلانغىنىدىن يۈرىكى ھېلىلا كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ «نۇقتىلىق ئاسارىئەتىقىلەرنى قوغداش ئورنى» دېگەن خەت ئويۇلغان ئاق مەرمەردىن ياسالغان بەلگىگە قاراپ ئىختىيارسىز گاڭگىراپ قالدى. بۇ ئۆيدە بىرەر ئۆزگىرىش بولدىمىكىنە؟ قانداقسىگە بۇ خەت يېزىلىپ قالغاندۇ. . .

لياڭ بىڭيۈ دەرۋازىنى قېقىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى، يۈرىكى يەنە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر جىددىيلەشكەن هالدا دەرۋازىنىڭ هالقىسىنى تېز - تېز شاراقشىتتى.

هويلا ئىچىدىن قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىپ دەرۋازا ئېچىلدى. تېرىسى ئاپئاق، چىرايى سۈزۈك، كۆزلىرى قاپقارا، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر قىز دەرۋازا ئىچىدە ئۇنىڭغا هەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

— شىنيۈ! شىنيۈ! — لياڭ بىڭيۈ ئېتىلىپ بارغان پېتى هېلىقى قىزنى قۇچاقلىۋالدى. ئاه، كېچە - كۈندۈز سېغىنغان قىزى بىلەن ئاخىر كۆرۈشتى!

— سىز كىم؟ مەن سىزنى تونۇمايمەن! — هېلىقى قىز ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چۆچۈپكىنە ئۆزىنى ئەپقېچىپ ئىچكىرىگە قاراپ توۋلىدى، — ئانا، تېز بۇياققا چىقىڭا!

لياڭ بىڭيۈ مەڭدىگىنىچە قولىنى چۈشۈرۈۋالدى. هە، بۇ شىنيۈ ئەمەس ئىكەن - دە. توغرا، شىنيۈ بۇ چاغقا ئوتتۇز ياشتىن ئاشتى. قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىغىنىغا قارىغاندا بۇ شىنيۈنىڭ قىزى ئوخشايدۇ، مومىسىنى تونۇيالمىدى.

دەرۋەقە بۇ قىز شىنيۈ ئەمەس، چېن شۈيەننىڭ ئون تۆت ياشلىق قىزى جېيلۇ ئىدى، تۇرقىدىن شىنيۈگە بەكمۇ ئوخشايتتى.

چېن شۈيەن قىزىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە دەرۋازىدىن كىرگىلى تەمشىلىۋاتقان لياڭ بىڭيۈنى كۆرۈپلا: «ۋاي ئانام!» دەپ توۋلىۋەتتى.

چېن شۈيەن قازا قىلغىلى ئون نەچچە يىل بولغان قېيىناننىسىنى تىرىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالغاندى.

«ئانام!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، لياڭ بىڭيۇنىڭ يۈرىكى خوشلۇقتا بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئالدىدا تۇرغان بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايال چوقۇم ئۇنىڭ قىزى!

— شىنيۇ! — لياڭ بىڭيۇ چېن شۇيەنگە ئۆزىنى ئاتتى، — شىنيۇ قىزىم، ئاناڭ قايتىپ كەلدى!

— سىز... — چېن شۇيەن تېڭىرقاپ ئالدىدىكى چىرايى قېينانىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان، ئەمما ھەرىكىتى يوچۇنلا ئايالغا قاراپ قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن قېيناتىسى قازا قىلىشى بىلەن تەڭ بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ قېينانىسىنى «چەت ئەلگە باغلانغان، سىڭلىسى چەت ئەلدە» دەپ ئاشكارا تىللىغىنىنى ئەسكە ئېلىپ، شۇندىلا بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— سىز... كىچىك ئاپام بولامسىز؟

— شىنيۇ! — لياڭ بىڭيۇ يىغلاپ تۇرۇپ چېن شۇيەننى باغرىغا باستى، — مېنى «كىچىك ئاپا» دەپ چاقىرما، مەن سېنىڭ ئۆز ئاناڭ. مەن سېنى بەك سېغىندىم. مېنى بىر ئېغىز «ئانا» دېگىن!

چېن شۇيەننىڭ كۆز ياشلىرى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ھاياجاندا نەپىسى قىسىلىپ كەتتى.

— كىچىك ئاپا، كىچىك ئاپا... — چېن شۇيەن تىترەپ تۇرۇپ دېدى، — مەن شىنيۇ ئەمەس، تيەنشىڭنىڭ ئايالى!

— تيەنشىڭ؟ تيەنشىڭ قەيەردە؟ شىنيۇ قەيەردە؟ — لياڭ بىڭيۇ چېن شۇيەننىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئىچكىرىگە ئوقتەك يۈگۈردى. تيەنشىڭ بولغاندىكىن، شىنيۇمۇ چوقۇم بولىدۇ. ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، قىزى ھېلىھەم بار ئىكەن.

— كىچىك ئاپا! — چېن شۇيەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاخىر بۇ گەپتىن مۇمكىنقەدەر ئۆزىنى ئەپقېچىش ئويىغا كەلدى - دە، شۇئان جەنۇبىي ھۇجرىنى كۆرسىتىپ دېدى، — بۇ ئۆيگە كىرەيلى، ئىچكىرىدىكى ئۆيلەر ھازىر بىزنىڭ ئەمەس.

جەنۇبىي ھۇجرىدا تىيەنشىڭ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئوغلى چىڭچىپىڭ بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى، ناشتىدىن كېيىن چىن شۇيەن بىلەن دەرھال ئىشقا ماڭمىسا بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىك-كىلا بالىسى تىيەنشىڭ بىلەن شىنيۈ ئوقۇغان خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتى. ئون ئالتە ياشلىق چىڭچىپىڭ تولۇق ئوت-تۇرىدا، ئون تۆت ياشلىق جىيىلۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇيتتى.

تىيەنشىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان كى-چىك ئاپىسىنى كۆرۈپ جايىدا قېتىپلا قالدى، چىرايى كۆكىرىپ قېلىن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىگە لىق ياش كەلدى.

لياڭ بىڭيۈگە بۇ ئۆي بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك كۆرۈن-دى، باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك بىر ھېسسى-ياتتا جەنۇبىي ھۇجرىغا كىردى. ھەممە نەرسە شۇنچە ناتونۇش، يوچۇن كۆرۈنەتتى. «تۆر ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدىن باشقىلى-رى خەقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟» دېدى لياڭ بىڭيۈ بىر قارىسا سوئال سوراۋاتقاندەك، يەنە بىر قارىسا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندەك تۆۋەن ئاۋازدا.

تىيەنشىڭ ئۈندىمىدى. چۈنكى ئۇ قورسىقىغا يىغىلىپ قال-غان گەپلىرىنى دېيىشكە ئامالسىز ئىدى. قايسىبىرىنى دېسۇن؟ ئۆي توغرۇلۇقلا سۆزلىسۇنمۇ؟ يېقىندا يۇقىرىدىن ئادەم كېلىپ «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» يۈزىسىدىن تىيەنشىڭگە ئۆيلەر-نىڭ ھەممىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، يەنە تېخى ئۆينى «ئاسارئەتىقە» قاتارىدا قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىشتى.

— ئەجەب ئەمدى ئولتۇرغۇچىلىكى قالمىغاندا قوغدىغۇچى-لار كېلىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى تىيەنشىڭ ئاچچىق بىلەن، — قان-داق قوغدىغۇچىلار كەلسە قوغداۋېرىڭلار. ئىشقىلىپ مەن ئالماي-مەن، بىز ئازراقلا مائاش ئالىدىغان ئادەم بۇنچە جىق ئۆينى ئېلىپ يا ئوقەت قىلمايمىز. بەش ئېغىز ئۆي يېتىپ ئاشىدۇ. ئىچكەركى قورۇدا كىمنىڭ ئولتۇرغۇسى كەلسە شۇ ئولتۇرۇۋال-سۇن! مېنىڭ كارىم يوق.

ئەينى ۋاقىتتا ئېلىپ كېتىلگەن قاشتاشلارمۇ قايتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن يۇقىرىدىن ئۇ نەرسىلەرنى قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا ساقلاپ ئورنىغا جىق پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، تيەنشىڭ قوشۇلمىدى. قاشتاشنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان دادام ئەمدى يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى، بۇ پۇلنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ مۇستەقىل پۇل تاپىدۇ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ تىكلەپ بەرگەن ئىگىلىكىگە يۆلىنىۋالمايدۇ.

بۇ ئىشلار لياڭ بىڭيۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى، ئەس - يادى شىنيۆنى تېزراق كۆرۈشتىلا ئىدى.

— ئۆيدىكىلەر نەگە كەتتى؟ شىنيۆ قەيەردە؟ — سورىدى لياڭ بىڭيۇ ئالدىراپ.

— ئۆلدى! — تيەنشىڭ تۇيۇقسىز ئۆكسۈپ يىغلاپ، بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى، — سىز كۆرمەكچى بولغانلارمۇ، كۆرۈشنى خالىمايدىغانلارمۇ ئۆلدى!

— ھە؟! — لياڭ بىڭيۇ ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ قولىدىكى تۇغۇلغان كۈن تورتى سېلىنغان يۇمىلاق كوروپكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۈگۈن قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنيۆنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئۇ بۇ كۈننى ئۇنتۇماي ئالايتەن ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇ قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئەمەس، ھازىسىغا ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىكەن.

ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز شىشەن تېغى يېشىلچىلىققا پۈركەنگەنىدى، تاغ باغرىدا بۈك - باراقسان دەرەخلەر ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى. شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەن شاپتۇل، نەشپۈت، ئالما دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرى مۇنبەت تۇپراقنى سۆيمەكچى بولغاندەك يەرگە تېگىپ تۇراتتى.

بۇ، ئەينى يىللاردىكى خۇيزۇلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر بالايىئاپەت قارا يەرنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنىمۇ، قەبرە تاشلىرىنىمۇ يۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بۇ مۇنبەت زېمىنلا قېپقالغانىدى، ھەر يىلى بۇ يەردىكى مېۋىلىك دەرەخلەر مول مېۋە بېرەتتى.

لياڭ بىڭيۈ قەبرىستانلىقتا دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ يۇمشاق، سارغۇچ توپىغا دەسسەپ ئاستا كېلەتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرى، روھى قەبرىنىڭ، قەبرە تاشلىرىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىپ كەتمەيدۇ، مۇشۇ مۇنبەت زېمىندا، مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەر ئاستىدىكى ئۇ ئادەملەرنىڭ يەر يۈزىدە ھېچقانداق نام ـ نىشانى قالمىسىمۇ، بۇ يېشىل باغدىكى ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىدا ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ياتىۋېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە ھەممىلا ئادەم تەلپۈنىدىغان جەننەت ئاجايىپ گۈزەل تىل بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ كىشىلىك دۇنيادا بولمىغان، يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن شۇنداق بىر باغكى، يەردە خۇش پۇراقلىق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان، مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان بولىدۇ. جەننەتكە كىرگەن ھەربىر مۇسۇلمان سايىلىك دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا تومۇز ئىسسىقنى، زىمىستان قىشنى كۆرمەي ئۆتىدۇ. باغدىكى كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن خالىغان ۋاقىتتا ئۈزۈپ يەيدۇ؛ خرۇستالدەك سۈزۈك كۈمۈش قاچىلاردا شېرىن سۇلارنى ئىچىدۇ، ئەتراپىدا ئۇلارنى كۈتىدىغان چىرايلىق باللار، قارا كۆزلۈك قىزلار بولىدۇ. ئۇلار جەننەتتە ئەپسانە، يالغان گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، دىشۋارچىلىقلىرىنى كۆرمەيدۇ. . .

شىنيۈنىڭ روھى بۇ چاغقا جەننەتتە تىرىلىپ بولغاندۇ؟

لياڭ بىڭيۈ قەبرىستانلىقتا ئۈن ـ تىنسىز مېڭىپ يۈرەتتى.

ئۇ نېرىدىكى بىر تۇپ دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇرا ياشلىق
ئېگىز بوي بىر ئەرنىڭ غەمكىن هالدا ئالدىدىكى يەرگە ئۆزۈلدىن
ېرى تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قولىدا بىر ئىسكە-
رىپكا بار ئىدى، قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندەك كۆرۈنەت-
ى، ئەمما چېچىنى ئاق قاپلاپ كەتكەنىدى، تۇرقىدىن بىرەر
ېقىن ئادىمىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىپ تاپالمايۋاتقانلىقى
چىقىپ تۇراتتى.
لياڭ بىڭيۇ قىزى شىنيۆنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ،
ۇشۇ زېمىندا، ئۆزى دەسسەپ تۇرغان يەردە ئىكەنلىكىگە ئىشە-
ەتتى. ئۇ قەبرىستانلىقنىڭ هەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتى،
ەلىقى ئەرنىڭ يېنىدىنمۇ ئۆتتى. بىر ئورنىدا قىمىرلىماي
ۇرغان ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ گويا ئالدىدىكى
ۆپراقتىن — يۇرىكىدىكى ئادىمىدىن باشقا جىمى نەرسىنى
ۇنتۇغاندەك ئىدى.
ئۇ ئادەم شىنيۆنىڭ سادda، ئەمما مەيۈس ئاۋازىنى ئاڭلىغان-
دەك قىلاتتى:
— چۇ مۇئەللىم، لۇشۇن نېمىشقا «ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇ-
رۇش»نى يازىدۇ؟
— بەلكىم غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەنلەرنى ئويغىتىش ئۇ-
چۇن بولسا كېرەك...
— جۇاڭزى نېمىشقا بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى ئىسكىلىت-
ىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولىدۇ؟
— بەلكىم ئۇنى قايتا ياشىسۇن دېگەندۇ؟ هايات جاپالىق
ولسىمۇ ئاخىرقى هېسابتا يەنىلا قىممەتلىك. جۇاڭزى، كىشى-
لىك هايات سېرىق لەگلەكتەك قانات قېقىپ تۇرۇشى، يەتتە قات
ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلارنى بۆسۈپ ئۆتۈشى كېرەك، دېگەن.
ئۇ ئادەم تولىمۇ يىراقتىن، تولىمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان
پوڭقۇر بىر ئۇهسىنىشنى ئاڭلىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇهسىنىش
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتاتتى.

لياڭ بىڭيۇ ئۇ ئادەمگە ئوخشاشلا قىزىنى خيالىدىن نېرى قىلالماي ئاستا مېڭىپ كەتتى.

قەبرىستانلىقتا ئاستا - ئاستا گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى. يول ئۈستىدە جىلۋە قىلىۋاتقان دەرەخ سايىلىرى بارا - بارا بېرىپ ئانا زېمىنغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەتراپتىكى نەرسىلەر ئاستا - ئاستا قارىيىشقا، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئاسماننىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە ھىلال ئاي پەيدا بولدى. لېكىن، ئۇ ئاي تولىمۇ خىرە ئىدى، نۇرى تولىمۇ ئاجىز سېپىلەتتى...

ئاجىز ئاي نۇرىدا قارىيىپ تۇرغان خىلۋەت دەرەخنىڭ تۈۋىدىن لەرزان، ئەمما كىمدۇر بىرى يىغلاۋاتقاندەك ھەسرەتلىك ئىسكىرىپكا ساداسى ئاڭلاندى. بۇ، دۇنيانىڭ شەرقىدىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان «لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي» قىسسىسىنىڭ مۇزىكىسى ئىدى.

لياڭ بىڭيۇ ئىسكىرىپكا ساداسىغا رام بولۇپ جايىدا ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى، يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى، توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرى ئانا يەر قوينىغا ئېقىشقا باشلىدى.

ئاسماندا ھىلال ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى.

زېمىندا لەرزان ئىسكىرىپكا ساداسى ياڭراۋاتاتتى.

ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا توختىماي ياڭراپ تۇرغان بۇ مۇڭلۇق سادا كىشىگە گاھ سۈزۈك بۇلاقنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى، گاھ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى، گاھ غېرىب، تەنھا قۇشنىڭ جۈپتىنى تاپالماي ھاۋادا تىنىمسىز ئايلىنىشلىرىنى ئەسلىتەتتى...

**1987 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچە**
**فۇجيەنتاڭدىكى كۇتۇپخانامدا تاماملاندى.**

# ئاخىرقى سۆز

ئۈچ يىل ئىلگىرى، بۇ كىتابقا تېخى قەلەم تەۋرەتمىگەن چاغدىلا ئۇنىڭ ئىسمىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دەپ بېكىتىپ بولغانىدىم. بۇ مېنىڭ ئىجادىيەت ئادىتىم بولسا كېرەك. مەن كۆپ ئەسەرلىرىمنى ئالدىدا تېمىسىنى قويۇۋېلىپ، ئاندىن يېزىشقا باشلىغان، يېزىپ بولۇپ ئىسىم قويغانلىرىم ياكى ئۆزگەرتكەنلىرىم ناھايىتى ئاز. بۇمۇ مېنىڭ بالىلىرىم قورسىقىمدىكى ۋاقتىدا ئۇلارغا ئىسىم قويۇپ بولغىنىمغا ئوخشاش ئىش. بالىنىڭ ئىسمى ئانىدا خىلمۇخىل گۈزەل ھېسلارنى، ئاجايىپ شېرىن تەسەۋۋۇرلارنى قوزغايدۇ. مەن بالىلىرىم تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇرۇن ئويلاپ قويغان ئىسىملار بىلەن بەكمۇ تاتلىق چاقىراتتىم، ئۇلارغا پۈتۈن مېھرىمنى بېرەتتىم، پەرۋىش قىلىپ باقاتتىم، ئىسىملىرىگە ماس ھالدا ياخشى ئادەم بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

«مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» دېگەن بۇ ئىسىم كاللامدا پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئۇنى ئەڭ يېقىنلىرىمغا ھاياجىنىمنى باسالماي سۆزلەپ بېرىشكە باشلىغانىدىم. ئۇلارمۇ — ئۇلار ھەممىسى ئاياللار — مەن بىلەن تەڭ ھاياجانلىناتتى، كىتابنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر كۆز ئالدىمىزغا كەلگەندەك بولدى، دېيىشەتتى. مەن ئۇلارنىڭ قانداق ئويلىغانلىقلىرىنى، ئەلۋەتتە، بىلمەيمەن، ئەمما خۇشال بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تېخى يېزىشقا باشلىمىغان ھېكايەمنى سۆزلەپ بېرەتتىم، سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىڭ يېرىمى ھەقىقىي ئوبرازلارنىڭ راست كەچۈرمىشلىرى، يېرىمى توقۇغانلىرىم بولاتتى. مەن ۋەقەلىكنى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئاستا، بوش ئاۋازدا سۆزلەيتتىم. ئۇ «ھېكايە سۆزلەش» ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمنى كىتاب (يېزىپ بولمىغان كىتاب) ئىچىدىكى بوشلۇقلار ئىچىگە شۇڭغۇتۇش ئىدى، دوستلىرىمنىمۇ شۇ بوشلۇق ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭ ئىچىدە ئايلاندۇراتتىم. بۇ مېنىڭ ئىجادىيەت ئادىتىم ئىدى. مەن ۋەقەلىكنى «ئىچىمگە قاچىلىۋالغان» دىن كېيىنمۇ قەلەم تەۋرىتىشكە ئالدىرىمايتتىم، بىر قېتىم ياكى بىرنەچچە قېتىم باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەتتىم، بەزىدە ئۈنئالغۇغا سۆزلەپ، ئاندىن ئاڭلاپ باقاتتىم. بۇ، «قورسىقىمغا قاچىلىغان» لىرىمنى سىناپ باققىنىم ئىدى. ئەگەر باشقىلارنى ھاياجانلاندۇرالمىسا مېنىمۇ ھاياجانلاندۇرالمايتتى، ئۇ چاغدا ئۇنى يازغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

دوستلىرىمغا رەھمەت، ئۇلار ئاڭلىغانسېرى ھاياجانلىنىپ ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكەتتى، سۆزلىرىم پات - پات يىغا ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ماڭا لازىمى كۆز ياشلىرى ئەمەس ئىدى، ئەدەبىي ئەسەرنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەممۇ كۆز ياشلىرى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ ھېچبولمىغاندا، مېنىڭ ھېكايەمنىڭ باشقىلارغا تەسىر قىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. خىيال دەپتىرىمدىكى ئەسىرىم دوستلىرىمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن ئىكەن، دېمەك، ئەمدى قورقماي قەلەم تەۋرەتسەم بولاتتى.

لېكىن، يەنىلا قولۇمغا قەلەم ئالمىدىم.

قەلەم تەۋرىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىنى ساقلاۋاتاتتىم، ھېسسىيات ئۈنچىلىرى قەلىمىم ئۇچىدىن توختىماي تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولمىسا، ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئەسىرىمنى ئۆزۈم ۋەيران قىلىۋېتەتتىم.

يەنە بىر جەھەتتىن ساقلاپ ئولتۇرساممۇ بولمايتتى. ھېكايەمدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىزلىرى بىلەن مېڭىپ، ئاشۇ بوشلۇق

ئىچىگە كىرىشىم ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل ياشىشىم كېرەك ئىدى. ھېكايىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزمىگەن بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئەر ـ ئايال پېرسوناژلارنىڭ ئەسلى ئادەملىرى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئۇچرىشىپ تۇرغانىدىم، ئۇلارنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايلىرى، ئازابلىق يىغىلىرى، ھەسرەت ـ نادامەتلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى؛ ئۇلارنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم. ئۇلار ماڭا مېنىڭ ياشىغان دەۋرىمدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئىختىيارسىز بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەن ئىزلىرى مەۋجۇت ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردا ماڭغان ئىزلىرىدىن مېڭىپ، ئۇلار ياشىغان يەرلەرنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆتكەن تارىخ كۆز ئالدىمدا قايتا تەكرارلىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئۇلار بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئادەملەردىنمۇ بار ئىدى. ئۇلار ماڭا ئۆتمۈشتىن سۆزلەپ بېرىپ، تارىخنى خۇددى ھازىر بولۇۋاتقاندەك كۆز ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرەتتى. ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ـ ئايال پېرسوناژلىرىمنىڭ ئەسلى ئادەملىرىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىممۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىدى، ئۇلارنى ئەسلىسەملا ئۆزۈمنى باسالماي قالاتتىم، چۈشلىرىمدە ئۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلار ھېلىمۇ ھايات ئىكەنغۇ، دەپ قالاتتىم، لېكىن ئويغانسام ئۇلار يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلارنى مەن قەلىمىم ئارقىلىق تىرىلدۈرمىسەم، خاتىرجەم ياشىشىم تەس ئىدى.

ئۇزۇن مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن، كۈتكەن پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاخىر ئالدىمغا قەغەز قويۇپ قەلىمىمنى قولۇمغا ئالدىم. باشقا بارلىق يېزىقچىلىق پىلانلىرىمنى، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارنى تاشلىدىم، دوستلىرىم ۋە نۇرغۇن كىتابخانلىرىمنىڭ خەتلىرىگىمۇ جاۋاب يازمىدىم، پۈتۈن دىققىتىمنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى» گە بەردىم،

www.uyghurkitap.com

ئەگەر كۆپچىلىك مېنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىمنى چۈشىنىدىغان بولسا، مېنىڭ ئاشۇ قىلغانلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئادەم ياش ۋاقتىدا يۈرەكلىك بولىدىكەن، يېزىقچىلىقتىمۇ قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدىكەن، بەزىدە «ئويۇننىڭ ئورنىدا» يېزىپمۇ قويىدىكەن. ياش چوڭايغانسېرى بولسا يېزىقچىلىق قىيىنلىشىدىكەن. بۇنداق بولۇشى، ئەدەبىياتنىڭ مېنىڭ يۈرىكىمدە بارغانسېرى مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئەدەبىياتقا مەن خۇددى ئۆز دىنىمغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىمەن، يېزىۋېتىپ ۋۇجۇدۇمنى پاكلاشتۇرۇپ ماڭىمەن، كىتابخانلىرىمدىنمۇ ھەم شۇنى تەلەپ قىلىمەن. ئەدەبىيات ساختىلىقنى، ئالدامچىلىقنى، ھەيۋە قىلىشنى، پاسكىنچىلىقلارنى ۋە يامان نىيەتلەرنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ. «قانداق ئەدىب بولسا شۇنداق ئەسەر يارىتىدۇ» يازغۇچىنىڭ يۈرىكىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكى ھېچقانداق ئادەمدە خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلمايدۇ. مەن ئەزەلدىن رەزىل ئادەمنىڭ پاك گۈزەللىككە ئىگە ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت ئالىمىم ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتىم. ئادەم غايىگە، شېرىن خىياللارغا، گۈزەللىككە، گۈزەللىك ئالىمى ۋە گۈزەل ھېسسىياتلار ئارقىلىق ئۆزىنى تاۋلاشقا بەكمۇ ئېھتىياجلىق. مەن ئويلايمەن، ئەگەر دۇنيادىكى پۈتۈن رەزىللىكلەرنى يىغىپ، ئادەملەرنى ئۇنى كۆرۈشكە مەجبۇرلىسا، شۇ ئادەملەر ئۇچۇن ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر جازا بولماس.

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى، مەن كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە، گۈزەللىك ئالىمىگە، پاك مۇھەببەتكە ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، گۈزەللىككە ئىنتىلىشكە مەجبۇرلاش كەتمەيدۇ. ئەلۋەتتە، كىشىلىك دۇنيانىڭ

ھەممىلا يېرىدە گۈزەللىك بولىۋەرمەيدۇ، دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا يېتىشكە تېخىمۇ قىزىقىدۇ. مېنىڭ قەلىمىم ئاستىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىر قىسمى بۇ دۇنيادا راست ئۆتكەن، بىر قىسمى ئۆزۈم ياسىغان ئادەملەر. مەن ئويلايمەن، ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەن، ئەنە ئاشۇ ئادەملەردەك ياشىشى كېرەك، شۇ چاغدا پۈتۈن ھاياتىمىز پاجىئە بىلەن تولغان تەقدىرىدىمۇ ئۆزىمىزنى بەختلىك سانىيالايمىز. چۈنكى ئۇ خىلدىكى ئادەملەر ئۆز قەلبلىرىنى تاۋلاپ، پاك ۋە ساپلىق ئىچىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇدۇ.

ئەسەر يېزىشمۇ يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ھۈنەر، ئەمما ئۇنى باشقا «ھۈنەرلەر» گە ئوخشاش ئىشلىگىلى بولمايدۇ. بۇ «ھۈنەر» بەكمۇ مۇقەددەس، بەكمۇ مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ھەر خىل ماھارەتلىرى بار، ئەمما ماھارەت بەك مۇھىممۇ ئەمەس، ماھارەت ئەسەر ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدۇ، پەقەت كىتابخان ئوقۇغانسېرى ھېس قىلىپ، «پاھ، كارامەت ماھارەت بىلەن يېزىلىپتۇ» دەپ ئويلايدۇ. لېكىن يەنە ئەسەردە ماھارەتلا تەكىتلەنسە روھ قاچىدۇ.

مەن قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرى ھەر خىل ماھارەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلدىم، ئەمما يېزىشقا باشلىغاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەسىرىم خۇددى مەندىن خېلى بۇرۇنلا ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەتلا ئۇنى قېزىپ چىقىرىشتەك، بىر يېرىنىمۇ يۇنۇپ ئېلىۋېتىشكە بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ئۆز ئىختىيارىمچە ئۆزگەرتىشكە بولمايتتى. مەن بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ھۆرمەت قىلىپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنى كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا ئۆز ئەينى بىلەن ئېلىپ چىقىشقا تىرىشتىم.

مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ قانداق ماھارەت قوللانغىنىمنى ھەم بۇ كىتابنىڭ ھازىر ئېقىپ يۈرگەن ئېقىملارنىڭ قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

ئەسەرنىڭ «دۇنياغا كۆز ئېچىش» جەريانى تولىمۇ ئاستا بولدى، بەش يۈز مىڭ خەتلىك ئەسەرنى ھېچقانداق ئادەم بىرنەچچە كېچىدە يېزىپ چىقالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن قەغەز يۈزىدە پېرسوناژلار بىلەن نۇرغۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۇم، رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەر ۋە ئىشلارنى ئۇنتۇدۇم، ئەس - يادىم ئەسەردە بولدى. رېئاللىقتىكى قىش - يازلارنى ئۇنتۇپ، ئەسەردىكى پەسىل ئىچىدە ياشىدىم، دېرىزەمنىڭ سىرتى تومۇز ياز بولسا، ئەسىرىمدە زېمىستان قىش ئىدى، قىش توڭگىچە مۇزلاپ چىقتىم.

مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە، كېچىدىن كۈندۈزگىچە ئەسەرىمدىكى پېرسوناژلار بىلەن بىللە ياشىدىم، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇشال بولدۇم، ئازابى ئۈچۈن ئازابلاندىم، ئورىگىنال قەغىزىم دائىم كۆز ياشلىرىمدىن ھۆل بولۇپ تۇردى، بەزىدە ھەتتا قەلىمىمنى تاشلاپ قويۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپمۇ كەتتىم.

مەن ئەسىرىمدىكى پېرسوناژلىرىمدىن ئايرىلىشقا زادىلا چىدىمىدىم، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقان چاغلىرىمدا ھىجران ئازابىدا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتەندىم، يۈرىكىمنىڭ سانجىقى كۈچىيىپ كېتىپ، ئامالسىز قەلەمنى قويۇپ دورا ئىچەتتىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ دەپنە مۇراسىمىمنىڭ كىتابتىكى دەپنە مۇراسىمىدىن ئاۋۋال بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن چاغلىرىممۇ بولدى، شۇنداق بولۇپ قالسا تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىش بولاتتى.

خەيرىيەت، تەقدىرىم ئۇنداق پاجىئەلىك بولمىدى، ئەڭ

ئاخىرقى قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ راھەتلىنىپ بىر تىنىۋالدىم. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى.

مەن بۇ كىتابىمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەرگە بېغىشلىدىم، ئۇلارنى بەكمۇ سېغىنىمەن.

بۇ كىتابىمنى دوستلىرىمغا ۋە كەڭ كىتابخانلارغا سوۋغا قىلدىم، مېنىڭ يۈرىكىم ھەر زامان سىلەر ئۈچۈن سوقىدۇ، سىلەرنىڭ تەنقىدىڭلارنى كۈتىمەن.

خۇيزۇ، خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان نۇرغۇن پېشقەدەملىرىمىزگە، دوستلىرىمغا رەھمەت، ئۇلار ماڭا بۇ ئەسەرنى يېزىش داۋامىدا قىزغىن مەدەت ۋە ياردەم بەردى. بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات نەشرىياتىدىكى دوستلىرىمنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ھەيدەكچىلىكىگە رەھمەت. ئۇلار ئورىگىنالنى «ئۆلگۈدەك» ئالدىراتتى، ئۆزۈممۇ «جېنىم»نى ئۇلارغا بېرىشكە رازى ئىدىم.

ئەسەر ئاخىر يېزىلىپ بولۇپ، ئورىگىنال ئۈستىلىم ئۈستىدە بىر گەز ئېگىزلىكتە دۆۋىلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنى مېنى ئالدىراتقان، ماڭا ئىشەنگەن تەھرىرىگە، بۇ، بىر ئانىنىڭ سىزگە سۇنغان بوۋىقى، دەپ تۇرۇپ تاپشۇرۇپ بەردىم.

1987 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەر
فۇجيەنتاڭدىكى كۇتۇپخامدا يېزىلدى

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب بېيجىڭ نەشرىياتى بىلەن بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1998 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京出版社和北京十月文艺出版社 1998 年 1 月第 1 版 1998 年 1 月第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: راخمان مامۇت

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكى

## 2

ئاپتورى: خو دا

تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار بارات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 19.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3000
ISBN7—228—05633—7/I・2081
باھاسى: 23.00 يۈەن